يەزدى



# ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان ھەققىدە قىسسە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ABDULCELİL TURAN
Yenidoğan Mh. 41 Sk. No
Zeytinburnu - İSTANBUL
Tel. / Fax: 0212.679 03 70

شەرەفىددىن ئەلى يەزدى

# ئەمىر تۆمۈر كوراگان ھەققىدە قىسسە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئېزىز ساۋۇت
مەسئۇل مۇھەررىرى: ماخمۇتجان ئىسلام

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئەمىر تېمۇر كوراگان ھەققىدە قىسسە

شەرەفىدىن ئەلى يەزدى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئېزىز ساۋۇت

مەسئۇل مۇھەررىرى: ماخمۇتجان ئىسلام

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 850×1168 مىللىمېتر 1/32

باسما تاۋىقى: 20·375 قىستۇرما ۋارىقى: 2

1986 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى

1987 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: M10098·1135

تىراژى: 1 — 9·300

باھاسى: 1·75 يۈەن

## مۇھەررىردىن

بۇ كىتاب موللا سالاھىدىن خوجائىبنى موللا ئالائىدىن تەرىپىدىن ھىجرىيە 1328 - يىلى (مىلادى 1910 - يىلى) تاشكەنتتە چاپى قىلىنغان تاش باسما نۇسخىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.

بۇ كىتابتا يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي - سىياسىي ۋەقەلەر ھېكايە قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ باش قەھرىمانى تارىخىي شەخس — چاغاتاي نەسلىدىن بولغان تېمۇر كوراگان (تېمۇرلەڭ، ئاقساق تېمۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بولۇپ، كىتاب ۋەقەلىرىنىڭ مەركىزىدە ئۇنىڭ سىياسىي، تارىخىي ۋە ھەربىي پائالىيەتلىرى ياتىدۇ. مۇئەييەن تارىخىي چىنلىققا ئىگە بولغان بۇ ۋەقەلەر بىزنى ئەينى دەۋر (1336 — 1405 - يىللار) دىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قوشنا ئەللەر، تۈركى مىللەت ۋە قەبىلىلەر، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرىسىدا قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئەسەر ئەدەبىي جەھەتتە ناھايىتى قىزىقارلىق تارىخىي قىسسە بولسا، ئىلمىي جەھەتتە، تارىخ، جۇغراپىيە ۋە ھەربىي ئىشلارنى تەتقىق قىلىشتا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايونىدىكى ئەھۋاللارنى، چاغاتاي ھاكىمىيىتىنىڭ قانداق يوقالغانلىقى، تېمۇرىلەر خانلىقىنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكىنى تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. مۇشۇ نۇقتىلاردىن ئالغاندا، بۇ كىتابنى ئەدەبىي شەكىلدە يېزىلغان تارىخ دېيىشكىمۇ بولىدۇ، تارىخ شەكلىدە يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەر دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

لېكىن، ئەينى دەۋرنىڭ مەھسۇلى ۋە ئىسلام مۇئەللىپىنىڭ
ئەسىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ كىتابتا بەزى خۇراپى
ئەقىدىلەردىن ئىبارەت بولغان شاكالمۇ يوق ئەمەس. بۇ ئاساس-
لىقى مۇئەللىپنىڭ نۇرغۇن تارىخىي چىنلىقلارنى ئىلاھىلىق تۇمان-
لىرىغا يۆگەپ بايان قىلغانلىقى. تارىخىي ۋەقەلەر ئارىسىغا بىر-
مۇنچە دىنىي رومانتىك توقۇلمىلارنىمۇ ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىدە
كۆرۈلىدۇ. بىز كلاسسىك ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق
ئەسەرلەرنى نەشر قىلىشتىكى پرىنسىپلارغا ئاساسەن، ئايرىم
سۆز، ئايرىم جۈملىلەرنى ئۆزگەرتكەن، ئەسەرگە ھەقىقەتەن مۇ-
ناسىۋىتى يوق ئايرىم ئابزاسلارنى قىسقارتقاندىن سىرت باشقا
جايلارغا تەگمىدۇق. بىزگە ئايانكى، كىتابتىكى توغرا بىلەن ناتوغ-
رىنى كىتابخانلىرىمىز ئۆزى ئايرىۋالالايدۇ، كىتابنىڭ ئۇتۇق -
يېتەرسىزلىكلىرىگە ئادىل باھا بېرەلەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن
بىز ئارتۇقچە دەپ ھېس قىلغان جايلار، بەلكىم مۇھىم جايلار
بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، بۇ نەرسىلەر رىۋايەت، ئەپسانىلەر
تەتقىقاتىدا بولسىمۇ مەلۇم رول ئويناپ قېلىشى مۇمكىن.

كىتابنىڭ ئاپتورى شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ ھاياتى توغ-
رۇلۇق بىزدە مۇكەممەل ماتېرىيال يوق. مۇشۇ كىتابتا بېرىلگەن
مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يەزدى 1360 - يىللاردىن 1440 -
يىللارغىچە ياشىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئەمىر تېمۇرنىڭ قېشى-
دا تارىخچى - مىرزا، ئالىم سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان. ئەدەبى-
يات، تارىخ بويىچە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان. مۇئەللىپ
«ئەمىر تېمۇر كوراگان ھەققىدە قىسسە» نى ئەينى ۋاقىتتا پا-
رس تىلى بىلەن شېئىرىي شەكىلدە يازغان. كېيىن ئۇيغۇر شا-
ئىرى لۇتپى پارس تىلىدا نەسرىي رومانغا ئايلاندۇرغان، بۇ
نەشرىگە ئاساس بولغان تاش مەتبەئە نۇسخىنى

موللا سالاھىدىن يەزدىنىڭ شېئىرىي ئۇسخىسىدىن چاغاتاي تىلى بىلەن نەسىرلەشتۈرۈپ تارىخىي قىسسەگە ئايلاندۇرغان.

ئەسەرنى چۈشىنىشكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن بەزى ئىزاھات ۋە لۇغەت بېرىلدى.

# مۇندەرىجە


ھەزرىتى ئەمىر تېمۇر ساھىبقىراننىڭ تۇغۇلۇشى ... 21

ساھىبقىراننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يەتتە ئىقلىمدىن يەتتە ھۆكۈمداننىڭ ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكى ........ 35

غايىب كىشىلەرنىڭ ئەمىر تېمۇرغا كۆپ ئىلتىپات قىلغانلىقى ........ 50

مەكۇنانىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغانلىقى ........ 60

ساھىبقىراننىڭ بۇرھانىددىن ساھىب ھىدايەنىڭ قېشىغا كەلگەنلىكى ........ 74

ئەمىر ساھىبقىراننىڭ بۇخاراغا بارغانلىقى، بايان قۇلى خاننىڭ سىرايىمۈلۈك ئىسىملىك قىزىنى ئالغانلىقى ........ 88

بوراقخاننىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقى، پادىشاھلىق قائىدىلىرىنى بۇزۇشقا باشلىغانلىقى ........ 107

دۇنباي باتۇرنىڭ ئەمىر تېمۇرنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى، سىڭلىسىنىڭ ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنلىكى ........ 113

سېيىت ئاتىنىڭ شاراپىتىدىن تالماقلارنىڭ مۇسۇلمان بولغىنى ۋە تورغاي باتۇرنىڭ قىپچاق دەشتىگە بېرىپ دۇنيادىن ئۆتكەنلىكى ........ 123

قىپچاق سىپاھىلىرىنىڭ ماۋرائۇننەھرنى ئىشغال قىلغانلىقى ........ 114

قىمارۋاز ئاناقىننىڭ ساھىبقىرانغا يولداش بولغانلىقى، ساھىبقىراننىڭ نەقشىبەند پىرىمنىڭ خىزمىتىگە بارغانلىقى ........ 154

ساھىبقىراننىڭ توق تېمۇرخان بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ... 171

ساھىبقىراننىڭ بەلخ ۋە قەندىھار تەرەپكە بارغانلىقى، بوراقخاننى ئىزدەپ يۈرگەنلىكى ........ 177

ساھىبقىراننىڭ بەلخ شەھىرىگە بېرىپ ئەمىر چاكو بىلەن ئۇچراشقانلىقى ........................................ 182
بوراقخاننىڭ شاھ مەنسۇرنىڭ قولىدا ئەسىر بولغانلىقى ........................................ 195
ساھىبقىراننىڭ سىيىستانغا بارغانلىقى، ئەتراپتىكى خەلقنىڭ ئۇنى كۆرۈشكە كەلگەنلىكى ........................ 210
ساھىبقىراننىڭ بەلخ ۋىلايىتىگە بېرىپ قەمزىدىن تاجىكنى ھالاك قىلغانلىقى ........................ 218
ساھىبقىراننىڭ چىتتە قىپچاق لەشكەرلىرى بىلەن تەبرىز يولىدا جەڭ قىلغانلىقى ........................ 226
قارشى ۋە تىرمىزنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقى، توق تىمۇرخاننىڭ قارشىغا قوشۇن تارتىپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئەمىر تىمۇردىن زەربە يېگەنلىكى ........ 233
سەمەرقەنتنىڭ ئازاد قىلىنىپ، مىرزا جاھانگىر ئىبنى ئەمىر تىمۇر كوراگاننىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىققانلىقى ....... 247
ساھىبقىراننىڭ توق تىمۇرخان بىلەن جەڭ قىلىپ چىتتە سىپاھىلىرىغا زەربە بەرگەنلىكى ........................ 250
ناسىر خىسراۋنىڭ ئوغلى مەنسۇرنىڭ قەشقەردە پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغانلىقى، مىرزا جاھانگىر ئىبنى ئەمىر تىمۇرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ........ 264
مىرزا جاھانگىرنىڭ بەلخقە بارغانلىقى، مېھرىبان تاغىسى بوراقخاننىڭ قولىدا شېھىت بولغانلىقى، ئەمىر تىمۇر ساھىبقىراننىڭ بوراقخاننى ئۆلتۈرۈپ ھىندىستاننى مۇسەخخەر قىلغانلىقى ........................ 271
ساھىبقىراننىڭ چۈش كۆرگەنلىكى، ئاندىن كېيىن تۈركىستان مەملىكەتلىرىنى بويسۇندۇرغانلىقى ................ 291
مىرزانشاھ تۆرىنىڭ توختامىشخانغا ھۆرمەتسىزلىك، چوكچىلىق قىلغانلىقى، بۇنى ئاڭلىغان ئەمىر تىمۇرنىڭ

تۆرىگە ئەزەپلەنگەنلىكى، تۆرىنىڭ ئىران تەرەپكە قېچىپ بارغانلىقى ........ 302

مىرانشاھ ئىبنى ئەمىر تېمۇرنىڭ مەنسۇر بىلەن ئۇچراشقانلىقى، ئاندىن كېيىن مازاندىران شاھلىقىغا بارغانلىقى ........ 312

مىرانشاھ تۆرە ئىبنى ئەمىر تېمۇرنىڭ ھەپتەخان، مازاندىرانغا بارغانلىقى ........ 319

ساھىبقىراننىڭ خوراسانغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇنى ئۈچ يىلدا بويسۇندۇرغانلىقى ........ 322

ساھىبقىراننىڭ قىلىچ ئارسلان بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلغانلىقى ........ 340

ئەمىر تېمۇرنىڭ مەشھەتنى ئالغانلىقى ۋە ئارسلاننىڭ بىستامغا، شاھرۇخ تۆرىنىڭ سەبزىۋارغا بارغانلىقى ... 352

ساھىبقىراننىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخ تۆرىنىڭ شاھ شۇجاھنىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە بارغانلىقى ........ 356

ئەمىر تېمۇر كوراگاننىڭ زەھەر ئىچكەنلىكى ۋە چاغاتاي سىپاھلىرىنىڭ نىشاپور ئەتراپىدا مەجرۇھ ئېتىپ مەرۋە شەھرىگە قامالغانلىقى ........ 363

مىرزا شاھرۇخ ئىبنى ئەمىر تېمۇرنىڭ شاھى شۇجاھنىڭ ئوغلى سۇلتان زەيىنۇل ئابىدىن بىلەن ئۇچراشقانلىقى ...... 373

دەشتى قىپچاقتىكى توختامىشخاننىڭ «ئەمىر تېمۇر ئۆلدى» دەپ ئاڭلاپ، ماۋرائۇننەھر شەھرىنى ئىشغال قىلىش ئۈمىدى بىلەن كېلىپ سەمەرقەنتنى قورشىۋالغانلىقى ........ 384

مىرزا سۇلتان مەھەممەد تۆرىنىڭ كۆتۈرۈلۈشلىرى ۋە ئۇنىڭ خىتاي يۇرتلىرىغا بېرىپ ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى كۆرۈپ كەلگەنلىكى ........ 396

مىرزا شاھرۇخ تۆرە ئىبنى ئەمىر تېمۇرنىڭ قىپچاق دەشتىگە بېرىپ، توختامىشخاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكى ........ 418

مىرزا سەيپىددىن ئەمىر چاكونىڭ مەلىكە ئاق شىيخنىڭ پودى دىگەن ۋەزىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى ........ 453

ھەزرىتى ئەمىر تىمۇر ساھىبقىراننىڭ موسكۋا پۇقرالىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغانلىقى، ئاندىن كىيىن زۇلمات شەھىرىگە بارغانلىقى ........................................ 466

قەھستاندا ھىكىم نىزارىنىڭ كىشىلەرنى تاناسخا دىنىغا دەۋەت قىلغانلىقى، ئەمىر تىمۇر ساھىبقىراننىڭ بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئۇستىگە بارغانلىقى ........................ 497

ساھىبقىراننىڭ باغدات شىرىپقا يۈرۈش قىلىپ ئۇ يەرنى بويسۇندۇرغاندىن كىيىن، شام شىرىپكىچە بارغانلىقى 518

ساھىبقىراننىڭ قىزلار شەھىرىگە بارغانلىقى، ھەزرىتى ئادەم ئاتىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغانلىقى ........... 528

ساھىبقىراننىڭ قۇددۇس شىرىپكە بىرىپ شەيخ ئەرزىنىڭ كارامىتى بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ قەبرىستانلىقىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ روھىناتىرىدىن نەزەر تاپقانلىقى ........................................ 539

ساھىبقىرانغا رۇم پادىشاھىدىن سىكىنە تاۋۇتى بىلەن خەت كەلگەنلىكى، ئۇنى ئېچىپ كۆپ ھىكمەتلەرنى كۆرگەنلىكى ........................................ 562

ساھىبقىراننىڭ قەيسەر رۇم سۇلتان بايىز بىلەن ئۇرۇشقانلىقى ........................................ 589

مىرزا خىلىل تۆردىنىڭ قالماقلار بىلەن جەڭ قىلىپ، كۆپ مۇسۇلمانلارنىڭ شىھىت بولغانلىقى .................. 605

ساھىبقىراننىڭ يۇرت ئۇلۇغلىرىنى يىغىپ توي - مەرىكە قىلىپ كۇتۇۋالغانلىقى، ئوترارغا يۆتكىلىپ بارغاندىن كىيىن ۋاپات بولغانلىقى ........................................ 614

ئىزاھلار ........................................ 621

لۇغەت ........................................ 625

## بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

## (ناھايىتى مېھرىبان، شەپقەتلىك ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن)

تارىخ، ئۇنى ئىگىلىگۈچىلەر ئۈچۈن مەخپىي ئەمەستۇر.

ھەزرىتى ئادەم سەفىيۇللا زامانىدىن تارتىپ ئىسلام دىنىمىزغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئادەملەر ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

ئاۋۋالقىسى ھەزرىتى نۇھ نەبىيۇللانىڭ توپان ۋەقەسىدىن ئىلگىرىكىسى بولۇپ، ئۇ چاغدىكى تارىخىي ۋەقەلىكلەر ئېنىق ۋە ئىشەنچلىك ئاساسقا ئىگە بولمىغاچقا، بەزى تارىخىي ئەھۋاللار بۇ ئەسىرىمىزدە ئوتتۇرىغا روشەن قويۇلمىغاندۇر. بەزى ھادىسىلەر ئەل ئارىسىدا ئاشكارا ساقلانغان، بەزىلىرى توغرىسىدىكى بىلىم ئىشەنچىمىزمۇ پەقەت قۇرئان شەرىپتا سۆزلەنگەن قىسسىلەردىن ياكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بەرگەن خەۋەر، مۆجىزە ۋە كەچۈرمىشلىرىدىن ئېلىنغاندۇر.

كېيىنكىسى نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن ھازىرغىچە بولغان ۋەقەلەردۇر. قەدىمكى تارىخىي بايانلاردا ئېيتىلىشىچە، توپاندىن ئىلگىرىمۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئەلنى ھۆكۈمەت بىلەن ئىدارە قىلىش مەۋجۇت بولغان، شۇ چاغلاردىمۇ كۆپلىگەن ئالىملار، پەيلاسوپ ۋە ئەقىل ئىگىلىرى ياشىغان. ئۇلار ئىلمىي ئىجادىيەت نۇرلىرىنى تارقاتقان، قۇلاق ئاڭلىغان ياكى ئاڭلىمىغان سىرلىق

ئىلىم ۋە ئەپسۇن ئىلمىدەك ھەر خىل ھۈنەر ـ سەنئەتلەرنى كەشىپ قىلىپ، ئىنسانىيەتكە تۆھپە قىلىشقان.

ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ شاگىرتى ئەسقىلىنوس ھۈنەر ـ سەنئەتتە تەڭداشسىز كىشى ئىدى.

تارىخ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا مەلۇمكى، ھەزرىتى ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ ۋۇجۇد ـ شەھۋىتىدىن ئىنسانىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان رىۋايەت، يىلنامىلەر بار.

ئەجەم خەلقى ئارىسىدا بۇ ۋەقەلەرگە 6 مىڭ 13 يىل بولغان دەيدىغان كۆز قاراش بار. بەزىلەر 5مىڭ 900 يىل بولدى، دېيىشىدۇ.

ھېساب قائىدىسى، ئەبجەد ھەرپلىرىنىڭ ھەممە سانلىق بەلگىلىرى بويىچە ھېسابلىغاندىمۇ 5مىڭ 995 يىل دېيىلىدۇ.①

يەھۇدىيلەر تائىپىسىنىڭ دىنىي كىتابى تەۋراتتا ئېيتىلىشىچە، ئادەم ئاتا بىلەن ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ ھىجرىتىگىچە② بولغان ئارىلىق 5 مىڭ 43 يىل دېيىلىدۇ.

نىسارا (خرىستىئان) لارنىڭ دىنىي كىتابى ئىنجىلنىڭ رىۋايەتلىرىدە، ئادەم پەيدا بولغاندىن تارتىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك شەۋكىتى ئاشكارا بولغۇچە 5 مىڭ 70 يىل ئۆتكەن، دېيىلگەن.

ئىنسانلارنىڭ سەركەردىسى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرەتلىرىنىڭ خاتىرىلىشىرىدە، ھەزرىتى ئادەم سەفىيۇللادىن ھەزرىتى نۇھ نەبىيۇللاغىچە (توپانغىچە) 2 مىڭ 256 يىل، ھەزرىتى نۇھ نەبىيۇللادىن ھەزرىتى ئىبراھىم خەلىلۇللاغىچە 1 مىڭ 70 يىل، ھەزرىتى ئىبراھىم خەلىلۇللادىن ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغىچە 536 يىل، ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن ھەزرىتى

مۇسا ئەلەيھىسسالامغىچە 505 يىل، ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ يەجۇجلارغا قارشى ئېلىپ بارغان سېپىل سوقۇشلىرىغىچە 717 يىل، ھەزرىتى ئىسكەندەردىن ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامغىچە 379 يىل، ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامدىن رەسۇلۇللانىڭ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) پەيغەمبەرلىكى ئاشكارا بولۇشىغىچە 400 يىل ئۆتكەن، دېيىلگەن. جەملەپ ھېسابلىغاندا، ھەزرىتى ئادەمنىڭ بىنا بولۇشىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئاشكارىلىنىشىغىچە بولغان ۋاقىت 5مىڭ 863 يىل بولىدۇ.

بۇ خىل ھېسابلاشلار قەمەرىيە — ئەرەبلەرنىڭ يىلنامىسىگە ياكى شەمسىيە — رۇمىيەلەرنىڭ يىلنامىسىگە ئاساسلانغان. مەلۇمكى، شەمسىيە بىلەن قەمەرىيە يىلنامىلىرىنىڭ ئارىسىدا 11 كۈن پەرق باردۇر.

ھەزرىتى ئادەم ئاتىنىڭ زامانىدىن بىزنىڭ زامانىمىزغىچە جاھاننىڭ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپ، كىشىلەرگە يېتەكچى بولغان بەگ - پادىشاھلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىككى بۆلەككە ئايرىش مۇمكىن. بىرىنچى بۆلەك، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرىكىلەر بولۇپ، بۇلار پىشدادىيان، كىيانىيان، ئەشكانىيان، ساسانىيان دېگەن تۆت تەبىقىدۇر.

ئەزەلدىنلا غەرب ئەللىرىدىن پەيغەمبەر بولماقلىق، ئەجەم ئەللىرىدىن پادىشاھ - سۇلتان (ھۆكۈمدار) چىقماقلىق پۈتۈلگەندۇر.

ئىككىنچى بۆلەك، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ھاكىمىيەت تارىخى بولۇپ، بۇلار بىنى ئۇمەييە، ئابباسىيان، سامانىيان، ئەلپۇيە، سوبۇك تېكىن، خارازمىيان، مۇلاھىدە تولمون، سەلجۇقىيان، چىنگىزخان، ئوسمان دېگەن ئون تەبىقىدۇر.

تارىخچىلارنىڭ يازمىلىرىدا، دۇنياغا ئەڭ ئاۋۋال سۇلتان بولغۇچى كىشى كىيومەرس، ئۇ 40 يىل سەلتەنەت سۈرگەن، 700 يىل ئۆمۈر كۆرگەن، دەپ يازىدۇ. بۇنى تەپسىلىي بىلمەكچى بولغۇچىلار «تارىخىي تەبەرىيە» نى كۆرسە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى سىيامەك، ئۇنىڭ ئوغلى ھۇشەڭ، ئۇنىڭ ئوغلى تەھمۇرەس، ئۇنىڭ ئوغلى جەمشىددۇر. پادىشاھى جەمشىد 700 يىل سەلتەنەت سۈردى. ئاخىردا زوھاك ئۇنى ھەرىلەپ ئۆلتۈردى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى توپاندىن ئىلگىرىكى تارىختۇر.

ئەفراسىياپ، رۇستەم بىننى زال، كەيكاۋۇسلار جەمشىدنىڭ ئەۋلادىدىندۇر.

ئەفراسىياپ پەشەڭنىڭ ئوغلى بولۇپ، تۈركلەرگە شاھ ئىدى. تۈركىستان، ماۋرائۇننەھر ۋە جەمىئىي شەرق ئەللىرى ئۇنىڭ ھۆكۈمىدە ئىدى. ئۇنىڭ ھېسابسىز قوشۇنى بار ئىدى. ئۇ قوشۇن تارتىپ مەنۇچەھرنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى ۋە ئۇ زېمىننى يەتتە يىل مۇھاسىرە قىلدى. ئاخىرى ئەفراسىياپ بىلەن مەنۇچەھرى ياراشتى. ئۇنىڭ ئەرش (كۆك - ئاسمان) ئىسىملىك بىر باتۇرى بار ئىدى. ئەرش زىماۋەند تېغى ئۈستىگە چىقىپ بىر ئوق ئاتتى. ئوق بىر كەركىسنىڭ (بىر خىل قۇش) قانىتىغا تەگدى. كەركىس زىماۋەند ۋە تەبەرىستاندىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ جەيخۇن بويىغا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ زېمىنلارنىڭ ھەممىسىنى ئەفراسىياپ ئىگىلىدى. (مۇشۇ چاغدا ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغانىدى.) مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ «ئىسكەندەر سېپىلى»③ نى بىنا قىلغان ۋاقتىغىچە 717 يىل ھېسابلىنىدۇ. ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن يافەس ئەۋلادىدىن بولۇپ، فىلىققۇسنىڭ ④قىزىدىن ۋە داداب شاھتىن تۇغۇلغانىدى. ئۇ

قىلىقۇسىنىڭ قېشىدا تەربىيىلىنىپ ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن، قىلىقۇسىنىڭ ئوغلى دېيىلگەنىدى. ئۇ شەرق ۋە غەرب ئەللىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. يەجۇج – مەجۇجلەرگە قارشى سېپىل سوققان، زۇلماتقا بېرىپ ھاياتلىق سۈيىنى ئىزدىگەنىدى. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۇ يەردىن ئىراققا قايتىپ كېلىۋېتىپ زور شەھرىدە ۋاپات بولىدى. ئۇ 36 يىل ئۆمۈر كۆردى. بەزى تارىخچىلار ئۇنىڭدىن ئاز دېيىشىدۇ. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن شاھلىقنى ئوغلىغا تەكلىپ قىلغاندا، ئوغلى ئۇنىماي ئىبادەت بىلەن شۇغۇل-غانىكەن. بۇ ئەھۋاللارنى تەپسىلىي بىلمەكچى بولغۇچىلار «ئىسكەندەرنامە»نى تەتقىق قىلسا بولىدۇ.

ئەمدى چىڭگىزخان تەبىقىسىگە كېلەيلى:

ھەزرىتى رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن ھىجرىيىنىڭ 599 – يىللىرى چىڭگىزخاننىڭ ھۆكۈمران-لىقى مەيدانغا چىقتى. ئۇنىڭ نەسەبلىرى مۇنداق:

چىڭگىزخاننىڭ دادىسى يىسۇگاخان، ئۇنىڭ دادىسى قىلخان، ئۇنىڭ دادىسى بايسۇنغۇرخان، ئۇنىڭ دادىسى تومىنەخان، ئۇنىڭ دادىسى قايدۇخان... بۇلارنىڭمۇ نەسلى موغۇل — تاتارلار دېيىشىدۇ، موغۇل — تاتارلار يافەس ئەۋلادىدىن بولۇپ، بېشى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئۇلىشىدۇ.

چىڭگىزخان 13 ياش چېغىدا ئاتىسى ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ 27 يىللىق ئۆمرى يېتىمچىلىك بىلەن ئۆتتى. بۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ قولىدىن ھېچقانداق ئىشلار كەلمىدى.

كۈتمىگەن ئەھۋالدا، خۇدا ئۇنىڭغا دۆلەتنى يار قىلدى. ئۇ كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئۆزىنى خىتاي ۋە خوتەن ئەللىرىدىكى ھاكىمىيەت تەختىدە تونۇتتى ۋە بۇ جايلارنى دەپسەندە قىلىپ، 25 يىل سەلتەنەت سۈردى. كېيىن ئىراق، ئەرەبلەرگە يۈرۈش قىلىپ بۇ ئەلنىڭ

ھەممىسىنى ئېگىلىدى. ئاندىن ئۆزىنى «چىڭگىزخان» دەپ ئاتىدى. بۇ «بەگلەرنىڭ بېگى، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى» دېگەنلىك ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇخارايى شەرىپكە يۈرۈش قىلدى ۋە 120 مىڭ كىشىلىك بۇخارا قوشۇنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلدى. بۇ چاغدا خارەزىمگە سۇلتان مۇھەممەد تېكىش بەگ ئىدى. ماۋەرا ئۇننەھىر دائىرىسىمۇ ئۇنىڭغا قارايتتى. سۇلتان مۇھەممەد تېكىش ھېسابسىز قوشۇن بىلەن چىڭگىزخانغا قارشى ئۇرۇشتى. ئاخىرى ئۇنىڭ قوشۇنلىرىمۇ تارمار بولدى. سۇلتان مۇھەممەد تېكىش ئەزەربەيجانغا قاچتى. چىڭگىزخان داۋاملىق ئىلگىرىلەپ يۈرۈش قىلىپ خوراسان ئېلىنى گۇمران قىلىپ، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى قىرغىن قىلدى.

چىڭگىزخاندىن توققۇز ئوغۇل بولۇپ، بىرىنىڭ ئېتى تولايخان (تېلى ياكى تولو) ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ھالاكۇ (خولاگۇ)، ئۇنىڭ ئوغلى غازان مەھمۇدخاندى. ئۇ بەكرى ۋە ئىراق ئەللىنگە شاھ بولدى.

ئۇ كۆپ ئىشلارنى قىلدى. پىرات دېڭىزىدىن (دەرياسىدىن) بىر ئېرىق (قانال) قازدۇردى. نامىنى «نەھرى موسۇم» دەپ ئاتىدى.

ئەمدى ئەمىر ساھىبقىران يەنى ئەمىر تېمۇر كوراگان ئىس-
كەندەر سانىنىڭ قىسسىلىرىگە كېلەيلى. بېيىت:

سەلتەنەتنىڭ دەبدەبىسى بەكمۇ چوڭدۇر،
زىلزىلىسى ئالەمگە لىق تولغاندۇر.

يېزىلمىلاردا، ئۇنىڭ نەسلى يافەس بىننى نوھ ئەلەيھىسسالامغا تۇتاشىدۇ دېيىلگەن.

مەلۇماتلاردا شۇنداق دېيىلگەنكى، ئەمىر تېمۇر ساھىبقىران

ئىسكەندەر سانىنىڭ — بەگلەرنىڭ بېگى ۋە خانلارنىڭ خانى، جاھاننىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە خاقان بولغۇچىنىڭ دادىسى ئەمىر تورغاي باتۇر، بوۋىسى بىرگىل باتۇر بولۇپ، ئەجدادى نۇش، شىش، ئادەم ئاتا ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇنىڭ ئەجدادى بەزىلەر-نىڭ يازمىلىرىدا بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ھەزرىتى ئادەم ئۇبۇل بەشەرغا تۇتىشىدۇ، دېيىلگەن.

ئۇ ھىجرىيىنىڭ 735 - يىلى (چاشقان يىلى) تۇغۇلۇپ، 808 - يىلى ئۇ دۇنياغا كەتتى. نەزمە:

ئۇشبۇ جاھان ئىككى ئىشىكلىك ئۆيگە ئوخشار،
بىرىدىن نەچچىسى كىرىپ، بىرىدىن شۇنچە چىقار.

ئەمىر تېمۇر شەرىئەتنىڭ سادىق مۇخلىسى بولمىش ئانىسى تېكىنە بىكەم ماھتىن تۇغۇلدى. تېكىنە بىكەم ماھ مۇشۇ ئوغلى تۆپەيلى كۆپ مۇشەققەتلەرنى تارتتى، ئۇ تۇغۇلغاندىن كېيىن خېلى بىر مەزگىلگىچە ئەمىر چاكۇنىڭ ئۆيىدە ئۆستى. ئەمىر تورغاي باتۇر ئۆز ئوغلى بىلەن ئۇ ئون ياشقا كىرگەندە ئاندىن تېپىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر تورغاي باتۇر بايان قولى خاننىڭ خىزمىتىدە بولدى. قىپچاق ئېلىدىن توق تېمۇرخان كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. بايان قولى خاننىڭ ئورنىغا ئوغلى بوراقخان سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇردى. قىپچاق شاھ توق تېمۇرخان بوراق-خان ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، سەمەرقەنتنى پايتەخت قىلىۋالدى. بوراقخان چاغاتاي بەگلىرى بىلەن بەلخ شەھىرىگە قېچىپ باردى.

ئەمىر تېمۇر خوجا باھاۋىددىن نەقشبەندىنىڭ ياردىمى بىلەن بەلخكە بېرىپ، بوراقخاننى شاھ مەنسۇرنىڭ قېشىدىن تېپىپ، ئۇنىڭ نامىدا چاغاتاي قوشۇنلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. قىپچاق خانلىرىنى سەمەرقەنتتىن سۈرۈپ چىقاردى ۋە ئۆزى

سەمەرقەنت تەختىگە ئولتۇردى. بوراقخان قېچىپ، يەنە بەلخ
شەھىرىگە بېرىۋېلىپ ئۇنى ئۆزىگە پايتەخت قىلدى. ئەمىر-
تېمۇرنىڭ ئوغلى مىرزاجاھانگىر تۆرە تاغىسى بوراقخاننى كۆ-
رۈش ئۈچۈن بارغىنىدا، بوراقخان تەخت ئاداۋىتى بىلەن مىرزا
جاھانگىر تۆرىنى ئۆلتۈردى. ئەمىر تېمۇر پۇرسەتنى قولدىن
بەرمەي، بۇ ئىشنى باھانە قىلىپ بوراقخاننى ۋە ئۇنىڭ ھاكىمى-
يىتىنى ھالاك قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن خارەزىمگە بېرىپ،
ھەسەن سوپىنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇردى. خوراسانغا يۈرۈش
قىلىپ، شىرازغىچە ئىشغال قىلدى ۋە ئەل مۇزەپپەرنى ئەسىر
قىلدى. ئاندىن قايتىپ، دەشت قىپچاققا بېرىپ، ئۆزبېكلەرنى
ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، قاراقۇرۇمغىچە باردى. مىرزا شاھرۇخ تۆرە
توختامىشخاننى ئۆلتۈردى. ئەمىر تېمۇر كېيىن ئورۇس ئەللى-
رىنى ئىستىلا قىلدى. ئۇ يۈرۈشلەردىن قايتىپ كېلىپ، ھىندىستان،
ئىراق ۋە خوراسانغا يۈرۈش قىلدى. بۇ يەرلەرنى ئىشغال قىلىپ،
مىرانشاھ تۆرىنى باغدادقا ھاكىم قىلدى. (مىرانشاھ سۇلتان
ئەھمەد جالايىرنىڭ قولىدا ھالاك بولدى.) ئۇنىڭدىن كېيىن
يۈرۈشلىرىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ، پۈتكۈل مازاندىرانىنى، جىنىس-
تانىنى ئالدى. شام، ھەلەب، دەمەشقىنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇردى،
قەيسەررۇم⑤ بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، سۇلتان بايىز يەلدىد رومنى
مەغلۇپ قىلدى. مىرزا شاھرۇخ تۆرىنىڭ ئوغلى ئۇلۇغبېگنى غە-
رىبكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى ۋە بۇ يەرلەرنىمۇ ئىستىلا قىلىپ،
ئۆزىنىڭ نامىنى خۇتبىدە ئوقۇتتى. ھىجرىيە 807 - يىلى سە-
مەرقەنتكە قايتىپ تەختتە ئولتۇردى. مىرزا شاھرۇخ تۆرىنى ھىراتقا
ھاكىم، نەۋرىسى سۇلتان مۇھەممەد تۆرىنى قەندىھارغا ھاكىم
(ۋەلى ئەھدى) قىلىپ بەلگىلەپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئەۋلادىنى
سەمەرقەنتتە توختاتتى. ئۆزى ئوتىرارنى پايتەخت قىلدى.
ئۇنىڭ شەرەپلىك ئۆمرى 72 يىل بىر ئاي 18 كۈندە

تامام بولدى. ئۇ ئوتتۇرا تۆپىلىقىدا، خۇدانىڭ ھۆكمى بىلەن شەئبان ئېينىڭ يەتتىنچى كۈنى (سەيشەنبە) ئاخشامدا ئاخىرەتكە سەپەر قىلىپ، خۇدانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتى.

خوتۇنى ساراي مۇلۇك ئايىم ھەزرىتى ئەمىر ساھىبقىراننىڭ مۇبارەك جەسىتىنى سەمەرقەنتكە ئېلىپ كېلىپ دەپنە قىلدى. كېيىن سۇلتان مىرزا خەلىل سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇلقاسىم سۇلتان بولدى. 12 يىلدىن كېيىن خوجا ئەمىرزىنىڭ ياردىمى بىلەن سۇلتان سەئىد⑥ سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇردى. ئۇنى 23 يىلدىن كېيىن رافىزىلار⑦ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان ھۆسەيىن تەختتە ئولتۇردى. 38 يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا بابۇر شاھ سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇردى. تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 900 - يىلىغا يەتكەندە، شاھ ئىسمائىل قىزىلباش⑧ كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، بابۇر شاھ ھىندىستانغا قاچتى. شەيبانىخان مەرۋىدە ئىسمائىل قىزىلباشنىڭ قولىدا ئۆلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 30 يىل ئىچىدە شاھلارنىڭ ئالمىشىشى كۆچىيىپ كەتتى. كېيىن بابۇرنىڭ ئىنىسى ئابدۇللاخان مىر ئەرەبنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ تەختكە ئولتۇرۇپ، يەنە بۇ مەملىكەتلەرنى ئىلكىگە ئالدى ۋە يەتتە يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە 30 يىل قىرغىنچىلىق بولدى. ئۆزبېكلەر ئارىسىدىكى تۆرىلەر ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت دائىرىسىنى ئۆزىنىڭ نامىغا بېكىتىپ خان بولۇشۇۋالدى. كېيىن خوجا سەئىددىن ئىمدادىنىڭ ياردىمىگە تايانغان ئابدۇللاخان كىرماندىن⑨ كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، 34 يىل سەلتەنەت سۈردى. ئۇ چوڭلارنى دائۋات قىلدى. ئىرانلىقلارنىڭ پادىشاھى ئاباسخان بىلەن ئۇرۇشلار قىلدى. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ئابدۇلمۆمىن خان ئۆز ئوغلىنى سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇنى مۇھەممەد قولى خان⑩ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭدىن

كېيىن جانخان، باقى مۇھەممەدخان تەختتە ئولتۇردى. كېيىن
ئىمام قۇلى خان 38 يىل تەختكە ئولتۇردى. ھىجرىـ
يىنىڭ 1053 - يىلى نادىر مۇھەممەدخان تەختنى ئىنىسىگە
بېرىپ ئۆزى ھەجگە كەتتى. ئىككى يىلدىن كېيىن باقى بىي
ئابدۇل ئەزىزخاننى پىسكەنت ئەتراپىدا تۆرە جاكالاپ، 35
يىل ھۆكۈم سۈردى. ھىجرىيە 1090 - يىلى ھەجگە
كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇبھانقۇلى خان بەلختىن كېلىپ
ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇپ، 18 يىل ھۆكۈم سۈرگەندىن
كېيىن ۋاپات بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللاخان⑪ توققۇز يىل
ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى ۋە ئۆزىنىڭ خىزمەتكارلىرى تەرىپىدىن ئۆل-
تۈرۈلدى. ھىجرىيىنىڭ 1120 - يىلى ئوبۇلبەيزى مۇھەممەد
باھادىرخان تەختنى بۇخارايى شەرىفكە يۆتكەپ، 38
يىل سەلتەنەت سۈردى. ئەل ۋە مىللەت — جىمىكى پۇقرالار
تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشىدى. ئۇ زاتنى رەھىم ئاتالىق شېھىت
قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇل مۆئمىنخان ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ
قۇدۇقتا تاشلاپ، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇردى. ئورنىغا ئىنىسى
ئولتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈشتى. كېيىن ئابدۇللا-
خان تەختتە ئولتۇردى ۋە توققۇز يىل ھۆكۈم سۈردى. (بۇ
چاغلاردا سوپى ئاللايار ياشىغانىدى.) ھىجرىيە 1133 - يىلى
زىندىيەتچىلەر ئابدۇللاخاننى ئۆلتۈرۈشتى، رەھىم ئاتالىق ھاكىمى-
يەت سۈردى. ئۇنىڭغىمۇ دۇنيا ۋاپا قىلمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن
دانىيال بىي ئاتالىق⑫ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇردى ۋە پۈتۈن
ۋىلايەتلەرنى ئىتائەتكە كىرگۈزدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شاھمۇراد
خان⑬ تەختتە ئولتۇردى. پۈتكۈل يۇرتتىكى يامانلارنى تىنچى-
تىپ، مەسچىت ۋە مەدرىسىلەرنى ئاۋات قىلدى. ھىجرىيە
1207 - يىلى ھەزرىتى ئەمىر تېمۇر ساھىبقىراننىڭ نەۋرىلىرى-
دىن بىرى تەختكە ئولتۇردى. بۇ زات ئالتۇن بۆشۈكخاننىڭ ئەۋ-

لادى ئەمىر ئۆمەرخانغا زامانداش ئىدى. ھىجرىيە 1230 -
يىلى ئەمىر نەسرۇللا باھادىرخان بىننى ھەيدەرخان تەختكە
ئولتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان مۇزەپپەرخان، ئۇ ۋاپات
بولغاندىن كېيىن ئوغلى ئەمىر ئابدۇل ئەھەتخان سەلتەنەت
تەختىگە ئولتۇردى. بۇ چاغ ھىجرىيىنىڭ 1320 - يىلى
(تۇخايىلى) ئىدى. تاشكەنتلىك دوستىمىز موللاسالاھىدىن خوجا،
بىننى موللا ئالائىددىن خوجا ئىشان بىرقانچە دوست - يارانـ
لارنىڭ تەكلىپى بىلەن پارس تىلىدىكى بۇ «تېمۇرنامە» نى
تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلدى.

نەزمە بىلەن بولسۇن، — دېدى ئىلتىماسنى قىلغانلار،
قاپىيە ھەم ۋەزىن بىلەن زىننەتلىسەك كىتابنى.
بىلمىسىزلەر يەتمەس ئەسلا ئىبىل نەزمە قەدرىگە،
نەزمە قىلسا ئاڭلىشاتتى يولۋاسلارچە خىتابنى.
ئاللاتائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن بۇ داستانىنىڭ بوستانلىقـ
لىرىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن قەلب ساندۇقلىرى ئېچىلدى.

كۆڭلۈمنىڭ زوقى ئېشىپ قىلار ئەجەب ھېكايە،
بۇ ھېكايە مىڭ داستانىنىڭ زەررىسىدىن بايانە.
باردى خىيال ئەلچىسى ھەر تەرەپكە، ئاختۇردى،
تىل ئارقىلىق تەسۋىرلەپ ئاشكار قىلىپ جاھانە.

مۇشۇ قۇرلارغا نەزەر سېلىپ ئۇنى ئوقۇغۇچى تەكتۇشلار-
دىن بەزى سۆزلەردە خاتالىق بولسا، ئەقىل كۆزى بىلەن كۆ-
رۈپ، قەلىمى بىلەن تۈزىتىپ، تىلىنى تەنىلەردىن ساقلاپ، ئەپۇ
ئېتەكلىرى بىلەن يېپىشىنى ئىلتىماس قىلىمەن.

قارىلار قىلماڭ ماڭا قەھر ۋە ئىتاپ،
چۈن خاتا بىلەن بولغاندۇر بۇ كىتاب.

هەر خاتاسىنى بىلىپ تەسھىچ ئۆتىنىڭ،
كىم بىلۇر ۋاللاھى ئەلەم با ساۋاب.

ئەي دوستلار ۋە زاماننداشلار، ئۇشبۇ كىتابقا نەزەر سالغىنىڭلاردا، گۇناھىنىڭ قايقىسىغا ئەسىر بولغان مەندەك پېقىرنى دۇئايىاد قىلغايسىلەر. ئىلاھىم ۋاپات بولغان ئاتا-ئانىلىرىڭلارنىڭ روھىغا رەھمەت قىلغاي، شېرىكلىرىڭلەرگە تويپۇق ئاتا قىلغاي، ئامىن!

بۇ — مۇئەللىپنىڭ ئاياقچى بىلەن دومبىرىچىغا قىلغان خىتابى:

ئاياقچى نە ئېردى بۇ گۈل رەڭلىك مەي،
ئۆلۈكلەر گەر ئىچسە بولغۇسىدۇر ھەي.
مۇزىكا ئاھاڭلىرىغا ناخشا قوشۇلسا،
جان ھۇزۇر تاپار ھەركىم ئاڭلىسا.

ئاياقچى قايدىن تاپتىڭ بۇ ئېيتقان سۆزۈڭ،
مېنى سەير-خۇش ئەتتى چۈچۈك خۇلق، يۈزۈڭ.
بېرەر نېمە مەنە بۇ تووۋلاش تاۋۇش،
ئۇنىڭ تەسىرىدىن كېتەر ئەقىل-ھوش.
ئاياقچى نە ئېردى بۇ ئوتلۇق شاراب،
يالقۇنلىرىغا باغرىم بولۇپتۇر كاۋاپ.
.....................................

مۇئەللىپ قەلەمگە خىتاب قىلىپ بۇ غەزەلنى ئېيتىدۇ:

تىرماشقىن بۇ داستان-نامىگە،
تۈركىي تىل بىلەن تېمۇر نامىگە.

باغلاپ بېلىڭنى بۇ دەم ئەي قەلەم،
قۇتقۇز مېنى، يۇتسۇن دەرد-ئەلەم.
ماھىرلىق بىلەن كۈلۈپ سۆزلىگىن،
ۋاقىت يەتتى سەن ماڭا ياز بولغىن.
دۆۋەت دېڭىزىغا ئۇرغىل ئۆزۈڭنى،
سۆز مەيدانىغا سالغىن سۆزۈڭنى.
ئەي خۇش چىراي غەۋۋاس ئاغزىڭنى ئاچقىل،
بۇ سەھىپىگە تۈرلۈك گۆھەر چاچقىل.
تېمۇرنىڭ يولىغا چۈشسەك سەن ۋە مەن،
كەچىشتىن خەۋەردار بولۇرمىز جەزمەن.
يول شۇنداق بولسا گەر پولات تىكەندىن،
يەنى ئەممىسى تۆمۈر تىكەندىن.
مېھنەت تىكىنىدۇر، نامىدۇر شىيون،
كەل، بۇ تىكەننى ئەيلەيلى گۈلشەن.
گۈلزار سۈپەتلىك داستان ئەت،
ھەر داستاننى بوستان ئەت.
بوستاندا تۈرلۈك گۈللەر ئېچىلسۇن،
ھەر ياپرىقىدىن خۇش ھىد چېچىلسۇن.
قىلغىل بۇ باغنى شۇنداق ئاۋات،
بولسۇن كىشى كۆرسە خۇشال ھەمدە شاد.

بۇ باغقا يەنە تۈركىي تىلىنىڭ خۇش پۇراقلىق گۈللىرىنى تىزغىن، تۈركلەر كۆرۈپ خۇشال بولسۇن. ئىلاھە، بۇ باغ ئەتىرلەرنىڭ خۇش ھىدلىرى بىلەن تولۇپ، ئاۋاتچىلىق ئۈستىگە ئاۋاتچىلىق بولسۇن.

ئەي قېرىنداشلار، ۋەلىيلەرگە بىھۇدە سۆزلەرنى قىلماڭلار! مۇئەللىپ دېگەنكى:

زامانىنىڭ ئۆلۈمالىرىدىن بىرى ئەمىر تېمۇر ھەزرەتلىرىگە بىرئاز قوپاللىق بىلەن بىر سۆز، چوڭچىلىق بىلەن بىر سۆز قىلىپ سالغانىدى، ئۆز جامائىتى ئارىسىدا شەرمەندە بولدى. بۇ قاتتىق جازا دېمەكتۇر. ئاشۇنداق چوڭچىلىق قىلىدىغان نائىنساپلار بولسا، ئۇنىڭ ئىنساپ - توپۇق تېپىشى ئۈچۈن خۇدادىن تىلەپ دۇئا قىلىڭلار. ۋەلىيلەرنىڭ ھەممە ئىشلىرى ھېكمەتنىڭ سىرتىدا ئەمەستۇر. ئۆزىنى بىلگەن كىشى ۋەلىيلەر توغرىسىدا بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىپ يۈرمەيدۇ.

خۇدا ھەر كىشىنى سىرا - قىراز ئېتەر،
بىرىنى ئاگا ئىقبال ئاغاز ئېتەر.
كىشىكىم سازاۋەر شاھى بولۇر،
كى مەنزۇرى لوتپى ئىلاھى بولۇر.

يېمىشلەرنىڭ سورتىنى ئىچىملىكلەرگە ماس ئەمەس ئىدى. نەپسانىيەت قارىمۇ قارشىلىقنىڭ ئۇرۇش - جېدەللىرى سەۋەبىدىن بىر - بىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، تۇزاققا چۈشۈپ، ئەسىر بولۇپ قالدى. ھېيلىگەر دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدامچىلىق دامىغا گىرىپتار بولدى.

ھەرقانداق كىشى ئاللاغا ياكى شاھلارغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتسا يېزىدىنىڭ ئوقۇبەتلىرىگە گىرىپتار بولىدۇ. ئاللانىڭ قۇدرىتى بىر ئىشارەت بىلەن دەريالارنى چۆللەرگە، چۆل - سەھرالارنى جەيغۇن دەرياسىغا⑭ ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

ئەمىر تېمۇرمۇ كاتتا پادىشاھ بولۇپ، قەيسەر رۇمدىن تاكى چىنۇ ماچىنغىچە ئۇنىڭ قەھرىدىن تىترەيتتى. شىمالدىن جەنۇبقىچە ئۇنىڭ سالاپىتىدىن لەرزىگە كېلەتتى.

مۇسۇلمانلىق ئاساسى ئاۋات بولۇپ،
دىن ئېلى راۋاجلىنىپ شادىمان بولۇپ.
ھەر يەردە دىندىن ئىمارەت تۈزۈپ،
گۇناھلىق بۇزۇقلۇقلارنى يوقىتىپ.
يامان ئىش ـ قىلىقلارغا بەرھەم بېرىپ،
يورۇپ دىن قۇياشى چىقتى تۈن كېتىپ.
كېتىپ كۈپۈر بىرلە جاھالەت تۈنى،
چىقىپ دىنى ھەقنىڭ قۇياشى ـ كۈنى.
ئادالەتلىك داڭقى ياڭراپ شۇئان،
يەتتى ئەل يۇرتقا تېزدىن شۇئان.

ئۇنىڭ ئادالەت جەھەتتىكى شۆھرىتى خۇددى كەيقۇبادقا[15] ئوخشايتتى. شانۇ شەۋكەت جەھەتتە فىرودۇن[16] بىلەن كەيخىسراۋدىن[17] يۇقىرىراق ئىدى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئالدىدا رۇستەمى داستان[18] ھېكايىسى ئەرزىمەس بىر ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ شىجائىتىدىن ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ يۈرەك باغرى مەجرۇھ بولۇپ كەتكەندى.

شامالدىن سۇمۇ پەرياد قىلمىدى،
گۈللەر باغرىمۇ چاك ـ چاك بولمىدى.
قوي ـ قوزىلارغا تەگمىدى قاشقىر،
بىرگە يۈردىلەر كېپىنەك بىلەن شىر.
يىڭنىدىن باشقا يالىڭاچ كىشى يوق،
نالايىق ئىشلار، ئوغرىلىقمۇ يوق.
بۇنداق شۆھرەت ـ داڭقى كۈنسېرى،
ئاشتى، كەتتى ياپۇن، فەرەڭلەر سىرى.

بىر ۋاقىتلاردا چىڭگىزخان ئىراندا قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، ئاندىن پايتەختنى موغۇلىستانغا قۇردى. ئۆزى قارا قۇرۇمغا قايتىپ كەلدى. ئۆزىگە يېقىن كۆرىدىغان ئوغلى چاغاتاينى پەرغانە ۋە ماۋرائۇننەھىرگە ھاكىم قىلدى. قارا چار نويانىنى ئۇنىڭغا يولداش قىلىپ، ۋەزىرلىكنى بەردى. چاغاتاي خان كېيىن قەشقەرنى پايتەخت قىلدى. پەرغانىنى قارا چار نويانغا بەردى. ماۋرائۇننەھىر ۋە پەرغانە شەھەرلىرىدە ئۇزۇنغىچە بەگلىك قىلدى. ھاكىمىيەت نۆۋىتى بايان قولى خان بىننى دوۋانخانغا يەتكەندە يەنى ھىجرىيە 720 - يىلى، قازانخان⑲ بۇخارا تەختىگە ئولتۇرغانىدى. شۇ چاغلاردا ئەۋلىيا ئادەملەرنىڭ خۇدا ئالدىدىكى ۋەكىلى شەيخى سەيپىددىن بۇخاراغا كەلگەنىدى. بۇخارانىڭ بارلىق ئەھلى ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن مۇرىت بولدى. خۇدا ئۇ كىشىگە كۆپ دۇنيا بەخش ئەتكەنىدى. كىيىم دېگەندىمۇ ئېغىلىدا 700 چە ئات باغلاقلىق تۇراتتى. قازانخان شۇنداق زالىم كىشى ئىدىكى، ئەگەر ئۇ ئالدىغا بىر كىشىنى چاقىرسا، چاقىرىلغان كىشى خوتۇن - باللىرى بىلەن ۋىدالىشىپ، جېنىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ھالدا كېلەتتى.

بەزى كىشىلەر قازانخاننىڭ بۇ خىل زالىملىقى ئۈستىدىن شەيخكە شىكايەت قىلدى. شەيخ ئۇلارغا سەۋرى قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى.

بىر كۈنى قازانخان:

— دەرۋىش كىشىگە مۇنچە دۆلەتنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئۇنى چاقىرىپ كېلىڭلار! — دەپ كىشى بۇيرۇدى. خىزمەتچى شەيخنىڭ ئالدىغا بېرىپ خاننىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى. شەيخ بۇنى ئاڭلاپ رەنجىدى - دە، غەزەپ بىلەن بۇ رۇبائىينى ئوقۇدى:

ئەي شەمكار بۇ كۆڭۈل ئازارىدىن سەن خوپ قىل،
ئەلگە كۆپ قەھر ئەيلىمە، قەھھارىدىن سەن خوپ قىل.

بىر كۆڭۈل ئازارىدىن بولغاي جاھان زىرۇ زەۋەر،
مۇنچە زۇلۇم ئەتمە بۇ گىزدارىدىن سەن خوپ قىل.

خىزمەتكار قايتىپ كېلىپ، رۇبائىنى خانغا يەتكۈزدى. خان ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىپ يەنە قەھر-غەزىپى ئاشتى-دە:

— بۇ قانداق ئىش؟! بىر يارىمغۇر بۇ يەرگە كېلىپ، مېنىڭ شەنىمگە مۇشۇنداق بىر رۇبائىنى پۈتۈپ ئەۋەتىپتۇ. دەرھال ئاتنى ئېگەرلەڭلار! بېرىپ شەيخنى ئۆلتۈرىمەن! — دەپ يولغا چىقتى.

خان بىر ئېرىق بويىغا كەلگەندى، ئېرىق بويىدا ئولتۇرغان دېھقان لىققىدە ئالما تولدۇرۇلغان سېۋەتنى كۆتۈرۈپ قازانخانغا كۆرسەتتى. خاننىڭ ئېتى ئۈركۈپ كەتتى-دە، خان ئاتتىن يىقىلىپ بويىنى ئۈزۈلدى.

شەيخنىڭ كارامەت كۆرسەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشقان ئەمىر، خىزمەتچىلەر، پۇقرالار كېلىپ شەيخنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىشتى. شەيخ بۇ رۇبائىنى ئوقۇدى:

ساپ تەبىنەت كىم ھىسارى ئافتى، ئازادىلىق،
كىمكى كاج يۈردى ئۆزىنىڭ ھالىغا ئۇفتادىلىق.
ئۇشبۇ دۇنيا دۆلىتىدىن ھېچكىمگە بېھبۇدى يوق،
بۇ ئۆتەر دۇنياغا مەغرۇر بولماقى كۆپ ساددىلىق.

توپلاشقان ئادەملەر ھەيران بولۇپ:

— ئەمدى قايسى كىشى خان بولار؟ — دېيىشتى.

— شەيخنى سۇلتان قىلايلى، چۈنكى بۇ كىشى دۇنيا ۋە دىنىنىڭمۇ سۇلتانىدۇر، — دېيىشتى بەزىلەر. شەيخ ئۇلارغا:

— بىز خانىقاغىنا لايىق كىشلەرمىز. بورا — بىزنىڭ تەختىمىز، ئەسكى تەقىيە بىزنىڭ تاجىمىزدۇر. بەش! مېنى «سۇلتان قىلىمىز» دەپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شەرمەندە قىلماڭلار! — دېدى.

شۇنداق بولسىمۇ بىر يىلغىچە ئەلنىڭ ئەرز - دادىنى شەيخ سوراپ تۇردى. بىر يىلغىچە ھېچ كىشى بىر - بىرىگە تەھدىت قىلىشمىدى.

بىر كۈنى ئادەملەر توپلىشىپ كېلىپ شەيخكە ئەرز قىلدى:

— يۇرتىمىز پادىشاھسىز قالمىسۇن، ئالتە ئېقلىمنىڭ پادىشاھ - بەگلىرى «بۇخارايى شەرىف پادىشاھسىز قاپتۇ» دەپ ئاڭلىشىپ، بۇخارانى ئۆزىگە بېقىندۇرۇش ئۈچۈن قەست قىلىشىۋېتىپتۇ. بۇ گەپنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولار؟

— بۇ ھاسىنى ئېلىڭلار، كىمنىڭ بويى ھاسىغا مۇۋاپىق كەلسە، پادىچى بولغان تەقدىردىمۇ، خان قىلىپ بەلگىلەڭلار! — دېدى شەيخ.

خەلق ھاسىنى ئېلىپ كۆپ كىشىگە تەڭلەشتۈردى، لېكىن ھېچكىمنىڭ بويى ھاسىغا مۇۋاپىق كەلمىدى. خىزمەتكار بۇ ئەھۋالنى شەيخكە مەلۇم قىلدى.

شەيخ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— «بايان قولى خان!» دەپ ۋارقىراپ تاغلارغا بېرىڭلار! ھەرقانداق كىشىنى كۆرسەڭلار، بۇ ھاسىنى تەڭلەشتۈرۈپ كۆرۈڭلار! — دەپ يول كۆرسەتتى.

ئادەملەر ھەر كىم ئالدىدىن ئۆتسە ھاسىغا توغرىلاپ كۆردى، لېكىن ھېچكىم توغرا كەلمىدى. بايان قولى خاننى سۈرۈشتە قىلىشتى، ئەمما ئېنىقراق خەۋەرگە ئېرىشەلمىدى.

شۇ چاغلاردا بايان قولى خان 18 ياشتا ئىدى. ئەمىر قازانخان ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان، ئەمما چاغاتاي

بەگلىرىدىن بىرقانچىسى جاللاتقا كۆپ ئالتۇن بەرگەچكە، جاللات ئۆلتۈرمەي قويۇۋەتكەنىدى. دوۋانخانىنىڭ يېنىڭدىن بۆلەك ئوغلى يوق ئىدى. ئۇ بىچارە تۆرە تاغلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، ئارلات دېگەن ئەلگە كەلدى. بىر كۈنى بۇ يىگىتنىڭ كۆزى ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن كولخاتقا چۈشتى. ئۇنىڭ تۇمشۇقىدا ئالتۇن توشقۇزۇلغان بىر ھەميان بار ئىدى. كولخات ئەگىپ كېلىپ ئارلات ئېلىگە چۈشتى. يىگىت ھەميانىنى تونۇپ، ئۇنىڭدىن ئاجرىتىپ ئالدى ـ دە، ئەمىر مۇئىدىن ئارلاتنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ ھەميان ۋە ئالتۇنلار ئەمىر مۇئىدىننىڭ ئىدى.

— مەن، — دېدى ئەمىر يىگىتكە، — بۇلاقتا چۆمۈلۈۋاتاتتىم، بۇلاقتىن چىقىپ قارىسام ھەميان يوق. بۇنى سەن ئوغرىلاپسەن!

يىگىت كولخاتنىڭ ئاغزىدىن تارتىۋالغانلىقىنى دېسىمۇ، ئەمىر ئىشەنمىدى ۋە يىگىتنى باغلاپ قويدى. يىگىت غۇرۇرىنى ساقلاپ، «مەن تۆرىزادىمەن» دەپ ئەسلىنى ئاشكارا قىلمىدى. بىرقانچە ۋاقىت ئۆتتى. بىر كېچىسى ھەزرىتى شەيخۇلئالەمنى چۈشىدە كۆرۈپ ئويغاندى. قارىسا، باغلاپ قويغان ئارقان يېشىلىپ كەتكەنىدى. يىگىت ئۇ يەردىن قېچىپ غوزغام دېگەن يەرگە كېلىپ، بىر ئىمارەتنىڭ تۈۋىدە غېرىبلاردەك مەيۈس ھالدا يىغلاپ ئولتۇردى. شۇ يەردە بىر قېرى ئەر ـ خوتۇن ياشايتتى. ئۇلارنىڭ پەرزەنتى يوق ئىدى. بوۋاي پادىچىلىق قىلاتتى، ئۇلار يىگىتنى ئۆزىگە ئوغۇل قىلىۋېلىشتى.

بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن قېرى پادىچى ئالەمدىن ئۆتتى. يىگىت بوۋاينىڭ ئورنىدا پادا بېقىپ يۈردى.

بىر مەزگىللەردىن كېيىن، بۇخارالىقلار بايان قولى خاننى ئىزدەپ شۇ يەرگە كېلىشىپ قېلىشتى ھەمدە يىگىتتىن سورىدى:

— ھەي يىگىت، بايان قولى خاننى كۆردۈڭمۇ؟

— ئۇنىڭدا نېمە ئىشلار بار ئىدى؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى يىگىت.

بۇخارالىقلار كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىشتى ۋە ھاسىنى يىگىتكە تەڭلەشتۈرۈپ كۆرۈشتى. يىگىتنىڭ بويى ھاسا بىلەن تەڭمۇتەڭ كەلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەيران بولۇشۇپ بىر-بىرىگە:

— پادىچى سۇلتان بولۇشقا قانداقمۇ لايىق كېلەر؟ — دېيىشتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار شەيخنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئەمەل قىلىشىپ، بايان قولى خاننى بۇخارايى شەرىفكە ئەكېلىپ، شەيخنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى.

شەيخ يىگىتنىڭ راستىنلا بايان قولى خان ئىكەنلىكىنى جاكالىدى. تۆرتىنى باشلىغان مۇلازىملار يىگىتنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىشتى.

شۇ كۈنى شەھەر رەستىلىرىگە زىننەت دەرۋازىلىرى ئورنىتىلدى. شەھەر ئىچى تازىلاندى، كۆركەملەشتۈرۈلدى. ناھايىتى كۆپ پۇللارنى ئاجرىتىپ تۆرىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ سەدىقە قىلىشتى ۋە شۇ كۈنى ئۇنى بۇخارايى شەرىفنىڭ سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغۇزۇشتى.

خاننىڭ ئورنىغا بولدى يېڭى خان،
پىتنە ۋە يامانلىقنى قىلىپ ۋەيران.
ھىممىتى بولدى ئۇنىڭ دەريادەك،
ئادالىتى بىلەن شىجائىتى چەندان.

ئۇ خانلىق تەختىدە 30 يىل ئولتۇردى. بايان قولى خان ئادالەتتە ئاجايىپ ئادىل ئىدى، ئوۋغىمۇ چىقمايتتى. «قۇشلارنى ئېتىپ ئازار بەرمەسلىك كېرەك» دەپ، ئوۋغا چىقىشنى مەنئى قىلاتتى. ئۇنىڭ زامانىدا شاراب ئىچىش يوق دېيەرلىك ئىدى.

بىر كۈنى خاننىڭ ئالدىغا بىر جۇۋازچى كەلدى. خان ئۇنىڭ-
دىن سورىدى:

— بىر تال كۈنجۈتتىن قانچىلىك ياغ چىقىرالايسەن؟

— تىرناقنىڭ يۈزى ياغلاشقۇدەك ياغ ئالالايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى جۇۋازچى. خان ئۇنىڭدىن يەنە ناماز، روزا توغرۇلۇق سورىدى. جۇۋازچى جاۋاب بېرەلمەي قىينالدى. خان ئۇنى ئۆلتۈرمەككە بۇيرۇدى. جۇۋازچىنىڭ ئوغلى موللا ئىدى، بۇ ئىشنى ئاڭلاپ خان ئالدىغا كېلىپ ئەرز قىلدى:

— ئەي خانىمىز، سىزنىڭ ئاغاڭ قازانخاننىڭ زۇلمىدىن دادام موللا يۈزى كۆرگەن ئەمەس. ئۆز ۋاقتىدا قازانخان: «ئوقۇماڭلار!» دەپ بۇيرۇغانىدى. سەن خان بولۇپ ئادالەت ئورناتقاندىن كېيىن مەن موللا بولدۇم. سەن ھەممەيلەننى ئوقۇشقا بۇيرۇغانىدىڭ.

خان ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، جۇۋازچىنى ئۆلۈمدىن ئازاد قىلدى......

## ھەزرىتى ئەمىر تېمۇر ساھىبقىراننىڭ تۇغۇلۇشى

تورغاي باتۇرنىڭ نەسلى قارا چار نويانىدىن ئىدى. كۈن-
لەردىن بىر كۈن نويان خاندانىدىن چىقىپ كېتىپ، ئۆزى بىلگىنىچە ھايات كەچۈردى، شۇنداق بولسىمۇ دۆلىتى زور ئىدى. كىشىلەر ئۇنى تولىمۇ ھۆرمەتلەيتتى. ئۇ شەھرى سە-
بىزدە⑳ ماكان تۇتقانىدى. ئۇنىڭ 70 دانە ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن جابدۇقلۇق ئېتى، سانسىزلىغان قويلىرى بار ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۆزى ناھايىتى كەمتەر، مۇلايىم ئىدى ئۇ «شەرھى ۋاقايە» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى، شەرىئەتنىڭ پېشىۋاسى، شۇ ئەسىرنىڭ مۇللىسى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ شاگىرت-

لارغا ساۋاق بېرىۋاتاتتى، بىر قەلەندەر كىرىپ كەلدى ۋە ئۇ:

— نېكىنە بىكەم ماھ دېگەن قىزنى ياتلىق قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. ئۇنى «جاھانگىر ۋە ساھىبقىران» دەپ ئاتىشىدۇ، — دېدى.

— ئەي تەلۋە دىۋانە، — دېدى نويان، — سەن بۇنى قانداق بىلىسەن؟

— مەن غايىبانە ئىشلارنى بىلەلەيمەن، — دېدى قەلەندەر.

— بۇ دىۋانىنى ئۆيگە سولاپ قويۇڭلار! — دەپ بۇيرۇدى شەرىئەت پېشىۋاسى. بۇ ئەھۋالنى شۇ زامان خانغا مەلۇم قىلىشتى. بايان قولى خان: «ئۇنى كەلتۈرۈڭلار!» دەپ بۇيرۇدى.

خىزمەتچىلەر دەرھال كېلىپ، قەلەندەر سولانغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئىچكىرى كىرىشتى. قەلەندەرنىڭ ئورنىغا بىر قىز بالا باغلاپ قويۇلغان بولۇپ، قەلەندەر يوق ئىدى. بۇنى كۆرگۈچىلەر ھەيران قېلىشتى. ھېلىقى قىز ئىلىشىپ قالغانىدى. ئايەت - دۇئا ئوقۇشقان بولسىمۇ تەسىرى بولمىدى، ئاقىۋەت قىزنى شەيخۇلئالەمنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. شەيخ كۆرۈپ تەبەسسۇم بىلەن:

— ئۇ روھى قۇددۇس ئىدى. بۇ يەرگە قەلەندەر سۈرىتىدە كەلگەنىدى. مانا بۇ پاكىز قىزدىن ياخشى بىر مۇبارەك ئوغۇل تۇغۇلىدۇ، — دېدى.

شەيخنىڭ شاراپىتىدىن قىز ئەقلىگە كەلدى.

— بۇ قىزنى ياتلىق قىلايلى، — دېدى شەيخ. شەرىئەت پېشىۋاسى بولسا:

— ئىختىيار سىزدە، — دېدى.

بۇ قىزنىڭ شەيخكە نەزىر بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆلىما ۋە مەنسەپدارلار تەرەپ - تەرەپتىن كېلىشىپ، ئۇ قىزنى ئەمىرگە ئالماقچى بولۇشتى. شەيخ: «كۈيئوغۇل بولغۇچى تېخى بۇخاراغا

يېتىپ كەلمىدى» دەپ جاۋاب بەردى. ئادەملەر: «بۇ قىزنى شەيخ ئۆزى ئالسا كېرەك» دەپ گۇمان قىلىشتى.

ئەمدى ئىككى ئېغىز سۆزنى تورغاي باتۇردىن ئاڭلايلى:

تورغاي باتۇر سەبىز شەھىرىدە ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگىنىدە بىر كېيىك كېلىپ قويلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالدى. ئۇ قويلار ئارىسىدا ئۆركۈپ، ھەر تەرەپكە تاشلىناتتى. قويلار ئارىسىدا بىر بۆرىمۇ بار ئىدى. تورغاي باتۇر بۆرىنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى ۋە ئۇخلاپ قالغان قويچىنى ئويغاتتى.

— ماڭا كايىما، — دېدى قويچى يىغلىنىپ تۇرۇپ، — سېنىڭ سەۋەبىڭنى ھېلىلا چۈشۈمدە كۆرگەنىدىم.

— چۈشۈڭدە نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟ — دەپ سورىدى تورغاي باتۇر.

— يېشىل كېيىملىك بىر كىشى كېلىپ: «تورغايغا ئېيتقىن، شەيخۇلئالەمنىڭ قېشىغا بارسۇن، شەرئەت پېشۋاسىنىڭ قىزىنى ئالسۇن، ئۇنىڭدىن بىر ساھىبقىران ئوغۇل تۇغۇلىدۇ» دېگەنىدى، — دېدى قويچى.

— سەن مېنىڭدىن قورقۇپ ئالدامچىلىق قىلىۋاتىسەن.

— ھەي باتۇر، — دېدى قويچى چىن سۆزىنى ئېيتىپ، — مەن ھېچقانداق شەرئەت پېشۋاسى ۋە شەيخۇلئالەمنىڭ نامىنى ئاڭلىمىغانمەن. چۈشۈمدىلا ماڭا شۇنداق بىشارەت بېرىلدى. خۇدا ھەققى، يالغان ئېيتقىنىم يوق.

تورغاي باتۇر يەنىلا ئىشەنمەي، قويچىنى قامچا بىلەن ئۇرماقچى بولدى. بۇ چاغدا قويچىنىڭ ئىتى ئەركىلەپ كەلدى. تورغاي باتۇر ئىتنىڭ بۇ ھەرىكىتىنىڭ قويچىنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىغا بىشارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. تورغاي باتۇر قويچىدىن:

— ئىت نېمىدېمەكچى؟ — دەپ سورىدى.

— ئىت، مېنىڭ سۆزۈمنى راست، دېمەكچى، — دەپ

جاۋاب بەردى قويچى. تورغاي باتۇر بۇ ئىشلارنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى.

تورغاي باتۇر سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ بۇخارايى شىرىپكە ماڭدى. بۇخارايى شىرىپكە كەلگەندىن كېيىن ئۇدۇل شەيخۇلئالەمنىڭ ئالدىغا كىردى. ئۇ كىرگەندە شەيخۇلئالەم سوپىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، مىراقىبەدە ئولتۇراتتى. شەيخۇلئالەم بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— خوش كەپسەن ساھىبقىراننىڭ دادىسى، — دېدى تورغاي باتۇرغا. (دېمەك، ئەمىر تېمۇرگە «ساھىبقىران» دېگەن لەقەمنى سەييىددىن شەيخۇلئالەم قويىدى. ئۇ تۇغۇلماي تۇرۇپلا «ساھىبقىران» دەپ داڭقى تارالدى.)

تورغاي باتۇر قويچىنىڭ چۈشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. شەيخۇلئالەم:

— بۇ راست گەپتۇر، بىز نېكىنە بىكەمنى سىزگە ساقلاپ تۇرىمىز. لېكىن مەن: «ھەرقانداق كىشى بىر كېچىدىلا بىر مەسچىت — خانىقانى ياساپ پۈتكۈزسە، نېكىنە بىكەمنى شۇ كىشىگە بېرىمەن» دەپ ۋەدە قىلغانمەن، — دېدى.

— سىز نېمىدېسىڭىز شۇ. مەن قۇلىڭىزدۇرمەن، — دېدى تورغاي باتۇر جاۋابەن.

— ئەي باتۇر، غەم قىلما، مەن ساڭا ھەرقانداق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بىر يولنى كۆرسىتىپ قويىمەن، — دېدى شەيخۇلئالەم تەسەللى بېرىپ.

تورغاي باتۇر ئۆزىنى شەيخنىڭ ئاياغلىرىغا تاشلىدى. شەيخۇلئالەم ھەممە مۇرىتلىرىنى دەم ئېلىشقا قويۇۋەتتى. ئۇنىڭ قېشىدا تورغاي باتۇردىن باشقا كىشى قالمىدى. شەيخۇلئالەم تورغاي باتۇرغا:

— تۇر، تەرەت ئال! — دەپ بۇيرۇدى. تورغاي باتۇر ئورنىدىن تۇرۇپ تەرەت ئېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى. شەيخ بىر خەت يېزىپ ئۇنىڭغا بەردى - دە:

— شەھەرنىڭ سىرتىدا ھەزرىتى ئايۇپ فەيزى ئاسارنىڭ مازىرى بار. شۇ يەرگە بارغىن. ئۇ يەردە بىر خانىقا، خانىقا ئالدىدا بۇلاق بار. بۇ مازارنى ئابدۇل ئەزىزخان بىننى ئابدۇللاخان شەھەر قورغىنىنىڭ ئىچىگە ئالدۇرغاندۇر. خانىقانىڭ ئىشىكى يېپىق بولسا زادى ئاچما. بۇلاقنىڭ بويىدا ئولتۇرغىن، نېمە ئاڭلىساڭ ئۈنچىقمىغىن. ئاندىن كېيىن سوپىلاردىن بىرى سېنىڭ ئالدىڭغا ئوراقلىق بىر نەرسە كەلتۈرىدۇ. ئۇ «مۇھەببەت» تاماقلىرىدىن بولسا، خۇدايتائالا ساڭا بىر ئوغۇل بېرىدۇ. ئۇ ئوغۇل ئىسلام شەرىئىتىدە قاتتىق بولىدۇ. ئەگەر ئوراقلىق نەرسە «لەنەت» تاماقلىرىدىن بولسا، تۇغۇلغان بالا ئەسكى — گۇناھلىق ئىشلاردىن باشقىنى بىلمەيدىغان بولىدۇ. تاماقنى يەپ بولۇپ، خەتنى سوپىغا بەرگىن ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭما. گۈمبەزنىڭ ئىچىگە زادىلا كىرمە، ئۇلارغا نەزەر سالما. ھەركىم ساڭا: «نېمىشقا نەزەر سالمىدىڭ؟» دېسە، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغىن. ئاندىن مېنىڭ ئالدىمغا كەل! — دەپ ئۆگەتتى.

تورغاي باتۇر تەزدىن بىلەن خەتنى ئېلىپ، فەيزى - ئاسارنىڭ مازىرىغا باردى. ئۇ بۇ يەردە قۇببىسى ئاسمانغا بوي تارتىپ، نۇر چاقنىتىپ تۇرغان گۈمبەزنى كۆردى. گۈمبەز ئىچىدىن نەي، بۇرغا، غىجەك، راۋاب... لارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. باتۇر كۆڭلىدە: «ھەي، سۇبھاناللا، بۇ ۋەقەلەرنىڭ سىرى نېمە؟» دەپ قالدى.

شۇنداق بولسىمۇ، شەيخۇلئالەم نېمىنى بۇيرۇغان بولسا شۇنىڭغا ئەمەل قىلدى، بۇلاق ياقىسىدا ئولتۇردى. بىر چاغدا خانىقانىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، يېشىل كىيىملىك بىر سوپى ئوراقلىق بىر نەرسىنى ئەكىلىپ تورغاي باتۇرنىڭ ئالدىغا قويدى. باتۇر دەرگۇمان بولۇپ: «بۇنىڭدىكى تا-

ماق مۇھەببەت تامىقىمىدۇ ياكى لەنەت تامىقىمىدۇ؟» دەپ ئويلىغىنىچە، ئۇراقلىق نەرسىنى ئاچتى. ئاياقتا لىق سۈت تۇراتتى. ئۇ سۈتنىڭ ھەممىسىنى ئىچتى. خەتنى سوپىغا بەردى ـ دە، قايتتى. ئارقىسىدىن «ئاللاھۇئەكبەر!» دېگەن ئاۋاز كەلدى. تورغاي باتۇرنىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى. يول ئۈستىدە بىر ئاقساقاللىق كىشى پەيدا بولدى ۋە تورغاي باتۇردىن:

— نېمىشقا ئالدىڭغا ۋە كەينىڭگە قارىمايسەن؟ شۇنداق كۆڭۈللۈك تاماشىلارغا قاراپمۇ قويمىدىڭ. شەيخۇلئالەمنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلمەن دەپ، ھەممىدىن مەھرۇم قېلىۋاتىسەن، — دېدى. تورغاي باتۇر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھېلىقى نەغمە ـ ناۋالار چىققان تەرەپكە قاراپ باقماقچى بولۇۋىدى، غايىبتىن بىر شاپىلاق كېلىپ يۈزىگە «چاڭڭىدە» تەگدى. ئۇ قورقۇپ كەتتى ۋە يولغا راۋان بولدى. ھېلىقى قېرى ئادەم غايىب بولدى. تورغاي باتۇر تۆۋە ـ ئىستىغپار ئېيتىپ خانىقاغا قايتىپ كەلدى ـ دە، شەيخنى تاپتى. شەيخ باتۇرغا:

— ئۇ قېرى ئادەم ئەسلىدە لەنىتى ئىبلىس ئىدى. ھېلىقى غايىبتىن تەگكەن شاپىلاق مېنىڭ قولۇم ئىدى. ئەگەر شۇنداق قىلمىغان بولسام سەن ئۇ يەرگە بېرىپ قارىغان بولساڭ، قىلغان ئىخلاسىڭنىڭ ھەممىسى بىكار بولاتتى. ئەمدى كەل. بارماقلىرىمنىڭ ئارىسىغا قارىغىن، — دېدى.

تورغاي باتۇر دەرھال كېلىپ قاراپ كۆردىكى، توپ ـ توپ كىشىلەر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كېلىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى يېشىل تونلۇق، بەزىلىرى ئاق تونلۇق ئىدى. شەيخ ئۇلارغا ئورۇن بەلگىلەر ئىدى. ئۇ تورغاي باتۇرغا قاراپ:

— بۇلار غايىب ئەرلەردۇر، — دەپ چۈشەندۈردى.

— ئۇلارنىڭ باشچىسى قايسى؟ — دەپ سورىدى تورغاي باتۇر.

— ئۇلارنىڭ باشچىسى ۋاپات بولغان، — دەپ چۈشەندۈردى شەيخ، — بۇلار ماڭا: «بىزگە باشلىق بولۇپ بېرىڭ» دېيىشمەكتە.

— بۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن بىلدىمكى، قارىماققا ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر ئىش بىلەن مەشغۇل ئىكەن، لېكىن روھىي جەھەتتە غايىب كىشىلەر ئىكەن، — دېدى تورغاي باتۇر.

— ھەي تورغاي باتۇر، ئەگەر مېنىڭ ئىلمىي قۇدرىتىم بولمىغان بولسا، سەن بۇلارغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتىڭ، — دېدى شەيخ.

غايىب كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ شەيخكە تەزىم قىلىپ:

— تۈنجى قېتىم «بىزگە باشلىق بولۇپ بېرىڭ» دەپ كەلدۇق. ئۇنىمىدىڭىز. كىتابنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا خىزمەتكارىڭىز ئېلىپ باردى. بىز خۇشال بولۇپ سىزنىڭ خىزمىتىڭىز ئۈچۈن كەلدۇق، — دېيىشتى.

— ئىلگىرى بىز ۋەدە قىلمىغانىدۇق، — دېدى شەيخ ئۇلارغا، — ئەمدى شۇ ئىشنى قىلمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ. سىلەر ئىلتىماس قىلغانىكەنسىلەر، باتۇرنىڭ يۈزى ئۈچۈن، ماقۇل بولاي، لېكىن مۇنداق بىر شەرت بار. مۇشۇ يەرگە بۈگۈننىڭ ئىچىدىلا بىر خانىقا ياساپ بېرىڭلار.

غايىب كىشىلەر ماتەملىك كىيىملىرىنى سېلىشىپ، خۇشاللىق كىيىملىرىنى كىيىشتى. خانىقا سالماققا تۇتۇش قىلدى. تاڭ ئاتقۇچە نەقىشلىرى كۆك رەڭلىك، قۇببىسى كۆككە تاقاشقۇدەك قىلىپ بىر خانىقانى پۈتتۈردى. بۇخارانىڭ كىشىلىرى تاڭ ئېتىشىغا ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرغان ئالىي گۈمبەزنى كۆرۈشتى. شەيخۇلئالەم گۈمبەز ئۈستىدە قاراپ تۇراتتى. كىشىلەر ھەيرانلىق بىلەن:

— بۇ چوقۇم شەيخۇلئالەمنىڭ كارامەتلىرىدۇر، — دېيىشتى.
شەيخ ئۇلارغا:
— بۇ خانىقانى تورغاي باتۇر ياسىدى، — دېدى.
شۇنداق قىلىپ نېكىنە بىكەم، ماھنى تورغاي باتۇرغا نىكاھ قىلىشتى. ئارىدىن مەلۇم مەزگىل ئۆتۈپ نېكىنە بىكەم ماھ ھامىلدار بولدى.
مۇشۇ ۋەقەلەردىن ئىلگىرى، ئەمىر قازاغىن ئەمىر ئۇلانىس㉑ مەنسىپىدە ئىدى. ئۇ قونغورات㉒ ئېلىدىن ئىدى. شۇ چاغدا شۇ جايلاردا قۇتبىدە بۇنىڭ نامى مەشھۇر بولۇپ، باشقا ئەمىر - بەگلەرگە بۇ ئەمەل يوق ئىدى. ھەممە ئىش ئاتالىقنىڭ قولىدا ئىدى. بۇ بەگ ئۆز ۋاقتىدا نېكىنە بىكەمنى ئېلىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگىنىدە، شەيخ رەت قىلغانىدى. ئەمدى ئۇ نېكىنە بىكەمنى تورغاي باتۇرغا بەرگىنىنى ئاڭلاپ، خانغا: «مەن ئالىدىغان قىزنى قارا چار نويانىنىڭ ئەۋلادى تورغاي باتۇرغا بېرىپتۇ. مەن بېرىپ شەيخۇلئالەم بىلەن جەڭ قىلىمەن» دەپ ئەرز قىلدى. خان شۇنچە توسۇپ كۆرگەن بولسىمۇ ئۇنىمىدى. بىر كىشى شەيخنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلدى. شەيخۇلئالەم:
— ئەگەر قىز ئۇنىڭغا كېرەك بولسا ئۇ نېمىشقا قىز تەلەپ بولماستىن ئىلگىرى بۇ ئىشقا قەدەم قويمىدى؟ ئەمدىلىكتە بىز قىزنى مۇسۇلمانچىلىق قائىدىسىنى قىلىپ تورغاي باتۇرغا نىكاھلاپ بەردۇق. قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن، — دېدى.
ئەمىر قازاغىن قوشۇن تارتىپ كەلدى. شەيخۇلئالەم بۇ رۇبائىينى ئۇنىڭغا ئەۋەتتى:

ئوۋ جان پىدالىق قەدرىدىن كەلدى قولغا،
سەن قويما قەدەم خان ماڭغان يولغا.
مەلەك شاھنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ سەن ئاخىر،
قورق تەڭرىدىن، بەرمە ئىزا كۆڭۈلگە.

ئەمىر قازاغىن بۇ رۇبائىينى ئوقۇپ، قورققىنىدىن قايتماقچى بولدى. شۇ چاغدا شەيتان ئۇنى ئازدۇرۇپ: «مەلەك شاھنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى شەيخۇلئالەمنىڭ كارامەتلىرىدىن بولدى، دىپ ئىشەنمە» دەپ ئۆگەتتى. ئۇ يەنە شەيخ تامانغا قاراپ يول ئېلىپ، خانىقاغا يېتىپ كەلدى. تورغاي باتۇر ئۇلارنى كۆرۈپ قايغۇرغىنىچە: «مېنىڭ ئاتىلىرىم ئەمىر ئۇلانىستىنمۇ مۆتىۋەررەك ئىدى. ئارزۇيۇم ئەمىر قازاغىن بىلەن جەڭ قىلىشتۇر، ئۇنىڭ ئوق ئېتىش ئىقتىدارى يوق» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە، جەڭگە تەييارلاندى. شەيخ توستى، ئەمما تورغاي باتۇر ئۇنىمىدى، شەيخ ئاخىر نائىلاج رۇخسەت قىلدى. تورغاي باتۇرغا 400 مۇرىت قوشۇلدى، ئۇلار جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. سەھەردە تورغاي باتۇر ئۇلارغا ئۇدۇل كېلىپ، تەشۋىشلەندى. شەيخ خانىقادا ناماز ئوقۇپ ئولتۇرغانىدى. ھاۋادا بۇلۇت پەيدا بولۇپ ئاسماننىڭ يۈزىنى توستى. ئەمىر قازاغىنىنىڭ لەشكەرلىرى تورغاي باتۇرغا قاراپ مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشتى. شەيخۇلئالەمنىڭ بايراقلىرى تورغاي باتۇرنىڭ بېشى ئۈستىدە لەپىلدەيتتى. تورغاي باتۇرنىڭ يالغۇز ئۆزىلا ئاتلىق بولۇپ، قالغان مۇرىتلار پىيادە ئىدى. ئەمىر قازاغىنىنىڭ بايرىقى ئاق، كېيىمى قىزىل، ئېتى قارا ئىدى. شەيخ باتۇرغا: «مەيدانغا چۈشكەندە، ئەمىر قازاغىننى يەكمۇ يەك ئېلىشىشقا چاقىرغىن!» دەپ ئۆگەتكەنىدى. باتۇر شەيخنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ ئۆزى يالغۇز مەيدانغا چۈشتى، قازاغىنمۇ يالغۇز كەلدى.

جەڭ باشلاندى. قازاغىن ئاتقان ئوق باتۇرنىڭ ئوڭ كۆزىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئېتىغا تەگدى. ئات يىقىلدى، قازاغىن تورغاي باتۇرنىڭ «بېشىنى كېسەي» دەپ تۇراتتى. سوپىلار بۇ ئىشتىن شەيخنى خەۋەردار قىلدى. شەيخۇلئالەم بورىنىڭ ياغىچىدىن بىر تال ئېلىپ يادەك ئەگدى ـ دە، قازاغىن تەرەپكە ئاتتى ھەم بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كىشىگە بەرسە كىم ناھەق ئىزايى،
تاپار بۇ قىلغىنىدىن بەكرەك جازايى.
بىراۋ ناھەق بىراۋغا قەھر قىلارمۇ،
ئاڭا قەھر ئەيلىگەي قادىر خۇدايى.

شەيخۇلئالەم ئاتقان بورا ياغىچى خانىقانىڭ تاملىرىدىن ئۆتۈپ قازاغىن شاھنىڭ كۆكسىگە تېگىپ، بەدەننى تېشىپ ئۆتۈپ، دۈمبىسىدىن چىقتى. قازاغىن دەرھال يىقىلىپ يىقىلدى. كىشىلەر بۇنى: «شەيخنىڭ كاراماتى» دېيىشتى.

شۇ ئەسنادا بايان قولى خان پادىشاھ يېتىپ كېلىپ شەيخۇلئالەمگە كۆپ ئۆزرە ئېيتتى. شەيخ:

— سەندە گۇناھ يوق، — دەپ ئەپۇ قىلدى.

تورغاي باتۇر نىكنە بىكەمنى ئېلىپ شەھرى سەبزگە باردى. شۇ يىلى ھەزرىتى سەييىددىن شەيخۇلئالەم دۇنيادىن ئۆتتى. پاك روھى تەن قەپىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى، جەسىتى پۇتاقلىق ياغاچتەك قالدى.

نىكنە بىكەمنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلىگە ئالتە ئايلىق بولغانىدى. شەيخ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ رۇبائىينى ئوقۇدى:

دۇنيا مىسالى ئۆيدۇر، ئىككى ئىشىك ئاندا بار،
ئۇ بىرىدىن قانچىلار كىرمەك بولسا سازاۋەر.
خاھ چوڭ ۋە ياكى كىچىك كەلسە تەگتۇش بارىغا،
بۇ بىرىدىن ئۇنىڭ چىقمىقى لازىم ئەي يار.

شەيخ 115 يىل ئۆمۈر كۆرگەنىدى.

تورغاي باتۇر سەبىز شەھرىدە: «نىكنە بىكەم ماھتىن قۇياش كەبى بىر ئوغۇل قاچان تۇغۇلار» دەپ ئىنتىزارلىق بىلەن

كۆتەتتى. شۇ چاغدا بايان قولى خاندىن ئۆشتۈمتۈت سەبىز شەھىرىگە — تورغاي باتۇرغا بىر بۇيرۇق كېلىپ قالدى. بۇيرۇقتا: «ئابغان لەشكەرلىرى قەشقەرنى قورشىۋاپتۇ، ئىنىڭىزمۇ ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ. سىز گوركاندىن㉓ قوشۇن توپلاپ، ئابغان لەشكەرلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا بارغايسىز» دېيىلگەنىدى.

تورغاي باتۇر خانىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ تەييارلاندى. ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنى قازاغىن شاھىنىڭ قىزى يوقۇن خانىم ئىدى. تورغاي باتۇر بىكەم ماھنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى قەشقەر تەرەپكە كەتتى.

بىكەم ماھ تۇغۇتى يېقىنلاشقان بىر كېچىسى — چۈش كۆردى. ئۇنىڭ ئېتىكىدىن قۇياش چىقىپ، مەغرىبتىن مەشرىققە بولغان تامامى ئالەمنى ئىگىلىدى. ئاندىن ھىندىستان تەرەپكە بۇرۇلدى. شۇ چاغ بىكەم ماھ ئويغاندى. ئەقىل بىلەن پەرەز قىلىپ، ئۆزىگە بىر دۆلەتنىڭ يۈزلەنگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

يوقۇن خانىمنىڭ بىكەم ماھقا بۇرۇندىنلا كۆڭلىدە ساقلاپ كەلگەن ئاداۋىتى بار ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى قازاغىن شاھ بىكەم ماھ تۈپەيلى ئۆلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تورغاي باتۇر بىكەم ماھنى ئېلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىدە رەشىك ئوتلىرىنى ياندۇرغانىدى.

بىر كۈنى يوقۇن خانىم ئاتىسىدىن قالغان قۇل مويدۇننى چاقىرتتى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەي قۇل، مېنىڭ بىر سىرىم بار، سەن سىرىمدىن خەۋەر تاپقىنىڭدا، ئۇنى ئالەمگە يايمىغايسەن، — دېدى.

— مەن، — دېدى قۇلمۇ سادىقلىقىنى بىلدۈرۈپ، — ئاتاڭدىن قالغان قۇلمەن، سېنىڭ سىرىڭنى پاش قىلىشقا ھەددىم يوق.

يوقۇن خانىم قۇلغا مەقسىتىنى ئىزھار قىلىپ:

— بىكەم ماھنى چۈشۈمدە ئاجايىپ بىر ئۇلۇغلۇق ئىچىدە كۆردۈم. تەبىر بېرەلەيدىغان كىشى بولسا، چۈشنىڭ مەنىسىنى سوراپ كەلگىن، — دېدى ۋە چۈشىدىكى ئەھۋاللارنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى.

— بۇ يۇرتلاردا بۇ چۈشكە تەبىر بېرەلىگۈدەك كىشى يوق. ئاڭلىشىمچە سەمەرقەنت ۋىلايىتىدە بىر غاردا سوبولەك ئاتا دېگەن كىشى ياشايمىش. ھەرقانداق چۈشكە تەبىر بېرەلەرمىش، — دېدى مويدۇن يوقون خانىمغا.

يوقون خانىم قۇلنى سوبولەك ئاتىنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. قۇل سەمەرقەنتكە كېلىپ، ھېلىقى غارنى تاپتى. سوبولەك ئاتىنىڭ ئەتراپىدا ئادەملەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. قۇل بىر كېچە-كۈندۈز ساقلاپ، ئاخىر بارلىق ئەھۋالنى ئۇنىڭغا بايان قىلدى. سوبولەك ئاتا مويدۇن قۇلغا:

— تارىخنىڭ 735 دە بىر ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. يۇلتۇزلارنىڭ ۋاقتىغا قاراپ گۇمان قىلىمەنكى، ئۇنىڭ تۇغۇلۇش ۋاقتى يېقىنلاپتۇ. ئۇ تۇغۇلۇپ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئالەمگە ساھىبقىران بولۇپ، يەتتە ئىقلىمنى ئالغاي، ئۇنىڭ ئەۋلادى 800 يىل سەلتەنەت سۈرگەي، — دەپ تەبىر بەردى.

مويدۇن قۇل يوقون خانىمنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ، بارلىق ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. يوقون خانىمنىڭ رەشىق ئوتى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى ۋە قۇلغا:

— بىر ئامال قىلىپ بىكەم ماھنى ئۆلتۈرەيلى، — دېدى.

قۇل تورغاي باتۇردىن قورقۇپ، ئۇنى بۇ ئىشتىن توستى. لېكىن يوقون خانىم ئۇنىمىدى. يوقون خانىم غەزەپلىنىپ خاپا بولدى. ئاخىرى قۇل ئىلاجسىزلىقتا بىكەم ماھنى ئۆلتۈرۈشكە ماقۇل بولدى. ئۇلار شەرىئەت تىلى بىلەن بىر يالغان نامە يازدۇرۇپ بىكەم ماھقا كىرگۈزدى.

بىكەم ماھ نامىنى ئوقۇدى. نامىدە: «مەن — ئاتاڭ شەر-
ئەت پېشىۋاسى بىنتاب بولۇپ يېتىپ قالدىم. سېنى كۆرۈشكە نا-
ھايىتى تەشنائىي زاردۇرمەن. ئەھۋالىم زەئىپتۇر. كەلسەڭ كۆرۈ-
ۋالسام، كەلمىسەڭ كۆرۈشۈش قىيامەتكە قالغۇسىدۇر» دېيىلگەنىدى.
بىكەم ماھ بۇ سەترىلەرنى ئاڭلاپ، باغرى كاۋاپ، ھالى
خاراب بولدى - دە، يۈگۈرگەن پېتى يوقۇن خانىمنىڭ ئالدىغا
كەلدى ۋە نامىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭدىن رۇخسەت
سورىدى. يوقۇن خانىم بىكەم ماھنى ئۇنىڭ ئىككى چۆرىسىنى ھەم-
راھ قىلىپ، ئۇلارغا مويدىزىنى باش قىلىپ يولغا سالدى. ئۇلار
شەھەردىن چىقىپ بىر قۇدۇقنىڭ بويىغا كېلىشتى. شۇ يەردە موي-
دۇن ھېلىقى ئىككى چۆرىنى ئۆلتۈردى. ئاندىن بىكەم ماھنى ئۆل-
تۈرمەكچى بولۇۋىدى، بىكەم ماھ ناھايىتى كۆپ زارلىنىپ، يېلىندى.
— ئەي بوۋا، — دېدى ئۇ، — مېنى ئۆلتۈرۈشكە قانداقمۇ
قولۇڭ بارىدۇ؟ مەندە گۇناھ بولغان تەقدىردىمۇ، قارنىمدىكى با-
لىنىڭ نېمە گۇناھى بار؟
— سېنى مۇشۇ بالا سەۋەبىدىن ئۆلتۈرمەكچىمەن! — دېدى
مويدۇن قول ۋە قىلىچىنى چاپتى. بىكەم ماھ جان ۋەھىمىسىدىن
ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلىدى. ئەمىر تېمۇرنىڭ ئىقبالى شاراپەتلىرى-
دىن شۇ ھامان ئەرشتە چاقماق پەيدا بولدى - دە، قولىنىڭ كۆك-
رىكىگە تېگىپ ئىككى پارە قىلىپ تاشلىدى. بىكەم ماھنى
تەڭرى ئامان ساقلىدى.
بىكەم ماھ قۇدۇقتىن چىقىشقا چارە قىلالمىدى، قۇۋۋىتى
يەتمىدى.
خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ بىر قويچى كەلدى - دە، قويلارنى
سۇغىرىش ئۈچۈن قۇدۇققا ئارقانغا چېگىلگەن سوغىنى تاشلىدى
ۋە قۇدۇقتىكى مەلىكىنى كۆردى. قويچى ھەيران بولۇپ، بىكەم
ماھنى قۇدۇقتىن تارتىۋالدى. جامالى تولغان نۇرلۇق قۇياش مى-

سالى، قامىتى سەرۋى دەرىخىدەك، يۈزلىرى تولغان ئايدەك، كۆزى چولپاندەك، بىر ئېسىل گۆھەر كەبى بىكەم ماھنى كۆرگەن قويچى ئۇنىڭدىن سورىدى:

— قايسى ئەلدىن بولىسەن؟

— ئايماقىيىدىن بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى بىكەم ماھ، — بىز شۇ قۇدۇق بويىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز چاقماق چېقىلىپ، ئېرىمگە تەگدى - دە، ئېرىم ئۆلدى. مەن قورققانلىقىمدىن ئۆزۈمنى قۇدۇققا تاشلىدىم.

بىكەم ماھ يالغان ئېيتىپ سىرىنى يوشۇردى.

شۇ چاغدا قويچىنىڭ شەھۋەتپەرسلىكى تۇتتى.

بىكەم ماھ قويچىنىڭ نىيىتى بۇزۇلغانلىقىنى تۇيۇپ، تەڭرىتائالا دەرگاھىغا نالىلەر قىلدى. ئۇشتۇمتۇت ئەرەبكە ئوخشايدىغان بىر كىشى يېتىپ كەلدى. ئۇ بولغان ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ، قويچىغا قاتتىق تەگدى.

— ئەي مەلىكە، — دېدى ئۇ كىشى، — مېنى ئەمىر چاكۇ دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ ئادەم مېنىڭ قويچىم بولىدۇ. ئەمدى سەن مېنىڭ ئۆيۈمگە بار. مەن سېنى قىزىمدەك كۆرۈپ تەربىيە قىلاي، كېيىن ئۆز يۇرتۇڭغا كېتەرسەن.

ئەمىر چاكۇ بىكەم ماھنى ئۆيىگە ئەكىلىپ خوتۇنىغا تاپشۇردى. شۇ چاغدا بىكەم ماھنىڭ تولغىقى تۇتتى. چارشەنبە كېچىسى، شەئبان ئېيىنىڭ 25 دە، چاشقان يىلىدا، تارىخ 735 - ھىجرىيىدە، سەرتان پەسلىدە، جەددى يۇلتۇز تۇركۇمى ئىقبالىنىڭ ئاۋۋالقى دەرىجىسىدە㉔، دىۋە يۇلتۇز تۇركۇمىنىڭ 29 - دەرىجىسىدە㉕ قارىنىدىكى بالىنى تۇغدى.

ئىلمىي نۇجۇمدا، ۋاقىتتىكى ھەر يەتتە يۇلتۇز سەرتان پەسلىدە، جەددى تۇركۇمىنىڭ بۇرجىكىدە توغرا كەلگەن چاغدا ئوغۇل تۇغۇلسا، ئۇ ناھايىتىمۇ تەلەيلىك بولىدۇ، چۈنكى تەگرى تابا-

رەك ۋەتائالا ئالەمنى شۇ سائەتتە ياراتقاندۇر، ھەرقانداق پەرزەنت شۇ سائەتتە تۇغۇلسا، ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىگىچە بەختلىك بولىدۇ، دېيىلگەنىدى.

ئېيتىشلارچە، ئۈچ ئوغۇل ئۇشبۇ سائەتتە تۇغۇلدى. ئاۋۋالقىسى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، ئىككىنچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ۋەسەللەم سەيتىمىز. ئۈچىنچىسى ئەمىر — تېمۇر كوراگان خېنىمىز ۋە بېگىمىز ئىدى.

ئېيتىشلارچە ئىسكەندەرنىڭ تۇغۇلۇشىدىن رەسۇل ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشىغىچە 800 يىل، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشىدىن ئەمىر تېمۇرنىڭ تۇغۇلۇشىغىچە 800 يىل ئۆتكەن. ھەر 800 يىلدا يۇلتۇزلار جەددى دەرىجىسىدە بولغانىكەن. ساھىبقىران ئەمىر تېمۇرنىڭ ئانىسى بىكەم ماھ: «تۇغۇت ۋاقتىدا باشقا ئاياللاردەك پەقەت قىيىنچىلىق ۋە زىيان-زەخمەت كۆرمىدىم» دېگەنىكەن.

فېرىدون، كەي خىسراۋ ناملىق،
مەنۇچەھرە، ئىسكەندەر كاملىق.
ئىسكەندەر ھەم رەسۇلنىڭ ئابرويىدىن،
جاھانغا كېلىپ تاپتى ئەنجاملىق.

**ساھىبقىراننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يەتتە ئىقلىمدىن يەتتە ھۆكۈمانىڭ ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكى**

..............................................................................................

ئەمىر تېمۇر تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئەمىر چاكو ئۇنى تەربىيىلىدى. ساھىبقىران ئالتە ئايلىق بولار - بولمايلا ئىقبال قۇياشى يەر يۈزىگە — تۆت ئەتراپقا تەسىر كۆرسەتتى. ھەر دوقمۇشتا ھەرخىل پاراڭلار، ھەر شەھەردە ئاجايىپ سۆز - چۆچەكلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

شۇ ۋاقىتلاردا ئوسمانىخان غازىنىڭ نەۋرىسى يەلىد رۇم سۇلتان بايەزىد رومنىڭ خەلىپىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ نەسلى يافەسكە يېتەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سۇلتان سەنجەر مازى㉖ رۇم مەملىكىتىنى ئەل سەلجۇقىيە㉗ دىن ئالغانىدى. بۇ مەملىكەتلەرنىڭ بەگلىرىگە ئىسلامنىڭ شەرىئەتلىرىنى ئىجرا قىلىشنى بۇيرۇغانىدى.

«سۇبھەتۇل ئەخپار» دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، رۇم سەلتەنىتىنىڭ ئاساسىنى تىكلىگۈچىلەر ئوسمان غازىنىڭ نەسلىدىن بولىدۇ. دېمەك، رۇم بەگلىرى نەسەب جەھەتتە تۇران بەگلىرىگە يېقىندۇر. ھەر ئىككىلا تەبىقە يافەس ئەبىن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىندۇر.

رۇم سۇلتانى 70 شەھەرنى فەرەڭگىستاندىن㉘ ئالغانىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ قىلغانلىرىدىنمۇ زىيادە ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. يەتتە ئىقلىمنىڭ سۇلتانلىرى ئۇنىڭ قىلىچىنىڭ زەربىسىدىن قورقۇپ تىترەشكەنىدى.

رۇم سۇلتانى: «مەن مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بولىمەن. نېمىشقا مەككە ۋە مەدىنە مېنىڭ ئىسلام خەلىپىسلىك ھۆكۈمىدىن چەتتە قالىدۇ؟!» دېگەنىدى.

شۇ چاغلاردا رۇم سۇلتانى ئەمەلىيەتتە پۈتۈن ئىسلام ئەللىرىنىڭمۇ سۇلتانى بولۇپ قالغانىدى.

بىر كۈنى قەيسەر رۇم ئوۋغا چىقىپ، تاغنىڭ باغرىدىكى بىر غارنى كۆردى.

— بۇ قانداق غار؟ — دەپ سورىدى سۇلتان رۇم خىزمەتكارلىرىدىن.

— بۇ ئىسكەندەر تۇغۇلغان يەردۇر، ئەمىرلەر ۋە سۇلتانلار كەلسە بۇ جاينى زىيارەت قىلىشىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى خىزمەتكارلار.

قەيسەر روممۇ غارنى زىيارەت قىلغىلى كىرىپ بىر لەۋھەنى كۆردى. رومنىڭ ھۆكۈمالىرى لەۋھەدىكى خەتنى ئوقۇدى. لەۋھەدە: «ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تۇغۇلۇپ 800 يىلدىن كېيىن رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسسەللەم تۇغۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن 800 يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر شەخس تۇغۇلغايكى، ئۇ يەر يۈزىنى ۋە كۆن يۈزىنى ئالغاي، سۇلتانلارنى ئاجىزلاشتۇرغاي. بۇ خەتنى ئارىستاتىلىس ⑳ دېگەن ھۆكۈما يازغان» دېيىلگەنىدى. قەيسەر روم:

— لەۋھەدە دېيىلگەن ساھىبقىران مەن بولىمەن، چۈنكى، ناھايىتى كۆپلىگەن يۇرتلار ۋە مەملىكەتلەر مېنىڭ قولۇمدا مۇسەخخەر قىلىندى، — دېدى.

قەيسەر رومنىڭ ئالدىدا ئوبۇل مۇپاخىر دېگەن ئۆلىما خىزمەتتە ئىدى. سۇلتان ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئەي زاماننىڭ ئالىمى، بۇ سۆزلەرگە قانداق قارايسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھېكمەت كىتابلىرىدىن كۆرۈشۈمچە، بۇ يىل ماۋرائۇننەھىردە موغۇل نەسلىدىن بىر ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. ئۇنى ئىسكەندەر سانى دەپ ئاتىشىدۇ. روم ۋىلايەتلىرىمۇ ئۇنىڭ تەخت ئىدارىسىدە بولىدۇ. قەيسەر روممۇ ئۇنىڭغا ئەسىر بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئوبۇل مۇپاخىر.

سۇلتان روم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، بايان قولى خانغا بىر نامە يېزىپ، ئوبۇل مۇخاپىرنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا: «ئاشۇ بالىنى ھالاك قىلسۇن» دەپ تاپىلىدى. ئەلچى ناھايىتى كۆپ سوۋغاتلار بىلەن خاننىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، مەقسەتلىرىنى بايان قىلدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يەتتە ئىقلىمدا ئۈچ مۇسۇلمان، تۆت كاپىر پادىشاھ بار ئىدى. بىرىنچى مۇسۇلمان شاھ سۇلتان

بايەزروم، ئىككىنچى مۇسۇلمان شاھ باغداد شەرىفىنىڭ مەلىكىسى دىلشات خاتۇن ئىدى. ھالاكۇنىڭ نەسلىدىن بولغان ئەبۇسەئىتخان ھاكىمىيەتتىن قوغلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ھالاكۇ ئەۋلادىدىن خان بولغۇدەك ئەر قالمىغانىدى. شۇڭا دىلشات خاتۇن سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغانىدى. ئېرى بىلەن ئوغلى ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلاتتى.

چىقىمنى ئىسىملىك بىر ئالىم بولۇپ، ئۇ شۇ كۈنلەردە ئۆز يېرىدىن يۆتكىلىپ ئىراق يۇرتىغا كەلگەنىدى.

دىلشات خاتۇن كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان دەرىجىدە بىر قەسىر ياساتقانىدى. ئۇ مۇشۇ قەسىردە ئولتۇرۇپ، ھۆكۈما چىقىمنىنى ئالدىغا چاقىرتقۇزدى. لېكىن ھۆكۈما بارغىلى ئۇنىمىدى ۋە خىزمەتچىلەرگە:

— مەلىكىگە ئېيتىڭلار، قەسىردىن تېز يۆتكىلىپ كەتسۇن، قەسىر ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ، — دەپ خەۋەر بەردى. مەلىكە بۇ سۆزلەرگە ئىشەنمەي قەسىردىن چىققىلى ئۇنىمىدى ۋە:

— بۇ قەسىر ھەبتەجوشتىن ياسالغان، — دەپ كۆرەڭلىدى. يېرىم كېچە بولغاندا قەسىر ئۆرۈلۈپ كەتتى. مەلىكە مىڭ مۇشەققەتتە ئۆلۈمدىن قۇتۇلدى. ئۇ چىقىمنىدىن بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى سورىدى.

— ماۋرا ئۇننەھىردە، — دېدى چىقىمنى جاۋابەن، — بۇ كېچە بىر ئوغۇل تۇغۇلدى. ئۇ ساھىبقىران بولىدۇ. بۇ قەسىر تەلەي مىزانىدا ياسالغان، مىزانىڭ ئۆيى شامالدۇر، شۇڭا بۇ قەسىر ئۆرۈلۈپ كەتتى.

دىلشات خاتۇن بۇ سىرنىڭ تېگىنى سورىدى.

— ئەي مەلىكە، ئۇ ئوغۇل ساڭا غالىب كېلىپ يۇرتلىرىڭنى ئىگىلەيدۇ، — دېدى چىقىمنى.

شۇندىن كېيىن دىلشات خاتۇن چىقىمنىنى ئەلچى قىلىپ

بۇخاراغا ــ بايان قولى خاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى ۋە بايان قولى خاننىڭ ئۇ بالىنى يوق قىلىشنى تاپىلىدى.

ئۈچىنچى مۇسۇلمان شاھ شىجائ بولۇپ، ئۇ ئاتىسىنىڭ كۆزىنى داغلاپ كۆرمەس قىلىۋېتىپ، ئورنىغا پادىشاھ بولغانىدى. بىر كېچىسى ئۇ چۈش كۆردى. چۈشىدە قۇياش ئاسماندىن ماۋرائۇننەھىرگە چۈشكەنمىش. ئۇ ھۆكۈمالاردىن بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى سورىۋىدى، بىر ھۆكۈما:

ــ ماۋرائۇننەھىردە بىر ساھىبقىران تۇغۇلدى، ــ دەپ تەبىر بەردى.

شاھ شىجائ شۇ ھۆكۈمانى ھېلىقى ئوغۇلنى يوق قىلىش مەقسىتى بىلەن بۇخاراغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى.

مەلەكرەئىنا بىلوخان ھىندىستان مەملىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە سۇلتانىدى. ئەمىر ساھىبقىراننىڭ تۇغۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھۆكۈمالاردىن بىرىنى ئاشۇ بالىنى ھالاك قىلماق ئۈچۈن بۇخاراغا ئەۋەتتى.

فەرەڭ پادىشاھى، خىتاي پادىشاھى، تاتار ـ ئورۇس پادىشاھىدىن ئەلچى كەلدى. بۇ ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمالاردىن ئىدى. مۇسۇلمان ئەلچىلەر توغرۇلۇق تارىخىي كىتابلاردا يېزىلغان، ئەمما كاپىر ئەلچىلەر توغرۇلۇق يېزىلماي قالغانىدى.

بايان قولى خانغا: «يەتتە ئىقلىمدىن يەتتە ئەلچى كەلدى» دەپ خەۋەر قىلىشتى. خان:

ــ بۇخارا شەھىرىنى تازىلاپ، زىننەتلەڭلار! ئەلچىلەرگە ياخشى مېھمانخانىلاردىن جاي تەييارلاڭلار! ــ دەپ بۇيرۇدى.

بايان قولى خان جانابىي مەۋلانا بورھانىدىن ساھىب ھىدايەنى سەمەرقەنتتىن چاقىرتىپ كەلدى ۋە ئەلچىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

مۇسۇلمان ئەللىرىدىن كەلگەن ئۈچ ئەلچى خاننىڭ ئوك

تەرىپىدىن، كاپىر ئەللەردىن كەلگەن تۆت ئەلچى چەپ تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى. ساھىب ھىدايە:

— روم ئەلچىسى باشتا، ئاندىن ئىراق ئەلچىسى، خوراسان ئەلچىسى ئولتۇرسۇن. كاپىر ئەلچىلەرمۇ ئۆزىگە لايىق ئورۇندا ئولتۇرسۇن، — دەپ ئورۇن كۆرسەتتى. ئاۋۋال روم ئەلچىسى نامىنى سۇندى. نامىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «مەدھىيە ـ ماختاشلار خۇداغىلا خاستۇر. چۈنكى خۇدا يەرنى ئاساسسىز، ئاسماننى تۈۋرۈكسىز ۋە تۇتقۇسىز ياراتتى. ئاي، كۈن ۋە يۇلتۇزلار بىلەن ئاسمانغا زىننەت بەردى. كۆكۈل سۆزلىرىمىز شەپقەتچىمىز رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇۋەسەللەمگە خاستۇر. دۇئايىمىز ماۋرائۇننەھىر سۇلتانىغا مەنسۇپتۇر. ۋىلايىتىڭىزدە بۇ يىل بىر ئوغۇل دۇنياغا كېلىپتۇ. ھۆكۈمالىرىمىز ئۇنى ئىسكەندەر سانى دەپ باھا بېرىشمەكتە. ئۇ كەلگۈسىدە پۈتكۈل يەرنىڭ يۈزىنى ۋە كۈننىڭ كۆزىنى ئالىمىش. سۇلتانلار ئۇنىڭغا ئەسىر بولارمىش. شۇڭا سىز ئاشۇ ئوغۇلنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىسىڭىز.» باشقا ئالتە ئەلچى ئېلىپ كەلگەن نامىنىڭ مەزمۇنىمۇ يۇقىرىقى مەزمۇندا ئىدى. بايان قولى خان ساھىب ھىدايەگە قارىدى. ساھىب ھىدايە:

— خۇدانىڭ تەقدىرىنى زورلۇق بىلەن ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، — دېدى.

خان سىراجى قەمرى ئىسمىلىك ۋەزىردىن مەسلىھەت سورىدى. ۋەزىر:

— ھۆكۈمالار ئېيتقان شەرىئەتتە شۇنداق. لېكىن ئەربابلار (مەمۇرىيلار) قولى بىلەن بۇ ئىشنى قىلىشقا بولىدۇ. بۇنى ھۆكۈمالارمۇ توسۇيالمايدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن خان ساھىبقىرانىنى ئۆلتۈرۈشكە رازىلىق بەردى. ساھىب ھىدايە:

— تەگىردىم خالىمىسا بىر تال تۈكىنىمۇ يۇلغىلى بولماي

دۇ،— دەپ ئىتىراز بىلدۈردى ۋە سەمەرقەنتكە قايتىپ كەتتى.

بايان قولى خان ھۆكۈمالاردىن سورىدى:

— سىلەر بۇ ئوغۇلنى قانداق تونۇيسىلەر؟

— ئەي خېنىمىز، بۇ يىل تۇغۇلغان بارلىق ئوغۇل باللارنى ئالدىمىزدىن بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇغايلا. بىز ئۇنى قۇرئىگە قاراپ تېپىۋالىمىز،— دېيىشتى ئەلچىلەر.

خان ھۆكۈمالارنى مەسچىتكە يىغىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، جارچىلارغا: «ئاتا-ئانىلار بۇ يىل تۇغۇلغان ئوغۇللىرىنى ئوردىغا ئەكىلىپ ئالتۇن مۇكاپات ئېلىپ قايتسۇن!» دەپ جاكا قىلدۇردى.

ئاتا-ئانىلار ھەر يەر-ھەر يەرلەردىن ئوغۇللىرىنى ئەكىلەتتى. ئەلچىلەر كۆرۈپ يەنە ئاتا-ئانىلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشەتتى. ئاخىرى بۇخارادا يېقىندىن تۇغۇلغان، كۆرسىتىلمىگەن بالا قالمىدى. خان سىراجىقەمرىنى ئەلچىلەرگە قوشۇپ ئەتراپلاردىكى بارلىق كەنتلەرنى ئاختۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار مىيانكال، سەمەرقەنت، خوجەنت، ھىسار ۋە سەبىز شەھىرىگە بېرىشتى. قۇۋۋات باتۇر ئۇلارنى زىيابەت بىلەن كۈتۈۋالدى. ئاندىن قارشى شەھىرىگە، زەنجىرسىرا بارلاستقا باردى. بۇ يەردە ئەمىر چاكۇ ئۇلارنى مېھمان قىلدى. بۇ چاغدا ئالتە ئايلىق بولغان ئەمىر تېمۇر ئەمىر چاكۇنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى. ئەلچىلەر ئىزدەپ كەلگەن بالىنىڭ نىشانىنى ئەمىر چاكۇغا ئىزھار قىلدى. ئەمىرچاكۇ:

— ئەتە باللىرىمىزنى ئالدىڭلارغا ئەكىلەيلى،— دەپ جاۋاب بەردى-دە، ئۆيىگە كىرىپ خوتۇنلىرىغا ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. بىكەم ماھ:

— مېنىڭ ئوغلۇمدا ئاشۇ نىشان-ئالامەتلەر بار ئوخشىمادۇ،— دەپ ھەيران بولدى ۋە ساراسىمىگە چۈشتى. يېرىم كېچىدە چۈش كۆردى. ھەزرىتى شەيخۇلئالەم: «بۇخاراغا كەل! مېنىڭ

قەبرەمدە نۇر. خۇداغا تەۋەككۇل قىلغىن. ياراتقۇچىغا سېغىنغىن، بۇ ئوغۇلغا قازايى مۇئەللەق يېزىلىپتۇ» دەپ بىشارەت بەردى.

بىكەم ماھ نائىلاج تۈن يېرىمىدا ئورنىدىن تۇردى-دە، بالىسىنى قۇچاقلىغان پېتى بۇخاراغا قاراپ يول ئالدى. شەيخۇلئالەمنىڭ كارامىتى بىلەن تاڭ ئاتقۇچە بۇخاراغا كەلدى ۋە فەيزى ئاسارنىڭ مازىرىغا كىردى. ئوغلىنى بىر ساندۇقتا يوشۇرۇپ ئاغزىنى بېكىتتى.

ئەتىسى ھۆكۈمالار ئەمىر چاكۇدىن ئوغۇلنىڭ ئەھۋالىنى سوراشتى. بىكەم ماھ ئوغلىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەنىدى. ئەلچىلەر ئەمىر چاكۇدىن:

— نېمىشقا مۇنداق قىلدىڭ؟ — دەپ سوراشتى. ئەمىر چاكۇ:

— بۇ ئاجىزە نەچچە كۈندىن بېرى مېھمانىدى. مەن ئۇنىڭ ئوغلىنى قاياققا ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

ھۆكۈمالار قۇرئىگە قاراپ، بىكەم ماھنىڭ بۇخاراغا قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلىشتى. ئەلچىلەر ناھايىتى تېزلا بۇخاراغا كېلىپ ئەھۋالنى خانغا يەتكۈزۈشتى. بايان قولى خان يۇرتلارغا جارچىلارنى چىقىرىپ «ھەركىم پەرماندا ئېيتىلغان سۈپەتلىك ئوغۇل بالىنى ساقلىسا، بېشىغا ئۆلۈم سايە سالىدۇ» دەپ جاكا قىلدۇردى. ئاخىرى شەيخۇلئالەمنىڭ مازىرىغا كېلىپ بالىنى تاپتى ۋە گۆمبەزنىڭ ئالدىنى توراشتى. بىكەم ماھ زالىملاردىن قورقۇپ، بالىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يىغلاپ: «ئەي ۋەلىيۇللا، بىگۇناھ گۆدەكنى قوغداپ قالغايسەن!» دەپ تىلىنەر ئىدى. بايان قولى خان ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ كېلىپ، شەيخۇلئالەمنىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلدى. ئەلچىلەر خانغا:

— بۇ بالىنى شۇ يەردە ئۆلتۈرەيلى! — دېيىشتى ۋە نېكىنە

بىكەم ماھقا بۇيرۇق قىلىشتى، — ساندۇقنى بىزگە بەرگىن! سېنىڭ بىلەن كارىمىز يوق!

— بىكەم ماھ كۆپ زارلاندى. ساندۇقنى بەرمىدى. ئالدى بىلەن خوراساننىڭ ئەلچىسى بالىنى ئېلىش ئۈچۈن مازار شېرىفنىڭ ئىچىگە كىردى. بىكەم ماھ ئۇنى كۆرۈپ، نالىلەر بىلەن خۇدادىن مەدەت تىلەپ، خۇداغا زارلىنىپ:

— ئەي ياراتقان تەڭرىم، ئاجىزلارنىڭ دادىغا يەتكىن. ئىلتىجايىمنى قوبۇل قىلغايسەن، — دەپ يىغلىدى. ئەلچى ساندۇققا يېقىن كېلىۋىدى، تۇيۇقسىزلا مۇبارەك قەبرە ئىچىدىن قىلىچ تۇتقان بىر قول پەيدا بولدى-دە، ھۆكۈمانىڭ بويىنىغا قىلىچ چاپتى. ھۆكۈمانىڭ كاللىسى ئالىمىدەك ئۈزۈلۈپ 500 قەدەم نېرىغا دومىلاپ چۈشتى. (شۇ سەۋەبتىن كېيىنچە خوراسان ئەمىر تېمۇرنىڭ قولىدا ھەممىدىن بۇرۇن دەپسەندە قىلىندى.)

ئىككىنچى قېتىمدا ئىراق ئەلچىسى كىردى. يەنىلا قەبرىدىن ياراقلىق قول چىقىپ ئۇنىڭمۇ كاللىسىنى ئېلىۋەتتى. ئۇمۇ ھالاك بولدى. (كېيىنچە ئىراق خوراساننىڭ كەينىدىن دەپسەندە قىلىندى.) ئۈچىنچى قېتىمدا ئوروس ئەلچىسى كىردى. ئۇمۇ ئۆلدى. تۆتىنچى قېتىمدا پەرەڭ ئەلچىسى كىردى. ئۇمۇ كاللىسى ئۈزۈلۈپ ئۆلدى. بەشىنچى قېتىمدا ھىندىستاننىڭ ئەلچىسى پەرەڭ ئەلچىسىگە تەنلەر قىلغان ھالدا كىرىپ، ئۇمۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن روم ئەلچىسى تولىمۇ غەيرەتلىنىپ، قەدەملىرىنى كۆرەڭلەپ بېسىپ كىرگەنىدى، غايىبتىن بىر قول پەيدا بولۇپ، شۇنداق بىر ئۇرۇۋىدى، ئۇ تىنىن تارتمايلا ھالاك بولدى. (غەرەز بىلەن كىرگەن ئەلچىلەرنىڭ ئۆلۈمى، ئۇنىڭ مەملىكىتىنىڭ تېمۇرنىڭ قولىدا مەغلۇپ بولۇشىنىڭ بەلگىسى دېيىشىدۇ.)

يەتتىنچى قېتىمدا خىتاي ئەلچىسى كىردى. ئۇ: «مەنمۇ كىرسەم ھالاك بولىدىكەنمەن. ئۇنى ئۆز ھالىغا قوياي، كاپىر بولسامۇ

چۈشەندىنكى، ئەۋلىيانىڭ قەبرىسىدە پەرىشتە بولسا كېرەك. ئاشۇ قوراللىق غايىب قول پەرىشتىنىڭ قولى بولسا كېرەك. بۇ يەردە ئىت بولسا پەرىشتە قاچار ئىدى» دەپ ئويلىدى ــ دە، بۇ پىكىرنى قىشىدىكىلەرگە ئېيتتى.

خىزمەتچىلەر ئىتنى ئېلىپ كېلىشتى. ئەلچى كۆچۈك بىلەن بىرگە قەبرىگە كىرىپ بىكەم ماھنى ئوغلى بىلەن ئېلىپ چىقتى. شۇ زامان قۇياش ئەمىر قىلغۇچى پاك ئاللانىڭ ئاسمان ساندۇقىغا يوشۇرۇندى.

تەلەيىنىڭ قارشى يۇلتۇزلىرى ئاسمان يۈزىدە جىلۋە قىلىشقا باشلىدى. يەنى كۆن كەچ بولۇپ ئالەمنى قاراڭغۇلۇق باستى. ھۆكۈما:

— ئەمدى بۇ بالىنى ئۆلتۈرەي! — دېدى. خان:

— سەۋرى قىلىپ تۇرغىن. تاڭ ئاتسۇن، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ھەممە كۆرسۇن، — دەپ توختىتىپ قالدى.

شۇ كېچە بايان قولى خان شەيخۇلئالەمنىڭ مازىرىدا ئىدى. ئۇ چۈش كۆردى. چۈشىدە شەيخۇلئالەم ئۇنىڭغا: «مەن سېنى پادىچىلىقتىن پادىشاھلىققا كۆتۈرۈشكە سەۋەب بولدۇم. بۇ بىچارە بۇ يەرنى سېغىنىپ كەلسە كاپىرلارنىڭ سۆزىگە ماقۇل بولۇپ، بىگۇناھ بالىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدىڭ. سەن بالىنى ئانىسى بىلەن بىللە دەرھال ئەمىر چاكۇنىڭ ئالدىغا — زەنجىرسىراغا ئەۋەتقىن!» دەپ خىتاب قىلدى.

بايان قولى خان ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ئورنىدىن دەرھال تۇردى ــ دە، بىكەم ماھنى شاھانە كىيىملەر بىلەن ياساپ، خاننىڭ ئوغلى بىلەن زەنجىرسىراغا ماڭدۇرۇۋەتتى. بۇ ئەلچى مەقسىتىگە يېتەلمەي ھالاك بولدى. بۇ ئىشلارمۇ ئەمىر تېمۇرنىڭ ئىقبالىدىن بولغانىدى.

چىراغنى خۇدايىم ياندۇرۇپتۇر،
ئۇنى كىم «پۈۋ» دېسە ساقلى كۆيۈپتۇر.

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ساھىبقىران 12 ياشقا كىردى. شۇنىڭغىچىلىك ئەمىر چاكۇنىڭ ئۆيىدە تەربىيىلەندى. ئەمىر چاكۇ كىشىلەرگە ئۇنى: «بۇ بالا خىزمەتچىلەر ئەۋلادىدىن» دەپ تونۇشتۇراتتى ۋە ئۆز بالىسىدەك ياخشى كۆرەتتى.

ئەمىر چاكۇ ئىلگىرى قارشى شەھىرىگە ھاكىم بولغانىدى. بايان قۇلى خان ئۇنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇساجالايىرنى ھاكىم قىلغانىدى.

بىر كەم ماھ ئەمىر چاكۇنىڭ ئۆيىدە تۇرغان كۈنلىرىدە كۆپلەپ تائەت - ئىبادەت قىلغاچقا، ئۇنىڭ دۇئالىرى ئىناۋەتلىك ئىدى. ھەرقانداق كېسەل ۋە مېيىپ ئۇ دۇئا قىلسىلا ساقىياتتى. ئەمىر چاكۇ بىر كەم ماھقا ئىخلاس قىلاتتى.

ئەمىر چاكۇ دۆلەتمەن كىشى ئىدى. چارۋا ماللىرى، دۇنيالىرى كۆپ بولۇپ، 40 نەپەر قۇلى بار ئىدى. ھەر يەردىن سوۋغات قىلىندىغان تاۋارلار ۋە مال - ئۇلاغلارمۇ كۆپ ئىدى. بۇ مال چاۋىلارغا 40 قۇل ناھايىتى چوڭ بىر سوغىدا قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ بېرەتتى. سوغا زەنجىرگە باغلاقلىق ئىدى. شۇڭا بۇ جاينى «زەنجىرسىرا» دەپ ئاتاشقانىدى.

ئەمىر تېمۇر ئەمىر چاكۇنىڭ ئوغلى مىرزا سەيپىدىن بىلەن ئوۋ ئوۋلاپ يۈرەتتى. ئەمىر چاكۇ تېخىچە بۇ ئوغلىنىڭ تۇرغاي باتۇرنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. بىر كەم ماھمۇ ئېيتمىغانىدى. ئۆز ۋاقتىدا تۇرغاي باتۇر ئەمىر چاكۇ بىلەن ناھايىتى يېقىن دوست ئىدى.

ئەمىر تېمۇر بالىلار بىلەن ئوينىغاندا، دائىم ئۆزى ئەمىر بولاتتى، باشقا بالىلار ۋەزىر، نۆكەر بولاتتى. بىر كۈنى بىر بالا:

— ئاۋامۇسلىم قاسساپنى كانارىنىڭ زىخىغا بىر بارمىقى بىلەن ئىتتىرىۋەتكەنىكەن. كىتابتا كۆردۈم، — دېدى.

ئەمىر تېمۇر:

— بۇ ئانچىكى بىر ئىش، مەنمۇ قىلالايمەن، — دېدى ۋە قاسساپنىڭ كانارىنى ئەكەلدۈرۈپ، كانارىنى بىر بارمىقى بىلەن يىراققا ئىتتىرىۋەتتى. يەنە بىر كۈنى ئەمىر تېمۇر بىر يۈكلۈك هارۋىنى بىر قولى بىلەن كۆتۈرۈپ چۆرۈۋەتتى. ئەمىر چاكۇ بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ هەيران قالدى ۋە: «بۇ ئوغۇل چوقۇم جاهانگىر بولىدۇ» دەپ ئويلىدى.

ئەمىر تېمۇرنىڭ تۆت تۈرلۈك خىسلىتى توغرۇلۇق مۇنداق يېزىشقانىدى: ئاۋۋالدا بىر قولى بىلەن لىق يۈك بېسىلغان هارۋىنى كۆتۈرگەن. ئىككىنچى قېتىم ئەجدىهانىڭ بېشىنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتكەن. ئۈچىنچى قېتىم 40 كىشى ئاران تارتىپ سۇ چىقىرىدىغان چوڭ سوغىدا ئۆزى يالغۇز سۇ تارتىپ چىقارغان. تۆتىنچى قېتىم، قوتۇر ئويۇز بولۇپ، يەتتە يىلغىچە ئۆزىنى باش قىلارغا زادى قوشمىغان.

بىر كۈنى، 40 قۇل قۇدۇقتىن سۇ تارتىۋاتاتتى. مىرزا سەيپىدىن:

— كىم مۇشۇ سوغا بىلەن قۇدۇقتىن ئۆزى يالغۇز سۇ تارتالايدۇ؟ — دېدى.

— تارتالايدىغانلار بار، — دەپ جاۋاب بەردى ئەمىر تېمۇر. مىرزا سەيپىدىن بۇ گەپتىن كۈلۈپ كەتتى. ئەمىر تېمۇرنىڭ غەيرىتى قوزغالدى - دە، قۇدۇقنىڭ بېشىغا بېرىپ، ئۆزى يالغۇزلا سوغىنى قۇدۇقتىن تارتىۋالدى. يەنە سوغىنى كۆتۈرۈپ، سۈيىنى ئوقۇرغا قۇيۇپمۇ بەردى. مىرزا سەيپىدىن:

— ئەي قېرىندىشىم، مېنى ئۆزۈڭگە ۋەزىر قىلامسەن؟ — دېدى.

— سېنى ۋەزىر قىلمىغانغا مەن پادىشاھ بولمىسام، — دېدى ئەمىر تېمۇر.

— مەن كۆڭلۈمدە: «ئەگەر قېرىندىشىم سوغىنى قۇدۇقتىن يالغۇزلا تارتىۋالالىسا پادىشاھ بولىدۇ» دەپ ئويلىغانىدىم. نىيىتىم توغرا چىقتى، — دېدى مىرزا سەيپىددىن. ئەمىر تېمۇرمۇ:

— مەن ناۋادا پادىشاھ بولۇپ قالسام، سېنى چوقۇم ۋەزىر قىلىمەن، — دەپ ۋەدە بەردى. شۇ كۈنى ئەمىر تېمۇر 40 سوغا سۇ ئالدى. كىشىلەر تولىمۇ مەمنۇن بولۇشتى. ئەمىر چاكۇ ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسىدىكى ھەممە كىشى بۇ ۋەقەنى ئاڭلاشتى.

ئەمدى سۆزنى تورغاي باتۇردىن ئاڭلايلى:

بايان قولى خان تورغاي باتۇرنى قەشقەرگە ئەۋەتكەنىدى. تورغاي باتۇر بۇخاراغا قايتىپ كېلىپ خانغا كۆرۈنۈش قىلدى. ئاندىن بىكەم ماھنى سېغىنىپ سەبىز شەھىرىگە كەلدى. ئۇ كەلگەندە يوقۇن خانىم تەلۋە ھەم ساراڭ، ئالىغاي بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بىكەم ماھنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغانىدى. تورغاي باتۇر بىكەم ماھنى ئۇچرىتالمىدى. كىشىلەردىن سورىۋىدى، بىكەم ماھ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا — بۇخاراغا كەتكەن، دەپ جاۋاب بېرىشتى. تورغاي باتۇر:

— مەن بۇخارادىن كەلدىم. شەرىئەت پېشىۋاسى ھەر قانچە ئىزدىگەن بولسىمۇ خەۋىرىنى ئالالماپتۇ، — دېدى. شۇنداق قىلىپ بىكەم ماھتىن خەۋەر ئالالمىغان تورغاي باتۇر 12 يىلنى يىغا بىلەن ئۆتكۈزدى. بىر كېچىسى چۈشىدە شەيخۇلئالەمنى كۆردى. شەيخۇلئالەم: «ئەي تورغاي باتۇر، ئوغلۇڭ 12 ياشقا كىردى. تېخىچە خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ سەن بۇ يۇرتتا نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن!» دېدى. تورغاي باتۇر ئۇيقۇدىن ئويغاندى. ئۇ ئويغانغاندا يوقۇن خانىمنىڭ ساراڭلىقى تېخىمۇ ئەدەپ كەتكەنىدى.

بىكەم ماھىنىڭ ئەۋلىيالىقى ۋە دۇئاگۇيلۇقى، ئوغلىنىڭ داڭقى ئالەمگە تاراپ كەتكەنىدى. بۇلارنى تورغاي باتۇرمۇ ئاڭلىدى. ئۇ يوقۇن خانىم بىلەن سوۋغات تەييارلاپ، زەنجىرسىراغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، زەنجىرسىرادىكى قۇدۇقنىڭ بويىغا كېلىشتى. ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق ئىدى. شۇ چاغدا ئەمىر تېمۇر قىرىق سوغا سۇ تارتىپ ھېرىپ - چارچاپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. تۇيۇقسىزلا بىر ئەجدىھا كېلىپ، ئەمىر تېمۇرنىڭ كۆكرىكىگە چىقتى. تورغاي باتۇر بۇ ئىشنى كۆردى. ئۇنىڭ ئاتىلىق مۇھەببىتى جۇش ئۇردى. ھەيران بولۇپ، قانداق قىلىشنى بىلمەي تىت - تىت بولۇپ تۇرغىنىدا، ئەمىر تېمۇر كۆزىنى ئېچىپ كۆكسىدىكى ئەجدىھانى كۆردى. ئۇ دەرھاللا ئەجدىھانىڭ كاللىسىنى غاچچىدە چىشلەپ ئۈزۈپ تاشلىدى. بۇنداق ئىشنى ھېچقانداق كىشى قىلالمىغانىدى.

غەزەپ بىلەن چىشلەپ ئەجدىھانى،
ئۈزۈپ تاشلىدى ئۇنىڭ بېشىنى.
ئاتىسى كۆرۈپ ئوغلىنىڭ ئىشلىرىنى،
تۆكتى، ئۇنىڭغا ئاتىلىق مېھرىنى.

تورغاي باتۇر ھەيران بولۇپ، ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىناتتى.

— ئەي ئوغلۇم، — دەپ سورىدى تورغاي باتۇر بالىدىن، — كىمنىڭ ئوغلىسەن؟

— ئەمىر چاكۇنىڭ ئوغلى بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى بالا.

— ئەمىر چاكۇنىڭ ئۆيىنى ماڭا كۆرسىتىپ قويساڭچۇ؟

ئەمىر تېمۇر تورغاي باتۇرنى ئەمىر چاكۇنىڭ قورۇسىغا باشلاپ كەلدى ۋە:

— مېھمان كەلدى! — دەپ خەۋەر قىلدى. ئەمىر

چاكو تورغاي باتۇرنى كۆردى - دە، ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ باردى. ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئەمىر چاكو تورغاي باتۇر ئۈچۈن زىياپەت بەردى.

— مەن بۈگۈن بۇ غۇلام ئوغۇلدىن ئاجايىپ ئىشلارنى كۆردۈم، — دېدى تورغاي باتۇر.

— بۇ ئوغۇل مېنىڭ قۇلۇم ئەمەس، بىزنىڭ ئانىسى مېنىڭ سىڭلىمدۇر. ئۇ مەستۇرە ۋە قارىي، دۇئاسى خۇدانىڭ ئالدىدا ئىناۋەتلىكتۇر، — دەپ چۈشەندۈردى ئەمىر چاكو. تورغاي باتۇر.

— مەن چۈشۈمدە بىر سىر كۆردۈم. ئاشۇ ئاجىزەدىن بۇ سىرنى سوراپ كۆرسەم، — دەپ ئىلتىماس قىلدى. ئەمىر چاكو ماقۇل بولدى، ئارىغا پەردە تارتىلدى. بىكەم ماھنى چاقىرىپ كېلىشتى.

بىكەم ماھ شۇ زامات ئېرىنى تونۇدى، لېكىن مەخپىيەتلىكنى ساقلىدى.

تورغاي باتۇر چۈشىدە كۆرگەن ۋەقەلەرنى سۆزلىدى. بىكەم ماھ:

— خۇدايىم سىزگە بىر ئوغۇل بەردى. ئۇ كېيىنچە پۈتۈن ئالەمگە سۇلتان بولغۇسى، — دەپ جاۋاب بەردى. تورغاي باتۇر چۈشەنمەي:

— مېنىڭ ئوغلۇم يوق. يوقۇن دېگەن ئايالىم سارالىڭ ۋە ئالىغاي. نەچچە يىلدىن بېرى بۇنىڭدىن باشقا خوتۇنۇم يوق، — دېدى.

— بىر ياخشى ئوغلىڭىز بار، — دېدى بىكەم ماھ، — سىزنىڭ خەۋىرىڭىز يوق، يوقۇن خانىمنى كەلتۈرۈڭ، مەن دۇئا قىلاي، ئاللاتائالا شىپالىق بېرىپ قالار.

يوقۇن خانىمنى ئېلىپ كېلىشتى. بىكەم ماھ ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

— ئەي يوقون خانىم، خۇدايىتائالا ساڭا شىپالىق بەرسۇن.
قىلغان ئىشارىڭنى راستىدىنلا بىلەن ئېيتقىن.

يوقون خانىم ئىلاجىسىز قىلغان ئىشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بەردى ۋە:

— ئاخىرىدا قىلغان ئىشىم شۇ بولدىكى، بىكەم ماھىنى مويدۇن دېگەن قۇلغا بۇيرۇپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتىم، — دېدى. تورغاي باتۇر غەزىپىنى باسالماي قولىدىكى شەمشەر بىلەن يوقون خانىمنى چاپماق بولدى. تۇيۇقسىزلا پەردە ئارقىسىدىن:

— توختاڭ! مەن بىكەم ماھ بولىمەن! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، — بۇ ئوغۇل سىزنىڭ ئوغلىڭىز بولىدۇ!

ئەمىر تورغاي باتۇر ئوغلىنى قۇچاقلاپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىكەم ماھ دۇئا قىلدۇردى، يوقون خانىمنىڭ ھەممە كېسەللىرى شىپالىق تاپتى. ئۇلار بىرقانچە كۈن ئەمىر چاكۇنىڭ ھويلىسىدا تۇرۇپ ئاندىن سەبىز شەھىرىگە يول ئالدى.

## غايىب كىشىلەرنىڭ ئەمىر تېمۇرگە كۆپ ئىلتىپات قىلغانلىقى

يالقۇرماق، ھەسرەتلەنمەك خۇدانىڭ ئۆزىگىلا مەنسۇپ بولسۇن. چۈنكى ئۇ قارا يەردە ئۇسۇملۇكلەرنى ئۇندۇرۇپ كۆكەرتىدۇ، قۇرۇق ياغاچلارغا يېيىۇرماقلارنى ئاتا قىلىدۇ، ھەر خىل تىرىكلەرگە ھەرخىل كىيىملەر كىيدۈرىدۇ، تەمسىز نەرسىلەرگە تەم كىرگۈزۈپ تاتلىق قىلىدۇ، رەڭمۇرەڭ گۈل ـ چېچەكلەرنى ئېچىلدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن تۈرلۈك ـ تۈرلۈك يېمىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

ھەزرىتى شەيخ سەئىدى رەھمەتۇللا ئەلەيھى پارس تىلىدا شۇنداق دېگەنىكەن:

بەرگى دەرەختىن سەبىز دەر نەزەر ھەشيار،
ھەر ۋەرىقى دەپتەر بىيىت مەرىپەت كىردىگار.

تورغاي باتۇر ئەمىر تېمۇرنى سەبىز شەھرىگە ئەكەلدى. ساھىبقىراننىڭ يېشى 12 دىن ئاشقانىدى. تۇغۇلغان يىلى ئىدراك يېشى بىلەن ھېسابانغاندا چاشقان يىلى ئىدى. يىل بېشى نورۇز — كۆكاھم ئىدى.

ئەمدى ھەزرىتى ئەمىر تېمۇرنىڭ قولىغا يار — دۆلەت ئاچقۇچىنىڭ قانداق كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقايلى:

رىۋايەتچىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئەمىر ساھىبقىراندا جاھانگىرلىكنىڭ بەلگىلىرى تېزلىك بىلەن پەيدا بولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ مەقسەت قۇتىلىرى دائىم يۇقىرىغا ئۆرلەيتتى. ئۇ ياش قۇرامىغا يەتكۈچە، ئۇششاق باللار بىلەن ئوينىغاندا دائىم ئۇلارغا سۇلتان بولاتتى، ھەربىر بالىغا بىر مەنسەپنى بەلگىلەپ بېرەتتى. باشقىلارنى ۋەزىر، باقاۋۇل، ياساۋۇل ۋە ھەر تەرەپكە قاراۋۇل قىلاتتى - دە، ئۇلارغا ھاكىمىيەت خىزمىتىنى قىلىشنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىتەتتى. كىشىلەر يىراق - يېقىندىن كېلىپ ئۇنىڭ ئويۇنلىرىنى قىزىقىپ تاماشا قىلاتتى. ئۇ ھەر كۈنى مۇشۇ ئويۇننى ھەۋەس بىلەن ئوينايتتى. بىر كۈنى بىر ئاقساقال كېلىپ سورىدى:

— ئەمىر بولساڭ جاھاننىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامسەن؟ —

— ئەي بوۋا، — دېدى ئەمىر تېمۇر ساھىبقىران، — ھازىر قەدىر - قىممىتىمنىڭ قۇشى ئېگىزلىككە قاراپ ئۇچماقتا. ئەگەر يەر يۈزىنىڭ تۆت تەرىپىنىڭ ھەممىسى تەخت - تەسەررۇپۇم دائىرىسىگە كىرسە بىر كۆپ تۇپراقچىلىق كۆرۈنمەيدۇ.

هەر نەرسىنى تەلەپ قىلساڭ تاپارسەن،
مەقسىتىڭنىڭ ئىمارىتىن ياپارسەن.

— ئەي ئوغلۇم، قىلغان ھەۋەسلىرىڭدە زادىلا مەيۈسلەنمە! مەقسەتلىرىڭنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ۋاقتى يېقىندۇر.

ئاقساقال بوۋاي شۇنداق دېيىپلا كۆزدىن غايىب بولدى.

ساھىبقىران ھاياجانلىنىپ: «بۇ كىشى ئەھلىللالەردىن بولسا كېرەك، خۇدادىن ئۈمىدىم باركى، ئۇ كىشى ئېيتىپ دېگەن بولسا ئەمەلگە ئاشقۇسىدۇر» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى.

بالىلار كۈندىكىدەك ئوينىشىپ، بىرىنى گۇناھكار قىلىپ ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. شاھ ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭغا جازا بېرىشكە بۇيرۇدى.

ساھىبقىراننىڭ بۇيرۇقى بىلەن بالىلار ئۇنى ياغاچقا ئاستى. بۇ بالا شۇ زامات ئۆلۈپ قالدى. بالىلار تەرەپ - تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. ساھىبقىران ئۆزى يالغۇز ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. لېكىن قېچىشقا غەيرىتى قويمىدى. ئەندىشە بىلەن تورغاي باتۇرنىڭ قورغىنىغا باردى. شۇ چاغدا شەيخ ھۈسەيىن كالال ھايات ئىدى. مۇنبەردە مۇرىتلىرىغا دەرس ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇ شاگىرتلىرىغا شۇنداق دېدى:

— يەر يۈزىنىڭ شاھلىرىنى پەرەز قىلىپ كۆرۈڭلار، ئەتە كۈن چىقماستىن ئىلگىرى تورغاي يولىغا قاراپ تۇرۇڭلار!

ئەتىسى ھەممە شاگىرتلار يول ئۈستىدە تورغاي يولىغا كۆز تىكىپ قاراپ تۇرۇشتى. بىر چاغدا بىر ئوغۇل بالا كەلدى. بالىنىڭ پېشانىسىدە جاھانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ بەلگىلىرى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. يولدا شۇ بالىدىن بۆلەك ئادەم يوق ئىدى. ھەممە شاگىرت كېلىپ ئۇنى تاۋاپ قىلىشتى. ساھىبقىران مۇنبەردە سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ بىر چاغلاردا ئويناپ يۈرگىنىدە

ئۆزىگە نەزەر سالغان ھېلىقى شەيخ ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى. ساھىبقىران مۇنبەرنىڭ ئەڭ تۆۋەنكى پۇتىغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى. شەيخ:

— بۈگۈن بىزنىڭ سۆھبىتىمىزگە كەلگۈچىگە خۇدايىم ھازىردىن ئاخىرەتكىچە دۇنيا — يەريۈزىنىڭ مەمۇرىيەت ھوقۇقلىرىنى بەرگەن، — دەپ چۈشەندۈردى. ساھىبقىران خىيالىدىن: «مەن قايغۇ - ھەسرەتتە قالغان، غەمگە پاتقان، يولۇم كېسىلگەن بىر كىشى» دېگەنلەرنى كەچۈردى. شەيخ ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنى چۈشەندى - دە، سۆزلەپ كېلىپ ھەزرىتى ئادەمدىن مىساللار كەلتۈردى:

— ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندا، ئۇ «ھەرقانداق ئىش مېنىڭدىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ» دەپ تەمەننا قىلدى. يەر بولسا ئۆزىنى تولىمۇ تۆۋەن، ئاجىز چاغلاپ ئۇنچىقمىدى. شۇ سەۋەبدىن غايەت زور بەخت - دۆلەت يەرگە بەخش ئېتىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر تېمۇر شەيخكە قول بېرىپ شاگىرت بولدى.

ساھىبقىران ئىسكەندەر سانىنىڭ ئەسلەشىلىرىدە مۇنداق ئېيتىلغانىدى: «شۇ چاغلاردا مەن 70 نەپەر كامالەتكە يەتكەن ئۇستازغا قول بېرىپ شاگىرت بولدۇم. 70 قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇم. 70 دېڭىزدىن غەۋۋاستەك ئۈزۈپ ئۆتتۈم. ھەرگىز ھاراق - شاراب ئىچمىدىم ۋە نامازنى تاشلىغىنىم يوق».

قىسسىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى: ئايدەك نۇرلۇق يۈزلۈك، كامالەتكە يەتكەن ئۇستاز بىر خۇپتىدە ئايەت ئوقۇپ، ساھىبقىراننى ئۆزىگە يېقىن قىلدى. مۇرىتلىرىغا رۇخسەت بېرىپ، ئاندىن ساھىبقىرانغا: «كەل، ماڭا دوست بول» دېدى. ئاندىن ئۇلار بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىشتى. ئۇيەردە بىر گۈمبەز تۇراتتى. ئىلگىرى بۇ گۈمبەزنى كۆرمىگەن بولغاچقا، شەيخ

ساھىبقىراننى سىرتتا قويۇپ، گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىردى. قاراپ تۇرۇۋىدى، تۇيۇقسىزلا بىر كىشى بىر يىگىتنى ھەمراھ قىلغان ھالدا يېتىپ كەلدى، ئۇمۇ يىگىتنى تاشقىرىدا قويۇپ، ئۆزى گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەلدى. يەنە بىر كىشى كەلدى، ئۇنىڭمۇ يېنىدا بىر ئوغۇل بار ئىدى. ئۇمۇ بىللە كەلگەن ئوغۇلنى سىرتتا قالدۇرۇپ، ئۆزى گۈمبەزگە كىرىپ غايىب بولدى. سىرتتا قالغان ئىككى يىگىتنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ئۆزگىچە ئىدى. تىللىرىنى كىشى چۈشەنمەيتتى. ئۇلار ساھىبقىرانغا ھەيران بولۇشتى. لېكىن ئۈچىلىسى بىر-بىرىنىڭ تىللىرىنى چۈشەنمەيتتى.

تۇيۇقسىز گۈمبەزنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، يېشىل كىيىم كىيگەن بىر سوپى چىقتى-دە، بۇ ئۈچەيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، مۇبارەك ئېغىزىدىن ئۇلارنىڭ ئاغزىغا سۇ تامغۇزدى شۇنىڭدىن كېيىن بۇلار بىر-بىرىنىڭ تىلىنى ئاسانلا چۈشىنىدىغان بولدى. ئۇلاردىن بىرى:

— مەن مەغرىب بېگىنىڭ ئوغلى بولىمەن، ئوۋ ئوۋلاپ يۈرەتتىم. بىر قۇش ئېلىپ چىقىپ بۇ يەرگە كەلتۈردى. ئېتىم سۇلتان مۇھەممەددۇر، — دېدى.

— مەن يەمەننىڭ بېگىنىڭ بالىسى بولىمەن. ھەج قىلىشقا كېتىۋاتاتتىم. مېنىمۇ بىر قۇش كۆتۈرۈپ مۇشۇ يەرگە كەلتۈردى. ئېتىم سۇلتان زۇننۇندۇر، — دېدى يەنە بىرى، بۇلار سوپىدىن:

— بۇ سىرنىڭ تېگى نېمە؟ — دەپ سوراشتى.

— بۇ يەر غايىب كىشىلەرنىڭ جايلىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پۇل-دۇنيا بىلەن ئىشى يوق. ئەگەر ئۇلار خالىسا پادىشاھلار-نىڭ تەختى، ئىززەت-ھۆرمىتىنى تۇپراق بىلەن باراۋەر قىلىۋېتىدۇ. خالىسا ئاجىز، كەمبەغەلنى خارلىق تۇپرىقىدىن ئېلىپ، شاھلىقنىڭ دولقۇنلىرىغا تاشلايدۇ. ھەممە ئىش خۇدايىتائالانىڭ تەقدىرى

بىلەن بولىدۇ. خۇدايىم ھەر كىشىنىڭ نىيىتىگە يارىشا مەدەت بېرىدۇ. بولۇپمۇ بۇ يىل تەقدىردە پۈتۈلۈشىچە بىر پادىشاھنىڭ ئىشلىرى پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. غايىب كىشىلەر ئۇنى تەربىيىلەشكە تۇتۇنماقتا. ئۇنىڭ ئىشلىرى بارغانسېرى تەرەققىي قىلماقتا. ئۇنىڭ دۆلىتى ماغدۇرغا كىلىپ، 800 يىلغىچە ئۇنىڭ دۆلىتى ۋە بەگلىك بىلەن ئۆتىدۇ. دېمەك، غايىب كىشىلەر خۇدانىڭ قايسى قۇلى شۇ دۆلەتكە لايىق بولسا، شۇنى تەربىيىلەيدۇ. سىزلەرنى ئىككى قۇش كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلارمۇ غايىب كىشىلەردىن بولىدۇ. ھېلىھەم سىزلەرمۇ بۇ سۆھبەتكە قاتناشسىزلەر، سىزلەرگە كۆرۈش سىلىپ، ئېتىبارىنى مەرھەمەت قىلىدۇ. سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئوبدان بىلىشىڭلار كېرەك. سوئال سورىسا، سۆزىنى بىلىپ، جايىدا جاۋاب بېرىڭلار، چۈنكى بۇ سىلەرنى سىناش ئۈچۈندۇر. بۇ ئۈچىڭلاردىن سۆپەت ۋە ئېتىبار جەھەتتە قايسىڭلارنى خالىسا، سەلتەنەت كىيىملىرىنى كىيىسىلەر، — دەپ چۈشەندۈردى ھېلىقى سوپى.

يەمەننىڭ ئەمىر زادىسى:

— مېنىڭ ھەممە ئىلىملەردىن خەۋىرىم بار، يېتىشكەن كىشىمەن. شۇڭا بۇ دۆلەت ماڭا خاستۇر، — دېگەنىدى، مەغرىب شاھىنىڭ شاھزادىسى:

— مەن ناھايىتى كۆپ ھېكمەت-ئىلىملەرنى بىلىمەن، ئەگەر ئامەت ئىلىمدە بولسا، دۆلەت قۇشى چوقۇم مېنىڭ بېشىمغا قونغۇسىدۇر، — دېدى.

ئەمىر تېمۇر ئۈنچىقماي تۇردى. ھېلىقى سوپى:

— ھەي تۈرك بالىسى، سەن نېمىشقا سۆزلىمەيسەن؟ — دەپ سورىغانىدى، ساھىبقىران:

— ئۆزۈمگە نەچچە رەت قاراپ چىقسام، مېنىڭدە قابىلىيەت

يوق ئىكەن. ئەي سوپۇم، غايىب كىشلەرنىڭ خىزمىتىگە يارىمايدىغان ئوخشايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— شەندىن، — دېدى سوپى، — ئەھلىللالەرنىڭ پىرىقى كىيلىپ تۇرىدۇ.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇلارنى گۈمبەز ئىچىگە چاقىردى. ئۇلار ئىچكىرىگە كىرىشتى. بىر تەرەپتە، ھەممەيلەن مۇھەببەت بەزمىسى بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇلار ئىككىلا شاھزادىنى پادىشاھ لىيقىدا بەلگىلىدى. يەمەننىڭ ئەمىرزادىسى:

— مەن يىقىرىراق ئورۇندا ئولتۇرىمەن، — دەپ تەمەننا قىلىدى.

— مەن يۇقىرىراق ئولتۇرىمەن، — دېدى مەغرىب شاھزادىسى.

ساھىبقىران ئۈنچىقمىدى. ئاخىرى خادىملاردىن بىرى غايىب كىشلەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىككى شاھزادىنىڭ بىرىنى ئوڭ تەرەپكە، يەنە بىرىنى سول تەرەپكە ئولتۇرغۇزدى - دە، ئەمىر تېمۇرگە شاھلارنىڭ شاھى ئولتۇردىغان ئورۇننى كۆرسەتتى. ساھىبقىران سەپتە قولىنى قوشتۇرۇپ تەزىم بىلەن تۇرغاندى، خادىم:

— ئولتۇرغىن! — دېدى.

— بۇ ئالىي ئورۇندا مەن ئولتۇرمايمەن، مەن خىزمەتكارمەن، خىزمەتكار ئولتۇرىدىغان جايدا ئولتۇرشۇم كېرەك، دەپ جاۋاب بەردى ئەمىر تېمۇر.

بۇ جاۋاب غايىب كىشلەرنىڭ ھەممىسىگە خۇش ياقتى ۋە پاساھەتلىك بىلىندى. شۇئان شەيخ شەمسى كالال ئاشكارا بولدى. ھەر قانداق پادىشاھقا غايىب كىشلەردىن بىرى تەربىيەتچى بولىدىغان بولغاچقا، ئەمىر تېمۇرگە شەيخ شەمسى كالال تەربىيەتچى بولدى. شەيخ:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ ساقا ئۆمۈربويى بىرىلگەن لايىق سەلتەنەتتۇر. غايىب كىشىلەر پادىشاھلارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەمىرلەر ئۈزۈكلى ھەققىدىندۇر، بەس،
ئۈزۈك، مەملىكەتلەرگە دور دەسترەس.

بولۇپ شاھ مۇھەممەد جاھان ئۈزرەكىم،
مۇھەممەد نامىغا ھەم ئاۋازى كىم.

ساھىبقىران خادىمدىن:

— بېيىتنى ئوقۇغان بۇ كىشى كىم؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ شەيخ جابىر بولىدۇ. سۇلتان مۇھەممەدگە ئىنگىدارچىلىق قىلىدۇ. ئۈچ شەيخ ئۈچ شاھزادىگە ئىنگىدارچىلىق قىلغاچقا ئۇلارنى ماختىماقچى. غايىب كىشىلەرنىڭ يېتەكچىسى بۇ ماختاشلارنى ئاڭلاپ ئولتۇرىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى خادىم.

رەجال غايىب (غايىب كىشىلەر) نىڭ ھەممىسى ئۈنچىقمىشماي ئولتۇرۇشقانىدى. شۇ ئەسنادا خوجا جاھان، خوجا ئارىپ، يەنە تولغان ئايىدەك خوجا ئەخمەت يەسەۋى ۋە سۇلتان بايىز، شەيخ مەنسۇر (ئەللاجى)... قاتارلىق ھەممە غايىبلارنىڭ ئەرۋاھلىرى يىغىلدى. ئۇلارغا سوپى ئۇرۇن كۆرسەتتى. قۇتبى بېشىنى كۆتۈرۈپ نەقىشبەندىنىڭ ئۇستازى مىر كالالغا:

— بۇ ئىمتىھان ئورنىدۇر، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن ئىمتىھان ئېلىپ كۆرۈش كېرەك، — دېدى. شۇ چاغ بىر يىگىتنى ئېلىپ كىرىشتى. يىگىت ئەقلىنى يوقاتقان بولۇپ، بىر قولىدا شاراب، بىر قولىدا قورال بار ئىدى. ئۇ قارا كىيىم كىيگەن بولۇپ، ھەر تەرەپكە قول شىلتىيتتى. ئولتۇرۇشنىڭ باشچىسى:

— بۇ مېنىڭ ئوغلۇمدۇر، نەچچە قېتىم تەۋۋا قىلىشقا

ئۈندىسەم ئاڭلىمىدى. ئۈچ قېتىم قىلغان تۆۋبىسىنى بۇزدى. ھەر-قايسىلىرى بۇنىڭغا بىر نېمە دېيىشسىلە، — دېدى.

يەمەن شاھزادىسى كۆڭۈلچەك ئىدى. شۇڭا ئۇ:

— بۇنىڭغا يەنە دۇئا قىلىڭ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

مەغرىب شاھزادىسى ئالىم بولغاچقا:

— يەنە تۆۋا قىلىشقا دالالەت قىلىڭ، — دېدى.

ساھىبقىراندىن:

— سەن نېمە دەيسەن؟ — دەپ سورىغانىدى، ساھىبقىران ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرغىنىچە يىگىتنى بىرلا ئۇرۇۋىدى، يىگىت دەرھال ئۆلدى. ھېلىقى ئىككى شاھزادە ساھىبقىراننى ئەيىبلەشتى.

— بۇ يېتەكچىمىزنىڭ ئوغلى تۇرسا نېمىشقا ناھەق ئۆلتۈرسەن؟ شاراب ئىچكەنلىكنىڭ جازاسى دۇئادۇر، ئۆلتۈرۈشكە بولمايتتى.

— سىلەر ئىككىڭلار ئۆز ھۈنىرىڭلارنى دېدىڭلار، ماڭىمۇ ئۆز ھۈنىرىمنى بىلدۈرمەك لازىم. مەن قارا تۈرۈك، مېنىڭ ھۈنىرىم ئۆلتۈرمەك ۋە باغلىماق. ئۇنىڭدىن باشقا ئىشىم يوق. بۇ جايغا مەست كېلىش توغرا ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى ساھىبقىران.

ئۈچ تۆرىنىڭ تەربىيەتچىلىرى سۆز تالىشىپ قېلىشتى. بىرى: «سۇلتان مۇھەممەد تۆرىنىڭ سۆزى توغرا!» دېسە، يەنە بىرى: «يەمەن شاھزادىسىنىڭ سۆزى توغرا» دەيتتى. ئاخىرىدا شەيخ كالال:

— ئەمىرلىك قىلىشنىڭ سالاپىتى شۇكى، گۇناھكارلارنى ئۆلتۈرۈش كېرەك. بولۇپمۇ گۇناھكار تۆۋبىسىنى بۇزغان بولسا تېخىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك، — دېدى.

رىۋايەتچى ئېيتىدۇكى، بۇ جاي رەجال غايىبلار توپلىشىدىغان جاي ئىدى. باشقىلارغا بۇ سىر نامەلۇم ئىدى.

سورۇنىڭ يېتەكچىسى ئۈچەيلەنگە:

— سىلەر ئەمىرلىك دەۋاسىنى قىلىشتىڭلار، بۇ خانىقانىڭ ئۆگزىسىدە دۆلەت دۇمبىقى بار. ھەرقايسىڭلار چېلىپ كۆرۈڭلار. قايسىڭلار ئاۋاز چىقىرالايسىلەر، — دېدى.

ئۈچ تۆرە خانىقانىڭ ئۆگزىسىگە چىقتى. دۇمباقنى ئاۋۋال يەمەن شاھزادىسى چېلىۋىدى، ئاۋاز چىقتى. مەغرىب شاھزادىسى چېلىۋىدى، ئاۋاز چىقمىدى. ئاخىرىدا ساھىبقىران چېلىۋىدى، دۇمباقنىڭ ئاۋازى ھادىسى جاراڭلاپ، كۆڭۈلنى مايىل قىلىۋالدى. دۇمباق ئاۋازىدىن: «دۆلەت، دۆلەت ئەمىرتېمۇرى» دېگەن مەنە ئۇقۇلاتتى.

تارىخلاردا كەلتۈرۈلۈشىچە، شۇ كۈنى يەر يۈزىنىڭ ھەممە يېرىگە «دۆلەت ئەمىر تېمۇرى!» دېگەن ئاۋاز تارالغان، ھەممىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بارغانمىش.

شۇدەم تۇيۇقسىزلا بىر باغ كۆرۈندى. باغدىن بىرنەچچە غۇلام چىقتى ـ دە، دۇمباقچىلارنى تەكلىپ قىلىشتى. ھېلىقى ئىككى يىگىت ئۇنىمىدى. ساھىبقىران پەرۋاسىزلا بېرىۋەردى. ساھىبقىراننى قەسىرگە كەلتۈرۈشتى. يەتتە دەرۋازىنىڭ ھەممىسى قۇلۇپلاقلىق ئىدى. ساھىبقىران قۇلۇپلارنى ئېچىپ ھەممىدىن ئىلگىرى كىرىپ قارىۋىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئاپئاق ئېتىكى قانغا تولغان، ئاشىق سۆپەت، گۈل بەدەنلىك ئاياللارغا، ئەركەكلەرنىڭ مەرمەر تاشقا ئوخشايدىغان، قان قالمىغان بەدەنلىرىگە چۈشتى. ئەتراپقا ئەركەكلەرنىڭ كاللىلىرى تېرىلىپ كەتكەنىدى. بۇ باشلارغا قاراپ ئۇنىڭ قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىكىنىمۇ ئايرىغىلى بولمايتتى.

بۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر قىزىل پەردە تارتىلغان بولۇپ، مۇئەككەللەر ساھىبقىرانغا: «پادىشاھلىق دەۋاسىنى قىلغۇچى مۇشۇ يەردىن ئۆتۈشى كېرەك» دېدى ۋە «سەندەلگە (ئورۇندۇققا) ئولتۇر!» دەپ بۇيرۇدى. ساھىبقىران ئولتۇردى ۋە ئۆزىنى خانىقادا — قۇتبىنىڭ ئالدىدا كۆردى. قۇتبى:

— يەتتە ئىقلىمغا پادىشاھ بولغانلىقىڭ ئۈچۈن مۇبارەك بولسۇن، ئەگەر ئۆز ئوغلۇڭ گۇناھ قىلسىمۇ ئۆلتۈرىدىغان، كەچۈرمەيدىغان بولدۇڭ. ھېلىقى دومباقنىڭ ساداسى بۇنىڭ مىسالىدۇر. ھېلىقى ئۆي دۇنيانىڭ زالى. سەن ئۇ يەردە نەچچە مىڭلىغان ئەرنىڭ بېشىنى كۆردۈڭ. ئاشۇلارنىڭ بېشىغا «دۇنيا» دېگەن نەرسە چىقتى. ھېلىقى مۇئەككەللەر سېنىڭ پادىشاھلىق — ئەسۋابلىرىڭنىڭ مىسالىدۇر، — دەپ چۈشەنچە بەردى.

قۇتبى ساھىبقىرانغا كۆپ نەسىھەت قىلدى. كېيىن شەيخ كالالغا تاپشۇردى. شەيخ كالال:

— ئايىغىڭنى مېنىڭ قەدىمىمنىڭ ئۈستىگە قوي، — دەپ بۇيرۇدى.

ساھىبقىران ئاياغلىرىنى شەيخنىڭ مۇبارەك ئاياغلىرىنىڭ ئۈستىگە قويدى ۋە كۆزىنى يۇمدى، بىرپەستىن كېيىن كۆزىنى ئېچىۋىدى، ئۆزىنى سەبىز شەھرىدە — شەيخنىڭ خانىقاسىدا كۆردى. بۇ يەردە تورغاي باتۇر باييقى ئويۇندا ياغاچقا ئېسىلىپ ئۆلۈپ قالغان بالىنىڭ قېنىغا تۆلەم تۆلەپ تۇرغانىدى. ئوغلىنىڭ شەيخنىڭ خانىقاسىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدى ۋە شەيخنىڭ ئالدىغا كەلدى. شەيخ تورغاي باتۇرغا:

— بۇ ئوغلۇڭنى ياخشى ساقلىغىن! — دېدى.

تورغاي باتۇر ساھىبقىراننى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كەلدى. ساھىبقىران كۆرگەن ئاجايىباتلىرىنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرگەنىدى، ئۇلار ئىشىنىشمىدى.

## مەكۇنانىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغانلىقى

مەدەنىيە خۇداغىلا خاستۇر. چۈنكى خۇدا مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىدە ئاجايىپ مۇستەھكەم شەرىئەت بىناسىنى بىنا قىلغاندۇر. ھەرقانداق نەرسە ئېزىقتۇرما سۆزلىرى بىلەن بۇ بىنانى بۇزال-

مايدۇ. «كەلىمە تەيىبە» نىڭ ئىقبالىنىڭ شاراپىتىدىن تىرىكلىكنىڭ بوستانىدا، قۇرۇق پۇتاقلاردا يوپيوپۇرماقلار پەيدا بولۇپ كۆكەرگەندۇر. بۇلارنى دىنسىزلار ئەپلاس قولى بىلەن ئۈزەلمەيدۇ.

بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسى بۇزسىز. ناسىر خىسراۋ (ئۇنى مەكۇنامۇ دېيىشىدۇ) نىڭ ۋەقەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ناسىر خىسراۋ ئەسلىدە بەدەخشاندا تۇغۇلغانىدى. ئۇ خائىننىڭ زېھنى ناھايىتى ئۆتكۈر ئىدى. ئۇ بۇخارايى شەرىفتە نەچچە يىل ئىلىمۇ ئىرپان ئۆگەندى. ئۇ شۇ چاغلاردا ئەمىرنىكىن سالجۇت (سالجۇق) نىڭ ئۆيىگە كېلەتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭغا: «ماڭا يولداش بولغىن. مەن مۇھەممەدنىڭ دىنىنى يوق قىلماقچىمەن» دېدى ۋە شۇنىڭ بىلەن كۆزدىن يۈتتى. 40 يىلغىچە ئۇنى ھېچ كىشى كۆرمىدى، 40 يىلدىن كېيىن ئۇ «مەكۇنا» دېگەن ئىسىم بىلەن پەيدا بولدى. ئۇ تىلى دېگەن جايغا ئۆي-جاي سالدۇردى. بۇ يەر سەبىز شەھرىگە يېقىن ئىدى. ئۇ ھەرقانداق ئىلىم، ئايەتلەرنى پۇختا ئىگىلىگەنىدى. ئۇنىڭ قېشىغا ئەكېلىنگەن ھەرقانداق كېسەل ۋە پالەچ ساقىيىپ كېتەتتى. قارىغۇنىڭ كۆزى ئېچىلاتتى. شۇ ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىخلاسمەن بولۇشتى. ئۇلار ئاق كىيىملىك ئىدى.

مەكۇنا ئۈچ كۈنگىچە بىر غارغا كىرىۋالدى. پەيدا بولغاندا خالايىققا:

— مېنى خۇدا پەيغەمبەر قىلىپ بەلگىلىدى، ھەممىڭلار: «ناسىر خىسراۋنىڭ پەيغەمبەرلىكى راست!» دەڭلار، — دەپ ئۆگەتتى. ئادەملەر ئىشەنمەي:

— ئەگەر پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى قىلساڭ، بىزگە مۆجىزە كۆرسەتكىن! — دەپ تەلەپ قىلىشتى. بۇ بەتبەخت:

— مۇشۇ چىنار ئىچىدىن جەبرائىل ماڭا سۆزلەيدۇ، — دەپ بىر چىنارنى كۆرسەتتى. خالايىق چىنارنىڭ ئالدىغا كېلىشتى. چىنار ياغىچىنىڭ ئىچىدىن:

— مەن نامۇسى ئەكبەر، يەنى جەبرائىلدۇرمەن. ناسىر خىسراۋ خۇدانىڭ پەيغەمبىرىدۇر! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

توپلانغانلارنىڭ ئەقلى بۇلغىنىپ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردى. بېيىت:

ئول ئەسكى دەرەختىن چىققى بىر تاۋۇش،
ئاڭلىدى ھەممەيلەن كېتىپ ئەقىل ـ ھوش.
مېنىڭ بۇ سۆزۈمدىن بولماڭ سىز مالال،
مەكۇنا بولۇپتۇر خۇداغا رۇسۇل.

خالايىق:

— ئاخىر زامان پەيغەمبىرىگە نېمىدەيسەن؟ — دەپ سوراشتى. مەكۇنا:

— مەن قۇرئاننى شەرھىلىگۈچىدۇرمەن. قۇرئاندا نېمە بولسا شۇنىڭغا ئەمەل قىلىمەن. پەيغەمبەردىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسھابىللىرى نەپسانىيەتكە بېرىلىپ، يولنى يوقاتتى. مانا بۇ جەبرائىل بىر رىسالە ئەكەلدى. بۇ شەرىئەت 72 مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى. مەن ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر مەزھەپكە بىرلەشتۈرمەكچىمەن، — دەپ چۈشەندۈردى.

ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر:

سىنىڭ مەزھىپىڭ قايسى؟ — دەپ سوراشتى.

— مېنىڭ مەزھىپىمدە ناماز ئوقۇش ھاجەتسىز. چۈنكى بىز خۇدانى تونۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە كېرەك؟ ئىمام پەيغەمبەردىن چوڭدۇر. مىسالغا ئالساق، مۇسا پەيغەمبەر بولسىمۇ، باشقا ئادەم ئىمام ئىدى، مۇسا شاگىرت ئىدى. مۆمىنلەر مۆمىنلەر بىلەن قېرىنداشتۇر. مۆمىن ھەرگىز مال ـ دۇنيانى مۆمىندىن قىزغانماسلىقى كېرەك. ئەگەر سىلەر مۆمىن بولساڭلار، پۇل ـ ماللىرىڭلارنى بىر ـ بىرىڭلاردىن ئاياپ تۇرماڭلار. مال ـ دۇنيا ھېچقاچان خوتۇندىن ياخشى ئەمەس. خوتۇن

لىرىڭلارنىمۇ بىر - بىرىڭلاردىن ئايامسىلەر؟ ئەگەر خوتۇنلىرىڭ-
لار بىراۋ بىلەن زىنا قىلسا، كۆرۈپ قالساڭلارمۇ ھېچنېمە دېمەڭ-
لار، بۇ گوياكى ئۆز نەپسىنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ. ھەر كىم ئۆز
نەپسىنى ئۆلتۈرسە ۋەلى (ئەۋلىيا) بولىدۇ. — دەپ چۈشەندۈردى
مەكۈنا، شەرىئەت ئاشكارىدۇر. ئاشكارا سوپى بولۇڭ، كۆڭلۈڭ-
ڭىزدە نېمىنى خالىسىڭىز ئۆزىڭىز بىلىڭ. چۈنكى يامان ھەرى-
كەتلەر كۆڭۈلدە بولسا (مەخپىيەتتە) ھالالدۇر. ئەگەر خوتۇنىڭىز-
غا بىراۋ يېقىنچىلىق قىلسا خۇشال بولۇڭ، سۆيۈنۈڭ. شەھۋەتنى
ئېچىڭلار، چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدىن چىققاندۇر. جۇنۇپ بول-
غاندا ھەرگىز سۇغا چۆشمەڭلار — غۇسلى قىلماڭلار! ئەي ئا-
دەملەر، سىلەرنىڭ بويۇنۇڭلاردىن شەرىئەتنىڭ ئىشكىل - زەنجىر-
لىرىنى كۆتۈرمەكچىمەن. قىيامەت كۈنى ئازابتىن قۇتقۇزماقچىمەن.
دۇنيا ھەرگىز ئاخىر بولمايدۇ (قىيامەت بولمايدۇ). قىيامەتتىن
مەقسەت ھاسىل بولمايدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن، تىرىلىش بولماي-
دۇ، سەككىز ئۇچماخ (جەننەت) مەنىۋى (خىيالىي) دۇر. ھەركىم
ياخشى نىيەتلىك، ئوبدان مىجەزلىك بولسا جەننەت مەئىشەتتىدىن
بەھرىمەن بولىدۇ. دوزاخ دېگەن ئادەملەردىكى يامان نىيەتلەرنىڭ
ئۆزىدۇر. قىبلە (مەدىنە - مەككە تەرەپ) قۇتقۇزغۇچى، يول كۆر-
سەتكۈچى ئەمەس. كىشى خۇدانى خالىسا قىبلىنىڭ نېمە ياردىمى
تەگسۇن. ئالەم — دۇنيا قەدىمدىن بار نەرسىدۇر. خوتۇنلىرىڭ-
لار باشقىلار بىلەن زىنا قىلسا ئۇنىڭ زىيىنى يوق. ھاراق -
شاراب ئىچىۋېرىڭلار، لېكىن مەست بولۇۋالماڭلار، مەست بولۇش
ھارامدۇر، رامىزاننىڭ 17 - كۈنىنى ئۆزۈڭلار ئۇچۇن
ھېيت دەپ چۈشىنىڭلار. چۈنكى بۇ ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئۆلگەن
كۈنىدۇر.

مۇشۇ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن ۋاقىتتا تارىخىي ھىجرىيىگە

749 بولغانىدى. مەكۇنا شۇ كۈنى تارىخىي ھىجرىيىنى يوق قىلىپ، «تارىخىي چىراغكەش» دەپ يىلنامە بېكىتتى. ئۆزىگە «ئابدۇلقىيام» دەپ ئات قويدى. بۇ بەتبەختنىڭ ئىشى ئاشۇ كۈنلەردە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ۋەتەنسىز، ئىسيانكار ۋە ئوقۇمىغۇچىلار (شۇ دەۋردە ئىسلام دىنىي ئۆزۈملىرىگە قارشىلار، ئىسيانكار، يېكىردە بولغۇچىلار، قۇرئان ۋە دىنىي قانۇن كىتاب‑لارغا ئەمەل قىلمىغۇچىلار) نى توپلاپ راۋاجلاندۇردى. بۇ ئېتى‑قادقا ئەگەشكۈچىلەرنى «چىراغكەشچىلەر» دەپ ئاتاشتى. بۇ خەۋەرلەر ماۋرائۇننەھىرگە مەشھۇر بولدى. مۇسۇلمان ئالىملىرى ئۇلارنى كاپىرغا چىقىرىشتى. بۇنى ئاڭلىغان مەكۇنا ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە «ناسىرنىڭ پىدائىيلىرى» دېگەن ئىسمىنى قويۇپ، ئۇلارنى قوزغىتىپ، نەچچىلىگەن مۇسۇلماننى، بولۇپمۇ ئالىملارنى ئۆلتۈردى. شۇ چاغدا بۇخارا، سەمەرقەنت ۋە بەلخ... قاتارلىق جايلاردا 4000 موللىنى ئۆلتۈرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان موللىلىرى يەر ئاستى ئۆيلىرىگە يوشۇرۇنۇشتى.

مەكۇنا ساھىب ھىدايىنىڭ سەمەرقەنتتە ئۆزىنى «كاپىر» دەپ ئېلان قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پىدائىيلى‑رىدىن بىر كىشىنى نىقابلاندۇرۇپ سەمەرقەنتكە ئەۋەتتى. بۇ چاغدا ساھىب ھىدايىگە قېرىلىق يەتكەن، ئۇنىڭ كۆزى ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. ھېلىقى ئادەم: «مەن كۆزۈڭنى روشەن قىلالايمەن» دەپ بىر خىل دورىنى ساھىب ھىدايىنىڭ كۆزىگە سۈرتتى. ساھىب ھىدايىنىڭ كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالدى. شاگىرتلىرىغا دەرس ئۆتۈشتە ناھايىتى قىينالدى. بۇ ئەھۋاللارنى بايان قۇلى خانىمۇ ئاڭلىدى. شۇ چاغدا بۇخاراغا مەكۇنادىن: «خان ماڭا ئىمان كەلتۈرسۇن!» دېگەن مەنىدە نامە كەلدى. خان ئالىملارنى چاقىردى. ئالىملار خاننىڭ ھوزۇرىغا قارىلىق كىيىپ كېلىشتى. خان ئۇلاردىن:

— نېمىشقا قارىلىق كىيدىڭلار؟ — دەپ سورىغانىدى، ئالىملار:

— ئاگىلساق سىزنى مەكۇناغا مەدەت بېرىپتۇ دېيىشىدۇ. شۇڭا «شەرىئەت ئىشى تۈگىشىپتۇ» دەپ بىلىپ، شەرىئەتنىڭ پىراقىدا قارىلىق كىيدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

خان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قەسەم قىلدى:

— ھېچقاچان مۇلھىدقا㉚ مەدەت بەرمىگەنمەن. ئەگەر سىلەر توغرا تاپساڭلار، پىدائىيلار ئەلچىسىنى ئۆلتۈرەي!

ئالىملار:

— پىدائىيلار ئەلچىسىنىڭ قۇلاق - بۇرنىنى كېسىۋېتىپ قايتۇرۇڭ! — دېيىشتى.

مەكۇنا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدى. مەكۇنا بۇرۇندىن ئەمىر نېكىنى سالجۇت بىلەن تونۇش ئىدى. ئۇ پۇرسەت تېپىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

— ئەگەر ئىككى يولداشقا مۇيەسسەر بولالىسام چاغاتاي ئېلىنىڭ سۇلتانلىقىنى يوقىتىپ، مۇھەممەدنىڭ شەرىئەتلىرىنى توسايتتىم، — دېگەن. ئەمىر نېكىن خىزمەتچىلىرىگە:

— بۇ ساراڭ بولۇپتۇ. بۇنىڭ سەۋدايىلىقىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا شەربەت بېرىڭلار! — دەپ بۇيرۇغان. مەكۇنا شەربەتنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ، سەۋەبىنى سورىدى. ئەمىر نېكىن:

— سېنىڭ كېسىلىڭگە داۋا بولىدۇ، — دېگەن. مەكۇنا بىر كۈلگەن - دە، شۇ كېچىدە غايىب بولغان. ئەمىر نېكىن بۇ سۆزلەرنى ئۇنتۇمىغانىدى. ئەمدى ئۇ: «پىدائىيلارنىڭ ئەلچىسى قۇلاق - بۇرنى كېسىلگەن ھالدا ناسىرنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەپتۇ» دەپ ئاڭلىدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا ناسىرنىڭ نامىسى كەلدى. ئۇنىڭدا: «ئەمىر نېكىن، مەن ئاشۇ ناسىر بولىمەن. ساڭا 40 يىل بۇرۇن ئىككى يولداش تاپسام، شەرىئەتنىڭ يولىنى توسايمەن. چاغاتاي ئېلىنىڭ سۇلتانلىقىنى ئالىمەن،

دېگەنىدىم. ئەمدىلىكتە بىرەيلەن — زامانىنىڭ ئاق كىيىملىكلەرگە باشلىق بولدى. يەنە بىرەيلەنگە مۇھتاجمەن. ماڭا يولداشلىق كۆڭلۈك بىلەن زىياپەت تەييارلاپ، بايان قولى خاننى ئۆيۈڭگە چاقىرغىن، بايان قولى خاننى يوقىتايلى. مەن بۇ يەردىن قوشۇن تەييارلاپ ئەۋەتەي!» دېيىلگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ ناسىر ئەمىر ئىبكىننى ۋەسۋەسىگە سېلىپ، ئاخىرى يولدىن چىقاردى. ئۇ ناسىرغا: «مەن پىدائىيلىرىڭغا قوشۇلدۇم. خاننىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئالدىڭغا بارىمەن» دېگەن مەزمۇندا نامە ئەۋەتتى. بىراق بۇ نامە شەھەرنىڭ دەرۋازىسى تۈۋىدە چۈشۈپ قالدى. ئۇنى سىراج قەمەرنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن بىرى تېپىۋالدى — دە، سىراج قەمەرگە تاپشۇردى. سىراج قەمەرى نامىنى دەرھال ئەمىرچاكوغا يەتكۈزدى. ئەمىرچاكو نامىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنىڭ كويىدا بولدى ۋە كۆڭلىگە: «ئۇنى ئۆيىمىزگە چاقىرىپ يوق قىلايلى» دېگەن پىلاننى پۈكتى. 30 كىشىنى قوراللاندۇرۇپ ئۆيى ئەتراپىغا مۆكتۈردى. ناسىرنىڭ ئادەملىرى يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىندى، ئۇلارمۇ بوش كەلمىدى. كۆپىنچىسى تەسلىم بولماي ئۆلدى. يارىدار بولغان بىرى قولغا چۈشكەنىدى، ئۇ «يولداشلىرىڭنى دەپ بەرگىن!» دەپ قانچە قىستىسىمۇ ئېيتقىلى ئۇنىمىدى. ئاخىرى ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

خانمۇ شۇ چاغدا ئەسكەرلەرنى ئېلىپ ناسىرنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولۇپ تۇرغانىدى. خان ئەسكەرلىرىگە: «سىلەر ئاۋۋال بەلخ ئەتراپىنى قورشاڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. ئەسكەرلەر بەلخ ئەتراپىنى قورشاپ، كۆپلىگەن قوراللارنى قولغا چۈشۈردى. بۇ قوراللارنىڭ كۆپىنچىسى تاپانچا بولۇپ، باشقا جايلاردىن سېتىش ئۈچۈن بەلخكە كەلتۈرۈلگەنىدى. بۇ سودىگەرلەر «مۇلھىد» دىنىغا يەنى ناسىر خىسراۋنىڭ دىنىغا مايىل ئىدى.

باىيان قولى خان سەبىز شەھىرىگە كېلىپ چۈشتى. تورغاي باتۇر خاننىڭ ئالدىغا چىقتى. شۇ چاغدا ئەمىر تېمۇر 14 ياشقا كىرگەنىدى. خاننىڭ ئەسكەرلىرى ھەربىي كۆرەك ئۆتكۈزدى. ئەڭ ئاۋۋال ئەمىرچاكو ئاتقا مىنىپ، ئەلەمنى دۇبۇلغىسىنىڭ ئۈستىدە لەپىلدىتىپ ئالدىدا ماڭدى. 10 مىڭ نەپەر بارلاس(31) يىگىتلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قورال - ياراقلىرىنى تاقاشقان ھالدا ئۆتۈشتى.

خان رەڭگا رەڭلىك چېدىرىنى سەبىز شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە تىكىپ، شۇ يەردە كۆرەكنى تاماشا قىلىپ تۇرغانىدى.

تورغاي باتۇر چوڭ گەۋدىلىك «سەمەند» دېگەن ئېتىنى مىنىپ، ئۇزۇن نەيزىسىنى تۇتقىنىچە، پولات ساۋۇت كىيگەن 10 مىڭ لەشكەر بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەمىر مۇئىد ئارلات(32) ۋە ئەمىر(33) بايىزجا لايىر، ئەمىر مۇسا باتۇر... قاتارلىقلار ھەر بىرى 2000 ۋە 3000 كىشىلىك قوشۇنىنى باشلاپ ئۆتۈشتى.

ھەممىسى بولۇپ 12 بەگلىكنىڭ باشلىقلىرى ئۆتۈشتى. تۇيۇقسىزلا خاننىڭ كۆزى قوشۇنلار ئارىسىدىكى ئىككى يىگىتكە چۈشتى. ئۇلار ئارغىماقلارغا مىنگەن، قالقانلىرىنى يېنىغا ئاسقان، باش ۋە يۈزى ئوچۇق، ئالتۇن كەمەر باغلىغان، قوللىرىدا نەيزە تۇتقان ھالدا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. خان يېنىدىكىلەردىن:

— بۇ ئىككىيلەن كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، مۇلازىملار:

— چوڭى مىرزا سەيپىدىن. ئۇ ئەمىر چاكونىڭ ئوغلى. تورۇق ئات مىنگىنى تورغاي باتۇرنىڭ ئوغلى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ئەمىر تېمۇر خاننىڭ كۆزىگە ياش بالا كۆرۈندى. خان شۇئان:

— تورغاي باھادىرنىڭ ئوغلى جەڭگە يارىمسۇن! — دەپ بۇيرۇدى.

شۇ چاغ ئەمىر تېمۇر ئوقيانى تارتىپ ئېتىشۇندى، 50 قەدەم نېرىغا بېرىپ چۈشتى. مىرزا سەيپىدىن ئۇنى دوراپ ئېتىشۇدى، ئۇنىڭغا يەتكۈزەلمىدى. ئاندىن ئەمىر تېمۇر چاغاتاي قائىدىسى بويىچە خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، تىز پۈكۈپ دۇئا قىلدى ۋە:

— شاھىم، ئىلتىماس قىلىمەنكى، مېنىڭ خاھىشىم مۇشۇ قوشۇن بىلەن بىر ئېلىشىپ كۆرۈش. رۇخسەت قىلغايلا، — دېدى. خان رۇخسەت قىلدى. ئۈچ كۈن تالاش قىلىشتى. ھېچكىم ئۇنىڭ قولىدىن قورالىنى تارتىۋالالمىدى. ساھىبقىراندىكى بۇنداق جۇر-كۈچى يەتمىدى، قورالنى تارتىۋالالمىدى. ھەممەيلەن بىر بولۇپمۇ قورالنى تارتىۋالالمىدى. خان بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ئەمىر تېمۇردىن:

— مەقسىتىڭنى ئېيت، مەنسەپ تەلەپ قىلامسەن؟ — دەپ سورىغانىدى، ئەمىر تېمۇر:

— مېنىڭ بوينۇمدا قۇللۇقنىڭ ۋەزىپىسى بار. مەنسەپ تەلەپ قىلىشقا تەقەززا ئەمەسمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى خانغا يېقىپ كەتتى - دە، 10 مىڭ ئالتۇن ئىنئام قىلدى. ئەمىر تېمۇرمۇ بۇ ئالتۇنلارنى شۇ كۈنى كەچكىچە ھەممەيلەنگە ئىنئام قىلىۋەتتى.

خان سەيشەنبە كۈنى — رەجەپ ئېيىنىڭ 15 - كۈنى «مۇلھىد» لەر بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. «مۇلھىد» لەر ئاق كىيىملىك بولۇپ، باشلىرىغا سەللە

ئوراشقانىدى. ناسىر قارا ئاتقا مىنگەنىدى. ئۇ «مەكۇنا» دەپ ئات قويغان چىنارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارار ئالدى. تۆت تەرەپكە تۆت كۆزەتچى قويدى. سوپىلىرى ئەتراپىدا جەھىر قىلىپ تۇراتتى. ئۇ بىر ياغلىقنى بېشىغا يېپىنىپ: «ماڭا جەبرائىل جەڭنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىۋاتىدۇ» دېمەكتە ئىدى.

بۇ تەرەپتە، بايان قولى خان بىر بىنانىڭ تۈۋىدىن جاي ئېلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا يېشىل ئەلەملەر قادالغانىدى. ئەتراپىدا ئۆلىما – قارىيلار خەتمە – قۇرئان قىلىپ، ساۋابىنى رەسۇلىللا سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە بېغىشلايتتى. قوشۇنلار چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي قائىدىسى بويىچە سەپ تۈزۈشتى.

ئەمىر چاكو بىر ئوق يېتىم دېگۈدەك نېرىدا ئاق ئەلەمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كېلەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەمىر بايىز جالايىر قوتاز قۇيرۇقلۇق ئەلەمنى لەپىلدىتىپ كەلمەكتە ئىدى. خاننىڭ لەشكىرىدە 18 تۇغ – ئەلەم بار ئىدى. تورغاي باتۇر قىزىل ئەلەم بىلەن خاننىڭ قېشىدا ئىدى. 1000 نەپەر تاپانچىلىقلار ئۇنىڭ ئالدىدا ئىدى. خان سەپنىڭ مەسئۇللۇقىنى تورغاي باتۇرغا تاپشۇردى. ئەمىر تېمۇر خانغا:

— مېنى چاكار بېشى قىلىپ بەلگىلىسىڭىز، — دەپ سورىۋىدى، ھېچكىم ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمىدى، ئۇنى كىچىك بالا دەپ ئەھمىيەت بېرىشمىدى.

شۇ كۈنى يېشىل كىيىم كىيگەن، قارا ئاتقا مىنگەن ساھىبقىران لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىدا كېلەتتى. كۆزى ئۇنىڭغا چۈشكەن ھەركىم «ئەمىر تورغاي باتۇرنىڭ ئوغلى» دەپ ئەيمىنىشەتتى.

مەيدان راسلاندى. ناسىر خىسراۋنىڭ قوۋم – لەشكىرى بىلەن بايان قولى خاننىڭ لەشكەرلىرى سەپ بولۇپ بىر – بىرىگە توغرا تۇردى.

ناسىر خىسراۋنىڭ لەشكىرى ئارىسىدا ئىككى كۆزى كور بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنى «ئاتىپكىن ئاتقۇچى» دېيىشەتتى. ئۇ ئوق ئاتسا بىر تاش يەرگە ئۇچۇپ باراتتى. ئۇ ئادەملىرىگە: «ئىككى قوشۇن ئۇدۇل كېلىشكەن چاغدا، مېنى خاننىڭ تۇغى تەرەپكە ئۇدۇل قىلىڭلار. مەن بۇ نىشاندىن ئېزىپ كەتمەيمەن» دېدى. ئۇلار كورنىڭ كۆزىنى ماتا بىلەن باغلاپ، بىر دۆڭگە چىقىرىپ، ئالدىنى خانغا توغرىلاپ قويۇشتى. ئۇ قۇۋ كور ئوقنى شۇنداق ئاتتىكى، بىر مىل يىراقلىقتىكى خاننىڭ تۇغىنى ئۆرۈپ چۈشۈردى. خاننىڭ تۇغى يىقىلدى. قوشۇن ساراسىمىگە چۈشتى. تورغاي باتۇر دەرھال ئۆزىنىڭ تۇغىنى خاننىڭ بېشىغا تىكلىدى. «مۇلالھىد» لەر يۈگۈرۈپ كېلىپ ھۇجۇم قىلىشتى. ئەمىر جالايىر لەشكەرلىرىدىن 100 كىشى شېھىت بولدى. ئەمىر بايەزىد كۆپ ئوق تېگىپ يارىدار بولدى. بىر ئازدىن كېيىن ئەمىر بايەز لەشكىرى كۈچلاندى - دە، قارشى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە باشلىدى. يەنە ھېلىقى قارىغۇ ئوق ئۈزۈۋىدى، ئەلەم كۆتۈرگۈچى ۋە خاننىڭ بېشىغا تىكلەنگەن ئەلەم يىقىلدى. خاننىڭ قوشۇنلىرىدىن بەزىلىرى قېچىشقا باشلىدى. لېكىن خان ئورنىدىن قەتئىي مىدىرلىمىدى. ئەمىر مۇئىد ئۆز ئەلەمىنى خاننىڭ بېشىغا تىكلىدى. «مۇلھىد» لەر يەنە يۈگۈرۈشۈپ كېلىشكە باشلىدى. ئەمىر چاكۇ 2000 ئاتلىق يىگىت بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. مىرزا سەيپىدىن 200 ئاتلىق بىلەن ياردەمگە يول ئالدى. يەنە ھېلىقى شۇم كور ئەلەمگە قارىتىپ ئوق ئاتتى. بۇ ئەبلەخ كور ھەر قېتىم خاننىڭ بېشىغا تىكلەنگەن ئەلەمگە قارىتىپ ئوق ئاتسا، ئەلەم يىقىلىپ، لەشكەرلەردە قالايمىقان-چىلىق يۈز بېرەتتى.

«مۇلھىد» لەر ناھايىتى كۆپ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈشتى.

ئەمىرلەر مەسلىھەت قىلىشىپ، ھېلىقى شۇم كورنىڭ مەق-

سىتى خاننى يىقىتىش ئىكەنلىكىنى بىلىشتى ـ دە، خاننىڭ ئورنىنى يۆتكەشتى. شۇ ۋاقىتتا ئەمىر تىمۇر ساھىبقىران قىلىچىنى ئوينىتاتقان، قىپقىزىل قانغا بويالغان ھالدا جەڭ قىلىپ يۈرمەكتە ئىدى.

ناسىر خىسراۋنىڭ مەھمۇت ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ناھايىتى باتۇر ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىز ساھىبقىرانغا ئۇدۇل كېلىپ قالدى. «مۇلھىد» لەر ياردەم بەرمەكچى بولۇشقان بولسىمۇ، ئەمىر تىمۇر ئۇنى قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ، كاللىسىنى تېنىدىن ئاج- راتتى ـ دە، جېنىنى دوزاخقا ئەۋەتتى. ساھىبقىران ئۆز قوشۇنىغا قايتىپ كېلىپ، ئەمىرلەرنىڭ ئەلەمنى باشقا يەرگە تىكىشنى مەسلىھەت قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەمىر تىمۇر:

— بۇ ئىشلار بىكار! ئەلەمنى يۆتكىگىنىڭلار بىلەن بەرىبىر، ئۇلار كورنى يەنىلا بايراققا توغرىلاپ قويىدۇ. مېنىڭ مەسلى- ھەتىم شۇكى، بىر يىگىت بېرىپ كورنىڭ بېشىنى ئەكەلسۇن! — دەپ ئەقىل كۆرسەتتى.

جۇدىن باتۇر ئىسىملىك بىر يىگىت دۇئا ئېلىپ، چىقىپ كەتتى. لېكىن ئىلاج قىلالماي قايتىپ كەلدى ـ دە:

— كورنىڭ ئەتراپىنى 2000 كىشى مۇھاپىزەت قى- لىۋېتىپتۇ. كىمكى كورغا قەست قىلسا، دەرھال ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىشىدىكەن، — دەپ مەلۇمات بەردى.

— كىم بېرىپ، ئاشۇ كورنىڭ كاللىسىنى كېسىپ كېلىدۇ؟ — دەپ سورىشىۋىدى، ئەمىر يادكار شاھ ئارلات 200 كىشىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ خاندىن رۇخسەت ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى.

«مۇلھىد»لەر كورغا خەۋەر قىلىشتى. كور:

— ماڭا 50 كىشى ئوق يەتكۈزۈپ بېرىڭلار! — دەپ تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭغا دەرھال ئوق يەتكۈزۈپ بېرىشتى. يادگار شاھ كۆردىكى، كور ئۇۋۇلىغا ھەركىم توغرا كېلىپ قالسا بىر ئوق بىلەن ھالاك قىلاتتى. سوقۇۋ ھېچ كىشىنى كۆرمەي ۋە بىلمەي تۇرۇپ ئوق ئۈزەتتى.

شۇ كۈنى سوقۇرنىڭ ئوقى بىلەن 300 كىشى شېھىت بولدى. ھەممەيلەن بۇ ئىشقا ھەيران قېلىشتى. شۇ چاغ ئەمىر ساھىبقىراننىڭ غەيرىتى جۇش ئۇرۇپ خاندىن دۇئا سورىدى.

خان:

— تورغاي باتۇر، بۇنىڭدىن باشقىمۇ ئوغلۇڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى، تورغاي باتۇر:

— يوق، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ساڭا، — دېدى خان ئەمىر تېمۇرگە، — قانداقمۇ رۇخسەت بېرەلەيمەن؟ ئاتاڭ داغدا قالمىسۇن.

تورغاي باتۇرمۇ رازى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەنىدى، ئەمىر تېمۇر:

— خان ھەزرەتلىرى، ئانام ۋە ئاتامنى رازى قىلىپ، ماڭا دۇئا قىلىڭ، — دەپ تۇرۇۋالدى.

خان ئىلاجىسىز، ئاتا - ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ دۇئا قىلىپ رۇخسەت قىلدى.

ساھىبقىران چىدىرغا كىرىپ «مۇلھەد» سۈرىتىدە كىيىنىپ قوشۇندىن چىقتى - دە، قارشى تەرەپنىڭ لەشكىرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ، تورغاي باتۇر خاندىن رۇخسەت ئالمايلا ئوغلىنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ كەتتى.

ساھىبقىران كورغا قارىدى، ئۇنىڭ بىر بايتالغا مىنىۋېلىپ ئوقيا ئېتىۋاتقانلىقى، 50 كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ئوق يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ساھىبقىران «مۇلھەد»لەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي، كورنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى - دە، كورنى شۇنداق ئۇردىكى، كور دوزاخنىڭ ئوتىغا يىقىلىپ كەتتى، ساھىبقىران ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن ئايرىپ، ساقىلىدىن تۇتۇپ خاننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى.

شۇ كۈنى توپان بولغاندەك ئاجايىپ بىر كۈن بولدىكى،

چاغاتاي لەشكەرلىرى تەرەپ - تەرەپتىن ناسىرنىڭ كىشىلىرىگە تاشلاندى. «مۇلھىد» لەر مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتتى. قۇياشنىڭ يۈزى كۆزدىن غايىب بولدى. بۇ كۈن ئادەم بالىسى ئۈچۈن شۇنداق دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ئەكەلدى، بەدەن — تەن پىلەكلىرىدىن كاللا سويىمىسى ئۈزۈلۈۋەردى. پالاكەت دېھقىنى بۇ سويىملارنى ھالاكەت ھارۋىسىغا سېلىۋەردى. بۇ كۈن قىزىل دېڭىز تاشتى. غوۋغا ھەددىدىن ئاشتى. خان شۇ كۈنى جەڭدە غەيرەت كۆرسەتكەنلەرگە «نويان»لىق مەنسىپىنى جەزمەلەشتۈردى.

«مۇلھىد»لەرنىڭ ھەممىسى ناسىر خىسراۋنىڭ تۇغى ئەتراپىغا توپلىنىشتى. خاننىڭ قوشۇنلىرى ئۇلارنى تۆت تەرەپتىن قورشاپ كېلىشكە باشلىدى. ناسىر دېگەن بەتبەخت بېشىغا ياغلىقنى ئارتىپ تۇرۇشىغا، چاغاتاي قوشۇنلىرى تاشقىندەك باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. كاپىر ناسىر ھىيلە ئىشلىتىپ، جارچىغا:

— ئاۋازىڭنى چىقىرىپ ئادەم چاقىرغىن! — دەپ بۇيرۇۋىدى، جارچى:

— چاغاتاي لەشكەرلىرى ئاراڭلارغا كىرىۋالدى. ئەمىر نىكىسىنىڭ ئادەملىرىدىن بىرەر كىشىمۇ يوقمۇ؟ ئەمىر نىكىس بىز ئۈچۈن جان بەردى. ئەگەر جان پىدالىق قىلساڭلار، ناسىر سىلەرنى دۆلەتكە ئېرىشتۈرىدۇ! — دەپ توۋلاشقا باشلىدى.

ئەمىر نىكىسنىڭ تەگتۇشى چاناق باتۇر سالجوتلاردىن بولۇپ، چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىدى. سالجوتلاردىن 5000 لەشكەر بار ئىدى. لەشكەرلەر بۇ چاقىرىقنى ئاڭلىدى. چاناق باتۇرمۇ ئۆزىنى سالجوت لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىغا ئالدى ۋە بىراقلا خاننىڭ قوشۇنىغا ھوجۇم قىلدى. خاننىڭ لەشكىرى زەربە يېدى. خاننىڭ تۇغى بىر بىنانىڭ تۈۋىدە ئىدى. بىنا يىقىلىپ تۇغ بىلەن 2000 كىشى بىنانىڭ ئاستىدا قالدى. خاننىڭ ئېتى ئۈركۈپ قاچتى. قالغانلارمۇ ھەر

تەرەپكە قېچىشتى. ئەمىر چاكو خاننىڭ مىنگەن ئېتىنىڭ چۇلۋۇ-رىدىن تۇتۇپ بۇخاراغا قاراپ يۈزلەندى. كۆپلىگەن قورال، مال-دۇنيا «مۇلھىد» لەرگە غەنىمەت قالدى. بۇ ۋەقەنى پىدائىيلار ئۆزىنىڭ ئېتىقادى ئۈچۈن «مۆجىزە» دەپ چۈشىنىشتى.

## ساھىبقىراننىڭ بۇرھانىددىن ساھىب ھىدايەنىڭ قېشىغا كەلگەنلىكى

ناسىر خىسراۋنىڭ لەشكەرلىرى بايان قولى خاننىڭ قوشۇنلىرى ئۈستىدىن زەپەر قازاندى. پىدائىيلار قەيەردە موللا بولسا ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. ماۋرا ئۇننەھرنىڭ مۇسۇلمانلىرىغا زامان تار بولدى. ناسىر دېگەن بۇ مەلئۇن كاپىر پىدائىيدىن بىردىنى قولىغا خەنجەر ۋە بىر پارچە مەكتۇپ تۇتقۇزۇپ سەبىز شەھرىگە ئەۋەتتى. بۇ ھارامى سەبىز شەھرىگە يېرىم كېچىدە كىرىپ كەلدى - دە، تورغاي باتۇرنىڭ ياتقان ئورنىغا — ياستۇقنىڭ ئۈستىگە خەنجەرنى، كۆكسىگە مەكتۇپنى قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى باتۇر ئۇيقۇدىن تۇردى - دە، مەكتۇپكە كۆزى چۈشتى. مەكتۇپنى ئوقۇپ كۆرۈۋىدى، ئۇنىڭدا: «خۇدانىڭ پەيغەمبىرى ناسىردۇرمەن. تورغاي باتۇر كېلىپ ئىمان ئېيتسۇن، بولمىسا ئۇنىڭغا ئامانلىق يوق، ھالاك بولىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. تورغاي باتۇر ئەمىر تېمۇرنى چاقىرتىپ مەكتۇپنى ئاشكارا قىلدى ۋە ماقۇل بولۇشنى تەۋسىيە قىلدى. ئەمىر تېمۇر قوشۇلمىغانىدى، تورغاي باتۇر: «زامانسازلىق ئۈچۈن ئالدىغا بارايلى، چىن كۆڭلىمىزدىن ئەمەس» دەپ چۈشەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن ساھىبقىران ئىككىيلەن بەھس قىلماق ئۈچۈن باردى.

تارىخچى ئەرباپلارنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ يىلى ناسىر ھېكمەت كىتابىدا «ئەمىر ساھىبقىران كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ» دەپ كۆرگەن، لېكىن قايسى كىشى ئىكەنلىكىنى بىلمەي يۈرگەنىدى. ئۇلار يې-

تىپ كەلگەندىن كېيىن ناسىرنىڭ قوۋملىرى «تورغاي باتۇر بىلەن ئوغلى تەختكە سەجدە قىلسۇن» دەپ تۇرۇۋالمىشتى. ناسىر:

— بۇلار ھېلىلا كەلدى. ئاۋۋال ماڭا ئىمان كەلتۈرسۇن. ئاندىن كېيىن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيمەن! — دېدى ۋە ئۆزىنىڭ شەرىئەتتىنى چۈشەندۈرگىچە ئۇلارنى چىنارنىڭ تۈۋىگە كەلتۈردى.

— ئەي مەكۇنا، — دېدى ناسىر چىنارغا قاراپ، — سەن شاھادەت بېرىپ، مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى بۇلارغا ئىسپاتلاپ بەرگىن!

شۇ زامات چىنار ياغىچىدىن ئاۋاز چىقتى. جەبرائىلنىڭ نامىدىن سۆزلەۋاتاتتى. تورغاي باتۇر بۇ ئىشتىن بىرئاز ئىككىلىنىپ قالدى. ساھىبقىران دەرھال:

— ئەي ناسىر! قۇرئاننى شەرھلىگۈچىمەن دەيسەن؟ قۇرئاندا، تەھىياتتا سەجدە قىلىش مەنئى قىلىنغان، — دېدى ۋە ناسىر بىلەن شەرىئەت ئىشى توغرۇلۇق مۇنازىرە قىلىشالىغۇدەك قۇۋۋىتى بولمىسىمۇ، لېكىن بىلىشىچە خېلى كۆپ سۆزلەرنى دېدى.

ناسىر:

— ئەي ئەمىر تورغاي باتۇر، ئوغلۇڭغا ئېيتقىن! جىم تۇرسۇن! — دەپ بۇيرۇدى. تورغاي باتۇر ئەمىر تېمۇرنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۇنىڭ قېشىغا ئەكەلدى.

— نېمىشقا جاۋاب بەرمەكچىسەن؟ — دېدى ناسىر ئەمىر تېمۇرگە، — ئىمان كەلتۈرەمسەن - يوقمۇ؟

تورغاي باتۇر:

— ئەتە جاۋاب بېرەي، — دېگىنىچە ئۆيىگە ياندى. كەلگەندىن كېيىن ئوغلى بىلەن كېڭەشتى. ئەمىر ساھىبقىران:

— ئەي ئاتا، ئىمان ئېيتماڭ، چۈنكى ئۇ كاپىردۇر. مەن بۇ كېچە سەمەرقەنتكە باراي، ئۆلىمالارنىڭ ئالدىغا كىرىپ سوراي، ئۇلار نېمە دەيدۇ، ئاڭلاي. ئۇلاردىن بىر كىشى كې-

لىپ ناسىر بىلەن مۇنازىرە قىلىشسۇن. سىز ئەتە ئۇنىڭدىن ئۈن كۈنلۈك ۋاقىت سوراڭ، — دەپ مەسلىھەت بەردى. ئۆزى دادىسى بىلەن خوشلىشىپ سەمەرقەنتكە يۈرۈپ كەتتى. ئەمىر تۇرغاي باتۇر ئەتىسى ناسىرنىڭ ئالدىغا باردى — دە:

— مەن ساڭا ئىمان كەلتۈرەي. لېكىن ئۈن كۈنلۈك ۋاقىت بەرگىن، — دېدى.

— مەن ساڭا ئامانلىق بەردىم، — دېدى ناسىر دېگەن شۇم.

ساھىبقىران سەمەرقەنتكە كىرىپ كەلدى ۋە ۋارقىرىدى:

— ئەي ئىسلام ئەھلى، ھەركىم ئۆزىنى ئالىم ھېسابلىسا، مەن بىلەن بىرگە بېرىپ ناسىر خىسراۋ بىلەن مۇنازىرە قىلىشسۇن. دىنىنىڭ شەرىئىتىنى چۈشەندۈرسۇن. قىيامەتتە شەپقەتكە ئېرىشەي دېسە، روسۇل ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى راۋ جلاندۇرسۇن!

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھەممە مۇسۇلمانلار يىغلاپ تاشلىدى. ئەمىر تېمۇرمۇ يىغلىدى ئۇلار:

— ئۆلىمالىرىمىز پىدائىيدىن قورقۇپ يەر ئاستىلىرىدا مۆكۈپ يېتىشماقتا. ئالىملارنىڭ ئۇستازى ساھىب ھىدايىدۇر، — دېيىشتى. ساھىبقىران:

— مېنى ئاشۇ ئەزىزنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىڭلار، — دېدى.

ئۇلار ساھىبقىراننى مۇددەرىسنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. ساھىبقىران ھەزرىتى ساھىب ھىدايىنىڭ كۆزلىرىنى ياغلىق بىلەن تېڭىۋېتىپ دەرس سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ:

— مەنكى قۇلىڭىز. ئەمىر تۇرغاي باتۇرنىڭ ئوغلى بولىمەن، خىزمىتىڭىزگە كەلدىم. شەرەپلىك قەدىمىڭىزنى ناسىر خىسراۋنىڭ ئالدىغا يەتكۈزسىڭىز، — دېدى.

— مەن «مۇلھىد» لەرنى «كاپىر» دەپ ھۆكۈم تاشلىيالمايمەن. ئاشۇ شۇملارنىڭ بىرى تېپىلىپ بولۇپ قېلىپ، كۆزۈمنى كۆرمەس قىلىپ قويدى. مەنمۇ ئۇلاردىن قورقۇپ تۇرماقتىمەن، — دېدى ساھىب ھىدايە.

ناسىر دېگەن شۇم ئەمىر تېمۇرنىڭ كەينىدىنلا پىدائىيلاردىن بىرىنى: «ئەمىر تېمۇرنىڭ كەينىدىنلا ئەگىشىپ بېرىپ، ئۇنى خەلق ئالدىدا يالغانچى دېگىن!» دەپ ئۆگىتىپ ئەۋەتكەنىدى. ئاشۇ شۇم پىدائىيمۇ كەلدى. ئۇ ئەمىر تېمۇر ساھىب ھىدايىگە سۆزلەۋاتقىنىدا، مەرىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ:

— مەن بۇ يىگىتنى بىلىمەن. بۇ پىدائىيلاردىن بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى يوق قىلىشقا كەلگەن! — دەپ جار سالدى.

ئەمىر تېمۇر:

— مەن تورغاي باتۇرنىڭ ئوغلى بولىمەن، — دېيىۋىدى خالايىق ئىشەنمىدى. ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ نىزامولمۇلۇك مەدرىسىگە سولاپ قويۇشتى.

ساھىب ھىدايە كېچىسى چۈش كۆردى. چۈشىدە قارا كىيىم كىيگەن رەسۇل ئەكرەم سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم يېتىپ كەلدى ۋە ساھىب ھىدايىگە:

— ئەي بۇرھانىددىن، تۇرغىن! ئۇ يىگىت راست سۆزلەيدۇ. ئۇ يىگىتنى ئېلىپ «مۇلھىد» لەرنىڭ ئالدىغا بارغىن. غەلىبە تاپىسىلەر! — دەپ بىشارەت بەردى.

ساھىب ھىدايە دەرھال ئويغاندى. ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كۆرىدىغان بولۇپ قالغان، ئالەمنى ئەتىرنىڭ ھىدى قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇ سائەت ئىچىدە يىغلىغىنىچە ئەمىر تېمۇرنى تاپتۇرۇپ كەلدى. ھەممە ئادەم ساھىب ھىدايىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلىشىپ، ئۇنى زىيارەت قىلىشقا كېلىشتى. ساھىبقىراننى باشقىلاردىن سىلاپ - سىيپاپ خەيرىخاھلىق قىلىشتى. ساھىب ھىدايە ئەمىر تېمۇرگە:

ئەي ئوغلۇم، سەن مېنىڭ تۇغقىنىم، مەن كەينىڭدىن تېزلا يېتىپ بارىمەن، — دېدى. ئەمىر تېمۇر ئالدىدا جۆنەپ كەتتى. ھەزرىتى ساھىب ھىدايە كىتاب - ئەسۋابلىرىنى تەييارلاپ نەچچە تۆگىگە ئارتىپ، 4000 دەك مەشھۇر ۋە ئۇلۇغ دەپ ئاتالغان موللىلار بىلەن يولغا چۈشتى.

ساھىبقىران ئون كۈن بولدى دېگەندە سەبىز شەھىرىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ناسىر كاپىرنىڭ ئەمىر تورغاي باتۇر بىلەن غەۋغا قىلىشىپ تۇغقىنىنىڭ ئۈستىدىن چۈشكەنىدى.

— بىردەم سەۋرى قىلىپ تۇر، — دەيتتى باتۇر ناسىرغا، — ئوغلۇم كېلىپ ساڭا ئىمان كەلتۈرسە مەنمۇ ئىمان كەلتۈرەي.

شۇچاغدا ساھىبقىران:

— ساھىب ھىدايە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەي ناسىر، ئۇ سېنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىشماقچى، ئەگەر سەن مۇنازىرىدە ساھىب ھىدايە ئۈستىدىن غالىب كەلسەڭ، ئاندىن مەن ساڭا ئىمان كەلتۈرىمەن، — دېدى ۋە ئۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ۋاقىت سورىدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ناسىر شۇم كۆڭلىدە: «تورغاي باتۇرنىڭ ئوغلىنى يوق قىلمىسام، ئۇ مېنىڭ دىنىمنى يوق قىلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى - دە، تورغاي باتۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭغا:

— تېز بولغىن، ئوغلۇڭ بىلەن ئىمان كەلتۈرگىن، بولمىسا ساڭا ئامانلىق بەرمەيمەن! — دېدى.

ئەمىر تېمۇر بولسا پات - پات سەمەرقەنت يولىغا قاراپ قوياتتى.

ناسىر كاپىر كەلگىنىچە ئەمىر تېمۇرنىڭ پوتىسىغا قول سالدى - دە، ئالدىغا تارتتى. يەنە 100 پىدائىي كېلىپ ئەمىر تېمۇرگە يېپىشتى. تورغاي باتۇر بۇ ئىشتىن ھەيران بولدى. ساھىبقىران چىن كۆڭلىدىن خۇداغا نالە قىلىشقا باشلىدى.

ئىلاھا پادىشاھا كىردىكارا،
ساڭا ئوچۇق نىھان ۋە ئاشكارا.
ئۈمىد بىلەن كۆتۈرەي مەن بىلەكىم،
ئىلاھا سەن قوبۇل ئەتكىن تىلەكىم.
ئىلاھە بەندىنى يەتكۈز مىرادە،
قىلىبان مۇپتىلا قويما ئارادە.
ئىلاھى دوستلۇرۇڭنىڭ ھۆرمىتىدىن،
چىقارما ئول ھەبىبىنىڭ سۈننىتىدىن.

شۇئان سەمەرقەنت تەرەپتىن چاڭ - تـوزان كۆتـۈرۈلدى. چاڭ ئارىسىدىن ئاق كىيىملىكلەر كۆرۈندى. پىدائىيلارغا تىترەك ئولاشتى. كـىـلمۋاتقـانلارنىڭ ھەممىـسى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «لائىلاھە ئىللەللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا» دەپ كەلىمە ئىدى.

پىدائىيلەر ساھىبقىرانىنىڭ قولىنى قويۇپ بەردى. ساھىب ھىدايە يېتىپ كەلدى. ئىسلام ئەھلى ساھىـبقىرانىنـىڭ ئالـدىـغا كېلىشتى.

ناسىر كاپىر چېدىرىنىڭ ئىچىدە — ئالتۇن كۇرسىـدا ئول- تۇراتتى. ساھىب ھىدايە ناسىر شۇمنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئەي ناسىر، سەن سوئال سورامسەن؟ ياكى مەن سوراي- مۇ؟ — دېدى.

ناسىر مەلئۇن:

— مەن سوئال سۇرايمەن، — دېگىنىچە كۇرسىدا تەكەببۇر- لۇق بىلەن ئولتۇرۇۋەردى.

ساھىب ھىدايە ئۇنى كۇرسىدىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن:

— سائىل ئارتۇقمۇ ياكـى موسائىل ئارتۇقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— موسائىل ئارتۇق، - دەپ جاۋاپ بەردى ناسىر.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ساھىب ھىدايە، — ئورنۇڭ-

دىن تۇرۇپ پەسكە چۈشكىن! تەختتە مەن ئولتۇرىمەن. چۈنكى مەن دەل مۇسائىلدۇرمەن.

ناسىر جاۋابقا ئاجىز كەلدى - دە:

— ئۇنداق بولسا سوئالىنى سەن سورا، — دەپ يول بەردى.

— سەن مۇناپىقسەن، — دېدى ساھىب ھىدايە ناسىرنى سۆكۈپ، — سۆزۈڭنىڭ توغرىلىقى يوق، — ساھىبقىران ئۇنىڭغا كۈرسى ئەكەلدۈرۈپ قويۇپ بەردى. ساھىب ھىدايە كۈرسىدا ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەمدى سۆزلىگىن، نېمە دېمەكچىسەن؟

ناسىر ساراسىمە بولۇپ:

— مەن پەيغەمبەر بولىمەن، — دېدى.

— مۆجىزەڭ قېنى؟ - دەپ سورىدى ساھىب ھىدايە.

— ماڭا بىر پەرىشتە ۋەھى كەلتۈرگەندۇر، — دېدى ناسىر شۇم، — ئۇنىڭ ئېتى مەكۇنادۇر. چىنار دەرىخىنىڭ ئىچىدىدۇر.

— جەبرائىل بولسا بۇيرۇغىن، چىنار دەرىخىدىن باشقا يەردە تۇرۇپ سىنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىپ باقسۇن! — دېدى ساھىب ھىدايە.

— خۇدا ئۇنى ئاشۇ چىنار دەرىخىنىڭ ئىچىدە ۋەھى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغان، — دەپ جاۋاب بەردى ناسىر شۇم.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ساھىب ھىدايە، — بۇيرۇغىن، ئاشۇ ياغاچىڭنىڭ پۇتاق، شاخ، يوپۇرماقلىرىدا تۇرۇپ سۆزلىسۇن!

ناسىر مەلئۇن ھولۇقۇپ كەتتى - دە، جاۋاب بېرەلمىدى. ساھىب ھىدايە يەنە سوئال سورىدى:

— شەرىئىتىڭنىڭ مەزمۇنىدا نېمە بار؟

— مۆمىنلەر بىر - بىرى بىلەن قېرىنداش، مال - دۇنيا ۋە خوتۇن جەمەتتە شېرىك بولۇشى كېرەك، — دەپ تەرغىب قىلىندۇ.

— ھەممىنىڭ مال ـ دۇنياسى توپلاپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ، قايتا تەقسىم قىلىنسا، مال ـ دۇنيانىڭ مۇشتىرىك ساۋابى كىمـگە بولىدۇ؟ جەزمانەشتۇرگەن! بۇنىڭغا نېمەندەپ ھۆكۈم قىلىسەن؟

بۇ خائىن يەنە جاۋاب تاپالمىدى.

— خوتۇنلىرىغا شېرىك بولۇشى كېرەك دەيسەن، مەسىلەن: بىر خوتۇننى بىرقانچە كىشى شېرىك ئالسا، زىنا قىلسا، ئۇنىڭـدىن تۇغۇلغان بالا قايسىغا تەۋە بولۇشى كېرەك؟

ناسىر تېخىمۇ دولۇقۇپ كەتتى ـ دە، قارا يۈزىدىن ئېپـلاس تەر ئېقىشقا باشلىدى. ساھىب ھىدايە تورغاي باتۇرغا قاراپ:

— يافەس بىننى نۇھ ئەلەيھىسسالام زامانلىرىدىن تار-تىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىڭنىڭ ھەممىسى پادىشاھلىق ۋە ئەمىرلىك، بەگلىك قىلىپ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ زامانلىرىدا: «خوتۇنلىرىڭلارغا باشقىلار شېرىك، مال ـ دۇنيالىرىڭلارغا باشقىلار مىراسخور» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ — دېدى.

— خۇدا گۇۋاھ بولسۇن، — دېدى تورغاي باتۇر، — مەن بۇنىڭدىن كەچتىم ۋە بىزاردۇرمەن!

ناسىر شۇم يەنە سۆزگە ئېغىز ئاچتى:

— ئەي ساھىب ھىدايە، مەن مەكۇنانىڭ بۇيرۇقى بىلەن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىۋاتىمەن. ئەتە مەكۇنانىڭ ئالدىغا بارغىنىڭدا شۇ يەردە مۇنازىرە قىلغىن! ئۇ يەردە ھەم ھولۇقۇپ قالسام، ئۆزۈمنىڭ دەۋايىمدىن ئۆتتۈم.

ساھىب ھىدايە ۋە تورغاي باتۇر بىلەن ساھىبقىران ئات چۇلۇۋۇرلىرىنى بويىنىغا تاشلىدى ۋە بارچە ئىسلام ئەھلى يىغىلىـشىپ باتۇرنىڭ ئۆيىگە مېڭىشتى.

ناسىرمۇ: «ئەتە قورال ـ ياراق ئالمايلى. بىزدىمۇ ئات ۋە قورال بولمىسۇن!» دەپ توختام قىلدى.

ئەتىسى ساھىب ھىدايە قاتارلىقلار ئاتلىرىغا مىنىشىپ، ئەمىر تېمۇرنى چاقىردى. ساھىبقىران ئاتلىنىۋېتىپ كۆڭلىدە: «ناسىر يەنە مىكىر - ھىيلە ئىشلىتىپ قويمىسۇن» دەپ ئويلاندى - دە، قىلىچنى يېنىغا ئېسىۋالدى.

ناسىر شۇمەي پىدايىلاردىن ئون كىشىنى قوراللاندۇرۇپ، بېشىغا سەللە، ئوراپ ئۈستىگە جەندە كىيدۇرۇپ قەلەندەر شەكلىگە كىرگۈزگەن، «مەكۇنا» دېگەن چىنارنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە ئۇلارغا: «ھازىر بولۇپ تۇرۇڭلار! ھەرقاچانكى ‹مەكۇنا› ئۆلۈمگە بۇيرۇسا، ھايال قالماي مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈڭلار!» دەپ ئۆگىتىپ قويغانىدى.

ساھىب ھىدايە بىلەن تورغاي باتۇر ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىدا كېلىشتى.

بۇ تەرەپتىن زامانىبەك ئون نەپەر پىدايى بىلەن ئاق كىيىملەرنى كىيىپ يېقىن كەلدى.

ناسىر:

— ئەي مەكۇنا! ئەگەر مەن پەيغەمبەر بولسام، بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگىن! — دەپ ئىلتىجا قىلدى. شۇزامان چىناردىن مۇنداق ئاۋاز كەلدى:

— تاۋۇم يوق بولۇپ قالدى. تورغاي باتۇرنى ئۆلتۈرۈپ، قېنىنى بۇ ياغاچقا ئېقىتساڭلار ساقىيىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن گۇۋاھلىق بېرەي.

پىدائىيلاردىن بىرى تورغاي باتۇرنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلىۋىدى، ساھىبقىران قولىغا قىلىچىنى ئالدى - دە، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەن پىدايىنى زەرب بىلەن چاپتى ۋە ئۇنىڭ جېنىنى دوزاخ ئىلىكىگە ماڭغۇزۇۋەتتى.

ئىسلام ئەھلىنىڭ قورال - ياراقلىرى يوق ئىدى. ھېلىقى ئون پىدائىي غوۋغا چىقىرىشىپ، كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنى شېھىت قىلدى. «مۇلھىد»لەر كۆچلەندى.

ساھىب ھىدايە ۋە تورغاي باتۇر، ساھىبقىران شەھەر ئىچىدىكى قورغانغا قىچىپ كىرىۋالدى. ئارقىدىن كەلگەن پىدائىيلارنى ئۆلتۈردى. پىدائىيلار: «ئەتە شەھەرگە ئوت قويىمىز» دەپ قارار قىلىشتى. ناسىر دېگەن شۇم مەكۇنا دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كىرىپ ئۇزۇنغىچە يىغلىدى.

شۇ كۈنى ئىسلام ئەھلىنىڭ تاڭ ئاتقۇچە يىغا — زارىدە بولۇشتى.

ساھىبقىران جاسۇسلارچە ياسىنىپ، ناسىرنىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىغا كەلدى. ئۇ قارا كىيىملىك بىرىنىڭ ناسىرنىڭ قېشىدىن «مەكۇنا» دېگەن چىنارنىڭ تۈۋىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ساھىبقىران ئىككى كىشىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ھېلىقى قارا كىيىملىك ئادەم غارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىۋىدى، غارنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى ۋە غارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى چىقتى. قارا كىيىملىك ئۇنىڭغا: «ئەتە دەرەخنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۇنداق دېگىن، بۇنداق دېگىن،» دەپ ئۆگەتتى. ساھىبقىران قارا كىيىملىكنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ناسىر ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالدى. ناسىر يەنە ناھايىتى كۆپ سۆزلەرنى قىلىپ، ھېلىقىغا تەلىم بەردى — دە، ئاندىن تۇرغان جايىغا قايتتى. ساھىبقىران ھەمراھلىرىغا:

— مەن شۇ يەردىن خەۋەر ئالىمەن. چۈنكى مۇشۇ غارنىڭ ئاغزىدىن ئاشۇ چىنارنىڭ تۈۋىگىچە لەخمە بارمىكىن، دەپ گۇمان قىلىمەن. ئاشۇ دەرەخنىڭ ئىچىدە چوقۇم ئادەم بار. ھەر كۈنى دەرەخ ئىچىدە سۆزلىگەن «مەكۇنا» جەزمەن ئاشۇ ئادەم بولۇشى مۇمكىن، — دېدى. ئاندىن غارنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ سۇندۇردى — دە، لەخمە بىلەن چىنارنىڭ تېگىگە يېتىپ باردى. قارىسا، بىر ئادەم ئۇخلاۋېتىپتۇ. ئۇنى تۇتۇۋېلىپ،

بېشىغا بىر نەرسىلەرنى يۆگەپ، يۇدۇپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ئۇ ئاۋازىنى چىقىرالمىدى. ئەمىر تېمۇر چىنارنىڭ ئەتراپىغا ئوتتۇن يىغىپ ئوت قويۇۋەتتى. ئاندىن ھېلىقىنى ئېلىپ ساھىب ھىدايەنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى ھەم كۆرگەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى. ساھىب ھىدايە ئۇنىڭدىن گەپ سورىۋىدى، ئۇ بەتبەخت:

— مېنىڭ ئېتىم مەكۇنادۇر. ناسىر ئىككىمىز مۇشۇ ئىشنى 40 يىل بۇرۇن ئويلاپ تېپىشقانىدۇق. 40 يىللىق جاپالىق ئىشىمىزنى بۇ ئوغۇل مۇشۇ كېچىدە زايە قىلىۋەتتى. مەن چىنارنىڭ ئىچىگە كىرىپ ناسىر خىسراۋغا سۆزلەيتتىم. بۇ سىرنى مېنىڭدىن بۆلەك كىشى بىلمەيتتى. باشقىلار بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاۋازىمنى ئۆزگەرتكەنىدىم، — دەپ ئىقرار بولدى.

مەلئۇن مەكۇنانى شەھەر قورغىنىغا ئەكىلىپ سولاپ قويدى. ئۇ قورغاندا تۇرۇپ:

— ئەي ناسىرنىڭ قوۋملىرى، ناسىرنىڭ سۆزلىرى يالغاندۇر! — دەپ ۋارقىرىدى.

ناسىرنىڭ قوۋملىرى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، چىنارنىڭ قېشىغا كېلىشتى. چىنار كۆيۈپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىخلاسى يوققا چىقىپ، مەكۇنانى ئوق ئېتىپ ئۆلتۈرۈشتى.

ناسىر بۇنى كۆرۈپ:

— ئەي قوۋملىرىم، جەبرائىل ماڭا ۋەھى ئەكەلمەكچى، بۇ ھەرىكەتلەر ماڭا قىلىنغان تۆھمەتتۇر، — دېدى. شۇئان ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈندى. ئەقىللىقراقلىرى شەھەر قورغىنىنىڭ سېپىلى تۆۋىگە كېلىپ، مۇسۇلمانلارغا قاراپ يىغلىشىپ:

— بىز خاتالىشىپتىمىز، ئەمدى مۇسۇلمان بولايلى، — دەپ يالۋۇرۇشتى.

تورغاي باتۇر شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچاي دېۋىدى، ساھىبقىران ئۇنىمىدى ۋە:

— ئەگەر ناسىر ئارىسىدا بولۇپ قالسا ئۇلار جەڭ قىلىشىدۇ، — دېدى.

ساھىبقىران قورغانىنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ قاراپ، ناسىرنىڭ ئەتراپىدا ئاق كىيىملىكلەردىن باشقا كىشى قالمىغانلىقىنى كۆردى. زامانبېك ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ، قوراللىرىنى قولىغا ئېلىپ، قوشۇنىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى، ناسىر بولسا بىر چەتتە بېشىغا ياغلىق سېلىپ:

— ماڭا جەبرائىل ۋەھى كەلتۈرمەكچى ۋە غەلىبە - نۇسرەتتىن خەۋەر بەرمەكچى، — دەپ سۆزلەۋاتاتتى.

ساھىبقىران 2000 ماھىر يىگىت ۋە يېڭىدىن مۇسۇلمان بولۇپ قوشۇلغانلارنى ھەمراھ قىلىپ «مۇلھىد» لەرنىڭ لەشكىرى تەرەپكە قاراپ ماڭدى ۋە زامانبېكنىڭ لەشكىرى بىلەن جەڭ قىلىشقا چۈشۈپ كەتتى. جەڭ قىزىپ كەتتى. زامانبېك پات - پات ناسىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ سوراپ قوياتتى:

— ئەي ناسىر، غەلىبىدىن خەۋەر بارمۇ - يوق؟ ئەمىر تېمۇر پىيادىلارنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلغىلى تۇردى!

— چىچىلمىغىن، جەبرائىل تېخى كەلگىنى يوق! — دەپ جاۋاب بېرەتتى ناسىر. زامانبېك يەتتىنچى قېتىم كەلگىنىدە:

— جەبرائىل سېنى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئۇرۇشىغا بۇيرۇدى. ئېتىڭنى مۇزەپپەرىدىن قويدى، بېرىۋەرگىن! ئۇنىڭ قېنى سېنىڭ قىلىچىڭ بىلەن تۆكۈلىدۇ. خۇدا بۇنى ئەزەلدىن تەقدىر قىلىپ يارىتقاندۇر، — دېدى ناسىر. زامانبېك:

— بۇ گېپىڭ راستمۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، ناسىر:

— يالغان ئېيتسام كاللام تېنىمدىن جۇدا بولسۇن، — دەپ قەسەم ئىچتى.

زامانبېك ئەمىر تېمۇرنىڭ قوشۇنىغا باردى ۋە:

— مەن مۆزەپپەرىدىن بولسەمەن! قەيەردىلا بولمىسۇن، ئەمىر تېمۇرنىڭ قېنىنى مېنىڭ قىلىچىم بىلەن تۆكۈلىدۇ، خۇدا بۇنى تەقدىر قىلىپ ياراتقان! — دەپ تۋۋلاشقا باشلىدى.

ساھىبقىران ئەسكەرلىرى بىلەن ئوڭ تەرەپتە ئىدى. ئۇ ھېلىقى ئاۋازنى ئاڭلاپ قارىۋىدى، قولىدا ئۇزۇن نەيزە تۇتۇپ ئۆزىگە قارشى كېلىۋاتقان زامانبېكنى كۆردى. زامانبېكمۇ قارا ئاتلىق، قولىدا قىلىچ تۇتقان ساھىبقىراننى كۆردى. زامانبېك:

— سەن كىم؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئەمىر تۇرغاي باتۇرنىڭ ئوغلى بولىمەن، نېمە دەيسەن؟ — دەپ جاۋاب بەردى ساھىبقىران.

— پەيغەمبىرىم خەۋەر بەردى. مەن سېنىڭ قېنىڭنى تۆكمەكچىمەن.

— پەيغەمبىرىڭ، — دېدى ساھىبقىران، — توغرا سۆزلىمەپتۇ.

زامانبېكنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، نەيزىسىنى ئەمىر تېمۇرگە سانجىدى. ئەمىر تېمۇر نەيزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋەتتى ـ دە، قىلىچىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق ئۇردىكى، قىلىچ زامانبېكنىڭ قۇلاق، بۇرنىنى شىلىپ چۈشۈرۈۋەتتى. زامانبېك دەرھال قاچقىنىچە ناسىر خىسراۋنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ئۇ تېخىچە بېشىغا ياغلىق سېلىپ ئولتۇرغانىدى. زامانبېك:

— ئەي ناسىر، جەبرائىل نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى، ناسىر يەنە:

— ئەمىر تېمۇرنىڭ قېنىنى زامانبېك مۆزەپپەرىدىن تۆكىدۇ دەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

— يالغان ئېيتمىساڭچۇ؟ — دېدى غەزىپى تاشقان زامانبېك. ناسىر:

— يالغان ئېيتسام بېشىم تېنىمدىن جۇدا بولسۇن! — دې‑
ۋېدى، شۇئان زامانبېكنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ كەتتى ‑ دە، قىلىچى
بىلەن ناسىرنىڭ بويىنىغا شۇنداق ئۇردىكى، بۇ شۇمنىڭ كاللى‑
سى ئىككى قەدەم يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى. كاززاپ «پەيغەمبەر»
نىڭ ئىپلاس روھى دوزاخ شەھىرىگە ئەلچى بولۇپ كەتتى.

مەكۇنانى مەلەك دېگەنلەر دېۋىلەرگە ئوخشىدى،
جەبرائىلنى تاپالماستىن ئەزرائىلغا ئۇچرىدى.
قىلدى پەيغەمبەرلىك دەۋاسى، بولدى ئۇ مەلئۇن ئەبەد،
تاپتى مالىكنى يەنە دوزاخ ئېلىگە ئۇچرىدى.

زامانبېك ناسىرنىڭ بېشىنى ئېلىپ ساھىب ھىدايىنىڭ
ئالدىغا كەلدى. تورغاي باتۇر ئۇنى كۆرۈپ ئەمىر تېمۇرنى
چاقىرتىپ كەلدى. ساھىبقىرلان:
— بۇ قوۋمنى تىرىك قالدۇرۇش ئىلمىيلىك ئەمەس، —
دېدى ‑ دە، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە كىرىشتى. ئاخىر تورغاي با‑
تۇرنىڭ ئۆزى كېلىپ ئەمىرتېمۇرنىڭ مۇرىسىدىن تۇتقىنىچە بۇ
ئىشتىن توستى. زامانبېككە كىيىم ‑ كېچەك بەردى. ساھىبقىران:
— بۇ قوۋم بىر ‑ بىرىنىڭ ھەققىنى يەيدۇ. بىر ‑ بىرى‑
نىڭ خوتۇنلىرىغا كۆز سېلىشىدۇ. بۇلارنى تىرىك قالدۇرۇش
سىپاھىيلىقنىڭ ئىشى ئەمەس، — دەپ تۇرۇۋالدى. ساھىب ھى‑
دايە بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى. قالغانلارمۇ بۇ قوۋمنى ئۆلتۈرۈش‑
كە قوشۇلۇشتى.

بۇ قوۋمنى ھىيلە بىلەن بىر ھويلىغا قاماشتى. 200دەك
كىشى ئوتتۇن توشۇپ كېلىپ، ھويلىنىڭ ئەتراپىغا دۆۋىلىدى.
كۈن ناھايىتى سوغۇق ئىدى. چوڭ ‑ كىچىك ھەممىسىنى ئوت
يېقىپ كۆيدۈرۈشتى. بۇ مەلئۇنلارنىڭ جېنى بۇ دۇنيانىڭ ئوتى‑
غا چىداشلىق بېرەلمەي، دوزاخ شەھىرىگە قاراپ قاچتى.
ئەتىسى، قالغانلارنىمۇ تۇتۇپ كېلىپ ئۆلتۈرۈشتى. بۇلار‑

دىن بىر خوتۇن كىشى قېچىپ كەتتى. كېيىن چىققان «مۇلھىد» چىراغكەشلەر مۇشۇ خوتۇننىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. ناسىر مۇنداق دېگەنىدى:

كىم ئۆلۈپ قالسا دەشت ئارا نىچۇن،
يېسە ئۇنى قاغا ۋە قۇزغۇن؛
بۇنداق ئۆلگىنى يەنە قايتىپ،
زىندە بولغايمۇ تاڭلا مەھشەر كۈن.

بۇرھانىددىن ساھىب ھىدايە مۇنداق جاۋاب بەرگەنىدى:

قادىر زۇلجالال قىلدى ھايات،
مەھشەردە تىرىلدۇرۇر ھەرقانداق زات.
بارچە ئەزالىرى بولۇپ جوي - جو،
قالمىغاي ھېچ ناسىرۇ - خىسرۇ.

**ئەمىر ساھىبقىراننىڭ بۇخاراغا بارغانلىقى، بايان قولى خاننىڭ سىرايىمۇلىك ئىسىملىك قىزنى ئالغانلىقى**

... ئۇنىڭدىن كېيىن «مۇلھىد» قوۋملىرى مەۋلانا بۇرھانىددىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن تامامەن ھالاك قىلىندى. ئۇلاردىن ھېچقانداق كىشى قالمىدى. ئاندىن كېيىن مەۋلانا بۇرھانىددىن سەمەرقەنتكە قايتىپ كەتتى.

تورغاي باتۇر ناھايىتى باي - غەنىي كىشى ئىدى. توپ - توپ مال - چارۋىلىرى بار ئىدى. بىر كۈنى بىر توپ قويلارنى ئەمىر تېمۇرگە تاپشۇرۇپ، شەھەرگە ئاپىرىپ سېتىپ كېلىشكە بۇيرىدى. ئەمىر تېمۇر قويلارنى 1000 ئالتۇنغا ساتتى - دە، پۇلنى بېلىگە تۈگۈپ بازارنى تاماشا قىلدى. بىر يەرگە كېلىپ، كىشىلەرنى ئولاشتۇرۇپ سۆزلەۋاتقان بىر قەلەندەرنى

كۆردى. قەلەندەرنىڭ قولىدا شېئىر يېزىلغان قەغەز باز ئىدى، ئۇ:

— كىمەرسە شۇ شېئىرلارنىڭ قەدرىگە يېتىپ 1000 ئالتۇن بېرىدۇ؟! — دەيتتى. ئەمىر تېمۇرنىڭ ھىممىتى جۇش ئۇرۇپ، 1000 ئالتۇننى قەلەندەرگە بېرىپ، ھېلىقى شېئىر يېزىلغان قەغەزنى ئالدى. قەلەندەر ئەمىر تېمۇرنىڭ قەددى ـ قامىتىگە كۆز سېلىپ، نەسىبىنى سورىدى. جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن، تېمۇرگە شۇنداق دېدى:

— ئاتاڭنىڭ ئالدىغا بارغىن. بۇنى پەقەت ئاتاڭنىڭ ئالدىدا ئوقۇغىن. يولدا بارغۇچە زادى ئاچمىغىن.

قەلەندەر شۇنداق دېدى ـ دە، يولىغا راۋان بولدى. ئەمىر تېمۇر كەينىدىن ۋارقىراپ:

— ئېتىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئېتىم قەغەزدە يېزىقلىق! — دەپ جاۋاب بەردى قەلەندەر كېتىۋېتىپ.

ئەمىر تېمۇر ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. تورغاي باتۇر ئۇنىڭدىن:

— قويلارنى سېتىپ، رەخت ئالدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئەمىر تېمۇر ئۇنچىقماي قولىدىكى قەغەزنى ئاتىسىغا ئۇزاتتى. تورغاي باتۇر ئوغلىنىڭ بۇ ئىشلىرىغا ناھايىتى خاپا بولدى. كېيىن ساھىبقىران قەغەزنى ئېچىپ ئوقۇپ كۆرسە، ئاشۇ قەلەندەر خوجا كامال خوجەندى ئىكەن. ئۇنىڭ شېئىرى پارچە ئىدى.

ئەنگىس كى تامام دەھىر بەگىرفىت نەھىسىت،
زورەق زەمانە سەتەم زولوم بىشەست.
جەمشىدى، سۇلايمان، ئىسكەندەركى گىزەشت،
بىر خىزمىيان بەندكى تانوبەت توست.

تورغاي باتۇر بۇنىڭ قەدرىنى بىلمىدى. ۋە ئەمىر تېمۇرگە:

— سېنى بىر بەڭگى ئالداپ كېتىپتۇ. ئوغۇل بولساڭ تۇ-

زۆك بول! بولمىسا يوقال! — دەپ كايىندى. ئەمىر تېمۇر خاپا بولۇپ چىقىپ شەيخ شەمس كىلالنىڭ خىزمىتىگە كەلدى. شۇ كۈنى شەيخ ۋاپات بولغانىدى. بۇ چاغدا تارىخىي ھىجرىيىگە 755 بولغانىدى. ساھىبقىران دەپنە نامىزىغا قاتناشتى. بىر كېچە شەيخنىڭ قەبرىسىدە ياتتى ۋە چۈش كۆردى. چۈشىدە شەيخ ئۇنىڭغا:

— ئەي ئوغلۇم، بۇخاراغا بارغىن! خۇدانىڭ ھېكمىتىنى كۆرگىن! — دېدى.

ئەمىر تېمۇر ساھىبقىران بۇخاراغا قاراپ يۈزلەندى. كۆپ يوللارنى يۈرۈپ، ھېرىپ - چارچاپ دېگۈدەك بۇخاراغا يېتىپ كەلدى. بۇخاراغا «قوۋالى كاج» دېگەن دەرۋازىسىدىن كىردى. سارايدىن بىر ھۇجرىنى ئېلىپ ئارام ئالدى. ئۇنىڭ بار - يوقى بىرلا لەئەل ئىدى، باشقا پۇلى يوق ئىدى. خىراجەتتىن قىسىلىپ نائىلاج ھېلىقى لەئەلنى گۆھەر بازىرىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭغا ھەر بىر كىشى خېرىدارلىق قىلاتتى - يۇ، باھاسىغا يېتەلمەيتتى. تۇيۇقسىز ئادەملەر قېچىشقا باشلىدى. ئەمىر تېمۇر ساھىبقىران بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ، سەۋەبىنى سورىدى. ھېچ كىشى جاۋاب بەرمەي ئۆز يولىغا كېتىشتى. شۇ ئارىدا قولىغا خەنجەر ئالغان، ھوشىنى بىلمەس دەرىجىدە مەست بولغان بىر ئوغۇل يېتىپ كەلدى ۋە ئەمىر تېمۇرگە:

— ئەي تۈرك بالىسى، قاچ! — دەپ خىتاب قىلدى.

ئەمىر تېمۇرنىڭ تەرسالىقى تۇتۇپ، غەيرىتى ئۆرلىدى - دە، قاچماي تۇردى. ئۇ ئوغۇل قولىدىكى خەنجىرىنى ئەمىر تېمۇرگە سالدى. ساھىبقىران ئۆزىنى قاچۇرغانىدى، قولىدىكى لەئەل يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ھېلىقى مەست لەئەلنى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. شۇ ئارىدا بىرى ئۇنى تۇتۇۋالدى - دە:

— ھەي تۆرك بالىسى، بۇ زالىمنىڭ كەينىدىن ماڭما! سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ بۇراقخاننىڭ دوستىدۇر. بۇراقخان بايان قۇلى خاننىڭ ئوغلىدۇر. ئۇ كۆپ مۇسۇلمانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ تاماشا قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىدىن ھېچكىم خانغا ئەرز قىلالمايدۇ. چۈنكى بايان قۇلى خان قېرىدى، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئوغلى يوق. خېنىمىز بەكمۇ ئادىل، ئەگەر ئاڭلىسا ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئەگەر بۇراقخان نابۇت بولسا چاغاتاي تۆرىلىرىدىن خان بولغىدەك ئادەم قالمايدۇ. شۇڭا كىشىلەرمۇ چىداپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپ تەسەللى ئېيتتى.

ئەمىر تېمۇر ساھىبقىران ئۆزىنىڭ مۇساپىرلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىنى بېسىپ سارايغا قايتىپ كەلدى. قولىدا ھېچنېمە يوق بولغاچقا سارايدىن قوندۇرغىلى ئۇنىمىدى. ئەمىر تېمۇر ئاچ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە «دادخورغا ئەرز قىلاي» دەپ ئويلىدى - دە، ئوردىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

بۇ چاغلاردا ئەمىر يادگار شاھ ئارلات دادخور ئىدى. شۇنىڭغا بېرىپ ئەھۋالنى دادلىدى. ئۇ: «سەن تۇمەن بېشىغا بارغىن! مەندىن دەرىجىسى يۇقىرىراقتۇر» دەپ ئەقىل ئۆگەتتى. تۇمەن بېشى يەنە ئەقىل ئۆگىتىپ: «سەن ئەمىرجالايىرغا بار. ئۇ مەندىن چوڭراقتۇر» دېدى. ئەمىرجالايىر مىڭبېشى ئىدى. ئۇنىڭغا ئەرز قىلىۋېدى، ئۇمۇ بۇ دەۋانى ئەمىر بايان سولدۇزغا تۇغرىلىدى. بۇ كىشى نويانلاردىن بولۇپ، چاغاتاي خەلقى ئىچىدە ئۇنىڭدىن زور پالۋان يوق ئىدى. ئۇمۇ بۇ ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ:

— بۇ شەرىئەت ئىشى ئىكەن. قازىنىڭ ئالدىغا بارغىن! — دەپ بۇيرۇدى. ئەمىر تېمۇر ئاخىر قازىنىڭ ئالدىغا بېرىۋېدى، قازى ئىمام سەئىد:

— مەن شەرىئەتنىڭ ئالدىدا ئەندىشە قىلمايمەن. بىراق بۇ

ئىش ئۈچۈن گۇۋاھچى تاپقىن، — دېدى. ساھىبقىران «ماقۇل» دېگىنىچە زەرگەر بازىرىغا كەلدى. ئالدىنقى كۈنى بۇ ئىشنى كۆرگەن ئادەملەردىن گۇۋاھ بولۇشنى سورىدى. ئۇلاردىن: «بىز پۇقرا، بىزگە جان كېرەك، گۇۋاھلىق بېرەلمەيمىز» دېگەن جاۋابنى ئالغان ساھىبقىران ئىلاجسىز ئۈمىدسىزلىنىپ بىر مەسچىتنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئاچلىقتىن يىقىلىپ ياتتى. يېرىم كېچە بولغاندا، قولىدا چىراغ كۆتۈرگەن بىر قەلەندەر كېلىپ، ئەمىر تېمۇرنىڭ ھالىنى سورىدى. ئەمىر تېمۇر ئەھۋالنى بايان قىلغاندىن كېيىن قەلەندەر:

— ھەقىقەتەنمۇ بۇخارادا ئاشۇنداق زۇلۇم قىلغۇچىلارمۇ بار. ئەڭ ياخشىسى سەن ئەتە ناماز بامداتتىن كېيىن پالان مۇنارنىڭ تۈۋىگە بارغىن. ئۇ يەردە بىر ياماقچى موزدۇز بار. ئەرزىڭنى ئاشۇ موزدۇزغا ئېيتقىن. ئۇنىڭ يولىيورۇقىغا ئېرىشكىن. سېنىڭ دادىڭنى بوراقخانىغا ئاشۇ كىشى يەتكۈزىدۇ، — دېدى.

ئەمىر تېمۇر ئىشەنمەي:

— ھەي قەلەندەر، راست دەۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى.

قەلەندەر راستىن ئېيتىۋاتقانلىقىنى دېگەندىن كېيىن ئەمىر تېمۇر قەلەندەر كۆرسەتكەن مۇنارنىڭ تۈۋىگە باردى. بىر دۇكاندا بىر ئاقساقال كىشى كونا ئاياغلارنى ياماپ ئولتۇراتتى. كىيىملىرىمۇ ناھايىتى كونا ۋە پەجمۇدە ئىدى. ساھىبقىران ھەيران بولدى ۋە كۆڭلىدىن: «بۇ ئادەم قانداقمۇ مېنىڭ ئەرزىمگە يېتەر؟» دېگەن ئويلارنى ئۆتكۈزدى. ئاخىر يەنە: «نېمىلا بولسا بىر دەپ باقمايمەنمۇ» دېگەن قارارغا كەلدى-دە، ئالدىغا كېلىپ سالام قىلدى. ئۇ كىشى سالامغا جاۋاب قايتۇرۇپ، يەنە ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولدى. بىر ئېغىزمۇ سۆزلىمىدى. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئەمىر تېمۇر بولغان ئەھۋاللارنى ئەرز قىلدى. ئەمىر تېمۇرنىڭ سۆزىنى تولۇق ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— ئەمىرالارغا ئەرز قىلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەرز قىلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئەمىر تېمۇر.

موزدۇز دەرھال شاگىرتلىرىدىن بىرىنى يادگار شاھنى چاقىرىشقا ئەۋەتتى. ئەمىر تېمۇر كۆڭلىدە: «بۇ بىر موزدۇز تۇرسا، شاھ كېلەمدۇ؟» دەپ ئويلاپ تۇراتتى، يادگار شاھ ئۆڭى ئۆچكەن، چىرايى سارغايغان، تەشۋىشلىك ھالدا كېلىپ موزدۇزغا سالام بەردى. ئەمىر تېمۇر ھەيران بولۇپ بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۈتۈپ تۇردى.

موزدۇز يادگار شاھنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماي ۋە چىرايىغا قارىماي ئۆز ئىشىغا مەشغۇل ئىدى. بىر ھازادىن كېيىن:

— ھەي، ياراتقۇچىسىدىن قورقمايدىغان زالىم! نېمىشقا ئادىل سۆزلىمەيسەن؟ نېمىشقا بۇ بىچارە يىگىتنىڭ ئەرزىنى ئاڭلىمايسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھەقىقەتەن بۇ يىگىت ماڭا ئەرز قىلىپ كەلگەنىدى، بىراق ئەمىر مۇئىد تۈمەن بېشى مېنىڭدىن يۇقىرىراق بولغاچقا، شۇنىڭغا بۇيرۇغانىدىم، — دېدى يادگار شاھ مۇلايىملىق بىلەن. موزدۇز شاگىرتىنى دەرھال ئەمىر مۇئىدكە ئەۋەتتى. بىر ئازدىن كېيىن كەيپى ئۇچقان، چىرايى تاتارغان ئەمىر مۇئىد يېتىپ كەلدى-دە، موزدۇزغا ئېگىلىپ سالام بېرىپ، ئالدىدا قول قوشتۇرغان پېتى تۇرۇپ قالدى.

— ئەي جايىر، — دېدى موزدۇز ئۇنىڭغا قاراپ. — نېمىشقا بۇ يىگىتنىڭ ئەرزىنى ئاڭلىمىدىڭ؟

— ئەمىر بايىز مېنىڭدىن يۇقىرىراق بولغاچقا، شۇنىڭ ئالدىغا ماڭدۇرغانىدىم، — دېدى ئەمىر مۇئىد.

موزدۇز ئەمىر بايىزنى چاقىرتۇرۇپ كەلدى. ئۇمۇ قورققان ھالدا موزدۇزغا سالام بەردى ۋە سوئالنى ئاڭلاپ، يىگىت

نىڭ ئەرزىنى بايان سولدۇزغا ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆزرە قويدى. بايان سولدۇزمۇ چاقىرتىپ كېلىندى. ئۇمۇ ناھايىتى ساراسىمە بولغان ھالدا نويانلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى ـ دە، قىبرى موزدۇزنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇردى. كېيىن كەلگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇقا، نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن كىمخاپ چاپانلىق كاتتىلار ئىدى. شۇنداق كاتتىلارغىمۇ قىبرى موزدۇز زادى ئىلتىپات قىلمىدى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن ساھىبقىران ھەيرانلىق دېڭىزىغا غەرق بولۇپ، تەئەججۇپ بارمىقىنى چىشلىمەكتە ئىدى. بىرئازدىن كېيىن ئاندىن موزدۇز ئۇلارغا قاراپ:

— ئەي بايان سولدۇز! سەن نويان تۇرۇقلۇق بۇ مۇساپىر يىگىتنىڭ ئەرزىنى نېمىشقا سورىمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن يىگىتنىڭ ئەرزىنى ئاڭلىغانىدىم، — دېدى بايان سولدۇز ئەدەب بىلەن، — بۇ ئىش شەرىئەت ئىشى بولغاچقا قازىغا بۇيرۇغانىدىم.

قازىمۇ چاقىرتىلدى. ئىمام ئەبۇ سەئىد — پۈتكۈل بۇخارانىڭ باش قازىسى ئەندىشە قىلغان ھالدا يېتىپ كەلدى ـ دە، موزدۇزنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇردى. ئەمىر تېمۇر ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېتىپلا قالغانىدى، قىبرى موزدۇز قازىنىڭ سالىمىغا قىمىرلاپمۇ قويماستىن سوئال سورىدى:

— ئەي قازى، نېمىشقا شەرىئەت ھۆكمىنى ئىجرا قىلمىدىڭ؟

— گۇۋاھچى تەلەپ قىلغانىدىم. بۇ يىگىت گۇۋاھچى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى قازى.

قىبرى موزدۇز ئەمىر تېمۇرگە قارىدى. ئەمىر تېمۇر:

— مەن زەرگەر بازىرىغا بېرىپ كۆرگۈچىلەردىن گۇۋاھ

چى تەلەپ قىلسام ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىشتىن باش تارتتى، — دېدى.

موزدۇز زەرگەرلەرنى چاقىرتۇردى، ئۇلاردىن لەئەلنىڭ باھاسىنى سورىدى ۋە بۇ ئىشلارنىڭ راست - يالغىنىنى سورىدى. ئۇلار:

— بىز قازىنىڭ ئالدىدا قانداق جاۋاب بېرىمىز؟ چۈنكى بوراقخان تولىمۇ زالىم! — دېيىشتى. قىرى موزدۇزنىڭ ئاچچىقى كەلگەن ھالدا غەزەپ بىلەن بوراقخاننى چاقىرتۇردى.

ئەمدى ئەمىر تېمۇرنىڭ تېنىدە ماغدۇر قالمىدى. چۈنكى شاھزادە چاقىرتۇرۇلۇۋاتاتتى. «بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولار؟» دەپ قورققان ھالدا موزدۇزدىن ئاستا:

— ھەي بوۋا، نېمىشقا بۇلار سىزنى شۇنچە ھۆرمەتلەپ كېتىدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، موزدۇز:

— جىم تۇر! — دېدى - دە، ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولدى. بىر ھازادىن كېيىن بىرمۇنچە نۆكەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا شان — شەۋكەت ۋە سۆلەت - ھەيۋەت بىلەن شاھزادە بوراقخان يېتىپ كەلدى. ھەممە ئەمرا ۋە پۇقرالار ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى. بوراقخانمۇ كېلىپ ئېگىلىپ سالام قىلىپ موزدۇزنىڭ ئالدىدا تۇردى. لېكىن موزدۇز سۈكۈت قىلىپ ئۇنىڭغا قارىمايتتى. بىر ۋاقىتتىن كېيىن موزدۇز:

— ئەي زالىم! قاچانغىچە ساڭا مەدەت ۋە سەۋەبكار بولىمەن؟ ئەمدى ئاتاڭغا ئەھۋالنى ئېيتىمەن. ھالاك بولىسەن! — دەپ تەھدىت سالدى.

— بوۋا، — دېدى بوراقخان ناھايىتى قورققان ھالدا بوۋايغا يېلىنىپ تۇرۇپ، — مېنىڭ گۇناھىم نېمە؟

بوۋاي بولغان ئەھۋاللارنى ئۇنىڭ يۈزىگە سالدى. بوراقخان:

— بوۋا، بۇ ئىشلاردىن مېنىڭ زادىلا خەۋىرىم يوق

ئىكەن، — دېدى ـ دە، بىر خىزمەتكارنى بۇيرۇپ ھېلىقى لەئەلنى ئېلىۋالغاننى چاقىرتىۋېلىپ كەلدى. ئۇ شاھزادىنىڭ ئەڭ يېقىن جان دوستى ئىدى. شاھزادە ئۇنىڭدىن بۇ ئەھۋالنى سورىدى.

— مەن مەست ئىدىم. لەئەلنى نەدە قويغانلىقىمنى بىلەلمەي قالدىم، — دېدى شاھزادىنىڭ دوستى. بوراقخان دەرھال قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرۇپ تەزىم بىلەن:

— بوۋا، ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، بۇ يىگىت ئەتە مېنىڭ ئالدىمغا بارسۇن. لەئەل ئۈچۈن ئىككى ھەسسە كۆپ پۇل بېرەي. بۇنىڭ باھاسى قانچە ئىكەن؟ — دېدى. زەرگەرلەر:

— باھاسى 1000 ئالتۇنغا يارايدۇ، — دېيىشتى.

— بولىدى، — دېدى شاھزادە، — مەن 2000 تىللا بېرىمەن!

بۇ دەۋا ئاخىرلىشىپ ھەممەيلەن ئۆز جايلىرىغا كېتىشتى. بوۋاي ئەمىر تېمۇرگە شاھزادىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ پۇلنى ئېلىۋېلىشنى ئېيتقانىدى، ئەمىر تېمۇر:

— ئەي بوۋا، مەن دەۋايىمدىن ئۆتتۇم. سىز زادى كىم بولىسىز؟ بىلسەم، — دېدى.

— سەن، — دېدى قېرى مۇزدوز، — ئاۋۋال ئۇ يەرگە بېرىپ كەل. ئاندىن مەن سىرنى سۆزلەپ بېرىمەن.

ئەمىر تېمۇر نائىلاج بوراقخاننىڭ ئوردىسىغا باردى. بوراقخان سارايىنىڭ ئايۋىنىدا كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەمىر تېمۇرنى كۆردى ـ دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. خىزمەتچىلىرى ئارقىلىق 2000 تىللانى ئەكەلدۈرۈپ، كۆپ ئۆزرە ئېيتقان ھالدا ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىدا قويدى ۋە:

— مېنىڭ بۇ ئىشلىرىمنى بوۋايىغا يەتكۈزۈپ قويىسىز، —

باردىم. ئۇ مېنى ئۇرۇپ يېقىن يولاتمىدى. مەن ئىلاجىسىز قالدىم. بىرەر چارە قىلمىسام، مەست تۆرك بىچارە ئايالغا زورلۇق قىلسا، بۇنى ئېرى ئاڭلىسا ناھەق خۇن تۆكۈلەتتى ۋە ياكى ئاڭلىمىغان ھالەتتىمۇ بۇ زورلۇق تۈپەيلى بىر پاك خوتۇن ناپاك بولاتتى. ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. تۈن كېچە ئىدى. دەرھال ئېشىمنى يىغدىم ـ دە، مۇنارغا چىقتىم. قايتا ـ قايتىلاپ ئەزان سالىۋات ئېيتتىم. شۇ چاغدا سۇلتان بايان قولى خان قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرغانىكەن. بىر مەزگىل ئوقۇلغان ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، خىزمەتچىلەرنى چاقىرتقۇزۇپتۇ. مەن خاننىڭ ئالدىغا باردىم. خان:

— سەن تەلۋىمۇ ياكى ساقمۇ، نېمىشقا كېچىدە ئەزان ئېيتىسەن؟ — دەپ سوئال قويدى.

— مەن ساق ۋە ھوشيار كىشىمەن، — دېدىم ـ دە، يۈز بەرگەن ھادىسىنى ئېيتىپ بەردىم. خان دەر غەزەپ بولۇپ دەرھال ئۇ تۆرك بىلەن ئايالنى ئەكىلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىمۇ چاقىرتىپ كېلىپ، بولغان ئەھۋاللارنى ئارىغا سالدى ۋە:

— خوتۇنۇڭ ساڭا ھالال، ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەن. خاتىرجەم بول! — دەپ تەسەللى ئېيتتى ۋە تۆركنى تاغارغا سولاپ ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، — دېدى قېرى موزدۇز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — خان مېنى ئۆزىگە ئاتا قىلدى. ئۇ:

— ئەي ئاتا، سەن بۇ ئىشلىرىڭ بىلەن مېنى دوزاخنىڭ ئوتلىرىدا كۆيۈشتىن ساقلاپ قالدىڭ. ئەمدى شەھەر ئىچىدە ھەرقانداق ۋەقە يۈز بەرسە مېنى خەۋەردار قىلغايسەن. خۇدانىڭ ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى، مۇشۇ كەمگىچە سەندىن بۆلەك ھېچكىم مېنى ئەزان سالىۋات ئېيتىپ ھادىسىلەردىن خەۋەردار قىلغان

ئەمەس. مېنىڭ ئارمىنىم ئاجىزلارنىڭ دادىگە يېتىش، ئىشلارنى ئادىللىق بىلەن قىلىپ ئەلنى رازى قىلىش. ئەپسۇسكى، ھەممىنى مەن كۆرەلمەيمەن. ئەمەلدارلار بولسا ئۇنچىۋالا راستچىل ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانىداق ھەل بولمىغان ھەق دەۋا سەن ئارقىلىق ھەل بولغۇسىدۇر. ھەتتا ماڭىمۇ يۈز ـ خاتىر قىلمىغايسەن! ــ دەپ تاپىلىدى. شۇندىن بېرى ئون يىل ئۆتتى، مۇشۇ ئىشلارغا قارايمەن. پۇل ـ دۇنيادىن تەمەيىم بولمىغاچقا ئەمرا ـ بەگ، ۋەزىرلەرمۇ مېنىڭدىن قورقۇشىدۇ.

ئەمىر تېمۇر بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى تەسىرلەنگەن ھالدا ئۇنىڭ بىلەن خەيرلىشىپ سارايغا قايتىپ كەلدى.

ھازىرمۇ ئۇ بوۋاينى «ياماقچى موزدوز بوۋاي» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسى بۇخارانىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى دەرۋازا بويىغا جايلاشقان.

ئەمدى سۆزنى بايان قولى خان پادىشاھتىن ئاڭلايمىز:

خان بىر كېچىسى چۈشىدە شەيخۇلئالەمنى كۆردى. شەيخۇلئالەم:

ــ ئورنۇڭدىن تۇر! شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلما، قىزلىرىڭنى ئەرگە بەرگىن! ــ دەپ مەسلىھەت بەردى.

بايان قولى خاننىڭ توققۇز قىزى بار ئىدى. ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن، ھەممە قىزلىرىنى يىغدى. قىزلىرىغا:

ــ ئەي بالىلىرىم، ئەرگە تەگسەڭلار! ــ دەپ تەكلىپ قويدى. قىزلىرىنىڭ ھەممىسى ئاتىسىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆردى. قىزلىرىنىڭ ئەڭ كىچىكى سىرايىملىق خانىمچە ئىدى. بۇ قىز دادىسىغا:

ــ سىزنىڭ دۆلىتىڭىزنىڭ سايىسىدىن ھېچنەگە بارمايمەن، ئەرگىمۇ تەگمەيمەن! ــ دېدى. خان بىر قىزنى ئەمىر چاكوغا، بىرىنى جاھان شاھقا، بىرىنى ئەمىر ئولجايغا بەردى. ھەر بىر

قىزىنى بىر كىشىگە تۇتقۇزدى، ناھايىتى كاتتا توي ـ تاماشىلارنى قىلىپ بەردى.

خان يەنە بىر كۈنى چۈشىدە شەيخۇلئالەمنى كۆردى. شەيخ خانغا يەنە:

— قىزىڭنى ئەرگە بەرگىن! — دەپ بۇيرۇدى. خان ئۇيقۇدىن تۇردى ـ دە، كىچىك قىزىنى چاقىرتىپ:

— سىنى ئەرگە بېرىمەن! — دېدى. قىز:

— مەن ئەرنى خالىمايمەن! — دەپ تۇرۇۋالدى. بايانقولى خان ئىلاجسىز قالدى. يەنە نەچچە قېتىملىق چۈشىدە شەيخ غەزەپلەنگەن ھالدا:

— قىزىڭنى ئەرگە بەرگىن! — دەپ مەجبۇرلىدى. خان قىزىنى قىچقىرىپ:

— ئەي قىزىم، مېنىڭ رازىلىقىمغا قارىساڭ، ئەرگە تېگىشكە ماقۇل بول، — دەپ جىددىي رەۋىشتە ئېيتتى. قىز:

— ئەگەر خالىغان كىشىگە تېگىشكە ئۇنىسىڭىز ئەرگە تېگەي، مېنى تورغاي باتۇرنىڭ ئوغلىغا بېرىڭ! — دەپ تۇرۇۋالدى.

خان ئەمىر تورغاي باتۇردىن خاپا بولغانىدى، شۇڭا ئۇنىمىدى. قىز يەنە:

— مېنىڭ خاھىشىم شۇكى، مېنى ئالغۇچى شەترەنج (شاھمات) ئويۇنىدا ئۇتالىسا، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇ مالچى بولغان تەقدىردىمۇ تېگەي، — دېدى.

خان قىزىنىڭ سۆزلىرىدىن ھەيران قالدى ـ دە، قىزىغا:

— بىر نامەھرەمنى قانداقچە سېنىڭ ئالدىڭغا كىرگۈزىمەن؟ — دېدى.

— مەن خىزمەتكار سۈرىتىدە ياسىنىۋالاي، سىز «مېنىڭ بۇ خىزمەتكارىم شەترەنج ئويناشنىڭ دەۋاسىنى قىلىدۇ. ھەرقان-

داق كىشى ئۇتتۇۋالالىسا، مەن ئۇنىڭغا مۇشۇ خىزمەتكارنى مۇكاپات قىلىمەن!» دەپ جاكالاڭ! — دەپ مەسلىھەت بەردى قىز.
خان قىزىنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆردى. ئەتىسى جاكاچىلارغا بۇ گەپنى جاكالاتقۇزدى.
بۇ جاكانى ئاڭلىغان شەترەنج ئوينىغۇچىلار كەلگىلى باشلىدى. خانىمچە ھەممىسىنى ئۇتتۇۋالدى.
خانىنىڭ چۈشىدە شەيخۇلئىالەم: «قىزىڭ كىمنى خالىسا شۇنىڭغا بەرگىن» دەپ بىشارەت بەردى.
خانىمچىمۇ: «ئەي جېنىم ئاتا، جارچىلارغا ئېيتىسىڭىز، ھەر قايسى جايلاردىن شەترەنج ئوينىغۇچىلار بولسا كەلسۇن» دەپ تىلەندى.
جارچىلار بازار كوچىلىرىغا چىقىپ بۇ ئىشتىن خەۋەر بېرىشەتتى.
ئەمىر تىمۇر ساھىبقىران بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ:
— مانا مەن شەترەنج ئويناشنى بىلىمەن، — دەپ جارچىلارغا ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. خىزمەتچىلەر ئۇنى خانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. خان چەكمەن، تەلپەك كىيگەن ساھىبقىرانغا قاراپ:
— بۇ يىگىت نېمىنى بىلىدىكەن؟ — دەپ سورىدى.
— شۇنچە توسۇسامۇ ئۇنىماي، «شەترەنج ئوينايمەن» دەپ بىرگە كەلدى، — دەپ جاۋاب بەردى خىزمەتكار. ساھىبقىران ھېچنەرسە دېمەي جىم تۇردى.
— شەترەنج ئوينىغۇچى خىزمەتكارنى كەلتۈرۈڭلار! — دەپ بۇيرۇدى خان. خىزمەتچىلەر ئۇنى دەرھال خانىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈشتى. ساھىبقىران ئوغۇل بالا كىيىملىرىنى كىيىۋالغان قىزنى تونىدى. ئۇلار بىر-بىرىنى كۆرۈشۈپلا بىر-بىرىگە كۆڭۈل قويۇشتى.

ئەي جامالىڭ پىر تويى خورشىد ئالەم تابىدەك،
شوقىدىن ئەيلەر تابىش كۆڭلۈم مېنىڭ سىمابىدەك.
ئاپىتى دېڭىزىدىن ھەردەمدە ئەيلەر بىر گىران،
ھالقا زۇلپۇڭ كۆڭۈل بالىقلەرىدىن قەللابىدەك.

شەترەنجنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ساھىبقىران خانغا:

— مەن شەرت بىلەن ئوينايمەن! — دەپ تەلەپ قىلدى.

— بولىدۇ. شەرت مۇنداق: ئۇتتۇۋالساڭ بۇ قۇل بالا سېنىڭ بولىدۇ، — دېدى خانمۇ.

— ناۋادا ئۇتتۇرۇۋەتسەمچۇ؟ — دېدى ئەمىر تېمۇر.

— ئۇتتۇرۇۋەتسەڭ، سېنىڭدىن ھېچنېمە تەمەيىم يوق!

— ئۇتتۇرۇۋەتسەم، — دېدى ئەمىر تېمۇر، — مۇشۇ قۇل بالىغا چاكار بولاي.

ئەمىر تېمۇرنىڭ ئۇنداق دېيىشتىكى مەقسىتى، قۇل بالىغا يوشۇرۇن ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئىدى. ئۇلار شەترەنج ئويناشنى باشلىدى. ئۈچ نۆۋەت ئويناشتى. ھەربىر نۆۋەت ئوينىغاندا بىر كېچە - كۈندۈز ۋاقىت ئۆتۈپ كېتەتتى. ئاخىر ئەمىر تېمۇر ئۇتتۇۋالدى. خانىمچە ئورنىدىن تۇردى - دە، ئېتىكىنى قېقىپ ئۆيگە كەتتى. خان: «بۇ قانداق كىشىدۇر؟» دەپ ھەيران قالغانىدى. ئەمىر تېمۇرمۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرمىدى. چۈنكى «مۇلھىد» لەر جېڭىدە، خان مەغلۇپ بولۇپ قاچقاندا ئەمىر تورغاي باتۇر: «خان نامەردلىك قىلىپ قاچمىغان بولسا، مەن ئۇلارنى تۈگەشتۈرۈۋېتەي دەپ قالغانىدىم» دېگەنىدى. سۇخەنچىلەر بۇ گەپنى خانغا يەتكۈزۈشكەن، خان ئاڭلاپ ناھايىتى خاپا بولغانىدى. ساھىبقىران شۇ سەۋەبتىن ئۆزىنىڭ نەسەبلىرىنى مەلۇم قىلمىغانىدى. خان ئەمىر تېمۇرگە:

— بۈگۈن قايتىپ، ئەتە كەلگىن، قۇل بالا سېنىڭ، — دېدى.

يوق ئىدىكەن. شۇنى ئالىمەن» دەپ ياندۇردى. خان ھەيران بولدى - دە، سىراج قەھرى دېگەن ۋەزىرىنى:

— سەن بېرىپ شۇ تۈرك بالىسىغا جاۋاب بەرگىن، — دەپ بۇيرۇدى.

ۋەزىر دەرھال كېلىپ:

— ئەي يىگىت، ئۇ خاننىڭ ئۆزىنىڭ قىزى بولىدۇ. سەن ئەمدى بېرىپ تويىڭنىڭ تەييارلىقىنى قىل! — دېدى - دە، ئەمىر تېمۇرگە قولىدىكى بىر قۇتىنى ئېچىپ كۆرسەتتى. قۇتا ئالتۇن بىلەن لىق تولدۇرۇلغانىدى. ۋەزىر يەنە:

— ئەي قۇل، ئاشۇنداق ئالتۇن ئەكىلىپ ئاندىن توي تەييارلىقىنى قىلغىن. — دېدى.

ۋەزىر «بۇ بالا ئەلۋەتتە بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ» دەپ ئويلىغانىدى.

لېكىن ساھىبقىراننىڭ ئۇ قىزغا بولغان مۇھەببىتى زىيادە كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ئۈچ كۈنلۈك ۋاقىت سورىدى. چۈنكى ئەمىر تېمۇر ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتسە مىڭ يالۋۇرغان بىلەنمۇ خاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدىغانلىقىنى، يېنىۋالىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. ساھىبقىران ھۇجرىسىغا قايتىپ كېلىپ ئويلانغىنىچە يىغلاپ كەتتى.

ھەر ئاشىقنىڭ كاسىسى چەشمى پىرى ئاب ئەمەس،
ياش تۆكمەيىن يۈز ئۆزرە دۇئاسى مۇستەجاب ئەمەس.

ئەمىر تېمۇر فەيزى ئاسار شەيخۇلئالەمنىڭ مازىرىغا بېرىپ، قەبرىگە بېشىنى قويۇپ پىغان بىلەن يىغلىدى.

ئەگەر ۋەسلى مۇيەسسەر بولسا ئۈمىدىم تىرىكلىكتىن،
مەگەر ھىجران غېمىدە جانىنى بەرباد ئەيلىگەندۇرمەن.

ئەمىر تېمۇر نالە - زار قىلىپ خۇدانىڭ دەرگاھىغا سېغىندى:

— ئەي ياراتقۇچى تەڭرىم. مېنىڭ جېنىم – كۆڭلۈمنى ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيدۈرمىگىن ۋە بۇ ھىجران تىغىنىڭ تىگىدىن مېنى تارتۇۋېلىپ، يارىمنىڭ ۋىسال باغىغا يەتكۈزگىن!

ئەنە شۇنداق ئىلتىجا بىلەن ئەمىر تېمۇرنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى، دەرھال ھەزرىتى شەيخۇلئالەم چۈشىگە كىرىپ كەلدى ۋە:

— ئەي ئەمىر تېمۇر، ئورنۇڭدىن تۇرغىن! ئاللا تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرگىن! — دەپ بىشارەت بەردى.

ئەمىر تېمۇر دەرھال ئورنىدىن تۇردى – دە، يەردىن بىر چالمىنى ئېلىپ ھاجەتكە باردى. ئۇنىڭغا تامنىڭ تۈۋىدە بىر نەرسە كۆرۈندى. يېقىن بېرىپ قارىدى، بىر قۇتا ئىكەن. ئۇنى قولىغا ئېلىپ قاراپ ۋەزىرنىڭ قولىدا كۆرگەن قۇتا ئىكەنلىكىنى تونۇدى. خېلىغىچە ھەيران بولۇپ تۇرۇپ كەتتى. كۆڭلىدە: «بۇنى ماڭا ئاللا يەتكۈزدى» دېگىنىچە، بامدات نامىزىنى ئوقۇشقىمۇ تاقەت قىلالماستىن، قۇتىنى قولىغا ئالغىنىچە شەھەرگە كىردى. قارىسا ئادەملەر ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ، بىر – بىرى بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلىشىپ يۈرگۈدەك. ئەمىر تېمۇر ئۇلاردىن بۇنىڭ تېگىنى سورىغانىدى، ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. بىر چاغدا ئەمىر تېمۇرنىڭ كۆزى غەزەپ بىلەن كېلىۋاتقان سىراج قەمرىگە چۈشتى. ئۇنىڭ ئىشىق – مۇھەببىتى يالقۇنجاپ تۇرغانلىقتىن ۋەزىرگە سالام قىلدى. ۋەزىر ئەمىر تېمۇرنىڭ قولىدىكى قۇتىنى كۆردى – دە، «باغلاڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. خىزمەتچىلەر زەنجىر – كىشەنلەر بىلەن ئەمىر تېمۇرنىڭ قول – پۇتلىرىنى باغلىدى.

بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى، شۇ كىچە خاننىڭ ئوردىسىغا ئوغرى كىرىپ خاننى جاراھەتلەندۈرۈپ، بۇ قۇتىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

ساھىبقىراننىڭ قول – پۇتىنى باغلاپ ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى. ئەمىر تېمۇر:

— مېنىڭ گۇناھىم نېمە؟ — دېۋىدى، ياندىكى ئادەملەر ئۇنى سۆكۈشكە باشلىدى. ۋەزىر ئەمىر تېمۇرنى خاننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. خان تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان، ئەمىر ۋە بەگلەر خاننىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە تۇرۇشقانىدى، خاننىڭ «بوراقخان» دېگەن ئوغلىمۇ خاننىڭ يېنىدا تۇراتتى. ۋەزىر بارگاھقا كىرىپ:

— ئوغرىنى تاپتىم، — دەپ خەۋەر بەردى. خان ئەمىر تېمۇرگە قاراپ:

— بىزنىڭ قىزىمىزنى تەلەپ قىلغان سەنمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە! — دېدى ئەمىر تېمۇر.

— مېنى جاراھەتلەندۈرگەن سەنمۇ؟

ئەمىر تېمۇر بۇ گەپنىڭ تېگىگە يەتكەن ھالدا، بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. خان ئىشەنمىدى ۋە ئىلتىپات قىلماي، ئەمىر تېمۇرنى زىندانغا سېلىشقا بۇيرۇدى. ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن كېيىن خاننىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىپ بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى.

ۋاقىتكى كېلىپ پەلەك بېرىپ ئىززەتنى،
ئوتتۇز يىل ئىچىدە كۆرۈپ دۆلەتنى.
چۈشەندى ئۇنىڭ ئۆمرى تۈگەپ كەلدى قازا،
ساقىي كىم ئاڭا بەردى ئەجەل شەربەتنى.

جۇمە كېچىسى، رامىزان ئېيىنىڭ يەتتىسىدە، روھ قۇشى تەن قەپىزىدىن ئۇچتى. ئۇ ئۆلمەستىن بۇرۇن، ئوغلى بوراقخاننى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ: «ئەمىرلەرنى، ۋەزىرلەرنى، بەگلەرنى ئاتا ئوخشاش ئۆز لايىقىدا كۆرگىن. سىراج قەمەرنى ياخشى ئىززەت قىلغىن» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى.

خاننىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، تۇپراق بېشىغا ئېلىپ مېڭىشتى. ھەممىنىڭ ئالدىدا ۋەزىر سىراج قەمرى يىغلاپ ماڭدى. خاننى شەيخۇلئالەمنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا كۆمۈشتى ۋە تۇپراقنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز بىنا ياساشتى...

## بوراقخاننىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقى، پادىشاھلىق قائىدىلىرىنى بۇزۇشقا باشلىغانلىقى

ئالەم كۈن ئولتۇرۇپ، كۈن چىقىپ دېگۈدەك ئۆز ھالىدا بولۇۋەردى. ئەمىرلىك تەختىدە بوراقخان ئولتۇردى. ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ۋەزىر سىراج قەمرىنى ئۆلتۈرۈش قەستىگە چۈشتى. چۈنكى ئۇ ۋەزىرنى تولىمۇ يامان كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ سىراج قەمرىگە:

— سەللەم بىلەن چاپىنىمنى ئەكەل! — دەپ بۇيرۇدى. ۋەزىر دەرھاللا بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈردى. بىراق ئۇ ئەكىلىۋاتقان ۋاقتىدا سەللە بىلەن چاپان قولىدىن چۈشۈپ كەتتى.

— مېنىڭ سەللەم بىلەن چاپىنىمنى يەرگە تاشلىغىنىڭ، — دېدى بوراقخان غەزەپلەنگەن ھالدا، — ئۆزۈمنى يەرگە تاشلىغىنىڭ ئەمەسمۇ؟!

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، جاللاتقا بۇيرۇپ ۋەزىرنىڭ قولىنى كەستۈردى. ۋەزىر:

— مەن بۇ قولۇم بىلەن يەتتە ئىقلىمغا نامە يېزىپ، چاغاتاينىڭ ئەۋلادىنى بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا ئىناۋەتلىك قىلدىم. ئۇلارنىڭ مەمۇرىيىتىنى — ھاكىمىيىتىنى كۈچلەندۈردۈم. ئەمدى سەن مېنى شېھىت قىلماقچىمۇ؟! — دېدى.

ھەيىب ئادىل شاھدىن ئۇشبۇ سىر،
زۇلۇم ئۆتىدىن بۇ تىنىمدا كۆپ ئەسەر

مەن شېھىت بولدۇم بۇگۈن قان ئىچرە غەرق،
پىسىق ئىسيانغا غەرق بولۇپ ئەي بىخەۋەر.

سىراج قەمرى شېھىت بولغاندىن كېيىن، يۇرت ئىچىدە غوۋغا پەيدا بولۇپ، بوراقخاننىڭ كەيپىنى بۇزدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ھەممە روزىغارىنى بۇزۇپ - چاچتى. ئەمىر چاكۇ، ئەمىر بايان سولدۇز، ئەمىر يادگار شاھ... قاتارلىق ئاتاقلىق بەگلەرنى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن ئېلىۋېتىپ ئۆزىدىن يىراق قىلدى. ئادەملەر ئىشلارنى ئۆز بېشىمچە قىلىشقا باشلىدى. ئەمىر تېمۇر تېخىچە زىنداندا ياتاتتى. ئۇ بوراقخاننىڭ يادىدىن چىقىپ كەتكەنىدى.
ھاۋا ئىسسىق، ياز ۋاقتى ئىدى. ئەمىر تېمۇر كېچە - كۈندۈز نالە - زار قىلىپ يىغلار ئىدى.

مەئبۇدىغا ئەرز قىلدى زارىنى،
دەرگاھىغا تۇتۇپ روي نىيازىنى.
دېدىكى ھاكىم فىردوسى سەن - سەن،
دانايى جەمئىي دەرد سەن - سەن.
مەن ئاجىز، مەن قويى دور ئەغيار،
مەن بىكەس ۋە خەسىم دور ستەمكار.
ئاجىزلارگە لوتىپ ئېتىپ كېرەم قىل،
بىكەسلەرگە غەمنى ئەدەم قىل.

زىندان باققۇچى سائادەتپەرۋەر — رەھىمدىل كىشى ئىدى. ئۇنىڭ زارىنى ئاڭلاپ، قول - پۇتلىرىنى بوشاتتى - دە، قويۇۋەتتى.
يېرىم كېچىدە بىرى كېلىپ ساھىبقىرانغا سالام قىلدى.
— ئەي يىگىت، — دېدى سالام قىلغۇچى، — بۇ يەردە تەشۋىش - غەم بىلەن ئازاب چېكىنىشىڭگە مەن سەۋەبكار بولغانمەن. قۇتىنى ئوغرىلىغان ئوغرى مەن ئىدىم. قوپقىن، ساڭا قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسىتەي.
ئەمىر تېمۇر ھەيران بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىغانىدى، ئۇ:

— بۇنىڭ بىلەن ئىشىڭ بولمىسۇن، مېنىڭ ساڭا زىيىنىم تەگمەيدۇ، — دەپ زىنداندىن چىقىرىۋالدى.

زىندانچى دەرھال ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، يېنىدىكىلەرنى ئويغاتتى، غوۋغا قوزغالدى. ئەتراپنى شۇنچە ئاختۇرغان بولسىمۇ ئەمىر تىمۇرنى تاپالمىدى. ئەمىر تىمۇرلەر تامنىڭ ئۈستىگە چىقتى. «ئوغرى مەن» دېگۈچى قارا كىيىم كىيگەنىدى. ئۇ ئەمىر تىمۇرگە:

— مەندىن ئايرىلمىغىن، — دېدى.

ئۇلار تۇتۇش ئۈچۈن كەلگۈچىلەر بىلەن ئېلىشا - ئېلىشا، بىر مەسچىتنىڭ قېشىغا كېلىپ قېلىشتى. بىر چوڭ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، قارا كىيىم كىيگەن كىشى غايىب بولدى. ئەمىر تىمۇر مەسچىتنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. مەسچىتنىڭ ئالتە دەرۋازىسى بولۇپ، قوغلاپ كەلگۈچىلەر ھەممە دەرۋازىنىڭ ئالدىنى قورشىۋالدى. لېكىن ئۇلار دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرىشكە پېتىنالمايتتى.

ئەمىر تىمۇر ئۆزىنى مۇنارنىڭ ئۈستىگە ئالدى. ئۇ يەردە تاڭ ئاتقۇچە تۇردى. تاڭ ئاتتى. ئەمىرنى ھېچكىم مۇناردىن چۈشۈرەلمىدى. كىم يۇقىرى چىقماقچى بولسا ئەمىر تىمۇر قولىدىكى تاياق بىلەن ئۇرار ئىدى ۋە تاياق يېگۈچى شۇ زامات ئۆلۈر ئىدى. تۆۋەندە 100دىن ئارتۇق كىشى پايلاپ تۇراتتى. بۇ كۈن ئۆتۈپ كەچ بولدى. يېرىم كېچە بولغاندا ھېلىقى قارا كىيىملىك كىشى مۇنار ئۈستىگە — ئەمىر تىمۇرنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئىككىيلەن پەسكە چۈشتى. پايلاقچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇدا ئىدى. ئۇلاردىن ئۆتتۈۋىدى، ئۇلارنى ئىككى قارا كىيىملىك كىشى كۈتۈۋالدى. ئۇلار ئەمىر تىمۇرنى ئاركىنىڭ قېشىغا كەلتۈردى. ئاركنىڭ دېرىزىلىرى ئوچۇق ئىدى. ئەمىر تىمۇر ئۇلاردىن:

— مېنى قەيەرگە ئېلىپ بارىسىلەر؟ — دېگەنىدى، ئۇلار كۈلۈشتى - دە، ئۇنىڭغا ئىلتىپاتلار قىلىپ، قولىدىن تۇتقان پېتى يەتتە دەرۋازىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھەممە دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىپ

ئاندىن بىر ئۆيگە ئەكەلدى. ئۆيگە رەڭمۇرەڭ پالاسلار سېلىنغان، تۈرلۈك - تۈرلۈك تۆشەكلەر قويۇلغانىدى. ئۇلار دەرھال ئالتۇن قەندەللەرگە شام ئورنىتىپ يېقىۋېتىشتى. ئاندىن كېيىن قارا كىيىملىك كىشى ئەمىر تېمۇرگە:

— سىزنى بۇ مۈشكۈللۈكلەردىن قۇتۇلدۇرغان كىشى — مەن ئۆتكەندە سىز بىلەن شەترەنج ئوينىغان سىرايىمۇلۇك ئايىم بولىمەن، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ساھىبقىران:

— سىنىڭ ئىشقىڭدا كۆپ بالالارغا گىرىپتار بولدۇم. ئەلھەمدۇلىللا، ئەمدى ۋىسالىڭ بېغىنىڭ مېۋىلىرىگە ئېرىشىدىغان بولدۇم، — دەپ خۇشال بولدى.

جانى كىم جانانىنى ئوچۇق سۆيسە جانان سۆيەر،
جانى ئۈچۈن كىمكى جانانىن سۆيەر جانىن سۆيەر.
ھەركىمنىڭ ئالەمدە مىقدارىچە دۇر تاۋىقىدا مەيىل،
مەن لەپ جانا نىمە ھوزراپ ھايۋانىن سۆيەر.

ئاندىن ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭغا ئۆزىنى تونۇشتۇردى. شۇنداق قىلىپ ئىككىسى غەم ۋەھەسرەتنىڭ دىيارىنى بۇزۇپ، مەئىشەتنىڭ ئوتاقىنى تۈزۈپ، بىر قانچە كۈن ئەيش - ئىشرەت قىلىشتى.

بىر كۈنى كېچىسى بوراقخان تام ئۈستىگە چىققانىدى، سىڭلىسىنىڭ ئۆيىدە يېنىۋاتقان چىراغقا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ ھەيران بولغان ھالدا تامدىن تامغا ئۆتۈپ خانىمچىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئىشىكتىن مارىلىدى. ئۇنىڭ سىڭلىسى بىلەن ئەمىر تېمۇر ئىككىسى بىر بولۇپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى. بوراقخان قۇللىرىدىن ئون كىشىنى بۇ ئۆيگە قاراشقا مەسئۇل قىلدى.

خانىمچە نامازدىن كېيىن ئىككى تەرەپكە سالام قىلىۋېتىپ، دۈپۈر - دۈپۈر قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى. ئىشىككە چىقىپ قارىۋىدى، ئىشىكنىڭ ئالدىغا يىغىلغان كىشىلەرنى كۆردى. خانىمچە دەرھال:

— نامىزىڭدىن تۇر! — دەپ توۋلىدى ئەمىر تېمۇرگە. زادى بولماي قالدى. ئەمىر تېمۇر نامازدىن تۇرۇپ بولغۇچە پايلاقچىلارنىڭ زەربىسى بىلەن 70 يەردىن ياردار بولدى ۋە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ئۇلار «ئۆلدى» دەپ مۇقىملاشتۇردى. ئۇلار ئەمىر تېمۇرنى ئايىغىدىن سۆرىگىنىچە شەيخ ھۈسەيىن خىرزىنىڭ مەيدانىغا ئاپىرىپ تاشلىدى.

بوراقخان بىر قۇلىغا:

— خانىمچىنى ئاستا بىرىنى تۇتۇپ، شەھەرنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈر! بۇنى ھېچكىم تۇيمىسۇن، چۈنكى مەن نومۇس قىلىمەن. يامان ئاتاقا پاتماي، — دەپ بۇيرۇدى.

قۇل خانىمچىنى ئاتنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتۈرۈپ بىر دەشتكە ئېلىپ چىقتى. خانىمچە قۇلنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېتىدىغانلىقىنى چۈشەندى - دە، ئاستاغىنا قۇلنىڭ يېنىدىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ بويىنىغا شۇنداق ئۇردىكى، بېشى ئالمىدەك ئۈزۈلۈپ، تېنى ئاتتىن تام يىقىلغاندەك ئۆرۈلۈپ چۈشتى - دە، ئۆلدى. خانىمچە بۇ قۇلنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ ئاتقا مىندى - دە، بەخىرامان قارشى شەھىرىگە يول ئالدى. ئىككى كۈندە قارشىغا كېلىپ، ئۇ يەردىن سەبىز شەھىرىگە يول ئالدى. يولدا ئېتى چارچاپ ئۆلدى. خانىمچە يولنى پىيادە داۋاملاشتۇردى. «ياغاچلىق» دېگەن يەرگە يەتكەندە بىر سېرىق يۈزلۈك كىشىنى ئۇچراتتى. ئۇ ئادەم قويچىلار بىلەن بىللە ناھايىتى زور بىر توپ قوينىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. بۇ كىشى تورغاي باتۇر ئىدى. خانىمچە دەرەخزارلىق ئارىسىدا كېلىۋاتاتتى. بىر تال شاخ بېشىغا تېگىپ كېتىپ، بېشىدىن بۆكى چۈشۈپ كەتتى - دە، بېشىدىكى چاچلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. تورغاي باتۇر كۆرۈپ قېلىپ:

— قەيەردىن كەلدىڭ، كىم سەن؟ — دەپ سورىدى.

— تورغاي باتۇرنىڭ كېلىنى بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى خانىمچە.

تورغاي باتۇر ھەيران قالدى. خانىمچە بولغان ئىشلارنى تورغاي باتۇرغا بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. تورغاي باتۇر بۇنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى-دە:

— ئەي كېلىن بالام، ئەمىر تېمۇر مېنىڭ ئوغلۇم بولىدۇ. ئىككى يىل بولدى، مەن ئۇنى تاپالماي سەرسان، — دېدى ۋە كېلىننى ئىززەت-ئىكرام بىلەن ھويلىغا ئەكىردى. بىر ئۆينى ئۆكچە ئۇنىڭغا بەردى. بىرقانچە چاكارنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە قويدى. ئاندىن كېيىن بوراقخانغا قارىتىپ بىر نامە يازدۇردى. نامىدە: «بىزنىڭ ئوغلىمىز بۇخاراغا بېرىپ، ئاتاڭنىڭ ئالدىدا سىڭلىك بىلەن شەترەنج ئوينىغان. ئاتاڭ توختام بويىچە قىزنى ئوغلىمىزغا بېغىشلىغانىكەن. ھازىر سىرايىمۇلىك خانىمچە ساق-سالامەت بۇ يەرگە كەلدى. ئەمدى ئەمىر تېمۇرنى ساق-سالامەت بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئەۋەت! بولمىسا گورىكان لەشكىرى بىلەن بېرىپ بۇخارانىڭ تۇپرىقىنى كۆككە سورۇيمىز. ئەمىر تېمۇرنى تېزلىك بىلەن ماڭدۇرۇۋەت» دېيىلگەنىدى.

نامە تېزلىك بىلەن بوراقخاننىڭ قولىغا تەگدى. ئۇ نامىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن ھەيران بولدى ۋە ساراسىمىگە چۈشتى. ئۇ: «بۇ ئىشلارنى مەن بىلمەپتىمەن، ئۇنىڭ تورغاي باتۇرنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىدىن زادىلا خەۋىرىم بولماپتۇ. ئەمىر تېمۇرنىڭ ئۆلۈك-تىرىكلىكىدىن نام-نىشان يوق» دەپ ئەندىشىدە قالدى ۋە تەرەپ-تەرەپكە ئادەم چىقىرىپ ئىزدەشكە چۈشتى.

ئەمىر تېمۇر شەيخ ھۈسەيىن خىزرىنىڭ مەيدانىدا ھالسىزلىنىپ ياتاتتى. يېرىم كېچىدە شەيخنى يوقلاپ قايتقان مۇرىتلار ئۇنى كۆرۈپ قالدى-دە، كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكەلدى ۋە ئۇنىڭغا ئوبدان قاراشتى. 40 كۈن بولغاندا ئەمىر تېمۇرنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى. كېيىن ئۇنى شەيخنىڭ خىزمىتىگە كەلتۈردى، شەيخ ئەمىر تېمۇرگە ئىلتىپات كۆرسەتتى.

## دۇنباي باتۇرنىڭ ئەمىر تېمۇرنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى، سىڭلىسىنىڭ ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنلىكى

شۇ چاغلاردا ئۆرگەنچنىڭ ھاكىمى ھەسەن سوپى ئىدى. ئۇنىڭ دۇنباي باتۇر ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ دائىم ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ بىر قۇشى بولۇپ، چاڭگىلىدا تۆگىنى كۆتۈرەلەيتتى. دۇنباي باتۇر يالغۇز كېلىپ بۇخارا ئەتراپلىرىدا ئوۋ ئوۋلاپ قايتاتتى. بىر كۈنى «دۇنباي باتۇر كېلىۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارالدى.

بوراقخان ئەمىر تېمۇرنى ئىزدەش ئۈچۈن بىرقانچە ئادىمىنى ئاتقا مىندۈرۈپ ئەۋەتتى. شەيخ ھۈسەيىن شۇ چاغدا ئۆزبنىڭ ئېتىكاپخانىسىدا ئىدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ:

— بىر ئات ئەكىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. خىزمەتچىلىرى دەرھال بىر ئاتنى كەلتۈرۈشكەندىن كېيىن، ئۇ ئەمىر تېمۇرغا قاراپ:

— ئەمىر تېمۇر، سەن خاننىڭ ئالدىغا بارغىن! — دەپ بۇيرۇدى.

ساھىبقىران شەھەر دەرۋازىسىدىن تاشقىرى چىققاندى، يولدىن ئازدى. ھەرقانچە قىلىپمۇ قوشۇننى تاپالمىدى. كۈن چۈش بولۇپ ھاۋا بەكمۇ ئىسسىپ كەتكەچكە ئۇ ئۇسساپ كەتكەندى. ئەتراپىغا قاراپ يىراقتا بىر نەرسىنىڭ پارقىراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە يېقىن بېرىپ قوزۇق ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن بىر قارا ئاتنى كۆردى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر نەيزە يەرگە سانجىقلىق تۇراتتى. سىپىدا كۆكارچىننىڭ ئومۇرتقىسىغا ئوخشاش ئالماس كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ يەردە يەنە بىر پالۋان يىگىت ياتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئالتۇن قۇببىلىك دۇبۇلغىسى تۇراتتى. ساھىبقىران ئاتنىڭ غانجۇغىسىدا تۇرغان بىر

قىلىۋەتتى. لېكىن ئەمىر تېمۇرگە زىيان يەتكۈزەلمىدى. ئەمىر تېمۇرمۇ قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىغان ھالدا شۇنداق ئۈردىكى، دۇنباي باتۇر ئاتتىن يەرگە ئاغدۇرۇلۇپ چۈشتى. ئەمىر تېمۇرنىڭ قىلىچى ئۇنىڭ يەلكىسىگە تۆت ئىلىك پاتقانىدى. دۇنباي باتۇر قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ئەمىر تېمۇرنىڭ ئېتىنىڭ تۆت ئايىغىنى كېـ سىۋەتتى. ئىككىلا باتۇر قەھر بىلەن ئېلىشىپ كەتتى. ھەر ئىككىـ سىنىڭ ساۋۇتلىرى بىر - بىرىنىڭ زەربىلىرى تۈپەيلىدىن ئۇشـ تۇلۇپ كەتتى. ئىككىلا پالۋان ھەربىي ماھارەت جەھەتتە بىر - بىرىدىن قېلىشمىدى. غەيرەت بىلەن بىر - بىرىنىڭ ياقىلىرىدىن ئېلىشىپ تالاشقا چۈشتى. ھەر ئىككىيلەن تەرگە چۆمۈپ كەتتى. ئەمىر تېمۇرنىڭ بېشى دۇنباي باتۇرنىڭ قولتۇقىدا ئىدى. چۈنـ كى ئۇنىڭ بويى پاكارراق ئىدى. ساھىبقىران پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئېلىشا - ئېلىشا، كۈن كەچ بولدى. دۇنباي باتۇرنىڭ دو- را يەيدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغانىدى. دۇنباي بۇنى ئەسكەرتمـ ۋىدى، ئەمىر تېمۇر ئاندىن ئۇنىڭدىن ئاجرالدى. دۇنباي باتۇر يەنە ئۇن مىسقالچە تەرياق يېدى ۋە ئەمىر تېمۇرگە:

— سەنمۇ يېگىن، — دېگەنىدى، ئەمىر تېمۇر ئۇنىمىدى. دۇنباي باتۇر:

— ئەي يىگىت، بۇنىڭدا ئاجايىپ كارامەت بار. سەن بىلمەيسەن، — دەپ ئالدىدى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىـ نىپ تەرياقتىن يېدى. دۇنباي باتۇر:

— كەيپىنى سۈرەي دېسەڭ سۇ ئىچكىن! — دەپ ئۆگەتتى. ئۆزىمۇ پىيالىگە سۇ تولدۇرۇپ ئىچكەن كىشى بولۇپ، ئىچمەي ئولتۇردى. ئەمىر تېمۇر كەينى - كەينىدىن ئىككى پىيالە سۇنى ئىچىۋەتتى. بىر سائەت ئۆتە - ئۆتمەي ئۇنىڭ ئاغزى قۇرۇپ كەتتى. يۈرىكى ئاغرىپ تولىمۇ ماغدۇرسىزلاندى. دۇنبايدىن دەم ئېلىشنى سورىۋىدى، دۇنباي ئۇنىمىدى. ئەمىر تېمۇر چىن كۆڭلى بىلەن تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ تىلەندى.

ئايا پەرۋەردىگارىم بىرۇ بارىم،
ساڭا مەلۇم نىھان ۋە ئاشكارىم.
ئۆزۈڭ بەرگىن ماڭا مۇندىن نىجاتنى،
مۇناجاتىم قوبۇل ئەت ئۇشبۇ زارىم.

شۇ ۋاقىتتا غايىبتىن بىر قول پەيدا بولۇپ، دۇنباينى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. دۇنباي:

— ئەي يىگىت، بۇ نىمە ئىش؟ — دەپ سورىغانىدى، ئەمىر تېمۇر:

— تۇرغىن، ئاتاڭ ھەسەن سوپىنىڭ خىزمىتىگە بارغىن، بۇخارا ئادەملىرىگە ئازار بەرمىگىن، — دېدى.

— تەلىپىم بار! — دېدى دۇنباي ئەمىر تېمۇرگە.

— ئېيتقىن!

— ئەمدى كىشىگە دېمە! — دېدى-دە، ئەمىر تېمۇردىن بۇ ھەقتە قەسەم ئالدى، — بۇ خەنجەرنى، — دېدى دۇنباي ئەمىر تېمۇرگە خەنجەرنى سۇنۇپ تۇرۇپ، — ئالغىنىدە، ماڭا سال، بېشىمنى تېنىمدىن ئايرىغىن، ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭ مەن سېنى ئۆلتۈرىمەن! ئەمدى ماڭا تىرىك يۈرۈش نومۇس!

— ئەي باتۇر، بۇ يەردە ئىككىمىزنىڭ ئىشلىرىنى — باشقا ھېچكىم كۆرمىدى. مەن ساڭا كىشىگە ئېيتماسلىق ھەققىدە قەسەممۇ قىلىپ بەردىمغۇ؟ — دېدى ئەمىر تېمۇر. ئەمما دۇنباي باتۇر ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئەجىلى يەتكەنىكەن. شۇڭا نەسىھەت كار قىلمىدى. ئاخىرى ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن ئايرىپ تاشلىدى-دە، ئۇنىڭ ئات، نەيزە، خەنجىرىگە قارىماي، ناھايىتى خاپا ھالدا بۇخاراغا قايتىپ كەلدى. بوراقخانىنىڭ قوشۇنلىرىمۇ دۇنباينى تاپالماي قايتىپ كېلىشمەكتە ئىدى. ساھىبقىران ۋەدىسىدە تۇرۇپ، بۇ ئىشنى ھېچكىمگە سۆزلىمىدى. ئەمدى بۇ سۆزنى ئاڭلايلى:

ئەرباب دېگەننىڭ سەيدۇللا، ئەسئەدۇللا دەپ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئىككىيلەن خوجا ئوبان مازىرىنىڭ زىيارىتىگە كېتىۋېتىپ بىر سايلىقتا كەلگەندە بىر توپ قاغىلارنىڭ تاقىلداشقىنىنى ئاڭلاپ قېلىشتى. قاغىلارنىڭ بىرقانچىسى ئۇچسا، بىرقانچىسى چۈشەتتى. ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قاراشتى ـ دە، «كۆرۈپ باقايلى» دېيىشىپ بېرىپ، قانغا مىلىنىپ ياتقان دۇنباي باتۇرنى كۆرۈشتى. ئۇنىڭ ۋاپادار ئېتى ئىگىسىنى قوغداپ قۇشلار ۋە يىرتقۇچلارنى يېقىن كەلتۈرمەي، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

بۇلار دۇنباي باتۇرنى تونۇپ قېلىشتى. «خاننىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، دۇنباينى بىز ئۆلتۈردۇق دەپ مۇكاپات ئالايلى» دېيىشىپ، ئۆلۈكنى ئاتقا ئارتىپ، بوراقخاننىڭ قېشىغا كەلتۈردى. ناھايىتى كۆپ يالغان گەپلەرنى قىلدى. خان: «دۇنباي باتۇرنىڭ بېشىنى دارغا ئېسىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. لېكىن ئۇنىڭ ئېتىنى ھېچكىم مىنەلمەي زەنجىر بىلەن باغلاپ قويدى. خان سەيدۇللا بىلەن ئەسئەدۇللانى تۈمەن بېشى مەنسىپىگە تەيىنلىدى.

بۇ خەۋەر كېيىنچە خارازىمگە — ھەسەن سوپىغا ئاڭلاندى. ئۆرگەنچلىكلەر ئۈچ كۈن ماتەم تۇتتى. ئۆرگەنچلىكلەر:

— بۇخاراغا بارىمىز! — دەپ تۇرۇۋېلىشقانىدى. ھەسەن سوپى توسۇپ قويدى.

دۇنباي باتۇرنىڭ بىر سىڭلىسى بار ئىدى. ئاكىسى بۇخارا تەرەپكە سەيلىگە ماڭغان كۈنى ئۇمۇ ئاتقا مىنىپ خوراسان تەرەپكە سەيلىگە ماڭغانىدى.

دۇنباينىڭ سىڭلىسىمۇ ناھايىتى باتۇر، كۈچلۈك ئىدى. ئىسمى كامالئاي بولۇپ، شۇنداق گۈزەل ئىدىكى، 14 كۈنلۈك تولغان ئايغا ئوخشايتتى. لەۋلىرى مارجاندەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك بولۇپ، ئۆزى شوخ قىزلاردەك ئىدى. ئۈستىگە ئەرەنچە

كېيىم، بېشىغا بۆك كىيىپ، بۇدۇر - بۇدۇر چاچلىرىنى كىشىلەردىن يوشۇرۇپ ياسىناتتى - دە، دائىم غازات ئۈستىدە يۈرەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ باتۇرلۇقىدىن قورقۇشاتتى. كامالىئاي دائىم چەتلەردىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، كۆپ ئولجىلارنى قولغا كەلتۈرگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا «ئولجاي تۈركان» دەپ لەقەم قويۇشقانىدى.

ھەسەن سوپى ئوغلى دۇنيانىڭ ئۆلگىنىنى ئۇنىڭ سىڭلىسى كامالىئايغا ئاڭلاتماسلىق ئۈچۈن يۇرتقا «دۇنياي ئۆلدى دەپ ھېچكىم سۆزلىمىسۇن!» دېگەن مەزمۇندا جاكا چىقاردى.

ئولجاي تۈركان كۆپ ئولجىلارنى ئېلىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھېچكىم ھېلىقى ۋەقەنى سۆزلىمىدى. ئۇ ئاكىسىنى سورىغانىدى. «بۇخاراغا كېتىپ قايتىپ كەلمىدى» دېيىشتى. ئولجاي تۈركان:

— ئۇنىڭغا نېمە ھادىسە بولغاندۇ؟ تېخىچە كەلمەپتۇ. مەن ئالدىغا باراي، — دېگەنىدى، دادىسى رۇخسەت قىلمىدى. قىزمۇ ئۇنىمىدى.

بىر كۈنى بۇ قىز ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگىنىدە بىر مەست بۇرغا تۆگە ئۇنىڭغا شالىنى چېچىپ خىرىس قىلدى. ئۇنى چوماق بىلەن بىرنى ئۇرۇۋىدى، ئۆلدى. تۆگىنىڭ ئىگىسى بولغان ئەرەب ئولجاي تۈركانغا:

— باتۇر بولساڭ بۇخاراغا بار، ئاكاڭنىڭ بېشى بۇخارادا ئېسىقلىق تۇرىدۇ. ئاكاڭنى مېنىڭ تۆگەم ئۆلتۈرگىنى يوق، زورلۇقنى شۇ يەرگە بېرىپ قىلغىن! — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئولجاي تۈركاننىڭ كەيپى بۇزۇلدى - دە، زار - زار يىغلاپ ئاتىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— مەن بۇخاراغا بېرىپ ئاكامنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىمەن، — دېدى ۋە ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىغا ئىشىنىپ، كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈزگە ئۇلاپ بۇخاراغا يەتتى. دەرۋازىغا يېقىن

بىر ئېرىقنىڭ بويىدا توختىدى. بۇ يەردە ئۇ دۇنياي باتۇرنىڭ
ئېتىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. ئات زەنجىر
بىلەن باغلاقلىق ئىدى، يېنىغا ھېچكىم كېلەلمەيتتى، كىم كەلسە
ئات ئۇنى ھالاك قىلاتتى. قىز ئاتنىڭ ئالدىغا بارغانىدى، ئات
ئۇنى تونۇپ جىم بولدى. قىز ئاتنى سىلاپ ـ قاشلاپ، ئېگەر-
لىدى ۋە مىنىپ رىگىستانغا باردى. باقاۋۇللار ئۇنى كۆرۈپ بو-
راقخانغا: «بىر يىگىت كېلىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر قىلدى. بوراقخان
ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، كۈرسىغا ئولتۇرۇپ تۇرۇۋىدى،
قىز ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، قارىمۇقارشى بولۇپ، تىز پۈكۈپ
ئولتۇردى ـ دە، بولغان ۋەقەلەرنى چۈشەندۈرۈپ:

— ئاكامنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى تەلەپ قىلىمەن! — دېدى.

بوراقخان ھېلىقى ئىككى يىگىتكە ئادەم ئەۋەتىپ چاقىر-
تىپ كەلدى.

قىز ئۇلارنى كۆردى ـ دە:

— بۇلاردا ئاكامنى ئۆلتۈرەلىگۈدەك كۈچ يوق، —
دەپ رەت قىلدى. بوراقخان:

— بۇلار ئۆزلىرى دۇنيانى ئۆلتۈردۇق دېگەن. بۇنىڭدىن
باشقا قاتىلنى قەيەردىن تاپىمىز؟ — دېدى.

— ئەي پادىشاھ، چوڭ ـ كىچىك ھەممىگە بۇيرۇڭ. ئۇلار
مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆتسۇن. ئاكامنىڭ قاتىلىنى ئۆزۈم تونۇۋال-
مەن، — دېدى ئولجاي تۈركان.

خان پۈتكۈل بۇخارا شەھىرىنىڭ ئاھالىسىنى يەتتە ياشتىن
70 ياشارغىچە قىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە بۇيرۇدى. ئۈچ
كۈنگىچە نۇرغۇن كىشىلەر ئۆتتى. قىز ئالدىدىن ئۆتكۈچىلەرگە
نەزەر سالدى ۋە:

— بۇ تۈرك، بۇ تاجىك، بۇ ئەرەب، بۇ ئەجەم، بۇ بوزچى،
بۇ كۆنچى، بۇ تۆمۈرچى، بۇ كۆمۈرچى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاكام-
نى ئۆلتۈرگەن كىشى يوق، — دېدى.

قىز كۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە ھەيرانە ئاپىرىن ئوقۇشتى. ئۈچىنچى كۈنى ئەمىر تېمۇر «مەنمۇ ئۇنىڭ نەزەرىدىن ئۆتەيمۇ-ئۆتمەيمۇ» دەپ ئويلاپ كېتىۋاتاتتى. قىزنىڭ نەزەرى يىراقتىن ئۇنىڭغا چۈشتى. قىز ئەمىر تېمۇرنىڭ سالاپىتىگە قاراپ «ئەنە، كېلىۋاتقان ئاشۇ يىگىت ئاكامنىڭ قاتىلى. ئەمدى تاپتىم!» دېگىنىچە ساھىبقىراننىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇنىڭ نەسەبلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ كەتتى. ئەمىر تېمۇرمۇ ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ تورغاي باتۇرنىڭ ئوغلى ئەمىر تېمۇر ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. ئولجاي تۈركان:

— سەندىن ئاكامنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىمەن! — دېدى.

بوراقخان ئەمىر تېمۇرگە ياراق ۋە دۇبۇلغا، ساۋۇت بەردى. ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئېلىشىشلىرىنى تاماشا قىلىشقا ئولاشتى. ئولجاي تۈركان:

— ئىككىمىز قەدىمكى پالۋانلاردەك ئېلىشىمىز، بىر-بىرىمىزگە ئوق ئاتمايمىز، ئوق ئاتساق تاماشا قىلغۇچىلارغا تېگىپ كېتىشى مۇمكىن! — دېدى.

ئۇلار قوللىرىغا نەيزە ئېلىشتى. ئەمىر تېمۇر چاققانلىق بىلەن قىزنىڭ نەيزىسىنى ئۇرۇپ سۇندۇردى. قىز قولىغا قىلىچ ئېلىپ ئەمىر تېمۇرگە سالغانىدى، قىلىچ ساۋۇتتىن ئۆتۈپ ئەمىر تېمۇرنىڭ يەلكىسىنى بىر ئازيارا قىلدى. ساھىبقىرانمۇ قىلىچنى كۆتۈرۈپ بېشىدىن ئايلاندۇردى، بىراق ئۇرماستىن توختىۋالدى. ئولجاي تۈركان:

— نېمىشقا قىلىچ ئۇرمىدىڭ؟ — دەپ سورىغانىدى، ساھىبقىران:

— سەن قىزسەن. بېشىڭغا قىلىچ ئۇرسام، سىرىڭ ئاشكارا بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن ئەرلەرنىڭ قورالى خوتۇنلارنىڭ قېنى بىلەن بويالمىسۇن، — دېدى.

قىز قورالنى تاشلاپ، ئەمىر تېمۇرنىڭ ياقىسىدىن ئالدى، بۇلار كەچكىچە ئېلىشتى. ئولجاي تۇركان ئەمىر تېمۇرنى كۆتۈرۈپ، بوراقخاننىڭ راۋىقىنىڭ تۈۋىگىچە قىستاپ باردى. بوراقخان ئېڭىشىپ قاراپ ئولتۇرغانىدى، ئەمىر تېمۇرنىڭ دۈمبىسى بوراقخانغا تەگدى. ئەمىر تېمۇر بىر سەكرەپ يەرگە چۈشۈپ، بوراقخاننى ۋە ئولجاي تۇركاننى قوشۇپ كۆتۈرگىنىچە بىرقانچە قەدەم يەرگە ئاپىرىپ، ئۇلارنى ئاستا يەرگە دەسسىتىپ قويدى.

ئادەملەر ئارىسىدا ئاپىرىن ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. ئولجاي تۇركان ئەمىر تېمۇرنىڭ قولىنى سۆيدى ۋە:

— مەن ئۆزۈمنى ساڭا بېغىشلىدىم، — دېدى. ساھىبقىران:

— ئاتا-ئاناڭنىڭ ئالدىغا بارغىن، مەن سېنى توي-تاماشا بىلەن ئالاي، — دېدى. ئولجاي تۇركان خارازىمگە قايتىپ كەتتى.

تورغاي باتۇر بوراقخانغا نامە يازغانىدى. بوراقخان ئەمىر تېمۇرنى ھەرقانداق ئىزدەپمۇ تاپالمىغانىدى. بۇ ئىشنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇنى تېپىۋالدى. خان ئۇنىڭغا پاكىز كىيىملەرنى كىيدۈردى ۋە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى.

تورغاي باتۇر ئوغلىنى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئاتا-بالا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئەمىر تېمۇر سەبىز شەھىرىدە خانىمچىنىڭ دىدارىغا ئېرىشتى.

— توي تەييارلىقىنى، — دېدى تورغاي باتۇر ئوغلىغا، — ئوبدان قىلىپ خانىمچە بىلەن بۇخاراغا بارايلى. ئاۋۋال بايان قۇلى خاننىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئاندىن يۇرتقا توي قىلىپ بېرەيلى.

ئەمىرتېمۇر ماقۇل بولدى. تويغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ ئەمىر تېمۇر ۋە تورغاي باتۇر بۇخاراغا قاراپ يولغا چىقتى. بوراقخانمۇ ئۇلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ يولغا چىقتى.

بۇخارادا قىرىق كېچە - كۈندۈز توي بولدى.

بوراقخان مەست بولۇپ قالغانلىقتىن:

— ئەي تورغاي باتۇر، سېنىڭ ئاتاڭ نويانلاردىن ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ «مەنسىپى تۆۋەن» دېمەي ساڭا سىڭلىمنى بەردىم،— دېدى.

باتۇر ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى. توي تامام بولغاندىن كېيىن بوراقخان تورغاي باتۇرنى چاقىرتۇردى ۋە:

— ئەي باتۇر، خانلىق ھوقۇقىنى ساڭا بېرەي، مەن ئۆيدە تىنچلىق بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزەي،— دېۋىدى، تورغاي باتۇر:

— ئەي خان، سىز خانلىقنى ماڭا بەرگەن بىلەن يۇرت خالىمايدۇ،— دەپ تۇزۇت قىلدى.

— كىم ساڭا بويسۇنمىسا بېشىنى كېسىپ، قېنىنى تۆكۈمەن!— دېدى بوراقخان. بەگلەر خاندىن قورقۇپ چىڭگىزخاننىڭ قائىدىسى بويىچە كىيىپ، تورغان باتۇرغا دۇئا قىلىشتى. تورغاي باتۇر سەلتەنەت شارابىنى ئىچتى. تورغاي باتۇر يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سورىدى. شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمالاردىن بىرى شۇنداق دېگەنىدى: «دۆلەت قۇشى چاغاتاي ئەۋلادىدىن كېتىپ، قاراچار نويان ئەۋلادىغا قوندى. ئەمدى ئۇلار تەرەققىي قىلىدۇ. ئەمدى ئەمىرلىك ۋە بەگلىكنىڭ نۆۋىتى ئەمىر تېمۇر ساھىبقىراننىڭدۇر».

## سېيىت ئاتىنىڭ شاراپىتىدىن قالماقلارنىڭ مۇسۇلمان بولغىنى ۋە تورغاي باتۇرنىڭ قىپچاق دەشتىگە بېرىپ بۇ دۇنيادىن ئۆتكەنلىكى

ھەزرىتى خۇداۋەندەم ياخشى - يامانلىقنىڭ كارامەت تونىنى ۋە ئابدىيەتنىڭ كىيىملىرىنى كىملەرنىڭدۇر بويىغا مۇناسىپ قىلىدۇ ۋە كىملەرنىڭدۇر قەددى قامىتىگە لايىق قىلىدۇ.

يەنە كىملەرنىدۇر زالالەت تونىدىن، جاھالەت چۆلىدىن كەلتۈ-
رۈپ، ئىمان - ئىسلامنىڭ قۇياشى بىلەن مۇنەۋۋەر قىلىدۇ،
شەرىئەتنىڭ شاراپەتلىك سۇلىرىدىن بېرىدۇ. بۇ ھەقتە رىۋايەت-
لەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ.

ھەزرىتى سىيىت ئاتا رەھمەتۇللا ئەلەيھىنىڭ مۇبارەك
ئىسىملىرى سىيىت ئەھمەد ئىدى، يۇرت خەلقى ئۇنى «سىيىت
ئاتا» دېيىشىپ مەشھۇر قىلىشتى. روسۇل ئەلەيھى ئەكرەم سەل-
لەللاھى ۋەسسەللەم بۇ زاتنى مىئراج كېچىسى ھېكىم ئاتىنىڭ
مۇبارەك روھلىرىغا تاپشۇرغانىدى. سىيىت ئەھمەد دېگەن بىر
قابىل زات بىزنىڭ ئەۋلادىمىزدىن تۇغۇلسا كېرەك. ئۇ يەتتە
يېشىدا خارەزىمدىن بۇخارايى شەرىفكە بېرىپ 20 يىل ئىلىم
ئىگىلىدى. بايان قولى خاننىڭ زامانىدىن تارتىپ شەيخۇلئاللەم
بىلەن ھەزرىتى سىيىت ئاتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرئاز كۆڭۈل
ئاغرىقى ئۆتكەنىدى. بايان قولى خان شەيخۇلئاللەمگە يان بېسىپ،
ھەزرىتى سىيىت ئاتىنى شەھەردىن ھەيدىگەنىدى. سىيىت ئاتا
تۆگىگە مىنىپ دەريا ياقىسى بىلەن تاشكەنتكە قاراپ كېتىۋاتاتتى.
خارەزىمدىن كېلىۋاتقان بەدرى ئاتا، سەدرى ئاتا، ئۇزۇن ھەسەن
ئاتا يولدا بۇ كىشىگە قوشۇلدى. تۆت كىشى ھەمراھ بولۇپ،
بىر - ئۇستاز ئىزدەپ تاشكەنتكە بىر تاش كېلىدىغان جايغا
كەلدى. بۇ يەردە بەدىنى، يۈزى كۆمۈردەك قارا بىر كىشىنى
كۆرۈشتى. ناماز ئوقۇۋاتقان بۇ كىشى بىرئازدىن كېيىن
ئۇلاردىن:

— ئەي يىگىتلەر، سەپىرىڭلەرگە مۇبارەك بولسۇن، —
دەپ ئەھۋال سورىدى.

بۇ كىشى ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ ئىتى پادا
بېقىپ تۇرغانىدى. بۇ كىشى مۇشۇ يەردە پادىچىلىق قىلىدىغان
زەڭگى ئاتا ئىدى.

ھېلىقى تۆتەيلەن:

— بىر - ئۇستاز تەلەپ تاسىپ يۈرىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

زەڭگى ئاتا ئالتە تەرەپنى پۇراپ بېقىپ ئاندىن ئولارغا:

— ئەتراپىنى شۇنچە پۇراپ كۆرگەن بولسامۇ، ئۆزۈمدىن ئەۋزەلرەك كىشىنى تاپالمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

شۇزامات بەرى ئاتا، سەدرى ئاتا، ئۇزۇن ھەسەن ئاتا ئۇ كىشىگە مۇرىت بولۇشتى. سىيىت ئاتا بىرئاز تۇرۇپ قالدى. كۆڭلىدە: «ھەبەشكە ئوخشايدىغان قارا كىشىگىمۇ ئىخلاس قىلغىلى بولامدۇ؟» دەپ بىرئاز گۇمانلىنىپراق ئاندىن مۇرىت بولدى. زەڭگى بوۋا بۇ رۇبائىينى ئوقۇدى:

ئەي دوستلىرىم كېلىپ ماڭا باق،
ئەزايىم قارادۇر، لېكىن كۆڭلۈم ئاق.
ئەتراپتىن تاپمىدىم ئىسىل پۇراقنى،
بۇ بەندىدىن ئۆزگىسىنى ياخشىراق.

ھېلىقى ئۈچ كىشىنىڭ ئىشى ئالغا باسقىلى تۇردى. سىيىت ئاتىنىڭ ئىشى ياخشى بولمىدى. سىيىت ئاتا شەك كەلتۈرگىنىگە پۇشايمان قىلىپ، ئاخىرى زەڭگى ئاتىنىڭ ئايالى ئەنبەر ئانىغا: «پىرىم ماڭا ئىلتىپات قىلمىدى» دەپ ھال ئېيتتى. ئەنبەر ئانا خارەزىم بۇرھانىنىڭ قىزى ئىدى. ئەنبەر ئانا ئۇنىڭ تەلىپىنى زەڭگى ئاتىغا يەتكۈزدى. ھەزرىتى زەڭگى بوۋا:

— ئۇ موللىلىقىغا ۋە تەقى - تۇرقىغا مەغرۇرلاندى، — دەپ ئاغرىندى.

ئاخىر ئەنبەر ئانىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن سىيىت ئاتا بىر قارا گىلەمگە يۆگىنىپ، زەڭگى ئاتا ماڭىدىغان يولدا يېتىۋالدى. زەڭگى ئاتا كېچىسى بۇ يولدا كېلىۋېتىپ سىيىت ئاتىنىڭ كۆك-رىكىنى دەسسىۋالدى. سىيىت ئاتا مىدىرلىغانىدى، زەڭگى ئاتا

كۆرۈپ قالدى ـ دە، كـۈلۈپ قويـدى. بۇ كېچىسى ھاۋا سوغـۇق بولۇپ، قار ياغقانىدى. سېيىت ئاتا كۆكرىكىگە بىر قۇمغان سۇنى ئېلىپ ياتقانىدى. زەڭگى ئاتىنىڭ چۈشكەن قەدىمىنىڭ ئىسسىقى بىلەن سۇمۇ ئىسسىپ كەتتى. سېيىت ئاتا بۇ سۇنى دەرھـال زەڭگى ئاتىغا سۇندى. زەڭگى ئاتا مەرھەمەت كۆزى بىلەن بىر قاراپ قويـدى. شۇنىڭدىـن كېيىن سېيـت ئاتا ئالغا باسقىلـى باشلىدى.

بىر كېچىسى سېيىت ئاتا چۈش كۆردى. چۈشـىدە، قىپچاق دەشتىدىن بىر قارا سەل ئالەمنى بېسىپ كەلـدى. ئۇ دۇئا قىلىـ ۋىدى، قارا سەل ئاق سەلگە ئۆزگـەردى. ئاندىـن كېيـىن قارا قۇرۇمدىن بىر ئەجدىھا چىقـىپ مـاۋرائۇننەھىرگە كېلىپ ئالەمنى خـاراب قىلـدى. ئاندىـن ئاق سەلدە 26 ئەلەم پەيـدا بولدى. ھەر بىر ئەلەمنىـڭ ئارقىسىدىـن 16 مىڭگۈزلۈك بىر ئەجدىھـا كېلەتتى.

سېيىت ئاتا بۇ چۈشنـى كۆرۈپ قورقۇپ ئويغانـدى ـ دە، زەڭگى ئاتىنىڭ قېشىغا كېلىپ كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بەردى. زەڭگى ئاتا:

ــ ئۇ قارا سەل كاپىر قىپچاقلارنىڭ قوۋمىدۇر. سىزنىـڭ كارامىتىڭىز بىلەن مۇسۇلمان بولىـدۇ. 26 ئەلەم ئۇلاردىن 26 بەگ چىقىدىغانـلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەجدىھالار بولسا تالماقلار-نىڭ جامائەسىدىن بـولىدۇ. ماۋرائۇننەھرنى ئىشغال قىلىـدۇ. تۈركلەردىن ساھىبقىران ئالەمگـە تۇرىلـىدۇ. ئىسمىنى ئەمىرتىمـۇر دەيدۇ. ئۇ ئاشۇ ئۈلكىلەرنى ۋە يەتتە ئىقلىمنـى ئۆزگـە بېقىنـ دۇرىدۇ. رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ شەـ رىئەتلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ. ئۇ ئەۋلادىدىن ئەۋلادىغا قەدەر سەلـ تەنەت سۈرىدۇ. ئۇنىڭدىـن كېيـىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان خاننىڭ لەقىمىنـى خـەلىپە تـۇل راھمان دەپ ئاتايدۇ. يەنە بىرقـانچە

زاماندىن كېيىن قالماقلار ھاكىمىيەت سورايدۇ. ئۇلارنىڭ بويى يەتتە گەز كېلىدۇ. ئۇلار ناھايىتى ھېيلىگەر بولىدۇ. ئۇلاردىن 18 كىشى پادىشاھلىق قىلىدۇ. يەنە زامانلار ئۆتۈپ دەججال ئەلەيھىن لەئىنە كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ... — دەپ تەبىر بەردى. زەڭگى ئاتا سېيىت ئاتىغا «قىپچاق دەشتىگە بارغىن!» دەپ رۇخسەت بېرىپ بولۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئەي سەيياھ — ئەھمەد ئوغلۇم، سېنىڭ قولۇڭدا تاتار، خارەزىم خانلىرى ۋە يەنە كۆپ ئەللەر مۇسۇلمان بولغۇسىدۇر ۋە ساڭا مۇرىت بولغۇسىدۇر. ھازىر خارازىمگە جانىبېك قالماق خانلىق قىلىۋاتىدۇ. روسۇل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبىرىمىزدىن تارتىپ بۇ يۇرتلار مۇسۇلماندى. ئۇ قالماق كەلگەندىن باشلاپ ئۆزىنىڭ دىنىغە بويسۇندۇرۇۋالدى. ئەمدى مېنىڭدىن رۇخسەت. سەن ئاشۇ يۇرتلارغا بېرىپ موڭغۇل — تاتارلارنى مۇسۇلمان قىلىپ، شەرىئەتنى جارى قىل!

زەڭگى ئاتا سۆزلىرىنى تۈگىتىپ، سېيىت ئاتىغا كۇلاھ ۋە ھاسا بەردى. دۇئا — پاتىھە قىلىپ يولغا سېلىپ قويدى. بەدرى ئاتىمۇ بارماقچى بولدى. زەڭگى ئاتا شۇنچە توسقان بولسىمۇ ئۇ ئۇنىمىدى. بۇ ئىككىلەن ھەمراھ بولۇشقا ۋەدە قىلىشتى. زەڭگى ئاتا سېيىت ئاتىغا كىتابەت قىلىپ بېرىپ:

— ھەر يەردە بىر مەدەتكە مۇھتاج بولساڭ ئوقۇغىن، — دەپ تاپىلىدى.

ئىككىلەن قىپچاق دەشتىگە يۈرۈپ كەتتى. خېلى كۆپ يوللارنى بېسىپ بىر چۆلگە كەلدى. بۇ چۆل ئاشىقلارنىڭ كۆڭلىدىن ئىسسىقراق، تاش بىلەن تىزىملىرى بېخىللارنىڭ دىلىدىن قاتتىقراق ئىدى. ئۇلار ناھايىتى ئۇسساپ كەتتى. بەدرى ئاتا ماڭالماي قالدى. ئاخىرىدا جان تۇتىسى تەن قەپىزىدىن

ئۆچۈپ كېتىدىغان ھالەتكە يەتتى. شۇ چاغدا سېيىت ئاتىنىڭ يادىغا زەڭگى ئاتا بەرگەن كىتابەت كەلدى ـ دە، ئېچىپ ئوقۇپ كۆرۈۋىدى، كىتابەتتە: «بەدرى ئاتا قايسى يەردە ۋاپات بولسا، شۇ يەرگە كۆمۈڭ. شۇ يەردە بىر بۇلاق پەيدا بولىدۇ. (ھازىرمۇ شۇ بۇلاق بار، بۇ جاينى كۆيۈك دەيدۇ. تاشكەنتكە تۆت تاش كېلىدۇ.) بىرئاز كۈتۈپ تۇرساڭ، بىر توپ جامائەت پەيدا بولىدۇ. ئاندىن بەدرى ئاتىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ قوي.» دېيىلگەنىدى.

دەرۋەقە بىردەمدىن كېيىن بەدرى ئاتا ۋابات بولدى. سېيىت ئاتا گۆر كولىغانىدى، كولىغان يەردە بىر بۇلاق پەيدا بولدى. بۇلاق سۈيىدىن ئىچتى. سۇ تاتلىق ئىدى. ئۇنىڭ تەشنالىقى قاندى. ئۇ مېيىتنى ساقلاپ تۇراتتى، تۇيۇقسىز چاڭ - توزان پەيدا بولدى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن بىر توپ ئاق كىيىم كىيگەن ئادەم چىقىپ كېلىۋاتاتتى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قۇلانغا، بەزىلىرى ئارسلانغا ۋە بەزىلىرى بەبرىگە مىنگەنىدى... ئۇلارنىڭ چوڭى شەيخ ھۈسەيىن بولغارى ئىدى. ئۇلار بۇخارايى شەرىفكە كېتىۋاتقانىدى. ئۇلار بەدرى ئاتىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشتى. سېيىت ئاتا جەسەتنى كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن، بۇ يەردە ئۇلار بىلەن ئۈچ كۈنگىچە ھەمسۆھبەت بولدى. شەيخ ھۈسەيىن: «سىز بېرىپ چىنتەن تىپچاقنى مۇسۇلمان قىلىسىز» دەپ بىشارەت بەرگەندىن كېيىن، سېيىت ئاتا خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. بىر تاغنىڭ قاپتىلىغا كەلگەندە، بىر قاپلاننىڭ بىر كېيىكنى بىسۆۋىلىپ يېمەكچى بولۇپ تۇرغىنىنى كۆردى ـ دە، قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ ھەيۋە قىلدى. قاپلان كېيىكنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. كېيىك كېلىپ سېيىت ئاتىنىڭ ئاياغلىرىغا باش قويدى ۋە سېيىت ئاتىنى بىر بۇلاقنىڭ بويىغا باشلاپ كەلدى. بۇلاق بويىدا 18 ياشلاردىكى بىر

يىگىت تۇراتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى ئۆسۈپ بېلىگە چۈشكەن، تاش كەمەر باغلىغان بولۇپ، مەجنۇن سۈپەت كۆرۈنەتتى. ئۇ بېشىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. كېيىك يېتىپ كېلىشى بىلەنلا يىگىت ئورنىدىن تۇرغانىدى، سېيىت ئاتا ئۇنىڭغا سالام قىلدى. ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈردى. سېيىت ئاتا سۆز قىلسىمۇ يىگىت ئۈنچىقماي، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇۋالدى. يەنە بىر تەرەپتىن چاڭ كۆتۈرۈلدى. چاڭ ئارىسىدىن 1000 دەك قارا كىيىملىك ئالتە - يەتتە ياشلاردىكى بالا ئويناپ كېلىشمەكتە ئىدى. ئۇلار كېلىپلا يىگىتنىڭ بېشىدىن ئايلاندى. يىگىتنىڭ بويىندا بۇت بولۇپ، بالىلار بۇتقا سەجدە قىلدى. ئاندىن ئويۇنغا مەشغۇل بولۇشتى. ئوقيا ئېتىشتى، چامباشچىلىق قىلدى، چېلىشتى، دارۋازلىق قىلدى.... يىگىت ئويۇنلارغا زادىلا قارىمايتتى.

سېيىت ئاتا ھەيران بولۇپ، يىگىتتىن:

— ئەي بەگ بالىسى، نېمىشقا قايغۇلىنىپ، ئولتۇردىسىز؟ — دېدى. يىگىت يەنە ئۈنچىقمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن چاڭ كۆتۈرۈلدى. ئاندىن 10 مىڭ قارا كىيىملىك، 18 ياشلاردىكى يىگىت تولۇق قوراللانغان، ئاتلارغا مىنىشكەن، بېشىغا پولات دۇبۇلغىلارنى كىيىشكەن ھالدا يېتىپ كېلىشتى - دە، ھېلىقى يىگىتنى ئايلاندى ۋە بېشىنى ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا قويۇشتى. ئۇلاردىن بىرى:

— ئەي بەگ بالىسى، ئارغىماقلار، قورال - ياراقلار ۋە باتۇرلار بىكار تۇرۇپ قېلىشۋاتىدۇ. تۇرغىن، مەملىكەتكە قايتقىن، — دېگەنىدى، يىگىت يەنىلا ئۈندىمىدى. يەنە بىر ئازدىن كېيىن، دومبىرا تۇتقان، ھەر تۈرلۈك كىيىنىشكەن، گۈزەللىكتە رەنا گۈلدەك، زىبالىقتا يېگانە 1000 نەپەر قىز ئۇسسۇل ئويىنىشىپ يېتىپ كېلىشتى ۋە يىگىتكە:

— ئەي بەگ بالىسى — بىزنىڭ خېنىمىز، سىزگە جېنى

مىز پەيدا بولسۇن. بىز سىزنىڭ چاكىرىڭىزدۇرمىز. سىزگە قەدەھ-
لەردە هاراق - شاراب ئەكەلدۇق. بۇنداق قايغۇلىنىشىڭىز نېمە
هاجىتى؟! — دېيىشىپ كۆڭۈل ئالماقچى بولغانىدى، يىگىت
ئۇلارغىمۇ ئېلتىپات قىلمىدى. يەنە بىرئاز ۋاقىت ئۆتۈپ،
30 — 40 ياشلاردىكى، تولۇق قوراللانغان 10 مىڭ ئادەم
كەلدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن قارىلىق كىيگەن، بوينىغا بۇت
ئاسقان، ساقال - بۇرۇتلىرى ئېغىزلىرىنى قاپلاپ كەتكەن 10
مىڭ ئادەم سەپ - سەپ بولۇپ كېلىشكە باشلىدى.

سېيىت ئاتا بۇلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. كېيىن كەل-
گۈچىلەرنىڭ ئارىسىدىن بىر ئاقساقاللىق قېرى كىشى يىغلىغىنىچە
كېلىپ ھېلىقى يىگىتنى قۇچاقلىدى. بۇ قېرى كىشىنىڭ كۆزى
كۆرمەس بولۇپ قالغانىدى. ئۇ يىگىتنى قۇچاقلاپ زار - زار
يىغلىغان ھالدا:

— ئەي ئوغلۇم، مېنى قېرىغىنىمدا ئەجەبمۇ قىسلىقتا
قويدۇڭ، مىللەت ۋە مەملىكەت ئىچىدە قايغۇغا چۆكۈردۈڭ. ئۇن-
داق قىلماي سۆزلىگىن. بۇ ئىشلىرىڭغا مېنىڭ ھېچ تاقىتىم قالمى-
دى، — دەپ يېلىندى.

سېيىت ئاتا ھەيرانلىق بارمىقىنى چىشلىگىنىچە: «ئاجايىپ
ئىش - ھە! بۇ ئوغۇلغا نېمە بولغاندۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ھېلىقى جامائەت بۇ يەردىن قايتتى. سېيىت ئاتىنى
ئۆيلىرىگە مېھمانغا تەكلىپ قىلىشتى. ئۇلار كاپىر بولغىنى
بىلەنمۇ مېھماندوست ئىدى. سېيىت ئاتىنىڭ ئالدىغا ئاش -
تاماق كەلتۈرۈشتى. سېيىت ئاتا يېمىدى ۋە ئۇلارغا:

— سىلەر كاپىر، تامىقىڭلار مەكرۇھ، — دېدى. سېيىت
ئاتا قېرى كىشىدىن ھېلىقى تەلۋە يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەن-
دۈرۈپ قويۇشنى سورىدى. قېرى كىشى:

— ئەي شاراپەتلىك مېھمان، مېنى «جانىبېك خان» دەپ

ئاتىشىدۇ. بۇ ئەل ماڭا قارايدۇ. ھېلىقى يىگىت مېنىڭ ئوغلۇم بولىدۇ. ئېتى ئۆزبېك خاندۇر. ئوغلۇم بىر بۆلەك قوشۇن بىلەن تەبرىز ۋە خوجەنتكە كېتىۋاتقىنىدا، تەبرىزلىكلەر پەرھادبېك ۋە خىسراۋبېكلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە كېلىپ يول ئۈستىدىلا بىزنىڭ قوشۇنىمىز بىلەن جەڭ قىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئارىسىدا خوجاكامال خوجەندى ئىسىملىك بىر مەشھۇر قەلەندەر كىشى بولۇپ، ئۇ مېنىڭ ئەسكىرىمگە دۇئايىبەد قىلىپ، بىر ئوچۇم تۇپراقنى ئېلىپ «سۇپ» لەپ چاچقانىكەن، كۆپىنچىسى ساراڭ، تەلۋە بولۇپ قاپتۇ. مېنىڭ ئوغلۇممۇ شۇ قاتاردا تەلۋە بولۇپ قايتىپ كەپتۇ، — دەپ چۈشەندۈردى.

سېيىت ئاتا مۇبارەك ئېغىزىدىن بىر تامچە تۈكۈرۈكىنى ھېلىقى يىگىتنىڭ بوغۇزىغا تامغۇزغانىدى، يىگىت دەرھاللا ساقايدى. جانىبېك خان ۋە ئۇنىڭ خەلقى بۇ كارامەتنى كۆرۈپ ھەممىسى مۇسۇلمان بولدى. ئۇلارنىڭ جامائىتىدىن سېيىت ئاتىنىڭ ئالدىغا ھەر كۈنلۈكى ئىككى - ئۈچ قەبىلە كېلىپ مۇسۇلمان بولۇشتى.

سېيىت ئاتا خارەزىم شەھىرىگە كىرگەندىن كېيىن بۇتخانىلارنى ۋە بۇتلارنى چاقتۇرۇپ، مەسچىت، خانىقا سالدۇردى. دىنىي ئىسلامنىڭ دەرياسىنى مەۋج ئۇردۇردى. بۇ يۇرتلارغا شەرىئەت تارقاتتى.

بىر كۈنى تەبرىزدىكى خوجا كامال: «ھەزرىتى سېيىت ئاتا قىپچاق ئېلىنى مۇسۇلمان قىلدى» دەپ ئاڭلىدى ۋە بۇ غەزەلنى يېزىپ ئەلچىدىن ماڭغۇزدى:

ئىبرەت بىلەن قىل نەزەر بۇ يەرگە كەل، بۇ يەرگە كەل!
بولماستىن زىرو زەۋەر، بۇ يەرگە كەل، بۇ يەرگە كەل!
سەن بۇدەم قاشىمغە كەل، خىزمەتتە بول، كۆزۈڭنى ئاچ،
ئىلكىمدە تىغ بىلەن سۇپەر، بۇ يەرگە كەل، بۇ يەرگە كەل.

سىيىت ئاتا بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى جاۋابنى يېزىپ ئەۋەتتى:

ھەممىتىم جۇش ئۇرسا بۇندىن ئەرشىئەلا بارىمەن،
سەيىر ئېتەرمەن بۇ جاھاننى يەككە ـ تەنھا بارىمەن.
مىسرايىم مەددى قىلىچتۇر، ئەمرو قەتلىدىن نىشان،
كاپىر ئەھلىگە بولۇپ شەيخ كەلسە بارىمەن.
ئىختىياردىم يوق ئۆزۈمدە، بارچە ئىشنى ئاللا بىلۇر،
ئەمرىدە مەنكى ئىشاغە گاھى بالا بارىمەن.
پەخرى قىلما گەرقولۇڭدا بولسا ئۇ تىغى ـ دوسەر،
تىغلىرىڭنى ئەيلەپ ياراق ئەتمەككە سۇدا بارىمەن.
سىيىت ئەھمەددۇر ئېتىم، پىرىم مېنىڭ زەڭگى بوۋا،
باخەبەر بولغىن سېنى ئەيلەپكى يەغما بارىمەن.

بۇ ئىككى ئەزىزلەرنىڭ ئارىسىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر كۆپ بولۇندى.

بىر كۈنى ئۆزبېك خان سىيىت ئاتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ:

— ئەي سىراجىددىن ئەپەندىم — پىرىم، بىز بىلەن بىللە خوجەنتكە بارسىڭىز نېمە بولىدۇ؟ ئاندىن قىپچاق دەشتىگە بارساق. ئاڭلىشىمچە، خوجەنتلىكلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى كاپىر ئىكەن. خۇدا بىزگە يار بولۇپ، پىرلاردىن مەدەت بولسا، ئاشۇ كاپىرلارنى مۇسۇلمان قىلساق، مۇسۇلمانلارنى سىزگە ئىتائەت قىلدۇرساق، — دېدى.

— ياخشى بولىدۇ. بۇ مەسلىھەتلىرىڭلار خېلى تۈزۈك، — دەپ جاۋاب بەردى سىيىت ئاتا.

ئۆزبېك خان 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن خوجەنتكە يۈرۈش قىلدى. سىيىت ئاتىمۇ مۇسۇلمان بولغان مۇرىتلىرىدىن 10 مىڭ كىشىنى ئېلىپ خوجەنت ۋە تەبرىزگە قاراپ جۆنىدى.

تەبرىزنىڭ ھاكىمى پەرھاد بېكنىڭ ئالدىدا خوجاكامال بار ئىدى. خارەزىملىكلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قوشۇن بىلەن شەھەر سىرتىغا چىقتى. بۇ تەرەپتىن سەيىت ئاتا باردى.

تارىخ ھىجرىيىنىڭ 759 - يىلى، سەپەر ئېيىنىڭ يىگىرمىنچىسى، جۈمە كۈنى ئىدى. ئىككى قوشۇن سەپ بولۇپ روبىرو تۇرۇشتى. سەيىت ئاتا بۇ كۈنى بىر ياخشى ئارغىماققا مىنىپ، زەرلىك كىمخاپ چاپان كىيگەن ھالدا قوشۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. ھەممىيلەن بۇ كىشىگە ئەدەب بىلەن تەزىم قىلىپ تۇرۇشقانىدى. چۈنكى ئۆزبېك خان: «مېنىڭ ئەۋلادىمدىن ئەۋلادىمغىچە سىزنىڭ ئالدىڭىزدا قۇل بولۇپ خىزمەت قىلىمىز» دەپ ۋەدە قىلغانىدى.

خوجا كامال ئۆز ئىچىدىكىلەردىن:

— ئاۋۇ زەرلىك كىمخاپ چاپان كىيگەن كىم؟ — دەپ سورىغانىدى، تونۇيدىغانلار:

— سەيىت ئاتا! — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

خوجا كامال بىر رۇبائىينى يېزىپ ئوقيانىڭ ئوقىغا باغلاپ ئوقيا بىلەن ئاتتى. سەيىت ئاتا ئوقنى تۇتىۋالدى. سەيىتئاتىنىڭ بۇ كارامەتلىرىنى ھەممەيلەن كۆرۈشتى. ئەۋەتىلگەن رۇبائىي مۇنداق ئىدى:

سەيىدا خەلق ئىچرە بۇ ئارامىدۇر،
زاھىرىڭدە زىننەتۇ زىبامىدۇر.
خىلقىنى زەر كىيمەكىڭدىن نى قىياس،
ئىككى رەڭدە ئىككى يۈز رەئنامىدۇر.

سەيىت ئاتا بىر رۇبائىي يېزىپ، رۇبائىي يېزىلغان قەغەزنى يۆگەپ باغلاپ، بارمىقى بىلەن بىرلا - چېكىپ قايتۇرۇۋەتتى. ئۇ خۇددى يادىن ئاتقان ئوقتەك خوجا كامالنىڭ ئالدىغا چۈشتى. خوجا كامال ئوقۇپ كۆرۈۋىدى، مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

ئۇشبۇ ئالەمدە يۈرۈرمەن رەڭ - بەرەڭ،
خوجا كۆرسەت غەيرىتىڭ قىلماي دەرەڭ،
زىمبە - رەئناغا ئوخشاتما مىنى،
شەيخىمىز زەڭگى ئاتادۇر ئاڭلەسەڭ.

ئەتىسى كىنبىر زۇلمەتنى يوشۇرۇنۇپ، قۇياش سەيىدى ئاسمان سەھنىسىگە چىقتى. ئالەم گوياكى مۆمىنلەرنىڭ كۆڭلىدەك ئىچىلدى. ئىككى تەرەپتىن ناغرا - دۇمباقلارنىڭ، كانايلارنىڭ ئاۋازلىرى ياڭرىدى. ئىككى قوشۇن بىر - بىرىگە ئۇدۇل سەپ تۈزدى. بىراق پەرھاد بېكنىڭ ئەسكىرى قالماقلارنىڭكىگە قارىغاندا بەكمۇ كۆپ ئىدى. بۇ كۈنى شۇنداق ئۇرۇش بولدىكى:

بولدى يەكبارە ئۇرۇش قاتتىق،
كۆپ سۇنۇپ نەيزىلەر، ئوشتۇلۇپ تىغ.
ئاسمانغا ئۆرلەپ غوبار ۋە گەرد،
قولىغا ئەسۋابنى ئېلىپ ھەر فىرود.
مەرگ دەللەلى بولدى چابىك ھوست،
ئەقىد بەئەينى ئاندا ئەيلەپ سىرىست.
گەرىم بولدى ئۆلۈمنىڭ بازىرى،
مەلىكۇل موت بولۇپ خېرىدارى.
سۇ كەبى ئەل قېنى تۆكۈلمەكلىك،
تەنلىرى بېشىدىن سۆكۈلمەكلىك.
تۇتۇشۇپ، چىشلىشىپ ئېلىشماقتۇر،
روبىرو كەلسە كىم سېلىشماقتۇر.
بارچىسى بىر - بىرىن سۈرۈپ ھەريان،
بەزى جان ۋەھىمىدىن بولۇپ ھەيران.
كىم قېچىپ، كىم قوغلاشتى بىلەلمەسلەر،
گەرد بىلە بىر - بىرىن كۆرەلمەسلەر.
قىر - سايدا توزان ئېلىپ كۆزنى،
كىم تونۇر ئۇندا ياۋ بىلەن ئۆزنى.

ئۇتۇشۇپ بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاشماق،
گەر قىلىچ بولمىسا پىچاقلاشماق.
ساي تېشى سانىچە كېسىپ باشنى،
ئۇندا پەرق قىلماي قېرى ـ ياشنى.
ئاتلار ئۆز ھالىچە يۈرۈر ئويناپ،
كىملەر جان بەزمەكتە تىلنى چايناپ.
كىملەرنىڭ زەخمىدىن ئېقىپ قانلىرى،
قىينىلىپ چىقماستىن نەچچە جانلىرى.

بۇ كۈنى ئۇرۇش ھەددىدىن ئاشتى. قالماقلارنىڭ قېنى قايناپ، دەريادەك تاشتى. سېيىت ئاتىنىڭ مۇرىتلىرى ئارىسىدىكى «قوڭور» ئىسىملىك يىگىت 50تىن ئارتۇق قالماقنىڭ جېنىنى دوزاخنىڭ ئوتىغا ماڭدۇردى. سېيىت ئاتا ئۇنىڭغا:

— بارىكاللا! قوڭور ئاتلىق شاگىرتىم، — دېدى. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئەۋلادى «قوڭغىرات» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە بىر قەبىلە بولۇپ قالدى. «ماڭلىيى ئاق قاشقا» ئىسىملىك يىگىت قالماقلاردىن 80نى جەھەننەمگە سەكبان قىلدى. سېيىت ئاتا ئۇنىڭغا:

— بارىكاللا! ماڭلاي ئاتلىق شاگىرتىم! — دېدى. ئۇنىڭ ئەۋلادى «مانغۇت» دەپ ئاتالدى، كېيىنچە ئۇمۇ بىر قەبىلە نامى بولۇپ قالدى. («مانغۇت» ئەسلىدە «ماڭلاي» دېگەن بولىدۇ. مانغۇتلار «ئاق مانغۇت» ۋە «قارا مانغۇت» دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ھەزرىتى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئەۋلادى ئاق مانغۇتلاردىن بولىدۇ.)

«قاڭىل» دېگەن باتۇر چىقىپ 100 قالماقنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەرھادبېك خوجىغا تەزىم قىلىپ دۇئا ئالغاندىن كېيىن جەڭ مەيدانىغا قاراپ يۈزلەندى. بۇ تەرەپتىن ئۆز-

بېك خان سېيىت ئاتىغا تەزىم قىلىپ دۇئا ئالغاندىن كېيىن جەڭ مەيدانىغا يۈزلەندى. ئىككى ئەۋلىيا كۆڭۈللىرىدە بىر-بىرى بىلەن جەڭ-جېدەل قىلاتتى. ھېلىقى ئىككى باتۇر بىر-بىرىگە يۈزلىنىپ تەييارلاندى. پەرھادبېك ئۆزبېك خانىنىڭ بېلىدىن قاماللاپ كۆتۈردى.

قوشۇنلار ھەرۋاقىت سېيىت ئاتىغا ئىلتىجا قىلىپ تۇرار ئىدى. سېيىت ئاتا بولسا پىر-ئۇستازى زەڭگى ئاتىغا ئىلتىجا قىلاتتى. بىرئازدىن كېيىن ئۆزبېك خانىنىڭ پوتىسى ئۈزۈلۈپ، ئۆزى يەرگە-چۈشتى ۋە قولى سۇندى. ئۆزبېك خانىنىڭ ئەسكەرلىرى قاچتى. تەبرىز قوشۇنلىرى غالىب بولۇشتى.

سېيىت ئاتا پىرلىرىغا تېپىنىپ تۇراتتى. شۇ كېچىسى سېيىت ئاتا چۈش كۆردى. چۈشىدە، زەڭگى ئاتا كېلىپ: «مەردانە بول!» دېدى. تۈن يېرىمىدا تاغ تەرەپتىن غايىب بىر سادا كەلدى ۋە تەبرىز قوشۇنلىرى ئىچىدە غوۋغا كۆتۈرۈلدى. بۇ تەرەپتىن ئون كىشى خۇپىيانە بېرىپ تىڭ-تىڭلاپ كۆردى. سەل كېلىپ تەبرىز قوشۇنلىرىنى باسقانىدى. بۇ زەڭگى ئاتىنىڭ كارامەتلىرى ئىدى.

ئۆزبېك خانىنىڭ ئەسكەرلىرى كۆپ ئولجىلارنى قولغا چۈشۈرۈشتى. خوجا كامال بىلەن پەرھادبېك قېچىپ يوشۇرۇنۇشتى. سېيىت ئاتا قوشۇننى باشلاپ كەينىدىن باستۇرۇپ بېرىپ تەبرىزنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلاشتى. خوجا كامال بىلەن پەرھادبېكنى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ تېپىشالمىدى. سېيىت ئاتا:

— تەبرىزنىڭ ئۆلىمالىرىنى يىغىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. ئۇنىڭ مەقسىتى «خوجاكامال مۇشۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ قالارمىكىن» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى توپلاندى. سېيىت ئاتا ئۇلارغا:

— سىلەردىن ئىككى مەسىلىنى سورايمەن، تەڭرىم نېمىنى ياراتمايدۇ ۋە نېمىنى بىلمەيدۇ؟ — دېدى.

ئۇلار جاۋاب بېرىش ئۈچۈن 40 كۈنلۈك مۆھلەت سوراشتى. 40 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يىغىپ سورىۋىدى، يەنىلا جاۋاب بېرىشەلمىدى. ئۆزبېك خان ئۇلارنى قىرىپ تاشلاشقا بۇيرۇدى.

ئۇ يەردە بىر قېرى خوتۇن بولۇپ، بۇ ئىشنى ئاڭلاپ دەرھال يېتىپ كەلدى ـ دە:

— ئەي جاللات، قىرغىندىن قولۇڭنى تارت! جاۋابنى مەن بېرىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى. خىزمەتچىلەر ئۇنى خاننىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈشتى.

— ئەي خان، — دېدى ئۇ خانغا قاراپ، — سوئالنى ھۆرمەت قىلساڭ، تەختتىن چۈشكىن!

خان سېيىت ئاتىغا قارىدى، سېيىت ئاتا ئىشارەت قىلدى. ئۆزبېك خان تەختتىن چۈشتى. قېرى خوتۇن:

— ھېلىقى سوئالنىڭ جاۋابى شۇكى، تەڭرى ئۆزىگە ئوخشاش خۇدانى ياراتمايدۇ، ئۆزىدىن باشقا خۇدانى بىلمەيدۇ، — دېدى.

سېيىت ئاتا: «بۇ جاۋابنى ساڭا خوجاكامال ئۆگىتىپتۇ» دەپ ھېلىقى قېرىنى ئۈچ كۈن سولاپ قويىدى.

خوجاكامال بىلەن پەرھادبېك مۇشۇ خوتۇننىڭ ھويلىسىغا يوشۇرۇنغانىدى. ئۇلار قېرى خوتۇننىڭ سولاپ قويۇلغانلىقىنى ئاڭلاشتى. پەرھادبېك «بىز ئۈچۈن خوتۇن كىشىنىڭ ئازابلىنىشى ياخشى ئەمەس» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئۆزبېك خاننىڭ ئالدىغا ماڭدى. ئارقىسىدىن خوجاكامال ماڭدى. پەرھادبېك قولىدىكى قىلىچ بىلەن «بۇ خوتۇن كىشى بىلەن نېمە ئىشىڭ بار!» دەپ كىشىلەرنى چېپىپ ماڭماقتا ئىدى. شۇڭا ھېچكىم ئۇنىڭ قېشىغا يېقىن بارالمىغانىدى. تۇيۇقسىز ئىسكەندەر ئىسىملىك بىرى كېلىپ بېكنى ئۆلتۈردى. خوجاكامال ئۆزى يالغۇز قالدى. سېيىت

ئاتا ئۇنى دەرھال تونۇۋالدى. بۇ شەھەرنىڭ ھەممە ئادىمى مۇسۇلمان بولۇشتى.

ئۆزبېك خاننىڭ ئەسكەرلىرىگە تەبرىزنىڭ ھاۋاسى خۇش ياقماي ئۆلۈشكە باشلىدى. خان قىپچاق دەشتىگە كېتىشكە مۇراجىئەت قىلدى. خوجا كامالنى شەھەر ئىچىدىكى سارايغا ئورۇنلاشتۇردى. خوجا كامال سەيىت ئاتىغا بۇ رۇبائىينى يېزىپ ئەۋەتتى:

ئىلاھا مەرتىۋەڭنى ھەق پاراۋان ئەيلىسۇن سەيىت،
مەدەت ھالىڭغە دائىم شاھ مەردان ئەيلىسۇن سەيىت.
مېنى فارىغ قىلىپ غەمدىن، بۇ يەردىن سەن نىجات ئەتكىل،
سېنىڭ ھەم مۇشكۇلۇڭنى تەڭرىم ئاسان ئەيلىسۇن سەيىت.

سەيىت ئاتا بۇ رۇبائىينى ئوقۇپ، ئۆزبېك خاننىڭ رۇخسىتى بىلەن خوجا كامالنى تەبرىزگە ئەۋەتتى.

قەمەرىدىن ئىسىملىك ئېگىز بوي بىر تاجىك بار ئىدى. بۇ شۇم ئەسلى بەلىخلىق ئىدى. ئۇ ساياھەت قىلىپ يۈرۈپ قىپچاق دەشتىگە كەلدى. بۇ چاغلاردا توقا تېمۇرخان (بەزى كىتابلاردا توقلۇق تېمۇرخان دەيدۇ) 14 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئەغلان تەۋەلىكىدە ھاكىمىيەت تەختىگە ئولتۇرغانىدى. قەمەرىدىن ھەيبارلىق بىلەن بۇ يەرلەرگە كېلىپ ئۇلارغا خىزمەت قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ چاغلاردا ئەغلان ھۆكۈمىتى نوپۇز قازانغانىدى.

خانلىقنى توق تېمۇرخانغا، ئەغلانلىقنى دۆلەت شەيخكە بولسۇن دېيىشىپ، كېيىن دۆلەت شەيخنىڭ ئۆكىسى بولمىش توق تېمۇرگە رەسمىي خانلىقنى بەردى. بۇلارنىڭ نەسلى شەيبانىخان ئىبنى جوجى خان ئىبنى چىڭگىزخانىدى.

بەزىلەر توق تېمۇر ئۇرۇقىغا ئەغلانلىقنى بەردى، دېسە، بەزىلەر دۆلەت شەيخكە ئەغلانلىقنى بەردى، دېيىشىدۇ. لېكىن دۆلەت

شەيخ ئەغلاننى قوبۇل قىلمىدى. دۆلەت شەيخ بىلەن توق تېمۇر تەگتۈش تۇغقانىدى. دۆلەت شەيخ ئۇنىڭدىن تۆت ياش چوڭ. يەنى 18 ياش ئىدى، ئاخىرى: «ئىككىيلەن ئاتقا مىنىپ چېپىشىدۇ. قايسىسى ئۆتۈپ كەتسە، ئۇ خان بولسۇن» دېگەن تەكلىپنى قارار قىلىشتى. ئۇلار ئات مىنىپ چېپىشتى. توق تېمۇر خان بىلەن دۆلەت شەيخ ئەغلانلىق نىشانغا تەڭ باردى. ئۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت شەيخنىڭ ئېتىنىڭ بېشى ئايلاندى-دە، توق تېمۇرخاننىڭ ئېتى ئۆتۈپ كېتىپ، خانلىق نىشانغا ئاۋۋال يېتىپ باردى. دۆلەت شەيخنىڭ ئېتى ئەغلان مەرتىۋىسى بەلگىسىدە قالدى. توق تېمۇر خان بولۇپ، تەختكە ئولتۇردى. رەسمىي خانلىق ئۇنىڭغا مۇقىملاشتى.

مولla تېنىش بۇخارىنىڭ سۆزى بىلەن شەيخ خۇدايى دات دېگەن ئەزىز (خۇدا بەردى ياكى خۇدا قولىمۇ دېيىلىدۇ.) قىپچاق قوۋمىنى مۇسۇلمان قىلغانىدى. لېكىن خان تېخى كاپىر ئىدى. ئۇ كاپىر بولسىمۇ شەيخ خۇدا قولىغا مۇخلىس ئىدى. ئۇ توق تېمۇرخاننىڭ قېشىغا بېرىپ:

— مەن پىرىمدىن: «ئەمىر جاھان ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئۇنى ھەيدەر دەيدۇ. ئىسمى تېمۇر بولىدۇ. يەرنىڭ يۈزىنى ۋە كۆڭۈلنىڭ كۆزىنى ئالىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم. سېنىڭ ئىسمىڭمۇ تېمۇر. سەن ئاشۇ تېمۇر بولۇشۇڭ مۇمكىن. شۇڭا يەر يۈزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى — يەتتە ئىقلىمنى ئىگىلەش ئىشىنى باشلىساڭ بولىدۇ، — دەپ دەۋەت قىلدى.

بۇلار ھەزرىتى سېيىت ئاتىنىڭ قېشىغا ئاتلاندى. سېيىت ئاتا شەيخ خۇدايى داتقا نامە ئەۋەتكەنىدى. نامىدە: «قىپچاقلارنىڭ بەزىلىرى مۇسۇلمان بولدى. كۆپرەكى يەنە كاپىردۇر. سىز كېلىپ ماڭا مەدەت بېرىڭ، ھەممىسىنى مۇسۇلمان قىلايلى» دېيىلگەنىدى. شەيخ خۇدا قولى: «ئالدىمغا كېلىپ ماڭا مۇرىت بولسۇن!»

دەپ تەلەپ قىلدى. سەيىت ئاتا قوبۇل كۆرمىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قەلەمكەشلىك جەھەتتىن كۆپ زىددىيەتلەر بولۇندى.

ئۆزبېك خان سەيىت ئاتا تەرەپدارى ئىدى. توق تېمۇرخان شەيخ خۇدايى دات تەرەپدارى ئىدى. سەيىت ئاتىنىڭ لەشكەرلىرى ئىچىدە مۇسۇلمان كۆپ، شەيخ خۇدايى داتنىڭ لەشكەرلىرى ئىچىدە كاپىر كۆپ ئىدى. ئاخىرى ئۇلار جەڭ قىلىشتى. شەيخ خۇدايى داتنىڭ قوشۇنىدا تەربىيە كۆرگەنلەر، ھەر قايسى ئەل-ئۇرۇقلاردىن قوشۇلغانلار كۆپ ئىدى. سەيىت ئاتىنىڭ قوشۇنى ئاز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەربىيە كۆرگۈچىلەرمۇ ئاز ئىدى. شۇڭا توق تېمۇرخاننىڭ قوشۇنلىرى غالىب كەلدى.

سەيىت ئاتا بوراقخاننىڭ ئالدىغا — بۇخاراغا نامە ئەۋەتتى. يۇقىرىدىكى بابتا ئېيتىلغاندەك، سىرايىمۇلىك خانىمچەنى ئەمىر تېمۇرگە بېرىش سەۋەبىدىن، بوراقغان خانلىقنى تورغاي باتۇرغا بەرگەنىدى.

سەيىت ئاتىنىڭ نامىسى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، تورغاي باتۇر ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ دەرھاللا ئاتلاندى ۋە خەزىنىدىن 500 تۆگە مال ئالغاچ ماڭدى. ئىش بۇزۇلمىسۇن دەپ، بۇ ئىشلاردىن بوراقخاننى خەۋەردار قىلمىدى، ئورنىغا ئەمىر تېمۇرنى ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، بۇلارغا چاغاتاي بەگلىرىدىن ھېچ كىمشى ھەمراھ بولمىدى. تورغاي باتۇر كەتكەندىن كېيىن، كىشىلەر بوراقخانغا: «تورغاي باتۇر ئوغلى ئەمىر تېمۇرنى ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆزى خەزىنىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى ئېلىپ، قىپچاق دەشتىگە — سەيىت ئاتىنىڭ قېشىغا ياردەمگە كەتتى. كۆڭلىدە بىر يامانلىق بارغا ئوخشايدۇ. ھەممىنى ئۆزىگە ئەل قىلىپتۇ. سىزگە بىرەر ئېغىز مەسلىھەتمۇ سالماپتۇ» دېيىشتى. بوراقخان ئۇلارغا:

— مېنىڭ دوستۇم، سىلەر ئۇنىڭ ئىخلاسىنى بىلمەيسىلەر، —

دەپ جاۋاب بەردى ـ دە، سەلتەنەتنى ئەمىر تېمۇرگە قويۇپ بەردى.

ساھىبقىران يۇرتنى تولىمۇ ئادالەت بىلەن سوردى. يەتتە تۈمەن بۇخارا «ئابىرىن» ئېيتىشتى.

بىر كۈنى ئەمىر تېمۇر بەگلىرى بىلەن بۇخارانىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ ئۇۋ قىلغىلى ماڭدى، ئابۇ ھاپىز كىبىرنىڭ مەقبەرىسى تۈۋىدە بىرنەچچە ئۇششاق بالا ئويناپ ئولتۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەلەندەرگە ئوخشايدىغان، ۋەلى سۈپەت، قىزىل يۈزلۈك، غورلاي كۆزلۈك، چاچلىرى بۈدۈر ـ بۈدۈر بولۇپ گادىرماچلانغان ۋە بېلىگە يۆگەلگەن بىر بالا بار ئىدى. ساھىبقىران ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ھېلىقى بالا ئەمىر تېمۇرگە قاراپ:

— ئەي ئەمىر تېمۇر، مېنىڭ ئۆيۈمنى سېتىۋال. ساڭا پايدىسى يېتىدۇ، — دېدى.

ئەمىر تېمۇر تەئەججۈپ بارمىقىنى چىشلەپ، ئۇ بالىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بىر كۈمۈش تەڭگە بېرىپ: «سېتىۋالدۇق» دېدى ـ دە، ئوۋغا يۈرۈپ كەتتى.

ئەمىر تېمۇر ئوۋدىن قايتقان كېچىسى چۈش كۆردى. چۈشىدە قىيامەت ـ قايىم بولغان، ھەممە يەرنى ھەسرەت ـ پىغان قاپلىغانىدى. پەرىشتىلەر توپ ـ توپ خالايىقنىڭ بەزىسىنى مىزانغا، بەزىلىرىنى سىرات كۆۋرۈكىگە ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. كىشىلەر «ئاھ ھەسرەتا!» «ۋاھ نادامەتا!» دېيىشىپ يىغلايتتى. ساھىبقىران ھەيرانلىق دەرياسىغا غەرق بولۇپ تۇرغانىدى، تۇيۇقسىز پەرىشتىلەر كېلىشىپ ئۇنى بىر تەختكە چىقاردى ـ دە، كۆتۈرۈپ ئۇچتى. ئاندىن كېيىن ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن بىر ئالىي ئىمارەتكە ئەكىردى. بۇ يەردە ھېسابسىز ھۆر غىلمان ئەمىر تېمۇرنىڭ خىزمىتىدە بولۇشتى. ئۇلار: «بۇ ئىمارەت سىزنىڭ تۈنۈگۈن ھېلىقى شاراپەتلىك ئوغۇلدىن ئالغان ئۆيۈڭدۇر!» دېيىشتى.

ئەمىر تېمۇر تۇيۇقسىز ئويغاندى. ئەتىسى يەنە ئوۋغا چىقتى. يەنە تۈنۈگۈنكى جايدا ئويناپ ئولتۇرغان بالىلار ئارىسىدا ھېلىقى بالىنى كۆردى. ئەمىر تېمۇر ئۇ بالىغا:

— ھەي بالا، ئۆيۈڭنى يەنە ساتامسەن ؟ — دېگەنىدى، بالا:

— ئۆيۈمنى 1000 تەڭگىگە ساتىمەن، — دېدى. ئەمىر تېمۇر:

— تۈنۈگۈن بىر تەڭگىگە سېتىپ، بۈگۈن 1000 تەڭگىگە ساتامسەن؟ — دېگەنىدى، ھېلىقى ئوغۇل:

— بۈگۈن ئۆيۈمنىڭ قەدرىنى بىلدىڭ، 1000 تەڭگىگە ئالغان تەقدىردىمۇ يەنە ئەرزاندۇر، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئەمىر تېمۇر جاۋابىنى ئاڭلاپ دەرھال ئاتتىن چۈشتى ۋە ئوغۇلنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. بۇ بالا خوجا باھاۋىددىن ئىدى.

ئىلگىرى ئەمىر تېمۇرنى شەيخۇلئالەم تەربىيىلىگەن بولسا كېيىن شەيخ شەمسىددىن كامال، ئۇنىڭدىن كېيىن شەيخ ھۈسەيىن باخىرزى، ئاخىرىدا نەقشىبەند پىرىم تەربىيىلىدى.

ئەمىر تېمۇر كېيىنرەك يۇرتىنى سېغىنىپ خانىمچەنى ئېلىپ سەبز شەھىرىگە كەتتى. بەگلەر ئارىسىدا: «يامان نىيەتتە بولمىسا ئوغلىمۇ سەبز شەھىرىگە كەتمەس ئىدى» دېگەنگە ئوخشاش پىتنە پەيدا بولدى.

بوراقخان ئەمىر تېمۇرگە: «تېزدىن قايتىپ كەلسۇن!» دەپ نامە ئەۋەتتى. لېكىن بۇ نامە يېتىپ بارغۇچە بەگلەردىن بىر قانچىسى: «ئەگەر كېلىدىغان بولساڭ جېنىڭدىن كېچىپ كەل!» دېگەن مەزمۇندا ئايرىم نامە ئەۋەتتى. شۇڭا ساھىبقىران كەلمىدى. بوراقخان بۇ ئىشقا غەزەپلىنىپ سېيىت ئاتىغا قارىتا: «تورغاي باتۇرنىڭ ئىشىنى تۈگىتىڭلار!» دېگەن مەزمۇندا نامە ئەۋەتتى.

تورغاي باتۇر ئوز ۋاقتىدىلا بىرىپ سېيىت ئاتا ۋە ئۆز بېك خانلار بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار شەھەردىن چىقىپ توق تېمۇرخان

لەشكەرلىرىنىڭ ئۆزبېك خاننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغانلىقىنى كۆرۈشتى، تورغاي باتۇر بۇخارادىن ئەكەلگەن ئالتۇنلارنى ئەسكەرلەرگە تارقاتتى. ئۇلار خۇشال بولۇشتى. ئاندىن كېيىن جارچىلار ئارقىلىق ھەر قايسى يەرلەردىكى چېتتا ئۇرۇقنىڭ ئادەملىرىگە: «ئۇلارغا قانچىلىك ئالتۇن كۆمۈش لازىم بولسا مەندىن ئالسۇن!» دەپ ئۇقتۇرغۇزدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاشقانلار تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ تورغاي باتۇرغا قوشۇلدى. توق تېمۇرخان بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ، قەمرىدىن تاجىكنى ئاتقا مىنگۈزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىپاھىلىرىنى قانچە قىلىپمۇ توسۇپ قالالمىدى، توپلىيالمىدى. قىپچاق ئەسكەرلىرى چېچىلىپ كەتتى. ئاخىرىدا 100چە كىشى قالدى، توق تېمۇرخان شۇ كېچىسى ئاشۇ 100دەك ئادىمىنى ئېلىپ تاغدىن ئېشىپ قېچىپ كەتتى، تورغاي باتۇر پۈتكۈل ئۆزبېكلەرنىڭ قولىغا ئالتۇن-كۆمۈش تارقىتىپ بەردى.

بۇراقخاننىڭ نامىسى كېلىپ ئۆزبېك خاننىڭ قولىغا تەگدى. ئۆزبېك خان بۇ نامىنى ھېچكىمگە ئىزھار قىلماسلىققا قارار قىلدى. سەييىت ئاتىغىمۇ دېمىدى.

تورغاي باتۇر سەلتەنەت داغدۇغىسى قىلغىنىدا سەييىت ئاتا مەنئى قىلغانىدى. ھېلىقى نامە بىر سەۋەب بىلەن ئەمىر تورغاي باتۇرنىڭ مۇلازىملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى-دە، باتۇرغا تاپشۇردى. ئۇ نامىنى ئوقۇپ كۆرۈپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدىكى ئالاقە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. سەييىت ئاتىنىڭمۇ ئۆزىنى سەلتەنەتتىن چەكلىگەنلىكىنى ئويلىدى-دە، غەزىپى ئۆرلەپ شۇ كېچىدە ئۆزبېك خان بىلەن سەييىت ئاتىنى باغلاپ، زەنجىر-كىشەنلەپ، ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىنى تالاڭ-تاراج قىلدۇرۇۋەتتى، سەييىت ئاتا: «مېنىڭ خەۋىرىم يوق ئىدى» دەپ قەسەم قىلغان بولسىمۇ تىڭشىمىدى. ئۆزبېك خاننىڭ بەدىنىگە يارىلىم سۇركەپ، تۆت تەرەپكە قادالغان تۆت ياغاچقا ئارقان بىلەن تارتىپ ئېسىپ، ئاپپاق قاق

سالدى. ئۆزبېكخان ئاپتاپتا يېتىلىم بىلەن قېتىپ داغلاندى. تۇرغاي باتۇر سېيىت ئاتىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. سېيىت ئاتا ئۆزىنىڭ سىياكەشلىكىنى (ئىلمىي كىشى ئىكەنلىكىنى) ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇۋالغانلىقتىن ئاخىرى ئىككى كۆزىگە ئالماس تىقىپ كور قىلدى -دە، كاجۇۋىغا سېلىپ بۇخاراغا ماڭدۇردى. سېيىت ئاتىنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغان تۇرغاي باتۇر بىر كېچىدىلا مەخرۇق كېسىلىگە ئۇچراپ ئۆلدى.

تارىخ ھىجرىيىنىڭ 760 بولغانىدى. تۇرغاي باتۇرنىڭ قوشۇنلىرى ھەر تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى. بىر قىسمى ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئېلىپ بۇخاراغا قايتىپ كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان تۇق تېمۇرخان قايتا قوزغالدى. قەمرىدىن تاجىك ۋە شەيخ خۇدايىدات ئالدىن كېلىپ تۇرغاي باتۇرنىڭ خەزىنىلىرىنى ئولجا قىلىشتى.

## قىپچاق سىپاھىلىرىنىڭ ماۋرائۇننەھرنى ئىشغال قىلغانلىقى

بىر مەزگىللەردىن كېيىن سېيىت ئاتىنى بۇخاراغا كەلتۈرۈشتى. بەگ ۋە ئەمىرلەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشتى. سېيىت ئاتا خانىقاغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇ بۇ يەردە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي تۇرغاي باتۇرنىڭ ئۆلۈكىنى كەلتۈرۈشتى. ئۇنى سەبىز شەھىرىگە — ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ بەردى. ئەمىر تېمۇر ئاتىسىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ شەيخ شەمسى كالالنىڭ مازىرىغا دەپنە قىلدى. ساھىبقىران خاننىڭ بۇ ئىشلىرىنى ھېچقانداق ئېتىبارغا ئالمىدى.

بوراقخان بىر كۈنى كېچىدە چۈش كۆردى. چۈشىدە، ئەمىر

تىمۇر پۈتۈن مەملىكەتنى قولىغا ئالدى. ئۇ ئويغىنىپ بەگلەرگە كېڭەش قىلغانىدى، ئۇلار:

— ئەمىر تىمۇر قاراچار نويان ئەۋلادىدۇر، ئۇ چىڭگىزخاننىڭ ۋەزىرى ئەمەسمۇ؟ چاغاتاينىڭ ئەۋلادى — چىڭگىزخاننىڭ ئۆز نەسلىدىن بولىدۇ. شۇڭا سەلتەنەتتە، ئەلۋەتتە چاغاتاي نەسلىدىن بولغانلار ئولتۇرسۇن، — دېيىشتى. سورۇندا بارلىق چاغاتاي ۋە قوڭغىرات ئېلىنىڭ بەگلىرى ئولتۇرۇشقانىدى. قازاقلاردىن كوراكبى دېگەن كىشى ئەمىر تىمۇر بىلەن جەڭ قىلىشقا مەسئۇل بولدى. خان ئۇنىڭغا: «سېنى ئەمىرى نويان قىلىمەن!» دەپ ۋەدە بەردى.

كوراكبى ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قارشىغا باردى. ئاندىن سەبىز شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. يېتىپ بېرىپلا سەبىز شەھىرىنىڭ ئەتراپىنى قورشىدى. شۇ يەردە بىر قەلەندەر كوراك بىنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى، ئۇنىڭدىن ئەمىر تىمۇرنىڭ ئەھۋالىنى سوراشتى. قەلەندەر:

— ئەمىر تىمۇر خانىمچە بىلەن ئۇۋ قىلماق ئۈچۈن، دۇنباي باتۇرنىڭ ئىتىنى مىنىپ چۆلگە چىقىپ كەتتى. ھازىر ئىككىلەن چۆلدىكى يېشىل چېدىردە ئولتۇرىدۇ. مەن ئۇ يەرگە بارغانىدىم. ئۇلار پىشۇرغان گۆشلىرىدىن ماڭا ئازراق بېرىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ يېيىشتى، ماڭا بىرئاز ئالتۇن بېرىپ، «بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرغىن!» دېيىشىۋىدى، مەن ئۇنىمىدىم. ئىلگىرى ھىندىستاننى سەيلە قىلغانىدىم. ئەمدى بۇخارانى كۆرگۈم كەلدى. شۇيەرگە بارىمەن، — دېدى.

— ئەمىر تىمۇرنىڭ ئالدىدىن يىراقلىقى قانچىلىك كېلىدۇ؟ — دەپ سورىدى كوراك بى قەلەندەردىن.

— بىر كۈنلۈك يول! — دەپ جاۋاب بەردى قەلەندەر.

كوراك بى قەلەندەرنىڭ جەندىسىنى ئالتۇنغا سېتىۋېلىپ

كىيدى. ئەسكەرلىرىگە: «ئېھتىيات قىلىڭلار!» دېدى - دە، ئۆزى قەلەندەرنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ، ئەمىر تېمۇر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ يېتىپ بارغاندا بەش - ئالتە قۇل - چاكار ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلىپ يۈرەتتى. ئەمىر تېمۇر گۆشنى پارىلاپ ئولتۇراتتى. كوراك بى بېرىپ، «ھەق، شەيدۇللا!» دېدى. ئەمىر تېمۇر كوراك بىنى كۆرمىگەنىدى. ئەمىر تېمۇرنىڭ يېنىدا يۈزى ئوچۇق خانىمچە ئولتۇراتتى. ئۇ چاغلاردا، بۇ ياشتىكى ئاياللارغا يۈزىنى يېپىش يوق ئىدى.

كوراك بىنىڭ كۆزى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئوقياسىغا چۈشتى. ھەربىر تال ئوقنىڭ ئۇزۇنلۇقى يېرىم نەيزىدەك كېلەتتى. كوراك بى سۆزگە ئۇستا ئادەم ئىدى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭدىن بۇخارانى سورىۋىدى، ئۇ كۆپ خۇشامەتلەر بىلەن يالغان سۆزلەرنى قىلىشقا باشلىدى. كۆڭلىدە بولسا ئەمىرنى گەپ بىلەن بىخۇدلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىدىكى ئوقيانى ئوق بىلەن قوشۇپ ئېلىۋېلىشنى ئويلايتتى. خانىمچە:

— ئەي بېگىم، تۇرۇڭ، ھوشيار بولۇڭ! يەنە دۈشمەن كېلىپ قالغان بولمىسۇن! ئېتىڭىزنىڭ قۇيرۇقى چېچىلىپ قاپتۇ، — دېدى. ئەمىر تېمۇر بۇ گەپكە ئىشەنمىدى. خانىمچە يەنە:

— قازاننىڭ ئوتتۇرىسى قايناپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ يەردە ئات كىشنەۋاتىدۇ، تۇرۇڭ! ئاتقا مىنىپ ئەتراپتىن بىر خەۋەر ئېلىپ بېقىڭ! — دېدى. ساھىبقىران يەنىلا ئىشەنمىدى.

كوراك بى خانىمچەنىڭ سەزگۈرلۈكىگە ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇدى. بۇراقخان كوراك بىگە: «ئەمىر تېمۇرگە غالىب كەلسەڭ، بىر ئامال قىلىپ خانىمچەنى ئەكەل، ئەمىر تېمۇر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى تۇغقانچىلىق تامام تۈگىسۇن» دەپ تاپىلىغانىدى.

تائام يېيىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئەمىر تېمۇر سىرتقا

ئەرەتكە چىقتى. خانىمچە يەنە بىر ئىشقا مەشغۇل بولۇپ قال‌دى. كوراك بى ئاستا بېرىپ ئوقيانى ئوقلىرى بىلەن قوشۇپ ئېلىپ قاچتى. تاغنىڭ بۇ تەرىپىدە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى تەييار ئىدى. ئۇلارغا:

يۈگۈرۈڭلار! ئاتنى ئەكىلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى. دەرھال 1000 نەپەر كىشى يېتىپ كەلدى.

ئەمىر قارىسا ئىش چاتاق. ئۇ دەرھال ئۆزىنى ئات ئۈس‌تىگە ئالدى ـ دە، خانىمچەنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئالماقچى بولدى. شۇ ئارىدا ئالامانلار يېتىپ كېلىشتى. خانىمچە ئىلاجسىز ئۆزى‌نى بىر تەرەپكە ئالدى. ئەمىر نائىلاج قاچتى. ئادەملەر ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدى. ئالامانلار ئۇنىڭ مال ـ دۇنيالىرىنى ئولجا قىلىشتى. ئۇلار خانىمچەنى يالىڭاچلاندۇرماقچى بولۇشتى. كوراك بى دەر‌ھال ئۇلارنى قىلىچ بىلەن ئۇردى. ئۇلار ھەر تەرەپكە قېچىشتى. كوراك بى خانىمچەگە تازىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ئەي خانىمچە، مېنى قېرىندىشىڭىز بوراقخان سىز ئۈ‌چۈن ئەۋەتكەنىدى، — دېدى. خانىمچە زامانىسازلىقى ئۈچۈن ئەمىر تېمۇردىن ۋاقتىنچە ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. كوراك بى خانىمچەنى بىر كاجۇۋىغا سىلىپ مال ـ جاھازلىرىنى يۈك‌لەپ ئۆزى چۆلۈۋرنى تۇتقىنىچە يولغا چۈشتى.

خانىمچەنىڭ كۆڭلى ئەمىر تېمۇردە ئىدى. ساھىبقىرانمۇ نېرىغا بېرىپ ئۆز كۆڭلىدە «خەلق ئىچىگە يالغۇز بارسام ماڭا تاپا ـ تەنە قىلىشىدۇ. چۈنكى ئۇلار «بىزدىن ئايرىلمىغىن» دېيىش‌كەنىدى. دۈشمەن بىلەن ئېلىشاي دېسەم قولۇمدا ئوقيا يوق قانداق قىلاي؟» دەپ ئويلاندى ـ دە، ئاخىرى قورۇق قول بولسىمۇ كوراك بىنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىپ:

— نېمە ئالساڭ ئالغىن، لېكىن خوتۇنۇمنى قايتۇرۇپ بەرگىن! — دەپ ۋارقىرىدى.

— مەنمۇ، — دېدى كوراك بى جاۋابەن، — مۇشۇ خوتۇنۇڭنى ئەكىتىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم.

ئەمىر تېمۇر نائىلاج ئاتنىڭ بېشىنى قايتۇرۇپ بىرئاز سەۋر قىلدى. تاقىتى تاق بولۇپ يەنە باردى. بۇ هال نەچچە قېتىم تەكرارلاندى. ئاخىرى:

— خانىمچەنىڭ ئۆزىدىن سوراپ باقاي، ئەگەر مەن بىلەن كېتىشنى خالىمىسا ئىلاجىم يوق، — دېدى.

خانىمچەمۇ كوراك بىگە:

— مېنى بىرئاز توختاتقىن. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋالاي! — دېدى. كوراك بى ماقۇل بولدى. خانىمچە ئەمىر تېمۇرنى نېمە دەرىكىن دەپ بولۇشچە هاقارەت قىلدى. كوراك بى نائىلاج توختىدى. خانىمچە:

— ماڭ، چېدىرىنىڭ ئورنىدا، توپىنىڭ ئارىسىدا قىممەت باهالىق بىر لەئەل قاپتۇ. بېرىپ شۇنى دەرهال كەلتۈرۈپ كوراك بىگە بەرگىن! — دەپ بۇيرۇدى.

ساهىبقىران ئېتىنى يۈگۈرتۈپ بېرىپ هېچنەرسە تاپالمىدى. كۆڭلىدىن بىر نېمىلەرنى كەچۈرۈپ بىر ئەسكى چاپاننى تاپتى ۋە قايتىپ كېلىپ:

— ئۇ يەردە بىر ئەسكى چاپاندىن باشقا هېچنېمە يوق، — دېدى. خانىمچە:

— ئاشۇ چاپاننىڭ ياقىسىدا ئىدى. ئەكەل! — دەپ يەنە بۇيرۇدى. ئەمىر تېمۇر ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى. كوراك بى خانىمچەگە:

— ئەمدى ئۇنىڭغا كۆپ قايىنماڭ! — دەپ تەسەللى بەردى.

ئەسلىدە خانىمچە كوراك بى ئىلىۋالغان ئوقيا بىلەن ئوقلارنى بىر ئەسكى چاپانغا يۆگەپ سەزدۈرمەستىن يول ئۈستىگە

تاشلاپ قويغانىدى. ساھىبقىران كېيىملا ئۇنى ئالدى-دە. ناھايىتى خۇشال بولدى-دە، دەرھال يا بىلەن ئوقنى توغرىلاپ ئېتىشنى يېڭگۈرتكەن پېتى كوراك بىنىڭ قېشىغا كەلدى. كوراك بى ئۇنى كۆرۈپ قوشۇنلىرىغا:

— ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشاڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئەمىر تېمۇر كوراك بى ئەسكەرلىرىدىن 200چە كىشىسىنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى. قالغانلار قېچىشقا باشلىدى. كوراك بىمۇ قېچىشقا تەمشەلگەنىدى، ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى-دە، يەرگە بىر شاپىلاق ئۇردى، كوراك بى ئېتىدىن يىقىلدى. ئەمىر تېمۇرنىڭ خىزمەتكارلىرى ھازىر بولدى-دە، كوراك بىنىڭ پۇت-قولىنى باغلاشتى. شۇ كۈنى ئالامانلاردىن 100چە كىشى ئەسىر بولدى. ئەمىر تېمۇر ئۇلارنى ئەل ئىچىگە ئېلىپ باردى-دە، ھەركۈنى زىياپەت بېرىپ مېھمان قىلدى. بىر كۈنى ئەمىر تېمۇر ئاشۇ 100 كىشىگە كىيىم-كېچەك كىيدۈرۈپ، كوراك بىنىڭ بىر كۆزىنى ئويۇپ تاشلاپ قويۇۋەتتى ۋە:

— بېرىپ، كۆرگەنلىرىڭنى بوراقخانغا سۆزلە! — دېدى.

بۇخارا خەلقى تاشكەنت ۋە خوجەنتتىن ھېسابسىز ئەسكەر كېلىۋېتىپتىمىش، دەپ ئاڭلاشقانىدى. دەرۋەقە شۇنداق ئىدى. بۇ قوشۇنلارنىڭ باشلىقى توق تېمۇرخان، شەيخ خۇدايى دات، قەرىدىن تاجىك ئىدى.

بوراقخان خوجەنت دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ، بۇ يەرنىڭ لەشكەرلەرگە تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. بۇنداق كۆپ لەشكەرنى ھەرگىز كىشى كۆرگەن ئەمەس ئىدى. توق تېمۇرخاننىڭ دەريا-دەريا لەشكەرلىرىنىڭ 70 تۇغ-ئەلىمى بار ئىدى. بوراقخان بۇنى كۆرۈپ بۇخاراغا قايتىپ كەلدى ۋە ئۈچ كۈن تۇرۇپ بىر كېچىدىلا قېچىپ قارشىغا كەلدى.

بۇ يەردە بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپ تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بەلخ تەرەپكە قاراپ كەتتى. بوراقخاننىڭ جەڭ قىلمايلا قاچقانلىقىنى كۆرگەن چاغاتاي سىپاھلىرى بۇخارادا تۇرماستىن ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى.

توق تېمۇرخان جايخوندىن ئۆتۈپ خوجەنتنى ئىشغال قىلدى ۋە سەمەرقەنتكە يېتىپ باردى. ئۇ يەردە ئاكا بىر — ئەشرەفلەرنى يىغىپ، ئۇلارغا ياخشى مۇناسىۋەت قىلدى. سەمەرقەنتنى پايتەخت قىلدى.

ئەمىر قازاغىن قازاق ئېلىدىن ئىدى. ئۇنى بۇخاراغا ھاكىم قىلدى. ئاق تېمۇرخان دېگەن ئوغلىنى قوشۇپ ئەۋەتتى. قارا تېمۇر دېگەن يەنە بىر ئوغلىنى سەبىز شەھرىگە ئەۋەتتى. قەمرىدىننى ئون سەركەردە بىلەن ئۈز يۈزتىغا — بەلخ تەرەپكە ئەۋەتتى. ئۇلار بوراقخاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ جەڭ قىلىشتى ۋە بوراقخاننى مەغلۇپ قىلىپ بەلخنى ئالدى، بوراقخان قەلەندەر سۈپىتىدە قەندىھارغا ئۆتۈپ كەتتى. چاغاتاي لەشكەرلىرى تارقىشىپ ھىرات، بەدەخشان تەرەپلەرگە چېقىپ كېتىشتى.

قىپچاق قوشۇنلىرى بۇخارا، ھىسار، تاشكەنت، سەمەرقەنت قاتارلىق ماۋرائۇننەھىر يۇرتلىرىنى بېسىۋالدى.

ساھىبقىران كۆكۈل ئېچىش بىلەن بەند ئىدى. دادىسىنىڭ ئىنىلدىشى (تاغىسى) ھاجى بېك كېلىپ:

— ئەي ئوغلۇم، تۇرغىن! ھازىر كۆكۈل ئېچىش ۋاقتى ئەمەس. توق تېمۇرخاننىڭ لەشكەرلىرى ھەممە يۇرتلارنى ئالدى. بوراقخان بىر كېچىدىلا قېچىپ كېتىپتۇ. چاغاتاي بەگلىرىمۇ ئۆزلىنىڭ قەبىلىلىرى بىلەن ھەر تەرەپكە تارقىشىپ كېتىپتۇ. بىزمۇ قوۋم – قېرىنداشلىرىمىزنى ئېلىپ بىر تەرەپكە كېتەيلى! چۈنكى قارا تېمۇرخان ئەتە – ئۆگۈن بۇ يەرگە كېلىپ قىلىشى مۇمكىن! — دەپ قىچقىرىشقا ئۇنىدىدى.

— ئەي تاغا! — دېدى ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭغا. — ئۇلارنىڭ نەسلىمۇ تۈرك، بىزنىڭ نەسلىمىزمۇ تۈرك. بىر - بىرىمىزگە چېگىچىلىق قىلىشمىسىمىز، ئۇنداق قىلىش بىزگە ئار-نومۇس، ئەگەر زورلۇق ئىشلەتسە، ئۇ چاغدا سۆلھ قىلىشايلى!

ئاخىر ھاجى بېك قېچىشقا ھەرىكەت قىلدى. ئەمىر تېمۇر نائىلاج تاغىسىنى تىللاپ - سۆكۈپ دېگۈدەك قوغلىۋەتتى. ئەمىر تېمۇر ھەممە ئاقساقاللارنى چاقىردى. ئۇلار شەھەرنىڭ سىرتىغا — قارا تېمۇر-خاننىڭ ئالدىغا قارشى ئالغىلى چىقىشتى.

ئەمىر تېمۇر زامانىسازلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا كۆرۈنۈش قىلدى. خىزمەتچىلەردىن بىرى خانغا:

— بۇ كىشى تورغاي باتۇرنىڭ ئوغلى بولىدۇ! — دەپ تونۇشتۇردى. توق تېمۇرخان: «تورغاينىڭ ئوغلى قولغا چۈشسە ئۆلتۈرۈڭلار!» دەپ جېكىگەنىدى. لېكىن يۈزتۇرانە كۆرگەندىن كېيىن «كورگانلارنىڭ بېگى» دەپ باغلاپ قويدى. كورگانلار ئەمىر - تېمۇرگە تاپا - تەنە قىلىشتى:

— ئەگەر قاچقان بولساق بىزگە بۇ بالا - قازا يوق ئىدى!

توق تېمۇرخان ئەمىرلارغا ھېچنەرسە دېمىدى. ئەمىر تېمۇرنى قارا تېمۇرخاننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ئۇنى تېخى ئۆ-لۈمگە بۇيرۇغىنى يوق ئىدى، تاغ ئىچىدىن بىر قاپلان بىر ئۆچكىنى قوغلاپ كېلىپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەن، ھەتتا ئەسىرلەر، جاللاتلارمۇ قېچىشتى. لېكىن ئەمىر تېمۇر قاچمىدى. قاپلان ئۆچكىنى تۇتۇپ يېگەندىن كېيىن ئاندىن ئەمىر تېمۇرگە ھۇجۇم قىلدى. ساھىبقىران بىر تېپىۋىدى، قاپلان پارچە - پار-چە بولۇپ كەتتى. قارا تېمۇرخان كېلىپ ئەمىر تېمۇرنىڭ يۈزلىرىگە سۆيدى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنى يەشتى.

— ئاتام بۇيرۇغان تەقدىردىمۇ سېنىڭ ئۆلۈمىڭدىن ئۆتـ-تۇم، — دېدى ئۇ ئەمىر تېمۇرگە ۋە خىزمەتچىلىرىگە بۇيـ-رۇدى، — باشقىلارنى ئۆلتۈرۈڭلار!

— ئەگەر ئۆلتۈرسەڭ، — دېدى ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭغا، — مېنىمۇ قوشۇپ ئۆلتۈرگىن! ئۆلتۈرمىسەڭ، ھەممىمىزنى ئۆلتۈرمە!

ئەمىر تېمۇرنىڭ ھىممىتىنى كۆرۈپ قارا تېمۇرخان ھەممەيلەننىڭ ئۆلۈمىدىن كەچتى. ئاندىن سەبىز شەھىرىگە كىردى ۋە ئەمىر تېمۇرنى يېنىدىن ئايرىمىدى. ھەرقانداق ئىش بولسا ئەمىر تېمۇردىن سوراپ قىلاتتى.

بىر كۈنى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئىمالدىشى ھاجى بېك ئەمىر تېمۇرگە: «مېنى خاننىڭ خىزمەتلىرىگە قاتناشتۇرمىدىڭ» دەپ ئاغرىندى. ئاخىرى ئۇنى ئەمىر تېمۇرنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن خانغا دوست قىلدى. قارا تېمۇرخاننىڭ خىزمەتچىلىرى ئىچىدە بىر چىرايلىق ئايال بار ئىدى. خان ھەممىدىن شۇنى ياخشى كۆرەتتى. كۈتمىگەندە بۇ ئايال ئەمىر تېمۇرگە ئاشىق بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ ئەمىر تېمۇر خالى قالغان پەيتنى تېپىپ:

— ئەي خان ئەمىر تېمۇر، مېنىڭ باغرىمنى كۆيدۈرۈپ ئىشىق ئوتىدا كۆمۈرگە ئايلاندۇرمىغىن. مېنىڭ مەقسىتىمنى ھاسىل قىل، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— خاننىڭ تۇزىنى يەپ تۇرۇپ بۇنداق ئىشنى قىلمايمەن! — دەپ رەت قىلدى ئەمىر تېمۇر. بۇ ئىشنى ھاجى بېك كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە كۈدۈرەت ئوتى بار بولغاچقا، ئەمىر تېمۇرنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەيتتى. چۈنكى ئۇ «قاچايلى» دېگەندە ئەمىر تېمۇر ئۇنى تىللاپ - سۆكۈپ قاچقىلى قويمىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئەمىر تېمۇرنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— شۇنداق گۈزەل ئايالنىڭ تەلىپىنى يەردە قويامسەن؟ — دەپ ئالدىماقچى بولدى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ ھىيلىسىگە ئالدىنىپ:

— قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى. ھاجى بېك:

— ئۇنى بىر ساندۇققا سالغىن، مەن ئۆيۈڭگە ئېلىپ

باراي، سەن گېپىڭ بار، — دەپ ئۆگەتتى. ئەمىر تېمۇر سادى-
دىلىق بىلەن ھېلىقى خىزمەتكار ئايالنى بىر ساندۇقتا ئېسىل،
خۇش بۇي دورىلار بىلەن قوشۇپ سالدى. ھاجى بېك ئۇنى
ئۇدۇللا قارا تېمۇرخاننىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ باردى. خان زادى
ئىشەنمىگەنىدى، ئۇ ساندۇقتىن ھېلىقى ئايالنى چىقىرىپ كۆر-
سەتتى. قارا تېمۇرخان شۇ زامات قولىغا قىلىچ ئېلىپ ئەمىر تې-
مۇرنىڭ قېشىغا كەلدى. ئەمىر تېمۇر ئۆيىدىن قېچىپ چىقتى.
ھېلىقى ئايالنى تېپىۋېلىپ ئۆلتۈردى. خانىمچەنى ئەرەنچە كىيىن-
دۈرۈپ بۇخارا تەرەپكە ئەكەتتى. قارا تېمۇرخان ھەر تەرەپكە
ئۇنى ئىزدەش ئۈچۈن نامە يازدۇرۇپ، 100دىن - 100دىن كى-
شىنى ئەۋەتتى. ئەتىسى كورگان ئېلىدىن 300 كىشىنى تال-
لاپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى كەستى. ھاجى بېك قەلەندەرچە ياسى-
نىپ قاچتى.

100 كىشى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئارقىسىدىن بۇخاراغا يۈزلەندى.
ئەمىر تېمۇر چۆلدىكى بىر كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ چۈشتى ۋە ئۇ
يەردە ناشتا قىلدى. ئۇ تۇيۇقسىزلا ئارقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-
توزاننى كۆردى. خانىمچەنىڭ يەتتە مىسقال زەھىرى بار ئىدى.
«بىرەر يەردە قىيىنچىلىقتا قالسام ئىچىمەن» دەپ ساقلاپ كەل-
گەنىدى. ئۇ كېلىۋاتقان دۈشمەننى كۆرۈپ، زەھەرنى ئىچىشكە
ھەرىكەت قىلىۋېدى، ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ قولىدىن زەھەرنى
ئېلىۋالدى — دە، كۆلگە تاشلىدى. ئىككىلەن ئاتقا مىنىشىپ
جۆنەپ كەتتى. ھېلىقى 100 كىشى كۆلنىڭ بويىغا يېتىپ كەل-
دى. ئۇسساپ كەتكەچكە، ئاتتىن چۈشۈپلا سۇ ئىچىشتى. بىر
دەمدىن كېيىن زەھەر تەسىر قىلىپ توقسىنى ئۆلدى. ئون كى-
شى ئۇلارنىڭ ھالىنى كۆرۈپ قورقۇپ سۇ ئىچمىدى. ئۇلار ئە-
مىر تېمۇرنىڭ ئارقىسىدىن يولغا چۈشتى ۋە ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى.
ئەمىر تېمۇر ئۇلارغا ئوق ئاتتى. ئۈچ كىشى ئۆلدى. بىرىنىڭ
كۆزى كور بولدى. ئەمىر تېمۇر:

— جانابىڭدىن كىچىككەن بولساڭ كىلىۋەر! — دەپ ۋارقىرىدى. قوغلاپ كەلگەنلەردىن كور بولغىنى: «بۇنىڭغا تەڭ كەلگىلى بولمايدىكەن» دەپ ئويلىدى - دە، توق تىمۇرخاننىڭ ئالدىغا قايتىپ كىلىپ، ئەھۋالنى خانغا مەلۇم قىلدى.

## قىمارۋاز ئاناقنىڭ ساھىبقىرانغا يولداش بولغانلىقى، ساھىبقىراننىڭ نەقشبەندى پىرىمنىڭ خىزمىتە بارغانلىقى

ساھىبقىران مىڭ بىر مۇشەققەتلەرنى چىكىپ ئاخىر قارشىغا كەلدى. «شەرەپنامە» نىڭ مۇئەللىپىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، قارشى ئۆيغۇر تىلىدا كاتتا ئىمارەت — قەسىر دىگەنلىك بولىدىكەن، ئاق تىمۇرخان بۇ يەردە ئوردىسىنى شۇنچە ئېگىز قىلىپ سالدۇردىكى. ئاپتاپ چىققاندا سايىسى بىر كۈنلۈك يولغا چۈشەر ئىدى، بىچارە ئەمىر تىمۇر بۇ يەرگە كىلىپ ھەيران قالدى ۋە بىشىنى خوتۇنىنىڭ تىزىغا قويۇپ بىرئاز ئۇخلىۋالدى. تۇيۇقسىز چاڭ كۆتۈرۈلدى، ئۇ ئويغىنىشىغا ئۇۋدىن قايتقان ئاق تىمۇرخان يىتىپ كەلدى، خانىمچە بۆكىگە ياغاچ قاداپ يەرگە چۈشتى. ئاق تىمۇرخان ئۇنىڭ خوتۇن كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئەمىر تىمۇردىن:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— بەگلەرنىڭ نەسلىدىن بولىمىز، سىلەرنىڭ زۇلۇم قىلىشىڭلاردىن قورقۇپ تۇرۇۋاتىمىز، بۇ مىنىڭ ئايالىم بولىدۇ، بىزلەرنى ھاقارەت قىلامدىكىن دەپ قورقۇپ تۇرۇۋاتىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى ئەمىر تىمۇر.

بۇ سۆز ئاق تىمۇرخانغا قاتتىق تەگدى - دە:

— بىز زالىم بولغان بولساق سىنىڭ بۇ خوتۇنۇڭ بىزگە كىرەك، — دەپ بىر يىگىتكە بۇيرۇۋىدى، ئۇ يىگىت خانىمچەنى ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ ئىلىپ ماڭدى، خانىمچە: «مەن مەلىكە بو-

لىمەن، قولۇڭنى تەككۈزمە!» دېيۈىدى، ئۇ «يىگىت» مۇ: «مەنمۇ خاننىڭ خوتۇنى، مەلىكە بولىمەن» دېگىنىچە، بۆكىنى ئېلىۋىدى، ئەمىر تېمۇرنىڭ غەيرىتى قوزغىلىپ، ئاق تېمۇرخاننىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ:

— بۇ نېمىدېگەن زۇلۇم! مېنىڭ ھەققىمگە شۇنداقمۇ قىلامسەن؟ — دېدى، خان قىلىچىنى ئەمىر تېمۇرنىڭ بېشىغا سالدى، قىلىچ تۆتلىك پاتتى، ئەمىر تېمۇر ئېسىدىن كېتىپ يىقىلدى، كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ئاق تېمۇرخان خانىمچىنى ئالدىغا ئەكەلدى، خانىمچە:

— بىز مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدىمىزدە، ھەيز كۆرگەن خوتۇنغا يېقىن كېلىپ بولمايدۇ. ھازىر مېنىڭ دەل شۇنداق ۋاقتىم، يېقىن يولىما، بولمىسا ئۆزۈمنى خەنجەر بىلەن ھالاك قىلىۋېتىمەن! — دەپ ھەيۋە قىلدى، ئاق تېمۇرخان چىقىپ كەتتى، خانىمچە 40 كۈن ۋاقىت سورىدى، ئاق تېمۇرخان ھەركۈنى قېشىغا كەلسە ئۇ قولىغا خەنجەر ئالاتتى. خان ئىلاجسىز قاچار ئىدى.

ئەمىر تېمۇر ھۇشىغا كەلگەندە، ئەتراپتا ھېچكىم يوق ئىدى، ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇردى - دە، يىغلىغان پېتى بىر مەسچىتكە كىرىپ يىقىلدى.

مەسچىتنىڭ مەزىنى رەھىم كېلىپ، ئۇنى ئۆيىگە ئاپاردى، ئەمىر ئۇنىڭغا ئۆزىنى: «تۆرە بالىسى بولىمەن» دەپ تونۇشتۇردى - مەزىن:

— مېنىڭ بىر ئوغلۇم بار، ئىسمى ئاناق، ئۇنىڭ لەقىمى «گۆل قىمارۋاز»، بېشى تاز. مەن ئۇنىڭ ئىشىغا نارازىمەن، — دەپ ئۆز ئەھۋالىنى ئەمىر تېمۇرگە سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئوغلى كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەمىر تېمۇرنىڭ جاراھەتلىرىنى كۆرۈپ، يۇيۇپ، تاڭدى. شۇندىن باشلاپ ئۇ ئەمىر تېمۇرنىڭ خىزمىتىدە بولدى. (بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ قەبرىسى ئەمىر ساھىبقىراننىڭ قەبرىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىدۇر.)

ھېلىقى مەزىن قوچىنى ئېلىدىن ئىدى. ئۇلار ئەمىر تېمۇرنى ساقايتىش كويىدا كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن ساھىبقىران ساقايدى.

ئاناق ھەر كېچىدە ئۆيىدىن چىقىپ كېتەتتى. بىر كېچىسى ئەمىر تېمۇرمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تۇيدۇرماي باردى ۋە ئۇنىڭ بىر خەندەكتىن سەكرەپ ئۆتۈپ، شەھەر سېپىلىدىن ئېشىپ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، بىرۋاقىتتىن كېيىن قورغاننىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى. ئەمىر تېمۇر «ئۇنىڭغا كۆڭۈل گەپلىرىمنى ئېيتاي» دەپ ئويلىدى. ئەمما: «كۆڭۈل سۆزلىرىمنى دېگەن بىلەن، ئىشىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمۇ؟ چىقالماسمۇ؟ سۆزۈمنى ئاڭلارمۇ — ئاڭلىماسمۇ؟» دەپ ئىككىلەندى. ئاۋۋال ئەمىر تېمۇر، ئاندىن ئاناق ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

تاڭ ئاتتى. مەزىن ئەمىر تېمۇرگە:

— ئەي يىگىت، تاجىكلار: «بىكارچى ئادەمدىن خۇدامۇ بىزاردۇر» دېيىشىدۇ، سەن ئەمدى بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بول! ئىشى يوقنىڭ چىشى يوق دېگەن گەپ بار. يەنى بىكارچىنىڭ سۆزى ھېچكىمگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، — دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى.

مەزىن، ئاناق ۋە ئەمىر تېمۇر قوغۇنلۇققا بېرىپ ئوت ئوتاشتى. چۈش بولغاندا بىر ياغاچنىڭ سايىسىدە ئارام ئېلىپ ئۇخلاشتى. بىر چاغدا ئاناق ئويغىنىپ توزغا ئوخشايدىغان ئاجايىپ چىرايلىق بىر قۇشنىڭ ئەمىر تېمۇرنىڭ بېشىغا سايە تاشلاپ دەرەخكە قونۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. قۇشنىڭ تۇمشۇقىدا بىر پارچە قاقشال ئۇستىخان بار ئىدى. ئاناق ئاتىسىنى ئاستاغىنا ئويغىتىپ، قۇشنى كۆرسەتتى. ئاتا-بالا: «بۇنداق قۇشنى ھېچ كىشى كۆرگەن ئەمەس. بۇ چوقۇم ھومايۇن قۇشى ئىكەن» دېيىشتى. ئاناق دادىسىغا:

— ئەي دادا، بۇ تۆرە بالىغا خۇدا كاتتا دۆلەت ئاتا قىلغۇ-
سىدۇر. مەن ۋەدە قىلدىمكى، مۇشۇ تۆرىنىڭ مۇلازىمىتىدىن زادىلا
ئايرىلمايمەن — دېدى. ئاتا ۋە بالا شۇنىڭدىن باشلاپ ئەمىرتې-
مۇرنى تېخىمۇ ئىززەت ھۆرمەت قىلىدىغان بولدى. ساھىبقىران بول-
سا «ئۇلار مېنى مەسخىرە قىلىۋاتسا كېرەك» دەپ يىغلار ئىدى. ئۇ:
— ئەي قۇرداش، مېنىڭ بېشىمدا شۇنداق كۆلپەتلەر بار
ئىكەن. ئۇچارغا كەلمىسە لاچىن مادارى، بولۇر چىمچۇققا شۇم-
شۇك كار بارى، — دېدى.
ئاناق قىمارۋاز ئەمىر تېمۇرگە شۇنداق دېدى:
— ئەي جېنىم تۆرەم، مەسخىرە قىلمىغانلىقىمغا قەسەم
قىلىپ بېرەيمۇ؟ ئاڭلا، بۇ قوغۇنلۇققا چىققان كۈنى لاتاپەتلىك
بىر قۇش بېشىڭ ئۈستىدىكى دەرەخكە قونۇپ ساڭا سايە تاشلىدى.
ئۇنىڭ تۇمشۇقىدا بىر پارچە قۇرۇق ئۇستىخان بار ئىدى. مەن
ئۇنى «ھومايۇن قۇشى» دەپ پەم قىلدىم. يېقىندۇركى، پەلەك
شاھى يۇسۇپنىڭ ئىقبالىغا يەتكەندەك، سەنمۇ مۇشەققەتلەر زىندا-
نىدىن چىقىپ، «مىسىر» راھىتى ئۈستىدە سۇلتان بولساڭ ئەجەب
ئەمەس. ئەمدى خاتىرىڭنى جەم قىلىپ، ماڭا ئەسلى كېلىپ
چىقىشىڭنى ئېيتىپ بەرگىن.
ئەمىر تېمۇر ھەرقانچە قىلسىمۇ ئاناق زادىلا ئۇنىمىدى.
ساھىبقىران نائىلاج ھەقىقىي سۆزىنى ئۇنىڭغا ئىزھار
قىلدى. نەزمە:

پەلەك ماڭا قويمىش ئۇشبۇ قاتتىق ئات،
ئەمىر تېمۇردۇر، تېمۇردۇر قانات.
ياراتقان قۇلىمەن روسۇلى ئانام،
بولۇپ ئۇممەت ئاڭا ئەلەيھىسسالام.
يەنە رەھمەت بولسۇن ئۇنىڭ ئالىغا،

ۋە ئەۋلادىغا، يەنە ئەسھابىغا.
ئەمىرى باھادۇر ئاتامدۇر مېنىڭ،
قارا چارۇ ئىنجىل بوۋامدۇر مېنىڭ.
قاراچارنويان ئېمىلدەشىمدۇر،
تېموچىن ۋەزىرى ئول ئازادەدۇر.
ئۇلار پەھلىۋانلىقتا ئارسلان كەبى،
دېڭىزدا لەھەڭ، چۆلدە قاپلان كەبى.
ئۇلار ئەجدىھايى زامان ئەردىلەر،
شىجائەتتە شىرى ژىيان ئەردىلەر.
ئاتامدىن سورىساڭ بۇ ھەم ئەسلى زات،
بەرى روزى مەھشەر، شەپىئ، ئىسات.
سىيادەتتە ئەردى بولار ئاق سۆڭەك،
شەرىئەت ستونى ئىشىت يەك ـ بى يەك.
نەچچە كۆن بولۇپمەن چۇغەيرەتتە مەن،
يەنە نەچچە كۈنلەر نەزلەتتە مەن.
بۇدۇر كىم ھەمە پېئىلۇ ئەتىبار دەھىر،
بېرىپ ئىقبال گاھىدە ئەدبار دەھىر.

ساھىبقىران ئۆزىنىڭ ئەسلى نەسلىنى ۋە دەۋران سۈرۈش ئەھۋالىنى ئاناققا بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بەردى. خانىمچەنى ئاق تېمۇرخاتتىنىڭ ئەكەتكەنلىكىنى، بۇ ئىش ئۇچۇن كۆڭلىنىڭ قايغۇ بىلەن تولغانلىقىنىمۇ سۆزلەپ بەردى. ئاناق قىمارۋاز:

— ئەي تۆرەم، غۇنچىدەك كۆڭلۈڭنى قان بىلەن ئارىلاشتۇرما ۋە لالىدەك باغرىڭنى داغلىما. ئەمدى ئۈمىدىنىڭ گۈللىرى ئېچىلىپ، دۈشمەنلىرىڭنىڭ قانلىرى چېچىلسا ئەجەب ئەمەس. مەن سەن ئۈچۈن خىزمەت پۇرستىنى بېلىمگە باغلىدىم، قۇللۇق ھالقىسىنى قۇلىقىمغا سالدىم. ئىنشائاللا، ئاق تېمۇرخاننىڭ تەخت

راۋىقىغا ئۇت قويۇپ، خانىمچەگە نىجاتلىق بېرىش ۋاقتى كەلـ
گەندۇر، ــــ دەپ كۆڭۈل ياسىدى.

شۇكۈنى. كۈيئوغۇل قۇياش يۈزىنـى شەپەقتەك قىـزارتىپ، ئاخىر غايىب بولغاندىن كـېيىـن تۈن كـېـلىنـى غەمكىن بولۇپ بېشىغا قارا ياغلىقىنى سالدى. ئاناق ھەييارلىق قائىدىسى بويىچە تەييارلاندى. ئەمىر تېمۇر ئىككىسى كـېچىلەپ خەندەك ياقـىسىغا كېلىشـتى. ئاۋۋال ئاناق ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ، ئۆزىنـى قورغانـىنـىڭ ئىچىگە ئالدى. ئاناق ئەمىر تېمۇرنىمۇ قورغانىغا كىرگـۈزدى. ئىكـكىيلەن شەھەرگە كىرىشتى. شۇ كۈنى قاراۋۇلـلارنـىڭ ھەممىسـى ئۇخلىشـىپ كـېتىشكەنىدى. ئۇلار ئوردا تەرەپكە بېرىشتى. دەرۋازىۋەنـلـەرنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. قۇلـۇپنىڭ ئاچقۇچىمۇ يـەردە تۇراتتى. ئۇلار يەتتە ئىشىكتىن ئۆتۈپ ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ كېلىشمەكتە ئىدى. ئالدىدا چـىراغ كۆرۈندى. ساھىبقىران قاردۇـ دى، ئاق تېمۇرخان خانىمچەنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. قـولىغا خەنـ جەر ئالغان خانىمچە ئاق تېمۇرخانغا:

ــــ ئەي چـىـتتە كاپىرى! مېنىڭ ئالدىمغا كەلمە! بولـمىـسا ئۆزۈمـنى خەنجەر بىلەن ھـالاك قىلىمەن! ھېچكىم مېنى ئۆلۈمدىن قايتۇرالمايدۇ! ــــ دېدى.

ئەمـىر تېمۇرنىڭ كۆڭلىدە غەيرەت ئوتى يالقۇنلىدى ـ دە، بىر تېپىپ ئىشـىكنى سۇنـدۇردى ۋە ئـىچكـىرىـگە كـىـردى، ئاق تېمۇرخان قولىغا قىلىچ ئېلىپ:

ــــ كىم؟ مېنىڭ ھەرەمىمگە كىرگەن قانداق ئۇياتسىز نەرـ سە سەن!؟ ــــ دەپ ۋارقىرىغانىدى، ئاناق ئارقىدىن كەلگىنىـچە خەنجەر ئۇرۇپ ئۇنى ھالاك قىلدى. ئۇلار خانىمچـەنى ئېلـىپ، ئوردىغا ئوت قويۇپ، مەزىنىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىشتى.

ئەتىسى قارشىنىڭ ئادەملىرى ئاق تېمۇرخانىنىڭ ئۆلـتۈرۈلـ گەنلىكى ۋە ئوردىغا ئوت قويۇلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىشتى. توق

تېمۇرخان باشلىق ھەممەيلەن قارىلىق كىيىملىرىنى كىيىشتى.
ئەمىر تېمۇر بىر كېچىسى چۈش كۆردى. چۈشىدە چاچلىرى
چۇۋۇلغان بىر قەلەندەر ئەمىر تېمۇرغا بىر نان بەردى، لېكىن
نانىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئازراق ئۇشتۇۋالدى. ئۇ ئويغىنىپ، كۆر-
گەن چۈشىنى ئاناققا دەپ بەردى. ئاناق:
— ئۇ نان پۈتۈن يەر يۈزىدۇر. ئەزىزلەر بۇنى ساڭا بې-
رىپتۇ، — دەپ تەبىر بەردى. ئەمىر تېمۇر:
— ئۇ قەلەندەرنىڭ جامالىنىڭ ئىسسىقلىقى مېنى ساراڭ
قىلىپ قويدى، — دېدى.
بۇخارا تەرەپتىن: «ئەمىر قازاغىن ھەر يەردە موللا بولسا
ئۆلتۈرۈڭلار، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ، بۇخارادا موللا دېگۈدەك
كىشى قالماپتۇ» دېگەن خەۋەر تارالدى. ئەمىر تېمۇر ئاناققا:
«بۇخاراغا بېرىپ، خەلقنى ئۇ زالىمدىن قۇتۇلدۇرايلى!» دەپ
تەكلىپ قىلدى. خانىمچەنى قارشىغا قويۇپ، ئاناق بىلەن ئىككى-
لەن بۇخاراغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار بۇخاراغا يېقىن بىر چارباغ-
قا يېتىپ باردى. باغدا بىر كۆل، كۆل بويىدا بورا سېلىنغان
سۇپا بار ئىدى. ئەمىر تېمۇر سۇپىغا چىقىپ ئولتۇردى ۋە دەرەخ-
نىڭ پۇتىقىغا ئېسىلغان بىر نامىنى كۆردى. نامىدە: «مۇشۇ دە-
رەخنىڭ مېۋىسىنى كىمدە كىم يېسىمۇ، يېمىسىمۇ سەۋەبكار بول-
دۇ.» دېيىلگەنىدى. ئاناق:
— يېمەيلى، سەۋەبكار بولىدىكەنمىز، — دېگەنىدى، ئەمىر
تېمۇر:
— يېسەكمۇ، يېمىسەكمۇ سەۋەبكار بولىدىكەنمىز، ئۇنىڭدىن
كۆرە يەيلى! — دېدى. ئۇلار مېۋىنى كۆڭۈللىرى خالىغانچە يې-
يىشتى. بۇ يەردە بىر كېچە - كۈندۈز تۇرۇشتى. تۇيۇقسىز كۆل
قايناپ، مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى. بىر تەرەپتىن قەلەندەر سۈپەت
بىر ئوغۇل چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ شىجائىتىدىن پۈتۈن ئالەم لەر-
زىگە كەلمەكتە ئىدى. ئاناق:

— ئەنە باغنىڭ ئىگىسى كېلىۋاتىدۇ. بىز بىلەن ئۇرۇشىدىغان بولدى، — دەپ تۇرۇشىغا، قەلەندەر تۇۋلىغىنىچە كېلىپ:

— سىلەر قانداق ئادەمسىلەر؟ مېۋىلەرنى نېمىشقا ئىجازەتسىز يېدىڭلار؟ — دېدى. ئەمىر تېمۇر:

— بىز مۇساپىر، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، باغ ئىچىدىكى دەرەختە ئېسىپ قويۇلغان نامىنى كۆردۇق. نامىدە: «يېگۈچىلەرمۇ، يېمىگۈچىلەرمۇ سەۋەبكار!» دېيىلگەچكە، ھامان سەۋەبكار بولىدىكەنمىز، دەپ يېدۇق، — دېدى. باغنىڭ ئىگىسى شۇ ھامان:

— سەن تورغاي باتۇرنىڭ ئوغلىمۇ؟ — دېۋىدى، ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭغا زەن سېلىپ قاراپ ئۇ كىشىنى تونۇپ قالدى-دە، ئايىغىغا يىقىلدى. ئۇ كىشى:

— مېنىڭ ئېتىم مۇھەممەد پەزىل بۇخارى نەقشىبەند باھاۋىددىن دەپ شۆھرەت تاپقاندۇر. بۇ باغ مېنىڭ بېغىمدۇر. خۇدا يولىغا بېغىشلىغانمەن. ھەر كىم كېلىپ مېۋىلىرىنى يېيىشىدۇ. بۇ جايىنى «قەسىر ئارىپان» دېيىشىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭدىن:

— بۇ نامىنىڭ سىرى نېمە؟ — دەپ سورىدى. باھاۋىددىن:

— ھەر كىم يېسە مەن سەۋەبكار، چۈنكى ئۇنىڭسىز جەننەتكە قەدەم قويمايمەن. يېمىسە، ئۇ زامىن، چۈنكى يېمەسلىكى بىلەن ئۆزىگە ئۆزى جاپا قىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. بۇ سۆھبەتتىن كېيىنكى كۈنى ئەمىر تېمۇر، ئاناق بۇخاراغا يېتىپ كەلدى. بىر دوقمۇشقا يېقىن كېلىۋىدى، قاراۋۇللارنىڭ ناغرىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەمىر تېمۇر ئۆزىنى بىر بۇزۇلغان دۇكاننىڭ ئىچىگە ئالدى. ئاناق باشقا تەرەپكە كېتىپ قالدى. ئەمىر تېمۇر دۇكان ئىچىگە قاراپ بىر بېشى كېسىلگەن ئايالنى كۆردى. ئۇ ھەيران بولۇپ، بۇ يەردىن چىقىپ كېتەي، دەپ

تۇرۇشىغا. قاراۋۇللار يېتىپ كېلىپ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈشتى - دە، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ باغلىدى. ئۇنىڭ راست گەپلىرىگە ئىشەنمىدى. قاراۋۇللاردىن بىرى ئەمىر تېمۇرنى ئۆيىگە ئەكەلدى ۋە تاڭ ئاتقاندا ئەمىر قازاغىننىڭ ئالدىغا ئاپىرىشنى قارار قىلدى. ئەمىر تېمۇر تۈن بويى نالە قىلىپ يىغلىدى. سەھەرگە يېقىن ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. قولىدا چىراغ كۆتۈرگەن بىر چۆرە خوتۇن چىقىپ، ئەمىر تېمۇرنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يىغلىغىنىچە:

— ئەي تۆرە ئوغۇل، ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قارىۋىدى، بۇ چۆرە ئەسلى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئىنىكئانىسى. بىر ۋاقىتلاردا ئالامانلار شۇ جايلارغا بارغاندا ئەسىرگە چۈشكەن ۋە بۇخاراغا كەلتۈرۈلۈپ، بۇ قاراۋۇلغا سېتىلغانىدى.

بۇ ئايال ئەمىر تېمۇرنى ئازاد قىلدى. ئەمىر تېمۇر ئاناقىنى تېپىشقا ماڭدى. ئۇ بىر يەرگە بېرىپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ باغلىغان قاراۋۇلنىڭ بويىنى ئۈزۈلگەن، قانغا بويالغان ھالدا سۇنايلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ يەردىن ئازراق ئۆتۈپ باشلىرى كېسىلگەن كۆپلىگەن قاراۋۇللارنى كۆردى. بىر چاغدا قولىدا خەنجەر تۇتقان قارا كىيىملىك بىر كىشى كەلدى. ئەمىر تېمۇر ئۆزىنى ياقىغا ئېلىپ، سىنچىلاپ قارىۋىدى، ئۇ ئاناق ئىكەن. ئۇلار بىر - بىرىنى تونۇپ كۆرۈشتى. ئاناق:

— سىز ئۈچۈن 70 قاراۋۇلنىڭ بېشىنى كەستىم، يەنە سىزنى تۇتۇۋالغان قاراۋۇلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، سىزنى قۇتۇلدۇرماقچى ئىدىم. ئەلھەمدۇلىللا، سىزنى بۇ يەردە ئۇچراتتىم، — دېدى.

ئىككىيلەن ھەزرىتى باھاۋۇددىننىڭ خىزمىتىگە كەلدى.

مەۋلانا شەزەپىدىن جامىئەلئەزەم كەلتۈرۈپتۇ لەركى، ئەمىر قازاغىن توق تېمۇرخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇخاراغا ھا-

كىم بولدى. ئۇ ئىلگىرى ئادالەتنى تەلەپ قىلاتتى. ئىككىنچى قېتىم هاكىم بولغاندا زالىم بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭ ئاتىسى قالماق بەگلىرىنىڭ قىزىنى ئالغانىدى. ئۇ ئايالغا قازاغىن ئاشىق بولدى. دادىسى سەمەرقەنتتە — توق تېمۇرخاننىڭ ئالدىدا ئالەمدىن ئۆتتى. دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ ئايالنى بۇخاراغا ئەكەلدى. ئۇنىڭ ئېتى بايغۇن ئىدى. قازاغىن بۇ ئايالنى ئۆزىگە خوتۇن قىلماقچى بولدى. بايغۇن:

— مەن ساڭا تەگمەيمەن، هېچقانداق مەزهەپتە ئانىسىنى ئوغۇل ئېلىش دۇرۇس ئەمەس، كاپىر بولغىنىم بىلەنمۇ تەگمەيمەن، — دەپ رەت قىلدى. ئۇلار ئاتا - ئانىمۇ خۇداغا ئوخشاش، دەپ چوقۇنار ئىدى. «ئادەم ئاتىنى ئاسمان ياراتقان» دەپ، كۆكنى (ئاسماننى) تەڭرى قىياس قىلىشاتتى.

ئەمىر قازاغىن موللىلاردىن پەتىۋا ئالماقچى بولدى. ئۆزىنىڭ دىنىغا ئىشىنەلمەي، «دىنلارنىڭ پەزىلەتلىكى مۇهەممەدنىڭ دىنى» دەپ تونۇپ، مۇهەممەدىلەردىن پەتىۋا تەلەپ قىلدى ۋە «كىشىنىڭ ئاتىسى ئۆلسە، ئۇنىڭدىن مال قالسا دادىسىنىڭ ۋارىسى ئۇنى تەسەررۇپ قىلسا بولامدۇ؟ بۇنىڭدا كىتابلاردا قانداق پەتىۋا بار؟» دەپ سورىدى.

بۇ چاغلاردا ئىمام هافىزىددىن بۇخارى بۇخارانىڭ مۇپتىسى ئىدى. ئۇ كىشى: «مىراس — ۋارىسنىڭ هەققىدۇر» دەپ پەتىۋا بەردى. قازاغىن بۇ پەتىۋانى بايغۇنغا كۆرسەتتى. بۇ خوتۇن سۆزگە ئۇستا ئىدى. ئىمام هافىزىددىنگە: «قايسى مەزهەپتە ئانىنى ئوغۇل ئالغىنى بار؟ بىز كاپىر. سىلەر مۇسۇلمان. شۇنداق تۇرۇپمۇ دۇنيانى دەپ، ئاخىرەتتىن كەچتىڭلارمۇ؟» دەپ نامە يازدى.

ئۇنىڭ نامىسىنى كۆرگەن ئىمام هافىزىددىن جۈمە كۈنى ئەمىر قازاغىننىڭ قېشىغا كېلىپ: «سەن بىزدىن هىيلە بىلەن

پەتىۋا ئالدىڭ» دەپ غەزەپلەندى. قازىغىن موللىلارغا مۇخلىس ئىدى. شۇڭا ھېچنەرسە دېيەلمىدى. «ئەمدى بۇ ئارزۇ - ھەۋەستىن ئۆتتۈم» دەپ كۆپ ئەپۇ سورىدى. لېكىن بۇ ۋەقە يەتتە ئىقلىمغا: «بۇخارا موللىلىرىنىڭ ئۆگەي ئانىنى ئالسا بولىدۇ، دەپ پەتىۋا بەرگىنى قانداق ئىش؟» دەپ پۇر كەتتى ۋە ھەر تەرەپتىن نامىلەر كېلىشكە باشلىدى. بۇخارا موللىلىرىنىڭ ئابرويى تۆكۈلدى. ئۇلار يىغلىشاتتى. ئىمام ھافىزىددىننىڭ چۈشىگە ئىمام ئەزەم رەھمەتۇللا ئەلەيھى پىرىم كىردى ۋە ئۇ: «ئەي - ئوغلۇم، ھەر كىم مەسىلە سورىسا بىلىپ جاۋاب بەر، ئالدىراپ جاۋاب بەرمە! ئەمدى بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئالغىن. ئەتە يەتتە ئىقلىم — 72 مەزھەپكە ‹مىللەتنى ئالداپ زىندىيەت سالسا ئۇنىڭغا خۇدانىڭ لەنىتى ياغىدۇ› دەپ نامە يازغىن!» دەپ ۋەسىيەت قىلدى.

ئىمام ئويغىنىپ كۆپ يىغلىدى، بۇ سۆزلەرنى خەلققە ئېيتىۋىدى، ھەممىسى قوبۇل قىلىشتى. لېكىن رافىزىلار قوبۇل قىلمىدى، ئۇلارنىڭ مەزھىپىدە قارىمۇ قارشىلىق كۆپ ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئەمىر قازىغىن بايغۇننى ئالمىدى. ئىماملاردىن ئەندىشە قىلدى. لېكىن بايغۇن بىر تاجىك كىشىگە كۆڭۈل بەرگەنىدى. بايغۇن بۇ تاجىكنى خالىغان چېغىدا بىر قازاننىڭ ئىچىگە مۆكتۈرۈپ «تاماق ئەكەلدى» دېگەن باھانە بىلەن قېشىغا كىرگۈزەتتى. بىر كۈنى ئەمىر قازىغىن سارىيىدا ئىدى، خىزمەتچىلەر ھېلىقى قازاننى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ كېلىشتى. قازىغىن:

— بۇ قازاندىكى نېمە؟ — دەپ سورىغانىدى خىزمەتكار:

— بايغۇن خوتۇننىڭ ئېشى ئىدى، — دەپ جاۋاب بەردى

ئىمام ھافىزىددىنمۇ شۇ يەردە ئىدى. ئۇ كارامەت ئارقىلىق:

— قازاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار، — ددپ بىشاردت بەردى

دېگەندەك قازان ئىچىدىن ھېلىقى ئادەمنى ئەكەلدى.

قازاغىن تاجىكنى شۇئانلا قىلىچ بىلەن چېپىپ هالاك قىلدى. ئاندىن ھەرەم تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بايغۇن قورقۇپ كېتىپ «ساڭا تېگمەي» دېدى ۋە قازاغىنغا ناز قىلىپ ئۇنىڭ زوقىنى كەلتۈردى ۋە غەزىپىنى باسقان بولدى.

لېكىن بايغۇن «تاجىكنى ئۆلتۈرۈشكە ئىمام سەۋەب بولغان» دەپ موللىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈش قەستىدە بولدى ۋە قازاغىنغا ھىيلە ئىشلىتىپ: «ئاشۇ مۇپتى ئىمام مېنى ئىسسىتقى-سوۋۇتقى قىلىپ ئۆزىگە باغلىۋالدى» دەپ تۆھمەت قىلدى. ھەرخىل پىتنە تېرىلدى. ئەمىر قازاغىننىڭ غەزىپى ئۆرلەپ: «موللىلارنىڭ قېنى بىلەن دەرەخ كۆكەرتمەيدىغان بولسام» دەپ قەسەم ئىچتى. بايغۇن دېگەن مەلئۇن خوتۇنمۇ: «موللىلارنىڭ قېنى بىلەن دەرەخ كۆكلەتسەڭ، ئاندىن مېنى ئالىسەن!» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قان تۆككۈچى ئىمام ھافىزىددىننى چاقىرغۇزدى. ھەر كۈنى ئىمام كىرىپ كەلگەندە. قازاغىن ئالدىغا باراتتى ۋە كۆپ ئىززەت قىلاتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ جۇدۇنى تۇتقان بولۇپ ئورنىدىن زادى قوزغالمىدى. ئىمام بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ جېنىدىن قول يۇدى. ئىمام ئادىتىچە ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق ئورۇندا ئولتۇردى. قازاغىن:

— مەن ئەمىر تۇرسام نېمىشقا مېنىڭدىن يۇقىرىراق ئولتۇردۇڭ!؟ — دېدى.

— مەن ئالىم بولسام! — دەپ جاۋاب بەردى ئىمام.

— ئالىم بولساڭ، — دېدى قازاغىن ئىمامغا، — نېمىشقا بىر مەسىلىگە جاۋاب بەرمىدىڭ؟

— سورىغىن! — دېدى ئىمام. قازاغىن:

— ئاتىسىدىن قالغان خوتۇننى ئوغلى ئالسا بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىزنىڭ مەزھىپىمىزدە بولمايدۇ. ئەمما سەن كاپىر، ئېلىش-ئالماسلىق ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى! — دەپ جاۋاب بەردى ئىمام.

قازاغىن شۇ زامات جاللاتقا: «ئىمامنى ئۆلتۈر!» دەپ بۇيرۇدى. ئىمام شېھىت بولۇر ۋاقتىدا مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇغانىدى:

تىلىم بىرلە ئوقۇپ 40 يىل خۇدانىڭ ئىلمىي لوھىدىن،
قۇلاق بىلەن ئىشىتتىم شەست سال ئەسرارىنى تەئىين.
نى سەيىر ئەردى بولۇپ بۈگۈن شېھىتىم قەھرىڭ بىلەن،
ياراتقاندىن ئىرۇر بۇ لەتەپۇ رەھمەددۇر ماڭا ئايىن.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قان تۆككۈچى زالىم موللىلارنى توپلاپ شېھىت قىلىشقا باشلىدى. رىۋايەتچىلەرنىڭ دېيىشچە، 40 كۈنگىچە 4000 موللىنى شېھىت قىلدى. روھ تۇتىسى تەن قەپىزىدىن ئۇچۇش شەكىرىستانىغا ئۇچتى. ھەر يەردىكى مەدرىس ۋە مەسچىتلەرنى خاراب قىلدى. ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر ھەر تەرەپكە قېچىشتى. كاپىرلار كىفرو غوۋغاسىنى بۇخاراغا چاچتى. مەزىنلەر ھەرقايسى مەسچىتتە ئاۋازىنى چىقىرىپ ئەزان ئوقۇيالمىدى.

بۇ دەل زامىزان ئېيى ئىدى. مۇسۇلمانلارغا: «روزا تۇتماڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. بىرقانچە ئىرادىسىز ۋە ئەقىلسىز تاجىكلار دىنىي مۇھەممەدنى تاشلىدى. «شەمسىلمۇلىك» ناملىق چاربىاغ (ھازىر نامازگاھدۇر.) بۇتخانىغا ئايلاندۇرۇلدى. چىنتە سىپاھىلىرى بۇ يەرگە كېلىپ بۇتقا چوقۇنۇشتى. مۇسۇلمانلار كۆپ قىيىنچىلىق تارتتى. گوياكى نۇھنىڭ وپانى مەۋجىگە كەلدى.

قىزىل قان بولۇپ مەۋجى توپانلار،
شېھىت بولدىلەر كىم ئەزىز جانلار.
كېتىپ ئەربابىدىن چۇ ئىسلامدىن،
ئۇلار ئىچرە چۈشتى ئەجەب كېرو - كىن.
جىلاي ۋەتەن بولدى ئۇستازىلار،
دىن ئەھلى خاپادۇر، كاپىر شادلار.
كەلسە بۇتخانىلارغا زەئىپ ئىلەن،

بىرىپ نەچچە ئارايۇ ـ تەرتىپ بىلەن،
بولۇپ مەدرىس ـ مەسچىتلەر خاراب،
مۇسۇلمان پەرىشانۇ، ھەيران ساۋاب.
شەرىئەت چىراغى قىلىپتۇر ئۆچۈپ،
شەرىئەتنىڭ تەلىپى ھەريان قېچىپ.
مۇسۇلماننىڭ ھەممىسى غەم ـ قايغۇدا،
فىساد ئەھلى كۆركەم كۆزى ئۇيقۇدا.

فىسقى ـ فاساد شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، قەلەم ئۇنى يازالمايدۇ. تىل نالە قىلىشقا ـ سۆزلەشكە يېتىنالمايدۇ. بۇخارادا سېيىت ئاتىدىن باشقا پەزىلەت ئەھلى قالمىدى. قازاغىن:

— سېيىتنى كەلتۈر! — دەپ بۇيرۇدى.

بۇخارا ئەھلى بۇنى ئاڭلاپ ھەممىسى سېيىت ئاتىنىڭ خانىقاسىغا كېلىپ يىغلاشتى ۋە:

— بىز جېنىمىزدىن تويدۇق. قولىمىزغا قورال ـ ياراق ئېلىپ زالىم بىلەن ئۇرۇشىمىز! — دېيىشتى. سېيىت ئاتا ئۇلارنى توسۇپ:

— ئەي قۇرداشلار، سەۋرى قىلىڭلار! ئىنشائاللا، بۇ زالىمنىڭ دۆلىتىگە ئەمدى زاۋال يەتتى. — دەپ نەسىھەت قىلدى.

ئەھلى ئۇلۇسنىڭ ھەممىسى بېرىپ ئوردىنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇشتى. سېيىت ئاتا ئىچكىرىگە كىرىپ، قازاغىننىڭ ئالدىغا باردى. قازاغىن سېيىت ئاتىغا:

— ماڭا بىر مەسىلە ئۈچۈن جاۋاب كېرەك بولۇپ، موللىلاردىن سورىغانىدىم، ئۇلار ئاجىز كەلدى. بىر قانچىلىرىنى ئۆلتۈردۈم. چۈنكى ئۇلار نېمىشقا ئۆز ئىشلىرىغا بىپەرۋالىق قىلىشىدۇ؟ نېمىشقا بىر مەسىلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشالمايدۇ؟ لېكىن سىز بىلەن سۆزلەشمەيمەن. كەلگەن يولىڭىزغا كېتىۋېرىڭ، — دېدى.

— نېمىشقا مېنىڭدىن مەسىلە سورىمىدىڭ؟ — دېدى سېيىت ئاتا، — ساڭا جاۋاب بېرەلەيتتىم.

— ئوغلى ئۆگەي ئانىسىنى ئالسا بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى قازاغىن. سىيىت ئاتا ئوك ۋە سول تەرەپكە قارىدى. قازاغىن:

— مەن سىزدىن سوئال سورىسام، سىز ئۇيان - بۇيان قارايسىز، قارىغان بىلەن ھېچنەرسىنى كۆرمەيسىز، — دېدى.

— مېنىڭ كۆزۈمنىڭ كۆرمەسلىكى ھەممىگە مەلۇم. مەن سېنى «ئەركىشىدىن تۇغۇلغانمۇ ياكى خوتۇن كىشىدىن تۇغۇلغانمۇ؟» دەپ تەسەۋۋۇر قىلىمەن، — دېدى سىيىت ئاتا. قازاغىن:

— مەن ئاتا - ئانامغا ئوخشايمەن. مېنىڭ — خەلق بولمىقىمغا ئۇلار سەۋەب بولغاندۇر. ئاتا - ئانىمىزغا ئىبادەت قىلىمىز. ئۇلار ئادەم ئاتىغا ئوخشاش، — دەپ جاۋاب بەردى.

قازاغىننىڭ ئۆيىنىڭ يۇقىرىسىدا بىر بۇتى بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزىنى توسۇپ قويغانىدى. سىيىت ئاتا:

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ھەزرىتى ئادەمنىڭ سۈرىتى، مەبۇدىمىزدۇر. شاراب ئىچكەن چېغىمىزدا ئۇنىڭدىن ئۇيىلىپ يۈزىنى بېكىتىپ قويىمىز. ئۇ زەبەرجەددىن قىلىنغان قەسىردە تۇرىدۇ. بىز ئۇنى ئاسمان تەڭرىسى دەيمىز، — دەپ جاۋاب بەردى قازاغىن.

— سېنىڭ بۇ سۆزۈڭدە نۇقسان بار، — دېدى سىيىت ئاتا، كۆڭلۈمدە شۇنداق ئويلايمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى قازاغىن.

— سۆزۈڭدىكى نۇقسان شۇكى، «ئاتا - ئانامغا ئىبادەت قىلىمەن، ئۇلاردىن ئۇيىلىمەن» دەپ تۇرۇپ، يەنە «ئانامنى خوتۇن قىلىمەن» دەيسەن، ھېچقانداق كىشى مەبۇدىگە شەھۋەت بىلەن نەزەر سالمايدۇ، — دېدى سىيىت ئاتا.

قازاغىلىنىڭ كاللىسى تۆۋەن چۈشۈپ كەتتى ۋە سىيىت ئاتىغا جاۋاب بەرگۈدەك مادارى قالمىدى ئۇ بىردىگە:

— تائام ئەكىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. خىزمەتچىلەردىن بىرى تائام ئەكەلدى. سىيىت ئاتا تائامدىن بىر لوقما ئاغزىغا سالغاندى، كۆزلىرىدىن قەترىلەپ قىزىل ياش تۆكۈلدى. سىيىت ئاتىنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا چېچەكتەك ئېچىلدى. بۇ ئىشقا ئادەملەر تەئەججۈپلەندى. ئەسلى قانخور قازاغىن تائامغا سىيىت ئاتىنى هالاك قىلماق ئۈچۈن يىلان گۆشىنى ئارىلاشتۇرۇپ كەلتۈرگەنىدى. ئەكسىچە، سىيىت ئاتىنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىپ كەتتى (ئىلگىرى ئالماس قۇيۇلۇپ كور قىلىۋېتىلگەنىدى.) ئۇنىڭ داۋاسى يىلان گۆشى بولدى. بۇنى چۈشەنمىگەن بەزىلەر كاپىرنىڭ تائامىنى يېدى، دەپ تەنە قىلىشتى.

تەقەززاكى قۇدرەت ياراتقاندىن،
كۆز ئېچىلدى لوقما يەپ يىلاندىن.

شۇ چاغ ئەمىر قازاغىنغا توق تېمۇرخاندىن نامە كەلدى. ئۇنىڭدا: «ئەي قازاغىن. سېنى ئەهلى ئىسلامنىڭ ئۆلىمالىرىنى هاقارەت قىلىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، ئۇلارنىڭ قېنى بىلەن باغلارنى كۆكەرتمەكچى بولۇپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم. ئۇنداق قىلما. بولمىسا ساڭا سىياسەت قىلىپ كۆپ جاپالارنى سالىمەن، يەنە بىر سۆزۈم، سىيىت ئاتىنى مېنىڭ ئالدىمغا ئەۋەتكىن!» دېيىلگەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن قازاغىن موللىلارنى قەتل قىلىشتىن قول يىغدى. سىيىت ئاتىنى سەمەرقەنتكە ئەۋەتتى.

خان سىيىت ئاتىنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئاندىن كېيىن كىچىك ئوغلى توختامىش خاننى سىيىت ئاتىغا شاگىرت قىلىشقا بەردى. تامام چىنتە قالماقلىرى سىيىت ئاتىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

ئەمىر تېمۇر ساهىبقىران هەزرىتى نەقشىبەندكە تەرەت سۈيى بېرىپ، بىرنەچچە يىل ئاندا تۇردى. ئاناق تاز بىلەن بىركۈنى خوجانۇر ئاۋاتقا سەيلە قىلىپ بېرىشتى. ئۇ يەردە ئەمىر

قازاغىن ئۇششاق بالىلارنى تاش ئېتىش جېڭىنى ئۆگىتىپ ئوي-
نىتىپ ئولتۇرغانىدى. ئاناق ئەمىر تېمۇرگە:

— بۇ زالىمنى ئۆلتۈرىمەن، — دېگەنىدى، ئەمىر تېمۇرمۇ توسۇمىدى، ئاناق قولىنى لاتا بىلەن ئوراپ بالىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ يوشۇرۇندى ۋە بىر تاشنى قازاغىنىغا قارىتىپ ئاتتى. تاش ئۇدۇل كېلىپ ئۇنىڭ ماڭلىيىغا تەگدى. ئۇنىڭ ماڭلىيى يېرىلدى - دە، قان ئېقىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن بالىلار ھەرتەرەپكە قېچىشىپ كەتتى.

مۇلازىملار قازاغىننى ئوردىغا ئەكىلىشتى. جەرراھ تەلەپ قىلىشتى. ئاناق ھازىر بولۇپ ئۆزىنى ھەكىم سۈپىتىدە ياساپ تۇرغانىدى، مۇلازىملار سورىۋىدى، «مەن جەرراھلىقنى ياخشى بىلىمەن» دېدى. ئۇنى ئوردىغا كىرگۈزۈشتى. ئاناق قازاغىنغا ئاستاغىنا:

— ئەي ئەمىر بېگىم، مەن تىلىم بىلەن توختاپ قالغان قانلارنى يالاپ ئالىمەن، سىز سەۋر قىلىپ چىداڭ، زادىلا «ئاھ!» دېمەڭ، بىرئاز تاقەت قىلىڭ، — دېدى.

قازاغىن ماقۇل بولدى. ئاناق قازاغىننىڭ يېرىلغان يېرىگە لېۋىنى تەككۈزۈپ كۈچ بىلەن بىر سۈمۈرۈۋىدى، مېڭە قېتىقىنىڭ ھەممىسى سۈمۈرۈلۈپ چىقتى. قازاغىن شۇنداق تىنچ ئۇخلاپ كەتتى، ئۇنىڭ جېنى دوزاخقا كېتىپ زادى قايتىپ كەلمىدى.

ئاناق ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇلازىملارغا:

— بېگىمىز بىزدەم تىنچلىنىپ ئۇخلىدى. مەن ئۆيۈمگە بېرىپ مەلھەم ئەكىلەي، — دېدى - دە، سىرتقا چىقىپ بەدەر تىكىۋەتتى. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ بولغان ۋەقەلەرنى خوجا باھاۋىددىنگە ۋە ئەمىر ساھىبقىرانغا بايان قىلدى. كاپىرلار قازاغىننىڭ ئۆلگىنىنى بىلىپ، قاتىلنى ھەرقانچە ئىزدەپمۇ تېپىشالمىدى، سەمەرقەنتكە نامە ئەۋەتتى، ئۇنىڭدا: «بۇخارا تاجىكلىرى قازاغىننى ئۆلتۈردى» دېيىلگەنىدى.

توق تېمۇرخان غەزەپلىنىپ، بۇخارا خەلقىنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە قەسەمياد قىلدى ۋە سەمەرقەنتتىن بۇخاراغا قاراپ ئاتلاندى. بۇ خەۋەر بۇخاراغا يېتىپ كەلدى. بارچە بۇخارا خەلقى يىغىلىشىپ خوجا باھاۋىددىننىڭ ئالدىغا كېلىشتى. خوجا باھاۋىددىن ئۇلارغا مۇتەسسىدى بولۇپ، بۇخارا دەرۋازىسىدىن توق تېمۇرخاننىڭ ئالدىغا چىقتى.

## ساھىبقىراننىڭ توق تېمۇرخان بىلەن كۆرۈشكەنلىكى

خوجا باھاۋىددىن پىرىم توق تېمۇرخاننىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇنىڭغا:

— سىز ھەرەم چېدىرىغا كىرىپ ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ. ئەتە كۆرۈنۈش قىلىڭ. خانلىقنىڭ سالاپىتى ئاشكارا بولسۇن، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

خوجا باھاۋىددىن تېخى ئۆزىنىڭ بېغىغا يېتىپ بارمىغانىدى، خان ھەرەمدىن چىقتى. شەيخ خۇدا قولى ۋە سىيىت ئاتا خاندىن:

— نېمىشقا تەخىر قىلمايلا قايتىپ چىقتىڭىز؟ — دەپ سورىغانىدى، خان:

— تەخىر قىلاي دېگەن بولسامۇ، نېمىشقىدۇر، ئوتقا چۈشكەندەك قىزىپ، قورقۇپ تۇرالمىدىم، — دېدى. سىيىت ئاتا ئىنساپ يۈزىسىدىن:

— دىۋانە باھاۋىددىننىڭ جازىبىسى كۆرۈنۈپتۇ. ئۇنىڭ جازىبىسى ناھايىتى زوردۇر، — دېدى. لېكىن شەيخ خۇدا قولى مەنسىتمىدى.

باھاۋىددىن قايتىدىن خان قېشىغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا يۇقىرىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. شەيخ خۇدا قولى ھەرقانچە جۈرئەت قىلىپمۇ ئالدىغا ئۆتەلمىدى. خوجا باھاۋىددىننىڭ سالاپىتى ئۇنىڭ جۈرئىتىنى بېسىۋەتتى.

ئەمىر تېمۇر باھاۋۇددىننىڭ قەدەملىرىگە جايناماز سېلىپ قولىنى ئېلىپتەك قىلىپ ھۆرمەت بىلەن تۇردى. شۇچاغدا خاننىڭ ئالدىغا بىرى كىرىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بويى يەتتە گەز بولۇپ، چاچلىرى ئۇرالغان، يۈزىگە ئەتىر سېپىلگەن پەردە تارتىلغان، بېلىنگە پوتا باغلانغانىدى. ئۇ خاننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ تىز چۆكۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن خان:

— بۇ مېنىڭ خوتۇنۇمدۇر. ئىسمى شەھەر ئاراي. قىپچاق مىللىتىدىندۇر. بۇ چېدىر شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇلغان. ئەگەر ئۇ جەڭگە كىرسە، 1000 كىشىنىڭ بېشىنى ئالىدۇ. 10 مىڭ كىشىمۇ تاقابىل كېلەلمەي مەغلۇپ بولىدۇ. ناھايىتى چوڭ باشلىق بىر ئوقى بار. چېدىردا ئولتۇرۇپ ئاتسا، سىرتتا 1000 كىشى قالقان تۇتۇپ قاتار تۇرسا ئوق ھەممىسىدىن ئۆتۈپ، ھەممىسىنى مې-يىپ قىلىدۇ. — دەپ تونۇشتۇرغانىدى، خوجا باھاۋۇددىن كۆرۈپ بېقىشنى ئىلتىماس قىلدى، خان:

— باشقا بىر چېدىر تىكىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

چېدىر تەييارلانغاندىن كېيىن، شەھەر ئاراي چېدىرنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئوق ئاتتى. 10 مىڭدەك كىشى قالقان تۇتۇپ يۈ-گۈرۈشتى. ئوق ھەممىسىگە تەسىر قىلدى، ئۇلار زەربىنى قايتۇ-رالماي مېيىپ بولۇشتى، توق تېمۇرخان:

— بۇخارا ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇ شەھەر ئاراي-نىڭ ئۆزى يېتىدۇ، مېنىڭ سىپاھىمغا قانداق تاجىكنىڭ كۈچى يەتسۇن، ئەمدى تاجىكلارغا خالىغىنىمنى قىلىمەن، — دەپ پوپوزا قىلدى.

ساھىبقىراننىڭ كۆزلىرى قەھر - غەزەپ بىلەن تولدى. ئۇ خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مەن بىر ئاجىز، بىچارە تاجىكمەن، شەھەر ئاراي بى-لەن جەڭ قىلىشنى ھەۋەس قىلىپ قالدىم، — دەپ تەلەپ قىل-

غانىدى، خان مەنئى قىلدى. ساھىبقىراننىڭ سۆزىدىن يانمىدى.
خان خوجا باھاۋىددىنگە:
— سوپىگەرنى قايتۇرۇڭ! ئەجىلى يېتىپتۇ، — دېدى.
— ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەن ئىشنى قايتۇرغىلى بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى خوجا باھاۋىددىن.
ساھىبقىران شەھىر ئارايىغا يۈزلەندى. شەھىر ئاراي چېدىر ئىچىدە تۇرۇپ ئوق ئاتتى. ئەمىر تېمۇر بۇ ئوقنى قولى بىلەن قىسىپ تۇتۇۋالدى - دە، ئوقنى كۆتۈرۈپ چېدىرغا كىردى.
شەھىر ئاراي قولىغا قىلىچ ئالدى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ قولىدىن قىلىچنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىگە ياندۇرۇپ شۇنداق سالغانىدى، شەھىر ئاراي ئىككى پارە بولۇپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن چىنتە سىپاھلىرى يۈگۈرۈپ كېلىشىپ ئەمىر تېمۇرنى تۇتۇشتى. خان ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.
خوجا باھاۋىددىن مىراقبەردە ئولتۇرغانىدى، تۇيۇقسىز باغ تەرەپتىن ۋاڭ - چۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەسلى توق تېمۇرخاننىڭ كىچىك ئوغلى توختامىش خان دەرەختە چىقىپ قۇشقاچ ئۇۋىسىدىن قۇشقاچ بالىسىنى ئېلىپ قوينىغا سېلىۋاتقاندا، دەرەخنىڭ تۆشۈكىدىن بىر يىلان چىقىپ، قۇشقاچ ئۇۋىسىدىن ئۆتۈپ توختامىش خاننىڭ بوينىغا يۆگىشىۋالغانىدى. ھەممەيلەن نېمە قىلارنى بىلەلمەي ۋەھىمە ئىچىدە چۇقان سېلىشىۋاتاتتى. بۇ يەردىكىلەرمۇ ساھىبقىراننى ئىسىندىن چىقىرىشىپ. دىققىتىنى شۇ ئىشقا بۆلدى. ساھىبقىران شەھىر ئارايىنىڭ چېدىرىغا كىردى - دە، ئوق بىلەن يانى ئېلىپ چىقىپ، شۇ يەردە تۇرۇپلا يىلانغا قارىتىپ بىر ئوق ئۈزۈۋىدى، يىلاننىڭ كاللىسى ئۈزۈلۈپ چۈشتى، لېكىن توختامىش خان بىلمەيلا قالدى.
خان ئەمىر تېمۇرنىڭ بۇ ئىشىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان

هالدا، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ـ نەسەبلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ، قاراچار نويانىنىڭ ئەۋلادى، چاغاتاي قىزىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، چىڭگىزخانىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا سەجدە ـ سالام قىلدى. (جۇجى ئەۋلادى چاغاتاي ئەۋلادىغا سەجدە قىلاتتى.) خان ئۇنىڭغا جۇجى خاندىن قالغان گۆرزىنى سوۋغات قىلدى. ئۇنىڭ ئېغىرلىقى ئون پاتمان ئىدى. خان:

— بۇخارا خەلقىنىڭ قېنىنى تۆكۈمەن، دەپ قەسەم قىلغانىدىم. بىر چارە قىلىڭلار. ھۆكۈمىم ئىناۋەتسىز بولمىسۇن، — دېدى.

خىزمەتچىلەر پۈتكۈل بۇخارا خەلقىنىڭ تومۇرىدىن قان ئالدى. خاننىڭ ھۆكمى ئىناۋەتلىك بولدى ھەم خەلق ئۆلۈمدىن قۇتۇلدى.

ئەمىر تېمۇر خوجا باھاۋىددىننىڭ خىزمىتىدە بولدى. توق تېمۇرخان بۇخاراغا كىرىپ يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراشقا باشلىدى. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن قىپچاق مىللىتى ئارىسىدا، شەھىر ئارايىنىڭ ئۆلگىنى يۇر بولدى. ئۇنىڭ دوست ـ يارەنلىرى، قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنىڭ قېنىنى تەلەپ قىلىپ بۇخاراغا كېلىشتى ۋە خانغا:

— بىزگە تورغاي باتۇرنىڭ ئوغلىنى تېپىپ بېرىڭ، ئۆلتۈرىمىز! — دەپ تۇرۇۋالدى. خان شۇنچە توسقان بولسىمۇ ئۇناشمىدى، خان خوجا باھاۋىددىنگە «بۇ جامائەتنى ھەرقانچە قىلىپ توسۇپ گەپكە كىرگۈزەلمىدىم» دەپ خەۋەر بەردى.

خوجا باھاۋىددىن ساھىبقىراننىڭ باتۇرلۇقتا ئارسلاندەك، جەڭ ئىشلىرىدا قاپلاندەك بولۇپ يېتىشكەنلىكىگە ئىشەنگەنىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا:

— بىرئاز سەۋر قىلغىن، زورلۇق قىلسا ئاندىن كېيىن

ئۆزۈڭ بىلەرسەن، — دېدى - دە، بېشىنى كۆكسىگە ساڭگىلىتىپ تەپەككۇر قىلىشقا باشلىدى.

كاپىرلار ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ، نۇرغۇن زورلۇق ۋە نالايىق ئىشلارنى قىلدى. خوجا باھاۋىددىن:

— ئەي تورغاينىڭ ئوغلى، سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم. ئەمدى غەيرىتىڭ ۋە جۈرئىتىڭ بولسا كۆرسەتكىن! — دېدى.

ئەمىر تېمۇر دەرھال قولىغا قالقان ئېلىپ، بېشىغا دۇبۇلغا، ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيىپ، خوجامدىن دۇئا ئېلىپ تەييارلاندى. ئاناق ئۇنىڭغا ھەمكار بولدى. ئىككىسى قارا يۈزلەرگە يۈزلەندى. قۇۋالتا ئىسىملىك بىر قىپچاق ئەمىر تېمۇرگە قىلىچ كۆتۈردى. ئەمىر تېمۇر جوجى خاننىڭ گۇرزىسى بىلەن بىر ئۇرغانىدى، ئۇنىڭ قىلىچى سۇندى. قۇۋالتا قېچىپ، بىنانىڭ ئاستىغا يوشۇرۇندى. ئەمىر تېمۇر گۇرزى بىلەن بىناغا شۇنداق ئۇرۇۋىدى، بىنا يىقىلىپ ھېلىقى قىپچاق مىجىلىپ جېنى دوزاخنىڭ نېرىسىغا يېتىندى. قۇۋالتىنىڭ ئىنىسى ئەمىر تېمۇرگە قىلىچ كۆتۈرۈپ كەلدى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ قىلىچ بىلەن بىر ئۇرغانىدى، تەڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈندى. ئۇنىڭمۇ جېنى ئاكىسىنىڭ يېنىغا باردى. ئاناق بىلەن ئەمىر تېمۇر ئىككىيلەن قىپچاقلار توپلانغان كارۋان سارايغا باردى. ئاناق:

— مەن سارايغا چىقىپ بۇ دۈشمەننى تاشقىرىغا چىقىراي، — دېگەنىدى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىماي:

— مەندىن ئايرىلمىغىن، — دېدى.

ئاناق ئۇنىماي سارايىنىڭ تېمىغا چىقتى. سارايدىكىلەردىن بىرى ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ ئارقىدىن چىقتى. ئاناق پالاڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋالدى. كۈتمىگەندە بىر تال پالاڭ ئاناقنىڭ بويىنىغا تېگىۋىدى، ئۇ ئەندىكىپ كەتتى ۋە پالاڭ بىلەن بىللە دومىلىنىپ يەرگە چۈشتى. قىپچاقلار ئۇنى تۇتۇپ باغلىدى. ئەمىر تې-

مۇر ئاناقىنىڭ قولغا چۈشكىنىنى ئاڭلاپ، كارۋان سارايىنىڭ ئۈستىدىن كېلىشكە باشلىدى. سارايىنىڭ ئۈستىدىكى ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ساراي تېمى ئۆرۈلۈپ، ئەمىر تېمۇر تامنىڭ ئاستىدا قالدى. خەلق «ئەمىر تېمۇر سارايىنىڭ ئاستىدا ئۆلدى» دەپ گۇمان قىلىشتى. قىپچاقلار، ئەمىر تېمۇرنىڭ ئۆلۈكىنى كۆيدۇرىمىز، دەپ تامنى ئېچىپ كۆرۈۋىدى، ئەمىر تېمۇر ئۆلمىگەنىدى. لېكىن بىھوش ئىدى. قىپچاقلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئاناق بىلەن بىرگە باغلاپ قويدى. ئەمىر تېمۇر بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ ئاناقنىڭ قېشىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى، قىپچاقلار ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتاتتى.

شۇ چاغ ئوپۇر - توپۇر بولۇپ قالدى. ئەسلى، توختامىش خان ئەمىر تېمۇرنىڭ بۇ ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەنىدى، ئۇ كەلگەن پېتى ئۆزىنىڭ ئادەملىرىدىن نەچچىسىنى چېپىپ تاشلاپ، 100 نەپەر ئادىمى بىلەن ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار ئەمىر تېمۇر بىلەن ئاناقنى ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى. بۇ ئەمىر تېمۇرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا توختامىش خانغا قىلغان ياخشىلىقىنىڭ جاۋابى ئىدى.

قىپچاقلار توختامىش خاننى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. توختامىش خان ھىيلە بىلەن ئەمىر تېمۇر ۋە ئاناقنى قاچۇرۇپ «شەمسىلمۈلك بېغى» دېگەن باغنىڭ ئورنىدىكى بۇتخانىغا ئەۋەتتى. قىپچاقلار توختامىش خاننى ناھايىتى تەڭلىكتە قويدى. توختامىش خان ئۇلاردىن «ئەتە بىر تەرەپ قىلايلى» دەپ ۋاقىت سورىدى. ئەتىسى ئۇلار يەنە توختامىش خاننىڭ ئالدىغا بېرىۋېلىپ غوۋغا قىلىشتى. توختامىش خان:

— بېرىپ بۇتخانىدىن خەۋەر ئېلىپ كۆرۈڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

ئۇلارنىڭ قائىدىسىدە، گۇناھكار كىشى ئۇلارنىڭ بۇتخانى

يىغا بېرىۋالسا، دەخلى قىلالماس ئىدى. ئۇلار نائىلاج: «ئۇ بۇتخانىدىن قاچان چىقسا، شۇ چاغدا ھالاك قىلىمىز» دېيىشتى. توختامىش خان ئىككى قولىدىن ئەمىر تېمۇرگە تاماق ئەۋەتىپ بەردى. ئۈچ كۈندىن كېيىن قوللار تاماق ئاپارغان چوڭ كاجۇۋا سېۋەتنىڭ بىرىگە ئەمىر تېمۇرنى، بىرىگە ئاناقىنى سولاپ، يوشۇرۇنچە بۇتخانىدىن ئېلىپ چىقتى - دە، خوجا باھاۋىدىدىن پىرىمنىڭ خىزمىتىگە كەلتۈردى.

خوجام ئەمىر تېمۇرگە:

— بېرىپ بوراقخانىنى تاپقىن، مەملىكەتنى چەتتىلەردىن ئېلىپ، بوراقخانغا بەرگىن. بۇلارنىڭ ۋاقتى تېخى خېلى ئۇزۇن دۇر، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

## ساھىبقىراننىڭ بەلخ ۋە قەندىھار تەرەپكە بارغانلىقى، بوراقخانى ئىزدەپ يۈرگەنلىكى

خوجا باھاۋىددىن پىرىم: «بوراقخانى قەيەردە بولسا ئىزدەپ تېپىپ ئەكەل!» دەپ بۇيرۇدى.

ساھىبقىران ئاناقىنى ئېلىپ، پىيادە سەپەر باشلىدى. يولدا ناھايىتى كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەر چەكتى. بىر چاغلاردا ساھىبقىران ئاق تېمۇر خاننى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئورنىغا قىزىل تېمۇرخان قارشىغا ھاكىم بولدى. ئۇ قارشىنىڭ ئۇلۇغلىرىغا: «مېنىڭ ئاكامنىڭ قاتىلىنى تېپىپ بېرىڭلار! بولمىسا، ھەممىڭلارنى قەتل قىلىمەن!» دەپ بۇيرۇق چىقاردى. جامائەت قىزىل تېمۇرگە:

— سېنىڭ ئاكاڭ بىر يىگىتنىڭ خوتۇنىنى ئېلىپ قېچىپ، ئۆيىدە ساقلىغانىدى. ئۇ يىگىت بىر كېچىدە ئوردىغا كىرىپ ئاكاڭنى ئۆلتۈرۈپ، كېتىپ قالدى. نەگە كەتكەنلىكى مەلۇم ئەمەس، — دېيىشتى.

— شەھەر ئىچىدىكى ھەر كىم ۋە ھەر نەرسىنى، مەيلى

ياخشى - يامان بولسۇن، سىلەر بىلىسىلەر، تېزلىكتە ئۇنى تېپىپ بېرىڭلار، بولمىسا هالاك قىلىمەن! — دەپ تەهدىت قىلدى هاكىم.

— بۇ دەشتتە بىر ئەزىز بار، — دېدى بىرى، — ئۇنىڭ ئىلمى جەپەردىن خەۋىرى بار. ئەگەر ئۇنى تېپىپ كەلتۈرسەك، ئىلمى جەپەرنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئاكاڭنىڭ قاتىلىنى تېپىپ بەرسە ئەجەب ئەمەس. ئۇ قارشىنىڭ سەھراسىدىكى بىر غاردا شەيخلەردەك تائەت - ئىبادەت قىلىدۇ.

هاكىم سىپاهلاردىن بىرقانچىسىنى ئۇ كىشىنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. سىپاهلار غارغا يېقىن كەلگەندە ئاتتىن ئۇچۇپ چۈشتى، ئۇلارنىڭ جېنى دوزاخقا كېتەۋەردى. چىنتە سىپاهلىرىدىن كۆپلىگەن ئادەم ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلۈشتى. هاكىم بۇ ئىشقا هەيران قالدى. هېلىقى كىشىنىڭ ئىسمىنى شەيخ ئۆمەر دېيىشەتتى. ئۇنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ناهايىتى سەتەڭ، چاققانىدى. ئۇ قىزىل تېمۇرخاننىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي خان، ماڭا ئىنئام بەرسەڭ جەپەر كىتابىنى ئوغرىلاپ ساڭا ئەكېلىپ بېرىمەن، — دېدى. خان ئۇنىڭغا 1000 دانە ئالتۇن ئىنئام قىلدى. شەيخ ئۆمەرنىڭ ئوغلى شۇ كېچىسى كىتابنى ئوغرىلاپ قاچتى ۋە هاكىمغا ئەكېلىپ تاپشۇردى. ئەتىسى شەيخ كىتابنى ناقابىل ئوغلىنىڭ ئېلىپ قاچقانلىقىنى بىلدى.

هاكىمنىڭ كىشىلىرى شەيخنى ئۇنىمىغانلىقىغا قارىماي، هاكىمنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈشتى. هاكىم ئۇنى ئىززەت بىلەن قارشى ئالدى.

— ئەي شەيخ، ئاكامنىڭ قاتىلىنى تېپىپ بېرىڭ، بولمىسا سىزنىمۇ ئۆلتۈرىمەن! — دەپ هەيۋە قىلدى. شەيخ:

— غايىبلارنىڭ سىرلىرىنى ئاللادىن ئۆزگە كىشى بىلمەيدۇ، — دەپ تۇرۇۋالدى.

شەيخنىڭ ئوغلىنى كەلتۈرۈشتى. ئۇ ئەقىلسىز ناپاك قىزىل تېمۇرخانغا:

— ئادەملەرنى ئۆلتۈرىمەن، دەپ تۇرۇۋالساڭ، ئۇلار ئاتامغا يالۋۇرىدۇ. ئاتام نائىلاج قاتىلنى تېپىپ بېرىدۇ، — دەپ ئۆگەتتى. خان ئەتىسى خەلقنى يىغدى ۋە ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئۇلار شەيخنىڭ ئېتىكىگە يېپىشىپ زارلىنىشتى. شەيخ:

— ئەي خالايىق. غايىبلار ئىلمىنى تەڭرىدىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمەيدۇ، — دېدى. شۇ چاغ بىر قېرى خوتۇن كېلىپ قىزىل تېمۇرخانغا:

— ئاكاڭنىڭ قاتىلىدىن مەن خەۋەر بېرىمەن، — دېدى.

بۇ قېرى خوتۇن خانىمچە بىلەن تونۇش ئىدى. خانىمچەنىڭ قېشىغا بېرىپ - كېلىپ يۈرەتتى. خانىمچە ساددىلىقتىن ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكى سىرلىرىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. قىزىل تېمۇرخان قېرى خوتۇندىن:

— قاتىل كىم؟ — دەپ سورىۋىدى، قېرى خوتۇن:

— ئاكاڭنىڭ قاتىلى تورغاي باتۇرنىڭ ئوغلىدۇر. ئۇ بىر مەزىننىڭ ئاناق قىمارۋاز دېگەن ئوغلى بىلەن بۇخاراغا قېچىپ كەتكەن. لېكىن خوتۇنى مەزىننىڭ ئۆيىدە بار، — دەپ ئەھۋالنى بىر-بىرلەپ مەلۇم قىلدى. بۇ خەۋەر دەرھال خانىمچەگە يېتىپ كەلدى. خانىمچە ھەيران بولۇپ، مەزىن بىلەن خوشلىشىپ، بېشىغا تەلپەك، ئۇچىسىغا تون كىيىپ — ئەرەنچە ياسىنىپ بۇخاراغا قاراپ كەتتى. ھاكىمنىڭ كىشىلىرى خانىمچەنى تاپالماي، ئورنىغا مەزىننى تۇتۇپ كەتتى.

خانىمچە شۇ چاغلاردا مىرزا جاھانگىرغا ھامىلدار ئىدى. ئۇ بىر كونا ئۆتەڭگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ تۇغۇت ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئازابى تولىمۇ ئېغىر بولدى. خانىمچە تىرىشىپ - تىرمىشىپ دېگەندەك ھېلىقى ئۆتەڭگە كىرىپلا تۇغدى، راسا كېلىشكەن ئوغۇل تۇغدى. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئەمىر تېمۇر بىلەن ئاناق بۇخارادىن بۇ ياققا قاراپ كېلىۋاتاتتى. كۆت-

مىڭەندە ئۇلارمۇ ھېلىقى ئۆتەڭگە كىرىپ كېلىشتى ـ دە، خانىمچە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

خانىمچە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بۇلارغا بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ئەمىر تېمۇر ئوغلىغا ئۆتەڭنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن مىرزا جاھانگىر دەپ ئىسىم قويدى ۋە تېزلا قارشىغا كەلدى. چۈنكى ئۇ ئادەملەرنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدۇرمىسا بولمايتتى.

قىزىل تېمۇرخان شۇ چاغدا مەزىننى سوراق قىلىۋاتاتتى. مەزىن ھەممىنى ئىنكار قىلاتتى. خان قەھر ـ غەزەپكە كېلىپ ھېلىقى شەيخ بىلەن مەزىننى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاندىن كېيىن پۈتۈن خەلقنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئۇ قارشى ئاھالىسىنى شۇنداق قىرغىن قىلدىكى، چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايالنىڭ پىغانى پەلەككە يەتتى. ئۇ خۇنخور قارشى خەلقىنىڭ نەسلىنى تۈگەتتى.

ئاردا ساھىبقىرانمۇ يېتىپ كەلدى ۋە بىردىن:

— بۇ نېمە ۋەقە؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇ كىشى:

— بىر ئادەم ئۈچۈن بۇ كاپىر ھەممىمىزنى ھالاك قىلماقچى، — دېدى.

ئەمىرتېمۇر، خانىمچەنى يېقىن بىر كىشىسىگە تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئودۇل ھاكىمنىڭ ئالدىغا باردى ۋە:

— ئەي قىزىل تېمۇر، تورغاي باتۇرنىڭ ئوغلى، ئاكاڭنىڭ قاتىلى مانا مەن بولىمەن! بۇ پۇقرالاردا نېمە گۇناھ بار!؟ — دەپ ئۆزىنى ئاشكارا قىلدى. ئاناق بىر چەتتە قاراپ تۇراتتى. ھاكىم ساھىبقىراننىڭ باتۇرلۇقىدىن قورقتى. ئۇ ئەمىر تېمۇرگە قاراپ:

— ئەي ئەمىرتېمۇر، ئەجەب باتۇر يىگىت ئىكەنسەن، ئىككى قولۇڭنى بەرگىن، باغلىسۇن! — دەپ تەلەپ قىلغانىدى، ئەمىرتېمۇر قولىنى تۇتۇپ بەردى. خان ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. لېكىن چەتتە بەگلەرى: «بۇ تۆرە بالىسى ئىكەن. زىندانغا سېلىپ، بۇخاراغا —

توق تېمۇرخان ئاتاڭغا نامە ياز. ئۇنىڭ ھۆكمى بىلەن ئىش قىلساڭ ياخشى بولىدۇ» دەپ مەسلىھەت بېرىشتى.

ئاناق بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغانىدى. ئۇ دەرھال خانىمچە بىلەن خوشلىشىپ، پىيادە بۇخاراغا توق تېمۇرخاننىڭ ئالدىغا بارماقچى بولدى. شەھەردىن چىقىپ بىر يەرگە كېلىپ قىزىل تېمۇرخاننىڭ نامە بىلەن ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ تۇيدۇرماي ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئېتىنى مىنىپ بۇخاراغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ يول يۈرۈپ ئۇزاپ كەتتى.

ئاناق شامالدەك ئۇچۇپ بۇخاراغا يەتتى. بالىلار ئوينايدىغان ۋەتىۋەرەك (لەگلەك) ياساپ ئۇچۇرۇۋاتقان پېتى توختامىش خان ئالدىغا كىرىپ كەلدى. توختامىش خان ۋەتىۋەرەكنى ئەسلا كۆرمىگەنىدى. تەئەججۇپلىنىپ:

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ۋەتىۋەرەك، — دەپ جاۋاب بېرىشتى كىشىلەر.

— بۇنىڭ ئىگىسىنى چاقىرىڭ! — دېدى خان.

ئاناقنى خاننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. خان ئۇنى تونۇپ كۆپ ئىلتىپات كۆرسەتتى ھەمدە ساھىبقىراننىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئاناق بولغان ۋەقەنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. توختامىش خان دەرھال نامە يېزىپ، ئاتىسىنىڭ مۆھرىنى بېسىپ ئاناقتىن قىزىل تېمۇر خانغا ئەۋەتتى. ئاناق شۇ سائەتنىڭ ئۆزىدىلا نامىنى ئېلىپ قارشىغا قايتتى. يولدا قومۇش ئۆسۈپ كەتكەن بىر توقاي بار ئىدى. ئۇ يەردە ھېلىقى ئەلچىلەر ھېرىپ كەتكەنلىكىدىن ئۇخلاپ يېتىشاتتى. ئاناق قومۇشقا ئوت قويۇۋەتتى. ئەلچىلەرنىڭ جېنى كۆيۈپ كۈل بولغان قومۇش بىلەن بىللە دوزاخقا قاراپ ئەلچى بولۇپ كەتتى.

ئاناق قارشىغا كېلىپ، نامىنى قىزىل تېمۇر خانغا بەردى.

نامىدە: «ئاكاڭنى ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، زىنداندىن چىقىرىپ ئازاد قىل!» دېيىلگەنىدى.

ھاكىم ئەمىر تېمۇرنى ئازاد قىلىۋەتتى. ساھىبقىران خانىمچەنى ئېلىپ شەھرى سەبزگە باردى. بۇ چاغدا قارا تېمۇرخان سەبز شەھرىنى ئادىللىق بىلەن سورىماقتا ئىدى. ئەمىر تېمۇر خەتەرسىز ھالدا خانىمچەنى ئوغلى بىلەن سەبز شەھرىدە قويۇپ، ئۆزى بەلىخ تەرەپكە بوراقخاننى ئىزدەپ كەتتى.

## ساھىبقىراننىڭ بەلخ شەھرىگە بېرىپ ئەمىر چاكو بىلەن ئۇچراشقانلىقى

ساھىبقىران ئاناق بىلەن يولداش بولۇپ، نەچچە كېچە - كۈندۈز يول كېزىپ ۋە چۆل كېزىپ، ئاخىر بەلىخ ۋىلايىتىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار سارايغا چۈشۈپ بىر ھۇجرىنى ئالدى.

بىر كۈنى ئەمىر تېمۇر سەيلە قىلىپ يۈرگىنىدە، ساقىلى چاردىغان بىر كىشىنى كۆردى. ئۇ نالە قىلىپ:

— ئەي ياراتقان تەڭرىم، بىزلەرنى بۇ كاپىرنىڭ زۇلمىدىن يىراق قىلغىن! — دەپ يىغلايتتى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ قايرىپ ئۆزىگە قاراتتى ۋە ئۇنى تونۇپ قالدى. بۇرۇن ئۇنى ئاتىسىنىڭ قولىدىن ئەمىر تېمۇر ئازاد قىلىپ قويۇپ بەرگەنىدى. ساھىبقىران ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ساڭا كىمدىن زۇلۇم يەتتى؟

— مېنىڭ بىر گۈزەل ئوغلۇم بار. ئۇنىڭ ئېتى ھىندى خوجا. بۇ يۇرتنىڭ ھاكىمى قەمەردىن تاجىكنىڭ سالقۇت قاتاغىن دېگەن بىر پالۋىنى بار ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئوغلۇمنى ھاممامغا ئېلىپ قېچىپتۇ. ئۇ شۇم ئوغلۇمغا نېمە ھاقارەتلەرنى قىلىدۇ، بىلمەيمەن، — دەپ ھال تۆكتى چال.

— ئەرز قىلمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئەمىر تېمۇر. چال:
— قەمەرىدىنگە ئەرز قىلغانىدىم، تېگىشمىدى، ئىلاجىسىز يىغلاپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى. ئەمىر تېمۇر:
— مەن بېرىپ ئوغلۇڭنى قۇتقۇزىمەن! — دېدى، چال ئىشەنمەي كۈلدى. ئەمىر تېمۇر چالغا ئۆزىنى تونۇشتۇردى. چال ئاندىن ئەمىر تېمۇرنى تونۇپ ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ئەمىر تېمۇر: «ئاۋۋال ئوغلۇڭنى قۇتقۇزۇپ ئاندىن ئۆيۈڭگە كېلىمەن» دېدى — دە، ئاتىنى ئېلىپ ھاماماغا باردى. بۇ ھامامنىڭ ئېتىنى «ھامام گۈل باتۇر» دەيتتى. سالىقۇت ھامامغا ھېچكىمنى كىرگۈزمەسلىكنى بۇيرۇغانىدى. ھامامچى يولارنى كىرگىلى قويمىغانىدى، ئەمىر تېمۇر ئۇلارنىڭ كېيىنگە قولاق سالماي كىرىۋەردى. ئۇ ھامامغا كىرىپ ھىندى خوجىنى، سالىقۇت قاتاغىنىڭ بېشىنى سۇ قاچىلانغان ياغاچ تۇڭنىڭ ئىچىگە ئېگىشتۇرگەن ھالدا سۇ ئىچۈۋاتقانلىقىنى كۆردى.
ئەمىر تېمۇر دەرھال بېرىپ، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ كۆتۈرگىنىچە، بېشىنى سۇغا تىقىپ تۇردى. سالىقۇت تۇنجۇقۇپ ئۆلدى. ئۆلۈكى تۇڭنىڭ ئىچىدە قالدى. بۇنى كۆرگەن ھىندى خوجا قورقۇپ قاچتى. ئاناقمۇ تىترەشكە باشلىدى. بىر ھازادا ھامامچى كىرىپ تۇڭنىڭ گىرۋىكىگە ئېسىلىپ قالغان لۆكىنى كۆردى. ئۇنىڭدىن سۇ تامچىپ تۇراتتى. ئۇ يېقىن بېرىپ ئۆلۈكنى كۆرۈپ قالدى ۋە:
— بۇ قانداق بالا — قازا، سالىقۇت تۇڭنىڭ ئىچىدە ئۆلۈپ قاپتۇ! — دېگىنىچە جار سالدى.
قاتاغىن ئۇرۇقىنىڭ ئادەملىرى يېتىپ كېلىشتى. ھامامچى:
— بۇ يەردە مۇشۇ ئىككى يىگىتتىن باشقا كىشى يوق ئىدى، — دەپ ساھىبقىران بىلەن ئاناقنى كۆرسەتتى. ساھىبقىران جوجى خاننىڭ چوقمىقىنى كۆتۈرۈپ، ۋارقىراپ ھەيۋە قىلىپ،

«تورغاي باتۇرنىڭ ئوغلى مانا مەن بولىمەن!» دېگىنىچە جەڭگە كىردى. قەمرىدىنمۇ يېتىپ كەلدى. سالىقۇتنىڭ ئىنىسى ئېيىرىمچى ياش ۋاقتىدا يولۋاسنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ئېگەرلەپ مىنىپ يۈرىدىغانىدى. ئۇمۇ ئاكىسىنىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلاپ، يولۋاسقا مىنىپ كەلگىنىچە ئاناقنى قامچا بىلەن ساۋاپ كەتتى. ئاناقنىڭ ئاغزىدىن بۇرۇلدۇقلاپ قان كەلدى - دە، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ئاندىن ئېيىرىمچى ساھىبقىرانغا يۈزلەندى. ئۇ قامچىنى ساھىبقىرانغا سىلىۋىدى، ساھىبقىران ئۇنى رەت قىلىپ، چوقمىقى بىلەن بىر ئۇرغانىدى، چوقماق ئېيىرىمچىگە تەگمەي، يولۋاسقا تېگىپ، يولۋاسنىڭ بېشىنى پاچاق - پاچاق قىلىۋەتتى. ئېيىرىمچى يولۋاستىن چۈشۈپ، ساھىبقىران بىلەن كۆپ ئېلىشتى. ئەمىر تېمۇر چوقمىقى بىلەن شۇنداق ئۇرغانىدى، ئېيىرىمچىنىڭ كۆكسىگە تېگىپ پارە - پارە قىلىۋەتتى. چىنتە قوۋمى پىغان بىلەن ئۆلىشىپ كەلدى. بىر كېچە - كۈندۈز شۇنداق قاتتىق ئۇرۇش بولدىكى، مۇنداق ئۇرۇشنى كىشى كۆرگەن ئەمەس ئىدى.

ئەمىر تېمۇر جەڭ قىلا - قىلا، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلاشتى. كۆۋرۈكنىڭ تۆشۈكىگە پۇتى كىرىپ قېلىپ يىقىلىپ كەتكەنىدى، ئۇلار دەرھاللا باغلاپ قەمرىدىننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ئۇ ئەمىر تېمۇر ۋە ئاناقنى زىندانغا سالدى. بۇخاراغا — توق تېمۇر خانغا: «تورغاي باتۇرنىڭ ئوغلى كېلىپ ئىككى پالۋاننى ئۆلتۈردى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قان تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، قانداق قىلىمىز؟» دېگەن مەزمۇندا نامە ئەۋەتتى. نامىنىڭ جاۋابى كەلمەي تۇرۇپلا ئەمىر تېمۇر بىلەن ئاناق زىنداندىن قۇتۇلۇپ كەتتى.

ئىش مۇنداق ئىدى: ئەمىر تېمۇر بىلەن ئاناق زىنداندا ياتقىنىدا، بىر كىشى زىندان ئىشىكىدىكى قاراۋۇلغا بىر سېۋەت ئالما ئەكەلدى ۋە قاراۋۇلنى تويغا تەكلىپ قىلدى. قاراۋۇل

ئورنىغا ئىككى كىشىنى قويۇپ ئۆزى تويغا كەتتى. ھېلىقى ئىككى كىشى شاراب ئىچىپ مەست بولغاندىن كېيىن، زىنداندىكى ئىككىيلەنگە:

— بىز سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلار بىلەن تاماشىدىن قالدۇق، تويغا بارالمىدۇق — دە، — دېيىشتى. ئاناق ئۇلارغا:

— سىلەرنىڭ بىر يىللىق خىزمىتىڭلارغا قانچىلىك ھەق بېرىدۇ؟ — دەپ سورىشىدى، ئۇلار:

— بېرىلگەن ھەق تۇرمۇشىمىزنى قامدىيالمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

— سىلەرگە، — دېدى ئاناق، — بىر پارچە لەئەل بەدەخشانى بېرىمەن. ئېغىرلىقى يەتتە مىسقال كېلىدۇ. قىممىتى 7000 ئالتۇن تۇرىدۇ. بىزنى قويۇپ بېرەمسىلەر؟

— ئۇلار ماقۇل بولۇشتى. ئاناق ئۇلارغا بىر لەئەل بەردى. ئۇلار بۇنىڭ ناھايىتى ئېسىل ياقۇت ئىكەنلىكىنى بىلىشتى ھەم ساھىبقىران بىلەن ئاناقنى قويۇپ بېرىشتى. ئاناق كۆڭلىدە: «بۇ لەئەلنى ئۇلارغا بىكارغىلا بېرىۋېتىمەنمۇ؟» دەپ ئويلىدى — دە، ئۇلارغا:

— ئەي قېرىنداشلار، قاراۋۇل كېلىپ: «زىنداندىكىلەر قېنى؟» دېسە نېمە دەيسىلەر؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار ھەيران بولۇپ ئۈنچىقمىدى.

— ئىككىڭلارنى مەن باغلاپ قوياي، يەردە يۇمىلىنىپ يېتىڭلار. قاراۋۇل كەلسە: «زىنداندىكىلەر بىزنى دىيلە بىلەن باغلاپ قويۇپ، ئۆزلىرى قېچىپ كەتتى» دېسەڭلار ئىشىنىدۇ. ئەگەر «ئۆزى قېچىپ كەتتى» دېسەڭلار ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ، — دەپ ئۆگىتىۋىدى، ئىككىسى ماقۇل بولۇشتى. ئاناق بۇ قاپاقباشلارنى ئالداپ، پۇت — قولىنى باغلىدى، ئىككىسىنىڭ بېشىنى كەستى. ئۇلار لەئەلنى ئېلىپ، ھىندى خوجىنىڭ ئۆيىگە قاراپ

مېڭىشتى. لېكىن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەيتتى. يولدا قارا كىيىملىك بىر ئادەم ئۇچرىدى. سىنچىلاپ قارىسا ھىندى خوجا ئىكەن. ھىندى خوجا بۇ ئىككىيلەننى ئۆيىگە ئەكەلدى. بۇ كېچىنى شۇ ئۆيدە ئۆتكۈزۈشتى. تاڭ ئاتقاندا ھىندى خوجىنى ئېلىپ ئۈچەيلەن بوراقخاننى ئىزدەپ شەھەردىن چۆل تەرەپكە چىقىشتى. ھېراتقا يېقىن يەتتى. چاغاتاي ئادەملىرى چىتتەئېلىدىن قېچىپ، ھېرات، قەندىھارغىچە تارقىشىپ كېتىشكەنىدى. ئۇلار ئاۋۋال بوراقخاننى سوراپ ئاختۇرۇشتى، لېكىن تې- پىشالمىدى. خەقلەر بىلىسمۇ قورقىنىدىن ئېيتىشمىدى.

ئۇلار ئىزلەپ يۈرۈپ، جىرايىل [33] ئېلىگە يېتىپ كېلىشتى. بۇ يەردىكى خەلق ئەمىر تېمۈرنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇلاردىن بوراقخاننى سوراشقانىدى، ئۇلار: «بىزمۇ تاپالمىدۇق» دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئەمىر تېمۈر ئۇلاردىن ئۆزلىرىگە ھەمراھ قوشۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغۇدى، ئۆي، مال - ۋارانلىرىدىن ئايرىلالماي ئۇناشمىدى. ئەمىر تېمۈر سۇلدوز [34] ئېلىگە كەلدى. بۇلاردىنمۇ يولداش تەلەپ قىلغۇدى، بۇلاردىنمۇ ھېچكىم يولداش بولمىدى.

ئۈچەيلەن يوللار بېسىپ، چۆللەر كېزىپ، كېچە - كۈندۈز مېڭىپ بوراقخاننى شۇنچە ئىزلەشكەن بولسىمۇ، زادىلا ئۇنىڭ خەۋەرىنى ئالالمىدى. ئەمىر تېمۈر يىغلاپ مۇناجات بىلەن بۇ ئەبياتنى ئوقۇدى:

تاپالماي مەقسىتىم ھەيران ئىرۇرمەن،
بايابانلار ئارا سەرسان ئىرۇرمەن.
كۆرۈنەر يەردە قۇم - تاش، كۆكتە يۇلتۇزلار،
بۇ تاشلاردىنكى قاپاردى ئاياغلار.
ئىلاھا سەندىن ئۆزگە ھەزەر جىبرىل،
چىراغ ئەمەس يېشىل ھادى ئەمەس يەل.

ئۆزۈڭ ھادى بولۇپ چىن يولغا سال،
ئاداشقان ئاسىيى قىلدۇرمەن، قولۇم ئال.
كى سەندىن ئۆزگە يوقتۇر ھېچ پاناھىم،
سېخىندىم دەرگاھىڭغا ئىلاھىم.
يول ئۈزرە قويماغىل پانادىلارنى،
خۇسۇسەن بىزگە ئوخشاش ساددىلەرنى.

ساھىبقىران تونۇش ئەللەردىن ئۆزلىرىگە يولداش تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ھېچكىم يولداشلىققا ئۇنىمىدى. بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ بىرىيەردە 2000 تۆگە، 10مىڭ قويغا ئۇچراپ قالدى. ئەمىر تېمۇر:

— بۇلار كىمنىڭ چارۋىلىرى؟ — دەپ سورىغانىدى. چارۋا باققۇچىلار:

— ئەمىر چاكو بارلاسنىڭ، — دەپ جاۋاب بەردى. (بۇ ۋاقىتلاردا ئەمىر چاكو قەبىلىلەر ئىچىدە ئەڭ باي كىشى ئىدى.)

— ئەمىر چاكونىڭ ئوغلى مىرزا سەيپىددىن قەيەردە؟

— قۇدۇق بېشىدا.

ئەمىر تېمۇر قۇدۇق بېشىغا كەلدى. مىرزا قۇدۇقتىن نېرىراق بىر چېدىرنىڭ ئىچىدە ئولتۇراتتى. قۇللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بەنت ئىدى. قۇدۇقنىڭ بېشىدا 40 ئۆكۈزنىڭ تېرىسىدە قىلغان بىر سوغا تۇراتتى. ئەمىر تېمۇر سوغىنى ئۆزى يالغۇز قۇدۇققا سېلىپ، سۇ تولدۇرۇپ تارتىۋالدى ۋە ئوقۇرغا تۆكتى. ئىككىنچى قېتىم قۇدۇققا سېلىپ سۇ تارتىۋالماقچى بولغىنىدا ئارقان ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئۇ ھەيۋەتلىك سادا چىقاردى. مىرزا سەيپىددىن ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى — دە، قۇدۇق بېشىغا شامالدەك تېز يېتىپ كەلدى. قۇللىرىمۇ يېتىپ كېلىشتى. مىرزا:

— بۇ نېمە گەپ؟ — دەپ سورىۋىدى، قۇللىرى:

— بۇ يىگىت سوغىنى ئۆزى يالغۇز قۇدۇققا سېلىپ سۇ

ئالدى. ئىككىنچى قېتىمدا ئارقان ئۈزۈلدى، — دېيىشتى.

ھەممەيلەن بۇ ئىشقا ھەيران بولۇشتى. ئەمىر تېمۇر شۇ چاغدا 25 ياشقا كىرگەنىدى. ئەمىر تېمۇر مىرزا بىلەن چېدىرغا كىردى. مىرزا ئەمىر تېمۇرنى تونۇغان بولسىمۇ تونۇماسلىققا سالدى ۋە:

— ھەركىم ئۆزىنىڭ جايىنى بىلىپ ئولتۇرسۇن، — دېدى. ساھىبقىران مىرزىدىن يۇقىرىراق چىقىپ ئولتۇردى. مىرزىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— قەيەردىن كەلدىڭ؟ نەلىكسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بۇخارالىقمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئەمىر تېمۇر.

— ئەمىر چاكو بارلاس ئېلى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن. ئەگەر بۇخارالىق بولساڭ، قېنى دەپ باقە، بىزنىڭ جورىلار بوخارادا قانچىلىك بار؟

— بۇخارادا، — دېدى ئەمىر تېمۇر، — جورىلار گۆرۈچ، ماشتەك تولا، باھاسى ئەرزان!

بۇ جاۋابقا مىرزىنىڭ ئاچچىقى كەلدى - دە، غەزەپ بىلەن:

— ئەي بۇخارالىق! يا سۆزنى بىلىپ قىلالمايسەن ياكى ئورنۇڭنى تېپىپ ئولتۇرالمايسەن! — دېدى.

— مەن تۆرە بالىسى بولىمەن!

— مەن موللا بولىمەن!

— موللا بولساڭ، ئىلىمدە نېمىنى بىلىسەن؟

— ھەر نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى.

— مېنى بىلمەكچى بولساڭ، — دېدى ئەمىر تېمۇر، — تۇرغاي باتۇرنىڭ ئوغلى بولىمەن. بوراقخاننى ئىزدەپ كەلدىم.

مىرزا ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەن قىياپەتتە:

— ئاڭلىشىمچە، ئەمىر تېمۇرنى چېتتە سىپاھلىرى ئۆلتۈرگەنمىش. سەن بولساڭ «مەن ئەمىر تېمۇر» دەيسەنغۇ؟ — دېدى.

— يالغان سۆزلەرگە ئىشەنمە! — دېدى ئەمىر تېمۇر، — مەن ئەمىر تېمۇر بولىمەن.

— ئەمىر تېمۇرنى چىتتە سىپاھىلىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەن! — دەپ تۇرۇۋالدى مىرزا.

ئەمىر تېمۇر: «ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويااي» دەپ ئويلىدى يۇ، ئەمما تۇز ھەقىقىنى ئويلاپ ئۆزىنى بېسىۋالدى. «ئۆز ئېلىمنى دۈشمەن قىلىۋالماي» دەپ ئويلىغىنىچە، چېدىردىن خاپا بولۇپ چىقىپ جۆنەپ كەتتى. مىرزا سەيپىددىن ھەيران بولغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

تۇيۇقسىز چاك كۆتۈرۈلدى. چاك ئارىسىدىن پىل مىنگەن بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ھىندىستاننىڭ ئەمىرى ئەمىرچاكوغا سەيلە قىلىشى ئۈچۈن بىر پىل بەرگەنىدى. ساھىبقىران بىرلا قاراپ ئەمىر چاكونى تونۇۋالدى. ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئەمىر چاكو ئەل يۇرتنى يادىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ پىراقىدا يىغلاپ تاشلىدى. ئاندىن كېيىن ئەمىر تېمۇرنى ئۆيىگە ئەكەلدى. ساھىبقىراننىڭ كۆڭلىنىڭ مىرزىدىن ئازار يېگىنىنى ئاڭلاپ، قەھر - غەزەپ بىلەن مىرزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى.

مىرزا سەيپىددىن شۇئان ئەمىر تېمۇرگە يالۋۇرۇپ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى سورادى. ئەمىر تېمۇر ئۇنى دادىسىدىن تىلىۋالدى.

ئەمىر تېمۇر ئەمىر چاكوغا پېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. يوللاردا چاغاتاي قەبىلىلىرىنىڭ ياردەم بېرىشكە ئۈنىمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاخىرىدا: «بوراقخاننى تېپىپ، كاپىرلارنى يۇرتىمىزدىن ھەيدىسەك، نېمىدەيسىز؟» دەپ سورىدى. ئەمىر چاكو بۇ ئۈچەيلەنگە ئات بېرىپ، ئوغلى بىلەن ئۆزى ئۇلارغا يولداش بولۇپ قوشخ ⑮ قەلئەسىگە باردى. ئاناق شەھەر ئىچىگە كىرىپ، بىرەر سائەتتىن كېيىن يىغلاپ يېنىپ چىقتى.

تېكدىل بېك يەنى تۈركمەن ئېلى كورگان ئېلىگە بەكلا دۈشمەنلىك قىلاتتى. ئاناق ئەمىر تېمۇرگە:
— ئېمەكدىشنىڭ (قېرىندىشنىڭ) جامى بېكنى تۈركمەنلەر بۇيرۇق بويىچە تېرىسىنى سويۇپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈپتۇ! — دەپ خەۋەر بەردى. ئەمىر تېمۇر دەرھال قەلئە ئىچىگە كىرىپ قېرىندىشىنىڭ ئەھۋالىنى كۆردى ۋە يولداشلىرىغا:
— سىلەر سۈكۈت قىلىپ تۇرۇڭلار! — دەپ قويۇپ ئۆزى جاللاتنىڭ قېشىغا ئاستا بېرىپ، قېرىندىشىنىڭ ئۆلۈكىنى بىر-قانچە ئالتۇنغا سېتىۋالدى. ئېتىنى تېرىسىگە يۆگەپ ئېلىپ چىقتى. سەللىسىنى كېيەن قىلىپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ دەپنە قىلدى.
ئۇلار شۇ يەردىكى بىر بۇزۇلغان كولىدا ئۇخلاۋاتقاندا، تۈركمەنلەر چىقىپ كېلىپ، باغلىۋېلىشتى. ئۇلارنى قەلئە ئىچىگە ئەكىرىشتى. بېگى بۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇۋىدى، شۇ ئەسنادا مەشھەت شەھىرىدىكى مەنسۇردىن بىر نامە كېلىپ قالدى. ئۇنىڭدا: «ھوشيار ۋە خەۋەردار بولۇپ تۇرغىن، چاغاتاي بەگلىرى بىزنىڭ يەرلىرىمىزگە قەست قىلمىسۇن!» دېيىلگەنىدى.
تېكدىل بېكنىڭ خاتىرىسىگە دەرھال: «شاھ مەنسۇرنىڭ دۆلىتىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا تىرىك تۆھپە قىلىپ ئاپارمايمۇ؟» دېگەن خىيال كەلدى. بۇلارنى پۇتىقلىق ئېككى ياغاچقا بويىندىن، بەدەنلىرىدىن مەھكەم باغلاپ، ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ، بىرقانچە كىشىنى مەسئۇل قىلىپ مەشھەتكە ماڭدۇردى. ئۈچ كېچە - كۈندۈز بىر خىل مېڭىشتى. تۆتىنچى كۈنى كېچىسى مەسئۇل بولغانلاردىن بىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ كەتتى، ئەمىر تېمۇرنى مىندۈرگەن ئاتنىڭ چۇلۋۇرى قولىدىن چىقىپ كەتتى. ساھىبقىران دەرھاللا باشقا بىر يولغا كىرىپ كەتتى.
كۈن سوغۇق ئىدى. ئۇ تاڭ ئاتارغا يېقىن بىر قىشلاققا

يەتتى. قىشلاقنىڭ بىر چېتىدە باغ بار ئىدى. ئۇ يەردە بىر خانىقاھ بار ئىدى. تىڭشىۋىدى، خانىقا ئىچىدىن ھاپىزلارنىڭ ئاۋازى، زىكرى-سۆھبىتى ئاڭلىنىدى. ئەمىر تېمۇر بىردەم تەخىر قىلىپ، ھاپىزلارنىڭ ئاھ-نالە قىلىپ ئوقۇغان زىكرىسىنى ئاڭلىدى. ئەمىر: «ئۇلاردىن بىرىنى چاقىرىپ ئۆزۈمنى يەشتۈرەي» دەپ خىيال قىلدى-يۇ، يەنە «ئۇلار دۈشمەن بولۇپ چىقمىسۇن» دەپ ئېھتىيات بىلەن سەۋر قىلدى.

خېلى ۋاقىتتىن كېيىن خانىقا ئىچىدىن بىر نۇر چىقىپ ئالەمنى كۈندۈزدەك يورۇتىۋەتتى. ئەمىر تېمۇرنىڭ كۆزىگە گويا يەتتە ئىقلىم جىلۋە قىلغاندەك بولدى. روم، مەغرىب زېمىنى، ھىندىستان، مازاندىران، ئىراق، پارس، تۈركىستان، ئورۇس، خوراسان — ھەممىسى كۆزىگە كۆرۈندى. بىردەمدىن كېيىن غايىب بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى كىشى كېلىپ ئەمىر تېمۇرنىڭ باغلاقلىرىنى يەشتى. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قولىدا لىق سۈت تولدۇرۇلغان پىيالە، يەنە بىرىنىڭ قولىدا لىق شاراب تولدۇرۇلغان كاسا بار ئىدى. ئۇلار ئۆز كاسىلىرىدىكىنى كۆپ ماختاپ ئەمىر تېمۇرگە سۇنۇشتى. ئەمىر تېمۇر شارابتىن ئىچمەي، سۈتنى ئىچتى. يەنە بىر ئازدىن كېيىن بىر ھەرە ئۆزىگە ئوخشاش بىر ھەرىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن بىر كىشى ناھايىتى كۆپ قۇشقاچنى مىڭبىر مۇشەققەتتە تۇتۇپ بىر قەپەزگە سالدى. لېكىن ئېھتىيات قىلمىدى. بىر يىلان كېلىپ قۇشقاچلارنى يېدى، كۆپلىرى ئۇچۇپ كەتتى. كىرپە پەيدا بولۇپ يىلاننى يېدى. كىرپە كەتمەيلا تۇرۇپ، تۈلكە كەلدى-دە، كىرپىنى يېدى. يەنە بىردەمدىن كېيىن بىر سەييات تۈلكىنى ئېتىپ ھالاك قىلدى. سەييات ئۆزىمۇ نېرىغا بارمايلا تېيىلىپ يىقىلدى-دە، بويىنى ئۈزۈلدى. بۇلارنى كۆرگەن ئەمىر تېمۇر ھەيران قالغانىدى.

بىر خىزمەتكار تاماق كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى. ساھىبقىران داستىخاننى ئېچىپ قارىۋىدى، راسا پىشقان قوي تۆشى، قوي گۆشى ئىكەن. ئۇنى زوق بىلەن يېدى. تەگرىگە شۈكۈر قىلىپ دېدىكى:

ھەر پەرىشان سۆزنى ئېيتتىم يا كىيرىم،
بارچىدىن ئەستەغپۇرۇللاھى ئېزىم.

ئەمىر تېمۇرنىڭ كۆڭلىگە: «خوراسان يەر يۈزىنىڭ كۆكرىكىمىش. ئەزىزلەر ماڭا ئۇنى بەرگەن بولسا كېرەك» دېگەنلەرنى كەلتۈردى.

ھېلىقى خىزمەتكار چىقىپ:

— بۇياققا كەل! تۆرىلەر سېنى قىچقىرىۋاتىدۇ! — دەپ چاقىردى.

ساھىبقىران خانىقا ئىشىكىدىن ئىچكىرىگە كىرىپ بىر ئاقساقال كىشىنىڭ بەقەسەم تونلۇق، مىشىۋاك ئاسقان بىر ئوغۇل بىلەن شاھمات ئويناپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ھەر قېتىمقى ئويۇندا ئوغۇل ئۇتۇۋالسا ئۇنىڭغا ئاقچا بېرەتتى. ئەگەر ئاقساقال كىشى ئۇتۇۋالسا نېسى قالدۇراتتى. ساھىبقىران بۇ ئىشقا ھەيران قالدى ۋە بىر چەتتەرەك ئولتۇردى.

ئاقساقال كىشى ئۆزىنىڭ ئىشىغا مەغرۇر ئىدى. شۇ ئاردا تاڭمۇ ئاتتى. ئىشىكتىن بىر كىشى كىرىپ تەزىم قىلدى ۋە:

— يىلقىلىرىڭىز ئارىسىدا زادىلا تۇغمىغان بىر بايتال بار ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭدىن ئاجايىپ بىر تاي تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئېتىنى «ئەزەم» قويدۇم. بۇ تاي ئاتلارنى ھەر تەرەپنى توغلاپ ئارام بەرمەيدۇ. ئەگەر ئادەمنى كۆرسە ئۆلتۈرىدۇ. بۇ تاينىڭ كاساپىتىدىن كۆپ كىشى قان تەلەپ قىلىپ ئىشىككە كېلىۋالدى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— ناھايىتى ياخشى، ئۇلارغا تۆلەم بېرىڭلار! — دېدى

ئاقساقال ۋە ساھىبقىرانغا قارىدى، — بۇ كىشى بىلەن بارغىن،
ئاشۇ تاينى بۇ يەرگە ئەكەل! ساڭا تەقدىم قىلدىم. يەنە
ساڭا دەيدىغان كۆپ سۆزلىرىم بار، — دېدى. ئەمىر تېمۇر:
— شەھرىيار، قانداق بارىمەن؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇ
ئەزىز ھەيۋە قىلغان ھالدا:
— بار! ئەگەر قورقساڭ ماڭا سېغىنغىن! — دېدى.
ئەمىر تېمۇر كۆڭلىدە: «بۇ كىشى مۇتەققەلەردىن بولسا
فىسقىنىڭ ئىللەتلىرىنى خانىقاغا سۆرەپ كىرمەس ئىدى. قىمار-
ۋازنىڭ يېنىغا يانداشمىغان بولاتتى» دەپ ئويلىدى. ئەمىر
تېمۇر يىلقىچى بىلەن بىللە يىلقا ئارىسىغا باردى. يىلقىچى:
— سەن بۇ بالايىئاپەتنى بىزنىڭ بېشىمىزدىن يىراق قىلمى-
ساڭ، سېنى تىنچ قويمايمىز! — دەپ دوق قىلدى.
ساھىبقىران ئىلاجسىز يىلقا ئىچىگە كىردى. ھېلىقى تاي
كۆك رەڭلىك ئىدى. ئەمىر تېمۇر تەۋەككۇل قىلىپ، بېشىغا
دۇبۇلغا كىيىپ، قولىغا يۈگەننى ئېلىپ تايغا يۈزلەندى. ئۇ تاي
دۇبۇلغىنىڭ قۇببىسىگە بىر تەپكەندى، ئەمىر تېمۇر تىزلىنىپ
قالدى. شۇئان ھېلىقى خانىقادىكى ئەزىزگە سېغىندى. شۇندا
غايىبتىن بىر قول ھازىر بولۇپ، ئەمىر تېمۇرنىڭ يەلكىسىدىن
كۆتۈرۈپ تۇرغۇزۇپ قويدى. ئەمىر تېمۇرگە كۈچ - قۇۋۋەت
پەيدا بولدى. ئۇ تاينىڭ ياللىغا يېپىشىپ، بىر ئىرغىپ مىنىۋال-
دى. تاي ھەر تەرەپكە چاپچىغان ھالدا چاپا - چاپا ئاخىر
خانىقانىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ئەمىر تېمۇر بىر كۈچىۋىدى،
تاي بىر چوڭقۇر لايغا پېتىپ قالدى. ئەمىر تېمۇر دەرھال
ئۆزىنى چەتكە ئالدى. لېكىن ھەرقانچە كۈچەپمۇ تاينى لايدىن
چىقىرالمىدى. شۇ چاغ خانىقادىن ھېلىقى ئەزىز چىقىپ
كەلگىنىچە:
— ئەي ئەمىر تېمۇر! ساھىبقىرانلىق دەۋاسىنى قىلىسەن،

بىر تايغىمۇ كۆچۈك يەتمىدىغۇ! ــ دېدى ـ دە، تاينى ئىككى بارمىقى بىلەن لايدىن تارتىۋالدى. (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇز ۋاقتىدا شاھ مەنسۇرنىڭ پىلىلىرىدىن بىرى مۇشۇ لايغا چۈشۈپ پېتىپ قالغىنىدا ھېچكىم ئالالماي، مۇشۇ ئەزىز ئىككى بارمىقى بىلەن پىلنى كۆتۈرۈپ ئالغانىكەن.) ئۇ زات يەنە ئەمىرتېمۇرگە قاراپ:

ــ ئەي ئەمىر، سەن كاتتا پادىشاھ بولدۇڭ. ئەمدى سەن سەلتەنەتنىڭ ئەدەب ـ قائىدىسىنى ئۆگىنىشىڭ كېرەك. سەن نەپسىڭگە بېرىلمىگىن. بايا سەن نۇرنى كۆردۇڭ. بۇ سېنىڭ ئىقبالىڭنىڭ قۇياشقا ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. پۈتۈن ئالەم ساڭا بېقىنىدۇ. بايا ئىككى كىشى ساڭا سۈت ۋە شاراب كەلتۈردى. سەن سۈتنى ئىچتىڭ، شارابنى ئىچمىدىڭ. ئەگەر شارابنى ئىچكەن بولساڭ زالىم بولغان بولاتتىڭ. بىر ھەرە يەنە بىر ھەردىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ مەنزىلىگە كەتتى. سەنمۇ پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ ئېھتىيات قىلغىن. قىيامەتكىچە ئۇلارغا زامىن بولما. يەنە بىر كىشى كۆپ قۇشقاچنى ناھايىتى قىيىندا تۇتتى ۋە توپلاپ بىر قەپەزگە سالدى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن قۇشقاچلار ئۇچۇپ كېتىشتى. بۇ ــ دۇنياغا ھەۋەس قىلىپ، جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن توپلىغان پۇل ـ مال ئىدى. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن تالان ـ تاراج بولۇپ تاراپ كەتتى. شۇڭا زادىلا دۇنياغا مېھرىڭنى قويمىغىن. ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە باغلانمىغىن. يىلان قەپەزدىكى بىر قانچە قۇشقاچنى يېدى. كىرپە كېلىپ يىلاننى يېدى، تۈلكە كىرپىنى يېدى. تۈلكىنى سەييات ئاتتى. كەينىدىنلا سەيياتمۇ يىقىلىپ، بوينى ئۈزۈلۈپ ئۆلدى. بۇنىڭ مىسالى شۇكى: ھەر كىم بىراۋغا قەست قىلسا، زىيان سالماقچى بولسا، بۇ قەست ۋە زىيان ئۆزىنىڭ بېشىغىمۇ كېلىدۇ. مۇسۇلمانلىق دېگەن شۇكى، ساڭا ئۇچرىغانغا ياخشىلىق قىل. ساڭا قوينىڭ تۆشنى ئەۋەتتىم.

ياخشى ئويلا، خوراسان يەر يۈزىنىڭ يۈرىكى بولىدۇ. شۇڭا بۇنى ساڭا ئىنئام قىلدۇق. ئەمدى تۇرغىن، جامغا بارغىن، يولداشلىرىڭنى تاپقىن، — دەپ كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلدى.

ساھىبقىران خىلىل ئىقىمغا[36] مىنىپ يولغا چۈشتى.

ئەسىرلەرگە قارىغۇچىلار جامىنىڭ يولىدا ئەسىرلەرنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، ساھىبقىراننىڭ يوقالغانلىقىنى بىلىشتى. ئۇلار قانچە ئاختۇرۇپمۇ تاپالمىدى. ئىلاجىسىز، قالغان تۆت كىشىنى ھەيدەپ جۈنەپ كېتىشتى ۋە بىر ئۆتەڭگە يېتىپ كېلىشتى. بۇ ئۆتەڭنى ئەمىر سالجۇق ياساتىپ قويغانىدى. ئۇلار مۇشۇ ئۆتەڭدە ئارام ئېلىشتى. ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىدى. ئۆزلىرى ئۆتەڭنىڭ گۈمبىزى ئىچىگە كىرىپ، ئەسىرلەرنى سىرتتا قويۇشتى. (بۇ ئەمىر تېمۇرنىڭ ئىقبالى ئىدى.)

ئەسىرلەر: «بىز سوغۇقتا بەك توڭلاپ كەتتۇق، ئۆلۈپ قالمايلى. بىزمۇ ئىچكىرىگە كىرەيلى» دەپ شۇنچە يالۋۇرغان بولسىمۇ ئۇنىمىدى. شۇ كېچىسى گۈمبەز ئۆرۈلۈپ، ئەسىرگە قارىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈشتى. ئەسىرلەر بۇ ھادىسىنى: «ئەمىر تېمۇرنىڭ ئىقبالى» دەپ پەرەز قىلىشتى. ئۇلار بويۇندىكى باغلاق ۋە ياغاچلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شۇنچە ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ ئاجرىتالمىدى ۋە ھەيران بولۇپ ئولتۇرۇشتى. شۇ دەم ئەمىر تېمۇر ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، ئۇلارنى قۇتۇلدۇردى. ئاندىن زەندە فىلىنىڭ[37] ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالدى ۋە بوراقخاننى ئىزدەش ئۈچۈن يولغا چۈشتى.

## بوراقخاننىڭ شاھ مەنسۇرنىڭ قولىدا ئەسىر بولغىنى

بىر ۋاقىتلاردا تۇغ تېمۇرخان چىتتە ئەللىرىنىڭ ئەسكەر-

لىرنى تاشلاپ ماۋرائۇننەھىردىكى مەملىكەتلەرنى ئىشغال قىلدى. بوراقخان ئۆز مەملىكىتىدە تۇرالماي، جەندە، كۇلاھ كىيىپ، قولىغا سوتا (ھاسا) ئېلىپ، چۆللەرنى كېزىپ چىقىپ كەتكەنىدى. چاغاتاي قوۋمى ئىچىدىكى بەزى يامان نىيەتلىك كىشىلەر ئۇنىڭ ھاياتىغا قەست قىلماقچىمۇ بولدى. بىر كىچىك بالا بۇ سىرنى بوراقخانغا يەتكۈزدى. بىچارە بوراقخان دۈشمەنلەردىن قورقۇپ ھېچقانداق شەھەرگە كىرەلمىدى. دائىم دەشت - باياۋانلاردا تەمتىرەپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ھېلىقى قەستلىگۈچىلەر بوراقخاندىن خەۋەر ئالالماي، ئارمانلىرىغا يېتەلمىدى.

بوراقخان كېچە - كۈندۈز پىيادە يول يۈرۈپ ۋە چۆللەرنى كېزىپ، كۆپ مۇشەققەت چەكتى. «ئاھ» دېسە ئاغزىدىن يېشىل ئوت چىققۇدەك ھالغا يەتتى. سەلتەنەت سۈرگەن دەۋرى يادىغا كەلگەندە كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈلەتتى. گاھىدا تەقدىرگە ۋە تەڭرىگە شۈكۈر ئېيتاتتى.

بايابان ئارا مەن غېرىب ۋە پېقىر،
جاپا - جەۋرلەرگە بولۇپ چۆن ئەسىر.
قايادا قېلىپدۇر بەگ ۋە خانلىقىم،
بىر سەھرا ئارادۇرمۇ سەرسانلىقىم.
بولۇپدۇر ئېلىمدىن ۋەپا بىر تەرەپ،
مېنى قىلما تىغ ۋە خەنجەر بىكەپ.
جۇدا بەگلىكىمدىن قىلىپ شۇر بەخت،
نە ئىززەت، نە دۆلەت، نە ئېدۇ - نە تەخت.
ئۆتۈپ بۇ سۈپەتتە كېچە - كۈندۈزى،
چۆلىستاندا قالدىم مەن ھەم يالغۇزى.
باشىمغا ئۆتۈپدۇر قۇياشتىن ئەسەر،
ئاياغىمغا ئۇرغان تىكەن نەشتەر.

ئاياغىم يالاڭدۇر، باشىم ھەم يالاڭ،
ئاياغىم قاپارتىپ قۇم ۋە تاش - سەڭ.
تېنىم ئۆزرە جەندە، قولۇمدا تاياق،
بېلىمدە رەسەندوز، ئېلىمدىن يىراق.
قىلىپ مۇلكى باغۇ گۈلىستانلىرىم،
ئۇلار ئورنىغا مۇشۇ چۆلىستانلىرىم.
يۈرۈرگە ئاياغىمدا يوقتۇر مادار،
چۆلىستان قىلىپ ھالىمنى تەڭۇ تار.
قۇياش كەتتى تولغاي ساماغا نۇجۇم،
مېنىڭ كۆڭلۈم ئانداق بولۇپ ھەم ھۇجۇم.
ئىلاھا مەن بەندىگە رەھمە ئېتىپ،
گۇناھىمنى كەچۈر ئىسمى بەركىتىپ.
بىز ئالەم ئۇ ئالەم ئۆزۈڭ ئىلكىم ئال،
ئاداشقانلىرىڭنى ھوداي يولغا سال.

بوراقخان بىچارە سەرسان - سەرگەردان بولۇپ، ئۇيان مېڭىپ، بۇيان مېڭىپ قەندىھارغا كېلىپ قالدى. قەندىھارنىڭ ھاكىمى شاھ مەنسۇر ئىدى.

بوراقخاننىڭ بار - يوقى بولۇپ ئارانلا بىر دانە لەئەل كۆزلۈك ئۈزۈكىلا قالغانىدى. ئۇ بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ يېپىشندى - دە، بۇلاقتا چۈشۈپ غۇسۇل قىلىشقا باشلىدى. ئۇ سۇدىن چىققاندا ئۈزۈكى يوقالغانىدى. ھەرقانچە ئاختۇرۇپمۇ ئۈزۈكنى ئاپالمىدى، ئەتراپتا ھېچ كىشى يوق ئىدى. ئۇ ھەيران قالدى. ئىلاجىسىز قەندىھار شەھىرىگە كىردى. ئۇ كوچىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى، تۇيۇقسىز «دۇپۇر - دۇپۇر» نىڭ ئاۋازى كەلدى. ئۇ چوكور ئاتقا مىنگەن، قوللىرىغا قۇش قوندۇرۇپ، ئالدىلىرىغا ئىتلارنى سېلىپ بىر قانچەيلەننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى

كۆردى. ئىتلارنىڭ بوينىدا ئالتۇن قوڭغۇراق بار ئىدى. بۇلار بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ بولۇۋىدى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن شاھ مەنسۇر دەبدەبە بىلەن يېتىپ كەلدى.

بوراقخان ئۆزىنىڭ سەلتەنىتىنى يادىغا كەلتۈرۈپ، ئىچى كۆيگەن هالدا يۈرەك باغرىدىن چىقىرىپ بىر «ئاھ» تارتقانىدى، بۇ سادا شاھ مەنسۇرغا ئاڭلاندى. ئۇ بىرلا قاراپ قەلەندەر سۈرەت، سەلتەنەت سۈپەت بوراقخاننى كۆردى.

— ئاشۇ قەلەندەرنى بۇ يەرگە ئەكىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى شاھ مەنسۇر. خىزمەتچىلەر بوراقخاننى باشلاپ ئوردىدىكى بىر باغقا ئەكىلىشتى. ئۇنىڭغا ئاتاپ چېدىر تىكتى. شاھ مەنسۇر چېدىرغا كىرىپ ئولتۇردى. بوراقخانىمۇ چېدىرغا باشلاپ كىرىشتى - دە، شاھ مەنسۇرنىڭ يېنىدىن جاي كۆرسەتتى.

شاھ مەنسۇر بوراقخاندىن ھەر تەرەپلەپ گەپ سوراپ كۆردى. بوراقخان تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى. شاھ مەنسۇر ئۇنىڭ سەلتەنەتلىك بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، خىزمەتكارلىرىغا بۇيرۇپ بىر كوپ ئالتۇن ئەكەلدۈرۈپ بەردى. بوراقخان ئالتۇننى پوتىسىغا تېگىپ ئەكەتتى. شاھ:

— ئارقىسىدىن كۆزىتىڭلار! نېمە ئىش قىلىدۇ، قاراڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

مۇلازىملار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ قاراشتى. ئۇ ئالتۇننى بىر چەتكە تۆكۈۋېتىپ پەرۋا قىلماي كېتىپ قالدى.

— ھەي گاداي! — دېدى ئۇلار بوراقخانغا، — بېگىمىز ئىنئام قىلغان ئالتۇنلارنى نېمىشقا تاشلىۋېتىسەن؟

بوراقخان ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماي كېتىۋەردى. مۇلازىملار قايتىپ كېلىپ كۆرگەنلىرىنى شاھ مەنسۇرغا مەلۇم قىلدى. شاھ مەنسۇر:

— ئۇنى بۇ يەرگە ئەكىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. ئۇلار

بوراقخاننى كەلتۈرۈشتى. شاھ مەنسۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى. خىزمەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، ئۈچ كېچە-كۈندۈز كۆڭۈل ئېچىش قىلىپ بەردى. شاراب ۋە كاۋاپ كەلتۈرۈشتى. بوراقخان شارابنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق دېدى:

كۆزدە ياشىم شارابتۇر، جان ۋە كۆڭۈل كاۋاپتۇر،
نىچۈن ئۆزۈم كۆڭۈل ئاچاي، ئەھۋال ماڭا خارابتۇر.

شاھ مەنسۇر خۇشاللىق بىلەن:

— ئەي يىگىت، راست سۆزلە، قانداق كىشىسەن؟ سېنىڭدىن شەۋكەت، سەلتەنەتنىڭ بەلگىسى بىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى. بوراقخان ئىنكار قىلدى.

— قايسى كۈنى، — دېدى شاھ مەنسۇر، — يۈرەك باغرىڭدىن چىقىرىپ ئاھ تارتتىڭ، بۇنىڭ سەۋەبى نىچۈكتۇر؟

— بىر ئۈزۈكۈمنى يوقىتىپ قويغانىدىم، — دېدى بوراقخان، — ئۈزۈكنىڭ كۆزى لەئەل ئىدى. شۇڭا ئاھ تارتقانىدىم.

شاھ مەنسۇر:

— ساڭا ئۇنىڭ يېقىنچىلىقى يوق ئىكەن، — دېدى.

— ئۇ ئۈزۈكتە بوۋىلىرىمنىڭ ئىسمى بار ئىدى، — دېدى بوراقخان.

شاھ مەنسۇر «ئۈزۈكنى تاپمىغۇچە بۇ قەلەندەر ئۆزىنىڭ ئەسلى نەسلىنى مەلۇم قىلمايدىكەن» دېگەن تونۇشقا كەلدى-دە، بوراقخاننى قەلەندەرلىك كىيىملىرى بىلەنلا ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، ئوۋغا ئېلىپ ماڭدى. يولدا بىر كىشى ئۆزىچە ئۇلۇغلارنىڭ سۆزىنى قىلىپ كېتىۋاتاتتى. شاھ مەنسۇر ئۇنى چاقىرتقۇزدى ۋە سوئال سورىدى، ھېلىقى كىشى:

— ئاۋۋال ئوتۇنچى ئىدىم. كېيىن قاغىنىڭ ئۇۋىسىدىن بىر

دانە ئۈزۈك تېپىۋېلىپ جاپا - مۇشەققەتتىن قۇتۇلدۇم. «ئەمدى ئەمىرلەردەك ئۇۋ قىلىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدىم. سەللەم بىلەن قۇشۇمنى بىر يەرگە قويۇۋىدىم، سەللەم قۇشنىڭ پۇتىغا چىرمىشىپ قاپتۇ، قۇش سەللەمنى سۆرەپ ئۇچۇپ كەتتى، سەللەمنى ئېلىۋالاي دەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتسەم، ئېتىمنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ. ئەمدى ئەمىرلەرچە ئۇۋ قىلىشنى قويۇپ، كۆڭلۈمگە داغدۇغىلىق قۇشبېگىلىك ھەۋىسى چۈشتى، ئۆزۈمنىڭ ئەقلىمگە نەزەر سالسام ماڭا قۇشبېگىلىك لايىق ئەمەس ئىكەن، — دەپ ھال تۆكتى. شاھ مەنسۇر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلدى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەقىل بىلەنلا مەنسەپ ۋە سەلتەنەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، — دېدى.

— ماڭا پۇل كېرەك. پۇلۇڭ بولسا بەرگىن، مەن سېنى قۇشبېگى قىلاي. ئاتا - بوۋامدىن قالغان ئۇۋچىلارنىڭ ئەمىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىر لەئەل كۆزلۈك ئۈزۈكۈم بار. ساڭا بېرەي، — دەپ ئۈزۈكنى ئېلىپ شاھ مەنسۇرغا سۇندى ھېلىقى كىشى.

شاھ مەنسۇر ئۈزۈككە تازا دىققەت بىلەن نەزەر سېلىۋېدى، ئۈزۈككە بوراقخاننىڭ يەتتە بوۋىسىنىڭ ئىسمى يېزىلغانلىقىنى كۆردى. شاھ مەنسۇر دەرھال بوراقخانغا شاھانە كىيىملىرىنى كىيدۈردى. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئالدىدىن تەخت قۇرۇپ، ئورۇن تەييارلاپ بەردى. ئىككىيلەن تەخت ئۈستىدە ئاكا ئۇكا بولۇشقا ۋەدىلەشتى. بىر نەچچە كۈنلۈك مەيشەتتىن كېيىن شاھ مەنسۇر مەست بولۇپ قالدى - دە، ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ھەققىدە لاپ ئۇردى ۋە بوراقخانغا:

— ھېچكىم مېنىڭ قولۇمنى قايرىيالمايدۇ، ئەمما مەن ھەرقانداق كىشىنىڭ قولىنى قايرىۋېتىمەن، — دېدى.

بوراقخان مىيىقىدا كۈلۈپ، شاھ مەنسۇرنىڭ قولىنى تۇتۇپ

شۇنداقلا قايرىغانىدى، مەنسۇرنىڭ ھالى قالمىدى. بوراقخاننىڭ بۇ ئىشى مەنسۇرغا ئېغىر كەلدى.

شاھ مەنسۇرنىڭ بىر سىڭلىسى بولۇپ، ئېتى شىجائەت بىكەچ ئىدى. باتۇرلۇقتا ۋە گۈزەللىكتە يېگانە بىر قىز ئىدى. مەنسۇر ئاستاغىنا سىڭلىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ ئەھۋالنى ئىزھار قىلدى. شىجائەت بىكەچ:

— ئەي ئاكا، ئۇنى ماڭا توغرا قىلغىن. مەن ئۇنىڭدىن سېنىڭ ئەنتىڭنى ئالاي، — دېگەنىدى، شاھ مەنسۇر:

— ئۇ ساڭا مەھرەم ئەمەس. قانداق بولار؟ — دېدى. شىجائەت بىكەچ:

— مېنى ئۇنىڭغا نىكاھ قىلىپ بەرگىن، مېنىڭ قولۇمنى قايرىسا نىكاھ دۇرۇس. ئەگەر مەن ئۇنىڭ قولىنى قايرىسام نىكاھ فاسىد بولسۇن، — دەپ ئۆگەتتى.

شاھ مەنسۇر بوراقخاننىڭ قېشىغا كېلىپ:

— مېنىڭ بىر سىڭلىم بار، ئىسمى شىجائەت بىكەچ. سېنىڭ بىلەن قول قايرىشماقچى. لېكىن، ئالدى بىلەن ئۇنى ساڭا نىكاھلاپ قويىمىز. سەن ئۇنىڭ قولىنى قايرىيالىساڭ نىكاھ توغرا بولىدۇ. ئۇ سېنىڭكىنى قايرىۋەتسە نىكاھ بۇزۇلىدۇ، — دېدى.

بوراقخان ماقۇل بولدى. بوراقخان شىجائەت بىكەچ بىلەن بىر چۈشەكتە ئولتۇردى. شاھ مەنسۇرمۇ شۇ يەردە بولدى. شىجائەت بىكەچ باتۇرلۇق ۋە پالۋانلىقتا بوراقخاندىن ئارتۇق ئىدى، لېكىن ئۇ بوراقخانغا ئاشىق بولۇپ قالغانىدى. بوراقخاندىن ئايرىلىشقا تاقىتى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ بوراقخاننىڭ قولىنى تۇتتى-دە، قايرىيالمىغان بولۇپ تۇردى، بوراقخان ئۇنىڭ قولىنى قايرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن نىكاھ قانۇنلۇق بولدى-دە، ئىككىيلەن ئەيش-ئىشرەت سۈرۈشتى. شاھ مەنسۇرنىڭ كۆڭلىدە

گۇدرەت قىيپقالدى. بىر كېچىدە شاھ مەنسۇر ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ تۇرغانىدى، شىجائەت بىكەچ بوراقخانغا:

— مېنىڭ ئىشقىم سېنىڭ قولۇڭنى قايرىشقا يول قويمىدى، — دېدى-دە، بوراقخاننى ناز بىلەن ئەركىلىتىپ، قولىنى تۇتۇپ قايرىدى. ھەرقانچە قىلىپمۇ بوراقخانىنىڭ ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىدى. بۇ ئىشنى كۆرگەن مەنسۇرنىڭ ئاچچىقى راسا كەلدى-دە، تاڭلا ئەتىسى بىرقانچە قۇلنى ئەگەشتۈرۈپ، بىكەچ بىلەن بوراقخانىنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

ئۇلار باستۇرۇپ كىرىپ بىكەچنى ئۆلتۈردى. شاھ مەنسۇر ئۇيالغانلىقتىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، قۇللىرىغا: «بوراقخاننى غوۋغا قىلمايلا ئۇيقۇدىكى چاغدا باغلاڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۆزى بوراقخانغا يۈز كېلەلمەي، بىر قۇلغا: «بۇنى تىرىكلا يەرگە كۆمۈۋەت! نەپەس ئالالماي ئۆلسۇن!» دەپ بۇيرۇدى. (خۇدايا، ئاشۇنداق ۋەدىسى بۇزۇق شاھلاردىن پاناھىڭدا ساقلىغىن!) قۇل بوراقخانىنى ئۆيىگە ئەكەلگەنىدى، تەگرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر ئىنساپ-يېقىنچىلىق سالدى. ئۇنى ئۆلتۈرمىدى، ئۇ بوراقخانغا:

— سەن ھازىرچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن، خۇدايىم بۇيرۇسا مەن سېنى ئۆز ئېلىڭگە ئەۋەتىۋېتىمەن، بىرئاز سەۋر قىل، — دېدى-دە، ئۆزى شاھ مەنسۇرنىڭ قېشىغا بېرىپ: «ئۆلتۈردۈم» دەپ مەلۇمات بەردى.

قۇل ھەر كۈنى نان ۋە سۇ ئەكىلىپ، بوراقخانىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. كۈتمىگەندە، بىر يېرىم كېچىدە ئەمىر تېمۇر ساھىبقىران، ئەمىر چاكو بارلاس، مىرزا سەيپىددىن ۋە ئاناق قىمارۋاز، ھىندى خوجا قەندىھارغا كىرىپ كېلىشتى.

ساھىبقىران ئېتىنى باغلىماق ئۈچۈن قوزۇق قاققانىدى. بۇلارنى كۆرگەن ھېلىقى قۇل بوراقخانىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— سىزنىڭ ئېلىڭىزدىن ئادەملەر كەپتۇ، تونۇمسىز؟ —

دېدى. بوراقخان ئاستا چىقىپ قارىدى ـ دە، ئەمىر تېمۈرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىردى. ساھىبقىران ھەيران بولۇپ يولداشلىرىغا بۇنى ئېيتقانىدى، ئۇلارمۇ ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى. ئەمىر چاكو بوراقخاننىڭ ئاۋۇشىدىن تونۇپ: «بۇ بوراقخان» دېدى. ئۇلار خاننىڭ قېشىغا كىرىشتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ھال ـ ئەھۋاللىرىنى سورىشىپ يىغلاشتى. بۇ نەزمىنى بوراقخان ئۇلارغا ئېيتتى:

بولۇپتۇر خۇدادىن قازا ۋە قەدەر،
بۇ سەرسانلىقىمدۇر يۈرۈپ دەر بەدەر.
مەنزىللەر كېزەرمەن نەچچە يول كېزىپ،
يۈرۈپ دەشت ـ سەھرا نەچچە چۆل كېزىپ.
ئېلىم بارچىسى قالدى يوللار ئارا،
ئادىشىپ كى يۈردۈم نى چۆللەر ئارا.
بۇخارالىرىمدىن ماڭا يوق خەۋەر،
چىنتە قىلدى يۇرت ـ ۋمنى زىرو زەۋەر.
بىزدە قالمىدى ئارۇ نومۇسۇ نەڭ،
كېلىپ بەلخ ئارادە بىزە قىلدى جەڭ.
زەئىپدۇر ئېلىم يوقوي بولدىلەر،
بىزنىڭ بارچە دۈشمەن كۆرۈپ كۈلدىلەر.
پەلەك زال ئېتىپتۇر مىنى كۆپ خاراب،
ساچىلغان باشىم ئۆزرە ھەسرەت تاراب.
قىلىپ تاشنى ياستۇق، تىكەننى پالاس،
چوروك جەندىلەرنى قىلىپ مەن لىباس.
تېنىم تاش ـ تىكەنلەردىن بولۇپتۇر يارا،
ساقالىم ئاقاردى بۇ غەمدىن قارا.
چىمەنگە تولۇپدۇر بىرى زاغىلەر،

ئەنە دىل قەپەزىدە يۇرەك داغلەر.
قېنى مۇلكى ـ مالىم بولۇپ بىر تەرەپ،
كېتىپ ئەللىرىم بارچىسى ھەر تەرەپ.
قايانىدا قىلىپتۇر بەگ ۋە خانلىقىم،
نەچچە كۈن بۇخارادا سۇلتانلىقىم.
قېنى دوستلىرىم بىلەن قىلغىن سۆھبىتىم،
قېنى سەلتەنەت دۆلـەتۇ شەۋكىتىم.
قېنى تەختى ـ بەختىم، قېنى باغلار،
قېنى يارۇ جـۆرە ۋە ئورتاقلار.
قېنى ئول قېرىنداش ۋە تۇغقانلىرىم،
قېنى ئۇ ئايالىم، نەچچە دىلبىرىم.
قېنى مۇلكى ـ مالىم بولۇپ بىر تەرەپ،
كېتىپ ئەللىرىم بارچىسى ھەر تەرەپ.
بەدەخشانو، كابىل يورۇپ تاھىرات،
قەلەندەر يۈزۈمنى قىلىپ مىسكىن ئات.
قېچىپ بەلخ سىرىدىن بېرىپ قەندىھار،
يۈرۈپمەن ئاداشىپ بولۇپ خارىزار.

ئەمىر تېمۇر بوراقخانغا كۆپ نەسھەتلەرنى قىلدى.
بوراقخاننىڭ ئېلىدىن ئاجراپ قەلەندەر بولغىنىغا ئۈچ يىل بولغانىدى. يېشى 40 لارغا يەتكەنىدى، غەم ـ غۇسسىدىن ساقىلى ئاقىرىپ كەتكەنىدى.
بۇلار سۆزلىشىۋاتقاندا، بوراقخاننى ساقلاپ قالغان قۇل گەپ تىڭشاپ،ماراپ تۇرغانىدى. ئۇنى كۆرۈپ ساھىبقىراننىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى ـ دە، ياسىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا ئوق ئاتتى. ئوق قۇلغا تەگدى. ئۇ بىچارە بىر چىرقىرىدى ـ دە، ھالاك بولدى. بۇنى كۆرگەن بوراقخان يىغلاپ تاشلىدى. ئەمىر تېمۇر

ئېشىنىڭ ھەققىتىنى بىلگەندىن كېيىن ناھايىتى پۇشايمان قىلدى.

ياخشىلىق ئۇرۇقى تېرىپ ئۇشبۇ پەلەكنىڭ گەردىشى،
بەردى ئۇ بىچارىگە، كىم زەھەر قاتىل يېمىشى.
ياخشىلىق دوستىغا قىلسا، يامانلىق دۈشمىنىگە،
ئالقىشى دوستىغا ئۇرماس، دۈشمىنىگە قارغىشى.

ئۇ بىچارىنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلىشتى. بوراقخان ئەمىر تېمۇرگە كايىپ خاپا بولدى. بوراقخان:

— بىر ئۈزۈكۈم مەنسۇرنىڭ قولىدا قالدى. بىر كىشى ئۇنى تېپىپ كەلسە بولاتتى، — دېدى.

— توغرى، خاتىرجەم بولۇڭ مەنزىلىمىزگە بارايلى. ئۈزۈك دېگەن تېپىلمايدىغان نەرسە ئەمەس، — دەپ مېڭىشقا ئۈندىدى ئەمىر تېمۇر.

— مەن سىزگە، — دېدى بوراقخان رەنجىگەن ھالدا، — كېرەك بولسام، ئۈزۈكمۇ ماڭا كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭغا مېنىڭ بوۋىلىرىمنىڭ ئىسمىلىرى پۈتۈلگەن. بىرىنچىلار ئۈزۈكنى مەنسۇر شاھنىڭ قولىدىن ئەكىلىڭلار!

ھەممەيلەن سۈكۈت قىلىشتى. ئاخىرى ئەمىر تېمۇر ئېتىنى مىنىپ خاننى ۋە باشقىلارنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى. ئورىدىغا يېقىنلاشقاندا، بۇلارنى بىر يەردە قالدۇرۇپ، ئۆزى ئاناقنى ئېلىپ ئوردىغا كىردى. بوراقخان قورققىنىدىن قالغانلار بىلەن قېچىپ كەتتى. ھىندى خوجا: «ئەمىر كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرايلى» دېگەن بولسىمۇ ئۇنىمىدى.

شۇ كېچىسى خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن دەرۋازىۋەنلەر ئۇخلاپ قېلىشقانىدى. ئەمىر تېمۇر يەتتە دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، ئاناقنى ئىشىككە قويىدى-دە، شاھنىڭ ھەرىمىگە كىردى. ئۇ كىرگەندە شاھ مەنسۇر قاتتىق ئۇيقۇدا ئىدى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ

قولىدىن ئۈزۈكنى ئاستا تارتىۋالدى. بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ قولىنىڭ ئۈستىگە قويدى. شۇ چاغ بىر قول تۇيۇپ قىلىپ سۇجۇم قىلغانىدى، ئۇنى بىر ئوق بىلەن تىرەككە مىخلىۋەتتى. ئۇ ئاناق بىلەن قايتىپ بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلغان جايغا كەلگەندە، ئۇ يەردە ھېچكىم يوق ئىدى. ئەمىر تېمۇر ئۇلارنى ئىزدەشكە چۈشتى.

ئەتىسى شاھ مەنسۇر قولنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. مەكتۇپنى ئوقۇدى. مەكتۇپتا: «بىز تۆرە باللىرى بولىمىز، سېنىڭ مەملىكىتىڭنى ئالماقچىمىز، ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرمەيمىز!» دېيىلگەنىدى. شاھ مەنسۇر ئەمىر تېمۇرنىڭ باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇدى. دەرھال ئاتقا مىنىپ سەھراغا يۈزلەندى. ئۇنىڭ ئارقىدىن ئەسكەرلىرى ماڭدى. شاھ مەنسۇرنىڭ ۋەزىرى شەمسۇلمۈلۈك ناھايىتى ئەقىللىق كىشى ئىدى. ئۇ: «بۇلار ھېلىمۇ سېنى ئۆلتۈرمەپتۇ. ئۇلارنىڭ سېنىڭ بىلەن ئىشى يوق ئىكەن. شۇڭا ئۇلارنى قوغلىمايلى» دەپ، كۆپ توسۇغان بولسىمۇ، شاھ مەنسۇر ئۇنىمىدى.

بوراقخان تاغ باغرىدا توختىغانىدى. ئۇ تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن چاڭنى، چاڭ ئارىسىدا قوشۇنلارنى باشلاپ كېلىۋاتقان شاھ مەنسۇرنى كۆردى. ئۇلار بوراقخاننى تار يولدا توسۇشتى. شاھ مەنسۇر قولىغا نەيزىسىنى ئېلىپ، بېشىدىن ئايلاندۇردى-دە:

— ئەمىر تېمۇر! — دەپ توۋلىدى. بوراقخان:

— بۇنىڭ ئىشىنى قانداق قىلارمىز؟ — دەپ سورىدى ھەمراھلىرىدىن.

— مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ «ئەمىر تېمۇر مەن بولىمەن!» دەي، — دېدى ھىندى خوجا. بوراقخان ماقۇل بولدى. ھىندى خوجا مەيدانغا كىرىپ:

— ئەي مەنسۇر، ئەمىر تېمۇر مانا مەن، نېمە ئىشىڭ بار؟ — دەپ سورىدى.

— يالغان ئېيتىسەن! — دېدى مەنسۇر ئىشەنمەي، — ئەمىر تېمۇر ئەمەسسەن، مېنىڭ ھەرىمىمگە كىرىپ، قولۇمدىن ئۈزۈكنى ئېلىپ، قولۇمنى ئۆلتۈرۈپ چىقىپ كېتىش سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمەيدۇ!

— مەن ئەمىر تېمۇرمەن!

— ئەگەر ئەمىر تېمۇر بولساڭ قولنى قايسى تېرەككە مىخلىدىڭ؟

ھىندى خوجا ھەيران بولغان ھالدا:

— ئالدىراشچىلىقتا قايسى تېرەككە مىخلىغانلىقىمنى بىلەلمىدىم، — دېگەنىدى. مەنسۇر:

— راست گەپ قىلمىدىڭ. ئەمىر تېمۇر بۇنداق ئىشتا ئالدىرىمايدۇ، — دېدى.

ھىندى خوجا شاھ مەنسۇرغا قارىتىپ ئوق ئاتتى. مەنسۇر قالقان تۇتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئوقى شاھ مەنسۇرغا يەتمىدى. ھىندى خوجاغا بوراقخاننىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن ئاغرىندى ۋە مەنسۇرغا:

— مەن ئەمىر تېمۇرنىڭ قۇلى بولىمەن، بوراقخان مېنى ساتا ئەۋەتكەن، — دېدى.

— ئەمىر تېمۇر، — دېدى مەنسۇرمۇ غەزەپلەنگەن ھالدا، — ئاشۇنداق كىشى ئۇچۇنمۇ جاپا - مۇشەققەت چېكىپ يۈرەمدۇ؟ بېرىپ بوراقخانغا ئېيتقىن، ئۆزى كەلسۇن!

ھىندى خوجا بوراقخانغا بۇ گەپلەرنى يەتكۈزدى. شۇنىدا خاننىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— مېنى مەنسۇردىن قورقتى دەۋاتامسەن ياكى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئاداۋىتىنى قىلىۋاتامسەن؟! — دېگىنىچە قىلىچ كۆتۈرۈپ، ھىندى خوجىغا سالدى. ئۇنىڭ قىلىچى ھىندى خوجىنىڭ بەدىنىگە تۆت ئىلىك پاتتى. ئاندىن ئۇ ئۆزى مەيدانغا باردى. شاھ مەنسۇر ئۇنى كۆرۈپ كۆپ بەنە - ھاقارەتلەرنى قىلدى ۋە:

— شۇنداق سادىق خىزمەتچىڭنى قولدىن چىقارماقچىمۇ-سەن! — دېدى. بوراقخان تېرىكىپ:

— ئۆزۈڭنىڭ ئىشىڭنى بىل! — دېدى. مەنسۇر قوشۇنلىرىغا:

— ھېچكىم ماڭا بولۇشۇشقا كەلمىسۇن! — دېدى - دە، يىراققا چېكىنىشكە بۇيرۇدى. شاھ مەنسۇر بىلەن بوراقخان قوللىرىغا نەيزە ئېلىپ بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشتى. ئۈچ قېتىمدىن نەيزە سېلىشىپ مۇرادى ھاسىل بولمىدى. تۆتىنچى قېتىمدا شاھ مەنسۇرنىڭ نەيزىسى بوراقخاننىڭ ساۋۇتىغا تېگىپ ئىلىنىپ قالدى. شاھ مەنسۇر بىر تارتىپ خاننى ئاتتىن يىقىتتى. شاھ مەنسۇر مۇلازىمىغا:

— خاننىڭ كاللىسىنى تېنىدىن ئاجراتقىن! — دەپ بۇيرۇدى. مۇلازىم كېلىپ بوراقخاننىڭ كۆكسىگە مىنىپ ئۆلتۈرەي دەپ تۇراتتى، ئەمىر چاكو يىغلىغىنىچە خۇداغا مۇناجات قىلدى:

مۇناجاتىم قوبۇل ئەت يا ئىلاھى،
ئۆزۈڭسەن بارچە ئالەم پادىشاھى.
سېغىندىم بۈگۈن ساڭا بىرو بارا،
بۇ يەردە بىزگە سەن بەرگىل پاناھى.
قىدىرىدۇق تۆرەمىزنى، ئەمدى تاپتۇق،
دېسەك بۇ كۈندە بولغاي بى باھايى.
بۇ دەردلەرگە ئۆزۈڭ بەرگىن داۋانى،
پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزۈڭسەن تەكيەگاھى.
كۆزۈمدىن تاراملاپ ياشلار ئاققۇزۇپ،
سۇرەي دەرگاھىڭغا روي سىياھى.
ئېلىپتۇر يۇرتىمىزنى كاپىر ئېلى كىم،
مۇسۇلمانلارغا پىرى ئارامگاھى.

سېغىنغان دەرگاھىڭغا مەن قۇلۇڭنى،
دۇئايىم ئەيلە قوبۇل، كەچ گۇناھى.

تۆيۇقسىز تاغ باغرىدىن ئات مىنگەن بىر يىگىت ۋارقىراپ چىقىپ كەلدى. ئۇۋ قىلغانىمىدىكىن، ئەيتاۋۇر، يولۋاسنىڭ تېرىسىنى بىر خادىنىڭ ئۇچىغا ئېسىپ كۆتۈرگەن ھالدا يەنە بىر يىگىت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلمەكتە ئىدى. بۇلار ئەمىر تېمۇر بىلەن ئاناق ئىدى. ئەمىر تېمۇر بىرىنىڭ خاننىڭ كۆكسىگە مىنىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، كەلگەن پېتى نەيزىنىڭ سېپى بىلەن بىرلا ئۇرۇۋىدى، ھېلىقى مولازىمنىڭ كاللىسى ئۈزۈلۈپ 40 قەدەم يەرگە چۈشتى. ئەمىر تېمۇر خانغا قاراپ:

— ئەي خان، ئەپۇ قىلغىن، خىزمىتىڭگە كېچىكتىم، — دېگەنىدى، خان ئۇيالغانلىقىدىن ھېچنەرسە دېيەلمىدى. ئەمىر تېمۇر قايتىپ، شاھ مەنسۇرنىڭ ئالدىنى توستى. شاھ مەنسۇر:

— مېنىڭ ھەرىمىمگە جۈرئەت بىلەن كىرگەن سەنمۇ؟ — دېدى.

— ھەئە.

— قولنى قايسى تېرەككە مىخلىدىڭ؟

— قۇتۇپ تەرەپتىكى تېرەككە.

شاھ مەنسۇر بۇ يىگىتنىڭ ھەقىقەتەن ئەمىر تېمۇر ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. شۇئان ئۇنى ۋەھىمە باستى. لېكىن چاندۇرمايلا مەيدانغا كىرىپ قىلىچ كۆتۈردى - دە، ئەمىر تېمۇرگە سالدى ۋە ئۇنىڭ بىر قولىنى يارىلاندۇردى. ئەمىر تېمۇر بىر قولى بىلەن شاھ مەنسۇرنىڭ پوتىسىدىن تۇتۇپ يەرگە ئۇردى، ئۇنىڭ پوتىسى ئۈزۈلۈپ كەتتى. شاھ مەنسۇرنىڭ قوشۇنلىرى دەرھال توپلىشىپ ئەمىر تېمۇرنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلدى. ئەمىر تېمۇر مەنسۇرنىڭ بايرىقىنىڭ ئاستىغىچە ھۇجۇم قىلىپ باردى. ئۇنىڭ

ھېلىقى بىر قولىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى. قان زادى توختىمىغانلىقتىن، ئۇ ئۆز ئادەملىرىگە: «داغلاڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. ئۇلار ئوت قالاپ بىر خەنجەرنى ئوتتا قىپقىزىل داغلاشتى. ئاندىن كېسىلگەن قولنىڭ ئۈستىگە بېسىۋىدى، پىژىلداپ ئىس كۆتۈرۈلدى. ھەمراھلىرى ئۇنىڭ چىداملىقلىقىغا ھەيران قېلىشتى. شۇندىن كېيىن قان توختىدى. لېكىن ئەمىر تېمۇرنىڭ شۇ قولى مېيىپ بولۇپ، ئىشقا يارىماي قالدى.

شاھ مەنسۇرنىڭ قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋېلىشقانىدى. شاھ مەنسۇر لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغانىدى. شۇئان تاغ تەرەپتىن سەل — كەلكۈن كېلىشكە باشلىدى ۋە تاغنىڭ بىر پارچىسى گۆمۈرۈلۈپ، مەنسۇرنىڭ ئەسكەرلىرىنى بېسىۋالدى. ئەمىر تېمۇرگە زىيان يەتكۈزەلمىدى. ئەمىر تېمۇر: «ياپىرىم نەقشىبەندا!» دەپ سېغىنغىنىچە تاغنىڭ بىر چېتىگە ئۆتۈۋالدى. شۇ ئەسنادا غايىبتىن بىر قول پەيدا بولۇپ ئەمىر تېمۇرنى تاغنىڭ تۆپىسىگە چىقىرىپ قويدى.

شاھ مەنسۇر قېچىپ قەندىھارغا قايتىپ كەتتى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى سەل بېسىپ ھالاك قىلدى. ساھىبقىراننىڭ بېشى ئايلىنىپ سىھىستانغا بېرىپ قالدى. ئاناق پىيادە مېڭىپ بىر مەھەللىدىن ئۆتۈپ، بىر تاغقا كەلگەندە چورۇقى يىرتىلىپ كېتىپ ماڭالماي تاغدا قېپقالدى. شۇئان تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىشقا باشلىدى.

## ساھىبقىراننىڭ سىھىستانغا بارغانلىقى، ئەتراپتىكى خەلقنىڭ ئۇنى كۆرۈشكە كەلگەنلىكى

ئاناق ئۆزىنى يامغۇردىن قاچۇرۇپ دالدىغا ئالدى ۋە ئوت يېقىپ ئىسسىندى. پىيادە يۈرۈشكە پايدىسى بولار دېگەن مەقسەت بىلەن پۇتلىرىغا تۇز سۈركەپ ئوتقا قاقلىدى.

ئوت يورۇقىنى كۆرگەن بىر قاپلان تۇيۇقسىزلا يېتىپ كەلدى. ئاناق ئۇنى كۆرۈپ، ئوتنى پەسەيتتى. قاپلان ئوتنىڭ كۆلەڭگىسىگە ھەيران بولغان ھالدا قاراپ تۇراتتى، قاپلاننىڭ ئارقىسى تەرەپتىن بىر ئادەمنىڭ: «بۇ يەردە ئوت قالاپتۇ!» دېگەن ئاۋازى كەلدى. قاپلان ئارقىغا ئۆرۈلۈپلا ئۇ ئادەمنى ھالاك قىلدى. ئاناق قورقۇپ كېتىپ دەرھال ئوتنى ئۆچۈردى. ئۇ تاڭ ئاتقاندا قاپلاننىڭ ھېلىقى ئادەمنى پارە - پارە قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ بىرقانچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا تۇيۇقسىز ئالدىدىن ئىككى كىشى چىقىپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇپ مەھكەم باغلىدى. «كېچە بىزنىڭ قۇردىشىمىزنى قاپلانغا تالىتىپ ھالاك قىلىپ-سەن» دېيىشىپ، ئۇرا - ئۇرا، ئۆز قوشۇنلىرىغا ئەكەتتى. ئۇلار 10 مىڭ كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ باشلىقى ئۈچ قارا باتۇر بىلەن تاغاي بۇغا باتۇر ئاناقتىن گەپ سورىدى، ئاناق باشتىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. ئۇلاردىن بىرى ئاناقنى تونۇدى ۋە ئەمىر تېمۇرنى سورىدى. ئاناق بوراتخانىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى دېگەندە، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ بوراتخانىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىشتى.

ئىككى باتۇر ئاناقنى چېدىرغا ئەكىرىپ كۆپ ئىلتىپاتلار قىلىشتى. لېكىن ئەمىر تېمۇرنىڭ خەۋىرىنى ئۇقالمىدى.

ئەمىر تېمۇر بىر غالچىنى ھەمراھ قىلىپ، جەمئىي بەش كىشى سىيىستانغا يېتىپ كېلىشتى. ئۇ يەردە بىر زور تاشنى كۆرۈشتى. بۇ تاش ئۆيدەك كېلەتتى. ئەمىر چاكو:

— ئاڭلىشىمچە، بۇ تاشنى زالنىڭ ئوغلى رۇستەم شىكارغا چىققاندا ئارامگاھ قىلغانىكەن، — دەپ تونۇشتۇردى.

ئۇلار شۇ ئۆيگە چۈشتى. ئەمىر تېمۇرنىڭ قولىنىڭ يارىسى تېخىمۇ يامانلاشتى. ئۇلارنىڭ ئوزۇقلىرىمۇ تۈگىگەنىدى.

سىيىستاننىڭ ھاكىمى ژىيان خەشىم رۇستەمنىڭ ئەۋلادى-

ەمەن ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭدىن باتۇرراق كىشى يوق ئىدى. ئۇنىڭغا ھىندىستاندىن باج ئەۋەتىپ تۇراتتى. ھىندىستاننىڭ بېگى ئۇنىڭغا تېرىسى تولىمۇ كۆركەم، گۈلدار - تاغىل بىر ئۆكۈز ئەۋەتكەنىدى. ئۇ كالا مۇشۇ يەردە ئوتلاپ يۈرەتتى. ھېچ كىشى ئۇنى تونىماس ئىدى.

بۇ ئۆكۈز ئوتلاپ يۈرۈپ ئەمىر تېمۇرلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئۇلار ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قېلىشقانىدى. ئەمىر تېمۇر بۇنى كۆرۈپ:

— بۇ بىزگە خۇدا ئەۋەتكەن رىزقتۇر، — دېدى. ئۆكۈزنى تۇتۇپ سويۇشتى. گۆشنى شورپا قىلىپ يەپ - ئىچىپ، تېرىسىنى ھىندى خوجىغا بازارغا ئاپىرىپ سېتىشقا بۇيرۇدى.

پادىچىلار ئۆكۈزنى ئاختۇرۇپ تېپىشالماي، بازارلارنى ئىز-دەشتى. بىرى سودا بازىرىدا تاغىل ئۆكۈزنىڭ تېرى-سىنى تونۇپ قالدى - دە، ھىندى خوجىنى تۇتقىنىچە ژىيان خەشىمنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ھىندى خوجا:

— مەن يالغۇز ھەم ئاچ ئىدىم. شۇڭا بىلمەستىن بۇ ئۆكۈزنى سويۇپ يېدىم، — دېگەنىدى، ژىيان خەشىم ئىشەن-مىدى. ئۇ:

— بۇ ھەرگىز بىر كىشىنىڭ ئىشى ئەمەس، — دېدى - دە، ھىندى خوجىنى قىيناپ ئازابلىدى. ئاندىن ھىندى خوجا بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى.

ژىيان خەشىم سۇلتان قىلىچ بېك ئىبنى ياقۇپ ساپاننىڭ نەسلىدىن ئىدى. ئۇ 400 كىشىنى ئەكىلىپ ئەمىر تېمۇر تۇرغان تاش ئۆينى مۇھاسىرە قىلدى.

ئەمىر تېمۇر بىر قولىنى لاتا بىلەن بوينىغا ئېسىپ، ئوقيانى ئېلىپ، پىيادە كېلىشكە باشلىدى. سۇلتان قىلىچ بېك ئېرىق بويىدا ئاتنىڭ ئۈستىدە تۇرغىنىدا ئۇسسىدى بولغاي.

سۇ تەلەپ قىلدى. چاكارلاردىن بىرى بىر پىيالە سۇ كەلتۈردى. ئۇ سۇنى ئالاي دەپ تۇرۇشىغا ئىتى ئەمىر تېمۇرنىڭ دۇبۇلغا، ساۋۇتلىرىنىڭ ساداسىدىن ئۈركۈپ كەتتى ـ دە، ئۇنى تاشلىۋەتتى. ئەمىر تېمۇر چەبدەسلىك قىلىپ، بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتۇۋېلىپ، يەرگە ئاستا ئولتۇرغۇزۇپ قويىدى. قىلىچ بېك ئەمىر تېمۇرنىڭ قولىنى سۆيۈپ، تۇرۇپ:

— ساڭا جىنىم پىدا بولسۇن، نېمىدىسەڭ خىزمىتىڭدە بولاي، — دەپ ۋەدە قىلدى. ئۇ قايتىپ بېرىپ ژىيان خەشمگە:

— مېنى ھىندى خوجىغا بەدەل قىلىپ ئەۋەتتى. ئەمىر تېمۇر ساڭا بىرقانچە ئىغىز سۆز تاپىلىدى. قۇلىقىڭغىلا دەي، — دەپ تۇرۇۋالغانىدى، خىزمەتچىلەردىن بىرى ژىيان خەشمگە ئىشارەت قىلىپ «قىلىچ بېككە ئامان بەرمە!» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇردى. ژىيان خەشم قىلىچ بېككە:

— مەن سېنىڭدىن ئەندىشە قىلىمەن، ئەمىر تېمۇر بىلەن گېپىڭنى بىر قىلغان بولما ـ يەنە! — دېدى. قىلىچ بېك:

— بۇنداق سۆزلەرنى قىلما! ئەمىر تېمۇر ساڭا بۇ سۆزنى ئېيتقانىدى، — دەپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. قولىغا خەنجەر ئېلىپ ئۇنىڭغا سالماقچى بولغىنىدا، ھوشيار بولۇپ تۇرغان خىزمەتچىلەر ئۇنى دەرھال تۇتۇۋېلىشتى. ژىيان خەشم ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. قىلىچ بېك:

— نېمە قىلساڭ قىل! مەن ئەمىر تېمۇرگە ۋاپادار دوست بولۇپ قالىمەن، — دەپ مەردانە تۇردى. ژىيان خەشم:

— بۇ ۋەدەڭدىن يانغىن، — دەپ كۆپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ ئۇنىمىدى. قىلىچ بېكنىڭ ئايالى، بالا ـ چاقىلىرىنى ئەكىلىپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر ـ بىرلەپ ئۆلتۈردى. قىلىچ بېك يەنىلا ۋەدىسىدىن يانمىدى. ژىيان خەشم:

— ئەمىر تېمۇر ساڭا قانچىلىك ياخشىلىق قىلدى؟

ئۇنىڭغا جىنىڭنى پىدا قىلىپ كىتىپسەن، — دەپ سورىغانىدى، قىلىچ بىك:

— ئۇ ماڭا ھىچقانچىلىك ياخشىلىق قىلمىدى، لىكىن ۋەدەمنى بۇزماي،مەن، — دەپ تۇرۇۋالىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ ئۆلتۈرۈشتى. ئاندىن ژىيان خەشىم پىلغا مىنىپ ساھىبقىراننىڭ قىشىغا كەلدى. ئەمىر تىمۇر ئۇنىڭ قىلىچ بىكنى ئۆلتۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ۋە كۆپ يىغلىغانىدى.

ژىيان خەشىم چوقمىقىنى كۆتۈرۈپ ئەمىر تىمۇرگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ چوقمىقىنىڭ ئېغىرلىقى تاشكەنت ۋەزنىدە بەش پۇت كىلەتتى. ئەمىر تىمۇر پىلنىڭ خارتۇمىنى قولىغا يۆگەپ بىر تارتقانىدى، خارتۇم ئۈزۈلۈپ كەتتى. پىل قاچتى. ژىيان خەشىم پىيادە قالدى، ئۇ چوقمىقىنى كۆتۈرگىنىچە ئەمىر تىمۇرگە ھۇجۇم قىلدى. ساھىبقىران بىر قولى بىلەن ئۆزىنى قوغدىغانىدى، چوماق يەلكىسىگە تىگىپ سۆڭەكلىرى سۇندى. ئۇ تاش ئۆيگە كىرىۋالدى. ژىيان خەشىم: «تاش ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا ئوت قالاپ قىزدۇرۇڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. بۇيرۇق ئىجرا قىلىنغاندىن كىيىن شەھەرگە قايتىپ كەتتى.

ئەمىر تىمۇر يولداشلىرى بىلەن ھەيران بولۇپ يىغلاشتى. ساھىبقىران يۈزىنى مىھرابقا قىلىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ مۇناجات قىلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ساھىبقىران ئەيلىدىم مۇناجات،
ئەي ئالەم ئەلىسىر ۋە ئەل خەفيات.
ئەي خالىقى گول بارچە ئالەم،
يەر يۈزى ئۆزرە چۇشۇردۇڭ ئادەم.
ئادەم ئاتىمىز، ھاۋا ئانىمىز،
كۆز ياشلىرىنى ئېيتىپ گۆھەرىز.
يۈز يىل ئادىشىپ بىر - بىرىدىن،

ئادەم زىندىن، ھاۋا ئىبرىدىن.
بىر - بىرىگە قوشۇپ يەنە ئىككىنى،
خالىق ئەيلىدىڭ ئىككىدىن نىچۈنى.
نەمرۇد، ئالىۋەقا نەدە بولغان،
ئىبراھىم ئەيلىدىڭ گۈلىستان.
يۇنۇسنى يۇتۇپ دېڭىز بېلىقى،
تائەتلەر قىلىپ نۇر بولدى روھى.
چىقىپ سالامەت چىلە ئۆلتۈرۈپ،
ھەزىم ئەتمەككە يوق ئەتىنىڭ ئادەت.
مىسىر ئىچرە سېلىپ يۇسۇپنى زىندان،
تەخت ئۈستىگە چىقاردىڭ، بولدى سۇلتان.
ئايۇپ ㊳ جەسىتىنى قۇرت كۆپ - كۆپ،
خوراكىغا ㊴ ئەيلىدىڭ كى بۇيرۇق،
ئاندىن يەنە ئەزايىنى ئېتىپ پاك،
تۆت ياپراقىنى ئەتتىڭ ئاڭا خوراك.
ئالەمگە كەلتۈردۈڭ ئەنبىيالار،
ئەھمەدنى قىلىپ بارىغا سەرۋەر.
مىكرىدىن ئۇلارنى ساقلىدىڭ سەن،
دوستۇڭنىڭ كىمىنە ئۈممىتى مەن.
ئەي زاتى مۇنەززە ئەي روھى پاك،
زاتىڭغا يېتىشمەس ئەقىل ۋە ئىدراك.
ئەپتادە لىرىڭگە سەن پاناھبەر،
بىچارەلىرىڭگە ياخشى جاي بەر.
مەقبۇل قىلغايسەن دۇئانى يارەب،
مەغپۇر ئەتكەيسەن خاتانى يارەب.

ئەمىر تېمۇر مۇناجات، قازىيەل هاجات قىلىپ ئولتۇرغانىدى، چۆل تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئارىسىدىن بىر ئاتلىق كىشى كۆرۈندى. ئۇنىڭ قولىدا نەيزە بار ئىدى. ئۇ كىشى كۆيۈۋاتقان ئوتنى كۆرۈپ، ئاتتىن چۈشتى. قومغاننى تۇلۇمدىكى سۇغا توشتۇردى. قومغانغا قانداقتۇر يەنە بىر نەرسىنى سالدى. قومغاننى ئېگەرنىڭ قېشىغا ئېسىپ، ئاتنىڭ بۇرنىنى پىچاق بىلەن ياردى - دە، بىر پىيالە قان ئالدى. قاننى ئالتە تەرەپكە چاچتى. ئاندىن ئاتقا مىنىپ، قومغاننى قولىغا ئېلىپ، چۆرۈپ هەر تەرەپكە شىلتىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا شاۋقۇن سالدى. ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى هېچكىم چۈشەنمىدى.

ئوت تازا ئۇلغىيىپ كەتكەن، ئەمىر تېمۇرنى ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە ئازلا قالغانىدى. تۇيۇقسىز تاش ئۆي ئۈستىدە بىر توپ بۇلۇت پەيدا بولدى - دە، يامغۇر قۇيۇۋەتتى. ئوت ئۆچتى.

يەنە بىر تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. چاڭ ئارىسىدىن يەتتە بايراق بىلەن چاغاتاي لەشكەرلىرى چىقىپ كەلدى. يامغۇر ياغدۇرغان ئاناق قىمارۋاز ئىكەن. قوشۇننى باشلاپ كەلگەنلەر ئۈچ قارا باتۇر ۋە تاغاي بورغا باتۇر ئىكەن. ئۇلار كېلىپ تاش ئۆيگە قامىلىپ قالغانلار بىلەن كۆرۈشتى. قوجىن (40) ئېلى بىلەن تىرخان (47) ئېلىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ ژىيان خەشمىنىڭ قوشۇنلىرىنى سۈر - توقاي قىلدى. ژىيان خەشمىنى قوغلاپ، ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىرى تۇتۇۋېلىشتى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى سىھىستانغا قاراپ قاچتى. چاغاتاي بەگلىرى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىغا قايتىپ كېلىشتى. ئەمىر تېمۇر تاش ئۆينىڭ ئالدىدىكى بىر تاش ئۈستىدە ئولتۇرغانىدى. ئۇلار بوراقخان بىلەن كۆرۈشتى. بوراقچان ئۇلارغا كايىغان هالدا قارىدى. ئۇلار

خاندىن خاپا بولۇپ، نارازىلىقىنى بىلدۈرمەك بولۇشتى. شۇ چاغدا ساھىبقىران ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىلىپ كۆپ ئىلتىپات قىلىپ كۆڭۈللىرىنى ئالدى ھەم ئۇلارغا:

— ئەپۇ قىلىڭلار، خان قايغۇلۇق، غەملىك بولغاچقا، سىلەرگە ياخشى قارىيالمىدى. ئاتا - بوۋىسىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ بولسىمۇ كۆڭلۈڭلاردىن ئاداۋەتنى كۆتۈرۈڭلار، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى.

ئاندىن قەبىلە - ئۇرۇقلارنىڭ ئادەملىرى كىلىپ خاننىڭ خىزمىتىدە بولۇشتى. ئەمىر تىمۇر ئۇلارغىمۇ ئىززەت ۋە مېھرىبانلىق كۆرسەتتى.

ژىيان خەشمىنى تۇتۇپ كىلىپ ئەمىر تىمۇرنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزدى. ئەمىر تىمۇر ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالغان ھالدا:

— مەن سىنىڭ تېنىڭنى خاندىن تىلەي، — دەپ تۇراتتى، يەنە بىر كىشى: «خان ژىيان خەشمىنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، كۆرۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەرنى ئەكەلدى. ئەمىر تىمۇر ژىيان خەشمىگە ئاناقنى قوشۇپ ئەۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭغا:

— خان بىز ئۈچۈن بۇنىڭ گۇناھىدىن كەچسۇن، — دېدى. ئۆزى قولىنىڭ ئاغرىق ئازابى تۈپەيلى شۇ يەردە قالدى.

ئاناق ژىيان خەشمىنى خاننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى - دە، ئەمىر تىمۇرنىڭ ئارزۇسىنى يەتكۈزدى. بوراقخان خاپا بولغان ھالدا:

— ئاپىرىپ بېشىنى كېسىڭلار! — دېدى. ئەمىر تىمۇرنىڭ دېگەنلىرىگە قۇلاق سالمىدى. ئاناق دەرھاللا قايتىپ، بۇ ۋەقەنى ساھىبقىرانغا ئېيتقانىدى، ئۇ: «ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىپ، ئەمدىلىكتە ۋاپا قىلمىسام بولامدۇ؟» دەپ ئويلىدى - دە، خاننىڭ قېشىغا كەلدى ھەم ژىيان خەشمىگە پاناھدارلىق قىلدى. خان دەرھال:

— ئەمىر تىمۇرنى تۇتۇڭلار ۋە ئۆلتۈرۈڭلار! — دەپ بۇيرۇ-
دى. ئەمىر تىمۇر: «خاننىڭ بۇيرۇقى ئىناۋەتسىز بولۇپ قالمى-
سۇن» دەپ ئويلىدى ـ دە:
— كېلىڭلار، مېنى ژىيان خەشمىگە قوشۇپ باغلاپ ئېلىپ
مېڭىڭلار! — دېدى.

شۇ يەردە ھازىر بولۇپ تۇرغان ئۇلۇغلاردىن ئەمىر چاكو،
مىرزا سەيپىددىن، ئۈچ قارا باتۇر ئەمىر تىمۇرگە ھامىي بولۇپ
چىققانىدى، خان بۇلارنىمۇ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.

شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن غەزەپلىنىپ غوۋغا قىلىشقا
باشلىدى. ئۇلار:
— بوراقخاننى ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا ئەمىر تىمۇرنى خان
قىلىمىز، — دەپ توۋلاشتى. بوراقخان پۇشايمان قىلدى ۋە
جامائەتنىڭ غەزىپىدىن قورقتى. قاچقىنىچە سادىبقىراننىڭ ئالدىغا
كېلىۋالدى. ئەمىر تىمۇر ئەل بىلەن بوراقخاننى ياراشتۇرۇپ
قويدى. ژىيان خەشىم ئۇلارنى شەھەرگە باشلاپ كىرىپ ئۆز
تەۋەلىكىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بوراقخاننىڭ نامىغا يازدۇردى.
تەختنى بوراقخانغا بەردى. بوراقخان پۈتۈن ئەلنى يىغىپ قوشۇن
توپلاش تەييارلىقىغا كىرىشتى.

### ساھىبقىراننىڭ بەلىخ ۋىلايىتىگە بېرىپ قەمەردىن تاجىكنى ھالاك قىلغانلىقى

بوراقخاننىڭ قەندىھاردا كۈچلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چاغاتاي
ئۇلۇغلىرى بىر ـ بىرلەپ توپلىنىشقا باشلىدى. بوراقخان
بەدەخشان تاغلىرىنى توپلىنىش ئورنى قىلىپ بەلگىلىدى. چاغا-
تاي خانلىقىنى تىكلەش نىيىتىدە بولغانلار مۇشۇ يەرگە جەم
بولۇشقا باشلىدى.

ئەمىر مۇسا جالايىر، ئەمىر بايىز، شىر بەھرام قوچىن

باتۇر، ئەمىر يادگار شاھ ئارلات، ئەمىر مۇئەييەد ئارلات㊶ قاتار-
لىقلار خاننىڭ قېشىدا خىزمەتتە بولدى. قەبىلىلەردىن 4000
كىشى جەم بولۇپ كېڭەش قىلىشتى. كېڭەشتە:

— بىر كىشى جاسۇس بولۇپ بېرىپ، چەتتە قىپچاقلار-
نىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئۇقۇشۇپ كەلسۇن، — دەپ قارار
قىلىنىشتى. لېكىن ھېچكىم بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئاخىر
ساھىبقىران ئۆزى بارماقچى بولدى. ھەمراھلىققا تىرخان ئېلى،
ئەسكى ئېلىدىن㊷ بىردىن كىشىنى تاللاپ، يولغا چۈشتى. ئۇلار
بىر تاغنىڭ باغرىدا ئارام ئېلىپ ئۇخلاشقانىدى. تۇيۇقسىز يېتىپ
كەلگەن 20 مىڭچە قىپچاق قاراۋۇلى تۇتۇۋالدى ۋە ئالامانىنىڭ
باشلىقىغا تاپشۇردى.

ياشانغان باشلىق ئۇلارنى دېڭىزنىڭ بويىغا ئەكەلدى.
تىرخان ئېلىدىن ھەمراھ بولۇپ چىققان كىشىنىڭ قولىدا بىر
لەئەل بار ئىدى. دەرھال ئاغزىغا سېلىپ يۇتۇۋەتتى. ھېلىقى
ياشانغان باشلىق لەئەل ئۈچۈن ئۇنىڭ قارنىنى ياردى. بۇنى
كۆرۈپ ئەسكى ئېلىدىن كەلگەن ھەمراھىنىڭ قورقۇنچىدىن
ئۆتى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى. قېرى باشلىق لەئەلنى ئېلىۋ-
ۋالغاندىن كېيىن، ئەمىر تېمۇرنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ساھىب-
قىران «ياھەزرىتى باھاۋىددىن!» دەپ بىر زور قىلغانىدى. باغ-
لىغان ئارغان ئۈزۈلۈپ پارچە-پارچە بولدى. قېرى باشلىق
ئەمىر تېمۇرگە قورال تەڭلىدى، ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ بىلىكىدىن
تۇتقىنىچە، قورالنى تارتىۋېلىپ، بىر ئۇرۇپ ئۇنى ئىككى پارچە
قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئېتىغا مىنىپ يورۇپ كەتتى. قەيەرگە
بېرىشنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ
كېلىۋاتقان 50 مىڭغا يېقىن لەشكەرنى كۆردى. ئۇلار
بەدەخشان تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى ساھىبقىران
مىنگەن ئاتنى تونۇپ قېلىشتى-دە، ساھىبقىراننى تونۇشتى
ۋە چېدىرغا ئەكەلدى.

بۇ چېتتىكى بەگلىرى قاتارىدا قەمرىددىن تاجىكىمۇ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەمىر تېمۇردىن:

— چاغاتاي بەگلىرىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، ساھىبقىران بىر نەرسىنى ئويلىدى - دە، ئۇلارغا:

— ئۇلار 200 كىشى، سەمەرقەندىن كېلىپ قاراۋۇللىرىڭلارنى تۇتۇۋېلىشتى. قاراۋۇللار: «بىزنى ئۆلتۈرمىسەڭلار! تونلىرىمىزنى بېرەيلى، بىرەر كىشى بىزنىڭ ئىتىمىزنى مىنىپ، بەدىلىمىز ئۈچۈن قەمرىددىننىڭ قېشىغا بارسا ئىكەن» دەپ تەلەپ قىلىشىۋىدى، ھېچكىم ئۇنىمىدى. ئاخىرى مەن يۇقىرىلارغا ۋەكىل بولۇپ كەلدىم. ئەگەر مېنى ئۆلتۈرسەڭلار، كېيىن پۇشايمان قىلىسىلەر، — دېدى.

— سېنى ئۆلتۈرمەي، قوشۇن بىلەن بىرگە ئەۋەتسەم قاراۋۇللارنى بىزگە يەتكۈزۈپ بېرەمسەن؟ — دېدى قەمرىددىن.

— بولىدۇ، — دېدى ئەمىر تېمۇر.

قەمرىددىن قىپچاقنىڭ «سادىق» ۋە «كېكەس» ئېلىدىن 10 مىڭ كىشىنى ئەمىر تېمۇرگە قوشۇپ ماڭدۇردى. ئەمىر تېمۇر بىر تاغنىڭ باغرىغا كېلىپ قوشۇن باشلىقىغا:

— سىلەر شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن بېرىپ قاراۋۇللاردىن خەۋەر ئالاي، — دەپ، ئىككى كىشىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ تاغدىن چۈشتى - دە، ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ بىرىنى ئۆلتۈردى. بىرى قېچىۋىدى، ئۇنىمۇ ئارقىدىن قوغلاپ بېرىپ ئۆلتۈردى. ئىككىيلەننىڭ ئات، قورال - ياراقلىرىنى، كىيىملىرىنى ئېلىپ، ئۆز قوشۇنىغا قايتىپ كەلدى. بولغان ۋەقەلەرنى يولداشلىرىغا بىر - بىرلەپ بايان قىلدى.

چاغاتاي سىپاھلىرى دەرھال ئاتلىنىپ قىپچاق قوشۇنى بار يەرگە كەلدى. تاغنىڭ قاپتاللىرى قىپچاق قوشۇنلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاتلىرىغا يەم بېرىۋاتات-

تى. بەزىلىرى ئۇخلاپ، ئارام ئېلىشىۋاتاتتى. چىغاتاي قوشۇنى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. شۇنداق قىرغىنچىلىق بولدىكى، قانلار جىلغىلاردا ئېرىق بولۇپ ئاقتى. جەسەتلەر دۆۋىلىنىپ كەتتى. كاللا سوپىسى ئۈزۈلۈپ، تەن پىلىكى چەيلەندى. قاچقۇن قىپچاق قوشۇنى بىر غارغا يوشۇرۇنۇشتى. چاغاتاي قوشۇنلىرى غارنىڭ ئاغزىغا سامان ئەكىلىپ ئوت ياقتى ۋە ئۇلارنى ئىسلاپ ئۆلتۈردى. 10 مىڭ كىشىدىن ئازان 20 سى قېچىپ قۇتۇلدى ۋە قەمرىدىنگە ۋەقەنى بايان قىلدى.

چاغاتاي سىپاھىلىرى ناھايىتى كۆپ ئولجىغا ئېرىشتى. ئەمىر تېمۇر ئۇلارغا قىپچاق ئەسكەرلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكىنى ئېيتقانىدى، ئەمىر مۇسا جالايىر:

— بىزنىڭ كۈچىمىز قىپچاقلارنىڭ كۈچىگە يەتمەيدۇ، — دەپ تۇرۇۋالدى. ئەمىر تېمۇر ئۇلارنىڭ روھىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كۆپ سۆزلەرنى قىلىپ شۇنچە تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ ئاڭلاشمىدى. ئاخىر ئۇلاردا بۆلۈنۈش كېلىپ چىقتى. 4000 كىشىدىن 1000 كىشى قوشۇندىن چىقىپ كەتتى. يەنە 1000 كىشى ھەر تەرەپكە تارقاپ كەتتى. پەقەت 2000 لا كىشى ساھىبقىرانغا ئەگىشىپ قالدى. ئۇلار كېڭىشىپ، شۇ كېچىسى شۇ يەردە تۈنەشتى.

ئەمىر تېمۇر كېچىسى چۈش كۆردى. چۈشىدە بىرى: «تۇر! غەلىبە سېنىڭدۇر!» دېدى. ئەمىر تېمۇر ئۇيقۇدىن تۇرۇپ، كۆپچىلىك يىغىلغان مەجلىس سورۇنىدا، كۆرگەن چۈشىنى ئېيتقانىدى. ئۇلارمۇ: «بىزمۇ ئاشۇ ئاۋازنى ئاڭلاشتۇق!» دېيىشتى. ئەمىر تېمۇر:

— بۇ ئۇلۇغلارنىڭ بىشارىتى. تۇرۇڭلار! قوزغىلىڭلار! خۇدانىڭ كارامىتىگە تايىنايلى، ھەربىرىڭلار ئىككى باغ ئوت، شاخ

نى سۆرىتىپ مىڭىڭلار! چىنتە قىپچاقلارنىڭ «چاغاتاي قوشۇنلىرى 100 مىڭچە كېلەر» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم. سۆرىتىلگەن ئوت، شاخلاردىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزاننى كۆرۈپ، قىپچاقلار قورقۇپ قاچسا ئەجەب ئەمەس، — دەپ ئەقىل ئۆگەتتى.

ئەتىسى 2000 كىشىلىك قوشۇن ئەمىر تىمۇر ئۆگەتكەندەك قىلىپ، كەچ كىرەي دېگەندە قىپچاق قوشۇنلىرىنىڭ قېشىغا يېتىپ باردى. قىپچاق لەشكەرلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىدە قورقۇنچ پەيدا بولدى. ئۇلار قارارگاھلىرىدىن كۆچۈپ، دېڭىزدىن ئۆتۈپ ئاندىن ئارام ئېلىشتى.

ساھىبقىران ئۇلارنىڭ قاچقىنىنى كۆرۈپ:

— ئەمدى ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ چارىسىنى قىلىش كېرەك. ئەتە بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى بىلىۋالسا، ئىش قىيىنغا توختايدۇ، — دەپ ئەقىل كۆرسەتتى - دە، ئۆزىگە 500 كىشىنى ھەمراھ قىلىپ دېڭىزدىن ئۆتتى. تاغ ئۈستىگە چىقىپ ئوتۇن يىغدۇردى. ئاندىن تەرەپ - تەرەپكە ئۇلۇغ گۈلخانلارنى يېقىۋەتتى. تۆت كىشى كاناي چالدى. ئوت يالقۇنلىرىنى كۆرگەن، كاناي ئاۋازىنى ئاڭلىغان قىپچاقلار قېچىشقا باشلىدى.

قەمەرىدىن شۇ قاچقىنىچە بەلخكە كەلدى. لېكىن ئۇنىڭغا شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرمىدى. ئۇ باشقا بىر تەرەپكە قېچىپ غايىب بولدى.

ئەمىر تىمۇر غەنىمەت - ئولجىلارنى ئېلىپ، قوشۇنلارنى باشلاپ بەلخكە كەلدى. ئەمىر مۇسا جالايىر قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلغان ھالدا بۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەمىر تىمۇر بوراقخاننىڭ ئالدىغا كىرىپ كۆرۈنۈش قىلدى. خان ئەمىر تىمۇرگە كۆپ ئىلتىپاتلارنى قىلدى. ئەمىر مۇسا جالايىرغا غەزەپ-

لەندى. ئەمىر مۇسا جالايىر ئۇنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ قاچتى. ئەمىر تېمۇر شىر بەھرامنى ئۇنىڭغا ئەۋەتتى. ئۇ قايتىپ كېلىپ خانغا كۆرۈنۈشكە كىرگەنىدى. خان ئۇنىڭ گۇناھىنى ساھىبقىراندىن تىلىدى.

خان ئەمىر زۇلنۇن تۈركمەنگە:

— شىر بەھرامغا دېگىن، ئەمىر مۇسا جالايىرغا ئازار بەرمىسۇن! — دەپ تاپىلىدى. زۇلنۇن تۈركمەننىڭ مۇسا جالايىر بىلەن ئەزەلدىن ئاداۋىتى بار ئىدى.

شىر بەھرام ئەمىر مۇسا جالايىرنىڭ ياقىسىدىن سۆرەپ لەشكەر قېشىغا ئەكىلىۋاتقاندا، ئەمىر زۇلنۇن قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ يېتىپ كەلدى. شىر بەھرام ئۇنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ: «خان ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى - دە، ئەمىر مۇسا جالايىرنى قىلىچ بىلەن بىرلا ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. ئەمىر زۇلنۇن:

— نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟ ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ گۇناھىدىن كەچكەنىدى، — دېۋىدى، شىر بەھرام:

— مەن نەدىن بىلەي، سەن قىلىچىنى يالىڭاچلاپ كەلدىڭ. «ئۆلتۈرسۇن» دېگەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن، — دېدى. ئىككىيلەن تالىشا - تالىشا ئەمىر تېمۇر بىلەن خاننىڭ ئالدىغا كەلدى. خان بۇ ئىشنى ئەمىر تېمۇردىن كۆرگەنىدى. ئەمىر تېمۇر «ياق» دەپ قەسەم ئىچتى. خان:

— ئەمىسە سەن ئۆلتۈرمىگەن بولساڭ، شىر بەھرامنى ئۆلتۈرمەن! — دېۋىدى، ئەمىر تېمۇر ئۈنىمىدى. بوراقخان ئەمىر تېمۇرگە ئاداۋەت قىلغان بولسىمۇ ھېچنېمە قىلالمىدى. بەلخ ئاھالىسى خاتىرجەملەندۈرۈلدى. قەمرىدىننى ئاختۇرۇشقا قارار قىلىندى. ئەمىر تېمۇر:

— كىم ئۇنى تىرىك تۇتۇپ كەلسە 1000 ئالتۇن بېرىلـ

دۇ، — دەپ جاكالىدى. كىشىلەر قانچە ئاختۇرۇپمۇ تاپالمىد
كۆتۈلمىگەن بىر كۈنى خان بىلەن ئەمىر تېمۇر ئۇۋغا چ
قىشتى. ئەمىر تېمۇر ئۇۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ بىر تۈلكىنى ئاتماقچى بولد
دەل شۇ چاغدا بوراقخانمۇ شۇ تۈلكىنى كۆرۈپ ئاتماقچى بولد
ئۇ ئاتاي دەپ تۇرۇشىغا بېشىدىن تاجى چۈشۈپ كەتتى
بۇنى كۆرۈپ ھېكمەت ئەھلى: «بوراقخان ساھىبقىراننىڭ قول
دا ھالاك بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ پەرەز قىلىشتى. بوراقخا
تاجىسىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن
تاجىغا قارىماي تۈلكىگە ئوق ئاتتى. ئۇنىڭ تاجى قۇدۇققا چۈ
شۈپ كەتكەنىدى. بىرىنى قۇدۇققا چۈشۈردى. ئۇ كىشى قۇدۇقتـ
ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالدى. ئاخىرى تاجىنى ئېلىپ چىقتى. ئەمىر
تېمۇر ئۇنىڭ تەخىر قىلىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىۋىدى، ئۇ:
— تاجىنى ئاختۇرۇپ بەك تەستە تاپتىم، — دېدى. ئەمىر
تېمۇر ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي:

— بۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىدە چوقۇم بىر سىر بار، — دېدى-
دە، ئۇنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇپ بىر پارچە مەكتۇپ تېپىۋالدى ۋە:
— راست ئېيتقىن! — دەپ قىستاپ سورىغانىدى، ئۇ
ئىلاجسىز:

— قەمەرىدىن مۇشۇ قۇدۇقتا بار. ماڭا بۇ لەئەلنى بەردى،
يەنە كۆپ ۋەدىلەرنى بەردى، «مۇشۇ مەكتۇپنى توق تېمۇر خان-
غا — سەمەرقەنتكە يەتكۈزسەڭ» دېدى، — دەپ راستىنى ئېيتتى،
ئۇلار مەكتۇپنى ئوقۇپ كۆرۈۋىدى، ئۇنىڭدا: «ئەي توق
تېمۇرخان، مەن بىر قۇدۇق ئىچىدە ئۆلۈپ قالماي، ئولتۇر-
غان بولسىڭىز تۇرۇڭ، تۇرغان بولسىڭىز مېڭىڭ!» دەپ ياردەم
قىلىش تەكىتلەنگەنىدى.

ھەممەيلەن ئەمىر تېمۇر ساھىبقىراننىڭ ئەقىل - پاراستىگە ھەيران قىلىشىپ ئاپىرىن ئوقۇشتى. بوراقخان:

— ئۇنى قۇدۇقتىن چىقىرىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. لېكىن ھېچكىم قورقۇپ چۈشەلمىدى.

— ئەمىر تېمۇر چۈشسۇن! — دەپ بۇيرۇغاندى، ساھىبقىران ماقۇل بولدى - دە، بېلىنى ئارقاندا باغلاپ چۈشۈشكە تەييارلاندى. لېكىن جامائەت ئۇنىمىدى. ئەمىر تېمۇر ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، دەرھال قۇدۇققا چۈشتى. قەمەردىن ئالدىن ئوق ئاتتى، ساھىبقىران چاققانلىق بىلەن ئوقنى قېقىۋەتتى. ئوق يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ قەمەردىننى تۇتۇپ پۇت - قولىنى مەھكەم باغلاپ ئارغامچا بىلەن يۇقىرىغا چىقاردى، ئارقىدىن ئۆزى چىقتى، ئەمىر تېمۇر:

— ئەمدى نېمە دەيسەن ؟ — دەپ سورىۋىدى قەمەردىن:

— پىللىرىمنى ئالدىڭ، لېكىن پەل باققۇچىنى ھەرقانچە قىلساڭمۇ ئەكىتەلمەيسەن، — دەپ جاۋاب ياندۇردى.

— نېمە تەلىپىڭ بار؟

— سېنىڭدىن تىلەيدىغان ھېچقانداق تەلىپىم يوق. نېمە قىلساڭ قىل! ئەمدى مەندىن بەخت - دۆلەت كېتىپتۇ. مېنىڭ تىرىكلىكىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى، — دېدى قەمەردىن.

قولۇمدىن ئۇچتى دۆلەت قۇشى، بەس،
بۇ ئۇچقان قۇش ماڭا ھەرگىزمۇ كەلمەس.
ماڭا قىلماڭ نەسىھەت دوست - دۈشمەن،
تىرىكلىكتىن ئۆلۈمدۇر ماڭا ئەھسەن.
تىلەپ ئۆز نەپسىگە تاپتى ھالاكەت،
جاھاندىن ئۇنى تاجىڭ پالاكەت.

بۇنى ئۆلگەن يىغىن قىپچاق بىباك،
سەمەرقەنتكە يەتكۈزدى چىت ۋە چالاك.

قىپچاقلار قەمەردىن تاجىكنىڭ ئۆلگىنىنى سەمەرقەنتكە — توق تېمۇرخانغا خەۋەر قىلىشتى.

## ساھىبقىراننىڭ چىتتە قىپچاق لەشكەرلىرى بىلەن تەبرىز يولىدا جەڭ قىلغانلىقى

خەۋەرچىلەر بەلخنىڭ ئازاد قىلىنغانلىق خەۋىرىنى توق تېمۇرخانغا يەتكۈزۈشتى. خان قوشۇن توپلاشقا كىرىشتى. بىر نامە يازدۇرۇپ، سېيىت ئاتىنى باش ئەلچى قىلىپ بەلخكە ماڭدۇردى.

ساھىبقىران «سېيىت ئاتا كېلىۋېتىپتۇ» دەپ ئاڭلاپ، خىزمەتكار سۈپىتىدە ئالدىغا چىقتى ۋە ئەلچىخانىغا جايلاشتۇردى. سېيىت ئاتا ئۈچ كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن خاننىڭ ئالدىغا سالامغا كەلدى. ئېلىپ كەلگەن نامىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇپ بەردى:

مەدھىيەلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاغا خاستۇر. چۈنكى ئۇ ئاسماننى مۇئەللەق، يەرنى مۇتەپەق ياراتقاندۇر. دۇئا، دۇرۇد مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خاستۇر. چۈنكى ئاللاتائالا ئۇنىڭ تۇپەيلىدىن 18 مىڭ ئالەمنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەندۇر. شەرىئەت ئۇنىڭ بىلەن جارى بولۇپ زالالەت چۆلىدە قالغانلارنى ھىدايەت يولىغا سالغاندۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن بوراقخانغا كۆپتىن- كۆپ دۇئايى سالام ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغىمۇ سالام.

مەنكى توق تېمۇرخاندىن سۆز شۇكى، بىزلەرمۇ ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ بولدۇق. سىپاھ ھەم پۇقرالىرىمىزنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولدى. ئەمدى سۆزنىڭ ياخشىسى شۇكى، چاغاتاي ئېلىنىڭ ھەممىسى بىزگە سىپاھ بولسۇن. بوراقخاننى بۇخاراغا ۋالىي قىلاي، مۇسۇلمانلارنىڭ تىنچ- خاتىرجەم بولغىنى ياخشى، نامە تامام ۋەسسالام.»

ساھىبقىران نامىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:

— ئاتا ـ ئانىلىرىمىز مۇسۇلمان بولغىنىغا 200 يىلدەك بولدى، ئىسلام دىنىغا كىرىش توغرۇلۇق سۆزلەشكە توغرا كەلسە، ئۇلار تېخى تۇنۇگۈنلا مۇسۇلمان بولۇشتى. بىزلەر نەچچە يىللاردىن ئىلگىرى ئىسلام دىنىغا كىرىش شەرىپىگە ئىگە بولغانىمىز. نەسەب جەھەتتىن سۈرۈشتە قىلغاندىمۇ، بىز چاغاتاي ئەۋلادى، سىلەر قىپچاقلار جوجى ئەۋلادى بولىسىلەر، ھەر ئىككى تەرەپ چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى بولىدۇ. چىڭگىزخان بۇ تەرەپلەرنىڭ سەلتەنىتىنى، ئۆز ۋاقتىدا چاغاتاي ئەۋلادىغا تاپشۇرغان، شۇڭا بىز سىلەردىن يۇقىرىراق تۇرىمىز. بىز قانداقلارچە سىلەرگە بېقىنىدىكەنمىز؟

— قىپچاق قوۋمىنى، — دېدى سىيىت ئاتا، — تىل قىلىچى بىلەن مۇسۇلمان قىلغانىدىم، دەپ ئويلايتتىم. ئەگەر روسۇل ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە بولغان بولسام، مۇشۇ پاساھەتىمنىڭ تامىم بىلەن ھەممە ئەرەبلەرنى مۇسۇلمان قىلالايتتىم، دەپ مەغرۇرلىناتتىم، ئەمما ئەمىر تېمۇرنىڭ تىل جەھەتتىكى پاساھىتىگە ھەيران قالدىم، — دېدى.

سىيىت ئاتا ساھىبقىراننىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، سەمەرقەنتكە قايتىپ كېلىپ نامىنىڭ جاۋابىنى توق تېمۇرخانغا يەتكۈزدى. توق تېمۇرخان دەرھال 100 مىڭ كىشىلىك ئۆزبېك قوشۇنىنى ئاتلاندۇردى. جانىبۇر ئىسىملىك بىر ئاتالىق قاتاغىننى قاراۋۇل قىلدى.

ئەمىر تېمۇرمۇ قاراۋۇللۇق قائىدىسىدە ئاتلىنىپ، 2000 كىشى بىلەن تىرمىزغا يۈزلەندى. ئۇلار بىر دەريانىڭ بويىغا كېلىپ ئارام ئېلىشتى.

جانىبۇر ئاتالىقمۇ 5000 كىشى بىلەن يېتىپ كەلدى.

ئۇلار ئەمىر تېمۇرنىڭ قاراۋۇللىرىنىڭ بىخود تۇرغىنىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى هالاك قىلىشتى. كەچ كىرىشكە ئاز قالغاندا بىر تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. ئەمدىلا ئويغانغان ساهىبقىران دۈشمەنلەرنىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ، ساۋۇت كىيدى ۋە خەنجەر، قىلىچلىرىنى بېلىگە ئېسىپ، ئېتىغا مىنىپ، چاغاتاي قوشۇنىنى بىر يەرگە توپلىدى ۋە ئۇلارغا:

— هەممىڭلار كېمىگە چۈشۈپ دېڭىزغا كىرىڭلار! — دېدى-دە، ئۆزى يالغۇز دۈشمەننى تۇتۇپ تۇردى. قىپچاق قوشۇنلىرى 20دىن، 30دىن توپ بولۇپ، هەر تەرەپتىن ئەمىر تېمۇرگە قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئەمىر تېمۇر هەر قېتىمدا بەش - ئون كىشىنى ئۆلتۈرەتتى. دۈشمەن قوشۇنلىرى بۇلارغا زەرەر يەتكۈزەلمىدى.

ئەمىر تېمۇرنىڭ هەممە ئادەملىرى كېمىگە ئات - پات، مال - پاللىرى بىلەن جايلىشىۋالدى. كېمە دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ قالغانىدى. ئەمىر تېمۇر دېڭىز ساهىلىغا چۈشۈپ، كېمىگە چۈشەي، دەپ تۇراتتى. جانپۇر ئاتالىق:

— ئەي ئۆزبېكىستاندىن كەلگەن قوشۇنلار، بىر ئادەمدىن مۇنچىۋالا قورققانلىقىڭلاردىن ئار - نومۇس قىلمامسىلەر؟ — دەپ تەنە قىلدى ۋە ئەمىر تېمۇرگە قاراپ مۇنداق دېدى، — ئەي چاغاتاي يىگىتى، توختا! سەن بىلەن جەڭ قىلىشنى ئارزۇ قىلىۋاتىمەن.

دېڭىز ساهىلىغا چۈشۈپ بولغان ساهىبقىران ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئارقىغا قايتتى. جانپۇر بىلەن ئەمىر تېمۇر بىر - بىرىگە ئۇدۇل كېلىشتى. تۇيۇقسىز ئەمىر تېمۇرنىڭ ئېتى قۇمدا تېيىلىپ كەتتى. ئەمىر تېمۇر يىقىلدى. جانپۇر ئەمىر تېمۇرنىڭ كۆكسىگە مىنىپ، قولىغا خەنجەر ئېلىپ سىلىشقا تەمشەلدى.

چاغاتاي ئېلىنىڭ سىپاهلىرى بۇنى كۆرۈپ خۇدانىڭ دەرگا-

ھىنغا سىڭىنىشتى. شۇ زامات بىر يوغان بىلىق دېڭىزدىن چىقىپ، جانپۇر ئاتالىقنى دەم تارتىپ، دېڭىزغا سۆرەپ كىرىپ كەتتى.

توق تېمۈرخان تىرمىز قورغىنىغا كېلىپ چۈشكەنىدى. بۇ تەرەپتىن بوراقخانمۇ يېتىپ باردى. لېكىن توق تېمۈرخانغا قوشۇلۇش ئۈچۈن ھېسابسىز قوشۇنلار يېتىپ كەلمەكتە ئىدى. بوراقخاننىڭ قوشۇنلىرى ئاز ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ساھىبقىران خاننىڭ كۆڭلىنى ياسايتتى. ئىككىلا قوشۇن 40 كۈنگىچە دېڭىز قىرغاقلىرىدا تۇرۇپ قېلىشتى. بىر - بىرى بىلەن جەڭ قىلىشمىدى. ھاۋا بەكمۇ ئىسسىق ئىدى. مىرزا سەيپىددىن: «بۇ يىل بەش يۇلتۇز ھوت بۇرجىكىدە تۇرماقتا، بۇ ‹قىران› دېيىلىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى توپان شۇنداق يىللاردا بولغانىدى. ئەجەب ئەمەسكى، تاشقىن بولۇپ ئۇلار سۇغا غەرق بولارمىكىن» دەپ تەبىر بەردى. چاغاتاي ھۆكۈمالىرى «سوغۇق بولىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىشتى. (ئۇلارنىڭ تاپقۇرلۇقىغا ئاپىرىن!)

قۇياش سەرتان بۇرجىكىدە ئىدى. ئىسسىقنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ، شامال چىقىپ قار يېغىشقا باشلىدى. ھاۋا شۇنداق سوۋۇپ كەتتىكى، گوياكى قۇياش جەددە بۇرجىكىگە كېلىپ توختىغاندەك ئىدى. دېڭىزمۇ مۇزلاپ، گويا تاغنى ئەكېلىپ قويسا كۆتۈرگۈدەك ھالغا يەتتى. چاغاتاي سىپاھلىرى ساھىبقىران قانچە توسۇپ كۆرگەن بولسىمۇ ئۇنىماي، بوراقخاننىڭ باشلامچىلىقى بىلەن بەلخكە كېلىشۋالدى. 2000 كىشىدىن باشقىلىرى سوغۇقنىڭ شىددىتىدىن قاچتى. بۇ 2000 كىشىنىڭ ساھىبقىرانغا ئىخلاسى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلارنىڭ چوڭلىرى ئەمىر چاكو بارلاس، ئەمىر مۇئەيد ئارلات، ئەمىر يادگار شاھ، ئەمىر ھۈسەيىن جاندارى، ئاتاق قىمارۋاز، ھىندى خوجا قۇشبېگى، مىرزا سەيپىددىن، تاغاي بۇغا، ئەمىر ئولجاي، ئاتلىمىش باتۇر، ئەمىر

بايىز جالايىر، ژىيان خەشىم سىھستانى... قاتارلىقلار ئىدى. بۇلار ئەمىر تېمۇرگە سادىق ھالدا قوشۇنلىرى بىلەن دېڭىز بويىدا قالدى.

چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ سوغۇقتا چىدىماي قاچقانلىقىنى كۆرگەن قىپچاق قوشۇنى دەرھال ئاتلىنىپ، قارنى توپىغا ئارىلاش تۇرۇپ، دۇمباقلارنى چېلىشىپ، كانايلىرىنى تارتىشىپ، دېڭىزدىكى مۇز ئۈستى بىلەن كېلىشكە باشلىدى. ساھىبقىران قۇرداش - يارانلىرىغا:

— قېچىش نومۇستۇر. ئۆلسەك شېھىت بولارمىز. سىلەرمۇ دۈشمەننىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىڭلار! — دەپ چاقىرىق قىلدى. سىپاھلار ئىلاجسىز ھالدا ساھىبقىراننىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ ئاتلىنىشتى. شۇئان ساھىبقىران بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

دوستلارنى ئۆزىگە يارى ئەيلەپ،
كۆز ياشلىرىنى ئۇندا جارى ئەيلەپ.
ئولدەمدە ھەققە دېدى تېمۇر شاھ،
بۇ بەندىنىڭ ھالىدىن سەن ئاگاھ.
سۇندۇردى كۆڭۈلنى تەنە - تاژەك،
يارەب كىرەم ئەيلە دوست مالىك.
كەلگەي يېغىلىپ بۇ جەند قىپچاق،
كۆپ - كۆپ كۆرۈنۈر بولۇپ قەتراق.
بەرگىل زەپەرنى بۇ قۇلغا يارەب،
بولسۇن خەتىرى ئۇ قۇلغا يارەب.

ئەمىر تېمۇر دوستلارنىڭ دىلىغا دىلدارلىق قىلىپ تۇراتتى. دۈشمەن يېتىپ كەلدى. ئەمىر تېمۇر دەرھال ئېتىغا مىنىپ، ئۈستىگە قارا كىيىملىرىنى كىيىپ، قولىغا قىلىچ ئېلىپ، تۇيۇقسىزلا دۈشمەنگە ئۆزىنى ئۇردى. قىپچاقلار قاچقىنىچە مۇز ئاستىغا چۈشۈپ كېتىشتى. ئاناق بايراقنى قولىغا ئالدى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭغا:

— دېڭىز ياقىسىدىن ئۇزاقلاپ كەتمە! — دەپ بۇيرۇدى.

ساھىبقىران قايسى تەرەپكە ھۇجۇم قىلسا، دۇشمەن قاچار ئىدى. توق تېمۇرخان:

— بوز ئات مىنگەن كىمدۇ؟ - دەپ سورىۋىدى، بىراۋ:

— ئەمىر تېمۇر بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

— بۇنىڭ بېشىنى ئەكەلگۈدەك ئادەم چىقمامدۇ؟ — دەپ سورىدى خان.

— قىزىڭ تۇمان ئاپانى ماڭا بەرسەڭ، مەن بېرىپ ئۇنىڭ بېشىنى ئەكىلىمەن، — دېدى زەپەر بېك دېگەن بىرى.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى خانغا ياقمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، زەپەربېك 1000 كىشى بىلەن ۋارقىراپ - جارقىراپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. تۇمان ئاپا تاغنىڭ ئېتىكىدە، مەيىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغانىدى. ئۇنىڭ قېشىغا بىر ئۆزبېك كېلىپ:

— سېنى زەپەربېك خوتۇنلۇققا تەلەپ قىلىپتۇ، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇمان ئاپا ناھايىتى خاپا بولدى. تۇمان ئاپا ئانىسىغا:

— مېنىڭ ئولتۇرۇقۇمنى تاغنىڭ ئۇستىگە ئورنىتىپ بەرسۇن، مەن جەڭنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تاماشا قىلاي، — دەپ تەلەپ قىلدى.

شۇ چاغدا قار يېغىشقا باشلىدى. قىزنى خىزمەتكارلار يۇقىرىغا ئېلىپ چىقتى. قىز يۇقىرىدىن جەڭگاھقا قارىدى. مانا، زەپەربېك ئەمىر تېمۇرنىڭ دۇبۇلغىسىغا بىرنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ بېشى زەخىملەندى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم يەنە بىر قىلىچ ئۇرۇپ، ئەمىر تېمۇرنىڭ كاللىسىنى ئۇزمەكچى بولدى. دەل شۇ چاغدا، تۇمان ئاپانىڭ كۆڭلى ئەمىر تېمۇرگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئوقياغا ئوق سالدى - دە، زەپەر بېككە قارىتىپ ئاتتى. ئوق ئۇنىڭ كۆكسىگە تېگىپ، ئات ئۇستىدىن يىقىلىپ چۈشتى. (بۇمۇ ساھىبقىراننىڭ ئىقبالى ئىدى.) لېكىن ئەمىر تېمۇر بۇ ئوقنى كىمنىڭ ئاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپالمىدى.

ساھىبقىراننىڭ ئادەملىرى ياردار بولۇپ، بايراقىنىڭ ئاستىغا كېلىپ توختىدى. شۇئان قىپچاق سىپاھلىرى بىراقلا ھۇجۇم قىلىشتى. ساھىبقىران ئۆز قوشۇنلىرىغا: «توختىماي ئوق ئېتىڭلار!» دەپ بۇيرۇق بەردى. قىپچاق قوشۇنلىرى دېڭىز قىرغىقى — قۇرۇقلۇقتىن دېڭىز ئىچىگە — مۇز ئۈستىگە چۈشۈپ يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. ئەمىر تېمۇر دېڭىز قىرغىقىدا ئىدى. مىرزا سەييىدىن:

— ئەي چاغاتاي ئەسكەرلىرى، مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە خۇدا بىزگە نۇسرەت بەرگۈسى! — دېدى. ئەمىر تېمۇر:

— ئەي قۇردىشىم، ئىش نەگىچە بارار؟ مەن ھېچنەرسىدىن ئۈمىد قىلالماي قالدىم، — دېدى.

— خۇدادىن ئۈمىد تۇتايلى، — دەپ رىغبەتلەندۈردى سەييىدىن. بىر ئازدىن كېيىن يېغىۋاتقان قار تۇيۇقسىزلا توختىدى. ھاۋا ئېچىلىپ قۇياش نۇر چاچتى. كۈن ئىسسىپ سوغۇق تۈگەشكە باشلىدى. مىرزا سەييىددىن:

— ئەمدى قىران يۇلتۇزلار دەرىجىسىدىن ئۆتۈپتۇ، — دەپ تەبىر بەردى. شۇ چاغ دېڭىزدىن چارس - چۇرس قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مۇزلار ئېرىپ يېرىلىشقا باشلىغانىدى. 100 مىڭلىغان قىپچاق قوشۇنلىرى قىرغاقتا چىقىشقا ئۈلگۈرەلمەي مۇز ئاستىغا غەرق بولۇشقا باشلىدى. مۇنەججىملەرنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى توغرا كەلدى.

توق تېمۇرخان 10 مىڭ كىشى بىلەن ئاران قۇتۇلۇپ سەمەرقەنت تەرەپكە قېچىپ كەتتى. چاغاتاي سىپاھلىرى ناھايىتى كۆپ ئولجىلارغا ئېرىشتى ۋە چارجوي، خارەزىم تەرەپلىرىگە مېڭىشتى. (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇنىڭدىن بىر قانچە ۋاقىتلاردىن كېيىن — ئابدۇللاخان دەۋرىدە كىشىلەر، شۇ ئۇرۇش بولغان يەر

ئەتراپىدىن توق تېمۇرخان چىقارغان بىر ساندۇق كۈمۈش تەڭگە تېپىشقانىكەن.)

ئەمىر تېمۇر: «خۇدا بىزگە غالىبىيەتنى بەردى» دەپ بوراقخانغا خەۋەر بەردى. بوراقخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان ھالدا ئاتلىنىپ يېتىپ كېلىپ، قوشۇن بىلەن بىللە دېڭىزدىن ئۆتتى.

**قارشى ۋە تىرمىز نىڭ ئازاد قىلىنغانلىقى، توق تېمۇرخاننىڭ قارشىغا قوشۇن تارتىپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئەمىر تېمۇردىن زەربە يېگەنلىكى**

نويان㊹، تومەن ۋە ھەزار㊺ ئەمىرلىرى ـ بەگلىرى يىغىلىپ مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار: «كىشىلەر بېرىپ قارشىنى ئالسا ياخشى بولاتتى» دېگەن قارارغا كېلىشتى. بۇ چاغلاردا، قارشىدا توق تېمۇرخاننىڭ ئوغلى قارا تېمۇرخان ھاكىملىق قىلىۋاتاتتى. ھېچ قايسىسى بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ساھىبقىران چىڭگىزخاننىڭ قائىدىسى بويىچە 19خاندىن رۇخسەت ـ دۇئا ئېلىپ، 40 كىشىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ تاللىدى ـ دە، قارشى تەرەپكە ئاتلاندى. بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپ ھارغاندا، كۆزلىرىگە يىراقتىن بىر كەنت كۆرۈندى. ئاناق دەرھال بېرىپ كۆرۈپ كەلدى. ئۇ ئەمىر تېمۇرگە:

— كاجۇۋىلارغا ئۆزۈم قاچىلاپ كېتىپ بارغان بىرقانچە باققالنى ئۇچراتتىم، — دەپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. لەشكەرلەر:

— باققاللارنى تالان ـ تاراج قىلايلى، — دېيىشتى، ئەمىر تېمۇر ئۇنىمىدى.

— بىز، — دېدى ساھىبقىران، — يۇرت ئالغىلى كەلدۇق. پۇقرالارنى رەنجىتمەيلى!

ئەمىر تېمۇر يېتىپ كېلىپ باققاللار بىلەن كۆرۈشتى. باققاللار كەنت ئىچىگە كېلىشىۋاتاتتى. ئەمىر تېمۇرلەرنى كۆرۈپ كۆڭۈللىرىگە قورقۇنچ چۈشتى. ئاناق باققاللارنىڭ ئىسمىنى بىر-بىرلەپ سورىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى باققاللارغا مەلۇم قىلدى. باققاللار ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىلتىپات كۆرسەتتى. ساھىبقىران ئۇلاردىن قارشىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغانىدى. ئۇلار قارا تېمۇرنىڭ ئەلگە ئېغىر زۇلۇم سېلىۋاتقانلىقىنى سۆزلىدى. ساھىبقىران:

— خەلق چاغاتاي ھاكىمىيىتىنى سېغىنامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قارشى خەلقى چاغاتاي ھاكىمىيىتىنى — سىزلەرنى سېغىنىپ دۇئادا ياد ئېتىشمەكتە، — دەپ جاۋاب بېرىشتى باققاللار، — چۈنكى قىپچاقلىرىنىڭ زۇلمىدىن ئازاب چەكمەكتە.

ساھىبقىراننىڭ كۆڭلىگە بىر تەدبىر كەلدى.

— ھەر بىرىڭلار كاجۇۋىغا چۈشۈڭلار! — دەپ بۇيرۇدى ئۇ.

كاجۇۋىدىكى ئۈزۈملەرنى تۆكۈپ، 40 كىشى قورال — ياراق بىلەن كاجۇۋىغا چۈشتى. باققاللار ئاتلىرىنىڭ چۇلۇۋۇرىدىن يېتىلەشكەن ھالدا شەھەر ئىچىگە كىرىپ كېلىشتى، كۆرگەنلەر ئۈزۈم ئىكەن دەپ گۇمان قىلمىدى.

قارا تېمۇرخان: «شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرگەن ھەر قانداق غەيرىي كىشىلەرنى بۇ يەرگە ئەكىلىڭلار!» دەپ بۇيرۇق چىقارغانىدى. باققاللار قارشىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشىگىلا دەرۋازىۋەنلەر ئۇلارنى خان ئوردىسىغا ئاپاردى. قارا تېمۇرخان ئوردىنىڭ مەيدانىدا چېدىر تىكىپ، چېدىر ئىچىدە ئولتۇرغانىدى

ئەمىر تېمۇر كاجۇۋىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۇلارنى كۆرۈپ تۇراتتى.

خانىنىڭ يېنىدا بىر قېرى بوۋاي بولۇپ، ئۇ تەجرىبىلىك كىشى ئىدى. ئۇ:

— بۇ كاجۇۋىلاردا ئادەم باردەك قىلىدۇ، — دېدى. ئۇلار:
— قانداق بىلدىڭ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ يەنە:
— كاجۇۋىلار ئاستا - ئاستا قىمىرلاۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈزۈمنى مۇنداق قاچىلىمايدۇ، — دېدى، بۇنىڭغا ھېچقايسى ئېتىبار قىلىشمىدى.

خان باققاللارنى چاقىردى، باققاللار ھەر تۈرلۈك سەۋەب كۆرسىتىشكەنىدى، خان ئۇنىمىدى. قارا تېمۇرخان:
— كاجۇۋىدىن بىرنى ئېچىپ كۆرۈڭلار! - دەپ بۇيرۇدى، بىر ئاقساقال باققال ئەمىر تېمۇر يوشۇرۇنغان كاجۇۋىنى ئەكەلدى.

ساھىبقىران قاتتىق ۋارقىرىغىنىچە كاجۇۋىدىن ئېتىلىپ چىقتى. قالغان كاجۇۋىدىكى سىپاھلارمۇ كاجۇۋىدىن چىقىشىپ، «دۆلەت، دۆلەت بوراقخان!» دەپ چۇقان كۆتۈردى، ھەممەيلەن بۇ ئىشتىن ھەيران قېلىشتى، غوۋغا كۆتۈرۈلدى. قارا تېمۇر خاننىڭ 2000 لەشكىرى ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى، ساھىبقىران ئۇلارغا يولۋاستەك ئېتىلدى، ئەتراپتىكىلەر گويا تاماشا كۆرۈۋاتقاندەك قاراپ تۇرۇشاتتى، تۇيۇقسىز تېيىلىپ كەتكەن ئاناق يىقىلدى، ئۇنى قىپچاقلار باغلاپ بىر ئادىمىگە تاپشۇردى. بىر خوتۇن ئاناقنى تونۇپ قالدى. ئاناق ئەسلى قارشىلىق ئىدى. ھېلىقى خوتۇن قولىدىكى قاچىدا لىق چوغ ئەكىتىۋاتاتتى، ئۇ ئاناقنى ساقلاپ تۇرغان قىپچاقنىڭ بېشىغا چوغنى تۆكۈۋەتتى، قىپچاق شۇ زامات كۆيۈپ ئۆلدى. ئاناق ئازاد بولۇپ ساھىبقىرانغا كېلىپ قوشۇلدى.

قارا تېمۇر قىزىل ئەلەمنىڭ ئاستىدا قارا ئاتقا مىنىپ تۇراتتى. ئۇ ھېلىقى ئىشلارنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئادەملىرىگە ئايالنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ھېلىقى ئايال قاچتى. خان ئۇ خوتۇننىڭ مەھەللىسىدىكى بارلىق ئاياللارنى ھەيدەپ كېلىشكە بۇيرۇدى، بۇ ئىش قارشى ئاھالىسىنىڭ غەزىپىنى قوزغىۋەت-

تى قارشى خەلقى غوۋغا كۆتۈرۈپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن يىغىلىشتى ـ دە، قىپچاقلارنىڭ ئۈستىگە تاش ياغدۇردى، 2000 چىتتە قىپچاقلىرىدىن بىرسىمۇ ساق قالماي ئۆلدى، قارا تىمۇر قېچىپ ئوردىغا قامىلىپ قالدى.

ساھىبقىران باشلاپ كەلگەن 40 كىشى خۇددى ھۆكەردەك بىر يەرگە يىغىلدى، خالايىقلار كېلىپ ساھىبقىراننىڭ ئۈزەڭگىسىنى ئۆپۈشتى.

خان ئۈچ كۈنگىچە قامىلىپ ياتتى. قىپچاقلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ «غەم قىلماڭ، سەمەرقەنتكە ئاتىڭىزغا نامە ئەۋەتتۇق» دېيىشەتتى.

ساھىبقىراننىڭ مەقسىتى چىتتە قوشۇنلىرى ياردەمگە يېتىپ كەلمەستىن بۇرۇن ئىشلارنى قولغا ئېلىش ئىدى. بىر يىگىت قارا تىمۇر خان تۇرغان سارايىنىڭ بوسۇغىسى ئاستىدىن كولاپ توق تىمۇرگە ئوق ئاتتى، قارا تىمۇرمۇ چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئوق ئاتتى، خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن قارا تىمۇرنىڭ ئوقى ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۆتۈپ يىگىتكە تەگدى، يىگىتنىڭ ئوقىمۇ قارا تىمۇرنىڭ كۆكسىگە تەگدى. ئىككىلىسى ئۆلدى.

ئەمىر تىمۇر قارا تىمۇرنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى سەمەرقەنتكە ــ توق تىمۇرخانغا سالامەت ماڭدۇرۇۋەتتى، شۇنداق قىلىپ بۇلار قارشىنى ئىگىلەشتى.

ئاندىن كېيىن ئەمىر تىمۇر تەبرىزگە ــ بوراقخانغا نامە ماڭدۇردى، ئۇنىڭدا: «تېز يېتىپ كېلىڭ» دېيىلگەنىدى.

توق تىمۇرخان قارشىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، سەمەرقەنتتىن بۇخاراغا كەلدى. ئاندىن قارشى تەرەپكە ماڭدى. ئۇ قارشىغا يېقىن كەلگەندە قاراۋۇللار ساھىبقىرانغا:

ــ توق تىمۇر خان ناھايىتى كۆپ قوشۇن بىلەن يېتىپ كەلدى، ــ دەپ خەۋەر بېرىشتى.

ساھىبقىران دەرھال:

— دەرۋازىلارنى تاقاڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

قارشى پۇقرالىرى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىدا: «بىز ئەر-ئايال ھەممىمىز سىزگە باش تىكىپ ياردەم بېرىمىز!» دەپ قەسەم قىلىشتى.

چىنتە قوشۇنلىرى قەبىلە بويىچە تۇغ - ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈشكەن ھالدا كېلىشكە باشلىدى، كۆن چۈش ۋاقتى بولغانىدى، ئوقياچىلار ۋە سالغۇچىلار يىغىلىپ تەييارلاندى.

يىگىدىن مۇسۇلمان بولغان قازاق، قىپچاقلار توق تېمۇرخان ۋە سىيىت ئاتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا جەم بولۇشتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ بويۇنلىرىدا قۇرئان ئېسىقلىق ئىدى.

توق تېمۇر خان قارشىنىڭ ئىچىگە — ئەمىر تېمۇرگە قارىتىپ نامە ئەۋەتتى ئۇنىڭدا: «سىلەرمۇ مۇسۇلمان، بىزلەرمۇ مۇسۇلمان، ئەگەر سىلەر ئۇرۇش قىلماقچى بولساڭلار بىزمۇ ئۇرۇشىمىز، ئەگەر سۈلھ قىلىشماقچى بولساڭلار سۈلھ قىلىشىمىز» دېيىلگەنىدى.

ساھىبقىران نامىنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ: «ئىش سۈلھ قىلىدىغان پەيتىدىن ئۆتتى» دېگەن جاۋابنى بەردى.

ساھىبقىران: «بوراقخان چاغاتاي ئەسكەرلىرى بىلەن سەبىز شەھىرىگە كېلىۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى ۋە ئۇنىڭ قارشىغا كېلىشتىن قورقۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. بۇ چاغدا قىپچاق قوشۇنلىرى قارشىنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغانىدى.

ساھىبقىران توق تېمۇرخانغا نامە يازدى. ئۇنىڭدا: «بىزنىڭ سىپاھىلىرىمىز جەڭ قىلىشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. بىزگە مەيدان ئېچىپ بېرىلسە، چىقىپ مەيداندا ئۇرۇشساق، ئەگەر سىلەر زور كېلىپ، بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمىسە، بىز سىلەرگە ئىتائەت قىلايلى» دېيىلگەنىدى. نامىنى ئاناق ئېلىپ توق تېمۇرخاننىڭ چېد

دىرىغا يېتىپ كەلدى. خان كىرىشكە رۇخسەت قىلغاندىن كې-
يىن، ئاناقچېدىرغا كىرىپ نامىنى خانغا سۇندى. خان نامىنىڭ
مەزمۇنىدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن:

— بۇ ئەمىر تېمۇرنىڭ تەدبىرى، بىز ئورنىمىزدىن تەۋرى-
مەيمىز، بىزگە ئۇنىڭ سىپايىگەرلىكى كېرەك ئەمەس! — دېدى-
دە، ئاناققا بىر يارغاق بېرىپ قايتۇردى. ئاناق قايتىپ كېلىپ
بولغان ئەھۋاللارنى ئەمىر تېمۇرگە بايان قىلدى. ئەمىر تېمۇر
ئويغا كەتتى، ئۇ بىردەمدىن كېيىن: «ئەگەر تەقدىرىم يار بەرسە،
چەك - چېگەل قىلمايلا قىپچاقلارنى قاچۇرمىسام، ئەمىر تېمۇر
بولماي كېتەي!» دەپ خىتاب قىلدى. كەچ كىرگەندە ئاناققا:

— جۇر بىر يەرگە بارىمىز! — دېدى.

— نەگە بارىمىز؟

— مەن نەگە بارسام، سەنمۇ شۇ يەرگە بارىسەن! — دېدى
ئەمىر تېمۇر. ئىككىيلەن شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ چېتتە
ئەسكەرلىرىنىڭ ئارىسىنى ئارىلاپ ماڭدى. ئاناق:

— تەقسىر، بارىدىغان يەرنىڭ نامىنى ئېيتىڭ، مەن بى-
لىپ قالاي، — دېگەنىدى، ئەمىر تېمۇر:

— توختامىشخاننىڭ قېشىغا بارىمىز، — دېدى. ئاناق:

— يەنە مۇشكۇلچىلىك يۈز بېرىپ قالمىسۇن، — دەپ ئەن-
دىشە قىلغانىدى، ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى.

شۇ چاغدا بىر كىشى داستىخانغا يۆگەلگەن بىر نەرسىنى
كۆتۈرگەن ھالدا توختامىش خاننىڭ چېدىرىنى سوراپ كېلىپ
قالدى، ئەمىر تېمۇر بىلەن ئاناق ئۇنىڭغا ئەگەشتى، ھېلىقى ئا-
دەم قوشۇننىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ، چېدىرنى تاپتى - دە،
داستىخاندىكى تاماقنى توختامىشخاننىڭ ئالدىغا قويۇپ، قايتىپ
چىقتى،

ئەمىر تېمۇر ئۇ كىشىدىن توختامىش خاننىڭ ھال - ئەھۋال-
نى سورىدى. ئۇ:

— سېيىت ئاتا ئۇنىڭغا مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئەدەپ — قائىدى-
سىنى ئۆگىتىۋاتىدۇ، — دېدى. ئەمىر تېمۇر:
— مەن ئۇنىڭ دوستى بولىمەن، قېشىغا كىرسەم رۇخسەت قىلارمۇ؟ — دېدى، ھېلىقى كىشى چېدىرغا كىرىپ سورىغانىدى، توختامىش خان:
— قانداق دوستۇم ئىكەن؟ كىرسۇن، — دەپ رۇخسەت قىلدى، ساھىبقىران چېدىرغا كىرىپ توختامىش خاننىڭ يېنىغا ئولتۇردى، توختامىش خان:
— كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىغانىدى، ساھىبقىران ئۇنىڭ قولىقىغا ئاستاغىنا:
— ئەمىر تېمۇر مەن، — دەپ پىچىرلىدى.
توختامىش خان ساھىبقىراننىڭ جۈرئىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇ بۇيرۇق قىلىۋىدى، ئالدىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى سىرتقا چىقىشىپ كېتىشتى، چېدىردا سېيىت ئاتا، توختامىش خان، ئەمىر تېمۇر ۋە ئاناق — تۆتلا كىشى قالدى، ساھىبقىران:
— كېچە توق تېمۇرخانغا نامە ئەۋەتكەنىدۇق، خان قوبۇل قىلماپتۇ، مەن «بۇ سۆزلەرنى توختامىش خان ئاڭلىغان بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، سىزنىڭ دوستلىقىڭىزغا ئىشىنىپ كەلدىم. ئەل ئارىسىدا بىزنى شەرمەندە قىلمىسىڭىز. سىپاھىلىرىڭىز قورغان تۈۋىدىن بىر مەنزىل يىراققا يۆتكەلىسە، مەيدان ئېچىلسا، — دېدى.
توختامىش خان قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچكەن ھالدا ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى، سېيىت ئاتا ئەمىر تېمۇرنىڭ تەدبىرىنىڭ تېگىگە يەتتى، ئۇ ھەر دائىم: «ئەمىر تېمۇرنىڭ ئىقبالى بىلەن، تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ» دەيتتى. لېكىن ھازىر ئۈندىمىدى، تائام ئەكىلىشتى، ساھىبقىران زوق - شوق بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ئاناق ئىشارەت بىلەن «يېمىگىن! دۈشمەنلەر

بىر ئىش قىلىپ قويغان بولمىسۇن!» دېگەن بولسىمۇ، ساھىبقىران قۇلاق سالمىدى. ئۇ: «توختامىش خان بىز گەدۇشمەنلىك قىلمايدۇ» دېدى.

ئەمىر تېمۇر شەھەرگە قايتىپ كەلدى، ئەتىسى توختامىش خان قىزىل كىيىم كىيىپ، قارا ئاتقا مىنىپ، قولىغا قىلىچ ئېلىپ دادىسى توق تېمۇرخاننىڭ چېدىرى ئالدىغا بارماقچى بولدى. سىيىت ئاتا توسۇۋېدى، توختامىش خان:

— ئەمىر تېمۇر بار چاغدا ھېچنېمە دېمىدىڭىز، ئەمدى ئۇ كەتكەندىن كېيىن توسۇسىز. مەن قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ ۋەدە بەردىم ئەمەسمۇ؟ ئەمەل قىلمىسام قەسەم ئۇرمامدۇ؟ مۇسۇلمانچىلىق قائىدىسىگىمۇ نۇقسان يەتمەمدۇ؟ — دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ چېدىرى ئالدىغا كېلىپ يىگىتلەرگە:

— چاغاتاي سىپاھىلىرى سىلەر بىلەن مەيداندا جەڭ قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. نېمىشقا يول بەرمىدىڭلار؟ — دېدى.

توق تېمۇرخان:

— ئوغلۇم، بۇ ئەمىر تېمۇرنىڭ تەدبىرى. — دېدى، لېكىن يىگىتلەر توختامىشخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاشتى، قېرى سىپاھلار ئۇناشمىدى، توختامىشخان قولىغا قىلىچ ئېلىپ لەشكەرلەرنى قەلئە ئەتراپىدىن بىر مەنزىل نېرىغا چېكىندۈردى.

ئەمىر تېمۇر بۇ ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن، بوراقخانغا دەرھال ئادەم ئەۋەتتى ۋە «تېز كەلسۇن» دەپ تاپىلىدى.

بوراقخان شۇ كېچە قارشىغا يېتىپ كەلدى. ھەممەيلەن خۇشال بولۇشۇپ، ساھىبقىراننىڭ قىلغان ئىشىغا ئاپىرىن ئېيتىشتى.

ئەتىسى دۇمباق - كانايلار چېلىندى، شۇ چاغدا توق تېمۇرخان بوراقخاننىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى، ئەمىر تېمۇرنىڭ بۇ ھىيلىسىنى چۈشەنگەن چىتتە سىپاھلىرى ناھايىتى ئالاقزادە

بولۇشتى - دە، شۇ كېچىسىلا مۇھاسىرىنى تاشلاپ سەمەرقەنتكە قايتىشتى.

بوراقخان قارشىدا جاي ئالدى. چاغاتاي ئېلى بارا-بارا ئەسلىگە كەلدى. ھەرقايسىلىرى ئۆز ۋەتەن جايلىرىنى تېپىشتى. ئەگەر ساھىبقىران يۇقىرىقىدەك تەدبىر قىلمىغان بولسا، بۇلارنىڭ كۆپلىرى ۋەتەنىدىن ئۈمىد ئۈزگەنىدى.

ئەمدى بۇخارايى شەرىفتىن سۆز ئاڭلايلى:

بۇخارايى شەرىفتە خوجا سەئىددىن ئابۇبەكرى خوجا جۇيبارنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى بار ئىدى. بىر كىشى كېلىپ ئۇ زاتقا:

— تەقسىر، سىز شەيخۇلئىسلام بولىسىز. نەسەب جەھەتتە روسۇلىللانىڭ ئەۋلادىدىن بولىسىز. چېتتە كاپىرلىرى بۇ مەملىكەتنى خاراب قىلىۋەتتى. مۇسۇلمانلار جۇمە نامىزىغىمۇ كىرەلمەيدۇ، — دېدى ۋە پىغان چەككەن ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

بۇ نەزمىنى دەپ ئۇل مەرت شورىدەكار،
كىم ئەي شەيخ ئەل ئىسلام ئالىي ئېتىبار.
بەئىبرەت نەزەر قىل بۇ مەسچىتلەرگە،
بولۇپتۇر خارابان چۇ بوزەكرە،
«خۇدا» دەپ قىلايلۇق بىز ئاڭا ئۇرۇش،
«شەرىئەت»دېسەك لازىم ئەمەس تۇرۇش.
مۇسۇلمانلاردە كىم نى ئىشتۇر بۇگۈن،
شىبھەت ئەيلەسەك ئۆزنى ئىسلام ئۈچۈن.
بۇ دىن يولىدا جان نىسار قىلايلۇق،
باقاسىز جاھاندىن گىزار ئەيلەيلۇق.

ئاندىن كېيىن ھەممە ئادەم بىراقلا پىغان قىلىشتى ۋە خوجا سەئىددىنگە:

ئەي تەقسىر، بىز «ئەمىر تېمۇر بىلەن بوراقخان قار-

شىنى ئېلىپتۇ» دەپ ئاڭلىدۇق. ئەڭ ياخشىسى، ھەممىمىز قوزغى-
لىپ ھۇجۇم قىلىپ بۇ تائىپىگە ئۆزىمىزنى ئۇرايلى، — دېدى.
بۇ مەسلىھەتنى ھەممەيلەن ماقۇل كۆرۈشتى. شۇئان يېشىل باي-
راقنى كەلتۈرۈشتى ۋە خوجا سەئىدىننىڭ بېشىغا تىكلەشتى. خو-
جا يېشىل كىيىم كىيىپ قولىغا قىلىچ ئالدى. مەدداھلارغا:
«تەڭرىگە مەدھىيە ۋە روسۇلىللاغا ئايەت ئوقۇپ مېڭىڭلار!» دەپ
بۇيرۇدى. مۆمىنلەرنىڭ كۆڭلى مومدەك ئېرىدى. كىشىلەر ھەر
تەرەپتىن كېلىپ قوشۇلۇشقا باشلىدى.

بۇخارادىكى چىتتە قوشۇنلىرىنىڭ سانى 10مىڭ ئىدى. ئۇ-
لار چۇقان سېلىشىپ كېلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ھەيۋىتىدىن
تىترەشكە باشلىدى. شۇ كۈنى شۇنداق قاتتىق ئۇرۇش بولدىكى،
چىتتە ئەسكەرلىرىدىن ئارانلا 2000 كىشى سەمەرقەنتكە
قېچىپ كېلەلىدى. قالغانلىرى ئۆلتۈرۈلدى.

شۇ كۈنى خوجا سەئىدىننى ئەمىرلىككە كۆتۈردى. سەمەرقە-
نتكە قېچىپ كەلگەنلەر بولغان ۋەقەنى توق تېمۇرخانغا بايان
قىلدى. خان ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى - دە، تاي موغۇر، قە-
تەغىن، تېمۇر تاش، قونغىرات... قەبىلىلىرىنى: «بۇخاراغا يۈ-
رۈش قىلىپ، ئۇلارنى قىرغىن قىلىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. ئۇلارنى
50 مىڭ كىشى قىلىپ بۇخاراغا يولغا سالدى. تېمۇر تاش
ئەقىللىق كىشى ئىدى. ئۇ توق تېمۇرخانغا:

— بۇخاراغا بارساق بىر تەدبىر بىلەن بارايلى. بۇ 50
مىڭ كىشىنىڭ ھەممىسى مەللە (بېغىررەڭ) تون كىيسۇن،
بېشىغا ئاق سەللە يۆگەپ، مىسۋاك ئاسسۇن، تەسۋى تۇتسۇن.
چۈنكى بۇخارانىڭ ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان. شۇڭا بىز-
نىڭ مۇسۇلمانچە ياسىنىپ بارغىنىمىز تۈزۈك، — دەپ تەكلىپ
قويدى. بۇ سۆز خانغا ماقۇل كەلدى. 50 مىڭ كىشى مۇ-
سۇلماندەك ياسىنىپ بۇخاراغا يېتىپ كېلىشتى. ھېچكىمنىڭ پۈل-
مىلىغا كۆز سالمىدى. كېچە - كۈندۈز ناماز ئوقۇشتى.

بۇلارنى كۆزىتىش ئۈچۈن بۇخارادىن چىققان جاسۇسلار ئۇلارنىڭ ئىش - ئەھۋالىنى كۆرۈشتى. بۇخارادىن بىر سۆزمەن ئۇلارغا سوۋغاتلارنى ئېلىپ چىققانىدى، ئۇلار بۇ سوۋغىلارنى ئالمىدى. ئۇلار ھېلىقى سۆزمەنگە:

— بىز — 50 مىڭ كىشى سېيىت ئاتىنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولغانىدۇق. توق تېمۇرخان: «سىلەر مۇسۇلمانسىلەر، بىزنىڭ ئارىمىزدا تۇرماڭلار!» دېگەچكە ئىلاجىسىز بۇ تەرەپكە كېلىپ قالدۇق. بىزمۇ مۇسۇلمان، شۇڭا يول بېرەر دەپ ئويلىدۇق، — دەپ بىرمۇنچە سوۋغاتلارنى بەردى. سۆزمەن قايتىپ ھەزرىتى خوجىغا ئۇلارنى ناھايىتى كۆپ تەرىپلەپ — ماختاپ بەردى. خوجىدا شۇ ھامان تېمۇر تاشنى بېرىپ كۆرۈش ھەۋىسى پەيدا بولدى. تېمۇر تاشنى نەچچە قېتىم كەلسۇن دەپ تەكلىپ قىلىۋىدى، ئۇ كەلگىلى ئۇنىمىدى.

تېمۇر تاش لىق سۇ تولغان كۆلى بار بىر چارباغنى كۆرۈپ، سۇدىن ئىدىشلارغا ئالدى ۋە باشقىلاردىن سوراپ بۇ باغنىڭ خوجا ئابۇبەكرىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدى. تېمۇر تاش ئەسكەرلىرىنى بۇ جايغا قويۇپ، ئۆزى بۇخاراغا يۈزلەندى. تاي موغۇر: «بارمىغىن!» دېۋىدى، تېمۇر تاش: «مەن بىر ئىش قىلىپ شەھەرنى ئالىمەن!» دېدى - دە، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بىر يەردە يۈزىنى قىبلىگە قىلىپ ئولتۇردى. تاڭ ئاتقاندا شەھەرنىڭ ئىچىگە كىردى. خوجىنىڭ قېشىغا بېرىپ چىشلىرىنى تاڭغان، يىغلىغان ھالدا:

— ئەي تەقسىر، خاتا قىلدىم، گۇناھىمنى ئەپۇ قىلىڭ، — دېدى.

— چىشىڭنى نېمىشقا تېڭىۋالدىڭ؟ — دەپ سورىدى خوجا. تېمۇر تاش:

— بىر باغدىكى سۇدا تەرەت ئالغانىدىم، شۇ ئان چىشىم

ئاغرىپ كەتتى. «بۇ سىز مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققى ئىكەن» دەپ ئويلىدىم. سۈرۈشتە قىلسام ئۇ باغ سىزنىڭ ئىكەن، — دەپ يىغلاپ كەتتى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ يالغان ئېتىقادىغا ئىشەندى.

— جامائىتىڭنىڭ ئىچىدە سۆزگە ئۇستىسى سەنمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى.

— يارىماسراقى مەن، — دەپ جاۋاب بەردى تېمۇر تاش.

خوجەندنىڭ كۆڭلىگە: «بۇ كىشى ياخشىدەك كۆرۈنىدۇ، شەھەر ئىچىگە كىرىشكە يول بېرەيلى» دېگەن ئوي كەلدى ۋە تېمۇر تاشقا:

— ئەي تېمۇر تاش، ھەممە ئادەملىرىڭ بىلەن شەھەر ئىچىگە كىرگىن! — دېدى.

تېمۇر تاش رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن ئۆز كىشىلىرىنىڭ قېشىغا قايتتى ۋە ئۇلارنى باشلاپ كەلدى. ئۇلار زىكىر - جەررە قىلىشىپ، يىغلاشقان ھالدا، ئايۇپنىڭ بۇلىقىنىڭ بويىغا يېتىپ كېلىشتى ۋە شۇ جايدا ئارام ئېلىشتى. شۇ كېچە ئۇلار مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ، قوراللىنىپ قىرغىن قىلىشقا كىرىشتى. بىرىنچى قېتىمدىلا خوجەندنى، ئاندىن يۇرتنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن 500 كىشىنى شېھىت قىلىشتى. ئۇلارنىڭ باشلىرىنى خادىنىڭ ئۇچىغا سانجىپ سازايى قىلدى. قىزىل ئارسلانخاندىن قالغان مەسچىتنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ھېچكىمدە چوكراق تىنىغۇدەك مادار قالمىدى. ھەممە ئەر - ئاياللار مەسچىتكە كىرىپ جاي ئېلىشتى. ھەممە قۇرئان كىتابلارنى بىر يەرگە توپلاپ كۆيدۈردى. يەنە كۆپلىگەن ئادەملەرمۇ شۇ كۈنى ھالاك بولۇشتى. بۇ كۈن گويا بۇخارادا قىيامەت قايىم بولغاندەك بولدى.

پات - پات غايىبتىن: «ئەي بۇخارا ئەھلى، ئۆلۈمگە ئۆزۈڭلارنى ئۇرماڭلار!» دېگەن ئاۋاز كېلەتتى. بۇ ئاۋازنى پەقەت مۇسۇلمانلارلا ئىشىتەتتى، كاپىرلار بولسا ئاڭلىمايتتى. كاپىر-

لار تۇرۇپ – تۇرۇپ «قىساس ئالدۇق» دەپ مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرەتتى. بەزى كەم ئەقىل مۇسۇلمانلار: «سىلەر بىزنى ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيسىلەر، بىز «بۇخارادا قىرغىن بولمايدۇ» دېگەن چۇقاننى ئاڭلاپ تۇرىمىز» دەيتتى. بۇ گەپنى تېمۇر تاشقا يەتكۈزۈشتى. ئۇ بۇ توغرۇلۇق مۇسۇلمانلاردىن سورىغاندى، ئۇلار: «راست، شۇنداق ئاۋازنى ئاڭلىدۇق، بىراق كىمنىڭ دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيمىز» دەپ جاۋاب بېرىشتى.

تېمۇر تاش ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە: «ئاشۇ سۆزلىگەن كىشىنى تاپمىغۇچە قىرغىن قىلىشتىن قول يىغمايمەن!» دەپ قەسەم ئىچتى. ئۇ باي بولسۇن، خا كەمبەغەل بولسۇن، ھەممىسىنىڭ پۇل – ماللىرىنى بۇلاڭ – تالاڭ قىلدۇردى. بۇخارا خەلقىنىڭ ھەممىسى ناله – زار قىلىشقا باشلىدى.

قارشىدىكى ساھىبقىران بۇ ۋەقەنى ئاڭلىدى. بۇراقخان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈۋىدى، ئۇ پەرۋا قىلمىدى. ئەمما ساھىبقىراننىڭ مۇسۇلمانلارغا رەھمى كەلدى. ئۇ 40 كىشىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ بۇخاراغا كەلدى. بۇخارانىڭ ئەتراپىدا 100چە كىشى قاراۋۇللۇق قىلىپ تۇراتتى. بىر قاراۋۇلنىڭ ئېتى قېچىپ كەلدى. ساھىبقىران بۇ ئاتنى تۇتۇۋالدى. قاراۋۇل ئاتنى ئىزدەپ كېلىپ ئەمىر تېمۇر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئەمىر تېمۇر قاراۋۇلنى تۇتۇۋېلىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. شۇ كېچىسى 100 قاراۋۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. ئەمىر تېمۇر يەنە سەھرادىن بىر توپ قەغەز تېپىۋالدى. قەغەزلەرگە خەت پۈتۈلگەن بولۇپ، ھەممىسى غايىب كىشىلەر مەدەت بېرىدىغان گەپلەر ئىدى. بۇ قەغەزلەرنى ساھىبقىران ئېلىپ، كېچىلەپ بۇخاراغا كىردى ۋە مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۇچۇرۇپ تارىتىۋەتتى. ئاندىن يولداشلىرىنىڭ قېشىغا يېنىپ كەلدى.

شۇ كۈنى تېمۇر تاش: «ئەتە مۇسۇلمانلانى قىرغىن قى

لىنىمەن» دەپ قارار قىلغانىدى. ھېلىقى قەغەزلەرنى شامال ھەر تەرەپكە ئۇچۇرۇپ كەتتى. ئەتىسى خەت پۈتۈلگەن قەغەزلەرنى ھەممىلا ئادەم ئۇچراتتى. تېمۇر تاش بۇ ئىشلارغا قاراپ: «ئىسلام دىنىنى ھەقىقىي دىن ئىكەن» دېگەن تونۇشقا كەلدى.

تاي موغور ئەسىر قىلغان پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ، شەمسىل مۈلۈك بېغىغا ئەكەلدى. بۇ يەر بۇخارانىڭ جەنۇبىي ئىدى. نامازدىگەر ۋاقتى بولغانىدى. ساھىبقىران ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاق كىيىم كىيىپ، ئاق بايراق ئېلىشىپ، شەھەرگە قاراپ مېڭىشتى.

چىنتە قىپچاقلىرى بۇخارا پۇقرالىرىنى ئۆلتۈرۈشكە تەمشىلۋاتقاندا، غايىب كىشىلەرنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى.

تۇيۇقسىز چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. ساھىبقىران 40 كىشى بىلەن چاڭ ئارىسىدا تەكبىر - تەسبىق ئېيتىپ كەلمەكتە ئىدى. شۇ چاغ تېمۇر تاشنىڭ ئېتى ئۈركۈپ، ئۇ ئاتتىن يىقىلدى - دە، بويىنى ئۈزۈلدى. بۇ ھادىسە چىنتە سپاھلىرى ئىچىدە بىر زىلزىلە قوزغىۋەتتى. ئەمىر تېمۇر ئىلگىرىلەپ كېلىشكە باشلىدى. تېمۇر تاشنىڭ ئۆلۈكىنى قوڭغىرات قەبىلىسى ئەكەتتى. تاي موغور قەبىلىسى بىلەن جەڭگە يۈزلەندى. پۇت - قوللىرى باغلاپ قويۇلغان ئەسىرلەر باغلاقلىرىنى ئۈزۈپ، چىنتىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. تاي موغور شۇنداق قاتتىق جەڭ قىلدىكى، تەرىپكە سۆز توغرا كەلمەيدۇ.

ساھىبقىران ئۇنىڭ يولىنى توستى. ئۇ كەلگىنىچە ئەمىر تېمۇرنى ئېگەرنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈۋالدى. ئەمىر تېمۇر دەرھال قولىغا خەنجەر ئېلىپ، بىر ئۇرغانىدى، تاي موغورنىڭ كاللىسى سويمىدەك ئۈزۈلۈپ چۈشتى. قالغان چىنتە سپاھلىرى ھەر تەرەپكە قېچىشتى. شۇنداق قىلىپ قىپچاقلار بۇخارادىن سۈرۈپ چىقىرىلدى.

شۇندىن باشلاپ مۇسۇلمانلار تىنچلىق بىلەن ياشىدى. ساھىبقىران قېيىن ئاتىسى بايان قولى خاننىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئالتە يىلغىچە پادىشاھلىق قىلدى. بۇخارا خەلقى تىنچلىققا ئېرىشكىنىگە شۈكۈر قىلىشتى.

## سەمەرقەنتنىڭ ئازاد قىلىنىشى، مىرزا جاھانگىر ئىبنى ئەمىر تېمۇر كوراگاننىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىققانلىقى

توق تېمۇرخان بۇخارا ۋەقەسىنى ئاڭلاپ، ئالتە يىلغىچە ئۆزبېك، قالماق، قىپچاق، قازاق، قىرغىزلاردىن ئەسكەر توپلىدى. تارىخچىلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ توپلىغان قوشۇنى ھالاكۇنىڭ قوشۇنلىرىدىنمۇ كۆپ ئىكەن.

ساھىبقىران بۇنى ئاڭلاپ بوراقخانغا كىشى ئەۋەتتى. بوراقخان كۆرەك قىلغاندا، ساھىبقىران ئۇنىڭ ئالدىغا كۆرەككە كەلدى. شۇ چاغدا ئەمىر تېمۇرنىڭ خانىمچەدىن تۇغۇلغان ئوغلى مىرزا جاھانگىر سەككىز ياشقا كىرگەنىدى. لېكىن بوراقخاننىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى يوق ئىدى. كۆرەك بولغاندا مىرزا جاھانگىر قويرۇق ۋە يايى قارا سەمەن ئاتقا مىنىپ، قىزىل كىيىم كىيىپ، پوتىسىغا مىسىر قىلىچىنى ئېسىپ، 17 — 18 ياشلىق 2000 لەشكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا كۆرەك ئالدىدىن ئۆتتى. بوراقخان:

— بۇ ياش بالا كىم؟ — دەپ سورىۋىدى، ساھىبقىران تىز پۈكۈپ تۇرۇپ:

— ئەي خان، سىزنىڭ سىڭلىڭىزدىن تۇغۇلغان جىيەنىڭىزدۇر يەنى مېنىڭ ئوغلۇم بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. بۇ سۆز خانغا قاتتىق تەگدى.

خاننىڭ رەشقى كېلىپ:

— بۇنىڭ ئاغزىدىن سۈت پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ، جەڭگە بېرىشقا بولمايدۇ، — دەپ تۇسۇپ قويدى. ئەمىر تېمۇر:

— مېنىڭ بۇ ئوغلۇم ئوق ئېتىشقا ماھىر. — دەپ تونۇشتۇردى.

مىرزا جاھانگىر تاغىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. لېكىن زادى تەزىم، خۇشامەت قىلمىدى. بۇ ئىش بوراقخانغا ئېغىر كەلدى. شۇ چاغدا شەيخۇلئالەمنىڭ مازىرىنىڭ قۇببىسىگە يىلان يۆگىشىۋالغان بولۇپ، بۇنى ئادەملەر توپلىشىپ تاماشا قىلىشماقتا ئىدى. مىرزا جاھانگىر ئوقياغا ئوق سېلىپ يىلانغا قارىتىپ ئاتتى. يىلاننىڭ بېشى ئۈزۈلۈپ چۈشتى، لېكىن مازارنىڭ قۇببىسىگە قىلچە زىيان يەتمىدى. بۇنى كۆرگەن ھەممەيلەن ئاپىرىن ئوقۇشتى.

يەنە بىر ئۇزۇن بويلۇق كىشى 5000 يىگىتى بىلەن كۆرەكتىن ئۆتتى. ئۇ يېشىل كىيىم كىيگەن، ساقىلى چاردىغان بولۇپ، مىنگەن ئېتىنىڭ رەڭگى خېنە رەڭ، قۇيرۇقى ئاق ئىدى. ئۇ يولۋاس تېرىسىدىن جۇۋا كىيگەن بولۇپ، بايرىقىنىڭ ئېگىزلىكى 20 گەز كېلەتتى. ئەلەمنى كۆتۈرگەن كىشىمۇ ئېگىز ئادەم ئىدى. بۇ ئەمىر چاكو بارلاس ئىدى. ئۇ خاننىڭ ئۇدۇلىدىن خانغا تەزىم قىلىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەمىر ئولجاي باتۇر 4000 كىشى بىلەن كېلىپ خانغا تەزىم قىلىپ ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى كىشى ئۆتتى. بىرى ئاق چىراي، پېشانىسى كەڭ ئەمىر يادگار شاھ، يەنە بىرى ئوچۇق يۈزلۈك، ئاغزى يوغان، قولى ئۇزۇن ئەمىر مۇئىد ئارلات ئىدى. ئۇلار 6000 كىشى بولۇپ، ھەممىسى قارا ئات مىنگەن، قارا كىيىم كىيگەن، قارا بايراق كۆتۈرگەن ھالدا خانغا تەزىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. بىرى خانغا:

— مەملىكەتتىن چىتتە كاپىرلارنى سۈرۈپ چىقارمىساق بۇ قارا كىيىملىكلەرنى قويمايدۇ، — دېيىشتى.

ئۇنىڭ كەينىدىن تاپانچا ئاسقان، كۆزى يوغان، ساقاللىق بىر

كىشى ئۆتتى، بۇ ئەمىر بايىز جالايىر ئىدى. ئۇ نەچچە مىڭ لەشكەر بىلەن بىللە كېلىپ خانغا تەزىم قىلدى. يەنە بىر كىشى كەلدى. ئۇ مەيدىگە ئۇلتۇرغان بولۇپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى. يېنىغا مىسۋاك ئاسقانىدى. بۇ شەيخ ھۈسيىن نويان ئىدى. بەلخ، ھىندىستاندىن نەچچە مىڭ لەشكەر بىلەن كېلىپ خانغا تەزىم قىلدى. يەنە ئىككى يىگىت تۆگە مىنىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا يالىڭاچلانغان قىلىچ بار ئىدى. بۇلارنىڭ بىرى ئابباس باتۇر، يەنە بىرى ئۇسمان باتۇر ئىدى. ئۇلارنى خان خۇش كۆردى - دە، كۆپ سوۋغات بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىككى يىگىت كەلدى. ئۇلارنىڭ 40 كىشىسى بار ئىدى. ھەممىسى قورال - ياراق ئاسقانىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ھىندى خوجا، يەنە بىرى ئاناق قىمارۋاز ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەمىر خۇدا بەردى، ئەمىر ھۈسيىن جاندارى، ئەمىر بايان سۇلدۇز، ئالتىمىش باتۇر، تاغاي بۇغا باتۇر... قاتارلىقلار شان - شەۋكەت بىلەن كېلىشتى ... چاغاتاي ئەسكەرىنىڭ سانى 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. 70 دانە تۇغ - ئەلەم لەپىلدەپ تۇراتتى.

بوراقخان مىرزا جاھانگىرنى جەڭگە قاتنىشىشتىن توستى. مىرزا جاھانگىرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ قالدى. قوشۇنلارنىڭ ئوڭ تەرىپىنى ساھىبقىرانغا، سول تەرىپىنى ئەمىر چاكۇغا بەردى. ژىيان خەشمىنى ئايراۋۇل قىلدى. ئەمىر ئارغۇن تۈركمەننى ياساۋۇل بېگى قىلدى.

جۈمە كۈنى، رامىزان شەرىفنىڭ ئون يەتتىسى، تارىخ ھىجرىيىسىگە 760 بولغانىدى. چاغاتاي قوشۇنلىرى بۇخارايى شەرىفتىن سەمەرقەنتكە يۈرۈلەندى.

## ساھىبقىراننىڭ توق تىمۇرخان بىلەن جەڭ قىلىپ چېتتە سىپاھلىرىغا زەربە بەرگەنلىكى

ساھىبقىران بوراقخان بىلەن چاغاتاي سىپاھلىرىنى ئېلىپ سەمەرقەنتكە يەتكەندى. قاراۋۇللار خانغا: «چاغاتاي قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىشتى» دەپ خەۋەر بەردى. شۇ چاغلاردا توق تىمۇرخان ئوغلى توختامىش خاننى ئورنىدا قويۇپ، ئۆزى چىرچىن ئۆتىمىگە كەتكەندى.

توختامىش خان دەرھال قاراۋۇل ۋە ئايراۋۇللارنى قوشۇن بىلەن چاغاتاي قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرۇشقا چىقاردى. قوشۇنلار ئاق ئۆي — چېدىرلارنى تىكىشتى.

ساھىبقىران قوشۇنلىرىنىڭ ئالدى چۈش بىلەن، ئاخىرى كەچتە يېتىپ كېلىپ جاي تۇتۇشتى. ھەر ئىككىلا قوشۇننىڭ چېنداۋۇللىرى قوشۇن ئەتراپىدا تاڭ ئاتقۇچە ئايلىنىپ يۈرۈشتى. ئۈچ كۈنگىچە ئىككى تەرەپ ئۇرۇش ئىشلىرى توغرۇلۇق مەسلىھەت قىلىشتى. چېتتە سىپاھلىرىنىڭ يىگىتلىرى قىلىچ تۇتۇپ چىڭگىزخاننىڭ روھىغا ئاتاپ: «ئۇرۇش قىلىمىز، چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ قېنى بىلەن تاغ دالىنى رەڭگە بوياپ، جىلغا - جىلغىلاردا دەريا ئاقتۇرىمىز!» دەپ قەسەمياد قىلىشتى.

تاڭ ئاتتى. قۇياش ئەمرى زۇلمەت چېدىرىدىن چىقىپ ئاسمان مەيدانىدا جىلۋە قىلدى. يۇلتۇز چېتتىلىرى تەڭ كېلەلمەي ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى.

توق تىمۇرخاننىڭ قوشۇنلىرى جەڭگە ئاتلاندى. ئەمىر تىمۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىدى. قاراۋۇللار: «چېتتە سىپاھلىرى جەڭگە ئاتلاندى» دەپ خەۋەر بەردى. ئۇلارنىڭ كانايلىرىنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ساھىبقىران بەگلىرى بىلەن كېلىپ بوراقخانغا تەزىم قىلدى. خان بۇ چاغدا خىزمەتچىلەر بىلەن شاراب ئىچىپ ئولتۇرغانىدى. ساھىبقىران تىز پۈكۈپ تۇرۇپ:

— ئەي خان، توق تېمۇرخان ئاتلاندى. سىزمۇ ئاتلانسىڭىز، بىز سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا پىداكارلىق قىلساق، — دەپ ئىلتىماس قىلغانىدى، خان:

— چاغاتاي بەگلىرى جوجى بەگلىرىدىن ئارتۇقراق، سىلەر زەربە يېسەڭلار بىزگە يۆلىنىسىلەر، بىزگە زەربە يەتسە كىمگە يۆلىنىمىز؟ — دېدى.

— بۇ گەپ توغرا ئەمەس، ھەممىمىز خۇداغا يۆلىنىمىز. خېنىمىز ئاتلىنىپ يىگىتلەرنىڭ قېشىدا بولسا ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. بۇ يەردە تۇرسىڭىز، سۈيىقەستچىلەردىن سىزگە زىيان يېتىپ قالمىسۇن، — دېدى ئەمىر تېمۇر.

شۇنداقتىمۇ بوراقخان ئورنىدىن قوزغالمىدى. ساھىبقىراننىڭ ئۆزى باتۇر يىگىتلەر بىلەن مەيدانغا ئاتلاندى ۋە توق تېمۇرخاننىڭ ئۇدۇلىدا تۇردى. ساھىبقىران لەشكىرىنىڭ ئوڭ قانىتىغا ئارلاتلاردىن قوشۇن قويۇپ، بۇلارغا ئەمىر مۇئەيىد ۋە ئەمىر يادگار شاھىنى مەسئۇل قىلدى. ئۇلار توغ ـ ئەلەملىرىنى ئېرىق بويىغا تىكتى. قوشۇننىڭ سول تەرىپىنى جالايىر ۋە باشقا قەبىلىلەردىن تۈزۈپ، بۇنىڭغا ئەمىر بايىز، بەھرام قۇچىن، ئەمىر چاكو بارلاسلارنى مەسئۇل قىلدى. بۇلار ئەلەملىرىنى دۆڭنىڭ ئۈستىگە تىكتى. ساھىبقىراننىڭ تۇغى يېشىل ئىدى. ھىندى خوجا قۇشبېگى بىلەن ئاناق قىمارۋاز ساھىبقىراننىڭ يېنىدا تۇراتتى. 12 مىڭ سالغىچىلارنىڭ ھەممىسى پىيادە ئىدى. ساھىبقىران ئوڭ ۋە سول تەرەپ قوشۇنلارنى رەتلەپ بولغاندىن كېيىن يەنە ھىداۋۇل، چىرىس-

غار، بەرەنغار، چىنداۋۇل قاتارلىق قىسىم تۈرلىرىنى تۈرلەپ ۋەزىپە بەلگىلىدى.

سىيىت ئاتىمىز ئۆزبېك قوشۇنلىرىنى جاي ـ جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. باقاۋۇل، ئايراۋۇل، ياساۋۇل، چاپاۋۇل، قاراۋۇللارنى جاي ـ جايلىرىغا بېكىتتى. نايمان، قازاق، قوڭغىرات قەبىلىلىرىدىن تۈزۈلگەن قوشۇنلارنى ئوڭ تۇرەپكە قويۇپ ئارغۇن، بۇزقۇن قىياد قەبىلىلىرىدىن تۈزۈلگەن قوشۇنلارنى سول قاناتقا ئورۇنلاشتۇردى. توق تېمۇرخاننىڭ قېشىغا قوتاستىن قىلىنغان بايراق تىكىلگەندى.

توق تېمۇرخاننىڭ كۆزى ساھىبقىراننىڭ يېشىل بايرىقىغا چۈشتى. ئۇ بايراقتىن غەلىبە — نۇسرەتنىڭ بەلگىلىرى چىقىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. سوراپ كۆرۈپ ئەمىر تېمۇرنىڭ بايرىقى ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە كۆڭلىدە خاننىڭ ئۆزىنىڭ جەڭ مەيدانىغا كەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

قىپچاقلار باتۇرى ئەرتۈل ئەمىر تېمۇرگە تەھدىت سالغان ھالدا:

— ھەي چاغاتاي خېنى، نېمىشقا ئاتقا مىنىپ جەڭ مەيدانىغا كەلمەيسەن!؟ — دەپ ۋارقىرىدى ۋە قايتىپ كېلىپ توق تېمۇرخانغا دېدى: — ھەي خان، غەم يېمەڭ! بۇراقخاننىڭ جەڭ مەيدانىغا كەلمىگەنلىكى ياخشى بوپتۇ. بۇ ئىشتىن چاغاتاي سىپاھلىرى چوقۇم ئالدىنىدۇ.

ئۇ يەنە توق تېمۇرخاننىڭ قۇلىقىغا ئاستاغىنا: «مەن بۇراقخاننىڭ چېدىرىغا بېرىپ ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئۇنى ئەسىر قىلىپ كېلەي» دەپ شىۋىرلىدى. ئۇ ئۆزىگە 500 كىشىنى ھەمراھ قىلىپ دالدا بىلەن مۆكۈپ ـ چۆكۈپ يۈرۈپ بۇراقخاننىڭ چېدىرىنى تاپتى ۋە ئۇنىڭغا:

— بىز چاغاتاي ئېلىدىن بولىمىز. خاندىن جەڭگە قاتنىشىشقا رۇخسەت ئالغىلى كەلدۇق، — دېدى. خان بۇلارنى

پەرق ئېتەلمەي ئات تەلەپ قىلىدى. ئۇلار دەرھال قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ چېدىرنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى. ئەتراپتا غۇۋغا كۆتۈرۈلدى. بىرى غىپپىدە يېرىپ ساھىبقىرانغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ساھىبقىران ھەيران بولدى ـ دە، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. چۈنكى جەڭ مەيدانىدا ئىككى قوشۇن تاقابىل ھالەتتە تۇرغاچقا مەيداندىن ئايرىلىشقا بولمايتتى، ئىش قاباھەتكە يۈزلەنەتتى. شۇڭا ئۇ خەۋەرچىگە: «ئۆكچىنى ئەما!» دەپ ئىشارەت قىلدى ـ دە، ئاندىن بەگلىرىگە:

— بۇ جەڭدە بوراقخان بولمىسا بولمايدۇ. مەن بېرىپ خاننى ئەكېلەي، ـ دېدى ۋە ئاناقا: «سەن تۇغنىڭ ئاستىدىن قوزغالما!» دەپ بۇيرۇدى، ھەمدە خوجىنى، 100 نەپەر سالغىچىنى ھەمراھ قىلىپ خاننىڭ قېشىغا قاراپ ماڭدى. كىتىشلەر سورىسا ئۇ: «بۈگۈن ئۆزۈڭلارغا ئېھتىيات بولۇڭلار! مەن خاننى ئەكىلىمەن!» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

ئەرتۇۋىل قىلىچنى يالىڭاچلاپ بوراقخاننىڭ قېشىغا يېقىن كەلدى ۋە نۆكەرلىرىگە: «بوراقخاننى باغلاڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. ئۇنىڭ مال دۇنيالىرىنى ئولجا قىلىپ قايتتى. بۇخارا تەرەپتىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى. چاڭ ـ توزانلار ئارىسىدىن يېشىل بايراق كۆتۈرگەن، 17 — 18 ياشلىق 1000غا يېقىن يىگىت چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بوز ئاتقا مىنگەن، 12 ياشلاردىكى قىزىل كىيىم، كۆرپە تۇماق كىيگەن بىر ياش بالا بار ئىدى.

ئۇ مىرزا جاھانگىر ئىدى. بوراقخان دەرھال:

— ھەي كۆز نۇرۇم، كەلگىن، بىزگە رەھىم قىل! — دەپ ۋارقىرىدى.

مىرزا جاھانگىر تاغىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئات يۈگۈرتۈپ يېتىپ كەلدى.

ئەرتىۋىل بۆلاتنى كۆرۈپ، بوراقخانغا قىلىچ سالدى. بوراقخان ئۆزىنى يەرگە ئاتتى. ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى ئاتنىڭ قارنىغا چېتىپ باغلىغانىدى. چۈنكى ئۇ ئاتتا ئولتۇرالمايتتى. شۇڭا ئالدىراشچىلىقتا ئۆزىنى يەرگە ئاتقاندا، پۇتى ئاجرىماي ساڭگىلاپ قالدى. ئەرتىۋىل باتۇر ئىككىنچى قېتىم قىلىچ سىلىشى قا تەمشىلىۋىدى، مىرزا جاھانگىر ئىشنىڭ يامىنىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئوقياسىنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئەرتىۋىل- نىڭ كۆكسىنى نىشانلاپ ئوق ئۇردى. ئوق ئەرتىۋىلنىڭ كۆكسىگە تەگدى. ئۇنىڭ جېنى چىقتى. مىرزا جاھانگىر دەرھال يېتىپ كېلىپ خاننى ئېگەرنىڭ ئۈستىگە مىندۈرۈپ قويدى، چېتتە سى- پاھىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى ۋە خاننى ئېلىپ قوشۇنغا قايتىپ كەلدى.

ساھىبقىران كېلىپ بۇ ئىشلارنى كۆردى ـ دە، ئوغلىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى. (ئەسلى بوراقخان ئەمىر تېمۈرنىڭ سۆزىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىغا ئاشۇ بالا كەل- گەنىدى). «بوراقخان ئەرتىۋىلنىڭ قولىدا ئۆلۈپتۇ» دېگەن دەھ- شەتلىك خەۋەر ھەر ئىككىلا قوشۇندىكىلەرگە ئاڭلاندى. قوشۇن شىپىدە غوۋغا كۆتۈرۈلدى.

قىپچاقلارنىڭ نايمان قەبىلىسىدىن جوجىك بېك دېگەن بىرى مەيدانغا چىقىپ، ساھىبقىراننىڭ بايرىقى تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ئاناق پىيادە ھالدا ئۇيياققا ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرمەكتە ئىدى. ئەمىر جالايىر قاتاغىن قەبىلىسى بىلەن بىللە جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. ئەمىر مۇئىد ئارلات قەبىلىسى بىلەن ئۇرۇشقا چۈشۈشكە ئىنتىلدى. چاڭ ـ توزانلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، قۇياشنىڭ يۈزى توسۇلۇپ قالدى، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق باستى. ئادەملەر بىرى ـ بىرىنى كۆرەلمەيتتى. ساھىبقىران بوراقخان بى- لەن بىرگە جەڭگە كىردى. بەزىلەر بوراقخاننى كۆردى، كۆرمى-

گەنلەر خاننىڭ سالامەت بارلىقىغا ئىشىنىشمىدى. كېيىن بوراقچاننى پىلغا مىندۈرۈشتى. شۇنداقلا ئۇنى ھەممەيلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە ئىشىنىشتى.

شۇ كۈنى شۇنداق قاتتىق جەڭ بولدىكى، قانلار جىلغىلاردا دەريا بولۇپ ئاقتى. كاللا سويماسلىرى تەن پىلەكلىرىدىن ئۈزۈلۈۋەردى. يوقلۇق دېھقىنى ئۇلارنى پالاكەت ھارۋىسىغا سېلىۋەردى...

شۇ كۈنى ئاناق ئۈچ يېرىگە ئوق تېگىپ يارىدار بولدى. ساھىبقىران ئۇنى مىرزا جاھانگىرنىڭ ئىتىغا ئارتىپ بەردى. ئىككى چىتتە ئەمىر تېمۇرنىڭ ئىككى يېنىدىن كېلىپ ئوق ئاتتى. خېلىل ئىبقىم ھاۋاغا سەكرىگەنىدى، بىرىنىڭ ئوقى بىرىگە تېگىپ ئىككىلىسى ئۆلدى. ساھىبقىران ئاتتىن ئاغدۇرۇلۇپ چۈشتى. مىرزا جاھانگىر دەرھال يېتىپ كېلىپ ئەمىر تېمۇرنى ئاتقا مىندۈردى.

ئۇ كۈنى قۇياشنى مەغرىب دېڭىزىنىڭ لەھەڭگى يۇتتى. كۈندۈز شۇڭقارىنى تۈن قاغىسى قوغلاپ كەتتى. ئاندىن ئىككى پادىشاھ لەشكىرى بىلەن ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ ئورۇنلىرىدىن قارار ئالدى. كەچ كىرگەندە ئەمىر تېمۇر خاننىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، كېچىچە ئۇخلىماي لەشكەرلەرنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈردى. بىر چاغدا ئەمىر تېمۇر ھاجەتكە ئولتۇرغانىدى، ئاتىنىڭ چۇلۋۇرى قولىدىن چىقىپ كەتتى ـ دە، قىپچاقلار تەرەپكە قاراپ قاچتى. ساھىبقىران ئاتنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئەمىر تېمۇر ئات چىتتە قوشۇنلىرىغا يېقىن بېرىۋالغۇچە تۇتاي دەپ قانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ تۇتالمىدى.

چىتتە قوشۇنلىرى ئېچىدىكى بۆرە باتۇر قېچىپ كېلىۋاتقان شۇ ئاتنى تۇتۇۋالدى. يەنە بىرىنىڭ كۆزى ساھىبقىرانغا چۈشتى. ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن قورشاپ كېلىپ ئەمىر تېمۇرنىمۇ تۇتۇۋالدى. تۇتىمىغدىن گەپ سورىغانىدى، ئۇ كېكەچ بولۇۋېلىپ ئاۋاز چىقار ـ

ەندي. ساھىبقىران ئەرەب چىراي ئىدى. بۆرە باتۇر ئۇنى توق تېمۇرخاننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. خان بەگلىرى بىلەن كېڭەشىپ ئولتۇراتتى. بۆرە باتۇر كىلىپ:

— چاغاتاي قوشۇنىدىن بىر كىشىنى تۇتۇۋالدۇق، — دەپ مەلۇم قىلدى. خان ئۇنى ئەكىلىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار ئەمىر تېمۇرنى ئەكىلىشتى. توق تېمۇرخان گەپ سورىغاندى، ئەمىر تېمۇر گاچىغا ئوخشاش بىرەر ئۇنچە كالدىرلىدى. خان ئۇنىڭ تىلىغا چۈشىنەلمەي: «باغلاپ قويۇڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. ئۇلار ئەمىر تېمۇرنى باغلاپ، بىر ئادەمگە تاپشۇردى. بىر ئاردىن كېيىن ھېلىقى ئادەم ئۇخلاپ قالدى. ئەمىر تېمۇر باغلاقنى يېشىپ بوشاندى-دە، ئاستا بېرىپ ئۇنىڭ خەنجىرىنى ئېلىپ سىرتقا چىقتى ۋە چېتىتە قوشۇنلىرىدىن يىراقلاشتى. ئۇ يولدا كېلىۋاتاتتى، ئالدىدا قارا كىيىملىك بىرى كۆرۈندى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ گەپ سوراپ بېقىۋىدى، قارا كىيىملىك ئادەم جاۋاب بەرمىدى. ئەمىر تېمۇر: «خەنجەر بىلەن پارىلاپ تاشلاي» دەپ تەمشىلىۋىدى، ئۇ يىغلاشقا چۈشتى. ئەمىر تېمۇر:

— ئۆلۈمدىنمۇ قورقىسەن، ئەمما نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ — دېدى.

— قورقۇپ يىغلاۋاتقىنىم يوق، — دېدى قارا كىيىملىك، — مەشۇقۇمنىڭ دىدارىغا يېتەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن يىغلايمەن!

— مەشۇقۇڭ كىم ئىدى؟

قارا كىيىملىك شۇنداق جاۋاب بەردى:

بۇ كېچە كۆزۈم يورۇتقاي مېھرى ئالەم تابىدەك،
كىم تېنىمدە ھەر زامان تىترەر كۆڭۈل سىماپتەك.

ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ ئايال كىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى-دە، ئۇنى ئاشۇرۇپ تۇرۇپ گەپكە سالدى:

— ئىسىمىم، — دېدى ئۇ ئايال، — تۇمان ئاپا. ئۆزۈم توق تېمۇر خاننىڭ قىزى بولىمەن. تېرمىز ئۇرۇشىدا ئەمىر تېمۇرگە كۆڭلۈمنى بەرگەنىدىم، ماڭا ئوخشاش ھەيرەتتە قالغان ئاشىق بىچارىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگەن بولساڭ، ھەرقانداق خىزمىتىڭ بولسا بېشىم بىلەن قىلاتتىم.

يول باشلا ماڭا رەھبەر ئۇ خانىمغە يەتكۈزگىن،
مەن خىزمەتكار ئۇنىڭغا، مېنىڭ سۇلتانىمغە يەتكۈزگىن.
ئاققان بۇ كۆزۈمدىن ياشلارغا رەھىم ئەتسەڭ،
بارلىقىمنى كۆرۈپ مېنىڭ بۇ جانانىمغا يەتكۈزگىن.
تېرمىزدە ئۇنى كۆردۈم ۋە كۆڭلۈمنى بەردىم چوقۇم،
مېنىڭ بۇ چىن سۆزۈمنى مېنىڭ خاقانىمغە يەتكۈزگىن.
ئىسيان تۈنىدىن ئالغىن مېنى ئىسلام كۈنىگە،
كاپىرلار ئارا قويما مۇسۇلمانىمغە يەتكۈزگىن.

تۇمان ئاپا بۇ غەزەلنى ئوقۇپ شۇنداق يىغلارچەكتىكى، ئەمىر تېمۇرمۇ يىغلاپ تاشلىدى ۋە نېمىدېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. كېيىن ئاشىق-مەشۇقلار بىر-بىرى بىلەن تونۇشتى. ئاندىن تۇمان ئاپا:

— مېنىڭ چېدىرىم قىزىل. ئەتە چاغاتاي سىپاھلىرى بىر-بىرلەپ بىزنىڭ چېدىرىمىزغا كەلگەندە، چېدىر ئىچىدىكى تۇغ-ئەلەملەرنى تاۋاپ قىلىدۇ. مەن ئۇلارنى چېدىرغا يوشۇرىمەن. سىزمۇ كېلىڭ، يېرىم كېچە بولغاندا كاناي چالساڭلار ئاتامنىڭ قوشۇنلىرى جەزمەن پاراسىنە بولۇپ قاچىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىۋىدى، ساھىبقىران ماقۇل بولدى.

تۇمان ئاپا ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ ئىچىدە قالدى. ئەمىر تېمۇرمۇ ئۆز قوشۇنىغا قايتىپ كەلدى. قوشۇندىكىلەر ئەمىر تېمۇرنى يو-

قىتىپ قويۇپ ھەر تەرەپنى ناھايىتى كۆپ ئىزدەشكەن بولسىمۇ تاپالمىغانىدى. تاڭ سۈبھىدە ھەممىسى ئەمىر تېمۇرنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇشتى. ئەمىر تېمۇر يولداشلىرىغا ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. ھەممىسى ماقۇل بولۇشتى. شۇئان ئاتلىمىش باتۇر، ئۈچ باتۇر ۋە غىياس باتۇر، ئوسمان باتۇر، مىرزا جاھانگىر قاتارلىق 60 كىشى ئاشۇ ئىش ئۈچۈن بەل باغلاشتى.

باتۇرلار ئارسلاندەك بولۇپ تەييارلاندى. بۇلارغا ساھىبقىران، مىرزا جاھانگىر باش بولدى ۋە پىلاننى خانغا مەلۇم قىلىشتى. رۇخسەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ پۇرسەت كۈتتى. كەچ كىرىپ، تۈن ئەمرى بېشىغا قارا لېچەك ئارتتى، يۇلتۇز لەشكەرلىرى ئاسمان مەيدانىنى ئىگىلەشتى. شۇ چاغ ساھىبقىران تۇمان ئاپا تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. ھەممىدىن ئىلگىرى ساھىبقىران كېلىپ قىزىل ئەلەمنى تاۋاپ قىلىپ تۇراتتى، بىر خىزمەتچى كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ چېدىر ئىچىگە — تۇمان ئاپىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. ئارقىدىنلا مىرزا جاھانگىر كەلدى. ئەمىر تېمۇر تۇمان ئاپىغا: «بۇ مېنىڭ ئوغلۇم» دەپ تونۇشتۇردى. شۇنداق قىلىپ 60 كىشىنىڭ ھەممىسى چېدىر ئىچىگە كىرگۈزۈۋېلىشتى. تۇمان ئاپا باشقا چېدىرغا يۆتكەلدى.

ئەمىر تېمۇر كېلىشتىن بۇرۇن ئۆز قوشۇنلىرىغا: «ھوشيار تۇرۇڭلار! بىز تەرەپتىن كاناي ئاۋازى چىقىشى بىلەن تەڭلا، سىلەرمۇ كاناي چېلىپ ئات سېلىڭلار!» دەپ بۇيرۇغانىدى.

تۈن تەڭ بولغاندا 60 كىشى چېدىرنىڭ ئىچىدە كاناي چېلىپ، شاۋقۇن سېلىشقا باشلىدى. توق تېمۇرخاننىڭ قوشۇنىدىكىلەر بىردىن چۆچۈپ ئويغىنىشتى، شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئەتراپلىرىدىنمۇ كاناي ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى. چىنتە قوشۇنلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىگە قورقۇنچ چۈشتى ۋە ئۇلار ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. چاغاتاي سىپاھىلىرى چىنتە لەشكەرلىرىگە شۇنداق

قىرغىنچىلىق سالدىكى، ئۆلۈكلەر خامان بولۇپ، دۆۋىلىنىپ كېتىشتى. باشلار سايىنىڭ تېشىدەك يېتىشتى. بەزىلىرىنىڭ قولى ۋە بەزىلىرىنىڭ بېلى سۇنغانىدى. باتۇرلار غەيرەت بىلەن ئۇرۇشتى. ئادەملەرنىڭ باشلىرىدا گويا قىيامەت قايىم بولدى.

توق تىمۇرخان ھەيران بولۇپ، يېرىم كېچىدە سەمەرقەنت قەلئەسىگە قېچىپ كىرىۋالدى. بۆرە باتۇر ئەمىر تىمۇرنىڭ قولىدا ئۆلدى. ساھىبقىران بىلەن بوراقخان سەمەرقەنت قورغىنىنى قورشاپ تۆت ئايغىچە توق تىمۇرخاننى ئۇرغۇن لەشكەر بىلەن ماراپ ـ بېقىپ ياتتى.

شۇ چاغلاردا خوجا مەھمۇد تاشكەنت خوجا ئەھرارنىڭ دادىسى ئىدى. ئۇ دۆلەتلىك ۋە شەۋكەتلىك باي كىشى ئىدى. ئۇنىڭ 40 قۇلى بار ئىدى. ئۇ قۇللىرىنى بۇيرۇپ شەھەرنىڭ ئىچى تەرىپىدىن سىرتىغا بىر لەخمە كولاتتى. ئاندىن بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ، بىر قۇلدىن ساھىبقىرانغا چىقاردى. بۇ چاغدا ئەمىر تىمۇر بوراقخاننىڭ چېدىرىدىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ چېدىرى تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. ھېلىقى قۇل مەكتۇپنى شۇ يەردىلا ئەمىر تىمۇرگە تاپشۇردى. ئەمىر تىمۇر مەكتۇپنى كۆرگەندىن كېيىن بوراقخاننىڭ قېشىغا ياندى. قۇلنى بوراقخاننىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى. ئەھۋالنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئاندىن خوجىغا جاۋاب يازدى ۋە مەنسەپ بېرىشنى ۋەدە قىلىپ، جاۋابنى قۇلدىن ماڭدۇردى. قۇل جاۋابنى ناھايىتى مەخپىي ئېلىپ ماڭغانىدى. ئۇ قۇل توق تىمۇر خاننىڭ ئادەملىرىنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقىدىن گۇمانلاندى ـ دە، ئۇنى تۇتۇۋېلىشتى. ئۇنى قانچە ئاختۇرۇشقان بولسىمۇ ھېچنەرسە تېپىشالمىدى. ئۇ قۇل مەكتۇپنى مومغا ئوراپ ئاغزىغا سېلىۋالغانىدى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ چۈشكۈرگۈسى كېلىپ بىر چۈشكۈرۈۋىدى، ئاغزىدىن موم چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار ئاختۇرۇپ مەكتۇپنى تېپىۋالدى. خان غەزەپلىنىپ:

— خوجىنىڭ مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلىپ، ئۆزىنى زىندانغا سېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. لېكىن كولىغان لەخمىنىڭ ئاغزىنى تاپالمىدى. خوجىنى قىيىن - قىستاق قىلىپ سورىغانىدى، «بىلمەيمەن!» دەپ ئىنكار قىلدى.

خوجىنىڭ قۇللىرىدىن بىرى ئاستاغىنا قورغان سىرتىغا چىقىپ ئەمىر تېمۈرنىڭ قېشىغا كەلدى - دە، بولغان ھادىسىلەردىن خەۋەر بەردى. ئەمىر تېمۈر قولنى بوراقخانىنىڭ قېشىغا ئەكىلىپ كۆرۈشتۈردى ۋە بۇ ئىشقا تەدبىر سورىدى. خان:

— بىر بالا بولغان بولسا ئۇ يەرگە بېرىپ، خوجىدىن لەخمىنىڭ يولىنى سوراپ كەلسە ئوبدان بولاتتى، — دېدى.

شۇ چاغ مىرزا جاھانگىر قولنى كۆكسىگە قويۇپ، خانغا تەزىم قىلغان ھالدا بۇ ۋەزىپىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇشنى سورىدى. خان ۋە ئەمىر تېمۈر قانچە تونۇپ كۆرگەن بولسىمۇ ئۇنىمىدى. ئۇلار ئىلاجىسىز رۇخسەت بەردى.

مىرزا جاھانگىر دەرھال ئاتلىنىپ سەمەرقەنتكە يەتتى ۋە باتۇرلۇق بىلەن توق تېمۈرخاننىڭ ئالدىغا كىلىپ:

— مەن كىچىك ئىدىم. ئاتام ئۆلەر ۋاقتىدا دەپە - دۇنيالىرىنى خوجا مەھمۇدقا تاپشۇرغانىكەن. ئۇ: «بالام ھازىر كىچىك، بالاغەتكە يەتكەندە قولىغا يەتكۈزىسىلەر!» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىكەن. ھازىر يېشىم 14 كە كىردى. ئەگەر سىز ئادالەتپەرۋەر بولسىڭىز، مېنى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرسىڭىز، پۇل - مېلىمنى تېپىۋالسام، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

خان ئادالەت يۈزىسىدىن نۆكەرلىرىگە:

— بۇ بالىنى خوجىنىڭ قېشىغا ئاپىرىڭلار! — دېدى.

ئۇنى خوجىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىشتى. خوجا بالىنى تونۇمىدى. مىرزا:

— پالانى لەقەملىك كىشىنىڭ ئوغلى بولىمەن. ئاتامنىڭ

مال دۇنياسى نەدە؟ ئالتۇنلارنى قەيەرگە كۆمگەنىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

خوجا مەھمۇد ئۇنىڭ بەلگىلىك گەپلىرىدىن بىر سىرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى ۋە لەخمە توغرىسىدا ئىشارەت قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

— ئاتاڭنىڭ مال - دۇنياسى قورغاننىڭ شەرقىي تەرىپىدە «گۆر ئاشقان» دېگەن يەردە، شۇ يەردىن تېپىۋال! — دەپ جاۋاب بەردى خوجا.

مىرزا جاھانگىر ئاشۇ يەردە لەخمىنىڭ بارلىقىنى پەملىۋالدى ۋە توق تېمۇر خاننىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ:

— سىزنىڭ ئادالىتىڭىز بىلەن، ئامانەت قولۇمغا تەگدى، — دېدى - دە، خانغا دۇئا قىلدى.

شۇ كېچىسى مىرزا جاھانگىر ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ۋەقەنى بايان قىلدى. ساھىبقىران 40 كىشى بىلەن بىر چوڭ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەلدى. ئۇلار مىرزا جاھانگىرنىڭ چارىسىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى. خوجا ئېيتقان يەرنى تېپىپ، قورغاننىڭ تېگىدىن بىرئاز كولىغانىدى، لەخمىنىڭ ئاغزىنى تاپتى.

چاغاتاي لەشكەرلىرى بىر - بىرلەپ كونا گۆرنىستانلىققا يىغىلىشتى. تۈن يېرىمىدا ھەممىسى شاۋقۇن سېلىپ، كاناي چېلىشتى ۋە قورغان ئىچىگە كىرىشتى.

شۇ كېچىسى سەمەرقەنت ئىچىدە غوۋغا كۆتۈرۈلدى. توق تېمۇرخاننىڭ قالدۇق لەشكەرلىرى ھودۇقۇپ تىرىپىرەن بولۇشتى. توق تېمۇرخان ئۆزى يەتتە ئادىمى بىلەن بىر ئۆيگە قامىلىپ قالدى. توختامىشخان ئوردىنىڭ بۇرجىكىدىن ئارتىلىپ قاچماقچى بولغىنىدا ساھىبقىرانغا ئۇچراپ قالدى. ئۇ ئەمىر تېمۇرگە كۆپ ياخشىلىق قىلغانلىقتىن، ئەمىر تېمۇر ئۇنى ھۆرمەتلەپ قويۇپ بەرمەكچى بولدى. شۇئان توختامىشخان:

— ئەمىر تېمۇر، ئەگەر مەرد بولساڭ ئاخىرىغىچە مەردلىك — ياخشىلىق قىلغىن. مەن سېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغانىدىم. ئەمدى ئاتامغىمۇ نىجاتلىق بەرگىن، — دەپ تەلەپ قىلدى.

— ماقۇل، ئاتاڭنى ئەپۇ قىلاي، — دېدى ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭغا، — لېكىن سىيىت ئاتىنى قويۇپ بەرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى شۇنچە ئىشلار شۇنىڭ سەۋەبى بىلەن بولدى ئەمەسمۇ؟

— كاپىرلارنى ئەپۇ قىلىپ، نېمىشقا مۇسۇلماننى ئەپۇ قىلمايسەن؟ ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ، ئۆزبېك مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە ناھايىتى چوڭ غوۋغا كۆتۈرۈلىدۇ. شۇڭا سىيىت ئاتىنى ئۆلتۈرگىچە، مېنى ئۆلتۈر! — دېدى توختامىش خان.

— ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ سۆزىنى قىيالماي، ھەممىنى ئەپۇ قىلىپ قويۇۋەتتى ۋە توختامىش خاندىن مۇندىن كېيىن بۇ مەملىكەتلەرگە تاجاۋۇز قىلماسلىققا ۋەدە ئېلىپ، تون - سەرپاي كىيدۈردى.

بۇ سۆزنى بوراقخان ئاڭلاپ، «ئەمىر تېمۇر ئۇلارنى مېنىڭ رۇخسىتىمسىز قويۇپ بېرىپتۇ» دەپ كۆڭلىگە ئالدى - دە، غەزىپى قايناپ توق تېمۇرخان باشلىق يەتتە كىشىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. بۇ چاغدا ساھىبقىران شەھەر ئىچىدە ئىدى. ئۇ بوراقخاننىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ خاننىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىغا بارغاندا توختامىش خاننىڭ بوينى ئارغامچا بىلەن باغلانغانىدى.

ئەمىر تېمۇر دەرھال ئارغامچىنى كېسىپ توختامىش خاننىڭ پۇت - قوللىرىنى يەشتى. ئۆزى بوراقخاننىڭ قېشىغا كەلدى. خان ئەمىر تېمۇرگە زەردە بىلەن:

— نېمىشقا مېنىڭ ھۆكمىمنى قايتۇردىسەن؟ مەن ئۇلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە قەسەم قىلغانمەن! — دېگەنىدى، ئەمىر تېمۇر:

— ئۇلار ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرگىن! — دېدى. خان تېخىمۇ غەزەپلىنىپ: «بۇ ئاقساقنى تۇتۇڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. (ئەمىر تېمۇرنىڭ پۇتى جەڭدە زەخىملىنىپ، بىرئاز ئاقساق بولۇپ قالغانىدى.)

شۇئان بەگلەر غۇلغۇلا قىلىشىپ:

— ئەمىر تېمۇر سەن ئۈچۈن جاپا چېكىپ، ساڭا كۆپ ياخشىلىق قىلدى. بۇنىڭ ساڭا ھېچقانداق يامانلىقى يوق! — دېيىشكىنىچە، بوراقخاننىڭ بۇيرۇقىغا پىسەنت قىلىشمىدى. (ئەگەردە ئەمىر ساھىبقىران شۇ چاغدا «بوراقخاننى ئۆلتۈرۈڭلار!» دەپ بۇيرۇغان بولسا، نەچچەيلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە تەييار ئىدى.)

ئۆلىمالار: «خاننىڭ ھۆكمى لەت بولۇپ قالمىسۇن» دەپ، توختامىشخان باشلىق يەتتە ئەسىردىن بىر ئاز قان چىقىرىپ قويۇشتى، ئاندىن شاھانە كىيىم - كېچەكلەرنى كىيدۈرۈپ، سوۋغاتلارنى بېرىپ قىپچاق دەشتىگە قايتۇردى. بوراقخان ھېچنەرسە دېيەلمىدى. لېكىن ئەمىر تېمۇرگە نىسبەتەن كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ قالدى.

شۇندىن كېيىن خوجا مەھمۇدنى مۇسۇلمانلارغا رەئىس (شەيخۇلئىسلام) قىلىپ بەلگىلىدى. پۈتۈن ماۋرائۇننەھىر دائىرىسى — تاشكەنت، خوجەنت، قوقەنت، مەرغىلان، ئەنجان، قەشقەر ۋە تۈركىستان، چېتتىلەرنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدى. چىغىتاي ئېلىنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى ئۆز جايلىرىغا قايتىشتى. بوراقخان 22 يىلدىن بېرى سەمەرقەنت، بۇخارادا ئاتىسىنىڭ تەخت مىراسلىقىدىن ئايرىلغانىدى. بۇ جايلاردا تۇرالماي بەلخكە قېچىپ بېرىپ، ھىندوۋان قەلئەسىگە (ھازىر بۇ قەلئەنى «خەيرى تاھىرەك قەلئەسى» دەپ ئاتايدۇ.) مۆككەنىدى. كېيىن ئۇ يەرگە بىر شەھەر ياساپ پايتەخت قىلدى.

ئەمىر تېمۇر سەبىز شەھىرىگە قايتىپ، سەلتەنەت ئورنىدا ئولتۇردى. شۇ يىلى بوراقخان: «خەلقتىن سېلىق يىغايلى!» دېگەنىدى. ساھىبقىران ئۇنىماي: «بۇ يىل ئۇرۇش كۆپ بولۇپ پۇقرا نامراتلاشتى. شۇڭا سېلىقنى كۆتۈرۈۋېتەيلى» دېدى. خان ئۇنىمىدى. ئاخىرى ساھىبقىران ئۆزىنىڭ يىلقىلىرىدىن بىر قىس-

مىنى ۋە يەنە بىر بۆلەك ئالتۇنلارنى قوشۇپ خانىمچەنىڭ ھەققىدىكە ھېساب قىلىپ، ئەلىنىڭ سىلىقى ئۈچۈن خانغا ماڭدۇردى. پۇقرالاردىن ھېچنەرسە ئالمىدى. ئادەملەر ئەمىر تېمۇردىن رازى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جان تىكىشكە قەسەمياد قىلىشتى. بوراقخان سىڭلىسىنىڭ ئالتۇن - كۆمۈشلىرىنى بىلەلمەي ھەممىنى خەزىنىگە سالدۇردى.

## ناسىر خىسراۋنىڭ ئوغلى مەنسۇرنىڭ قەشقەردە پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغانلىقى، مىرزا جاھانگىر ئىبنى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلغانلىقى

رىۋايەتچىلەر شۇنداق دېگەنكى: ئەمىر تېمۇر ساھىبقىران ماۋرائۇننەھرگە ۋالىي بولۇپ، ئادالەت ئاۋازىنى جاھانغا ياڭراتتى. سودا - تىجارەتچىلەرنىڭ، كارۋانلارنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى، ئۇلار شەھەردىن - شەھەرگە تىنچ - ئامان بارالايدىغان بولدى.

قەشقەردىن بىرقانچە سودىگەرلەر كېلىپ ئەمىر تېمۇرگە:

— بىزنىڭ يۇرتىمىزدا بىر كىشى پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى قىلىۋاتىدۇ. جاھالەت تۈپەيلى بەزىلەر ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈشتى. ئۇ ئۈچ كۈن ھاۋادا تۇرۇپ ئادەملەرنى ئۆزىگە دەۋەت قىلىپ غايىب بولدى. كېيىن بىر تاغنىڭ ئۈستىدە خەلقنىڭ كۆزىگە كۆرۈندى. كىمنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئويلار بولسا، دەرھال ئۇنىڭغا مەلۇم بولىدىكەن. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلغان كىشى ئۆزىنى ئۆلتۈرىدىكەن، — دەپ خەۋەر بېرىشتى.

دېيىشلەرچە، تارىخ ھىجرىيە 785 - يىلى ئەمىر تېمۇر ناسىر خىسراۋنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر ئوغلى قېچىپ

ھىندىستانغا بېرىپ كەشمىر بىراخمانلىرىدىن ئىلىم - سېھىر ئۆگەنگەن. كېيىن قەشقەرگە كەلگەن ۋە ئۇ جايلاردا پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى قىلىپ «مەن مەھدى بولىمەن. ئىسمىم مۇھەممەد بولىدۇ. ئەمىر تېمۇر بولسا دەججالدۇر» دېگەن.

بەزى ئۆلىمالار ئۇنىڭغا: «مەھدى پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى قىلمايدۇ» دېسە، بىرقانچىلىغان جوھۇتلار ئۇنىڭ ھېلىقى سۆزىگە گۇۋاھلىق بېرىپ «پەيغەمبەرلىكى راست» دېيىشىپ بەرگەن. كۆپلىگەن جوھۇتلار ئۇنىڭ دىنىغا كىرىشكەن. ئۇلار قۇرئاننى رەت قىلىشقان. كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان.

ئەمىر تېمۇر بۇ ئىشلارنى «ساختا بىر ھەرىكەت» دەپ چۈشەندى ۋە يەنە: «ئەگەردە بۇ ئىش ئۈچۈن بارسام، بۇ يەردىكى رەقىبلىرىم قوزغىلىدۇ، بارمىسام بۇ جادۇگەرنىڭ سېھىرگەرلىكى ئەلنى بۇلغايدۇ» دەپ ئويلاندى. ئاخىرى 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا مىرزا جاھانگىر تۆرىنى باش قىلىپ، كۆپ نەسىھەت بىلەن بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ماڭدۇردى. ئۇ ئوغلىغا:

— ئەي كۆز نۇرۇم، ئۆز ئىشىڭغا پۇختا بولۇپ، بىلىپ ئىش قىلغىن! — دەپ جېكىلىدى.

مىرزا جاھانگىر تۆرە سەپەر قىلىپ قەشقەرگە يېقىن كەلدى.

مەنسۇرنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا: «مىرزا جاھانگىر تۆرە كېلىۋېتىپتۇ» دەپ خەۋەر قىلىشتى. مەنسۇر: «ئۇنى جەڭ قىلماسلىقتا دەۋەت قىلاي» دېگەن خىيالغا كەلدى - دە، مىرزا جاھانگىرنى ئۆزىنىڭ خانىقاسىغا تەكلىپ قىلىپ كىشى ئەۋەتتى. مىرزا جاھانگىر يېتىپ كەلگەندە، مەنسۇر ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكى ئويلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، تۆرە ھەيران قالدى. مەنسۇر شۇنداق يېقىملىق مەرىپەت قىلدىكى، تۆرە ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇدەك ھالغا يەتتى. لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتى.

— ھەي مەنسۇر، — دېدى مىرزا جاھانگىر تۆرە، — سىنىڭ مۆجىزەڭ قايسى؟ ماڭا كۆرسەتكىن!

— ئەمسە ماڭا گۆر كولاتقىن، — دېدى مەنسۇر، — ئاندىن مەن مۆجىزە كۆرسىتىمەن.

مىرزا جاھانگىر گۆر كولاتقۇزدى. مەنسۇر ئۇنىڭ ئىچىگە تىرىكلا كىرىپ كەتتى. سىرتتىكىلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت يېقىشتى. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قەبرىنىڭ ئۈچ تەرىپىدىن چاك كۆتۈرۈلۈپ مەشرىق تەرەپكە سۇرۇلدى. يەنە بىر تەرىپىدىن چاك كۆتۈرۈلۈپ مەغرىب تەرەپكە سۇرۇلدى. ئاندىن گۆر يېرىلىپ، مەنسۇر قەبرىنىڭ ئۈستىگە چىقتى. مىرزا جاھانگىر ئۆردىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنى زەنجىرلەر بىلەن باغلاشتى. لېكىن زەنجىر دەرھال پارچە - پارچە بولۇپ چۈشتى. ئۇنىڭغا قىلىچ سىلىتۋىدى، قىلىچ سالغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە يېنىپ تەگدى. شۇئان مەنسۇر:

— ھەي ئەمىر تىمۇرنىڭ ئوغلى، مەن مەھدى بولىمەن. ئاتاڭ دەججالدۇر. سەن ماڭا ئىمان ئېيتقىن، ئەگەر ئىمان ئېيتمىساڭ، لەشكەرلىرىڭ بىلەن ئوتتا كۆيدۈرىمەن - دە، يوق بولىسەن! — دەپ تەھدىت سالدى.

مىرزا جاھانگىر ئۇنىڭدىن يەتتە كۈنلۈك ۋاقىت سورىدى. مىرزا جاھانگىرنىڭ يولداشلىرى:

— ئەگەر پەيغەمبەر بولمىغان بولسا، بۇنداق مۆجىزىلەرنى كۆرسىتەلمىگەن بولاتتى. قەشقەر خەلقىنىڭ كۆپلىرى ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈپتۇ، — دەپ دەرگۇمان بولۇشتى.

مەنسۇر نامازنى 50 ۋاقىتقا، روزىنى ئالتە ئايغا توختاتقان بولۇپ، كىمكى تەرك قىلسا دەرھال ئۆلەتتى. مەنسۇر: «ئۇ ماڭا ئىمان كەلتۈرسۇن» دەپ مىرزا جاھانگىرغا ئادەم ئەۋەتىپ تۇردى. مىرزا جاھانگىر تۆرە زادىلا قوبۇل قىلمىدى.

مەنسۇر بىلەن تۆرە ئاخىرى جەڭ قىلىشقا يۈزلەندى.

ئەتىسى ئىككىلا تەرەپتىن لەشكەرلەرنى سەپ تۈزۈشتى. مەنسۇر:

— ماڭا غايىبتىن قوشۇن كېلىدۇ، — دەپ لاپ ئۇردى.

مىرزا جاھانگىر سىپاھىلىرىنى ئاق كىيىم كىيىشكە بۇيرۇدى ۋە جەڭ مەيدانىغا «ئاللا!» دەپ جەھرى سالغىنىچە كىرىپ كەلدى. جارچىلارمۇ: «ئىسلام ئەھلى ئۈچۈن جەڭ قىلىش ۋاقتى كەلدى!» دەپ خەۋەر قىلىشاتتى. مىرزا جاھانگىر تۆگىگە مىنىپ كەلدى ـ دە، مەنسۇرنىڭ يېنىدىكى تۇغ كۆتۈرگەنگە قىلىچ سالدى. ئۇ تۇغنى تاشلىدى ـ دە، دوزاخقا قاراپ يول ئالدى. يەنە بىرى كېلىپ تۇغنى تۇتقانىدى، ئۇنىمۇ يوقلۇق يۇرتىغا ماڭدۇردى. يەنە بىرى كېلىپ تۇغقا ئېسىلماقچى بولۇۋىدى، ئۇنىمۇ قىلىچ بىلەن ئۇردى. شۇ كۈنى مىرزا جاھانگىر تۆرە 70 كىشىنى دوزاخقا ماڭدۇردى. لېكىن ئاخىرقى بىر تۇغ كۆتۈرگۈچىنى ھەر قانچە قىلىپمۇ يىقىتالمىدى. بۇ جەڭدە مىرزا جاھانگىر تۆرىنىڭ يەتتە يېرىگە زەخىم يەتتى. مەنسۇر ئۇنىڭ جۈرئىتىگە ھەيران قالدى.

مەنسۇر سۈلھى قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ ئوت يېقىپ پاخال، ئارپا، بۇغداي ۋە ھاكازالارنى قوينىڭ گۆشى بىلەن قاينىتىپ، يەنە ئۇنىڭغا كۆپ تاماقلارنى قوشۇپ، نامە بىلەن مىرزا جاھانگىرنىڭ قېشىغا ماڭدۇردى. نامىدە: «ئەي ئەمىر تېمۇرنىڭ ئوغلى. بىز كەرەملەردىن بولىمىز. سىلەر بىزنى ئۆلتۈرگەن بولساڭلارمۇ، بىز يەنە سىلەرنى ھۆرمەتلەپ مېھمان قىلىمىز. سىلەر ئەلۋەتتە رەت قىلمىساڭلار» دېيىلگەنىدى.

مىرزا جاھانگىر «ئالماي، قايتۇرۇۋېتەي» دەپ ئويلىغانىدى، ئۇنىڭ يولداشلىرى:

— بىزنى سىپاھ دەيدۇ. نېمىشقا قايتۇرۇۋېتىمىز؟ — دېيىشكىنىچە تائاملارنى تەقسىملىشىپ يېيىشتى. ئارپا بىلەن ئوتلارنى ئاتلىرىغا بېرىشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ تائاملارنى يېگەنلەرنىڭ بەدىنى قىچىشىپ، قوتۇر بولۇشتى. قاشلانغانلا يېرىدىن قان ئاقتى.

ئارپا، ئوتلارنى يېگەن ئاتلارنىڭ تېزىكىدىن مۈشتەك-مۈشتەك يوغان چىۋىنلار پەيدا بولدى. ئۇلار چاقىقان ھەرقانداق يەردىن قان ئاقاتتى. ئاتلار چىدىيالماي ئارغامچىلىرىنى ئۈزۈپ قېچىشتى. تۆرىنىڭ ئادەملىرى ھەرقانچە قىلىپمۇ چىدىيالمىدى. نائىلاج يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ سەپەرگە ئاتلاندى. ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن ئالدى تەرەپتە ئوت يالقۇنى كۆرۈندى.

ھەممەيلەن قورقۇشۇپ تۇرۇپلا قالدى. مىرزا جاھانگىر تۆرە يالغۇز ئۆزى مېڭىۋەردى. ئوت مىرزىغا قارشى كېلىپ غايىب بولدى. مىرزا جاھانگىر تۆرە ھەيران بولۇپ ئارقىسىغا قايتقانىدى، يەنە ئوت كۆرۈندى. ئالدىغا قاراپ مېڭىۋىدى، ئوت يەنە غايىب بولدى. ئۈچىنچى نۆۋەتتە مىرزا ھەمراھلىرى بىلەن ئوتنىڭ ئالدىغا باردى. ئوت يوق بولۇپ، بىر قەلەندەر پەيدا بولدى. مىرزا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ھال-ئەھۋال سورىدى. مىرزا بولغان ۋەقەلەرنى قەلەندەرگە سۆزلەپ بەردى. قەلەندەر:

— مېنى مەۋلانا سەئىدىن دېيىشىدۇ. قەشقەر ئېلىدىن بولىمەن. ساھىب ھىدايىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولىمەن. مەنسۇر ماڭا ئۆز دىنىنى دەۋەت قىلغانىدى، مەن ئىنكار قىلدىم. ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلدى. شۇڭا قېچىپ بۇ يەرگە كېلىشىۋىدىم، ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام پەيدا بولۇپ: «سەۋر قىلغىن، چاغاتاي ئېلىدىن كىشىلەر كېلىپ ساڭا مەدەت بولىدۇ. بېرىپ ئۇ ھارامزادىنىڭ ساختا ئىشلىرىنى يوق قىلغىن» دەپ يول كۆرسەتتى. مەن خىزىرغە: «ئۇلار كەلگۈچە ماڭا مەنسۇرنىڭ سېھىرگەرلىكىنىڭ زىيىنى يەتمىسۇن» دېدىم. كېيىن ئۇ زات ماڭا ئىسمى ئەزەمنى ئۆگەتتى. «بۇنى بىر كىشىدىن باشقىسىغا ئېيتما!» دەپ كېتىپ قالدى. شۇ ئايەتنى قاچانلا ئوقۇسام 70 مىڭ پەرىشتە پەيدا بولىدۇ. ئاشۇ بىر پەيدا بولۇپ، بىر غايىب بولغان ئوت مالائىكىلەرنىڭ نۇرىدۇر، — دەپ سىرنى بايان قىلدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى مىرزا جاھانگىر قەلەندەردىن. مەۋلانا سەئىدىن:

— قايتىڭلار! مەن سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىن بارىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— لەشكەرلىرىمىز بىتاپ بولۇشتى، — دېگەنىدى، مەۋلانە:

— بۇ يەردە بىر قۇدۇق بار. شۇنىڭ سۈيىدىن ئىچىڭلار، — دەپ كۆرسەتتى. قوتۇر بولغانلار ۋە ئات ئۇلاغلار ھېلىقى قۇدۇق سۈيىنى ئىچىشكەنىدى، ھېلىقى ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ساقايدى.

مىرزا جاھانگىر مەۋلانا سەئىدىنىڭ سۆزى بويىچە، مەنسۇر بىلەن جەڭ قىلىشقا قاراپ ماڭدى. بۇ خەۋەر مەنسۇرغا ئاڭلاندى.

ئىككى قوشۇن قارشى سەپ تۈزۈشتى. مەنسۇرنىڭ ئۆزى مەيدانغا چۈشتى. مىرزا جاھانگىر تەرەپتىن شىر بەھرام مەيدانغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشتى، شىر بەھرام ياردار بولدى. شۇندىمۇ يەنە چېكىنمەي ئېلىشتى، ئاخىر ئۇ ھالاك بولدى. مەنسۇر: «ھەي ئادەملەر! مېنىڭ مۆجىزەمنى كۆردۈڭلار! نېمىشقا ماڭا ئىمان كەلتەرمەيسىلەر؟» دەپ توۋلايتتى.

شۇ چاغ چاڭ-توزانلار كۆتۈرۈلدى. چاڭ ئارىسىدىن مەۋلانە سەئىدىن چىقىپ كەلدى. مىرزا جاھانگىر تۆرە بېرىپ ئۇ كىشىنىڭ خىزمىتىدە بولدى. مەۋلانە ئاتتىن چۈشمەيلا جەڭگە كىردى. مەنسۇر: «ئوق ئاتاي» دەپ تۇراتتى، مەۋلانە دەرھال ئۇنىڭ قولىدىن يايىنى ئېلىۋېلىپ يەرگە تاشلىدى. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بۇلارنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلدى. مىرزا جاھانگىر دەرھال ئاتقا مىنىپ، مەنسۇر دېگەن شۇمنى قورشاپ باغلىدى. ئۇ يەتتە قېتىم باغلانغان بولسىمۇ، ھەر قېتىمدا باغلاقلىرى پارچە-پارچە بولۇپ ئۈزۈلۈپ كەتتى. ھەممەيلەن ھەيرانلىق بارمىقىنى چىشلىشىپ ھېچ ئىلاج قىلالماي تۇرۇپ قېلىشتى. شۇ چاغ بۇلارنىڭ قېشىغا يۈزىگە پەردە تارتىلغان بىر ئاتلىق كىشى يېتىپ كەلدى.

ئۇنىڭ ئېتى ۋە ساۋۇت-ئەسلىھەلىرى قارا ئىدى. ئاتنىڭ تېنى قانلىق ئىدى. مىرزا جاھانگىر ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە نىيەت قىلىۋىدى، ئۇ:

— مېنى ئۆلتۈرمە! ساڭا ياخشىلىق قىلىمەن، مەن ئايال كىشى، — دېدى.

ئۇ مەنسۇر شۇمنىڭ قىزى ئىدى. مىرزا جاھانگىرنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن مەست بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ:

— مېنىڭ ئاتامنى ئۆلتۈرمەكچى بولساڭ، مېنىڭ بېشىمدىكى چاچتىن بىر تال ئېلىپ باغلا! — دەپ يول كۆرسەتتى. مىرزا قىزنىڭ چېچىدىن بىر تال ئېلىپ مەنسۇرنى باغلىدى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرىغا زەربە بەردى. شۇنداق قىرغىنچىلىق بولدىكى، كۆپلىرى ئۆلۈشتى. تىرىك قالغانلىرى ھەر تەرەپكە قېچىشتى. ئۇلار بەتبەخت مەنسۇرنى تاغنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ پەسكە تاشلىدى، ئەمما ئۇ ئۆلمىدى. ھەر قانچە قىلىپمۇ بۇ شۇمنى ھالاك قىلالمىدى. ئاخىرى مەۋلانە سەئىددىن:

— بۇنىڭ سىرىنى ئۇنىڭ قىزىدىن سورايلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى. مىرزا جاھانگىر قىزدىن سورىغانىدى، قىز:

— شەرتىم بار، سەن مېنى خوتۇنلۇققا ئالساڭ، بۇ سىرنى دەپ بېرىمەن! — دەپ تۇرۇۋالدى. مىرزا ماقۇل بولغاندىن كېيىن، قىز:

— كۆك يۈزلۈك، ئەرگە تەگمىگەن قىزنىڭ ھەيز قېنىدىن تېپىپ، قىلىچنىڭ بىسىغا سۈرتۈپ، ئاندىن ئۇنىڭغا سالسا ئۆلىدۇ، — دېدى. مىرزىنىڭ ئادەملىرى ھەرقانچە ئاختۇرۇپمۇ كۆك يۈزلۈك قىزنى تاپالمىدى. پەقەت مەنسۇرنىڭ قىزىنىڭ يۈزى كۆكۈش ئىدى. دەرھال ئۇنىڭ ھەيزىدىن ئېلىپ قىلىچقا سۈرتۈپ چېپىۋىدى، مەنسۇر ئۆلدى. مەنسۇر دېگەن شۇم

ھايات ۋاقتىدا «كىم مېنى ئۆلتۈرسە، ئالتە ئايدىن كېيىن ئۆزىمۇ ھالاك بولىدۇ!» دېگەنىدى.

مەنسۇر ئۆلگەندىن كېيىن، مىرزا جاھانگىر ئۇنىڭ قىزىنى ئالدى. بىر كېچە خىلۋەت ئۆيدە ئۇنىڭ گۈل غۇنچىسىنى ئۈزدى. لېكىن ئۇنىڭ ئاغزى سېسىق ئىدى، مىرزا چىدىيالمىدى. ئەتىسى ئۇنى بىھوش قىلىپ ساندۇققا سالدى ـ دە، دەرياغا تاشلىۋەتتى. شۇ بىر كېچە ئۇنىڭ بويىدا قالغانىدى. ساندۇق دەريادا ئېقىپ قالماقلارنىڭ قولىغا كېلىپ چۈشتى. قالماقلار ساندۇقنى سۈزۈپ، قىزنى پەرۋىش قىلىشتى. ئۇنىڭدىن سۇلتان مۇھەممەد تۆرە تۇغۇلغانىدى. (قالماقلار ئۇنى «كۆپكىن بېك» دېيىشەتتى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىمۇ بۇ كىتابنىڭ كېيىنكى بابلىرىدا سۆزلىنىدۇ.)

مىرزا جاھانگىر مەۋلانا سەئىدنى ئېلىپ بۇخاراغا يۈزلەندى. مەۋلانە سەئىدنىن نەقشبەند پىرىمگە مۇرىت بولۇپ، خىزمىتىدە بولدى. مىرزا جاھانگىر سەمەرقەنتكە ـــ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەمىر تېمۇر ساھىپقىران نۇرانىسىنى سالامەت كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى.

**مىرزا جاھانگىرنىڭ بەلختە بارغانلىقى، مېھرىبان تاغىسى بۇراقخاننىڭ قولىدا شېھىت بولغانلىقى، ئەمىر تېمۇر ساھىبقىراننىڭ بۇراقخاننى ئۆلتۈرۈپ ھىندىستاننى مۇسەخخەر قىلغانلىقى**

شۇ چاغلاردا، سەمەرقەنتتە خوجا ئابدۇللانىڭ قىزى سىيكىنە بانۇ ئىلمىي نۇجۇمغا ناھايىتى ئۇستا بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ پال سېلىپ ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىنى سىرىنى بىلەلەيتتى.

بىر كۈنى، مىرزا جاھانگىر تۆرە بىلەن مىرزا ئۆمەر تۆرە

ئارپا، ئوتلارنى يېگەن ئاتلارنىڭ تېزىكىدىن مۈشتەك-مۈشتەك يوغان چىۋىنلار پەيدا بولدى. ئۇلار چاققان ھەرقانداق يەردىن قان ئاقاتتى. ئاتلار چىدىيالماي ئارغامچىلىرىنى ئۈزۈپ قېچىشتى. تۆرىنىڭ ئادەملىرى ھەرقانچە قىلىپمۇ چىدىيالمىدى. نائىلاج يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ سەپەرگە ئاتلاندى. ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن ئالدى تەرەپتە ئوت يالقۇنى كۆرۈندى. ھەممەيلەن قورقۇشۇپ تۇرۇپلا قالدى. مىرزا جاھانگىر تۆرە يالغۇز ئۆزى مېڭىۋەردى. ئوت مىرزىغا قارشى كېلىپ غايىب بولدى. مىرزا جاھانگىر تۆرە ھەيران بولۇپ ئارقىسىغا قايتقانىدى، يەنە ئوت كۆرۈندى. ئالدىغا قاراپ مېڭىۋىدى، ئوت يەنە غايىب بولدى. ئۈچىنچى نۆۋەتتە مىرزا ھەمراھلىرى بىلەن ئوتنىڭ ئالدىغا باردى. ئوت يوق بولۇپ، بىر قەلەندەر پەيدا بولدى. مىرزا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ھال-ئەھۋال سورىدى. مىرزا بولغان ۋەقەلەرنى قەلەندەرگە سۆزلەپ بەردى. قەلەندەر:

— مېنى مەۋلانا سەئىدىن دېيىشىدۇ. قەشقەر ئېلىدىن بولىمەن. ساھىب ھىدايىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولىمەن. مەنسۇر ماڭا ئۆز دىنىنى دەۋەت قىلغانىدى، مەن ئىنكار قىلدىم. ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلدى. شۇڭا قېچىپ بۇ يەرگە كېلىۋىدىم، ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام پەيدا بولۇپ: «سەۋر قىلغىن، چاغاتاي ئېلىدىن كىشىلەر كېلىپ ساڭا مەدەت بولىدۇ. بېرىپ ئۇ ھارامزادىنىڭ ساختا ئىشلىرىنى يوق قىلغىن» دەپ يول كۆرسەتتى. مەن خىزىرغە: «ئۇلار كەلگۈچە ماڭا مەنسۇرنىڭ سېھىرگەرلىكىنىڭ زىيىنى يەتمىسۇن» دېدىم. كېيىن ئۇ زات ماڭا ئىسمى ئەزەمنى ئۆگەتتى. «بۇنى بىر كىشىدىن باشقىسىغا ئېيتما!» دەپ كېتىپ قالدى. شۇ ئايەتنى قاچانكى ئوقۇسام 70 مىڭ پەرىشتە پەيدا بولىدۇ. ئاشۇ بىر پەيدا بولۇپ، بىر غايىب بولغان ئوت مالائىكىلەرنىڭ نۇرىدۇر، — دەپ سۆزىنى بايان قىلدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى مىرزا جاھانگىر قەلەندەردىن. مەۋلانا سەئىدىن:

— قايتىڭلار! مەن سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىن بارىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— لەشكەرلىرىمىز بىتاپ بولۇشتى، — دېگەنىدى، مەۋلانە:

— بۇ يەردە بىر قۇدۇق بار. شۇنىڭ سۈيىدىن ئىچىڭلار، — دەپ كۆرسەتتى. قوتۇر بولغانلار ۋە ئات ئۇلاغلار ھېلىقى قۇدۇق سۈيىنى ئىچىشكەنىدى، ھېلىقى ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ساقايدى.

مىرزا جاھانگىر مەۋلانا سەئىدىنىڭ سۆزى بويىچە، مەنسۇر بىلەن جەڭ قىلىشقا قاراپ ماڭدى. بۇ خەۋەر مەنسۇرغا ئاڭلاندى.

ئىككى قوشۇن قارشى سەپ تۈزۈشتى. مەنسۇرنىڭ ئۆزى مەيدانغا چۈشتى. مىرزا جاھانگىر تەرەپتىن شىر بەھرام مەيدانغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشتى، شىر بەھرام يارىدار بولدى. شۇندىمۇ يەنە چېكىنمەي ئېلىشتى، ئاخىر ئۇ ھالاك بولدى. مەنسۇر: «ھەي ئادەملەر! مېنىڭ مۆجىزەمنى كۆردۈڭلار! نېمىشقا ماڭا ئىمان كەلتۈرمەيسىلەر؟» دەپ توۋلايتتى.

شۇ چاغ چاڭ - توزانلار كۆتۈرۈلدى. چاڭ ئارىسىدىن مەۋلانە سەئىدىن چىقىپ كەلدى. مىرزا جاھانگىر تۆرە بېرىپ ئۇ كىشىنىڭ خىزمىتىدە بولدى. مەۋلانە ئاتتىن چۈشمەيلا جەڭگە كىردى. مەنسۇر: «ئوق ئاتاي» دەپ تۇراتتى، مەۋلانە دەرھال ئۇنىڭ قولىدىن يانى ئېلىۋېلىپ يەرگە تاشلىدى. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بۇلارنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلدى. مىرزا جاھانگىر دەرھال ئاتقا مىنىپ، مەنسۇر دېگەن شۇمنى قورشاپ باغلىدى. ئۇ يەتتە قېتىم باغلانغان بولسىمۇ، ھەر قېتىمدا باغلاقلىرى پارچە - پارچە بولۇپ ئۈزۈلۈپ كەتتى. ھەممەيلەن ھەيرانلىق بارمىقىنى چىشلىشىپ ھېچ ئىلاج قىلالماي تۇرۇپ قېلىشتى. شۇ چاغ بۇلارنىڭ قېشىغا يۈزىگە پەردە تارتىلغان بىر ئاتلىق كىشى يېتىپ كەلدى.

— ماڭا غايىبتىن قوشۇن كېلىدۇ، — دەپ لاپ ئۇردى.

مىرزا جاھانگىر سىپاھلىرىنى ئاق كىيىم كىيىشكە بۇيرۇدى ۋە جەڭ مەيدانىغا «ئاللا!» دەپ جەھرى سالغىنىچە كىرىپ كەلدى. جارچىلارمۇ: «ئىسلام ئەھلى ئۈچۈن جەڭ قىلىش ۋاقتى كەلدى!» دەپ خەۋەر قىلىشاتتى. مىرزا جاھانگىر تۆگىگە مىنىپ كەلدى - دە، مەنسۇرنىڭ يېنىدىكى تۇغ كۆتۈرگەنگە قىلىچ سالدى. ئۇ تۇغنى تاشلىدى - دە، دوزاخقا قاراپ يول ئالدى. يەنە بىرى كېلىپ تۇغنى تۇتقانىدى، ئۇنىمۇ يوقلۇق يۇرتىغا ماڭدۇردى. يەنە بىرى كېلىپ تۇغقا ئېسىلماقچى بولۇۋىدى، ئۇنىمۇ قىلىچ بىلەن ئۇردى. شۇ كۈنى مىرزا جاھانگىر تۆۋرە 70 كىشىنى دوزاخقا ماڭدۇردى. لېكىن ئاخىرقى بىر تۇغ كۆتۈرگۈچىنى ھەر-قانچە قىلىپمۇ يىقىتالمىدى. بۇ جەڭدە مىرزا جاھانگىر تۆرىنىڭ يەتتە يېرىگە زەخىم يەتتى. مەنسۇر ئۇنىڭ جۈرئىتىگە ھەيران قالدى.

مەنسۇر سۈلھى قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ ئوت يېقىپ پاخال، ئارپا، بۇغداي ۋە ھاكازالارنى قوينىڭ گۆشى بىلەن قاينىتىپ، يەنە ئۇنىڭغا كۆپ تاماقلارنى قوشۇپ، نامە بىلەن مىرزا جاھانگىرنىڭ قېشىغا ماڭدۇردى. نامىدە: «ئەي ئەمىر تىمۇرنىڭ ئوغلى. بىز كەرىملەردىن بولىمىز. سىلەر بىزنى ئۆلتۈرگەن بولساڭلارمۇ، بىز يەنە سىلەرنى ھۆرمەتلەپ مېھمان قىلىمىز. سىلەر ئەلۋەتتە رەت قىلمىساڭلار» دېيىلگەنىدى.

مىرزا جاھانگىر «ئالماي، قايتۇرۇۋېتەي» دەپ ئويلىغانىدى، ئۇنىڭ يولداشلىرى:

— بىزنى سىپاھ دەيدۇ. نېمىشقا قايتۇرۇۋېتىمىز؟ — دېيىشكىنىچە تائاملارنى تەقسىملىشىپ يېيىشتى. ئارپا بىلەن ئوتلارنى ئاتلىرىغا بېرىشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ تائاملارنى يېگەنلەرنىڭ بەدىنى قىچىشىپ، قوتۇر بولۇشتى. قاشلانغانلا يېرىدىن قان ئاقتى.

ئارپا، ئوتلارنى يېگەن ئاتلارنىڭ تېزىكىدىن مۇشتەك ـ مۇشتەك يوغان چىۋىنلار پەيدا بولدى. ئۇلار چاققان ھەرقانداق يەردىن قان ئاقاتتى. ئاتلار چىدىيالماي ئارغامچىلىرىنى ئۈزۈپ قېچىشتى. تۆرىنىڭ ئادەملىرى ھەرقانچە قىلسىمۇ چىدىيالمىدى. نائىلاج يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ سەپەرگە ئاتلاندى. ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن ئالدى تەرەپتە ئوت يالقۇنى كۆرۈندى. ھەممەيلەن قورقۇشۇپ تۇرۇپلا قالدى. مىرزا جاھانگىر تۆرە يالغۇز ئۆزى مېڭىۋەردى. ئوت مىرزىغا قارشى كېلىپ غايىب بولدى. مىرزا جاھانگىر تۆرە ھەيران بولۇپ ئارقىسىغا قايتقانىدى، يەنە ئوت كۆرۈندى. ئالدىغا قاراپ مېڭىۋىدى، ئوت يەنە غايىب بولدى. ئۈچىنچى نۆۋەتتە مىرزا ھەمراھلىرى بىلەن ئوتنىڭ ئالدىغا باردى. ئوت يوق بولۇپ، بىر قەلەندەر پەيدا بولدى. مىرزا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ھال ـ ئەھۋال سورىدى. مىرزا بولغان ۋەقەلەرنى قەلەندەرگە سۆزلەپ بەردى. قەلەندەر:

ــ مىنى ھەۋلانا سەئىدىن دېيىشىدۇ. قەشقەر ئېلىدىن بولىمەن. ساھىب ھىندايىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولىمەن. مەنسۇر ماڭا ئۆز دىنىنى دەۋەت قىلغانىدى، مەن ئىنكار قىلدىم. ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلدى. شۇڭا قېچىپ بۇ يەرگە كېلىشىۋىدىم. ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام پەيدا بولۇپ: «سەۋر قىلغىن، چاغاتاي ئېلىدىن كىشىلەر كېلىپ ساڭا مەدەت بولىدۇ. بېرىپ ئۇ ھارامزادىنىڭ ساختا ئىشلىرىنى يوق قىلغىن» دەپ يول كۆرسەتتى. مەن خىزىرگە: «ئۇلار كەلگۈچە ماڭا مەنسۇرنىڭ سېھىرگەرلىكىنىڭ زىيىنى يەتمىسۇن» دېدىم. كېيىن ئۇ زات ماڭا ئىسمى ئەزەمنى ئۆگەتتى. «بۇنى بىر كىشىدىن باشقىسىغا ئېيتما!» دەپ كېتىپ قالدى. شۇ ئايەتنى قاچانلا ئوقۇسام 70 مىڭ پەرىشتە پەيدا بولىدۇ. ئاشۇ بىر پەيدا بولۇپ، بىر غايىب بولغان ئوت مالائىكىلەرنىڭ نۇرىدۇر، ــ دەپ سىرنى بايان قىلدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى مىرزا جاھانگىر قەلەندەردىن. مەۋلانا سەئىددىن:

— قايتىڭلار! مەن سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىن بارىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— لەشكەرلىرىمىز بىتاپ بولۇشتى، — دېگەنىدى، مەۋلانە:

— بۇ يەردە بىر قۇدۇق بار. شۇنىڭ سۈيىدىن ئىچىڭلار، — دەپ كۆرسەتتى. قوتۇر بولغانلار ۋە ئات ئۇلاغلار ھېلىقى قۇدۇق سۈيىنى ئىچىشكەنىدى، ھېلىقى ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ساقايدى.

مىرزا جاھانگىر مەۋلانا سەئىددىننىڭ سۆزى بويىچە، مەنسۇر بىلەن جەڭ قىلىشقا قاراپ ماڭدى. بۇ خەۋەر مەنسۇرغا ئاڭلاندى.

ئىككى قوشۇن قارشى سەپ تۈزۈشتى. مەنسۇرنىڭ ئۆزى مەيدانغا چۈشتى. مىرزا جاھانگىر تەرەپتىن شىر بەھرام مەيدانغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشتى، شىر بەھرام ياردار بولدى. شۇندىمۇ يەنە چېكىنمەي ئېلىشتى، ئاخىر ئۇ ھالاك بولدى. مەنسۇر: «ھەي ئادەملەر! مېنىڭ مۆجىزەمنى كۆردۈڭلار! نېمىشقا ماڭا ئىمان كەلتۈرمەيسىلەر؟» دەپ توۋلايتتى.

شۇ چاغ چاڭ-توزانلار كۆتۈرۈلدى. چاڭ ئارىسىدىن مەۋلانە سەئىددىن چىقىپ كەلدى. مىرزا جاھانگىر تۆرە بېرىپ ئۇ كىشىنىڭ خىزمىتىدە بولدى. مەۋلانە ئاتتىن چۈشمەيلا جەڭگە كىردى. مەنسۇر: «ئوق ئاتاي» دەپ تۇراتتى، مەۋلانە دەرھال ئۇنىڭ قولىدىن يانى ئېلىۋېلىپ يەرگە تاشلىدى. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بۇلارنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلدى. مىرزا جاھانگىر دەرھال ئاتقا مىنىپ، مەنسۇر دېگەن شۇمنى قورشاپ باغلىدى. ئۇ يەتتە قېتىم باغلانغان بولسىمۇ، ھەر قېتىمدا باغلاقلىرى پارچە-پارچە بولۇپ ئۈزۈلۈپ كەتتى. ھەممەيلەن ھەيرانلىق بارمىقىنى چىشلىشىپ ھېچ ئىلاج قىلالماي تۇرۇپ قېلىشتى. شۇ چاغ بۇلارنىڭ قېشىغا يۈزىگە پەردە تارتىلغان بىر ئاتلىق كىشى يېتىپ كەلدى.

ئۇنىڭ ئېتى ۋە ساۋۇت - ئەسلىھەلىرى قارا ئىدى. ئاتنىڭ تېنى قانلىق ئىدى. مىرزا جاھانگىر ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە نىيەت قىلىۋىدى، ئۇ:

— مېنى ئۆلتۈرمە! ساڭا ياخشىلىق قىلىمەن، مەن ئايال كىشى، — دېدى.

ئۇ مەنسۇر شۇمنىڭ قىزى ئىدى. مىرزا جاھانگىرنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن مەست بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ:

— مېنىڭ ئاتامنى ئۆلتۈرمەكچى بولساڭ، مېنىڭ بېشىمدىكى چاچتىن بىر تال ئېلىپ باغلا! — دەپ يول كۆرسەتتى. مىرزا قىزنىڭ چېچىدىن بىر تال ئېلىپ مەنسۇرنى باغلىدى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرىغا زەربە بەردى. شۇنداق قىرغىنچىلىق بولدىكى، كۆپلىرى ئۆلۈشتى. تىرىك قالغانلىرى ھەر تەرەپكە قېچىشتى. ئۇلار بەتبەخت مەنسۇرنى تاغنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ پەسكە تاشلىدى، ئەمما ئۇ ئۆلمىدى. ھەر قانچە قىلىپمۇ بۇ شۇمنى ھالاك قىلالمىدى. ئاخىرى مەۋلانە سەئىددىن:

— بۇنىڭ سىرىنى ئۇنىڭ قىزىدىن سورايلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى. مىرزا جاھانگىر قىزدىن سورىغانىدى، قىز:

— شەرتىم بار، سەن مېنى خوتۇنلۇققا ئالساڭ، بۇ سىرنى دەپ بېرىمەن! — دەپ تۇرۇۋالدى. مىرزا ماقۇل بولغاندىن كېيىن، قىز:

— كۆك يۈزلۈك، ئەرگە تەگمىگەن قىزنىڭ ھەيز قېنىدىن تېپىپ، قىلىچنىڭ بىسىغا سۈرتۈپ، ئاندىن ئۇنىڭغا سالسا ئۆلىدۇ، — دېدى. مىرزىنىڭ ئادەملىرى ھەرقانچە ئاختۇرۇپمۇ كۆك يۈزلۈك قىزنى تاپالمىدى. پەقەت مەنسۇرنىڭ قىزىنىڭ يۈزى كۆكۈش ئىدى. دەرھال ئۇنىڭ ھەيزىدىن ئېلىپ قىلىچقا سۈرتۈپ چېپىۋىدى، مەنسۇر ئۆلدى. مەنسۇر دېگەن شۇم

ھايات ۋاقتىدا «كىم مېنى ئۆلتۈرسە، ئالتە ئايدىن كېيىن ئۆزىمۇ ھالاك بولىدۇ!» دېگەنىدى.

مەنسۇر ئۆلگەندىن كېيىن، مىرزا جاھانگىر ئۇنىڭ قىزىنى ئالدى. بىر كېچە خىلۋەت ئۆيدە ئۇنىڭ گۈل غۇنچىسىنى ئۈزدى. لېكىن ئۇنىڭ ئاغزى سېسىق ئىدى، مىرزا چىدىيالمىدى. ئەتىسى ئۇنى بىھوش قىلىپ ساندۇققا سالدى ـ دە، دەرياغا تاشلىۋەتتى. شۇ بىر كېچە ئۇنىڭ بويىدا قالغانىدى. ساندۇق دەريادا ئېقىپ قالماقلارنىڭ قولىغا كېلىپ چۈشتى. قالماقلار ساندۇقنى سۈزۈپ، قىزنى پەرۋىش قىلىشتى. ئۇنىڭدىن سۇلتان مۇھەممەد تۆرە تۇغۇلغانىدى. (قالماقلار ئۇنى «كۆپكىن بەگ» دېيىشەتتى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىمۇ بۇ كىتابنىڭ كېيىنكى بابلىرىدا سۆزلىنىدۇ.)

مىرزا جاھانگىر مەۋلانا سەئىدىنى ئېلىپ بۇخاراغا يۈزلەندى. مەۋلانە سەئىدىن نەقشبەند پىرىمگە مۇرىت بولۇپ، خىزمىتىدە بولدى. مىرزا جاھانگىر سەمەرقەنتكە ــ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەمىر تىمۇر ساھىپقىران نۇرانىسىنى سالامەت كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى.

**مىرزا جاھانگىرنىڭ بەلخقە بارغانلىقى، مېھرىبان تاغىسى بوراقخاننىڭ قولىدا شېھىت بولغانلىقى، ئەمىر تىمۇر ساھىپقىراننىڭ بوراقخاننى ئۆلتۈرۈپ ھىندىستاننى مۇسەخخەر قىلغانلىقى**

شۇ چاغلاردا، سەمەرقەنتتە خوجا ئابدۇللانىڭ قىزى سېكىنە بانۇ ئىلمىي نوجۇمغا ناھايىتى ئۇستا بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ پال سېلىپ ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆڭلىدىكى سىرلىنى بىلەلەيتتى.

بىر كۈنى، مىرزا جاھانگىر تۆرە بىلەن مىرزا ئۆمەر تۆرە

ئىككى ئاكا ـ ئۇكا بىللە ئاشىق رەمچىنى قىزنىڭ ئالدىغا بېرىشتى. ئۇ قىز بەكمۇ گۈزەل ئىدى. ئۇ كىرپىكى قاشى ئوقتەك چىلەزدەك، قېشى يېڭى چىققان ئايدەك، بويى تولىمۇ كېلىشكەن، كۆزى چولپاندەك بىر قىز ئىدى.

قىز ئالدىغا پەردە تارتقۇزۇپ، ئىككىيلەننى پەردىنىڭ سىرتىدا تۇرۇشقا بۇيرۇدى ـ دە:

— مۇددىئالىرىڭلارنى كۆڭلۈڭلەرگە ئېلىپ تۇرۇڭلار! — دەپ قويۇپ ئۆزى قۇرئىگە قارىدى. بىردەمدىن كېيىن:

— ھەر ئىككىڭلار بىرلا نەرسىگە ئىنتىلىسىلەر. لېكىن ھەر ئىككىڭلار بۇ مەقسەتكە تەڭلا يېتەلمەيسىلەر، — دەپ تەبىرىيە بەردى.

ئۇلار:

— بۇنى ئاشكارا دېگىن! — دەپ تۇرۇۋشۇۋالدى.

— ھەر ئىككىڭلار مېنى تەلەپ قىلىپ كېلىپسىلەر، — قىز شۇنداق دېدى ـ دە، ئولتۇرىدىكى پەردىنى كۆتۈردى. ئىككىلىسىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشتى ۋە ئۆزلىرىنى گويا پەرۋانىدەك ئۇنىڭ ھۆسنىگە ئورۇشقا تاسلا قالدى. ئىككىيلەن:

— قىزنى مەن ئالىمەن! — دەپ تالىشىپ قالدى. قىز مىرزا ئۆمەرنى خالىدى. مىرزا جاھانگىر مىرزا ئۆمەرنى يارىدار قىلىپ، قىزنى ئېلىپ قاچقىنىچە ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇقىغا كەلدى. مىرزا ئۆمەر كېلىپ بولغان ئەھۋالنى ئەمىر تېمۇرگە ئېيتىۋىدى، ئۇ مىرزا جاھانگىرنى چاقىرتىپ كېلىپ ئەدەبلىمەكچى بولدى.

مىرزا جاھانگىر:

— قىز مېنى خالىغانىدى، — دېدى. مىرزا ئۆمەر:

— ياق، مېنى خالىغان، — دەپ تالاشتى. ئاخىرى سېكىتنە بانۇنى ئېلىپ چىقىپ ئۆزىدىن سورىدى. قىز مىرزا ئۆمەرنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاندىن كېيىن ساھىبقىران

سىكىنە بانۇنى مىرزا ئۆمەرگە نىكاھلاپ ئېلىپ بەردى. مىرزا ئۆمەر قىزنىڭ غۇنچىلىرىنى ئېچىپ، قىزىل يوپۇرماقلىرىنى چېچىلىپ شادلاندى.

بۇ ئىشلاردىن خورلۇق ھېس قىلغان مىرزا جاھانگىر ئىنىسىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. سىكىنە بانۇ ئۇنىڭ يامان نىيىتىنى بىلىپ قالدى ـ دە، مىرزا ئۆمەرگە:

— بۇ كېچە مېنىڭ يېنىمدىن يىراق يات! تاڭ ئاتقاندا بېشىم ئۈستىگە يېزىپ خەت قويۇپ قويىمەن، ئۇنى ئېچىپ ئوقۇغىن! — دەپ ئۆگەتتى ـ دە، ئۇنى باشقا يەرگە ئەۋەتتى. شۇ كېچىسى مىرزا جاھانگىر مەخپىي ھالدا كېلىپ ئىنىسىنى ئاختۇرۇپ تاپالماي، بىچارە سىكىنە بانۇنى شېھىت قىلىۋېتىپ چىقىپ كەتتى. ئەتىسى مىرزا ئۆمەر كېلىپ خوتۇنىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆردى. ئۇنىڭ بېشىدا بىر پارچە خەت بار ئىدى. خەتنى ئوقۇپ كۆرۈۋىدى، «مېنىڭ قاتىلىم سېنىڭ ئاكاڭ» دېيىلگەنىدى. ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ساھىبقىران، مىرزا جاھانگىرنى تۇتۇپ ئەكەلدۈرۈپ بىر قانچە دەررە ئۇرغۇزدى ۋە زىندانغا سالدى. بۇ خەۋەرنى مىرزا جاھانگىرنىڭ خوتۇنى ئاڭلاپ، كېنىزەك سۈرىتىدە ياسىنىپ زىندانغا باردى ۋە بىر ئامال بىلەن مىرزىنى زىنداندىن ھەرەمگە ئەكەلدى. مىرزا جاھانگىر خوتۇنى بىلەن خەيرلىشىپ، يېرىم كېچىدە يالغۇز قېچىپ كەتتى. بۇ چاغدا بوراقخان ئەمىر تېمۇردىن ئاغرىنىپ بەلخقە كېتىپ شۇ يەرنى پايتەخت قىلىپ ياتقانىدى. ئەمىر تېمۇر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھېچنەرسە دېمىدى. لېكىن كۆڭلى بىر ئازغىنە بولدى، چۈنكى ئۇ بوراقخاننىڭ مېھرى ـ شەپقىتى يوق ئادەملىكىنى بىلەتتى.

بوراقخان مىرزا جاھانگىرنىڭ بەلخقە يېقىنلاشقانلىقىنى ئاڭلاپ، جىنىيەنىنىڭ ئالدىغا پۈتۈن بەگلىرى بىلەن كۈتۈۋالغىلى

چىقتى. ناھايىتى كۆپ ئىززەت ـ ھۆرمەت كۆرسەتتى. ئاندىن شەھەر ئىچىگە ئەكىردى.

شۇ چاغلاردا خوجام باھاۋىدىننىڭ مۇرىتلىرىدىن خوجا پارسا (خوجا ئابۇ نەسرىنىڭ دادىسى) بەلختە ئىدى. ئۇ كىشى بەلخ خەلقىنى نەقشىبەندىيە سەلسەلىگە دەۋەت قىلىپ سۈلۈك تەۋرىتىپ تۇراتتى. مىرزا جاھانگىر بېرىپ شۇ كىشىنىڭ خىزمىتىدە بولدى.

— نەچچە كۈنلەردىن كېيىن بوراقخان ناھايىتى كۆپ قوشۇن توپلاپ، خەزىنە شەھىرىگە — سۇلتان مەسئۇدنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى، سۇلتان مەسئۇد ۋە ئۇنىڭ بەگ، سىپاھىلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىرغىن قىلدى، خەزىنىنى خانىۋەيران قىلىۋەتتى. سۇلتان مەسئۇدنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ناھايىتى زېرەك، ئەقىللىق ئىدى. يۈزى قۇياشتەك نۇرلۇق، بەدەنلىرى كۈمۈشتەك، كۆزلىرى چولپاندەك، لەۋلىرى خېنىدەك، چىشلىرى مەرۋايىتتەك بولۇپ، ھۆردەك گۈزەل قىز ئىدى. شۇ قىزنى بىرقانچە چۆرە قىزلار بىلەن قوشۇپ كاجۇۋىغا سېلىپ، تۆگىگە يۈكلەپ خوجا مۇھەممەد پارسانىڭ ھويلىسىغا ئەكەلدى.

شۇ چاغلاردا خۇدانىڭ شىرى، يىگىتلەرنىڭ خوجىسى — خاقانى، روسۇل ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيئوغلى، تۆت يارنىڭ بىرى ئەسەدۇللايى غالىب ئەلى ئىبنى تالىپ كەررەمۇللا ھۇۋەجھەھۇ ھەزرەتنىڭ مۇبارەك قەبرىلىرىگە يېقىن يەردە بىر توقايلىق بار ئىدى. بۇ يەردىن بىر يولۋاس چىقىپ دائىم ھەزرىتى ئەلىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ، ھېچنەرسىگە زىيان سالماي قايتىپ كېتەتتى. ئەگەر كىمكى شۇ يولۋاسقا دەخلى قىلسا بەلخ شەھىرىگە ئاپەت پەيدا بولاتتى. بۇ ۋەقەلەرنى ھېلىقى قىزمۇ ئاڭلىغانىدى.

بوراقخان ھېلىقى قىزنىڭ ئەسىر بولۇپ كەلگەنلىكىنى

ئاڭلاپ: «مېنى ئەرلىككە قوبۇل قىلسۇن!» دەپ ئادەم ئەۋەتتى. مىرزا جاھانگىرمۇ ئاشۇ تەلەپ بىلەن ئادەم ئەۋەتتى. قىز: «ھەر ئىككىيلەن مېنى تەلەپ قىلغان بولسا، ھەزرىتى ئەلىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىدىغان چىپار يولۋاسنى تۇتۇپ تېرىسىنى ئەكەلسۇن. ئۇ مېنىڭ مېھرى ھەققىم بولسۇن. شۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان كىشىگە تېگىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. خوجا مۇھەممەد پارسا بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، شەرتىنى مۇنۇ غەزەل بىلەن ئىپادە قىلىپ ئەۋەتتى.

ئېتىم مەھمۇدەبىنت شاھى مەسئود،
بوۋام ئېتى يەنە سۇلتانى مەھمۇد.
ئاتا - بوۋىلىرىم ئىسلامنىڭ شاھى،
باشىدا ئەفسىرى زەررىن كولاھى.
مېنى بۇ يەرگە كەلتۈردى خۇدايىم،
سابا ئاچقان ئەمەس بەند قاباھىم.
چىچىمنى نىشان ئەيلەر بولسا ھەرگىس،
چىچىم سوداسىدىن يۈزۈمنى كۆرمەس.
ئەرلەر تۇتقان ئەمەس زۇلپۇم ھاسىنى،
كۆزۈمگە مەن چېكىپ سىر ھاياسىنى.
يەنە ئىسمەت بىلەن گۈلرەڭ ئىلكىم،
بۇ ئىشلارغا يېزىپ تەھرىر كۆلكەم.
بىلى ئاخىر روزگار ساپلا پەرۋەر،
بۇ يەرلەردە قىلىپ شەرمەندە مۇزەتتەر.
چېچىم بولدى ئۆزۈمنىڭ بوينۇمغا بەند،
ماڭا زىندان ئىرۇر بۇ شەھەر بىلەن كەنت.
پاناھ ئىستەپ كېلىپ بۇ يەرگە سىغىندىم،
ئىگەم تەڭرى تائالاغا سىغىندىم.
تۇرۇۋپمەن خوجىنىڭ مەنزىللىرىدە،

كۆڭۈللەر غەم يارىغىدىن دىر يەدە،
ماڭا تەلەپكار بولسا قىلسۇن سۆزۈمنى.
كىمەرسە ئۇنىڭغا تاپشۇرسام ئۆزۈمنى.

نامىنى خوجا مۇھەممەد پارسا بوراقخاننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. بۇ چاغدا مىرزا جاھانگىر خان بىلەن شاراب ئىچىپ ئولتۇرغانىدى. خوجىنى كۆرۈپ شارابلىرىنى يوشۇرۇشتى. خوجا پارساخانغا ۋەقەنى بايان قىلدى. خان 10 مىڭ كىشىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ (ھەممىسى تاپانچا بىلەن قوراللانغانىدى.) توقايغا باردى. يولۋاسنى مىلتىق بىلەن ئېتىشتى. يولۋاس قېچىپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئوندىن ئارتۇق يېرىگە ئوق تەگكەنىدى. مىلتىقلارنىڭ ئاۋازى بەلخ شەھىرىگىچە ئاڭلاندى. يولۋاس توقاينىڭ ئىچىگە كىرىپ غايىب بولدى. خان يولۋاسنى تۇتالماي ئوردىسىغا قايتتى. مىرزا جاھانگىر بۇنى ئاڭلاپ، قورال - ياراقلىرىنى ئېلىپ، توقايغا يۈرۈپ كەتتى؛ (ئۇ قوشۇن بىلەن بېرىپ، باشقىلارنىڭ قېشىغا سەۋەبچى بولماي دەپ ئۆزى يالغۇز چىققانىدى.) ئۇ توقايغا كىرىپ، يېشىل كىيىملىك نۇرانە بىر كىشىنىڭ يولۋاسنىڭ ماڭلىيىنى سىلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ كىشى:

— ھەي يىگىت، ئۆمرۈڭنى زايە قىلما! كىمدە كىم بۇنى ئۆلتۈرسە پالاكەتكە دۇچار بولىدۇ، ئوغلۇم، بۇ جاي، ئۇلۇغلارنىڭ جايى. بىئەدەبلىك قىلدىڭ، ئۆزۈڭگە ھازىر بول! — دەپ ئاگاھلاندۇردى. مىرزا جاھانگىر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۆزىدە بىر خىل قورقۇنچ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى - دە، ئۆيىگە قايتتى.

رىۋايەتچىلەر بوراقخان بىلەن مىرزا جاھانگىر بىئەدەبلىك قىلغىنى ئۈچۈن ئىككى ئايغا قالماي ھالاك بولدى، دېيىشىدىكەن. مىرزا جاھانگىر توقايدىن قايتىپ كېلىپ كىشىلەرگە: «ئۇزاتىنىڭ سالاپىتىدىن ئەيمىنىپ ‹كىم بولىسىز؟› دەپمۇ سورويالمىدىم» دېگەنىكەن

قىيسىنى داۋام قىلالىلى: مەھمۇدە:

— خان بىلەن مىرزا كۆز ئالدىمدىن ئۆتسۇن، قايسىسىنى ياقتۇرسام، شۇنى كۈيەۋلىككە تاللىۋالاي، — دەپ تەلەپ قويىدى.

بوراقخان بىلەن مىرزا جاھانگىر ئۆزىنى ۋە مىنگەن ئاتلىرىنى ياساپ - جابدۇپ قىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. قىز مىرزىغا نەزەر سېلىۋىدى، ئۇ گۈزەللىكتە يۈزى رەنادەك، بويلىرى سەرۋە ياكى سەنۇبەردەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ قەددى - قامىتىنى كۆرۈپ ئۈستىدىن گۈللەرنى چاچتى. بۇنى كۆرۈپ بوراقخاننىڭ كۆڭلىگە ئاداۋەت چۈشتى. شۇ كۈنى بوراقخان بىرقانچە كىشىنى يوشۇرۇن قوراللاندۇرۇپ بىر يەرگە موكتۈردى. ئاندىن مېھمانخانىنى تەييارلاپ، مىرزا جاھانگىرنى مېھمانغا تەكلىپ قىلدى. مىرزا جاھانگىر تائام يەپ، شاراب ئىچىپ ئولتۇرغان چېغىدا ھېلىقى موكتۈرۈلگەن مۇلازىملار بىراقلا ھۇجۇم قىلىشتى. مىرزا جاھانگىر ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ بىرقانچىسىنى ئۆلتۈردى، بىرقانچىسىنى يارىدار قىلدى. ئەمما ئاخىرى قىلىچ زەربىدىن بىر قولى ئۈزۈلۈپ چۈشتى ۋە قانسىراپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى. مىرزا:

— ھەي زالىم تاغا، بۈگۈنغۇ مېنى ئۆلتۈردۈڭ، ئەتە ئاتامغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟ — دېۋىدى، غالجىرلاشقان بوراقخان خەنجەر ئۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. شۇ كېچىسى بەلخ ئىچىدە ۋەھىمە پەيدا بولۇپ كەتتى.

ئەتىسى خوجا پارسا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا بوراقخان مىرزا جاھانگىرنىڭ بېشىنى لېگەنگە قويۇپ ھاقارەت قىلىپ ئولتۇراتتى. خوجا پارسا:

— بۈگۈن سەن بۇ باشنى ھاقارەت قىلىسەن، سېنىڭ بېشىڭنىمۇ باشقىلار ھاقارەت قىلىدۇ، — دېدى. بۇ سۆزگە بوراقخاننىڭ ئاچچىقى كەلدىيۇ، ئەمما بىر نېمە دېيەلمىدى. خوجا پارسا ئۆيىگە كەتكەندىن كېيىن، بوراقخاننىڭ ھۇزۇرىدىكىلەر:

— نېمىشقا خوجا پارسانى ئۆلۈمگە بۇيرۇمىدىڭ؟ — دېيىشتى.

— خوجىنىڭ بېشىدا، — دېدى بوراقخان ئۇلارغا، — بىر ئەجدىھانى كۆردۈم. سۆزلىسەم دەم تارتقۇدەك.

خوجا پارسا شۇنىڭدىن كېيىن ئادەملەرگە: «ئەقلى بارلىكى كىشىلەر ئۆزىنى ياقىغا ئالسۇن» دېدى - دە، ئۆزىمۇ بۇخاراغا يېنىپ كېلىشۋالدى.

بوراقخان مىرزا جاھانگىرنىڭ بېشىنى قورغانىنىڭ ئاستىغا تاشلىۋەتتى.

رىۋايەتچىلەرنىڭ دېيىشىچە، بوراقخانىنىڭ خىزمىتىدە بىر ھىندى بار ئىدى، بوراقخانغا يېقىن ئىدى. خانغا قانچىلىك پۇل كېرەك بولسا شۇ تېپىپ بېرەتتى. كۆپ چاغلاردا بوراقخانىنىڭ ئوردىسىدا يۈرەتتى. ئۇ مىرزا جاھانگىرنى ھايات ۋاقتىدا تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. مىرزا جاھانگىرنىڭ جەسىتى تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن ئۇ يوشۇرۇنچە ئۆيىگە ئەكەتتى. خان بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ھىندىنى چاقىرتتى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن:

— مەن ئۆلۈكنى كۆيدۈرىمەن، سەن ئۇنى نېمىشقا ئەكەتتىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ، — دېدى ھىندى، — ئۇنىڭغا رەھمىم كەلدى، گۆرگە كۆمۈپ قوياي دەيمەن.

خان ئۆزىنىڭ دوستى بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچنېمە دېيەلمىدى. بىرئازدىن كېيىن ئۇنىڭغا:

— بېرىپ ئۆلۈكنى ئەكەل! — دەپ بۇيرۇدى.

ھىندى ئۆيىگە كەلدى. ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى. بىر ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ جەسىتىنى تاغارغا سېلىپ، يىغلاپ يۈرۈپ خانغا ئاپىرىپ بەردى. خان ئۇنى مىرزا جاھانگىرنىڭ ئۆلۈكى، دەپ كۆيدۈرۈۋەتتى. كېيىن بۇ جەسەتنىڭ مىرزا جاھانگىرنىڭ ئەمەسلىكىنى ئاڭلاپ، سىياسەت قىلغان ھالدا، غەزەپ بىلەن:

— مىرزىنىڭ ئۆلۈكىنى ئەكەل، كاۋاپ قىلىمەن! بولمىسا ساڭا قاتتىق ئازاب قىلىمەن! — دەپ پوپوزا قىلدى. ھىندى بىچارە ئۆيىگە كېلىپ ئىلاج تاپالماي، يەنە بىر ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ بېشىنى بىر ئورىغا كۆمۈپ، تەنىنى تاغارغا سېلىپ خاننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. خان ئۇنىمۇ كۆيدۈردى. كېيىن خان جەسەتنىڭ يالغان ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى، ھىندى بىچارىنى ئۇرا - ئۇرا، ھەقىقىي جەسەتنى تېپىپ كەلتۈرۈشكە ماڭدۇردى. شۇنداق قىلىپ ھىندى بىچارە ھەسرەت ئوتىدا كۆيۈپ، زار - زار يىغلاپ تۆتىنچى ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، تېنىنى تاغارغا سولاپ ئاپاردى.

شۇ كۈنى ئۇ بىچارە تۆتىنچى ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ بەردى ۋە خان ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتتى. بوراقخان ئىشىنىڭ يالغانلىقىنى ئاڭلاپ غەزىپى ئۆرلىگەن ھالدا، مىرزىنىڭ ئۆلۈكىنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ھىندى بىر ئاز ۋاقىت سورىدى. شۇ كېچىسى مىرزا جاھانگىرنىڭ ئۆلۈكىنى شەھەردىن ئاچىقىپ بىر يەرگە دەپنە قىلىپ، كىشى ئىزدەپ تاپالمىغۇدەك قىلىپ يوشۇردى. يېنىپ كېلىپ بىر مۇسۇلمان دوستىغا:

— مېنى بوراقخان ئۆلتۈرسە، پالانى جايغا كۆمگىن. مەن مۇسۇلمان بولدۇم، — دەپ ۋەسىيەت قىلدى. ئەتىسى خاننىڭ ئالدىغا باردى. خان ھىندىدىن مىرزىنىڭ جەسىتىنى سورىغانىدى، ھىندى ئېيتمىدى. ھەرقانچە ئاختۇرۇپمۇ مىرزىنىڭ جەسىتىنى تاپالمىدى. ھىندىغا تولىمۇ ئېغىر ئازابلارنى سالدى. ئاخىرى ئۇ قىيناق ئازابىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ھېلىقى دوستى ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ، ئۆزى كۆرسەتكەن يەرگە دەپنە قىلدى.

خوجا پارسا بۇخاراغا كېلىپ ساھىبقىرانغا ئوغلىنىڭ شېھىت بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئەمىر تېمۇر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەزەپكە كەلدى — دە، دەرھال لەشكەر يىغدۇردى. لەشكەر-

لەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ھېسابىنى بىلىش قىيىن ئىدى. لەشكەرلەر يۈرۈش باشلىدى. ئۆزبېك، تاجىك، قازاق، قىرغىز... قاتارلىق قەبىلە — مىللەتلەردىن تۈزۈلگەن بۇ قوشۇن قىزىل، يېشىل، ئاق تۇغ – ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن ھالدا ھەيۋەت بىلەن بىرنەچچە كۈنلەپ يول بېسىپ بەلخقە — بوراقخاننىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئەمىر تېمۇر قوشۇننى دەم ئالدۇرمايلا ئوردىغا باستۇرۇپ كىردى. قارشىلىق قىلغۇچىلارنى ئۆلتۈردى. ئاخىرى بوراقخانىمۇ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تەختىنى تاۋۇتقا تارتتى. بەلخ ۋىلايىتىنى ئىگىلەپ بولۇپ ھىندىستانغا قاراپ يۈرۈش قىلدى.

ئىران، ئىراقىستان ۋە ھىندىستانلاردا: «ئۆزبېكىستاندىن ئەمىر تېمۇر دېگەن ساھىبقىرانلىق دەۋاسىنى قىلىپ كۆتۈرۈلۈپ چىقىپتۇ» دېگەن غۇلغۇلا قوزغالدى. ئۇلارمۇ ئەسكەر توپلاشقا كىرىشتى.

ئەمىر تېمۇر قوشۇنلىرى بىلەن مەنزىللەرنى ئاتلاپ، يوللار كېزىپ بىر ئېگىز تاغنىڭ باغرىغا كېلىپ چۈشتى. قاراۋۇللاردىن بىر نەچچىسىنى تاغ ئۈستىگە — كۆزەتكە قويدى. ئۇلار بىر ئازدىن كېيىن قايتىپ چۈشۈپ ئەمىر تېمۇرگە:

— ئەي تەقسىر، تاغنىڭ ئارقىسىدا بىر غارنى كۆردۇق. غارنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە، غاردىن سىموم شامىلى چىقىپ، ھەممىنى ھالاك قىلىۋېتىدىكەن، ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەي باشقا چارە يوق ئىكەن، — دەپ مەلۇمات بەردى.

ئەمىر تېمۇر سۆزگە ئۇستا ئەمىر – ۋەزىرلەرنى يىغىپ مەسلىھەتلەشتى. ئاندىن 40 باتۇر — پالۋاننى تاللاپ غارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. شۇ زامات غاردىن ئىسسىق شامال چىقىپ بۇ يىگىتلەرنى ھالاك قىلدى. ئۇلاردىن بىرى مىڭ مۇشەققەتتە ئاران قۇتۇلۇپ، ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھۆكۈمالار:

— بۇ ئەجدىھا ئىكەن، — دېيىشتى. ساھىبقىرانمۇ بۇ سۆزگە

قوشۇلدى. ھۆكۈمالار ئىلىم - ھېكمەت بىلەن بىر قانچە مەرد -
باتۇرغا ساۋۇت كىيگۈزۈپ، غارغا ئەۋەتتى. ساھىبقىران ئەسكەر-
لەرنى ئېلىپ غارغا قاراپ ماڭدى. ھېكمەت ئەھلى ساناچىلاردا
سۈت ۋە شاراب ئېلىپ ماڭدى. بۇلارنى كۆرۈپ غار ئاغزىدىكى
تۆت نەپەر مولتانى سېھىر قىلىشقا كىرىشتى. بۇ تەرەپتىن يار-
غانلار ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ مېڭىۋەردى. بۇلار غار ئاغزىغا كې-
لىپلا مولتانلارنى تۇتتى. غارنىڭ ئاغزىغا ئىككى كۆلچەك كولاپ
بىرىگە سۈت، بىرىگە زەھەر تۆكتى. شۇ زامات غاردىن شاۋقۇن
سالغان ھالدا ئىت سۈرەتلىك، ئارسلان سۈرەتلىك ئەجدىھالار
چىقىپ سۈتنى، زەھەرنى ئىچىشتى ۋە مەست بولۇپ يىقىلىشتى.
ئاندىن كېيىن بىر ئەجدىھا چىقتى. ئۇنىڭ بويى چىنار دەرىخى-
دەك، يوغانلىقى مۇناردەك، ئىككى كۆزى مەشئەلدەك ئىدى. ئۇ
سۈتنى ئىچىپ قۇسۇۋەتتى. ئاندىن كېيىن زەھەرنى ئىچىپ مەست
ۋە ئەقىلسىز بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بويىدا تولىمۇ چىرايلىق، بې-
شى قىزىل، قۇيرۇقى يېشىل، دۈمبىسى بىلەن قارنى ئاق بىر كې-
چىك يىلان بار ئىدى. بۇ بارلىق ئەجدىھا ۋە يىلانلارنىڭ سۇل-
تانى ئىدى. ھېلىقى يىلان دەرھال كېلىپ ئەمىر ساھىبقىرانغا
سالام بەردى. ئاندىن كېيىن:

— ھەي ساھىبقىران، مەن يىلانلارنىڭ پادىشاھى بولىمەن.
سۇلايمان ئەلەيھىسسالام زامانىدىن تارتىپ بۇ غارنى ماكان قىل-
غانىدىم. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئاخىر زامان پەيغەمبىرى
مۇھەممەدنىڭ ئەۋلادىنىڭ قىزى سىيدەدىن تۇغۇلغان بىر ساھىب-
قىران بۇ يەرگە كېلىدۇ» دېگەنىدى. مانا، سىز كەلدىڭىز. بۇ
غاردىكى ئالتۇن سىزنىڭ نېسىۋىڭىزدۇر. تاپشۇرۇۋېلىڭ. مەنمۇ
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىدىن بولغايمەن، — دېگى-
نىچە كەلىمە تەيىبىنى تەكرارلاپ ئىمان كەلتۈردى. ئاندىن ئەج-
دىھالارنىڭ ھەممىسىنى باشلاپ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى.

— ساھىبقىران غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىۋىدى، يەتتە خۇمرانى كۆردى. ئۇلارغا لىققىدە ئالتۇن قاچىلانغانىدى. كېيىن ساھىبقىران خۇمرالارنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ ئالتۇننى ھەممەيلەنگە تەقسىم قىلىپ بەردى. تىللالارنىڭ ھەممىسىگە جەمشىدنىڭ تامغىسى ئۇرۇلغانىدى. لەشكەرلەر خۇشال بولۇپ تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈشتى. بىرقانچە كۈنلەردىن كېيىن «جالالى» چۆلىگە يېتىپ كېلىپ، چېدىر - بارگاھلىرىنى تىكىشتى. (خارەزىمنىڭ خېنى، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى سۇلتان جالالىدىن قوشۇن باشلاپ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغاندا، بىر قېتىملىق جەڭ مۇشۇ يەردە بولغان. شۇڭا بۇ جاي «جالالى» دەپ ئاتىلىپ قالغاندۇر) ئەمىر تېمۇر ئەۋەتكەن قاراۋۇللار كېلىپ:

— ساھىبقىران، ھىندى قوشۇنلىرى چېكەتكىلەردىنمۇ كۆپرەك، 100 مىڭ لەككە يەتسە كېرەك، ھىندىلارنىڭ شاھى مىلۇخان بىزگە قارشى سەپ تۈزۈش ئۈچۈن بۇ ياققا كەلدى. كېگدوخت دېگەن پالۋانمۇ 9000 باتۇر بىلەن كېلىپ ھىندى ئەسكەرلىرىگە قوشۇلدى، — دەپ مەلۇمات بەردى.

ساھىبقىران بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ سىپاھلارنى ھىندىلارغا تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇدى. شۇ كۈنى كەچ بولۇپ تاڭ ئاتقۇچە پالۋانلار جەڭنىڭ پىلانىنى مەسلىھەتلەشتى. ئەمىر تېمۇر بولسا بۇ كېچىنى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى.

سۈبھىدەمدە مەزىنلەر ئەزان ئېيتقاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇشتى. ئاپتاپ چىققاندىن كېيىن ئەمىر ساھىبقىران جارچىلارغا: «جەڭ دۇمبىقى چېلىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى.

كاپىرلار تەرەپتىنمۇ ناغرا - كانايلارنىڭ ئاۋازى كەلدى. بىردەمدىن كېيىن كېگدوخت ئۈچ پىلنى بىر - بىرىگە چېتىپ باغلاپ، ئۈستىگە تۆمۈردىن ياسالغان ھۇجرىدا ھەيۋەت بىلەن ئولتۇرغىنىچە مۇسۇلمانلار تەرەپكە كەلدى. ئۇ قوشۇنلارغا يېقىن كېلىپ تۈرك تىلىدا:

— ئەي تۈرك لەشكەرلىرى، بۇ يەرگە ئۆلگىلى كەلدىڭلارمۇ؟ سىلەرنى بۇ يەرگە كىم باشلاپ كەلدى؟ ياكى يولدىن ئادىشىپ كەلدىڭلارمۇ؟ ھەي بىچارىلەر! ھېلىھەم ھوشۇڭلارنىڭ بارىدا ئۆيلىرىڭلارنى تېپىۋېلىڭلار! بىھۇدە شەرمەندە بولماڭلار! ئىنزا تارتىپ قالىسىلەر، مۇنۇ پىللارنى كۆردۈڭلار. مېنى پالۋان كېڭدوخىت دەيدۇ. كىمدەكىم مەن بىلەن ئېلىشماقچى بولسا، راھىتىنى شامالغا ئۇچۇرۇۋېتىمەن. بەگلىرىڭلارنىڭ تەختى - بەختىنى يوق قىلىمەن. بۇ پىل 500 ياشقا كىرگەن، ئۇنداق - مۇنداق كەنتلىرىڭلارنى خارتۇمى بىلەن ئۇرۇپ خاراب قىلىۋېتىدۇ. سىلەر كۆزۈمگە بەك ئاجىز كۆرۈنىسىلەر. ئىلوخان پادىشاھىمىز: «مېھمانلارغا دېگىن، ئۇرۇشقا ئىختىيارى بولسا ئوبدانراق مەسلىھەتلەشسۇن. بولمىسا بىزگە ئىتائەت قىلىپ، شەھىرىمىزگە كىرىپ تاماشا قىلسۇن ۋە سوۋغاتلار ئالسۇن، ئاندىن ئۆز ئېلىگە قايتسۇن» دېگەنىدى، — دەپ لاپ ئۇردى.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىسلام لەشكەرلىرىدىن سائىدبېك باتۇرنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، غەيرىتى قوزغالدى - دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەمىر تېمۇرنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، چۇقان سالغىنىچە مەيدانغا يۈزلەندى. كېڭدوخىت بىر ئوق بىلەن سائىدبېك باتۇرنى شېھىت قىلدى. بۇنى كۆرگەن سائىدبېكنىڭ دادىسى ئەمىر بايىز ياقىسىنى يىرتىپ، ئۆزىگە 200 باتۇرنى ھەمراھ قىلىپ دەھشەتلىك ۋارقىراپ مەيدانغا چۈشتى. كېڭدوخىت بىردەمدىلا ھەممە باتۇرنى ھالاك قىلدى.

ئەمىر قارا باتۇر 100 نەپەر مەرد بىلەن ئۇنىڭغا بىراقلا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ بەتبەخت كاپىر بۇلارنى ھەم شېھىت قىلىۋەتتى. مۇسۇلمانلار ئۈچ كۈنگىچە كەينى - كەينىدىن ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ئۆلمەكتىن باشقا چارە تاپالمىدى. تۆتىنچى كۈنى ساھىبقىران غەيرەت - ھىممىتى جۇش ئۇرغان، مۇبارەك تۇغ - ئە-

لەشلىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا، 400 غەيرەتلىك بەگ، 400 شىجائەتلىك سىپاھگەر - پالۋاننىڭ ھەمراھلىقىدا، كۇپاو قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى. كاپىر كېكدوختىت ئاچچىقلىنىپ ئۇلارغا قاراپ تۇردى.

شاھرۇخ تۆرە باتۇرلارنى باشلاپ ئۇنىڭغا قارشى ئات سالدى. ھىندى كاپىرلىرىمۇ ئۆزىنى جەڭگە ئاتتى.

ئالەمنى قورال - ياراقلارنىڭ تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋازلىرى قاپلىدى. ئىككىلا تەرەپتە ئۆلۈكلەر توپ - توپ قاپ بولۇپ قېلىۋەردى. قارا ھارۋىكەشلىرى بۇ قاپلارنى يوقلۇق ھارۋىسىغا سېلىۋەردى. كاللا سويمىسى تەن پىيلىكىدىن ئۈزۈلۈپ، جەسەت پىيلىكى چۇۋۇلۇپ قىر - سايلاردا يېتىۋەردى. قانلار جىلغا - جىلغا بولۇپ ئېقىۋەردى. شۇ كۈنى ھەممىسىنىڭ ئەقلى ئۆتكۈرلىشىپ، قىرغىنچىلىق ھەددىدىن ئېشىپ، قىزىل دېڭىز تاشتى. ھىندى بەتبەختلىرىنىڭ باشلىرى قارا تاۋۇزدەك دومىلىناتتى. ئۇلار قول - پۇتلىرى ئۈزۈلگەن ھالدا تەرەپ - تەرەپتە يېتىشاتتى. بۇ ئۇرۇشلارغا پەلەك ھەيران بولاتتى. ئاسماننى ئاپتاپ يۇتۇپ، تۇمان قاپلاپ كەتتى. مەلەكلەر ھەيرانلىق بارمىقىنى چىشلەر ئىدى. ئالەمنى زۇلمەت باستى. ساھىبقىران ساراسىمە بولۇپ تۇراتتى. دېڭىز تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. چاڭ ئارىسىدىن قارا كىيىملىك، قارا ئاتقا مىنگەن بىر يىگىت، قولىدا ئىسپاھان قىلىچى كۆتۈرگەن ھالدا چىقىپ كەلدى - دە، «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دېگىنىچە كاپىر كېكدوختىنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇردى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئالەم لەرزىگە كەلدى. كاپىر كېكدوختىنىڭ جېنى دوزاخنىڭ تۆمۈر ھۇجرىسىغا بېرىپ قامالدى. بۇنى كۆرگەن ھىندىلار قېچىشقا باشلىدى. مۇسۇلمان ئۆزبېكلەر ئۇلارنىڭ قانلىرىنى چېچىشقا باشلىدى. ئىسلام ئەھلى ناھايىتى چوڭ غالىبىيەتكە ئېرىشتى. ھەركىم تۇشمۇتۇش-

تىن كېلىپ ئاتماق، چاپماق، سانجىماق، قوغلىماق، سوقماق، يىقىتماق، نەيزىلىمەك، قىلىچلىماق... لارغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار قورال - ياراقلىرىنى شاراقلىتىپ - تاراقلىتىپ دۈشمەنلەرگە ئۇرار ئىدى. ھىندى بەتبەختلىرىنىڭ بېشىغا شۇنداق قىرغىنچىلىق چۈشتىكى، ھىنداۋۇل، جىرىنغار، بىرىنغار، جەنداۋۇل... لار بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ، سەپلىرى بۇزۇلۇپ، تەنلىرى چۇۋۇلۇپ كەتتى. ئاتلىرى قېقىلىپ، ئۆزلىرى يىقىلىپ، كۆزلىرى ئالىيىپ، تىللىرىنى چاينىشىپ ياتاتتى. بەزىلىرىنى ئاتلىرى ئەپقاچقانىدى، ئۇلارنىڭ تۇغ - ئەلەملىرى يىقىلماقتا ئىدى.

مىلوخان ئەسكەرلىرىنىڭ ئاپەت يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، قورقۇپ قاچقىنىچە شەھەرگە قامالدى. ئىسلام لەشكەرلىرى نۇسرەت قازىنىپ ھېسابسىز قورال - ياراق، پۇل - ماللارنى ئولجا ئالدى ۋە ئۆز قارارگاھلىرىغا ياندى. ساھىبقىران ئۆز چېدىرىغا بېرىپ قارىسا، چېدىرى ئالدىدا بىر قارا ئات باغلاقلىق تۇرغۇدەك. چېدىرنىڭ ئىچىدە ئولجاي تۈركان يەنى — كامال خانىم ئولتۇرغىدەك. ئۇ ئەمىر ساھىبقىراننى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەدەب - تەزىم بىلەن سالام بەردى ۋە:

— مەن خارەزىمدە ئىدىم. ھەزرىتى سېيىت ئاتا پىرىمىز: «ھىندىستانغا بارغىن. ساھىبقىران ھىندى كاپىرلىرىغا تاقابىل تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا ياردەم بەرگىن» دېدى. مەن يولغا چىقىپ بۇخارايى شەرىفكە بېرىپ، ھەزرىتى باھاۋىددىننى زىيارەت قىلدىم. ھەزرىتى نەقشبەند سىزگە ياخشى دۇئالارنى قىلدى. يەنە: «ھەر قانداق يەردە بىزنى ياد قىلسۇن!» دېدى، — دەپ سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلدى.

چېدىرنىڭ ئۈستىدە بىر باش ئېسىقلىق تۇراتتى. ساھىبقىران:

— بۇ كىمنىڭ بېشى؟ — دەپ سورىغانىدى، كامال خانىم:

— بۇ كېكدوخىت كاپىرنىڭ بېشى، مەن — چۆرگىنىز

خىزمىتىڭىز ئۈچۈن تۆھپە قىلىپ كەلتۈردۈم، — دەپ جاۋاب بەردى.

ساھىبقىران شۇنداق خۇشاللاندىكى، كامال خانىمغا يەتتە قالىقان ئۆلچىمىدە ئالتۇن ئىنئام قىلدى. (كامال خانىم بۇ ئالتۇنلارنى سەمەرقەنتتىكى مەدرىسلەرنى ياساش - رېمونتلاش ئىشلىرىغا بېغىشلىۋەتتى. بۇ گەپلەر 31 - داستانىمدا سۆزلىنىدۇ.)

كامال خانىم ئۆز يۇرتىغا قايتتى. ساھىبقىران ھىندى تىلىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۆزى ھىندىچە ياسىنىپ، بىر پىلغا مىنىپ، ئۆز قوشۇنىدىن چىقتى ۋە شەھەر ئىچىگە — مىلوخاننىڭ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ھەي پادىشاھى ھىندى، مەن ئەرەب باتۇرلىرىدىن بولىمەن. مەن بىلەن تەڭ دېگۈدەك قانچىلىغان باتۇرىم بار. كۆپلىگەن تۈرك، ئۆزبېك لەشكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە كەلدىم، — دېدى.

مىلوخان ئەمىر تېمۇرنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، كۆپ ئىنئاملارنى بېرىپ، قېشىدا تەربىيە قىلدى.

ئىسلام ئەھلى ئارىسىدا ئەمىر تېمۇرنىڭ يوقالغانلىقى ھەققىدە غوۋغا چىقتى. ۋەزىر - ئەمرا ۋە بەگلەر مەسلىھەتلىشىپ، شاھرۇخ تۆرىنى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ تۇرۇشتى.

ئۆزبېك - تۈرك لەشكەرلىرى دومباق - كاناي چېلىشتى. بۇ تەرەپتىن ھىندى لەشكىرى قوزغىلىپ، ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى بىر - بىرىگە قارشى سەپ تۈزدى - دە، بىردىنلا جەڭگە كىرىشىپ كەتتى.

ساھىبقىران ھىندى لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىدى. ئۇ قاتتىق ۋارقىراپ - ھۇقۇيتقىنىچە مەيدانىدا پەيدا بولدى - دە، ھىندىلارنىڭ داڭلىق پالۋانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىسلام لەشكەرلىرىگە كېلىپ قوشۇلدى. كاپىرلارنىڭ لەشكەرلىرى زەربە يەپ قېچىشقا باشلىدى. ئۇ كۈنى كۆپلىگەن ھىندى باتۇرلىرىنى ئۆزبېك باتۇر-

لىرى دوزاخ گەزەندىسىگە ئەۋەتتى. قالغانلىرى شەھەرنىڭ ئىچىگە قېچىپ كىرىشىۋالدى ۋە دەرۋازىلارنى تاقاشتى.

ساھىبقىران بەگلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، لەشكەرلىرىنى ئون كۈنگىچە ئارام ئالدۇردى. لەشكەرلەر ئۆز جايلىرىدىن قوزغىلىشمىدى. ئەمىر تېمۇر ئۆزى «تۆگە كۆردۈڭمۇ ـ يوق!» دېگەندەك يەنە مىلوخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈنۈش قىلدى. مىلوخان لەشكەرلىرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن خاپا بولۇپ ئولتۇرغانىدى. خان ئەمىر تېمۇردىن:

— ھەي ئەزىز مېھمان، سېنىڭ ئەسلى يۇرتۇڭ زادى قەيەر؟ — دەپ سورىدى.

— كابۇللۇق بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئەمىر تېمۇر.

— مېنىڭ كۆزۈمگە، — دېدى مىلوخان ئەمىر تېمۇرگە قاراپ، — سېنىڭدىن باتۇرراق كىشى كۆرۈنمەيدۇ. ئەگەردە بۇ تۈركلەردىن ئامان قېلىپ، دۆلەت تەختىدە يەنە ئولتۇرسام، سېنى چوقۇم لەشكەرلەرنىڭ قوماندانى قىلاي، — دەپ ۋەدە قىلدى.

شۇئان يۇرت ئىچىدە غوۋغا قوزغالدى. ئەمىر تېمۇر:

— بۇ ئادەملەر نېمىشقا غوۋغا قىلىشىدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئەتراپتىكىلەر:

— مىلوخاننىڭ بۇرھان ئىسىملىك قىزى بار ئىدى. ئۇنى مولتانى بەگزادىسىغا بەرگەنىدى. كۈيئوغلى ئۇرۇشتىن يارىدار بولۇپ ئۆيگە كېلىپ ئۆلۈپتۇ. ھىندىلارنىڭ قائىدىسىدە ئۆلۈكنى كۆيدۈرىدۇ. بۇنى كۆرگەن بۇرھان مەلىكە: «مەنمۇ ئوتتا كۆيىمەن! ئېرىمدىن كېيىن قېلىپ نېمە ئىش قىلارمەن!» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇ غوۋغا ئاشۇ گەپ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ساھىبقىران مىلوخاندىن رۇخسەت سوراپ نەق مەيدانىغا كەلدى. كىشىلەر بىر يەرگە ئۇلۇغ ئوت قالاپ، ھېلىقى كۈيئوغۇلنىڭ ئۆلۈكىنى ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن ئوتقا تاشلىدى ۋە يەنە

ئۇنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتاپ زىياپەت بېغىشلىدى. شۇ زامات 40 نەپەر قىز بىلەن مەلىكمۇ يېتىپ كېلىپ ئۆزىنى ئوتقا تاشلىدى. بىر قەلەندەر پەيدا بولۇپ: «ياھۇ! يامەنھۇ! لائىلاھە ئىللاھۇ!» دەپ قىزنى ئوتتىن قۇچاقلاپ ئېلىپ بىر تەرەپكە كەتتى. ساھىبقىران ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. بىر ھەيۋەتلىك دەرەخزارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا مەلىكە ناماز ئوقۇدى. ساھىبقىران: «سۇبھاناللا، بۇ نېمە سىردۇ؟ كاپىر تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىكىنا؟» دەپ ھەيران قالدى. شۇ زامات ھېلىقى قەلەندەر پەيدا بولدى. ساھىبقىران قەلەندەرگە سالام قىلدى. قەلەندەر سىياسەت بىلەن:

— ھەي ئاقساق تېمۇر، مېنى تونۇمسەن!؟ — دېدى. ئەمىر تېمۇر زەن سېلىپ قاراپ ھەزرىتى باھاۋىددىن پىرىمنى تونۇدى. ساھىبقىران دەرھال ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ئاندىن كېيىن ھەزرىتى نەقشىبەند قىزنى ئەمىر تېمۇرگە تاپشۇرۇپ غايىب بولدى. ئەمىر تېمۇر مەلىكىنى ئېلىپ قوشۇن ئارىسىغا قايتىپ كەلدى.

بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن بىر گۈزەل يىگىت ئۆزىگە بىر-قانچە پىلنى ھەمراھ قىلىپ، ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا كەلدى-دە:

— مەن سۇلتان مەھمۇد شاھنىڭ ئوغلى بولىمەن. ئاتامنى مىلوخان ئۆلتۈرۈپ مېنى زىندانغا سالغانىدى. بۈگۈن بىر قەلەندەر كېلىپ مېنى زىنداندىن قۇتقۇزۇپ، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئەۋەتتى. ھەي ساھىبقىران، سىزگە تەلىپىم شۇكى، سىز مىلوخاندىن ئاتامنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەرسىڭىز، مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولسام، — دەپ، كۆپ يىغلىدى. ساھىبقىران دەرھال ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇڭ يېنىدىن ئورۇن بەردى. ئۇ كۈنى كەچ بولۇپ، قۇياش ئەمدى قىزىل چېدىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، تۈن ھىندىلىرى ئالەمنى باستى. ساھىبقىران تاڭ ئاتقۇچە قۇرئان تىلاۋەت قىلدى.

قۇياش سۇبھى ياقىسىنى يىرتىپ، ئاسمان مەيدانىغا چىل-

ۋە كىرگۈزدى. تۈن ھىندىلىرى قېچىپ كۆزدىن غايىب بولدى.
ئىسلام لەشكەرلىرى، ئۆزبېك باتۇرلىرى بىراقلا مىلوخاننىڭ شەھىرىگە ئات قويۇپ، قورغانلارنى بۇزۇپ دېڭىزدەك مەۋج ئۇرۇپ كىرىشكە باشلىدى، كاپىرلارنىڭ قېنىنى ئېرىقلاردا ئاققۇزۇپ، جېنىنى دوزاخ گەزەرمىسىگە ئەۋەتتى ۋە مىلوخاننىڭ ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىردى. لېكىن، مىلوخاننى تاپالمىدى. ئۇنىڭ دۇنيا - دەپىنىلىرىنى تالان - تاراج قىلىپ ئېلىشتى، خەزىنىنىڭ ئىچىدە لەئەل ۋە زۇمرەت بىلەن بېزەلگەن ئېگىزلىكى 100 غېرىچ بىر ئالتۇن بۇتنى كۆرۈشتى ۋە ئۇنى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىغا ئەكىلىشتى. ئەمىر تېمۇر بۇتنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بۇتنى بىرقانچە ئەل كېزەر سودىگەرلەر كۆرۈپ: «بىزگە سېتىپ بېرىڭ» دەپ تەلەپ قىلىشتى. ئەمىر تېمۇر:
— ئاڭلار قىيامەتتە ياراتقان ئاللا ئۆزى قازى بولۇپ، روسۇل ئەكرەم سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم شاپائەت تەختىگە ئولتۇرغاندا، ئاللاتائالا: «بۇت ياساپ ساتقۇچى بىلەن ئەمىر تېمۇر بۇتپۇرۇشنى ئەكىلىڭلار!» دېسە نېمىدەپ جاۋاب بېرىمەن؟ — دەپ يىغلىغىنىچە بۇتنى سۇندۇرۇۋەتتى. ئۇنى ئەسكەرلەر تالىشىپ ئەكېتىشتى.
كېيىن مىلوخاننى تېپىپ تۇتۇپ، سۇلتان مەھمۇد شاھنىڭ ئوغلى پىروز شاھقا بەردى. پىروز شاھ مىلوخاندىن ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئالدى. ئەمىر تېمۇر ھىندىستاننى ئالغاندىن كېيىن، مۇبارەك شاھ دېگەن بىرى 100 مىڭدىن ئارتۇق مەرد سىپاھلىرى بىلەن كېلىپ ئەمىر تېمۇرگە ئىتائەت قىلدى.
ساھىبقىران بىر كۈنى ھىندىستاننىڭ ئاتاقلىق نەغمىچى-سازەندىلىرىنى چاقىرتىپ: «مەن ئۇلۇغلاردىن، بۇ ۋىلايەتتە مەشھۇر نەغمىچىلەر بار دەپ ئاڭلىغانىدىم، قېنى، ساھارىتىڭلارنى كۆرسەك!» دەپ تەلەپ قىلدى. سازەندىلەر ماقۇل

بولۇشۇپ مۇقام قىلىشتى. سازەندىلەرنىڭ ئارىسىدا كۆزى كور بىر نەغمىچى بار ئىدى. ئۇنىڭ چالغان كۈيلىرى ئەمىر تېمۇرغە تولىمۇ يېقىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن كور نەغمىچى ساھىبقىراننىڭ ئالدىدا دائىم نەغمە قىلىدىغان بولدى.

بىر كۈنى ساھىبقىران نەغمىچى كوردىن:

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىغانىدى، كور:

— ئىسمىم دۆلەت، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئەمىر چاقچاق بىلەن:

— دۆلەتنىڭ كۆزىمۇ قارىغۇ بولامدۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، كور دەرھال:

— دۆلەتنىڭ كۆزى كور بولمىسا ئاقساقنىڭ قېشىغا كېلەمدۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى. بۇ گەپ ئەمىر تېمۇرگە يېقىپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭغا كۆپ ئىنئام بەردى. بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، پىروز شاھنى ھىندىستانغا ھاكىم قىلىپ بەلگىلىدى. مەلىكە بۇرھانىنى پىروز شاھقا ئېلىپ بەردى. ئاندىن غەلىبە - شەرەپ بىلەن خارەزىمگە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار چۆل كېزىپ، يول يۈرۈپ، تاغ - دەشتلەردىن ئېشىپ خارەزىمگە يېقىن يەتتى.

بۇ چاغدا خارەزىمنىڭ خېنى ھەسەن سوپى ئىدى. ئۇ ئەمىر تېمۇرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قارشى ئېلىش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىقىپ بىرقانچە يول ئالدىغا كەلدى ۋە كۆپ ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئەمىر تېمۇرنى كۈتۈۋالدى. ئالىي دەرىجىلىك زىياپەتلەرنى بەردى. ھەسەن سوپى ئەمىر تېمۇرنى شەھەرگە ئەكىردى. يۇرت خەلقىنى يىغىپ بىرقانچە كۈن توي - تاماشا قىلىپ بەردى ۋە ئۇلجاي تۈركان — كامال خانىمنى ئەمىر تېمۇرگە شەرىئەت قائىدىسى بويىچە نىكاھ قىلىپ بەردى.

بۇ كۈن قۇياش شەپەق چېدىرىغا كىرىپ، تۈن كېلىنى قارا چاچلىرىنى تاراپ، يۇلتۇز كۆزلىرىگە زىننەت سۈرمىسىنى قويدى — كەچ بولدى. كامال خانىم ئۆزىنى ياساپ - جابدۇغان ھالدا ئەمىر تېمۇرگە تاپشۇردى. ئىككىلەن ۋىسال چېدىرىغا كىرىپ بىر - بىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەچ، راھەت چۈشەكلىگە ئۆزىنى تاشلاپ، مۇددەئا ياستۇقتا باش قويۇشتى. بىر ئازدىن كېيىن ئەمىر تېمۇر چوڭقى بىلەن تىلسىماتنى ئۈزۈپ ئۆشتۈدى. شۇ زامات كامال خانىم: «ھەي ئەمىر، ئەل ئامان!» دەپ تۆۋلىدى، ئەمىر تەبەسسۇم قىلغان ھالدا: «تىنچلىق زامان» دېدى.

بىر قانچە كۈنلەردىن كېيىن، ھەسەن سوپىنىڭ ئۈستىگە سۈيىقەستچىلەر تەرىپىدىن دۈشمەنلەر يېتىپ كېلىشتى. ھەسەن سوپى ئەمىر تېمۇرنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن بۇ دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غالىب كەلدى. ساھىبقىران خارەزىم — ئۈرگەنچنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، كامال خانىمنى ئالدى - دە، سەمەرقەنتكە قايتىپ كېلىپ ئۆز تەختىدە قارار ئالدى.

## ساھىبقىراننىڭ چۈش كۆرگەنلىكى، ئاندىن كېيىن تۈركىستان مەملىكەتلىرىنى بويسۇندۇرغانلىقى

رىۋايەتچىلەرنىڭ دېيىشىچە، بىر كېچىسى ساھىبقىران چۈش كۆردى. چۈشىدە، قۇتۇپ تەرەپتىن بىر ئۇلۇغ پىل كېلىپ ماۋەرائۇننەھىر شەھەرلىرىنى سەيلە قىلىپ، ئاندىن ئەمىر تېمۇرنىڭ تەختىگە چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارسلاننىڭ 21 كۈچۈكى تەختكە كېلىپ، تەختنى ئۆرۈپ تاشلىماقچى بولدى. يەنە بىردەمدىن كېيىن بىر توپ ئادەم چۆل تەرەپتىن ئۇسساپ كەلدى - دە، سۇنى كۆرۈپ قېچىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر توپ ئادەم كې-

لىپ سودا - سېتىق قىلىشتى. يەنە بىر قانچە بىتاپ كېلىپ تېنى ساق كىشىلەرنى «كېسەل» دېيىشتى. بىر ئازدىن كېيىن يەنە بىر توپ قوي - ئۆچكە كېلىپ كۆپلىگەن گىياھلارنى يەپ تېزەكلىمىدى. بىر سېمىز سەركە كېلىپ ئوتلاقنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئوتلاپ، بارغانسېرى جۇدەپ - خاراب بولدى. ئاندىن كېيىن ئەمىر بىر بازاردا، كىشىلەرنىڭ قوي گۆشىنىڭ ئورنىغا ئىت ۋە چوشقىنىڭ گۆشىنى سېتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئالغۇچىلارمۇ ھالال گۆش ئالماي، ئاشۇلارنى ئېلىۋاتاتتى. ئەمىر تېمۇر ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغاندى. چۈشىگە تەبىر بەرگۈچىلەرنى چاقىرىپ چۈشىنىڭ تەبىرىنى سورىغانىدى، ئۇلار ساھىبقىراننىڭ كۆڭلىدىكىدەك جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇلار:

— قارشىدا — زاۋىيەدە ئولتۇرۇشلۇق ھاكىم زىياباخشى دەيدىغان بىر كىشى بار. چۈش تەبىرىگە ناھايىتى ئۇستا، ئۇ ئەمىرنىڭ تەلىپىگە لايىق تەبىر بېرەلەيدۇ، — دېيىشتى. ئەمىر تېمۇر ئۇنى ئەكېلىش ئۈچۈن قارشىغا مىرزا مىرانشاھ تۆرىنى ئەۋەتتى. مىرانشاھ ھېكىمنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھېكىم:

— ئاتاڭنىڭ ئېھتىياجى بولسا، مېنىڭ ئالدىمغا ئۆزى كەلسۇن، — دېدى.

مىرانشاھ تۆرە سەمەرقەنتكە قايتىپ ئەمىر تېمۇرغا ھېكىمنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى. ساھىبقىران دەرھال قارشىغا ئاتلاندى ۋە ھېكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىپ، كۆرگەن چۈشلىرىنى بايان قىلدى. ھېكىم:

— شەيخ نىسپىي ئۇستازىم ماڭا بىر تۆمۈر ساندۇق بەرگەنىدى. ئۇ «بۇ ساندۇقنى كىم ئاچسا، يەر يۈزىنىڭ پادىشاھى بولىدۇ» دېگەنىدى، — دېدى ۋە ئەمىر تېمۇرنى بۇيرۇپ ساندۇقنى ئەكەلدۈردى. ساندۇق كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلدى. ھەممەيلەن بىر - بىرلەپ كېلىپ ئېچىشقا ھەرىكەت قىلىپ باق-

قاغان بولسىمۇ ئاچالمىدى. ساھىبقىران كېلىپ قۇلۇپنى تۇتۇشىغىلا قۇلۇپ دەرھال ئېچىلدى. شەيخ ساندۇقتىن كىتابنى تارىخ ئەپ-يامىنى تاپتى. ھېكىم:

— بۇ كىتابنى چۈشەنمەك ناھايىتى قىيىن. چۈنكى ئۇنى ئىلمىي جەپەر بىلەن يازغاندۇر. ئەگەر كىمدەكىم ئىلمىي جەپەر-نى بىلسە قىيامەتكىچە ھەرقانداق كىشى ۋە ھەر نەرسىنىڭ سىرى ئۇنىڭغا مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى ۋە چۈشىنىڭ تەبىرىنى يەشتى، — چۈشۈڭدە كۆرگەن پىل ئۆزبېك-لەرنىڭ پادىشاھى بولىدۇ. ئۇ بۇ مەملىكەتلەرنى مەسخىرە قىلىپ سېنىڭ ئەۋلادىڭدىن ئالىدۇ. كېيىن كۆرگەن ئارسلان كۈچۈكلىرى ئاشۇلارنىڭ ئەۋلادىدۇر. ئۇسسىغان كىشىلەر سۇنى كۆرۈپ قاچتى: دېمەك، كېيىنكى ۋاقىتنىڭ ئادەملىرى ئىلىم ئەھلىدىن قاچىدىغان بولىدۇ. سوقۇرلارنى كۆردۈڭ. ئۇلار سودا - سېتىق قىلىشتى. كېيىنكى ۋاقىتنىڭ ئادەملىرى ئۆز كىم، يات كىم، دوست كىم، دۈشمەن كىم، بۇنى بىلىشمەيدۇ. ئاندىن كېيىن كېسەللەر ساق-لارنى «كېسەل» دېگەننى كۆردۈڭ، نەپسانىيەتچى، گۇناھكار زا-ھىتلار بايلارنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ، «سەدىقە بالانى يېدۇ!» دەپ تەمەگەرلىك قىلىدۇ. قوي - ئۆچكىلەر تويغۇچە ئوتلىدى، لېكىن تېزەكلىمىدى. شۇ چاغنىڭ سىپاھىلىرى كۆپلىگەن پېقىر-لارنى شىلىپ يەيدۇ. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا زۇلۇمدىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. سېمىز سەركە ئوت يەپ، يېگەنسېرى جۇدەپ خاراپ بولدى. شۇ چاغنىڭ ئەمىرلىرى پېقىرلارنىڭ مېلىنى قانچە يې-سە، ئۆزىگە زىيىنى بولۇپ بارغانسېرى خاراپ بولىدۇ ۋە ئاخىرى-دا خارلىقتا قالىدۇ — ئۆلىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئىت، چوشقا گۆشىنى سېتىۋېلىپ قوي گۆشلىرىنى يېمىگەنلىكىنى كۆردۈڭ، شۇ چاغلاردا بەزى ئادەملەر ھارام نەرسە بولسا يەپ، ھالال نەرسە بولسا يېمەيدۇ.

ساھىبقىران بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ھەممە قىپچاقلارنى ئۆلتۈرمەككە قەسەم قىلدى ۋە سەمەرقەنتكە كېلىپ مىرزا شاھرۇخ تۆرىگە:

— تۈركىستانغا بېرىپ، ئاق بۇغا، نايمان، ئۆزبېك بەگلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرگىن! — دەپ بۇيرۇدى.

مىرانشاھ تۆرە 10 مىڭ يىگىتنى ئېلىپ تۈركىستانغا راۋان بولدى. ئاق بۇغا ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە — ئالدىغا چىقتى. شۇ يەردە ئايمان قوۋمىدىن 3000 كىشى مىرانشاھ تۆرىگە پىتنە قىلماقچى بولۇشتى. بىر كىشى كېلىپ تۆرىگە:

— ئاق بۇغىنىڭ ئىككى خوتۇنى بار. ئىككىلىسى بىر - بىرىگە قېرىنداش، — دەپ مەلۇمات بەردى. تۆرە ئاق بۇغىنى چاقىرتىپ سورىغانىدى. ئاق بۇغا خان «راست» دېدى. مىرانشاھ تۆرە:

— بۇ شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئەمەس! بىرىنى تالاق قىلغىن، — دېگەنىدى، ئۇ:

— كۆڭلۈم ھەر ئىككىلىسىنى ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى، تۆرە:

— بۇنى يالىڭاچ قىلىڭلار! ئەدىپىنى بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، — دېدى.

ئاق بۇغا تۆرىنىڭ بۇ ئىشىدىن رەنجىپ، شۇ كېچىسى پىتنە قوزغاپ، ئۆزىنىڭ قەبىلىسى بىلەن كېلىپ مىرانشاھنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. قوشۇندىكىلەردىن نەچچىسى ئۆلۈپ، نەچچىسى قاچتى. تۆرىنى باغلاپ قىپچاقلارنىڭ پادىشاھى توختامىش خاننىڭ ئالدىغا ئۆزى ئاپاردى. توختامىش خان مىرانشاھ تۆرىنى كۆرۈپ، باغلاقلىرىنى يېشىپ ئىززەت - ھۆرمەت كۆرسەتتى ۋە بۇ نىزاھنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. تۆرە:

— ئاق بۇغا بىر تۇغقان ئاچا - سىڭىلنى نىكاھىغا ئېلىپ

تۇ بۇ شەرتكە توغرا كەلمەيدۇ، — دېدى. ئاق بۇغا بولسا:

— ئەي بېگىم، ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭغا «ئۆزبېكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرغىن قىل!» دەپ بۇيرۇغانمىش، — دېدى.

لېكىن توختامىش خان ئەمىر تېمۇر ساھىبقىراننىڭ كۆڭلىنى دەپ، تۆرىنىڭ سۆزىنى توغرا تاپتى – دە، ئاق بۇغىنى ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلدى. تۆرىگە شاھلارغا خاس كىيىم كىيگۈزۈپ يېنىدىن ئورۇن بەردى.

ھەرقاچان تۆرە خانغا سالام بېرىش ئۈچۈن كەلگەندە، ئورنىدىن تۇرۇپ تەختىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. بىر كۈنى مىرانشاھ خاندىن قايتىشقا رۇخسەت سورىدى. خان:

— ھەي تۆرىزادە، سەۋر قىلىپ تۇرغىن، — دەپ توختىتىپ قالدى.

بىر كۈنى مىرانشاھ ئوۋغا چىقىپ، ئوۋ قىلا – قىلا، بىر ئەلگە كېلىپ قالدى. ئۇ بۇ يەردە يۈزلىرى ئايدەك، كىرپىكى ئوقيادەك، قېشى كامالەكتەك، گۈزەللىك گۈلشىنىدە يالغۇز، ئىشىق گۈلخىنىدا جىگەرلىك بىر كېلىنچەكنى ئۇچرىتىپ قالدى. بۇ كېلىنچەك توختامىش خاننىڭ خوتۇنى، دۆلەت شەيخنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ مەھبۇبە كەلگىنىچە قۇدۇق بېشىدا تۇردى. تۆرە ئۇنىڭدىن سۇ تەلەپ قىلىۋىدى، كېلىنچەك قاچىغا لىق سۇ توشتۇرۇپ ئۈچ قېتىم تۆكۈۋەتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى: «تۆرە تېز مىنگىنىپ قىزىق كەلدى. بىر ئاز بېسىلغاندىن كېيىن سۇ ئىچسە بولىدۇ» دېگەنلىكتىن ئىدى. كېيىن سۇ بەردى. تۆرە ئۇنىڭغا ھالىنى بايان قىلغانىدى، كېلىنچەك سۆزلىمىدى. تۆرە يەنە:

— ئەي بىكەچ، كىمنىڭ قىزى بولىسەن؟ ئېرىڭ كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، كېلىنچەك يەنە ئۈندىمەي تۇرۇۋالدى. سۆزنى ئايلاندۇرۇپ كېلىپ:

— ئىتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى. كېلىنچەك ئىلاجسىز:

— ئۆزۈم بەگزادە، ئىتىم سۆيۈنچ، — دېدى.

مىرانشاھ بۇ مەلىكىنىڭ ئىشىق پىراقىدا تاقەتسىزلىنەتتى. ئۇ ئىشقىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرەلمىگۈدەك ھالغا يەتتى. چۈشەكتە كېسەل بولۇپ ياتتى. لېكىن ئۇيىلىپ ھېچكىمگە سۆزلىمىدى.

خان ئۇنى كۆرگىلى كەلدى. مىرانشاھ تۆرىنىڭ كېسەللىكى ئېشىپ، يۈزلىرى سارغىيىپ كەتكەنىدى. شۇ يۇرتتا 200 ياشقا كىرگەن بىر قېرى ئادەم بولۇپ، تەجرىبىگە باي كىشى ئىدى. ئۇنى «تۆركان تەڭرى ئىزىلگەن» دېيىشەتتى. كېسەللەرنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپلا دەرھال نېمە كېسەللىكىنى بىلىۋالاتتى. ئۇ قىش - ياز بىر غارنىڭ ئىچىدە كۆرەك جۇۋا كىيگەن ھالدا تۇراتتى. خان ئۇنىڭغا ۋەقەنى سۆزلىگەنىدى، بۇ چال مىرانشاھنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، ئاندىن:

— بۇ تۆرىزادە بىر كىمگە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. يۈرەك - باغرىنى ئىشىق ئوتى تەسىر قىلىپتۇ، — دېدى. توختامىش خان:

— مەشۇقى قىزىمۇ ياكى جۇۋانمۇ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە مۇيەسسەر قىلاي، — دېدى. توختامىش خان ھەممە ئاتاقلىق خوتۇن - قىزلارنىڭ ئىسمىنى بىر - بىرلەپ ئېيتتى. تۆركان چال ئاڭلاپ:

— بۇنىڭ مەھبۇبىسى دېيىلمىدى، — دېگەنىدى، خان ئۆزىنىڭ ھەرەمىدىكى ئاياللارنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ چىقتى. سۆيۈنچ بىكەچكە - كەلگەندە، چال دەرھال قولىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى - دە، كەلگەن پېتى خاننىڭ قولىقىغا ئاستاغىنا:

— ئەي خان، بۇ تۆرە سىزنىڭ تەئەللۇقىڭىز بىكەچ خانىمغا ئاشىق بولۇپتۇ، — دېدى.

خان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېچكىمگە بىلدۈرمەي،

— ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىۋىدى. كېلىنچەك ئۇيالچىنىپ:

— ئۆزۈم بەگزادە، ئېتىم سۆيۈنچ، — دېدى.

مىرانشاھ بۇ مەلىكىنىڭ ئىشىق پىراقىدا تاقەتسىزلىنەتتى. ئۇ ئىشقىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرەلمىگۈدەك ھالغا يەتتى. چۈشەكتە كېسەل بولۇپ ياتتى. لېكىن ئۇيىلىپ ھېچكىمگە سۆزلىمىدى.

خان ئۇنى كۆرگىلى كەلدى. مىرانشاھ تۆرىنىڭ كېسەللىكى ئېشىپ، يۈزلىرى سارغىيىپ كەتكەنىدى. شۇ يۇرتتا 200 ياشقا كىرگەن بىر قېرى ئادەم بولۇپ، تەجرىبىگە باي كىشى ئىدى. ئۇنى «تۆرىكان تەڭرى ئىزىلگەن» دېيىشەتتى. كېسەللەرنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپلا دەرھال نېمە كېسەللىكىنى بىلىۋالاتتى. ئۇ قىش - ياز بىر غارنىڭ ئىچىدە كۆرەك جۇۋا كىيگەن ھالدا تۇراتتى. خان ئۇنىڭغا ۋەقەنى سۆزلىگەنىدى، بۇ چال مىرانشاھنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، ئاندىن:

— بۇ تۆرىزادە بىر كىمگە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. يۈرەك - باغرىغا ئىشىق ئوتى تەسىر قىلىپتۇ، — دېدى. توختامىش خان:

— مەشۇقى قىزمۇ ياكى جۇۋانمۇ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە مۇيەسسەر قىلاي، — دېدى. توختامىش خان ھەممە ئاتاقلىق خوتۇن - قىزلارنىڭ ئىسمىنى بىر - بىرلەپ ئېيتتى. تۆرىكان چال ئاڭلاپ:

— بۇنىڭ مەھبۇبىسى دېيىلمىدى، — دېگەنىدى، خان ئۆزىنىڭ ھەرەمىدىكى ئاياللارنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ چىقتى. سۆيۈنچ بىكەچكە كەلگەندە، چال دەرھال قولىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى - دە، كەلگەن پېتى خاننىڭ قۇلىقىغا ئاستاغىنا:

— ئەي خان، بۇ تۆرە سىزنىڭ تەئەللۇقىڭىز بىكەچ خانىمغا ئاشىق بولۇپتۇ، — دېدى.

خان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېچكىمگە بىلدۈرمەي،

ھەرەمگە كىرىپ بىكەچنى تالاق قىلدى. سۆيۈنچ بانۇ ھەيران بولۇپ، تەئەججۈپ بارمىقىنى چىشلەپ: «مەندىن بىر ئەيىب سادىر بولمىسا، نېمىشقا مېنى تالاق قىلىدۇ؟» دەپ ئويلانىدى. خان بىكەچنى قۇللىرى بىلەن باشقا بىر قەبىلە ئارىسىغا ئەۋەتىۋەتتى ـ دە، تۆرىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئەي تۆرەم، سىز ئاشىق بولغان خوتۇننى تاپتىم. ئۇنى ئېرى تالاق قىلدى. بىرئاز سەۋر قىلىڭ، ئىددەت تۈگىگەندىن كېيىن سىزگە ئېلىپ بېرەيلى، — دېدى. كېيىن تۆرە بىلەن ئىككىسىنى نىكاھلاپ قويدى. كەچتە تۆرە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قارىسا، قۇدۇق بېشىدا كۆرگەن مەشۇقە شۇ ئىكەن. ئۇنىڭغا قول تەككۈزمەي تۇرۇپ، ئەدەب بىلەن:

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىغانىدى، سۆيۈنچ بىكەچ بولغان ئەھۋاللارنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ كېلىپ:

— خان سىزگە دوستلۇق سەۋەبىدىن مۇشۇ ئىشلارنى قىلدى، — دېدى.

تۆرە ھاياجانلىنىپ:

— مەنمۇ خاننىڭ كۆڭلى ئۈچۈن شۇنداق قىلىمەن، — دېدى ـ دە، بىكەچنى تالاق قىلىپ، خان بىلەنمۇ خوشلاشماي ئۆز ئېلىگە قايتتى. ئەمىر تېمۇر بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ، خاننىڭ ۋە ئوغلىنىڭ قىلغان مەردلىكلىرىگە ئاپىرىن ئېيتتى.

توختامىش خان ئەتىسى تۆرىنىڭ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ: «مەن بۇ ئىشلارنى شەرىئەتكە مۇۋاپىق قىلغان تۇرسام» دەپ ئويلاندى ـ دە، سۆيۈنچ بىكەچنى ئۇنىڭغا تەۋە مال ـ دۇنيالىرى بىلەن قوشۇپ سەمەرقەنتكە ماڭدۇردى. بۇلار نامە بىلەن ساھىبقىراننىڭ قولىغا تەگدى. ئۇنىڭدا: «سىلەرنى ھۆرمەتلەپ بۇ نەرسىلەرنى ئەۋەتتىم» دېيىلگەنىدى. ساھىبقىران بىكەچ-

نى ناھايىتى ياخشى بىر ئورۇنغا چۈشۈردى. لېكىن مىرانشاھ تۆرە ئۇنىڭ قېشىغا بارمىدى.

توختامىش خاننىڭ قىلغان ئىشلىرى دۆلەت شەيخ ئەغلانغا ئاڭلاندى. ئۇ توختامىش خانغا قېيىن ئاتا ئىدى. قىزىنى سەمەرقەنتكە ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، «بۇ قانداق بىھىممەتلىك» دېگىنىچە ئاتلىنىپ كېچىلەپ كەلدى - دە، بىرقانچە كىشىنى ئۆلتۈردى. خاننىڭ يۇرتىنى ئىگىلىۋالدى. توختامىش خان يالغۇز ئۆزى قېچىپ تۈركىستانغا كەلدى. تۈركىستان ئەھلى ئۇنى قارشى ئالمىدى. بۇ يەردىن كۆڭلى رەنجىپ، سەمەرقەنتكە يۈزلەندى. ئېتى ھېرىپ قېلىپ ماڭالمىدى ۋە يولدا ئۆلدى. توختامىشخان پىيادە مېڭىپ سەمەرقەنتنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلاشتى. بۇ چاغلاردا ساھىبقىران ئاق سارايىنى ياساشنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن سەبز شەھىرىگە كەتكەنىدى. توختامىشخانمۇ سەبز شەھىرىگە ماڭدى. بىرقانچە كۈن ئاچ - توق دېگۈدەك يول يۈرۈپ، شەھرى سەبزگە كەلدى. تىرىكچىلىك قىلاي دەپ ئاق ساراي قۇرۇلۇشىنىڭ ئىش ئورنىغا باردى. ئىش باشلىقى خاننى تاش توشۇشقا بەلگىلىدى. خان يوغان - يوغان تاشلارنى كۆتۈرۈپ ئەكېلەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ قىلغان ئىشىغا ھەيران بولاتتى. خان ئۆزىنى مەلۇم قىلىشنى ئويلىدىيۇ، لېكىن غۇرۇرى يول قويمىدى ۋە ئىشنى قىلىۋەردى. مەدىكارلار تاماق يېيىشسە، بۇ ئادەم ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، چاپىنىنى يەرگە سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تاماقنى يالغۇز يەيتتى. قورسىقى تويمىغان تەقدىردىمۇ، يەۋاتقان ئاش - نانلىرىدىن بىر بۆلىكىنى كىشىلەرگە بېرەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىغا ھەممەيلەن ھەيران قالاتتى.

بىر كۈنى ساھىبقىران ئاق ساراي قۇرۇلۇشىنى تاماشا قىلغىلى كەلدى. ئەمىر تېمۇرنىڭ شان - شەۋكىتىنى كۆرگەن توختامىش خان بىر «ئاھ!» تارتتى. ئاھ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئاغزىدىن

ئوت ئارىلاش تۇتۇن چىقتى. ساھىبقىران بۇ «ئاھ» نى ئاڭلاپ كېلىپ بەگزادىلەرگە ئوخشايدىغان توختامىش خاننى كۆردى. لېكىن ئۇنى تونۇمىدى. ساھىبقىران ئۇنى كۆرگەن چاغلىرىدا گۆدەك ئىدى. ئۇ قاراۋۇل سارىبۇغىدىن:

— بۇ قانداق كىشى؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

— بىلمىدىم. لېكىن ئۇ باتۇر، مەرد كىشى كۆرۈنىدۇ. كۈن كۆرۈش ئۈچۈن ئەجىر قىلىپ ئىشلەپ يۈرۈۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

ساھىبقىران خاننى ئالدىغا چاقىرتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئاتا-بوۋىسىنىڭ نەسەبناملىرىنى سورىدى. خان دەپ بەرمىدى. ساھىبقىران كۆڭلىدە: «مۇشۇ تاپتا مىرانشاھ بولغان بولسا ئەلۋەتتە تونۇغان بولاتتى» دەپ ئويلاپ قالدى.

ئەتىسى سۆيۈنچ بىكەچ مەپىگە ئولتۇرۇپ ئاق سارايىنى تاماشا قىلغىلى كەلدى. خان خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا بېرىپ تۇردى. سۆيۈنچ بىكەچ مەپە ئىچىدە كەلمەكتە ئىدى. توختامىش خان ئەمىر تېمۇرنىڭ سۆيۈنچ بىكەچنى مەخسۇس ساقلاپ كەلگىنىگە ئاپىرىن ئوقۇغانىدى. بىكەچنىڭ كۆزى خانغا چۈشتى. ئۇ ئۆزىنى مەپىدىن خاننىڭ ئالدىغا تاشلىۋەتتى-دە:

— ھەي خان، سىزگە نېمە بولدى؟ بۇنداق غۇربەتچىلىك ئازابىغا دۇچ كېلىپسىز! — دەپ كۆڭۈل سورىدى.

بۇ خەۋەر ساھىبقىرانغا ئاڭلاندى. ئۇ دەرھال يېتىپ كەلدى ۋە توختامىش خانغا باشتىن-ئاياغ شاھانە لىباس كىيدۈردى. ئاندىن سۇ بويىغا چېدىر تىكتۈرۈپ، خاننى ئەكىردى-دە، يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سورىۋىدى، خان يىغلاپ تۇرۇپ بىر-بىرلەپ بايان قىلدى.

ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، ناھايىتى نۇرغۇن

ئالتۇن ئىنئام قىلدى. خان ئەمىر تېمۇرنىڭ ئىنئاملىرىنىڭ يېرىمىنى كەمبەغەل - يوقسۇللارغا بەردى. خىزمەتچىلەر بۇ ھادىسىنى ئەمىر تېمۇرگە خەۋەر قىلىشىۋىدى، ئەمىر تېمۇر خاننى چاقىرىپ، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدى، خان:

— ئەي ساھىبقىران، مەن بۇ يەرگە ئالتۇن بېرەرمىكىن دەپ كەلمىدىم، ياردەم سوراپ كەلدىم. مېنىڭ دۆلەت - مۈلكۈمنى دۆلەت شەيخنىڭ قولىدىن ئېلىپ بەرسىڭىز، — دەپ تەلەپ قىلدى. ساھىبقىران:

— مەن بىر چۈش كۆرگەنىدىم، چۈشۈمنىڭ تەبىرىگە ئاساسەن يامان نىيەتلىك قىپچاقلارنى ئۆلتۈرۈشكە نىيەت قىلىشىۋىدىم. بۇنىڭغا سەنمۇ رازى بولىدىغان بولساڭ ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمەن، — دېيىشىۋىدى، خان ئۆزىنىڭ كىشىلىرىدىن رەنجىگەنلىكى تۈپەيلىدىن نائىلاج رازىلىق بەردى. ئەمىر تېمۇر شۇ يەردە سۆيۈنچ بىكەچنى خانغا قايتىدىن نىكاھ قىلىپ قويدى.

ئارىدىن ئىككى يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەمىر تېمۇر 100 كىشىنى توختامىش خانغا ھەمراھ قىلىپ، سەمەرقەنتتە — مىرانشاھنىڭ قېشىدا! قالدۇردى - دە، ئۆزى قوشۇن تارتىپ قىپچاق دەشتىگە ئاتلاندى.

دۆلەت شەيخ ئەغلانى: «ئەمىر تېمۇر 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قىپچاقلارنى قىرغىن قىلغىلى كېلىۋاتارمىش» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى. كۆپلىگەن كىشىلەر دۆلەت شەيخ ئەغلانىنىڭ قېشىغا مەسلىھەتكە كەلدى. بىر تېرى باتۇر كىشى:

— ئۇرۇش قىلىمىز! — دەپ تۇرۇۋالدى. دۆلەت شەيخ ئەغلانى:

— ئەمىر تېمۇر تەڭرى تائالانىڭ بىر بالاسىدۇر. سىلەر ھەر تەرەپكە قېچىپ كېتىڭلار، ئۇلاردىن سىلەرگە زىيان يەتمىسۇن. مەن بىر چارە قىلىپ كۆرەي، — دېدى.

— سىز قېرىپ قالدىڭىز، — دېدى جامائەت، — سىزنى قانداقمۇ يالغۇز تاشلاپ كېتەمىز؟

— مېنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن!

يۇقىرالار تەرەپ - تەرەپكە چىقىپ كېتىشتى. ئەمىر تېمۇر ساھىبقىران قىپچاق دەشتىگە بېرىپ، ھېچكىمنى ئۇچرىتالمىدى. لەشكەرلەر يالغۇز قالغان دۆلەت شەيخنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا ئەكىلىشتى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭدىن:

— قانداق كىشى سەن؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇ سۆزلىمىدى. بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن ئاللاتائالا ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ئايەتنى پاساھەت بىلەن ئوقۇدى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە ھەيران قالدى. ئۇ:

— ھەي تورغاي باتۇرنىڭ ئوغلى. مەن دۆلەت شەيخ ئەغلانى، شەيبانخاننىڭ نەسلىدىن بولىمەن. ھەرقانداق ئىش ئاللاتائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. قىلماقچى بولغان بۇ ئىشىڭ بىكار، — دەپ، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تەقدىرگە قارشى ئىش قىلىمەن دەپ سۇمۇرۇغ بىلەن بەسلىشىپ قىلغان جىبدەللىرىنىڭ ئەھۋالىدىن سۆزلىۋىدى، ھەممەيلەن يىغلىشىپ كەتتى.

— سېنىڭ قان تۆكمەكچى بولغىنىڭ يامان ئىشتۇر. قىيامەتنىڭ ئازابىدىن ئەندىشە قىلىپ، كېيىن كېلىدىغان ئىشلارنى ئويلاپ ئىش قىلغان ياخشى، — دەپ سۆزنى تۈگەتتى ئۇ.

ساھىبقىران:

— شەرت شۇكى، دۆلەت شەيخ، سەن قىپچاقلار بىلەن قوزغالماسلىققا توختام تۈزۈپ، قول قويۇپ، ۋەدە بەرسەڭ، ئاندىن كېيىن قىرغىن قىلىشنى توختىتىمەن، — دەپ تەلەپ قىلغانىدى. دۆلەت شەيخ بۇ شەرتنى قوبۇل قىلدى. ساھىبقىرانمۇ مەردلىك قىلىپ بىر كىشىنىمۇ ئۆلتۈرمىدى. كېلىشىم يېزىلىپ،

مۆھۆر بېسىلدى. ئۇنى ئەمىر تېمۇر ئۆزىنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇردى. (شەيبان قەبىلىسى باش كۆتۈرگەن كېيىنكى چاغلاردا، خەزىنە تالان - تاراج قىلىنغاندا، ئۇلار بۇ كېلىشىمنى تېپىپ قايتۇرۇۋېلىشقانىدى.)

شۇنداق قىلىپ ساھىبقىران چىنتە قىپچاقلىرى بىلەن توختامىش خاننى قايتۇرغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى ھوقۇقىنى — ۋالىيلىق ئورنىنى بېرىشنى توختام قىلىپ، سۆلھنى تۈگىتىپ سەمەرقەنتكە ياندى.

ئەمدى مىرانشاھ تۆرە بىلەن توختامىش خاندىن سۆز ئاڭلايلى.

**مىرانشاھ تۆرىنىڭ توختامىش خانغا ھۆرمەتسىزلىك، چوڭچىلىق قىلغانلىقى، بۇنى ئاڭلىغان ئەمىر تېمۇرنىڭ تۆرىگە غەزەپلەنگەنلىكى، تۆرىنىڭ ئىران تەرەپكە قېچىپ بارغانلىقى**

ساھىبقىران ئىسكەندەر سانى بەگلەرنىڭ بېگى، خانلارنىڭ خېنى دەشت قىپچاققا كەتكەن ۋاقىتىدا، مىرانشاھ تۆرە سەمەرقەنتكە، مىرزا ئۆمەر شەيخ تۆرە بۇخارايى شەرىفكە ھاكىم قىلىپ بەلگىلەنگەنىدى. توختامىش خان مىرانشاھنىڭ قېشىدا قالغانىدى.

بىر كۈنى ئۇلار «سەمەرقەنتكە يېقىن بىر توقايلىقتا بىر ئارسلان پەيدا بولۇپتۇ» دەپ ئاڭلاشتى. تۆرە بىرقانچە كىشى بىلەن ئاتقا مىنىپ توقايلىققا باردى. بىرئازدىن كېيىنرەك توختامىش خانمۇ باردى. ئۇ بارغانلارنىڭ قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، «نېمە ۋەقە بولدى؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇلار:

— ئارسلان توقايلىقتىن چىقىپ بىزگە قاراپ يۈگۈردى،

بىز «تۆرە ئارسلاننىڭ چاڭگىلىغا دۇچ كەلدى» دەپ ئويلىدۇق. شۇڭا قېچىپ كېلىۋاتىمىز، — دېيىشتى. خان شۇ زامات ئات يۈگۈرتۈپ بېرىپ توقايلىقنىڭ ئىچىگە قارىۋىدى، ئارسلاننىڭ مىرانشاھ تۆرىنى دەرەخزارلىق ئىچىگە سولىۋالغانلىقىنى كۆردى. تۆرە بولسا ئارسلان بىلەن تۇتۇشۇپ قالغانىدى. ئارسلان مىرانشاھنى ئىلاج قىلىپ ھالاك قىلىشنىڭ قەستىدە ئىدى.

شەرەفىدىن يەزدى دەيدۇكى: «مەن بۇ ۋەقەلەرنى مىرزا خېلىل تۆرىدىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇ دادىسى مىرانشاھتىن ئاڭلىغانىكەن».

شۇ كۈنى توختامىش خان ئارسلانغا توغرا كېلىپ، شۇنداق ئوق ئاتقانكى، ئوق ئارسلاننىڭ ماڭلىيىدىن تېشىپ كىرىپ، قۇيرۇقىدىن چىقىپ، بىر دەرەخقە قادىلىپ قالغان.

شۇ زامات تۆرە خانغا:

— قىلغان بۇ ئىشىڭنى مېنىڭ شەنىمگە بېغىشلا، كىشىلەرگە: «ئارسلاننى تۆرە ئۆلتۈردى» دېگىن، كىشىلەر ئارىسىدا مېنىڭ ئېتىبارىم كەتمىسۇن، — دەپ تەلەپ قىلدى. خانمۇ:

— ماقۇل، لېكىن سەنمۇ كىشىگە ئېيتما! — دېدى. ئىككىيلەن ۋەدە قىلىشىپ توقايلىقتىن چىقىشتى ۋە:

— ئارسلانغا تۆرە ئوق ئاتتى! — دەپ ۋارقىراشتى. ئاندىن خىزمەتچىلەرنى بۇيرۇپ، ئارسلاننىڭ ئۆلۈكىنى ئەكەلدۈردى. ئۇ بويى توققۇز گەز، گۆلدار، تولىمۇ چوڭ ئارسلان ئىدى. خىزمەتچىلەر ئارسلاننىڭ تېرىسىنى سويۇپ، ئىچىگە سامان تىقىشتى.

شۇ چاغلاردا، مىرانشاھ تۆرە بىلەن ئۆمەر شەيخ تۆرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئاز قورساق ئۆرۈشى بار ئىدى. مىرانشاھ خىزمەتچىلىرىگە:

— ئارسلان تېرىسىنى ئاپىرىپ، بۇخارانىڭ سەمەرقەنتكە

قارايدىغان دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇڭلار. لېكىن كېچىسى مېڭىڭلار. سىلەرنى ھېچكىم كۆرمىسۇن! قېنى مىرزا ئۆمەر شەيخ نېمە ئىش قىلىدۇ، كۆرۈپ باقاي، — دېدى. ئارسلاننىڭ بوينىغا بىر پارچە خەت يېزىپ قويۇشتى.

ئەتىسى بۇخارالىقلار بۇخارا دەرۋازىسىغا يېقىن يەردە تۇرغان ئارسلاننى كۆرۈشتى ۋە دەرھال ئۆمەر شەيخ تۆرىنى بۇ ئىشلاردىن ۋاقىپلاندۇردى. مىرزا ئۆمەر شەيخ بەگلىرىنىڭ توسۇشىغا قارىماستىن دەرھال ئاتلاندى. ھېچ تەرەپكە قارىماي كېچىسى ئۇدۇللا دەرۋازىدىن چىقىپ، چۇقان سالغان ھالدا ئارسلانغا نەيزە ئۇردى. ئۇ شۇ ھامان ئۇنىڭ قېنى يوق، ئۆلۈك ئارسلان ئىكەنلىكىنى، بۇ يەرگە ئۆزىنى مازاقلاش ئۈچۈن قويۇلغىنىنى چۈشەندى. ئارسلاننىڭ بويىنىدىكى خەتنى ئېلىپ ئوقۇۋىدى ئۇنىڭغا: «مەن مىرانشاھ تۆرە، بۇ ئارسلاننى بىر ئوق بىلەنلا ئۇۋلىدىم. تېخى سەن مېنىڭ بىلەن ئۇزۇككە سوقۇشتۇرماقچى بولۇپسەن. سەن ئەقەللىسى مۈشۈكنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقالمايسەن!» دەپ يېزىلغانىدى.

مىرزا ئۆمەر شەيخ تۆرە ئويلىنىپ قالدى.

شۇچاغ «ھىندىستان شەھىرىنىڭ ئەلچىسى ساھىبقىراننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىش ئۈچۈن چارجۇي يولى بىلەن كېلىۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى.

ئەلچى بۇخاراغا يېتىپمۇ كەلدى ۋە مىرزا ئۆمەر شەيخ تۆرىگە كۆرۈنۈش قىلدى.

— نېمە سوۋغات كەلتۈردۈڭ؟ — دەپ سورىدى ئەلچىدىن ئۆمەر شەيخ تۆرە. ئەلچى بىر يانى كۆرسەتتى ۋە:

— بۇنى ھىندىستان خانى مىلۇخان ئەمىر تېمۇرگە بەرگىن دېگەنىدى، — دېدى.

— ئاتامنىڭ، — دېدى مىرزا ئۆمەر شەيخ تۆرە، — قولى

مېيىپتۇر. يانى تۇتالمايدۇ. ماڭا بەرگىن، — دېدى - دە، يانى قولىغا ئېلىپ ئۈچ قېتىم تارتىپ، ئاندىن ئەلچىگە قايتۇرۇپ بەردى.

— سەمەرقەنتكە ئاپارغىن! — دېدى يەنە ئۆمەر شەيخ تۆرە ئەلچىگە، — دادام سەپەرگە كەتكەن. مىرانشاھ تۆرىگە: «بۇنى ساڭا ئۆمەر شەيخ تۆرە ئۈچ قېتىم تارتىپ ئاندىن ئەۋەتتى» دېگىن، — دەپ تاپىلىدى.

ئەلچى سەمەرقەنتكە كەلدى - دە، مىرانشاھقا كۆرۈنۈش قىلدى ۋە كېلىش ئەھۋالىنى بايان قىلدى. تۆرە يانى كۆرۈپ تەلەپ قىلىۋىدى، ئەلچى ئۇنى توختامىش خاننىڭ قولىغا بەردى. توختامىشخان تارتىپ كۆرەي دەپرەك، يەنە ھۆرمەت يۈزىسىدىن يانى مىرانشاھنىڭ قولىغا بەردى. مىرانشاھ يانى قولىغا ئېلىپ تۆت قېتىم تارتىپ، بەشىنچى قېتىمدا سۇندۇرۇپ قويدى. ئۇ بۇ ئىشنى توختامىش خاندىن كۆرۈپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا ئاداۋەت پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىرزا ئۆمەرنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ جىلە بولدى.

خەلق ئىچىدە: «يولۋاسنى توختامىش خان ئۆلتۈرۈپ، شۆھرىتىنى تۆرىنىڭ نامىغا بەخش قىلىپتۇ» دېگەن سۆزلەر تارالغانىدى. توختامىش خان ھېچكىمگە بۇ ھەقتە بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىغان بولسىمۇ، يەنە بۇ ئىشنى خاندىن كۆرۈپ، نۆكەرلىرىگە:

— خاننى تۇتۇڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

توختامىش خان ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ قورقمىدى ياكى قاچمىدى. تۆرىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ ئۇنى مەھكەم باغلاشتى. مىرانشاھ:

— بوينىغا تاش باغلاپ دېڭىزغا چۆكتۈرۈۋېتىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

خىزمەتچىلەر تۆرە دېگەندەك قىلدى. خان بىچارە سۇداگاھى چۆمۈپ، گاھى لەيلەپ، يۈمۈلۈپ كېتىپ بارماقتا ئىدى.

شۇ چاغلاردا، پەقىيە ئوبولەيس رەھمىتاللا ھەزرەتلىرىنىڭ دېڭىز بويىدا باغچىسى بار ئىدى. ئۇ زات دېڭىزدا لەيلەپ كېلىۋاتقان توختامىش خاننى قۇتقۇزدۇرۇۋالدى. ئۇنى ياخشى ئاسراپ بېقىشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىرقانچە كۈندە ياخشىلىنىشقا باشلىدى. شەيخ ئوبولەيس ھەزرەتلىرى ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدى.

ساھىبقىران قىپچاق دەشتىنى بويسۇندۇرۇپ، شان - شەرەپ بىلەن قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، «مىرانشاھ توختامىش خاننى دېڭىزغا تاشلىدى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى. ئەمىر تېمۇر كۆڭلىدە مىرانشاھنى ئۆز تەختىنىڭ ۋارىسى قىلىپ بەلگىلەپ قويغانىدى. بۇ پىكرىدىن يېنىپ، مىرزا ئۆمەر تۆرىگە تون - سەرپاي سوۋغات قىلىپ ئەۋەتتى. مىرانشاھ تۆرىگە بولسا كالتەك ئەۋەتتى. مىرانشاھ كالتەكنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن بۇنىڭ دادىسىنىڭ غەزىپىنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى، كەلگەندە ئوبدان مۇئامىلىدە بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، يېرىم كېچىدە قەلەندەر سۈرىتىدە ياسىنىپ قاچتى.

ساھىبقىران كېلىپ، ئوغلىنىڭ قاچقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئوبولەيس ھەزرەتلىرى توختامىش خاننى ئۇنىڭغا سالامەت ئەكىلىپ تاپشۇردى. ساھىبقىران ئوبولەيس ھەزرەتلىرىدىن كۆپ خۇشال بولۇپ، توختامىش خاننى ناھايىتى ئىززەتلىدى. ئۇنىڭغا كۆپلىگەن قۇل ۋە قوشۇننى قوشۇپ قىپچاق دەشتىگە يولغا سالدى. ساھىبقىران ئۆز تەختىدە ئولتۇردى. ئەمىر تېمۇر مىرانشاھنى ئىزدەش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ماڭغۇزدى.

تۆرە قېچىپ كېتىۋېتىپ، قەيەردە قەلەندەرلەر بولسا شۇلار بىلەن بىللە بولدى. بىر كۈنى قەلەندەرلەرنىڭ باشلىقى:

بىز بىلەن بىرگە بولماقچى بولساڭ، سائىللىق قىلىپ تىـ

لىگەن، — دېدى. لېكىن تۆرىنىڭ ئەلدىن بىر نەرسە تىلەشكە بويىنى ئېگىلمىدى. كۆڭلىدە: «جان بېقىش ئۈچۈن ئىش قىلاي» دەپ ئويلىدى ۋە توس شەھىرىدىكى مەدىكار بازىرىغا كېلىپ ئولتۇردى. ھېچكىم تۆرىنى ئىشقا ياللىمىدى. ئۇلار: «بۇ قەلەندەر بىزنىڭ ئىشىمىزنى قىلالمىغۇدەك» دېيىشىپ كېتىشمەكتە ئىدى.

ئۈچىنچى كۈنى، مەدىكار بازىرىدا تۆرىدىن باشقا ھېچكىم قالمىدى. كېيىنرەك بىر ئاقساقال كىشى كەلدى - دە، ئۇنىڭدىن:

— باغقا قوروق ياساشنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىۋىدى، تۆرە:

— تازا ياخشى بىلىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى.

قېرى كىشى تۆرىنى بېغىغا باشلاپ باردى. ئىشقا كېرەكلىك ھەممە سايمانىنى ئەكەلدى - دە، ئىش ھەققىنى توختام قىلىپ، تۆرە بىلەن باغنى ئايلاندى. باغنىڭ چېتىدە بىر ئالىي بىنا بار ئىدى. دەرۋازىسىغا 70 قۇلۇپ سېلىنغانىدى. قۇلۇپلارغا قوڭغۇراقلار باغلاپ قويۇلغانىدى. ھەممىدىن ئېگىزدىكى قۇلۇپقا بەختۇلنەسىرنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرىگە خىسراۋ پەرۋىز، نوشىرۋان، ئەل ئابباس، پادىشاھ ئىسمائىل، سۇلتان مەھمۇد، سۇلتان سەنجەر، خارەزمى، چىڭگىزخان... قاتارلىق مەشھۇر شاھلارنىڭ نامى يېزىلىپ، ئەڭ ئاخىرقىسىغا شاھ شىجائىنىڭ نامى يېزىلغانىدى. تۆرە چالدىن:

— بۇ قانداق قۇلۇپ؟ نېمىشقا ھەممە ئۇلۇغلارنىڭ ئىسمى يېزىلغان؟ — دەپ سورىغانىدى، چال:

— ھەي يىگىت، بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىڭ بار؟ ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى قىل! — دېدى.

— شۇلارنى، — دېدى تۆرە يىغلىغان ھالدا، — مەنمۇ بىلىپ قالسام نېمە بولىدۇ؟ بوۋا ئېيتىپ بەرسەڭ!

چال يۇمشىدى ـ دە، سۆزلەشكە باشلىدى.

— بۇ گۇمبەزلەرنى، — دېدى چال، — «قوببەئىي هاجەت» دەپ ئاتايدۇ. يامغۇر ياغمىغاندا خەلق بۇ يەرگە كېلىپ دۇئا قىلىشىدۇ. ئاللا تائالا ئۇلارغا يامغۇر ئەۋەتىدۇ. ئەمما هېچ كىشى بۇ گۇمبەزنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلمەيدۇ. هەربىر قۇلۇپنى ئىلگىرى ئۆتكەن هاكىمدارلار مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزى سالغاندۇر. دېمەك بۇ قۇلۇپلار ئۇلاردىن يادىكار قالغان. ئۇلارنىڭ هېچقايسى بۇلارنى ئېچىپ كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇشالمىغان. مېنى هەسەن مۇنەججىم دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ قۇلۇپلارنىڭ ئاچقۇچى مەندە بار. هەربىر ئەمىر قۇلۇپ سالغاندا ئاچقۇچنى ماڭا تاپشۇرغان. بەختۇلتەسىر زامانىدىن هازىرغىچە ئىككى مىڭ يىل ئۆتتى. هەممە ئاچقۇچ ماڭا يىغىلدى. ئەمما ماڭىمۇ بۇلارنى ئېچىشقا رۇخسەت يوق.

— هېچكىمنىڭ ئېچىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغانمۇ؟

— هېكمەت كىتابلىرىدىن كۆرۈشۈمچە، ئاخىر زاماندا ئۆزبېكلەر ئىچىدە ئىسكەندەر سانى تۇغۇلىدىكەن. ئۇنىڭ بىر ئوغلى كېلىپ بۇ ئىشىكتىكى قۇلۇپلارنى ئاچىدىكەن. بۇ قۇببىلەرنىڭ ئىچىدە نېمە بولسا كۆرىدىكەن. بۇنى ئاچقان كىشى يەر يۈزىنى ئىگىلەيدىكەن، — دېدى چال.

مىرانشاھ بۇ قۇلۇپلارنى ئېچىشنى ئارزۇ قىلدى ۋە چالدىن:

— بۇنىڭ دەرۋازىسىغا بارىدىغان يولنىڭ نىشانىسى بارمۇ؟ — دەپ سورىۋىدى.

— بار، بۇ ئىمارەتنىڭ سول تەرىپىدە يادا تېشى بار. ئۇنى سول قول بىلەن ئالىسەن، — دەپ ئۇقتۇردى چال.

تۆرە كېلىپ قاراۋىدى، مۇنەججىم دېگەندەك بەلگە كۆرۈندى.

— بۇنىڭدىنمۇ باشقا نىشانى بارمۇ؟

— هەي يىگىت، — دېدى مۇنەججىم، — مۇنچە كۆپ

سوئاللارنى بەردىڭ. نېمە قىلماقچىسەن؟ قوي، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايسەن!

تۆرە ئۆزىنى تولا مۇبالىغە بىلەن تونۇشتۇردى:

— مەن ئەمىر تىمۇرنىڭ ئوغلى، ئەمىر تۇرغاينىڭ نەۋرىسى، قاراچار نويانىنىڭ نەسلىدىن بولىمەن.

مۇنەججىم چال:

— ئەي تۆرە بالا، بۇ كۆرگىنىڭ ئۈجمە دەرىخىدۇر. بەختۇلنەسىر بۇنى ئۆز قولى بىلەن قويغان. بەختۇلنەسىردىن بىزگە يەنە بىر قىلىنچ قالغان. ئۇنى ھېچ كىشى غىلىپىدىن چىقىرالمايدۇ. ئەگەر چىقارسا، بۇ دەرەخكە ئۇرۇپ، دەرەخنى ئىككى پارچە قىلسا، بۇ قۇيىسىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ، — دېدى. تۆرىنىڭ تېخىمۇ زوقى ئېشىپ چالغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى. چال ھېلىقى قىلىچنى ئەكەلدى. تۆرە قىلىچنى سول قولىغا ئېلىپ، بىرلا زورۇقۇپ، غىلىپىدىن سۇغۇرۇۋالدى. بۇنى كۆرگەن مۇنەججىم تەئەججۈپ بارمىقىنى چىشلەپ قالدى. ئاندىن كېيىن تۆرە قىلىنچنى ھېلىقى ئۈجمە ياغىچىغا چېپىۋىدى، دەرەخ ئىككى پارە بولدى. دەرەخنىڭ ئارىسىدىن بىر قۇتا چىقتى. ئۇنىڭدا ئىبرى (يەۋرى — كونا يەھۇدى تىلى) تىلىدا يېزىلغان بىر پارچە خەت بار ئىدى. خەتتە: «بۇ ئىشلارنى قىلغان كىشى بەختۇلنەسىرنىڭ قۇلۇپىنى ئاچقايسەن. ھوشيار بول، بۇ يەردە بىر قوزۇق بار. ئۇنى تاپقىن، ئاندىن بۇ قۇلۇپلار ئېچىلىدۇ» دېيىلگەنىدى.

شۇ ئارىدا بىر قېرى كىشى كېلىپ:

— بۇ قانداق كىشى، نېمە ئىش قىلىدىكەن؟ — دەپ سورىۋىدى، مۇنەججىم چال:

— بۇ، بەگزادىلەردىن ئىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى. قېرى كىشى ئىشەنمىگەنىدى، تۆرىنى تولىمۇ تەرىپلەپ بەردى. ئاخىرى تۆرە ئۆزى «ئەمىر تىمۇرنىڭ ئوغلى بولىمەن» دېدى. ئۇ قېرىمۇ:

— ئەگەر بۇ ئىشنىڭ ئاچساڭ، سېنىڭ ئاتاڭ يەرنىڭ يۈزىنى، كۆزىنىڭ كۆزىنى ئېلىپ، ھەممىنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرىدۇ، — دېدى.

مۇنەججىم ئاچقۇچلارنىڭ ھەممىسىنى تۆرەنىڭ قولىغا تاپشۇردى. تۆرە ئاچقۇچلارنى ئالغاندىن كېيىن، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ بىر - بىرلەپ ئېچىشقا باشلىدى. نۆۋەت بەختۇلنەسىرنىڭ قۇلۇپىغا يەتكەندە بىردەم ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئاچاي دەپ تەمشىلىۋىدى، ھەسەن مۇنەججىم:

— ئەي يىگىت، ھوشيار بول، خەۋەردار بول، ئۆزۈڭنى زايە قىلىۋەتمە! بىر ئامال قىلىپ قايتىپ چۈش، — دېدى - دە، ئۆزى كەينىگە يانىدى. تۆرە كېيىن كەلگەن قېرى كىشىگە:

— ئەي بوۋا، كەل. قۇلۇپنى سەن ئاچ، ئىچكىرىدە ئالتۇن بەكمۇ كۆپ ئىكەن، — دەپ چاقىردى ۋە يېقىندىن كەلگەندىن كېيىن ئاچقۇچنى ئۇنىڭغا بەردى. قېرى يۇقىرى چىقىپ ئاچقۇچنى قۇلۇپقا سېلىشىغا ئىچكىرىدىن «تاراق - تۇرۇق» ئاۋازلىرى ئاڭلاندى - دە، بىر ئوق كېلىپ قېرىنىڭ كۆكسىگە تەگدى، قېرى ئوڭدىسىغا يىقىلىپ ئۆلدى. ئۇنى تۆرە بىلەن مۇنەججىم ھېچكىمگە بىلدۈرمەي گۆر كولاپ كۆمۈۋەتتى. ئاندىن ئۆلار قۇببىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىسا، سەندەل ياغىچىدىن قىلىنغان بىر تەخت قويۇغلۇق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىدە نىقابلانغان بىرى ياتاتتى. تۆرە دەرھال بېرىپ ئۇنىڭ يۈزىنى ئېچىپ قارىغانىدى، بىر گۈزەل، بەرنا كىشى گوياكى ئۇيقۇدا ياتقاندەك ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 گەز، كەڭلىكى ئۈچ گەز ئىدى. بېشى يوغان، بۇرنى ئۈچ غېرىچ ئىدى. بارماقلىرىنىڭ ھەربىرى بەش غېرىچ كېلەتتى. بېشى تەرىپىگە بىر لەۋھە ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا بىرقانچە قۇر خەت يېزىلغانىدى. ئوقۇپ كۆرۈۋىدى، بۇ زات بابەركات ئەرمىيا ئەلەيھىسسالام ئىكەن. بەختۇلنەسىر بۇ

زاتنى تۆسكە ئەكىلىپ، ئۇستىلار ئارقىلىق تىلسىمات بىلەن ئىمارەت ياستىپ قويغان ۋە پايتەختتىنى تۆسكە قۇرغانىكەن. ئۇمۇ ئۆز ۋاقتىدا يەر يۈزىنى بويسۇندۇرغانىكەن. ئۇ جەسەتنى بۇ يەردە قويغاندىن كېيىن، مۇبارەك قەبرىسىگە گۈمبەز ياستىپ، دەرۋازىسىغا قۇلۇپ سالدۇرۇپ، بۇ بىنالارنى ياساتقۇزغانىدى. ھەرقانداق كىشىنىڭ بىر ھاجىتى بولسا مۇشۇ قەبرە ـ شەرىفكە كېلىپ مۇناجات قىلسا، قىيىنچىلىقى ئاسان بولاتتى. (كاپىر بولسىمۇ مۇناجاتى قوبۇل بولاتتى.) بۇ گۈمبەزلەر كېيىن شاھ ئىسمايىل شىئەنىڭ ۋاقتىدا خاراب بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مازاردىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

تۆرە ئۇ زاتنى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن تاشقىرغا چىقىپ يەنە ئىشىككە قۇلۇپ سالدى. ھەسەن مۇنەججىم تۆرىنى بىرقانچە كۈن قوندۇرۇپ مېھمان قىلدى. كېيىن مۇنەججىم:

— ھەي تۆرىزادە، سىزنى ئاتاڭنىڭ قېشىغا ماڭدۇراي، — دېگەندى، مىرانشاھ ئۇنىمىدى ۋە «ھەجگە بارىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. مۇنەججىم تۆرىگە:

— ئەگەر ئاتاڭ بۇ يۇرتلارغا كەلسە، بىزنى سالامەت قويسۇن، بۇ يۇرتلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىسۇن، — دەپ تەلەپ قويدى. تۆرە ماقۇل بولدى ـ دە، بۇ ھەقتە دادىسىغا بىر پارچە خەت يېزىپ مۇنەججىمنىڭ قولىغا بەردى. مۇنەججىممۇ بىر كىتابنى تۆرىگە بەردى ۋە: «ھەرقانداق يەردە بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسەڭ، بۇ كىتابنى مۇتالىئە قىلغىن. ھەرقانداق ئىشىڭ شۇنىڭ بىلەن راۋاجلىنىدۇ» دەپ تاپىلىدى. تۆرە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ نىشاپۇر تەرەپكە راۋان بولدى.

## مىرانشاھ ئىبنى ئەمىر تېمۇرنىڭ مەنسۇر بىلەن ئۇچراشقانلىقى، ئاندىن كېيىن مازاندىران شاھلىقىغا بارغانلىقى

شۇ چاغلاردا نىشاپوردا شاھ شىجائىننىڭ ئوغلى شاھ يەھيا ئاتىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغانىدى. مىرانشاھ تۆرە بۇ شەھەرگە كىرىپ رەستىدىكى ئېگىزلىكى 80 گەز كەلگىدەك بىر خادىنىڭ ئۇچىغا بىر تاۋاقنى باغلاپ قويغانلىقىنى كۆردى. ھەرقانداق كىشى كېلىپ ئۇنىڭغا ئوق ئېتىپ تەككۈزەلمەي كېتىۋاتاتتى. ئەمما شاھ يەھيا ئوق ئاتسا دەرھال تېگەتتى.

تۆرە يېقىن كېلىپ قاراپ تۇرغاندا، شاھ ئۈچ قېتىم ئوق ئېتىۋىدى، تەگمەي قالدى، تۆرە بىربىرىن ئوقيا سورىۋېلىپ ئوق ئېتىۋىدى، ئوق تاۋاققا تەگدى. شاھ ناھايىتى ئىزا تارتتى (چۈنكى مىرانشاھ قەلەندەر كىيىمىدە ئىدى.) ۋە ئاچچىقلىنىپ:

— ھەي قەلەندەر، نەدىن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— تۇراندىن كەلدىم، — دېدى تۆرە.

شۇ چاغلاردا ئىران بىلەن تۇران ئەللىرى بىر - بىرى بىلەن ئەپ ئەمەس ئىدى. مىرانشاھنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان شاھ كۆڭلىدە «بۇ قەلەندەر ئۆز يۇرتىغا بېرىپ خالىغىنىچە لاپ ئۇرۇسا كېرەك» دەپ ئويلىغىنىچە ئوردىسىغا ياندى. شۇ كېچىدە تەختتە ئولتۇرۇپ بىر چۈش كۆردى ۋە قورقۇپ ئويغىنىپ كەتتى. قورقۇنچىنىڭ زىيادىلىكىدىن كۆرگەن چۈشى ئېسىدە قالمىدى ۋە ئويلاپمۇ تاپالمىدى.

ئاخىرى ۋەزىر ئارقىلىق شۇ يەرلىك بەردى ئىسىملىك بىر مۇنەججىمنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— كۆرگەن چۈشۈمنى ئۇنتۇپ قالدىم. سەن ئۇنى تاپقىن! — دېدى.

بەدرى دېدىكى:

ئىلمىي غايىبنى كىشى بىلمەس بىلۇر رەببى ـ جەلىل،
ھەقدىن ئۆزگە كىم بىلۇرمەن دېسە باۋۇر قىلمىغىل.
ئېيتمىغۇنچە جىبرەئىل ئېيتماس ئىدىلەر ھەق رەسۇل،
تەڭرى تا سۆز ئېيتماغۇنچە ئېيتماس ئېردى جىبرەئىل.

خان ئاچچىقى بىلەن:

— ئەگەر چۈشۈمنى تاپالمىساڭ كۆزۈمگە كۆرۈنمە! — دەپ بەدرىنى ئورنىدىن قوغلاپ چىقاردى. مۇنەججىم قايغۇغا چۆمگەن ھالدا، گۆرباغ دېگەن يەرگە كېلىپ تۇرۇپ قالدى. بۇ يەردە مىرانشاھ تۆرە بار ئىدى. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن ھال ئەھۋاللىشىپ تونۇشۇپ قالدى. مىرانشاھ تۆرە بەدرىنىڭ غەم ـ قايغۇغا چۆمگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سورىۋىدى، مۇنەججىم ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. تۆرە تۆستىكى مۇنەججىم بەرگەن كىتابنى ئوقۇپ باقتى. شاھ يەھيا كۆرگەن چۈش ۋە ئۇنىڭ تەبىرى كىتابتا يېزىقلىق ئىدى، ئۇ شۇئان بەدرىگە:

— بېرىپ شاھقا: «مېنىڭ بىر شاگىرتىم بار، چۈشۈڭنى ۋە ئۇنىڭ تەبىرىنى شۇ دەپ بېرىدۇ» دېگىن، — دەپ ئۆگەتتى. بەدرى:

— ھەي قەلەندەر، ئىلمىي نۇجۇمدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار، — دەپ جاۋاب بەردى مىرانشاھ.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى بەدرى ئۇنى سىناپ، — مېنىڭ قولۇمدىكى نېمە؟ — دەپ سوئال بەردى.

تۆرە ھەسەن مۇنەججىمنىڭ كىتابىغا قاراپ چىقىپ:

— قولۇڭدىكى ئالتۇن! — دەپ جاۋاب بەردى.

بەدرى ئۇنىڭ تاپقۇرلۇقىنى كۆرۈپ ئېتىقادى ئاشتى ۋە

شاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ تەزىم قىلدى. شاھ:
— مېنىڭ چۈشۈمنى تاپتىڭمۇ؟ — دېۋىدى، بەدرى:
— مېنىڭ بىر شاگىرتىم بار، چۈشىڭىزنىڭ تەبىرىنى شۇ ئېيتالايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.
— ئەكەل! — دەپ بۇيرۇدى شاھ.
بەدرى تۆرىگە ياخشى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، شاھ يەھيانىڭ قېشىغا ئەكىرىپ تەزىم قىلىپ تۇردى. شاھ مىرانشاھتىن:
— ھەي يىگىت، بەدرىنىڭ شاگىرتى بولامسەن؟ — دەپ سۇرىغانىدى، تۆرە:
— بەدرىگە شاگىرت بولۇش دېگەن گەپ ماڭا نومۇستۇر. مەن ھەسەن مۇنەججىمنىڭ شاگىرتى بولىمەن. چۈنكى ھەسەن مۇنەججىم بەدرىگە پىسەنت قىلمايتتى، — دېدى.
— ئەمىسە مېنىڭ چۈشۈمنىڭ تەبىرىنى ئېيتقىن! — دەپ بۇيرۇدى شاھ يەھيا.
— مەن بەدرىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرىمەن، ئۇ مېنىڭ جايىمغا — تۆۋەنگە چۈشۈپ ئولتۇرسۇن، — دەپ تۇرۇۋالدى تۆرە.
شاھ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن، تۆرە بەدرىنىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ ئولتۇردى.
— ئەي شاھ، — دېدى تۆرە چۈشكە تەبىر بېرىپ، — چۈشىڭىزدە بىر ئېگىز بويلۇق ئاقساقال كىشىنى كۆردىڭىزمۇ؟
— ھەئە، راست كۆردۈم، — دېدى شاھ ھەيران بولغان ھالدا.
— ئۇ كىشى سىزگە ھەيۋە - سىياسەتلەرنى قىلدى، يەنە سىزگە بىر نەرسىنى بەردى. بۇ چۈشنىڭ مەنىسى مۇنداق: بەدرى ئىلگىرى سىزگە ۋەزىر ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ ئورنىغا مەن ۋەزىر بولدۇم، شۇنداقمۇ؟ بۇنى «دەۋر زامان گەردىشى پەلەك» دەيدۇ. بەدرىنىڭ ئورنىغا مېنىڭ ئولتۇرغانلىقىمنىڭ سەۋەبلىرىنى

ئويلاپمۇ قويمىدىڭىز. بۇنىڭ تېگى بار ئىش. ئىلگىرى ھەسەن مۇنەججىم سىزگە ۋەزىر بولغانىكەن. بەدرىنىڭ پىتنىسى بىلەن ئۇنىڭغا تۆھمەت ـ گۇناھلارنى ئارتىپ ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئورنىغا بەدرىنى قويۇپسىز، ئەمدىلىكتە مەن يەنە سىزگە ۋەزىر بولدۇم، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— شۇنداق بولسا، ئەمدى ھەسەن مۇنەججىم مېنىڭ ئورنىمدا ئولتۇرسۇن، — دەپ گەپنى تامام قىلدى مىرانشاھ.

شۇنداق قىلىپ شاھ يەھيا ھەسەن مۇنەججىمنى چاقىرتىپ ئۇنى ۋەزىر قىلىپ بەلگىلەپ، بەدرىنى زىندانغا سالدى.

تۆرە يەنە قەلەندەرلىك كىيىملىرىنى كىيىپ، مۇنەججىم بىلەن خوشلىشىپ ھەج سەپىرىنى داۋام قىلدى. ئۆزىنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىماي يول يۈرۈپ، نىشاپورنىڭ دەشتلىرىنى ئارىلاپ، دەم ئېلىش ئۈچۈن بىر ئېرىقنىڭ بويىدا ئولتۇرغانىدى. چىرايلىرى سارغايغان، قوللىرى ئارقىسىغا قىلىپ باغلانغان بىر يىگىتنىڭ ئات ئۈستىدە قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئارقىسىدىن قىرىقچە كىشى قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار ھەر ھالدا يىگىتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ تۇراشقا باشلىدى. شۇ چاغدا باغلاقلىق يىگىت مىرانشاھقا قاراپ:

— ئەي قەلەندەر يىگىت، قۇللۇقتىن بايلىققا، گادايلىقتىن شاھلىققا ئېرىشەي دېسەڭ، مېنى قۇتۇلدۇرغىن، قوللۇمنى يېشىۋېتىپ، مېنىڭ تاماشىمنى كۆر، — دەپ كۆپ يالۋۇردى. قوغلاپ كەلگۈچىلەرمۇ:

— ھەي يىگىت، پادىشاھىمىزنىڭ غەزىپىدىن قورقىسىن. ئۇنى يەشمە، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! — دەپ تۈۋلاشتى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ غەيرىتى جۇش ئۇرغان تۆرە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ھېلىقى يىگىتنىڭ قوللىرىنى يېشىۋەتتى. يىگىت

بوشانغاندىن كېيىن قوغلاپ كەلگۈچىلەرگە ئارسلاندەك ھەيۋە بىلەن ئېتىلدى. ئۇلار قورقۇپ، تۈلكىدەك قېچىشقا باشلىدى. ئۇلار قورال - ياراقلىق ئىدى. يىگىتتە ھېچنەرسە يوق ئىدى. يىگىت بىر دەرەخنىڭ شېخىنى سۇندۇرۇپ، ھېلىقىلارنى سۈرۈپ توقاي قىلىپ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. ئاندىن قايتىپ تۆرىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سەن قانداق ئادەمسەن؟ — دەپ سورىدى تۆرە ئۇنىڭدىن. يىگىت:

— مەن شاھ مەنسۇر بولىمەن. شاھ شىجائىنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى بولىمەن. قېرىندىشىم ماڭا دۈشمەنلىك قىلدى. مەن مازاندىران شاھلىقىنى مۇسەخخەر قىلغانىدىم. ئۇلار مېنى ئالداپ قولۇمنى ھىيلە بىلەن باغلاشتى، مەن بىر ئامال قىلىپ ئاتقا مىنىدىم - دە، قاچتىم. ئۇلار ئارقىمدىن قوغلاشتى. بۇ يەرگە كەلگەندە سەن مېنى قۇتۇلدۇردۇڭ. ھەي قەلەندەر، يېقىن كەل. ماڭا ھەمراھ بولۇپ مازاندىرانغا بارغىن، — دېدى.

— مەن قەلەندەرمەن، — دېدى تۆرە، — سەن بەگزادىسەن، ئىككىمىزنىڭ يېقىن بولۇشىمىز قىيىن.

— سەن ماڭا ياخشىلىق قىلدىڭ، مەندىن نېمە تەلەپ قىلساڭ قوبۇل قىلىمەن! — دېدى يىگىت.

شۇنداق قىلىپ يىگىت تۆرىنى يولداش قىلىپ ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ پايتەختكە — تەبرىز شەھىرىگە ئەكەلدى ۋە بۇ جايدا كۆڭۈل ئېچىش بىلەن مەشغۇل بولدى.

بىر كۈنى تۆرە شاھ مەنسۇر بىلەن ئوۋغا چىقتى. ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ بىر قىشلاققا يېتىپ كەلدى. بىر توپ جامائەت ئالتۇن سوۋغات كۆتۈرۈشۈپ بىر تەرەپكە كېتىۋاتاتتى.

— بۇ ئادەملەر نەگە بارىدۇ؟ — دەپ سورىدى تۆرە يېنىدىكىلەردىن. مەنسۇر:

— بۇلار جوھۇت. بۇلارنىڭ بىر پىرى بار. 200 ياشقا كىرگەن. شۇ تەرەپتە، بىر غارنىڭ ئىچىدە ئىتىكاپ قىلىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمىنى جاھانىرىز يەھۇدىي دېيىشىدۇ. ئۇ ھەر يىلى بىر قېتىم غاردىن چىقىپ ئۈچ كۈنگىچە كۆرۈنۈش قىلىدۇ. بۇلار شۇنى زىيارەت قىلغىلى كېتىۋاتىدۇ. ئۇ قىرى زا-مانىنىڭ ئەھۋالىدىن ھەم چوڭ - چوڭ ئىشلار - ھادىسىلەردىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە غارغا كىرىپ كېتىدۇ،— دەپ چۈشەندۈردى.

تۆرە ئۇنى بىر كۆرۈشنى ھەۋەس قىلىپ قالدى ۋە شاھ مەنسۇر بىلەن يەھۇدىينىڭ قېشىغا باردى. ئۇ زاھىت ئۆزىنىڭ قوۋمىغا تەۋراتتىن دەرس بېرىۋاتاتتى. شاھ مەنسۇر ئۇنى نەچچە قېتىم كېلىپ كۆرگەنىدى. زاھىت پات - پات تۆرىگە قاراشقا باشلىدى. تۆرە:

— ھەي يەھۇدىيلەرنىڭ شەيخى. نېمىشقا ھەققە ئىمان كەلتۈرمەيسەن؟— دەپ سورىۋىدى، زاھىت:

— ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مەھدى[46] بولىدۇ. يەنى ئابدۇل-لانىڭ ئوغلى،— دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئىككىيلەن بىر-بىرى بىلەن بەس مۇنازىرە قىلىشىپ كېتىشتى. زاھىت:

— سەندىن بىرقانچە مەسىلە سوراي. جاۋاب بەرگىن،— دېدى. تۆرە ماقۇل بولغاندىن كېيىن زاھىت:

— سىلەر دۇب دەرىخىنىڭ ئاچماقلىرى (شاخلىرى) ئارىسى-نى مۇھەممەدنىڭ دەرىجىلىك ئورنى دەيسىلەر. بىز بولساق ئۇنى مۇسانىڭ دەرىجىلىك ئورنى دەپ بىلىمىز. ھەممە جەننەت دۇب دەرىخىنىڭ شاخلىرىنىڭ سايىسى ئاستىغا جايلاشقان. بۇنىڭغا بىر دەلىل كۆرسەتكىن. قانداقلارچە بىر دەرەخنىڭ سايىسى شۇنچىۋالا دائىرىگە يېتىدۇ؟— دەپ سورىدى.

— ئۇنىڭ مىسالى دۇنيادىكى قۇياشتۇر. ئالەم ئارا چۆل-

دەشت، شەھەر ـ سەھرا ۋە ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇنىڭ نۇرى بىرلا ۋاقىتتا باراۋەر چۈشىدۇ.— دەپ جاۋاب بەردى مىران شاھ. يەھۇدىي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ مىرانشاھقا تەزىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئاندىن يەنە سوئال سورىدى: تۆرە ھەممىسىگە ئەقىل بىلەن مىساللار كەلتۈرۈپ جاۋاپ بەردى. زاھىت:

— ھەي يىگىت، نەدىن كەلدىڭ؟— دەپ سورىدى.

— تۇراندىن كەلدىم،— دېدى تۆرە.

— ئېتىڭ نېمە؟ كىمنىڭ ئوغلىسەن؟

— ئېتىم مىرانشاھ، ئەمىر تېمۇرنىڭ ئوغلى بولىمەن.

— مەزھىپىڭ كىمدۇر؟

— مەزھىپىم ئىمام ئەزەمدۇر. ئەھلى سۈننى جامائىتىگە مەنسۇپمەن.

زاھىت شاھ مەنسۇرغا قاراپ:

— بۇ يىگىت ئاخىرقى زاماندىكى ساھىبقىراننىڭ ئوغلى بولىدۇ. بۇلار يەر يۈزىنى ئالىدۇ. بۇ مەملىكەتلەرنىمۇ ئالىدۇ. سېنىڭ ئەۋلادىڭ بۇلارنىڭ قولىدا ھالاك بولىدۇ،— دەپ چۈشەنچە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن شاھ مەنسۇر يەھۇدىينىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. قۇلاق سالغان بولسىمۇ چۈشەنمىگەندەك بولۇۋېلىپ، تۆرە بىلەن ئوردىسىغا قايتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن زاھىت ئۆزىنىڭ قوۋمىغا:

— مەن غارغا كىرىمەن. يەنە مەن غاردىن چىققۇچە تەييار بولۇپ تۇرۇڭلار!— دېدى ـ دە، غارغا كىرىپ كەتتى. ئۇ غارغا كىرىپ، بىر گۈلدار قۇشنىڭ غار بېشىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنى تۇتۇشقا ھەرىكەت قىلىۋىدى، قۇش ئۇچۇپ سىرتقا چىقتى. زاھىتمۇ ئارقىسىدىن بىللە چىقتى. ئۇنىڭ قوۋمى «پىرىمىز بىر يىلدا بىر قېتىم چىقاتتى. بۇ چىققىنى پىرىمىزنى ئۆلتۈرگىلى

كىرگەن ئادەم بولسا كېرەك» دەپ گۇمان قىلىپ، كېچىدە ئۇنى پەرق قىلالماي ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. قوۋم تاڭ ئاتقاندا ئۆلگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ پىرى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، كۆپ پۇشايمان قىلسىمۇ پايدا بەرمىدى.

## مىرانشاھ تۆرە ئىبنى ئەمىر تېمۇرنىڭ ھەپتەخان، مازاندىرانغا بارغانلىقى

مەنسۇر بۇ يىگىتنىڭ ئەمىر تېمۇرنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى ۋە ئۇنى ھىيلە بىلەن يوق قىلىشنى ئويلىدى. تۆرىمۇ ئۇنىڭ يامان نىيىتىنى پەملەپ قالدى. ئۇلار مازاندىرانغا ئوۋغا چىقتى. بىر تاغنىڭ ئارقىسىغا چېدىرلارنى تىكىپ ئولتۇرۇشتى. تۆرىنىڭ كۆزىگە يىراقتىن يالتىراق بىر نەرسە كۆرۈندى. تۆرە قېشىدىكىلەردىن:

— ئاشۇ كۆرۈنگەن نېمە؟ — دەپ سورىغانىدى، شاھ مەنسۇر:

— ھەپتەخان مازاندىران يولى! — دېدى ۋە بۇ يولنى كۆپ تەرىپلەپ بەردى. تۆرە كۆڭلىگە: «بۇنىڭ قولىدا ئەسىر بولۇپ ئۆلگەندىن كۆرە، بۇرۇنراق ئۆزۈمنى ياقىغا ئالاي» دېگەنلەرنى پۈكتى. يەنە ئۇنىڭدىن:

— بۇ يول بىلەن مېڭىپ باققانلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بۇ سوئالدىن شۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى. تۆرە ئۇلاردىن رەنجىدى-دە، دەرھال ئاتقا مىنىپ ئاجايىپ تېز سۈرئەت بىلەن يولغا چۈشتى. بىرقانچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ئېتى چۆل ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆلدى. مىرانشاھ يەتتە كۈنگىچە پىيادە يول ماڭدى.

بۇ جەزىرىنىڭ ئىسمىنى «ھەپتەخان» دېيىشتىكى سەۋەب، بۇنىڭ دائىرىسى يەتتە مەنزىل ئىدى. زالنىڭ ئوغلى رۇستەم

شۇ مەنزىلدە كەيكاۋۇسنى دىۋىلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرغانىدى.
(ئۇلارنى دىۋىلەر مازاندىران قەلئەسىگە قامىغانىدى. رۇستەم
ئۇلارنى ئىزدەپ يەتتە كۈن يول يۈرۈپ بىر جايدا ئۇخلاپ قال-
غاندا يولۋاس قەست قىلدى. رەخشى ئۇنى تېپىپ ئۆلتۈرۈپ،
رۇستەمنى قۇتۇلدۇردى. ئىككىنچى مەنزىلگە بارغاندىن كېيىن
ئەجدىھاغا ئۇچرىدى. ئۇنى ئۆلتۈردى. ئۈچىنچى مەنزىلدە سېھىر-
گەر ئايال ئۇچراپ، رۇستەمنى ھىيلە بىلەن تۇتماقچى بولغىنىدا،
ئۇنىمۇ ئۆلتۈردى. تۆتىنچى مەنزىلگە بارغاندا ئولاد ئىسىملىك
دىۋە بىھىساب قوشۇن بىلەن رۇستەمگە قارشى چىقتى. رۇستەم
ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ غەلىبە قازاندى. بەشىنچى مەنزىلدە
ئولادنى ئەسىر قىلدى. ئالتىنچى مەنزىلدە ئەرژەڭ ئىسىملىك دىۋە
رۇستەم بىلەن سوقۇشتى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى دېڭىزدىن كېمە
بىلەن كېلىپ ھۇجۇم قىلدى. رۇستەم ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ،
ئەرژەڭنىڭ كاللىسىنى ئالدى. يەتتىنچى مەنزىلدە يەنە كۆپلىگەن
دىۋىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بىد ئىسىملىك شاھىنى ئىتائەت
قىلدۇردى. ئاق دىۋە ھەم ئۇنىڭ قوۋمىدىكى دىۋىلەرمۇ ئىتائەت
قىلدى. مازاندىران شاھى بىلەن كۆپ جەڭ قىلىپ غەلىبىلەرگە
ئېرىشتى، كەيكاۋۇسنى ئېلىپ ئىرانغا قايتىپ كەلگەنىدى.)
مىرانشاھ تۆرە يول ماڭا ـ ماڭا بىر مۇنارنىڭ قېشىغا يەتتى.
بۇ مۇنارغا ھەر خىل جاۋاھىراتلار بىلەن نەقىش قىلىنغانىدى.
قۇياش نۇرىدا تولىمۇ چىرايلىق چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چاق-
نىغان شولىسى ئون كۈنلۈك يەردىن كۆرۈنەتتى. پىيادە مېڭىپ
ئاياغلىرى قاپىرىپ كەتكەن تۆرە مۇنارنىڭ ئاستىدا بىردەم ئول-
تۇرۇپ ئارام ئالدى. بۇ يەردە بىر چوڭ كۆل بولۇپ، قىرغاقلىرى
كۆرۈنمەيتتى. بۇ كۆلنىڭ كۆپلىگەن يېرى قومۇشلۇق ئىدى.
ئالەمدە بارلىكى قۇشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ كۆلدە بار ئىدى.
بۇ مۇنارنىڭ ئۈستىدە ناھايىتى يوغان بىر قۇشنىڭ ئۇۋىسى كۆ-

روندى. ئۇۋىدا كوكارچىنگە ئوخشايدىغان بىر قۇش ئولتۇراتتى. كۆل بويلىرىدا ھەر ياڭزا چىرايلىق گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ھاۋا مۆتىدىل ئىدى. تۆرە راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ يېرىم كېچىدە بىر خىل ئاۋازنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتتى. مۇناردىكى قۇش سايراۋاتاتتى. ئەتراپتىكى قۇشلار توپلىشىپ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشماقتا ۋە كۆپىنچىلىرى ھوشىنى يوقىتىپ مەستلەردەك يېتىشماقتا ئىدى. قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەندە قۇش سايراشتىن توختىدى. تۆرە قۇشقا قارىدى، رەڭگى ئاق بۇ قۇش تولىمۇ گۈزەل ئىدى. قۇش سايراشتىن توختىغاندىن كېيىن توپلاشقان قۇشلار تەرەپ - تەرەپكە كېتىپ قېلىشتى. تاڭلا سەھەردە ھېلىقى قۇش يەنە سايراشقا باشلىۋىدى، يەنە ھەممە نەرسىلەر مەست بولۇشقا باشلىدى. تۆتىنچى كۈنى ھېلىقى قۇش-تىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. تاڭ ئاتقاندا تۆرە ئۇ قۇشنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى كۆردى. تۆرە كۆلگە نەزەر سېلىۋىدى، كۆل مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى ۋە كۆل ئىچىدىن چوڭلۇقى پىلدەك بىر ئاجايىپ قۇش چىقىپ كەلدى. تۆرە «بۇ قۇش مېنى ھالاك قىلسا كېرەك» دەپ قورقۇپ تۇراتتى. ئەمما قۇش كۆلدىن چىققان پېتى مۇناردىكى ئۇۋىغا قوندى. ھېلىقى ئۆلگەن قۇشنىڭ جەسە-تىنى كۆكسىگە يېقىپ، ئۈچ كۈنگىچە ئۆۋۈلاپ - سىلاپ بىرد-ۋىدى، قۇش تىرىلىپ يەنە سايراشقا باشلىدى. شۇندىن كېيىن ھېلىقى يوغان قۇش كۆلگە قايتىپ كەتتى - دە، غايىب بولدى. ئۈچ كۈنگىچە بۇ كۆلدىكى بارلىق قۇشلار دائىمۇ يېمەي، سۇمۇ ئىچمەي سۈكۈت قىلىشتى.

بۇ سەنئەتلەرگە ھەيران قالغان تۆرە يۈرۈپ كەتتى. (تۆرە كېيىنرەك فەرەڭ ھېكىمگە ئۇچراشقاندا، بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ، سىرىنى سورىغانىدى، ئۇ: «ئاشۇ گۈزەل قۇش مۇغەننى (سازەندە) ئىدى. ئۇنىڭ ئېتىنى ‹خوراز گۈلزىر› دەپ ئاتايدۇ. ھەر 100

يىلدا بىر قېتىم ئۆلىدۇ. كۆلدىن چىققان قۇش بولسا روھ قۇددۇسىدۇر. قۇشنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ كېلىپ ئۇنى تىرىلدۈرىدۇ. قۇش يەنە 100 يىلغىچە نەغمە قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىشلار تاكى قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەنىدى.)

تۆرە يول يۈرۈپ بىر جۈپ بۇلاق بويىغا يېتىپ كەلدى. بىر بۇلاقنىڭ سۈيى تاتلىق، يەنە بىر بۇلاقنىڭ سۈيى ئاچچىق ئىدى. ئىككىلا بۇلاق بىر گەز ئېگىزلىكتە قايناپ چىقاتتى. تۆرە بۇلاقتا بىر بېلىقنى كۆردى. بېلىق سۈيى ئاچچىق بۇلاققا چۈشكەندە قىزىل رەڭگە ئۆزگەردى. تاتلىق بۇلاققا چۈشكەندە ئاققا ئۆزگەردى. بۇ ئىككى بۇلاقنىڭ سۈيى بىر - بىرىگە زادى قوشۇلمايتتى. تۆرە بۇ يەردىن ئۆتۈپ بىرمۇنچە دەرەخنى كۆردى. دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا لىققىدە سۇ قاچىلانغان چاناچلار ئېسىلغانىدى. تۆرە يېقىن بېرىپ قارىۋىدى، ئۇ ئەسلى چاناچ ئەمەس، ھەممىسى خورمىغا ئوخشاش يېمىش ئىدى. تۆرە ئالتە ئايغىچە شۇ يەردە يۈردى. كېيىن ھېلىقى چاناچقا ئوخشايدىغان يېمىشلەردىن قۇشلار پەيدا بولۇپ، ھەر تەرەپكە ئۇچۇشقا باشلىدى. تۆرە ئۇ يەردىن مېڭىپ بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كەلدى. قولىدىكى تاياقنى بۇلاققا سېلىپ، يەنە ئېلىپ قارىدى - دە، ئاجايىپ نەرسىلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ يەردىنمۇ مېڭىپ ناھايىتى كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، بىر قانچە ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدى. ئوغلىنى كۆرگەن ساھىبقىراننىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى.

## ساھىبقىراننىڭ خوراسانغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇنى ئۈچ يىلدا بويسۇندۇرغانلىقى

ساھىبقىرانغا ھەر تەرەپتىن ئەلچىلەر كەلدى – يۇ، ئىران

تەۋەسىدىن بىرمۇ ئەلچى كېلىپ باقمىدى. شۇڭا ساھىبقىران ئۆزبېك، قازاقتىن، قىرغىز، تىپچاقتىن ۋە يەنە ھەرقايسى مىللەتلەردىن ئەسكەر ئېلىپ قوشۇن توپلاشقا باشلىدى. قوشۇننىڭ سانى ئىككى لەك بولغانىدى. خەزىنىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ سىپاھ ۋە لەشكەرگە مۇكاپاتلارنى بەردى. 4000 كىشىگە مىرزا شاھرۇخنى قاراۋۇل بېگى قىلىپ بەلگىلىدى. 10 مىڭ كىشىگە مىرزا مىرانشاھنى ئايراۋۇل بېگى قىلدى. 30 مىڭ كىشىگە ئۆمەر شەيخ تۆرىنى باقاۋۇل بېگى قىلدى. قاراۋۇللار ئەقىللىق لەشكەردىن تۇغ - بايراقچىلارنى تەشكىللەپ سەمەرقەنتتە توپلىنىپ تەييار بولۇشتى.

تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 781 - يىلى، كۆكلەمنىڭ باشلىرى ئىدى. لەھەڭ (بېلىق) يىلى، رەبىيەل ئەۋۋەل ئايلىرى، ھەمەلنىڭ 20 - كۈنىدە، ھەممە قوشۇن ئاتلارغا مىنىپ سەبىز شەھەرىگە بېرىشتى. ئۇ يەردىن قارشىغا كېلىشتى. ئۇ يەردە ساھىبقىران ئەمىر ۋە بەگلىرى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزدى.

بەگلەر:

— بەلخقە بارايلى، — دەپ مەسلىھەت بەرگەنىدى، ساھىبقىران ئۇنىماي بۇخاراغا كېلىشتى. ئۇ يەردىن چارجوي يولىغا قاراپ ماڭدى.

بۇ چاغلاردا خوراسان تەختىدە مەلىك مەئىزىددىن ھاكىمىيەت سۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئەمىر ھەسەن كۇرد دېيىلەتتى. (مەئىزىددىن ئۇنىڭ لەقىمى ئىدى.) ئۇ زوھاكنىڭ نەسلىدىن ئىدى.

ساھىبقىراننىڭ داڭقى مەرۋە ھاكىمىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇنىڭ دادىسى سەنجەربېك ئىدى. ساھىبقىران قوشۇنلىرى بىلەن يېقىنلاپ كەلگەندە مەرۋە ھاكىمى قورقۇپ قېچىپ، مەئىزىددىننىڭ ئالدىغا باردى. لېكىن مەرۋىدىكى ئۇنىڭ ئادەملىرى ھەدىيىلەر

بىلەن ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا چىقتى. (بۇ ئىش ئەمىر تىمۇرنىڭ سائادىتى ئۈچۈن بىر پال بولدى.) ئەمىر تىمۇر مەرۋىنگە بىرىنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ، ئۆزى ھىرات تەرەپكە يول ئالدى. يول ئۈستىدە قوشخ قەلئەسىگە يېتىپ كەلدى. سىپاھسالار «ھۇجۇم قىلىپ كىرىمىز» دېيىشكەندى، ساھىبقىران توسۇپ قويدى. ئۇلارغا:

— خۇدا بۇيرۇسا، بۇ قەلئەنى جەڭ - جېدەل قىلمايلا ئالىمىز، — دېدى.

شۇ كېچە ساھىبقىران چىڭگىزخاندىن قالغان چېدىرنى تىكتى. بۇ چېدىر 700 تۈۋرۈكلۈك ئىدى. ئىچىگە 12 مىڭ كىشى سىغاتتى. ئۇنىڭ ئىچىگە ساھىبقىران تۇرىدىغان مەخسۇس خانا تەييارلاندى. خانىنىڭ ئىككى قانىتى قىزىل ئىدى. ئىككى قاناتتا كۈمۈش ۋە ئالتۇندىن قىلىنغان ئىككى پەنجىرە بار ئىدى. بەگلەر خانىغا كۆرۈنۈش قىلىش ئۈچۈن بۇ جايغا كەلمەكچى ئىدى. بۇ چېدىرنى ئۈچ كۈندە قۇراشتۇرۇپ بولدى. چېدىرنى قۇرغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ھىندى ۋە جوھۇتلار ئىدى. چېدىر تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ساھىبقىراننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەمىر ۋە بەگلەر دۆلەتخانىغا كىلىپ ئورۇن ئېلىشتى. مەھرەملەر، غۇلاملار ۋە قۇللار كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن خانىدا ئولتۇرۇشتى. ئاناق ئالتۇن پەنجىرىلىك خانىدىن جاي تېپىپ ئولتۇردى. خوجىزادىلەر كىلىپ بەگلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇشتى.

ساھىبقىران ئىسكەندەر سانى ھەممىدىن يۇقىرى ئولتۇرۇپ، سورۇندىكىلەرگە نەزەر سالماقتا ئىدى، ئۇ قورغاننىڭ بىر بۇرجىكىدە چىراغنىڭ يېنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. چىراغ بارغانسېرى يېقىنلاشقا باشلىدى ۋە چېدىرنىڭ تۈۋىگە كىلىپ توختىدى. قوشخ قەلئەسىنىڭ ئىچىدە سىنگو بوۋا دېگەن بىر ئەزىز كىشى بار ئىدى. بۇ زات قورغان ئاستىدىن لەخمە كولاپ

ئاندىن بۇ ئادەمنى خەۋەر قىلغىلى ئەۋەتكەنىدى. چىراغ كۆتۈر-
گەن كىشى:
— ئادەم بارمۇ؟ خانغا دەيدىغان سۆزۈم بار، — دەپ
پىچىرلىدى. بۇ چاغدا ھەممەيلەن ئۇيقۇدا ئىدى. ساھىبقىران
تۇيۇپ:
— كىم سەن؟! — دېدى.
— سىنگو بوۋىنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولىمەن، — دېدى ئۇ
كىشى. ئاڭغىچە مۇلازىملار ئۇنى ساھىبقىراننىڭ قېشىغا ئەكى-
لىشتى. بۇ كىشى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىغا ياغلىقتا ئورالغان
پىشۇرۇلغان قوينىڭ تۆشىنى قويدى ۋە:
— بۇنى سىنگو بوۋا سىزگە ئەۋەتتى، — دېدى.
ساھىبقىران بۇنى ئۆزىگە قىلىنغان بىر پال دەپ بىلدى.
چۈنكى خوراسان جاھاننىڭ مەركىزى دەپ تونۇلغاچقا، ئەمىر
تېمۇر «خوراسان بىزگە نېسىپ بولىدىكەن» دەپ ئويلاندى.
ھېلىقى ئادەم:
— سىزگە لەخمە كولاپ، يولنى ئېچىپ قويدۇق. بوۋاي
سىزگە قاراپ تۇرماقتا، — دېدى. ئەمىر تېمۇر دەرھال ئەمىر
مۇئىد ئارلاتقا 500 كىشىنى قوشۇپ بوۋاينىڭ قېشىغا
ئەۋەتتى. بۇ 500 كىشى يېرىم كېچىدە ئاشۇ ئادەم بىلەن
لەخمە ئارقىلىق شەھەرگە كىردى ۋە بىردىنلا كاناي تارتىشتى.
قەلئەنىڭ ھاكىمى قېچىپ كەتتى. ئەمىر تېمۇر شۇنداق قىلىپ
قەلئەنى ئالدى. ئۇلار ئىككى كۈن شۇ يەردە تۇرۇشتى. ساھىب-
قىران سىنگو بوۋىدىن:
— نېمىشقا مەلىككە نەسىھەت قىلمىدىڭىز؟ پۇقرالارغا
تولىمۇ ئېغىر زۇلۇملارنى سېلىپتۇ ئەمەسمۇ؟ — دېۋىدى، بوۋاي:
— كۆپ نەسىھەت قىلدىم، ئەھمىيەت بەرمىدى. خۇدا
سىلەرنى يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا كۈشەندە قىلدى. سىلەرمۇ نامرات

لارغا زۇلۇم قىلساڭلار، نەسىھەتنى قۇلاقتا تۇتمىساڭلار، سىلەرگىمۇ كۈشەندە چىقىدۇ، — دېدى. ئاندىن ئەمىر تېمۇر:

— ماڭىمۇ كۈشەندە چىقىدۇ، — دېدى. يەنە بوۋاي:

— ھەممىنىڭ كۈشەندىسى ئۆلۈم، — دېيۋىدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، راست دەيسىز بوۋا، — دەپ ماقۇللىدى ئەمىر تېمۇر، — لېكىن مەن ھاياتلا بولسام خۇدادىن ئۈمىد كۈتىمەنكى، ھېچكىم ماڭا كۈشەندىلىك قىلالمايدۇ.

ئۇلار ھىراتقا قاراپ يول ئالدى.

ھىراتقا ئىككى مەنزىللىك يول قالغاندا، ئەمىر تېمۇر قوشۇندىكىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈردى. قوشۇن ھىراتقا تەۋە يۇرتلارنىڭ ھەممىسىنى تالان - تاراج قىلدى. سىپاھلار تاكى ھىراتنىڭ دەرۋازىسىغىچىلىك تالان - تاراج قىلىپ كەلدى. دەرۋازىغا يېقىن كەلگەندە مەلىك مەئىزىددىننىڭ ئوغلى غىياسىددىن ئاتىسىغا:

— ھەي جېنىم ئاتا، رۇخسەت قىلسىڭىز، دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلسام، — دېدى.

— سەۋرى قىلغىن، — دېدى مەلىك ئوغلىغا.

مەلىكنىڭ ھۇزۇرىدىكىلەر مىرزا شاھرۇخ تۆرىنىڭ تەرىپىنى قىلىشقا باشلىۋىدى، غىياسىددىننىڭ غەيرىتى قوزغىلىپ:

— مەن بېرىپ، ئاشۇ شاھرۇخ دېگەننىڭ بېشىنى كېسىپ كەلمىسەم يىگىت بولماي كېتەي! — دېدى - دە، ئۆزىگە 500 كىشىنى ھەمراھ قىلىپ، چاغاتاي قوشۇنلىرىنى ئىزدەپ چىقتى. يىراقتىن چاڭ - تۇمانلىرى كۆرۈندى. يېقىنراق بېرىپ چاغاتاي كىشىلىرىنىڭ كۆپلىگەن مال - چارۋىنى ئەكېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلاردىن بىرىنى ئەسىر قىلىپ تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭدىن:

— بۇ قوشۇننىڭ باشلىقى كىم؟ — دەپ سورىغانىدى،

ئەسىر:

— شاھرۇخ تۆرە، — دەپ جاۋاب بەردى.

غىياسىدىن دەرھال شاھرۇخ تۆرىنى تەلەپ قىلىپ قوشۇنغا كەلدى ۋە «شاھرۇخ تۆرە دېگىنى قايسى؟» دەپ چۇقان سالدى. قوشۇنىنىڭ ئىچىدە بىر باتۇر يىگىت بار ئىدى. ئۆزى تاشكەنتلىك بولۇپ، ئىسمى ساقى بېك ئىدى. ئۇ:

— شاھرۇخ تۆرە دېگەن مەن! — دېدى. ئاندىن ئىككىيلەن جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. ئۇزۇن تالاشقاندىن كېيىن، ئاخىر غىياسىدىن غالىب كېلىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن ئايرىۋېلىپ، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى ۋە «شاھرۇخنىڭ بېشى» دەپ تاشلىدى. ئاندىن ئۇنى شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويدى. بۇ غەلىبە ئۈچۈن نەغمە ـ ناۋا قىلدۇردى.

بۇ خەۋەرنى مىرانشاھ ئاڭلاپ، قېرىنداشىغا ئىچى كۆيۈپ، چىداپ تۇرالمىدى. غىياسىدىننىڭ ئەسكىرىگە ئۆزىنى ئۇردى. ئۇلارغا زەربە بېرىپ، غىياسىدىنغا يېتىشتى ـ دە، قىلىچ بىلەن تازا كەلتۈرۈپ ئۇرۇۋىدى، ئۇ ياردار بولۇپ قېچىپ كەتتى. مىرزانشاھ ھېلىقى ئېسىقلىق كاللىغا قاراپ، ئۇنىڭ شاھرۇخ ئەمەسلىكىنى تونۇدى. ئۇ قايتىپ ئاتىسىنىڭ قېشىغا كەلدى، قارىسا شاھرۇخ تورە ئاتىسىنىڭ قېشىدا راۋۇرۇس ئولتۇرۇپ خىزمىتىدە بولۇۋاتاتتى.

بۇ ۋەقەلەرنى مىرانشاھ سورۇندىكىلەرگە سۆزلەپ بېرىۋېدى، شاھرۇخ تۆرە ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىدىن يەللىسىنى ئالدى ـ دە، ئاتىسىدىن رۇخسەت سورىدى. ئۇ:

— ئەگەر غىياسىدىننىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ھىراتنىڭ دەرۋازىسىغا ئاسمايدىغان بولسام تۆرىزادە بولماي كېتەي! — دەپ قەسەم قىلدى. ئاندىن كېچىلەپ چىقىپ ھىراتنىڭ دەرۋازىسىدىن شەھەر ئىچىگە كىردى. ئۇدۇللا مەلىكىنىڭ ئوردىسىغا يېقىن بېرىپ قاردىۋىدى، ئاركىنىڭ تېگىدە تۇرغان يىگىتنى

كۆردى. ھەممە كىشى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئىدى. بىرسىدىن سورىغانىدى، «غىياسىدىن دېگەن شۇ بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. شاھرۇخ تۆرە ئۇدۇل بېرىپ ئۇنىڭ يولىنى توستى ۋە:

— ھازىر بول! مانا مەن شاھرۇخ! — دەپ قىلىچ بىلەن شۇنداق ئۇرغانىدى، غىياسىدىننىڭ كاللا خەمىكى تەن پىلىكىدىن ئۈزۈلگەن پېتى يۇمىلىنىپ كېتىۋەردى. ئادەملەر ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. تۆرە ئاتتىن چۈشۈپ، باشنى ئالدى-دە، مەدرىسىنىڭ پەشتىقىغا ئېسىپ قويدى.

مەلىك بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، ئەقىل-ھوشىنىڭ قۇشى بېشىدىن ئۇچتى. دەرھال تەختتىن چۈشۈپ:

— ئاشۇ يىگىتنى ماڭا ئەكىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇپ، ئۆزى خىيالغا چۆمدى. مىرزا شاھرۇخ تۆرە شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئوغلۇڭنى ئۆلتۈردۈم، جەڭنىڭ داغدۇغىسىنى قىلماقچى بولساڭ، تۇر، ئاتلان! — دېدى.

— ئەي يىگىت! — دېدى مەلىك، — يېقىن كەل! مەردانە ئىش قىلىپسەن!

شۇ چاغ غىياسىدىننىڭ ئانىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، يالاڭباش، يالاڭاياق چىقىپ كەلدى-دە:

— ئوغلۇمنىڭ قاتىلىنى ئۇرۇڭلار! — دەپ چۇقان سالدى. ئەتراپتىكى بىر قانچەيلەن ھۇجۇم قىلىشماقچى بولۇشۇۋىدى، مەلىك: «قويۇڭلار!» دەپ توسۇۋالدى. لېكىن ھېچ قايسىسى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى، سوقۇشۇۋەردى. تۆرە دەرۋازىغا يەتكۈچە جەڭ قىلىپ يۈرۈپ، يەتمىشچە كىشىنى ئۆلتۈردى. ئۆزى 20 يەردىن يارىدار بولدى.

مەلىكنىڭ توھماس ئىسىملىك قۇلى تۆرىنى باغلىۋېلىپ، دەسسەپ ئۆلتۈرەي دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز بىر كىشى كېلىپ،

نەيزە بىلەن ھېلىقى قۇلنى ئۆرۈپ ئۆلتۈردى. بۇ ساھىبقىراننىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ كەينىدىن كېلىپ پايلاپ يۈرگەنىدى. ئارقىسىدىن كەلگەن قوشۇنلار ھىراتنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى. شۇ چاغدا ئاناق ھەييارلىقنىڭ ھىيلە - پەللىلىرىنى تۈزۈپ، يۈزىنى باشتىن - ئاياغ ياساپ، ئۈستىگە بىر چۈرۈك چاپاننى كىيدى. بېلىگە بىر تاسمىنى باغلاپ شەھەرگە قاراپ يول ئالدى، شەھەرگە كىرىپ رەستىدە بىر قەلەندەر كىشىگە:

— مېنى مەلىك مەئىزىددىننىڭ قېشىغا ئاپارغىن، ئۇنىڭغا سۆزۈم بار، — دېدى. مۇلازىملار ئاناقنى مەلىكنىڭ ۋەزىرلىرىگە توغرا قىلماقچى بولۇۋىدى، ئۇنىمىدى. ئاخىر مەلىككە خەۋەر قىلىشتى. مەلىك رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن ئۇنى خاننىڭ ئوردىسىغا ئەكىلىشتى. لېكىن مەلىك ئادەملىرىگە: «ئېھتىيات قىلىڭلار! ئۇ يەنە قورال ئىشلىتىپ سالمىسۇن!» دەپ جېكىلەپ قويغانىدى. ئاناق:

— مەن سۆزۈمنى خەقلەردىن يوشۇرۇن دەيمەن، مەلىكنىڭ قۇلىقىغىلا ئېيتاي، — دەپ تۇرۇۋالدى. خان بېشىنى يېقىن قىلىۋىدى، ئۇ ئاستا سۆزلىگەچ بولۇپ، يېڭىنىڭ ئىچىدىن پىچاقنى چىقىرىپ، مەلىكنىڭ كۆكسىگە شۇنداق ئۇردىكى، مەلىكنىڭ تەختى قىزىل تاۋۇتقا ئايلاندى.

شۇ كېچىسى ئەمىر ساھىبقىران لەشكەرلىرى بىلەن قورغاننىڭ ئىچىگە كىرىپ تەخت ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى.

ساھىبقىران ھىراتنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن سودىگەرلەر كېلىپ:

— ساھىبقىران، باتۇرخاننىڭ دەستىدىن داد! ئۇ بىزنى نىھايىتى كۆپ ھاقارەت قىلدى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ سالغان جەبرىسىدىن ئاجىزلىشىپ كەتتى، — دەپ ئەرز قىلىشتى. باتۇرخان قەندىھارنىڭ ئەمىرى بولۇپ، ئەسلىدە ھىندىستان بەگ

لىرىدىن ئىدى. ساھىبقىران ئوردىغا بىرىنى قويۇپ قويۇپ، سوت دىگەرچە ياساندى. 500 چوكور ئات، 1000 خىل ئات، 1000 ياش جەڭ كۆرگەن لەشكەرنى تاللىدى ۋە ئۆزىگە يولداش قىلىپ، قەندىھارغا يۈزلەندى.

باتۇرخان «قەندىھارنىڭ چېتىگە بىرمۇنچە كارۋانلار كېلىپ چۈشۈپتۇ» دەپ ئاڭلاپ ياساۋۇللىرىنى ئەۋەتتى. ياساۋۇللار كېلىپ ئۇلارنىڭ 500 تۇلۇمغا سۇ تولدۇرغانلىقى، تاماق ئېتىش ۋە ئۇلاغلارنى قويۇش ئۈچۈن يەنە بىرقانچە چېدىر تىك كەنلىكىنى كۆردى. ساھىبقىران كۆرسىدا ئولتۇراتتى. باشقىلار ئۇنىڭ ئالدىدا تەزىم قىلىپ تۇراتتى.

ياساۋۇل ئەمىرگە كۆرۈنۈش قىلدى ۋە:

— مېنى باتۇرخان سىلەردىن خەۋەر ئاڭلاپ كەل دەپ ئەۋەتكەندى. سىلەر قەيەردىن كېلىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— بىز سەمەرقەنتتىن كېلىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى ساھىبقىران، — سودا ئۈچۈن كەلدۇق. مېنىڭ ئېتىم خوجا ئابدۇللا، بۇ ئۈچ يىگىت مېنىڭ ئوغلۇم بولىدۇ. ھىندىستانغا بېرىشنى ئىختىيار قىلىپ كېلىپ قالدۇق.

ساھىبقىران جاۋابتىن كېيىن، ياساۋۇللارغا بىر تون كىيگۈزدى. ياساۋۇل قايتىپ كېلىپ خانغا سودىگەرلەرنىڭ باش لىقىنى كۆپ تەرىپلەپ بەردى. ساھىبقىران ياساۋۇلنىڭ كەينىدىن باتۇرخانغا سوۋغات ئەۋەتتى. مۇنداق سوۋغاتنى باتۇرخان ئۆمرىدە كۆرمىگەنىدى.

ئەتىسى خان ئەمىر تېمۇرنى ئوردىغا چاقىردى. ئۇنىڭغا ئاتاپ زىياپەت تەييارلىدى. زىياپەت تۈگىگەندىن كېيىن خان:

— ئەي خوجا، مۇددىئايىڭىز مۇشۇ تەرەپكە كېلىشمىدى ياكى باشقا يەرگىمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئەمىر تېمۇر:

— ئەسلىدە بۇ تەرەپكە كېلىش نىيىتىمىز يوق ئىدى.

ئوغۇللىرىم بىلەن شاھى شىجائىنىڭ قېشىغا بېرىشنى ئىختىيار قىلغانىدۇق، — دېدى.

— مېنىڭ كارامىتىمنى كۆر! — دېدى باتۇرخان كۈلۈپ ۋە پىلنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. خىزمەتچىلەر دەرھال پىلنى ئەكىلىشتى. باتۇرخان بېشىغا دۇبۇلغا كىيىپ پىلنى كۆتۈرۈپ ئايلاندۇردى. كۆرگۈچىلەر ئاپىرىن ئوقۇشتى.

— مېنىڭ ئوغلۇممۇ، — دېدى ساھىبقىران، — خېلى شىجائەتلىك. رۇخسەت قىلسىڭىز، پىلنى كۆتۈرەلەمدۇ — يوق، ئىمتىھان قىلىپ كۆرسەك.

خان رۇخسەت قىلدى. ئاۋۋال ئۆمەر شەيخ تۆرە دۇبۇلغا كىيىپ زور قىلدى. ئەمما كۈچى يەتمىدى. كەينىدىن مىرانشاھ تۆرە كېلىپ ئاشۇنداق زور قىلدى. لېكىن ئۇمۇ كۆتۈرەلمىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن مىرزا شاھرۇھ تۆرە شۇنداق زور قىلدىكى، بۇرنىدىن، كۆزلىرىدىن قان ئېتىلىپ چىقتى - دە، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئىككىلا كۆزىنىڭ ئالمىسى چانىقىدىن چىقىپ كەتكەنىدى.

بىر ھۆكۈما ھىندى خاننىڭ ئالدىدا خىزمەتتە ئىدى. مىرزا شاھرۇخنىڭ كۆزىنى جايىغا كەلتۈرۈپ لۆڭگە بىلەن تاڭدى. ئاندىن كېيىن ئىككى پۇتىنىڭ تاپىنىنى يىرىپ ئىككى تومۇرنى تاپتى ۋە ئۇۋۇلاپ - ئۇۋۇلاپ تارتقانىدى، تومۇر ئىككى - ئۈچ تال ئارپا چوڭلۇقىدا چىققاندىن كېيىن مىرزا شاھرۇخنىڭ كۆزى ئورنىغا چۈشتى. ئۇنىڭ پۇتىنىڭ تومۇرىنى جايىغا كەلتۈرۈپ دورا سۈرتۈپ پاختا بىلەن ئوراپ تېڭىپ قويدى. 40 كۈنگىچە مەيدىسىنى ئاسمانغا قىلىپ ياتقۇزدى. ئۇنى تۈزسىز تاماقلار بىلەن، ئاتالا ۋە بولماق قىلىپ بېرىپ باقتى.

شۇ 40 كۈن ئىچىدە ئەمىر تېمۇر كۈزىتچىلارغا بۇيرۇپ لايىدىن ھېلىقى پىلنىڭ ۋەزنىدە بىر پىل ياساتقۇزدى. ئەمىر

تېمۇر بۇ پىلنى ئۈچ كۈنگىچە كۆتۈرۈپ مەشىق قىلدى، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھەر كۈنى ھېلىقى پىل مۇدېلىنىڭ ئىچىگە لاي سېلىپ، مىقدار - ۋەزنىنى ئاشۇرۇپ كۆتۈرۈپ بەردى. 40 كۈن بولغاندا لاي پىلنىڭ ئۈستىگە ئون كىشى چىقسىمۇ كۆتۈرەلىگۈدەك بولدى. ئانىچە مىرزا شاھرۇخمۇ ساقايدى. ھېلىقى ھۆكۈماغا باشتىن - ئاياغ شاھانە تون لىباس بېرىشتى.

خان بېغدا بەزمە ئۇيۇشتۇردى. ساھىبقىران سورۇندىلا خانغا:

— يەنە ئۆتكەندىكى پىلىڭىزنى كەلتۈرسىڭىز، كۆرۈپ باقساق، — دەپ تەلەپ قىلدى. خان بۇيرۇپ پىلنى ئەكەلدۈردى. باتۇرخان پىلنى كۆتۈرۈپ باغنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقتى. ساھىبقىران:

— مەنمۇ كۆتۈرۈپ باقاي، — دېگەنىدى، خان:

— ئىزا تارتىپ قالارسىزمىكىن؟ — دېدى.

ئەمىر تېمۇر ئۇنىماي، دۇبۇلغىسىنى كىيىپ پىلنى كۆتۈرگىنىچە باغنى يەتتە مەرتىۋە ئايلاندۇردى. سورۇندىكىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا بولۇپ كەتتى. خان ناھايىتى ئىزا تارتىپ، ئوسال بولۇپ قالدى. ئاندىن كېيىن ئەمىر تېمۇرنىڭ مۇلازىملىرىدىن ئون كىشى پىلغا مىندى، ئەمىر تېمۇر يەنە كۆتۈردى. بۇ ئىشلارنى كۆرگەن باتۇرخاننىڭ ئەمىر تېمۇر بىلەن چېلىشقۇسى كەلدى. ئىككىيلەن ئەتىدىن - كەچكىچە تۇتۇشتى.

ساھىبقىران پىرىدىن مەدەت تىلەپ، باتۇرخاننى كۆتۈرۈپ يەرگە شۇنداق ئۇردىكى، كاللا خەمكى پېيلىكىدىن ئۈزۈلۈپ، ئەجەل بازىرىغا ئوينىغىلى كەتتى. ئەمىر تېمۇرنىڭ 1000 نۆكىرى ياقىسىز ساۋۇتلارنى كىيىشكەنىدى. ئۇلار دەرھال كىناي چېلىشتى.

قەندىھارنىڭ لەشكەرلىرى ئۇرۇشتىن قورقۇپ قالمايتتى. ئۇلار دەرھال ئۇرۇشقا كىرىشتى. بۇلاردىن 1000 كىشى ئاپغانلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسىرگە چۈشتى. ئەمىر تېمۇر ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. قەندىھارنى بويسۇندۇرۇپ، بىرقانچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن ھېلىقى ھۆكۈمانى ئېلىپ سىيىستانغا قاراپ ماڭدى. سىيىستانلىقلار بۇلارنى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. تەكلىپ بىلەن قەلئەسىگە ئەكىردى. ئەمىر تېمۇر بۇ يەردە بىرقانچە كۈن تاماشا قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئەلنى ئۆز ئادەملىرىگە تاپشۇردى. بۇ يەردىن ئايۋانى گەرشەستكە — كونا سىيىستانغا يەتتە كۈنلۈك مۇساپە ئىدى. ئەمىر تېمۇر شۇ جاينى تاماشا قىلىشقا باردى. ئايۋان بۇزۇلغان، ئىمارەتلەرنىڭ قالدۇقلىرىلا قالغانىدى. ئايۋاننىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىر بۇلاق كۆرۈندى. شۇ يەرلىكلەر:

— ھەرقانداق كىشى بۇلاقنىڭ ئىچىگە قازان ئېلىپ، ئوت قالىسىمۇ، قازاندىكى تاماق بۇلاق سۈيىنىڭ ئىسسىقى بىلەن پىشىدۇ. بۇ ئاشنى ئىچكەن كىشىنىڭ ئىچىدىن قان كېلىدۇ، — دېدى.

ساھىبقىران بۇ يەردە كۆپلىگەن تىلسىمات قىلىنغان نەرسىلەرنى كۆردى. ئايۋاننىڭ قىبلە تەرىپىدە ئەتراپى توسۇلغان بىر بىنا بولۇپ، تاملىرىغا رەسىملەر سىزىلغانىدى. بىنادا 24 مىسنىڭ ھالقا بار ئىدى. بىلىدىغانلارنىڭ دېيىشىچە، بۇلار ئىلىم ـ ھېكمەت بىلەن ياسالغان ھاممام ئىكەن. ساھىبقىران ھالقىلارنى تارتىپ كۆرۈۋىدى، بىر ئىشىك ئېچىلدى. ئۇلار ئىچكىرى كىردى. بۇ يەر ناھايىتى ئىسسىق ئىدى. ساھىبقىران باشقا ھالقىلارنىمۇ تارتىپ باقتى. ئوخشاشلا ئىشىك ئېچىلدى. قارىۋىدى، ھەممىسى پۇت يۇيىدىغان جايلار ئىكەن. يەنە ئىككى ھالقىنى كۆرۈپ تارتقانىدى، ئىشىك ئېچىلدى. ئوتتۇرىدا بىر ئۆي

بار ئىكەن. بىر مالتاقتا ئىسسىق سۇ، يەنە بىر مالتاقتا سوغۇق سۇ بار ئىكەن. ئوچاقنىڭ تېگىدە قارا تاشلار كۆرۈنىدۇ. ھاممامنىڭ سۈيى ئىسسىغۇچە ئاشۇ تاش يېقىلغۇ قىلىنىدىكەن. بۇنى كېيىن «تاش كۆمۈر» دەپ ئاتاشتى. ئۇ تاشلار ھاممامنىڭ ئوچىقىغا تىلسىم ئارقىلىق تىزىلغاچقا چۈشۈپ كەتمەيدىكەن. ئەمىر تېمۇر ھاممامنى خېلى تاماشا قىلدى. بۇ يەردە ئاجايىپ يادىكارلىقلار كۆپ ئىدى.

مەۋلانا تاھىر ئاخۇن بەلخىنىڭ دېيىشىچە: بۇ يەردە يەنە ئىككى مۇنار بولۇپ، بىرىنى مۇنار ئىران، يەنە بىرىنى مۇنار تۇران دەيدىكەن. بۇرۇنقى دەۋردە ئەفراسىياپ قاچاندا كەلسە، ئىرانلىقلارغا خەۋەر بېرىلسۇن، دەپ، مۇشۇ بەلگىلەرنى زال قىلدۇرغانمىش. كېيىنكى دەۋرلەردە تۇراندىن زەڭگى بالا كېلىپ، ئىران مۇنارىغا تاش ئاتقان. ئۇنىڭدىن سادا چىقىپ، ئىرانلىقلار ئەفراسىياپنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان.

بۇ ھېكمەتلەردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئەمىر تېمۇر زەڭگى بالىنىڭ تېشىنى تېپىپ ئىران مۇنارىغا ئاتقانىدى، بىر سادا چىقتى. ئاۋازى 25 تاش يەرگە ئاڭلاندى. شۇ ئەتراپتا بىر تاغ بار ئىكەن. تاغنىڭ تاشلىرى يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇرىدىكەن. ئاپتاپ چىققان چاغلاردا ئۇنىڭدا رۇستەمنىڭ سۈرىتى نامايان بولىدىكەن. قۇياش يېڭى چىققاندا، تاشلاردا بەزمە قىلىشقانلارنىڭ شەكلى كۆرۈنىدۇ. چۈش ۋاقتىدا تاماشىنىڭ قىزىپ كەتكەنلىكى نامايان بولىدۇ. قۇياش پاتار ۋاقتىدا، ئالتۇن كۈرسىدا ئولتۇرغان، قولىدا جام تۇتقان، ئەتراپىدا 1000 غا يېقىن نەغمىچىلەر ئولتۇرغان بىر كىشىنىڭ سۈرىتى ئايان بولدى. نەغمىچىلەر داپ، راۋاب، چاڭ، دومبىرا تۇتۇپ تازا قىزىپ ساز چېلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشتە ئىدى. كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسى غايىب بولدى. ئەمىر تېمۇر كېچە

سى يەنە شۇ يەردە بولدى، سۈبھى ۋاقتىدا يەنە بىر كىشى نا-مايان بولدى. بۇ كىشىنىڭ بېشىدا دۇبۇلغا بولۇپ، قىلىچ ـ ياراقلار بىلەن قوراللانغان، چوكور ئاتقا مىنگەنىدى. ئەتراپىدا نەچچە 1000 ئادەم بار ئىدى، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يالىڭاياق بولۇپ، ئېتەكلىرىنى بەللىرىگە قىستۇرغانىدى. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندىن كېيىن بۇ كۆرۈنۈشلەرمۇ غايىب بولدى. ئاندىن كې-يىن تاغدىن، دۇمباق ۋە ناغرىلارنىڭ ساداسى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئەمىر تېمۇر بۇ تىلسىماتلاردىن ئۆتۈپ، بىر چوڭ دەرەخ-نىڭ تۈۋىگە باردى. دەرەختە قەقنۇس قونغانىدى. دەرەختە بىر لەۋھەمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭغا: «بۇ يەرگە كەلگۈچىلەر، بۇ تى-نىنچ يەردۇر. زىيارەت قىلساڭلار تۆھپە ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر بۇ ياغاچقا چىقماقنى نىيەت قىلساڭلار، ئۇنىڭ ھەر بىر يوپۇر-مىقى بىر خىل قورالدۇركى، ئەلۋەتتە ھالاك بولىسىلەر. لېكىن شىنبىلىد دېگەن سىرىق گۈلنى تېپىپ قەقنۇسنىڭ ئۇدۇلىغا قويۇپ قوي-ساڭلار، قەقنۇس سايرايدۇ. قەقنۇس ناھايىتى چوڭ قۇشتۇر. تۇمشۇقىدا 360 تۆشۈكى بار. سايرىغاندا ھەر بىر تۆشۈكتىن بىر ياڭرا ئاۋاز چىقىدۇ، ھۆكۈمالار مۇزىكىنى ئەنە شۇنىڭغا قا-راپ ئىجاد قىلغان. قەقنۇس سايرىسا، تۇمشۇقىدىن ئوت چىقىپ، ئاشۇ دەرەخ كۆيۈشكە باشلايدۇ. ئاندىن كېيىن بىر يول مەلۇم بولىدۇ.» دەپ خەت يېزىلغانىدى.

ئەمىر تېمۇر سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن بۇ دەرەخكە تاش ئېتىپ كۆرۈۋىدى، تاش تېگىشى بىلەن يوپۇرماقلار بۆلۈنۈپ ـ بۆلۈنۈپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئەمىر تېمۇر ھېلىقى سىرىق گۈلنى تېپىپ، يولنى تاپاي دەپ خىيال قىلدى. بۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا بىر بۇلاق بولۇپ، سۈيى سىرىق كۆرۈنەتتى. ئەمىر تېمۇر ئادەم-لىرىدىن بىرقانچىسىنى بۇيرۇپ گۈلدىن ئالماقچى بولدى. ئۇلار بۇلاققا قولىنى تىقىپ شىنبىلىد گۈلىدىن ئالدى. لېكىن بۇلاققا

چۈشكەنلەر يەتتە كۈنگىچە سارغىيىپ يېتىپ ئۆلۈپ كېتىشتى. ساھىبقىران بۇ ئىشقا ھەيران بولدى ۋە بۇ يەردىن كېتىشنى خىيال قىلدى. لېكىن ھۆكۈما:

— تۇرايلى. 30 قاداق كەھرىۋا تېپىلسا ئىدى، — دەپ تەلەپ قىلدى. ئەمىر تېمۇر بۇيرۇۋىدى، كەھرىۋانى تېپىپ ئەكەلدى. ھۆكۈما ئۇنى سوقۇپ تەييار قىلدى ۋە ئۆزى ھېلىقى بۇلاققا چۈشۈپ بىر تال گۈل ئېلىپ چىقتى. بۇ گۈلگە كىم يېقىن كەلسە شۇ سارغىيىپ ئۆلەتتى. ھۆكۈما ھېلىقى گۈلنى كەھرىۋا پاراشوكى بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭغا تاغىل سىيسىرنىڭ سۈتىنى ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر قىلىپ، ھېلىقى كېسەللەرگە بېرىۋىدى، ھەممىسى ساقايدى.

ساھىبقىران بۇ گۈلنى ئەكىلىپ ئەقىنۇسنىڭ ئۇدۇلىغا قويدى، بۇ قۇش گۈلنى كۆرگەندىن كېيىن شۇنداق مۇڭلۇق سايرىدىكى، ئاڭلىغانلار يىغلىشىپ كېتىشتى. قۇشنىڭ ئاغزىدىن ئارغىنون بىلەن غىجەكنىڭ ساداسىدەك ئاھاڭ چىقاتتى. بىر ئازدىن كېيىن قۇشنىڭ نەپەسلىرى ئوت بولۇپ، ھېلىقى دەرەخنى كۆيدۈردى. يەنە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دەرەخ ئاستىدىن بىر ئىشىك ئېچىلدى. ساھىبقىران ھۆكۈمالار بىلەن بىر ئۆينىڭ ئىچىگە كىردى. ئۇلار ئىشىككە قۇلۇپ سېلىنغان بىر ئۆينى ئېچىپ، ئىچىگە كىرىپ قارىۋىدى، بىر تەخت قويۇلغانىكەن. تەخت ئارچا ياغىچىدىن ياسالغانىكەن. تەخت ئۈستىدە بىر كىشى ئۇخلىغاندەك ياتاتتى. يۈزىگە پەردە يېپىقلىق ئىدى. ئۇنى ئېچىپ قارىۋىدى، بىر نۇرانە يۈز قېرى كىشى ئىدى. ئۇزۇنلۇقى 20 گەز، كەڭلىكى ئۈچ گەز كېلەتتى. كۆزىنىڭ قاپىقىدا قىممەت باھالىق ئىككى دانە مەرۋايىت بار ئىدى. بۇرنى يەتتە غېرىچ، ھەر بىر بارمىقى 12 غېرىچ كېلەتتى. بېشىنىڭ ئۈستىدە پولاتتىن ياسالغان بىر لەۋھە بولۇپ، ئۇنىڭغا بىرقانچە قۇر خەت

يېزىلغانىدى. ھېچكىم بۇ خەتنى ئوقۇيالمىدى، ھېلىقى ھۆكۈما ھىندى بۇ خەتكە «ئېرى يېزىقى» (قەدىمكى يەھۇدىلەر يېزىقى) دەپ تەبىر بەردى. پەقەت مىرزا ئۆمەر شەيخ ئوقۇپ چۈشەندى. ئۇنىڭدا: «بۇ خەتنى يازغۇچى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بولىمەن. ئەمىر تېمۇر ئىسكەندەر سانى، سەن بۇ جايغا كەلسەڭ بىلگىنكى، مۇشۇ ياتقان زات زال زەردۇر. ئۇ 1300 يىل ئۆمۈر سۈرگەن. بۇ يەرنى زىيارەت قىلغىن. بۇلاردىن ئىبرەت ئالغىن. مۇندا بىر قارا تاش بار. تاش ئاستىدىكى خۇمدا لىق ئالتۇن بار، ئۇنى ئالغىن. بۇ تاشنى مەلىك ئىسكەندەر خەلىدەت جەزىر-سىدىن ئەكەلگەن (ھازىر بۇ تاش ئەمىر تېمۇرنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە باردۇر. ھېلىقى خۇمدىكى ئالتۇنمۇ بۇ گۈمبەزدە بولۇپ، ئەمىر تېمۇر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇنى ئاڭلاپ قالغان ئادەملەر باشقىلارغا ئېيتقان. ھىجرىيىنىڭ 1087 - يىللىرىدا قاتتىق يامغۇر - قار ياغقان بىر كېچىدە، جەنبىلىيە ئېلىدىن كەلگەن دۈشمەن خۇمدىكى ئالتۇننى ئېلىۋالغان. لېكىن ئۇ كىشى پېسە كېسىلىگە دۇچار بولغان.)» دېگەن گەپلەر بار ئىدى. يەنە ئۇنىڭدا زال زەرنىڭ دۇنيانىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن زارلىنىپ يازغان بىرقانچە بېيىتلىرىمۇ بار ئىدى:

ئېتىم زال زەردۇر، لەقىمىم داستان،
كى مەندىن بولۇپ رۇستەمى پالۋان.
مېنىڭ ھىيلەمدۇر ئۇندا ئەفراسىياپ،
ئىككى يۈز ئۆۋەت ئۇ تاپتى كۆپ خاراب.
قىلىپ تەربىيەت ماڭا سۇمۇرۇغ قۇش،
بۇ ھېكمەت ئارا مەن تېپىپ ئەقىل - ھوش.
كۆرۈپمەن جاھاننىڭ يوقى - بارىنى،
گاھى دۆلەت ۋە گاھى ئازارىنى.
جاھان شوتىسىغا قويۇپمەن ئاياغ،

سەككىز يۈز ئىدى زەينەسىگە سىناق.
بارى نۆۋەت بىلەن جاھاندىن كېتىپە
ئەجەل دامى بىزنى گىرىپتار ئېتىپ.
شۇبۇ زەينەلەردىن بىناگا تايىپ،
يېتىپمەن بۇ يەردە مەن ھەم سارغىيىپ.
كىيومىرەس قايان كەتتى، جەمشىد قېنى؟
چۇ سەن ھەم كېتەرسەن، ئۆزۈڭنى تونى.
فىرىدون ۋە كەيخىسراۋ نامىلىغ،
مىنوچەھرە ۋە ئىسكەندەرى كامىلىغ.
ئىرانىنىڭ، تۇرانىنىڭ شاھگالىرى،
بارى كەتتى بىر ـ بىر قارا يەر سارى.
باھادۇر ـ دىلاۋەر جەمس ۋە شىجائ،
ئەجەلدىن بارچىسى ئۆلۈپتۇر دەرىغ!
جاھان ئۆيىنىڭ ئىككى قۇببىسى بولۇر،
بىرىدىن كېتىدۇر، بىرىدىن كېلۇر.
ئايا بۇ جاھانغا كەلگەن پەھلىۋان،
ئىشتىكىل بۇ سۆزنى باقارسىز جاھان.
تۇغۇلغان جاھاندا نەچچە ئەر بولۇر،
ئەجەل شاھى كەلسە قارا يەر بولۇر.
جاھان دۆلىتى نەچچە دەۋر ئاشۇرۇر،
يەر ئاستىغا ئاخىر ئۇنى يوشۇرۇر.

ساھىبقىران كونا سىـەھىستـان تىلسىماتلىرىدىن چىقىپ، لەشكىرى بىلەن ئىلگىرى ئۆتكەن سۇلتان مەھمۇدنىڭ پايتەختى — غەزنى قاتارلىق ئىككى شەھەرنى قورشاپ چۈشتى. يەتتە كۈنگىچە قامال قىلىپ، سەككىزىنچى كۈنى ئۇنى ئالدى. (ئۇ چاغدا، مەلىك ھۈسىيىنىڭ قۇللىرىدىن بىرى بۇ يەرگە ھاكىم ئىدى.) ئاندىن سۇلتان مەھمۇدنىڭ قەبرىسىنى قايتا ياسىدى. مەدىكارلار

ئارىسىدا ئىشلەپ يۈرگەن بىر چىرايلىق يىگىتنىڭ قولتۇقىدىن بىر نەرسە يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ گويا بىرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، ئۇنى دەرھال ئېلىپ ئۇيان - بۇيانغا قارىدى. ئۇنى بىرەيلەن كۆرۈپ قېلىپ ئەمىر تېمۇرگە خەۋەر قىلدى. ئەمىر تېمۇر ئۇنى ئالدىغا چاقىردى. بايىقى نەرسە پارس تىلىدا يېزىلغان خېتى بار لەۋھە ئىدى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭدىن:

— ئەي يىگىت، كىم سەن؟ ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىغانىدى، يىگىت:

— ئېتىم مەھمۇد ئەسفەردۇر. مەلىك مەسئۇتنىڭ ئوغلى بولىمەن. ئاتام ماڭا بۇ لەۋھەنى تاپشۇرغانىدى. ئاتام بوراقخاننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قولىدا ھالاك بولدى. مېنىڭ بىر سىڭلىم بار، ئېتى مەھمۇدە، سىزنىڭ ئوغلىڭىز مىرزا جاھانگىر ئۇنى ئېلىشنى نىيەت قىلغىنىدا، بوراقخان قىزغىنىپ سۈيىقەست قىلغانىكەن. بىزنىڭ نەسلىمىز سۇلتان مەھمۇدقا يېتىدۇ، — دەپ ئەھۋالنى بايان قىلدى.

مىرزا ئۆمەر شەيخ لەۋھەدىكى خەتنى ئوقۇپ كۆردى. ئۇنىڭدا: «مۇشۇ توپا ئاستىدا ئالتۇن بار. بۇ ئالتۇننى سۇلتان مەھمۇد ئۆز ئەۋلادى ئۈچۈن قويغان» دەپ يېزىلغانىدى. ئەمىر تېمۇر دەرھال ئۇنى ئالدۇرۇپ ھېلىقى يىگىت — مەھمۇد ئەسفەرگە تاپشۇردى. يىگىت ئالتۇنلارنىڭ يېرىمىنى ئەمىر تېمۇرگە ھەدىيە قىلغانىدى، ئەمىر تېمۇر ئۇنى سۇلتان مەھمۇدنىڭ قەبرىسىنى قايتا ياساشقا سەرپ قىلدى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھازىرقى قەبرىسى ئەمىر تېمۇردىن قالغاندۇر.

## ساھىبقىراننىڭ قىلىچ ئارسلان بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلغانلىقى

بۇ يەردىن نەچچە لەشكەر تۇۋۇنسكە يەتتى،
كىمكى فەرمانغا يۈرەمسە بېشى كەتتى.

ساھىبقىران قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ھىراتقا باردى ۋە باغى زاغىندا قارار ئېلىپ كۆڭۈل ئېچىش بىلەن مەشغۇل بولدى. لەشكەرلەر جەنۇب تەرەپتىكى تاغ باغرىدىن جاي ئالدى. ساھىبقىراننىڭ بۇيرۇقى بىلەن لەشكەر باشلىقلىرى ئۈچۈن تۆسنىڭ ئېتىكىدە ئالاھىدە جاي راسلاندى.

ئۇ چاغلاردا ئەلىبېك ۋە ۋەلىبېك — ئىككى ئاكا-ئۇكا مەشھەتنىڭ ھاكىمى ئىدى. ژىيان خەشىم لەشكەر باشلىقى ئىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ، تاغ ئۈستىدىكى كىچىك قورغانچە — ئىمارەتنى كۆردى. ئۇ يەرگە بىر قىزىل چېدىر تىكىلگەن بولۇپ، ئەتراپىدا 10 مىڭدىن ئارتۇق قوي ئوتلاپ يۈرەتتى. قېشىدا ھېچكىم يوق ئىدى. ژىيان خەشىم 40 كىشى بىلەن بىللە كېلىۋاتقانىدى. ئۇ 20 كىشىنى ھېلىقى قويلارنى يىغىشقا قويۇپ، قالغان 20 كىشى بىلەن چېدىر تەرەپكە ئات سالدى.

ئوتتۇرا ياشلىق بىر خوتۇن ئۆلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ، لەشكەرلەردىن بىرىنىڭ نەيزىسىنى تارتىۋېلىپ شۇنداق بىر سانچىۋىدى، مەيدىسىدىن كىرىپ، دۈمبىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ خوتۇن ئۈچ كىشىنى ئۆلتۈردى. ئاندىن ۋارقىراپ چۇقان سېلىۋىدى، ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا يېقىن كېلەلمىدى. شۇ زامات تاغ باغرىدىن بىرەيلەن چىقىپ كەلدى. ئۇ ناھايىتى كېلىشكەن بولۇپ، كۆرگەن ئادەمدە ئاجايىپ ياخشى تەسىرات قالدۇراتتى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى قارا، چاچلىرى بۇدۇر - بۇدۇر بولۇپ، مىنگەن بوز ئاتنىڭ ساغرىسىغا چۈشكەنىدى. بېشىدا بۆك، ئۇستىدە يولۋاس تېرىسىدىن قىلىنغان جۇۋا بولۇپ، ئۇ قولىغا ئالماستەك ئۆتكۈر نەيزە تۇتقان ھالدا يايپىيادە تاغنى چاقنىتىپ كەلمەكتە ئىدى. لېكىن تۆمۈر كىيىملىرى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر يولۋاس تايغان ئىتلاردەك يۈگۈرۈپ كېلەتتى.

ژىيان خەشىم ئۇنى قىزىمكىن دەپ، قاراپ تۇرغانىدى. يېقىنلاشقاندىلا ئوغۇل ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ بىر ۋارقىرىۋىدى، تاغلار لەرزىگە كەلدى. ھېلىقى 40 كىشى ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى، يىگىت ئاجايىب ھەيۋە بىلەن ھۇجۇم قىلدى. يولۋاسمۇ ياردەمگە كەلدى. بىر تەرەپتىن يىگىت نەيزىلىسە، بىر تەرەپتىن يولۋاس چىشلەپ، تارتىپ بىر نۆۋەتتىلا 40 كىشىنى ھالاك قىلدى.

ژىيان خەشىم بۇنى كۆرۈپ، ئېتىنى يۈگۈرتۈپ كەلگەن پېتى ئۇنىڭغا نەيزە سالغانىدى، ھېلىقى بالا نەيزىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ژىيان خەشىمنىڭ بېلىدىن تۇتقىنىچە ئاتتىن ئاغدۇردى. ئاتقا بىر قامچا ئۇرۇۋىدى، ئات چاپقان پېتى تاغ تەرەپكە كەتتى. ژىيان خەشىم مىدىرلاپلا قويسا، بۇ بالىنىڭ ئۇنى يەرگە ئۇرۇپ كۆكۈن - تالقان قىلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىلاجىسىز جىم تۇردى. بالا ژىيان خەشىمنى ئېلىپ چېدىرغا ئەكەلدى ۋە ژىيان خەشىمدىن:

— قەيەردىن كەلدىڭلار؟ ئوغرىلىق، قاراقچىلىق قىلىپ يۈرەمسىلەر؟ — دەپ سورىۋىدى، ژىيان خەشىم:

— ئەمىر تېمۇرنىڭ مۇلازىملىرىدىن بولىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئەمىر تېمۇر دېگەن كىم؟ — دەپ سورىدى بالا ھەيران بولۇپ.

— ھىراتنى بويسۇندۇرۇپ، مەشھەتكە كېتىۋاتقان ساھىبقىرىان، — دېدى ژىيان خەشىم.

— بۇ تاغلاردىن باشقا يەنە يۇرت - مەھەللىمۇ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى بالا تېخىمۇ ھەيران بولغان ھالدا.

— ئالەمدە، — دېدى ژىيان خەشىم چۈشەندۈرۈپ، — يەتتە ئىقلىم بار. ھەر ئىقلىمدا قانچىلىغان تاغ - دەريا، قانچىلىغان يۇرت - شەھەرلەر بار... — دەپ بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

بۇ بالا تەئەججۇپلانغان ھالدا بايىقى ئوتتۇرا ياش خوتۇنغا — ئانىسىغا قاراپ:

— ئانا، نېمىشقا بۇ جايلارنى ماڭا دېمىدىڭ؟ — دېدى.

— دۈشمەنلەردىن ئەنسىرەپ ساڭا دېمىگەنىدىم، — دېدى ئانا. ژىيان خەشىم:

— سىزنىڭ ئېتىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى ئانىدىن.

— باتۇرلار ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى بىلىپ قىلىدۇ. ئاندىن نام - نىشانىسىنى بىلدۈرىدۇ، — دەپ، ئىسمىنى دېيىشنى خالىمىدى ئانا ۋە ئوغلىغا ژىيان خەشىمنى ئۆلتۈرۈشنى ئىشارەت قىلدى. ئوغۇل ئۇنىمىدى. ئاخىر ژىيان خەشىمنى بۇ سىرلارنى باشقا كىشىگە دېمەسلىككە قەسەم قىلغۇزدى ۋە ژىيان خەشىمگە مىنگىلى بىر ئات بېرىپ قايتۇرۇۋەتتى.

ژىيان خەشىم ساھىبقىراننىڭ خىزمىتىگە كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا يا ئۇنداق، يا مۇنداق دېيەلمەي ياكى كۆرگەنلىرىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئاستا سىرتقا چىقىپ، ئەمىر تېمۇرنى ئىشارەت بىلەن چاقىردى ۋە ئەھۋالنى ساھىبقىرانغا بايان قىلىپ، «ئادەم چىقىرىپ، ئاشۇ ئوغۇلنى تىرىك تۇتۇپ كەلسەك» دەپ تەكلىپ بەردى. ئەمىر تېمۇر ماقۇل بولدى. شۇئان مىرانشاھ رۇخسەت سورىدى. (شاھرۇخ تۆرە زەخمە

لەنگەنىدى.) ژىيان خەشىم باشلامچى بولۇپ، مىرانشاھ بىلەن 500 يىگىتنى ئېلىپ، تاغ ئۈستىدىكى چېدىرغا يېقىنلاشتى. ئۇلار چېدىرغا قارىتىپ ئوق ئاتتى. ھېلىقى خوتۇن چېدىرنىڭ تۆشۈكىدىن بۇلارغا قارىتىپ ئوق ئاتتى. مىرزا توققۇز يىگىتنى چېدىرنىڭ ئەتراپىنى قورشاشقا بۇيرۇدى. تۇيۇقسىزلا ھېلىقى ئوغۇل چېدىرنىڭ ئىچىدىن چىقىپ مىرانشاھنىڭ يولىنى توستى-دە، قولىدىن قىلىچىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا شۇنداق ئۇردىكى، قىلىچ مىرانشاھنىڭ دۇبۇلغىسىدىن ئۆتۈپ، بېشىغا تۆتلىك پاتتى. تۆرە ئۆزىدىن كېتىپ قالدى. ھېلىقى ئوغۇل مىرانشاھنىڭ ھەمراھلىرىغا قاراپ يۈگۈردى. ھەممىنىڭ ئالدىدا ژىيان خەشىم، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن لەشكەرلەر قېچىپ كېلىشتى. ئەمىر تېمۇر بۇلارنى كۆرۈپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە ئاتقا مىنمەكچى بولدى. شۇ ئارىدا ئۆمەر شەيخ تۆرە رۇخسەت سورىدى. ئۇ 1000 يىگىتنى باشلاپ ماڭدى. يولدا ئۇلارنى بىر سايدا قويۇپ، ئۆزى يالغۇز ھېلىقى چېدىرغا بېرىپ تاتلىق گەپلەر بىلەن خوتۇندىن سۇ سورىدى.

— ھۆددىسىدىن چىقالىساڭ، — دېدى خوتۇن، — سۇنى ئۆزۈڭ تېپىپ ئىچ!

— سۇ بار يەرنى ئېيتىپ بەرگىن! — دېدى تۆرە.

خوتۇن بىر ۋارقىراپ چۇقان سالدى. ئۇنىڭ ئوغلى شۇئان يۈگۈرۈپ تاغ باغرىدىن چىقىپ كەلدى. تۆرىنىڭ ئېتى ئۈركۈپ كەتكەنلىكتىن قولىدىن چۇلۋۇر چىقىپ كەتتى-دە، ئېلىپ قاچتى. تۆرە پىيادە قالدى. ئانا تۆرىنىڭ سۆزىنى قىلىپ بېرىۋىدى، بالا ئۆمەر شەيخ بىلەن ئېلىشىپ كەتتى. كەچكىچە ئېلىشا-ئېلىشا، ئاخىرى تۆرىنى يېقىتىپ، پۇت-قوللىرىنى باغلىدى. بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان قوشۇن قېچىپ كەتتى.

قوشۇن ئارىسىدا ئەمىر ئەلى شىر ئىسىملىك بىرى بار

ئىدى. ئۇ ئىمىر تالىپنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ قېچىپ كەلگەن پېتى ئەمىرگە يىغلاپ تۇرۇپ ئەھۋالدىن مەلۇمات بەردى.

ھېلىقى بالا ئۆمەر شەيخ تۆرىنى ئۆيىگە ئەكەلدى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنى يەشتى. شاراب - تاماق بەردى. ئاندىن تۆرە ئۇنىڭدىن ھەر تەرەپلەپ گەپ سورىدى. ئاندىن:

— مەن سەپرا مىجەزمەن. سەپرا بېشىمغا ئۆرلىگەندە كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، ئۆزۈمنى باشقۇرالماي قالىمەن. سەن شۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ مېنى باغلىۋالدىڭ. ئەمدى، سەن بىلەن باشقىدىن ئېلىشىمەن، — دەپ تەلەپ قىلغانىدى، ئوغۇل:

— بابا سەن ماڭا دۈشمەن ئىدىڭ، ئەمدى ئۆيۈمگە كەلدىڭ، ھازىر مېھمىنىمسەن. مېھمان بىلەن ئېلىشماق ياخشى ئەمەس، — دېدى.

تۆرە تولا لاپ ئۇرغانلىقتىن، ئۇ بالا ئوقياغا ئوق سېلىپ بىرقانچە تارتىپ تۆرىنىڭ قولىغا بەردى. تۆرە تارتىپ كۆرۈۋىدى، كۈچى يەتمىدى. بالا:

— بۇ ياينى ئاتاڭ ئەمىر تېمۇرگە ئاپىرىپ كۆرسەتكىن، — دەپ تۆرىگە تاپشۇردى.

تۆرە ياينى ئېلىپ دادىسىنىڭ قېشىغا كەلدى - دە، ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. بەگلەر ياينى تارتىپ كۆرمەكچى بولۇۋىدى، ھېچقايسىسى تارتالمىدى. شاھرۇخمۇ تارتالمىدى. ساھىبقىران قولى چولاق بولسىمۇ، يەتتە قېتىم تارتتى، ئاخىرىدا يا سۇنۇپ كەتتى. ئەمىر تېمۇر يانىڭ سۇنۇقىنى ئاناققا تاپشۇردى ۋە ئۇنىڭغا:

— بۇنى ئاپىرىپ ئىگىسىگە تاپشۇرغىن! — دېدى.

ئاناق ئۆزىگە يەتتە كىشىنى ھەمراھ قىلىپ، ھېلىقى تاغنىڭ ئۈستىگە كەلدى. بىر ئاق ئاتنىڭ يېنىدا ھېلىقى ئوغۇل ئۇخلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بىر يولۋاس ياتاتتى.

ئاناق بىر تاشنى دومىلاتتى- دە، ئۆزىنى چەتكە ئالدى. يولۋاس تاشنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى- دە، ھۆركىرىدى. ئوغۇل دەرھال ئويغىنىپ، چۈشۈپ كېلىۋاتقان تاشنى بىر تېپىپ يىراققا ئۇچۇرۇۋەتتى. بۇنى كۆرگەن ئاناق ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئوغۇل «تاش ئۆزلۈكىدىن چۈشكەن بولسا كېرەك» دەپ چۈشىنىپ پەرۋا قىلمىدى.

بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاناق ھېچ نەرسە كۆرمىگەن كىشىدەك، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى- دە، تەزىم قىلدى.

— كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىدى ئوغۇل ئاناقتىن. ئاناق:

— ساھىبقىراننىڭ ئالدىدىن بۇ ئوقيانى ئەكەلدىم، — دېدى- دە، ئوقيانىڭ سۇنۇقلىرىنى ئوغلىنىڭ ئالدىغا قويدى. پارچە- پارچە بولۇپ كەتكەن يانى كۆرگەن ئوغۇل ئۈنچىقمىدى.

شۇ چاغ تاغ ئاستىدىن بىر ئەرەب يىغلاپ — نالە قىلىپ چىقىپ كەلدى.

— نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپ سورىدى بۇلار ئۇنىڭدىن.

— ئەمىر تېمۇرنىڭ قېشىغا ماڭدىم، — دېدى ئەرەب، — ئۇ مېنىڭ ئۆچىمنى ئېلىپ بېرەمدىكىن، دەيمەن.

— ھەركىم ھەرقانداق نەرسىدە ئۆچۈڭ بولسا مانا مەن ئېلىپ بېرەي، — دەپ چوڭ گەپ قىلدى ئوغۇل. ئەرەب ئىلاجىسىز:

— ئەي ئوغۇل، مەندە بىرلا تۆگە بار ئىدى. ئۇنى ئوغلۇم بېقىپ يۈرگەندە تۇيۇقسىز تاغ باغرىدىن بىر يىلان چىقىپ، تۆگە بىلەن ئوغلۇمنى دەم تارتىپ يۇتۇپ كەتتى. يىلاننىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون گەز كېلىدۇ، — دېدى ئەرەب.

— مەن بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈرەي، — دېدى ئوغۇل.

ئەرەب ئۇلارنى باشلاپ بىر غارنىڭ ئاغزىغا ئەكەلدى ۋە «مۇشۇ يەردە» دەپ كۆرسەتتى.

— ئەجدىھا ئەتە چۈش ۋاقتىدا غاردىن چىقىشى مۇمكىن. بۈگۈن كېچە مۇشۇ يەردە تۇرايلى، — دېدى ئوغۇل. ئۇلار غار ئاغزىدا تۈنىدى. ئاناق ئەجدىھادىن قورقۇپ، كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. ئەتىسى چۈش مەزگىلىدە ئەجدىھا غاردىن چىقتى. ئۇنىڭ بېشىدا ئۈچ گەز كېلىدىغان مۈڭگۈزى بار ئىدى. ئەجدىھا گاھىدا كۆكسى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ تىك بولاتتى. ئوغۇل ئۆزىنىڭ كېلىشكەن ئېتىغا مىندى-دە، ئەجدىھانىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئوغۇل قىلىچ بىلەن شۇنداق چاپقانىدى، ئەجدىھانىڭ كاللىسى ئۈزۈلۈپ چۈشتى. ئات ئۈركۈپ كەتتى. ئوغۇل ئەجدىھانىڭ مۈڭگۈزىنى كېسىۋېلىپ ئاناققا:

— بۇنى ئەمىر تېمۈرگە ئاپار! — دەپ سۇندى.

ئاناق دەرھال ئەمىر تېمۈرنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدى-دە، كۆرگەنلىرىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى ۋە ھېلىقى مۈڭگۈزنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى. ئەمىر تېمۈر ۋە بەگلەر ھەيران قالدى. بەگلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا بولدى. ساھىبقىران سىپاھلىرىنى پەسكويغا چۈشۈرۈپ، ئاندىن ئۆزىگە ئون كىشىنى تاللىدى. ئۇلار مۇساپىر سۈپىتىدە ياسىنىپ، ئاتلارغا خۇرجۇن ئارتىپ ھېلىقى تاغ باغرىغا يېتىپ كېلىشتى. تاغ ئۈستىدىكى قىزىل چېدىرنى كۆرۈشتى. شۇئان بىر خوتۇن قىلىچ تۇتقان ھالدا، بۇلارغا ھەيۋە قىلىپ چېدىردىن چىقىپ كەلدى ۋە ئەمىر تېمۈرگە:

— بۇ يەردىن ئۆتمەڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

— بىز، — دېدى ساھىبقىران ئايالغا، — مۇساپىرمىز، يول ئىزدەپ يۈرىمىز.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھېلىقى ئايالنىڭ ئاچچىقى بىرئاز بېسىلدى ۋە بۇلارنى بىر بۇلاق بويىغا چۈشۈردى. ئالدىغا تاماق ئەكەلدى. بىرئازدىن كېيىن ھېلىقى ئوغۇل كەلدى-دە، ئولتۇرغانلارنى — دۈشمەن دەپ ئويلىدى بولغاي، زەربە

بەرمەكچى بولدى. شۇئان ئانىسى:

— ئوغلۇم، بۇلار مۇساپىر ئىكەن، ئازار بەرمە! — دەپ ۋارقىرىدى. يىگىت ئارقىسىغا يېنىپ چېدىرغا كىرىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ شاھانە كىيىملىرىنى كىيىپ ئەمىر تېمۇرنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلارغا يەنە يېمەكلىك قويدى.

ئەمىر تېمۇر تاتلىق سۆزلەر بىلەن ئوغۇلنى ئۆزىگە ئۆگىتىۋالدى. لېكىن يولۋاس ئۇنىڭدىن بىردەممۇ يىراق بولمايتتى. دائىم ئۇنىڭ ئايىغىدا ئەگىشىپلا يۈرەتتى ياكى تولگولۇپ ياتاتتى.

— سىلەر ئەسلى نەلىك؟ — دەپ سورىدى ئوغۇل.

— ھىراتتىن كېلىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى ساھىبقىران، ئاندىن ئوغۇلنىڭ ئەسلى - ۋەسلىنى سورىدى. ئوغۇل:

—مەن بىلمەيمەن، ئانام بىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئەمىر تېمۇر ئوغۇلنىڭ ئانىسىنى چاقىرىپ، مۇلايىملىق بىلەن سۆزنى ئايلاندۇرۇپ ئەكىلىپ، ئاندىن نەسلى - نەسەبىگە ئۆتتى. ئانا:

— بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز كۆپ، سىرىمىز پاش بولۇپ قالار-مىكىن، — دەپ ئەندىشە قىلىپ دېگىلى ئۇنىمىغانىدى. ئەمىر تېمۇر «سىرىڭىزنى ئاشكارا قىلمايمىز» دەپ ئىشەندۈردى. ئانا سۆزلەشكە باشلىدى.

— مەن، — دېدى ئۇ — ئەبۇسەئىدخاننىڭ قىزى، ئەمىر چو-پاننىڭ ئايالى بولىمەن. ئېرىم ئەبۇسەئىدخاننىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلاتتى. ئېرىم ئەمىر چوپان تاتاچارنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ، قاراچارنىڭ ئىنىسى ئىدى. ھالاكۇغا يولداش بولۇپ ئىران ۋىلايىتىگە كەلگەنىكەن، ئەبۇ سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھەركىم پادىشاھلىق دەۋاسى قىلىشىپ ئۇرۇش قىلىشتى. ئەمىر چوپان ھالاكۇنىڭ ئەۋلادىنى توپلاپ ئۇرۇش قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىرى شاھ شىجائىنىڭ قولىدا ۋاپات بولدى. ئۇ چاغدا مەن

مەشھەتتە بولۇپ ھامىلدار ئىدىم. قېچىپ يۈرۈپ مۇشۇ يەرگە كەلگىنىمدە بۇ بالا تۇغۇلدى. مۇشۇ يەردە ئۆستى. ئەنە، ئاشۇ چارۋىلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭدۇر. ئەلھەمدۇلىللا، مال - چارۋىمىز كۆپ. بۇ ئوغلۇمغا قىلىچ ئارسلان دەپ ئىسىم قويدۇم.

ساھىبقىران ئايالنىڭ بايانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئوغۇلغا «دانىشمەن ئوغۇل» دەپ لەقەم قويۇپ قويدى. ئايال يەنە:

— شاھ شىجائ ھەر تەرەپكە ئادەم قويۇپ، «ھالاكۇنىڭ ھەرقانداق ئەۋلادىنى تاپساڭلار ئۆلتۈرۈڭلار» دەپ بۇيرۇغان. شۇڭا مۇشۇ جاينى ماكان تۇتتۇق. بىز سىرىمىزنى ھېچكىمگە دېمەيمىز. سىلەردىن ئۆتۈنۈشۈم شۇكى، بۇ سىرنى كىشىگە زادىلا ئېيتمىساڭلار، — دېدى. ئەمىر تېمۇر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ سۆيۈنۈپ كەتتى. چۈنكى بۇ ئوغۇل ئەمىر تېمۇرگە تۇغقان بولۇپ چىققانىدى.

ئەمىر تېمۇر يەنە يولۋاسنى سورىدى.

— ئوغلۇم تۇغۇلغان كۈنىلا بۇ يولۋاسمۇ قولىمىزغا چۈشتى. بۇ ئانىسىدىن ئايرىلغان، يېڭى تۇغۇلغان كۈچۈك ئىكەن. سۈت بېرىپ، گۆش بېرىپ بېقىپ چوڭ قىلدۇق. شۇڭا بىزدىن زادى ئايرىلمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئايال.

بۇلار تۈن يېرىمىغىچە سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئانا - بالا ئىككىسى چېدىرغا كىرىپ كەتتى. ساھىبقىرانمۇ ئۇيقۇغا كەتتى.

خوجا ھەسەن ئەنسارى قانچىلىغان غەزەلنى قىلىچ ئارسلاننىڭ شەنىگە يازغانىكەن:

ئەزبىرايى ئىبتى قىلىچ ئارسلان،
ئۇنى كۆرگەنلەر دەر شىرى ژىيان.
قولىنى ئۇزاتسا كۆكلەرگە ئەگەر،

يۇلتۇزلار تۆكۈلۈر ئۇندى سەربەسەر.
كىنشىگە ئەگەر زەررە ئاچچىق ئېتەر،
نەپىسىدە ئېلىپ ئەجدىھادەك يۇتار.
بىلىنىڭ جەڭ ئارا كىرسە يولۋاس كەبى،
كۆرۈنمەس ئۇندى ئاگا ئوڭ ۋە چەپى.
گەر نەرە تارتىپ قىلىنسا مىساپ،
ئۈشتىسە ھالاكەت تاپار ئەردى قاپ.
دى ھەر كاكولى بىر كەمەندى بالا،
يەنە تارە موپى ئۈنىڭ ئەجدىھا.
جىھاد پىشەسىدە بولۇپ شىردەك،
قىلىپ شىرلارنى قارا يەردەك.
دېڭىزدا لەھەڭ، دەشتە قاپلان دېگىل،
كۆزىنى كېيىك، ئۆزىنى ئارسلان دېگىل.
قېشىنى قىلىچ دەي مىژە چۇن خەدىڭ،
يۈزى تولغان ئاي، ئۆزى شوق ۋە شەڭ.
ئاگا ئەل چۇ پەرۋانە ئول سەراج،
ھالاكو نىژادو تىموچىن نىتاج.
باتۇرلۇقى ئەردى رۇستەم رىسال،
تېپىپتۇر بۇ ئوغۇلنى دۇنيايى - زال.

شۇ كېچىسى ساھىبقىران تاغدىن يۇمىلاپ چۈشكەن بىر تاشنى كۆردى. تاشنىڭ ئېغىرلىقى ئىككى پۇتچە كېلەتتى. ئەمىر تېمۇر ئاستا ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ يولۋاسنىڭ قۇيرۇقى ئۈستىگە قويدى. يولۋاس قۇيرۇقىنى تارتىۋالالماي ھۆركىرەپ كەتتى. قىلىچ ئارسلان ئورنىدىن تۇرۇپ تاشنى بىر چەتكە چۆرۈۋەتتى - دە، يەنە جايىغا بېرىپ ياتتى. يولۋاس بۇ ئىشتىن غەزەپلىنىپ، ئەمىر تېمۇرنىڭ ئادەملىرىدىن بىرىنى پارچە - پار-

چە قىلىۋەتتى. ئەمىر تېمۇر دەرھاللا يولۋاسنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلىدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن قىلىچ ئارسلان كېلىپ يولۋاسنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى كۆردى.

— بۇنى كىم ئۆلتۈردى؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەمىر تېمۇردىن.

— مەن ئۆلتۈردۈم! — دەپ جاۋاب بەردى ئەمىر تېمۇر.

— نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟

— مېنىڭ ھەمراھلىرىمنى ھالاك قىلدى، شۇڭا ئۆلتۈردۈم.

يىگىتنىڭ ئانىسى كېلىپ ئۇنىڭغا: «بۇلارنىڭ كېلىشىدە بىر مەقسىتى بار» دېدى. ئەمىر تېمۇر ئىلاجسىز ئۆزىنى ئاشكارا قىلدى.

قىلىچ ئارسلان دەرھال نەيزىسىنى قولىغا ئالدى. ئەمىر تېمۇرمۇ تەييارلاندى. ئىككىسى ئاتلىرىغا مىنىشىپ، چۇقان سالغىنىچە بىر - بىرى بىلەن نەيزىلىشىپ كەتتى. ئوغۇل شىددەت بىلەن ئەمىر تېمۇرگە نەيزە سىلىۋىدى، ئەمىر تېمۇر ئۆزىنى يانغا تارتىپ، ئۇنىڭغا نەيزە سالدى. ئوغۇلمۇ كەينى - كەينىدىن نەيزە سىلىشقا باشلىدى. مۇلازىملار ئەمىر تېمۇرگە: «ھوشيار بولۇڭ!» دەپ توۋلىشاتتى. ئەمىر تېمۇر چاققانلىق بىلەن ئاتنىڭ يايلىغا يېپىشتى. ئوغۇلنىڭ نەيزىسى تاشقا تېگىپ ئىككى غىرىچ پاتتى. ئۇ نەيزىنى سۇغۇرۇۋېلىپ يەنە سالدى. ئەمىر تېمۇر نەيزىنى رەت قىلىپ ئوغۇلغا قىلىچ سالدى. قىلىچ ئوغۇلنىڭ ئوقياسىغا تېگىپ، بېغىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. قىلىچ ئارسلان ئەمىر تېمۇرگە قىلىچ سىلىۋىدى، ئەمىر تېمۇر ھودۇقۇپ، چۆچۈگەن ھالدا ئۇنىڭغا قىلىچ سالدى. ئىككى قىلىچ بىر - بىرىگە تېگىپ سۇنۇپ كەتتى. ئاتا بۇنى كۆرۈپ:

— ئەي ياراتقان تەڭرىم، ساڭا سېغىندىم، ئوغلۇمنى ئۆ-

زۆڭگە تاپشۇردۇم. بۇنداق ئېلىشىشنى زادى كۆرگىنىم يوق. ئۆ-زۈڭ ئابروي بەرگىن، — دېگىنىچە مۇناجات قىلدى.

ئىككىيلەن بىر - بىرى بىلەن سىقىشىپ، ياقىسىدىن تۇ-تۇشۇپ، ئات ئۈستىدىلا ئېلىشىپ كەتتى. ئەمىر تېمۇر بىر كۇ-چەپ تارتىۋىدى، قىلىچ ئارسلاننىڭ ئېتى بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆرۈلۈپ چۈشتى - دە، بوينى سۇندى. ئوغۇل ئات ئاستىدا قال-دى. ئەمىر تېمۇر قىلىچ ئارسلاننى باغلىماقچى بولۇپ تۇرغى-نىدا، ئۇ بىر سىلكىنىپ ئاتنىڭ جەسىتىنى ئۇن قەدەم يەرگە ئېتىۋەتتى. ئەمىر دېدىكى:

كىم جاھاندا كۆپ كۆرۈپ نەچچە باھادىر - پەھلىۋان،
بۇ ئوغۇلدەك كۆرمىدىم ھېچ پەھلىۋان تا بۇ زامان.

ئوغۇل ئەمىر تېمۇرنىڭ بېلىگە قول سالدى. ئىككىيلەن يەنە ئېلىشىپ كەتتى. ئەمىر تېمۇرنىڭ بىر قولى ۋە بىر پۇتى بىرئاز ناكا ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە غەيرەت بىلەن ئېلىشتى. ئەمىر تېمۇرنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا خوجام باھاۋىددىننى سېغىندى ۋە بۇ بېيىت-نى ئوقۇدى:

قولۇم ئېلىك يا پىرىم، مەندە قۇۋۋەت قالمىدى،
يولغا سېلىك يا پىرىم، مەندە غەيرەت قالمىدى.
ساھىبقىران پىرلىرىن يوقلاپ ئاندا دېدىلەر،
نەزەر ئەيلەڭ يا پىرىم، مەندە ھىممەت قالمىدى.

ئەمىر تېمۇرنىڭ ئىلتىجاسى دەرھال نەقشىبەند پىرىمگە مەلۇم بولدى - دە، ئىككىيلەننىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ يەرگە

ئاتتى. ئەمىر تېمۇر «يېقىلدىم» دەپ ئويلىغانىدى، قارىسا قىلىچ ئارسلاننىڭ كۆكسىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئوغۇل ئانىسىنى چاقىردى. ئانا بالىسىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. مۇلازىملار ئانىنىڭ يولىنى توسۇۋېلىپ ئۆتكىلى قويمىدى. ئانا ئۇلارنى ھەرياققا ئىتتىرىۋېتىپ ئوغلىنىڭ قېشىغا ئىنتىلدى. شۇ ئارىدا كاناي ئاۋازى كەلدى. ھايال بولمايلا ئاتلىق 2000 كىشى بىلەن ئەمىر تېمۇرگە ياردەمگە كەلدى. ئۇلار قىلىچ ئارسلاننىڭ پۇت-قوللىرىنى باغلاشتى. ئانا بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ، ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي ئەمىر تېمۇر، ئوغلۇمغا نەسىھەت قىلسىڭىز، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولسا. چۈنكى ئىككىڭلار بىر ئەۋلادتىن ئىكەنسىلەر، — دېدى. قىلىچ ئارسلانمۇ ئانىسىنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى ۋە ئەمىر تېمۇرگە ئىتائەت قىلدى. ساھىبقىران ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن ئىپەك كىيىم-كېچەكلەرنى كىيگۈزدى. ئۇنىڭغا يەنە باتۇرلار قاتارىدىن ئورۇن بېرىپ، مىرغەزەپلىككە بەلگىلىدى. كۆرۈنۈشخانىدا رەسمىيەت ئۆتەشتى. قىلىچ ئارسلاننىڭ قولىدا قىلىچ ھەمىشە يالىڭاچ بولدى. قىلىچنى زادىلا غىلاپقا سالمىدى.

ساھىبقىران جازالىماقچى بولغان ھەرقانداق كىشىنى قىلىچ ئارسلان دەرھال چاناپ تاشلايتتى. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن مەشھەتكە قاراپ ماڭدى.

### ئەمىر تېمۇرنىڭ مەشھەتنى ئالغانلىقى ۋە قىلىچ ئارسلاننىڭ بىستامغا، شاھرۇخ تۆرىنىڭ سەبزىۋارغا بارغانلىقى

ئېيتىشلارچە، مەشھەت مۇقەددەستە ئىمام ئەلى مۇسارىزانىڭ قەبرىسى بار ئىدى. چۈنكى بۇ زات مۇشۇ شەھەردە ۋاپات بول-

غانىدى. ئۆز ۋاقتىدا ھىرات، قەندىھار، غەزنى... قاتارلىق ئەللەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى. لېكىن سەربى دارات دېگەن بىر تائىپە چىقىپ بويسۇنمىدى. ئۇلارنىڭ پىرى شەيخى ھۇسەيىن جۇۋارى ئىدى. ئۇ مەشھەت ئىچىدىن مۇرىتلىرى بىلەن خۇرۇج قىلىپ چىقىپ، بىستام، سەبزىۋار شەھەرلىرىنى بويسۇندۇردى. بۇ شەيخنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى ئەلى بېك، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ۋەلى بېك ئىدى. بىستامغا ئەلى بېكنى، سەبزىۋارغا ۋەلى بېكنى ھاكىم قىلدى. شەيخ ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىپ، مەشھەتنى پايتەخت قىلىپ ئولتۇردى.

رىۋايەتچىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئەبۇسەئىدخان ئۆلگەندىن كېيىن 30 يىلغىچە مەملىكەت ئىچى تولىمۇ قالايمىقان بولدى. ھەر كىشىدە بىرئاز كۈچلا بولسا بىر حاينى تۇتۇپ تۇرۇپ پادىشاھلىق دەۋاسى قىلاتتى. ئۇلارنى سەربى دارات دەپ ئاتاشتىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار قايسى تەرەپكە يۈرۈش قىلسا، سەللە ۋە تونلىرىنى دارغا ئېسىپ قويۇشاتتى. بۇنىڭ مەنىسى «قايسىمىز قولۇڭلارغا چۈشسەك بېشىمىزنى تون ۋە سەللىمىزگە ئوخشاش دارغا ئېسىڭلار! ئىختىيارىڭ بويىچە ئىش قىلىشۋال» دېگەنلىك ئىدى.

ساھىبقىران دانىشمەن بېكنى بىستام ۋە دامغان، ئاستراباتقا ئەۋەتتى. مىرزا شاھرۇخنى سەبزىۋارغا ئەۋەتتى. ئۆزى مەشھەت تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

دانىشمەن بېك كېچىلەپ يول يۈرۈپ، يېرىم كېچىدە بىستامغا يېقىنلاپ كەلدى. بىر كىشىنى تېپىپ كەلتۈردى. ئۇ كىشى:

— ئەلى بېك باغدا كۆڭۈل ئېچىۋاتىدۇ، — دەپ مەلۇمات بەردى.

دانىشمەن بېك دەرھال ئاتلىنىپ ئۆزىنىڭ مەست پەيتىدىن پايدىلىنىپ تۇتۇپ باغلىۋالدى. بىستامنى شۇ كېچىسى ئىشغال قىلدى. ئاندىن دامغانغا ماڭدى. بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى تېزلا ئىتائەت قىلدى. ئاستىراباتنىمۇ ئىتائەت قىلدۇرۇپ ئاندىن سەرخەس يولى بىلەن مەشھەتكە قايتتى.

مىرزا شاھرۇخ تۆرە سەبزىۋارغا بېرىپ قەلئەگە يېقىنلاشتى. ۋەلىبېك ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئاتلىنىپ چىقىپ جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. تۆرە غالىب كەلدى. ۋەلى بېكنىڭ ئادەملىرى قاچتى. شۇنداق قىلىپ سەبزىۋارنىمۇ ئىشغال قىلدى. قولغا چۈشكەن ئىككى ئاكا - ئۇكا ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى. ساھىبقىران بۇ ئىككىيلەننى مىرزا شاھروخ تۆرىگە تاپشۇردى ۋە: «بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشمىسۇن» دەپ جېكىلىدى.

شۇ چاغدا ئەمىر تېمۇر مەشھەتنى قامال قىلغانىدى. ۋەلىبېك مىرزا شاھروخ تۆرىگە: «قېرىنداشىمنى كۆرۈۋالاي» دەپ كۆپ يالۋۇردى.

ئاخىرى تۆرە ئىككىسىنى كۆرۈشتۈردى. ئىككىسى يوشۇرۇنچە مەسلىھەتلىشىپ، ئەسىرگە چۈشكەن 2000 لەشكەر بىلەن مىرزىغا ئىلتىماس قىلىشتى. ئۇلار:

— نېمە قىلسا ئاتام قىلدى. بىزدە گۇناھ يوق. گۇناھىمىزدىن ئۆتۈڭ. بىز سىزگە ئەگىشىپ، ئۇلارغا قىلىچ ئۇرايلى، — دېيىشتى ۋە بۇ ھەقتە قەسەم ئىچىشتى. تۆرە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇلارنى تىلەپ تۇرۇۋالدى. ئەمىر تېمۇر قانچە توسۇپ باققان بولسىمۇ، تۆرە ئۇلارغا كېپىل بولۇپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئەمىر تېمۇر ئىلاجسىز قالدى. تۆرە ئۇلارنى ئازاد قىلىپ، 2000 كىشىگە كېيىم - كېچەك، قورال - ياراق، چېدىر بەردى ۋە كۆپ ھىممەت كۆرسەتتى.

ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاتىسىغا يوشۇرۇنچە: «بىز تەي-

يار بولۇپ تۇرىمىز. سىز ئىچكىرىدىن قوشۇن باشلاپ چىقىڭ» دېگەن مەزمۇندا خەت كىرگۈزدى. خەتنى ئاپارغۇچى ئاناقىنىڭ نۆكەرلىرىگە دۈچ كېلىپ تۇتۇلۇپ قالدى. ئۇلار خەتنى بىرشەيخ ئېلىپ ماڭغان ھاسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرغانىدى. ئاناقىنىڭ ئادەملىرى شەيخنى بىر ئۇرۇۋىدى، شەيخمۇ ئۇنى ھاسا بىلەن بىرنى ئۇردى ۋە ھاسا سۇنۇپ كېتىپ، ھېلىقى خەت ئاشكارا بولۇپ قالدى. ئاناق خەتنى ئەمىر تېمۇرگە تاپشۇردى. ئەمىر تېمۇر مىرزا شاھرۇخنى چاقىرىپ خەتنى كۆرسەتتى ۋە:

— ئەي ئوغلۇم، خېتىڭىز يېتىپ كەلدى. پالان جايدا تەيىيار بولۇپ تۇرىدىكەنسىز! — دەپ تەنە قىلدى.

تۆرە بۇنى ئاڭلاپ تولىمۇ ئىزا تارتتى.

— ئاتا، — دېدى ئۇ ئۇيالغان ھالدا،— بۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى مەن نەدىن بىلەي.

ساھىبقىران تەبەسسۇم بىلەن:

— ئوغلۇم، دوست كىم، دۈشمەن كىم، ئەلۋەتتە پەرق قىلالايدىغان بولۇشىڭىز كېرەك! — دەپ نەسىھەت قىلدى.

ئەمىر تېمۇر بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئەلىبېك ۋە ۋەلىبېكلارنى 2000 لەشكىرى بىلەن باغلىتىۋەتتى. ئاندىن خەتنى بىرىدىن قەلئە ئىچىگە ماڭدۇردى. ئۆزى خەتتە ۋەدە قىلىنغان يەرگە بېرىپ بىرمۇنچە لەشكەر بىلەن بۆكتۈرمىدە تۇرۇپ، شەيخ ھۈسيىن جۇۋارنى كۈتتى. شەيخ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھېسابسىز سەربى دارات بىلەن ئاتلىنىپ شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ، ئەمىر تېمۇر كۈتۈپ ياتقان يەرگە يېقىنلاشقا باشلىدى. شەيخنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تاجىك ئىدى. ئەمىر تېمۇر ئۇلارنى تاق پېشانە تۆۋىدىن قوزغىلىپ چىقىپ، تۆت تەرەپتىن قورشاپ كەلدى. كانايلارنى ياڭرىتىۋەتتى. شەيخ «بۇ ئۆزۈمنىڭ ئوغۇللىرى ئىكەن» دەپ بەخىرامان ئالغا قاراپ مېڭىۋېردى. بىر

چاغدا قارىسا ئالدىدىن ئەمىر تېمۇرنىڭ قوشۇنلىرى تىغ تارتىپ كېلىۋاتاتتى، ئوغۇللىرىدىن نام - نىشانمۇ يوق ئىدى. سەربى دازاتلار دەرھال قېچىشقا باشلىدى. شەيخنىڭ ئۆزى مەشھەتنىڭ ئىچىگە مىڭ تەستە پىيادە قېچىپ كىردى. ئارقىسىدىن ئەمىر تېمۇرنىڭ ئەسكەرلىرى قوغلاپ كېلىپ ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرسەتتى.

شەيخ قېچىپ كېلىپ ئىمام ئەلى مۇسا رىزانىڭ مۇبارەك قەبرىسىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈۋالدى. ھەرقانداق كىشى ئۇ زاتنىڭ قەبرىسىگە قەدەم قويسا ھالاك بولاتتى. مەيلى ئۆزبېك، مەيلى بەزى غەيرىي قوۋملاردىن بولسۇن، قەبرىگە قەدەم قويغانلىكى ئادەمنىڭ بويىنى ئۈزۈلدى. شەيخ ئۈچ كۈنگىچە شۇ يەردە مۆكۈنۈپ ياتتى. بىر كېچىسى ئۇ چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇنىڭ يۈزىگە قىزىل لۆڭگە يېپىقلىق ئىدى. بىر قۇش كېلىپ لۆڭگىنى گۆش دەپ بىلىپ، چاڭگال سېلىپ، شەيخنىڭ يۈزىنى جاراھەتلەندۈردى. شەيخ شۇ دەرد بىلەن ۋاپات بولدى. ئۇ شۇ يەرگە دەپنە قىلىندى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنىمۇ ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يوقلۇق سەھراسىغا ماڭدۇردى. ھېلىقى 2000 لەشكەرنىمۇ قەتل قىلدى.

ئەمىر تېمۇر شۇ يىلى قىشنىچە مەشھەتتە تۇرۇپ، باھاردا نىشاپورغا قاراپ يۈز تۇتتى. بۇ جايلار شاھى شىجائىقا تەۋە ئىدى. ئۇ مۇزەپپەرلەر ئەۋلادىدىن ئىدى.

## ساھىبقىراننىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخ تۆرىنىڭ شاھ شىجائىنىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە بارغانلىقى

«شاھى شىجائىتىن ئەلچى كەلدى» دەپ خەۋەر بولدى. ئەلچى خوجا ئابدىراھمان بىننى خوجا ئابدۇلقادىر پازىل ئالىم كىشى ئىدى. ئۇ كۆپلىگەن تارىخىي كىتابلارنى يازغانىدى. بو-

لۇپمۇ ئىمىر ھەمزە ساھىبقىران، ئۆمەر، روسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ قىسسىلىرىنى ئالاھىدە تەتقىق قىلىپ يېزىپ چىققانىدى. دائىم شاھى شىجائىنىڭ ئالدىدا خىزمەتتە ئىدى. ئەمىر تېمۇرمۇ ئۇنىڭ تەرىپىنى كۆپ ئاڭلىغانىدى. ئېيتىشلارچە، شاھ شىجائىنىڭ قېرىندىشى مەھمۇد شاھنىڭ ۋاپاتىدا ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭغا بۇ رۇبائىينى يېزىپ ئەۋەتكەنىدى:

ئەي شاھى شىجائ دۆلەت مەڭگۈ بولۇر دېمە،
مەھمۇدقا ۋارىس بولغىنىم مۇشۇ بولۇر دېمە.
كەلدىڭ جاھانغا ئىككى ـ ئۈچ كۈن تۇرۇپ يەنە،
مۈلكى ئادەمغە بارمىقىم ئابرۇي بولۇر دېمە.

شاھى شىجائ بۇنىڭغا تۆۋەندىكى رۇبائىينى جاۋاب قىلىپ ئەۋەتكەنىدى.

مەھمۇد بۇرادىرىم شاھلىقتا مەن ئۈچۈن بىر شىر ئىدى،
مۈلكىمنى ئېلىپ يەنە ماڭا كېيىن شۇنداق دەر ئىدى.
ئالسام تامام ئەلنى يېتەلمەي يەنە مىراتقا،
مەن يەر يۈزىدە تەخت ئۈستىدە، بۇ تەخت يەر ئىدى.

ئەمىر تېمۇر شاھ شىجائىنىڭ ئەلچىسى كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ خىزمىتىگە 60 شاتاۋۇلنى بەلگىلىدى. ئەلچى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەلچىخانىدا ئون كۈنگىچە ئارام ئالدى. ئاندىن كېيىن كۆرۈنۈش قىلدى. كۆرۈنۈش تولىمۇ ھەيۋەتلىك — سەلتەنەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

خوجا ئابدىراھمان نامىنى چىقىرىپ ساھىبقىرانغا تاپشۇردى. نامىدە ئەمىر تېمۇر ساھىبقىراننىڭ شەنىگە تۆۋەندىكى ئىككى قىتئە يېزىلغانىدى:

— مەن مەمۇرىي خادىمەن، ھازىرنىڭ ئۆزىدە خان بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەك، — دەپ تەلەپ قويدى.

مۇلازىم بېرىپ بۇ تەلەپنى يەتكۈزگەندى، شاھى شىجائ ئۇنىمىدى. مۇلازىم قايتىپ كېلىپ ئۆمەر شەيخ تۆرىگە:

— 40 كۈندىن كېيىن ئاندىن بېگىمىزگە كۆرۈنۈش قىلغايسەن، — دېدى.

مىرزا ئۆمەر شەيخ تۆرىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ھېلىقى مۇلازىمنى بىرلا قىلىچ ئۇرۇپ چاناپ تاشلىدى. ئاندىن ئەكەلگەن نامىنى چىڭگىزخاننىڭ ئەلچىلىرىنىڭ قائىدىسى بويىچە بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ بارگاھقا يېتىپ كەلدى ۋە كۆزەتچىلەردىن: «شاھى شىجائ چىقامدۇ ياكى ئۆزۈم ئۇنىڭ ھەرىمىگە كىرىمەنمۇ؟» دەپ گەپ كىرگۈزدى. شاھى شىجائ بۇنى ئاڭلاپ بىرئاز ساراسىمە بولغان ھالدا، «ئۆزۈم ئالدىغا چىقاي. ئۇ قورال ئارقىلىق ماڭا ھۇجۇم قىلىپ قويمىسۇن» دەپ جاۋاب چىقارتتى. «قورال كۆتۈرمەيمەن» دەپ ۋەدە بەردى ئۆمەر شەيخ تۆرە.

بىرئازدىن كېيىن شاھى شىجائ ھەرىمىدىن چىقىپ تەختكە ئولتۇردى. مىرزا ئۆمەر شەيخ تۆرە كېلىپ سالام قىلدى. ئاندىن كېيىن:

— ئەي شاھىم، بىزنىڭ پادىشاھىمىز سىزگە نامە بىلەن بىرگە كۆپ سالام ئەۋەتتى، — دەپ سالام يەتكۈزدى. شاھى شىجائنىڭ خادىملىرىدىن بىرى «ھەر قانداق سۆز بولسا يەتكۈزسەڭ» دېگەندى، ئۆمەر شەيخ تۆرە دەرھال تازىم بەجا كەلتۈرۈپ نامىنى بېشىدىن ئېلىپ شاھى شىجائقا ئۇزاتتى. ۋەزىرلەردىن بىرى نامىنى ئالماقچى بولغانىدى، مىرزا ئۆمەر شەيخ تۆرە ئۇنىماي، نامىنى شاھى شىجائنىڭ ئۆز قولىغا تۇتقۇزغىنىچە:

— تەقسىر ئەپەندىم بېگىم، نامىنى ئاۋازلىق ئوقۇڭ، — دېدى.

شاھى شىجائ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن نامىنى ئوقۇدى. نامىدە

مەدھىيە ـ ماختاشلاردىن كېيىن شۇنداق دېيىلگەنىدى: «سۆزۈم شۇكى، شەرىئەت ھۆكمى بىلەن بۇ مەملىكەتلەر ماڭا مىراس ـ ھالالدۇر. سىزنىڭ بوۋاڭ مۇھەممەد مەزەپپەر بىزنىڭ بوۋىمىز ئەبۇسەئىدخانغا نۆكەر ئىدى. ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن، سىزنىڭ ئاتاڭ پادىشاھلىق دەۋاسى قىلىپ بۇ يەرلەرنى بۆلۈۋالدى. ھېلە ھەم بۇ مەملىكەتلەرنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن. بۇ ئەللەرگە مەن ئىگىدارچىلىق قىلىمەن.»

يەنە بىر نامىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «شاھى شىجائىقا بىزدىن سالام، سۆزىمىز يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، ئۆتكەندە ئەۋەتكەن قىتئەلەرنىڭ جاۋابى بۇدۇر.

بىرىنچى قىتئەنىڭ جاۋابى:

ئۆزۈڭگە مۇنچە سۇپەت قويما ئەي ئۇلۇس شاھى،
جاھاندىن ئۆتتى كەيانلار بارى تۇتۇپ راھى.
جاھان ئۇلۇغلىرى پازىللار بىلەن دانالار،
بارى بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى، سەنمۇ بول ئاگاھى.

ئىككىنچى قىتئەنىڭ جاۋابى:

كۆرسەڭ جاھان جاپاسىنى پىكىر ئىلە قوي بويىن،
تاڭلا كېلۈرنى ئويلىساڭ پىكىر بىلەن قوي ئويىن.
دېگىنىز، تاغنى كۆرمىدىڭ، سەن كۆرگۈنۈڭ ئورىن،
سۇمرۇغدەك كۆيۈپ قانات ئەزالىرىڭ كويىن.
بۇ كۆيگىنىڭنى دېمىگىن تاڭلا بولۇپ ئىسسىغ،
باش قايىنغاي ئاياغ كۆيۈپ تەر ئاقسا ھەر مويىن.

بېيىت:

ئىران بىلەن تۇراننى دېمىگىز تەڭ،
ئىراندىن بىر ئىرۇر تۇراندىن مىڭ.»

بۇنىڭ مەنىسى، ئىراندىن بىر كىشى ئىشنى جايىغا كەلتۈرگۈچە، تۇراندىن 1000 كىشى ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

شاھ شىجائ بۇنىڭ پاساھەتىگە ھەيران قالدى. ئۆمەر شەيخ تۆرە دەرھال ساھىبقىران بەرگەن قۇتنى يېنىدىن ئېلىپ شاھقا سۇندى. شاھى شىجائ ئېچىپ قاردۇيدى، قۇتىدا بىر ئوچۇم توپا ۋە يەنە بىرنەچچە تال ئاق ساقال بار ئىدى. بۇ ساقىلىڭ ئاقاردى، ئەمدى تۇپراققا قوشۇلىسەن، دېگەن مەنىگە ئىگە ئىدى. چۈنكى شاھى شىجائ قېرى كىشى ئىدى.

— بۇ يۇرتلارنى، — دېدى شاھ، — ئاتا - بوۋىلىرىم كۈچ بىلەن ئالغان. ھەركىم ئالماقچى بولسا يەنە كۈچ بىلەن ئالسا بولىدۇ.

شاھنىڭ جاۋابى شۇ بولدى. ئاندىن كېيىن ئۇ ئەلچىگە باشتىن - ئاياغ تون - سەرپاي كىيدۈردى. ئۆمەر شەيخ تۆرە بۇ كىيىملەرنى شۇ زامات شاھنى قارىتىپ تۇرۇپ ياساۋۇللىرىغا بىرىۋەتتى. شۇ كۈنى مىرزا تۆرە مەردانە ئىشلارنى قىلدى. بۇنداق ئىشلارنى ھېچقانداق ئەلچى قىلمىغانىدى. شاھى شىجائ شەرىئەتپەرۋەر كىشى بولغاچقا، ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن 40 يىل ئىچىدە شاراب ئىچىشتەك قىلىقلار بولمىغانىدى. شۇ دەۋردىكى باللار ئاتىلىرىدىن «شاراب دېگەن قانداق نەرسە؟» دەپ سورار ئىدى.

ئۆمەر شەيخ تۆرە ئاتىسىنىڭ قېشىغا — مەشھەتكە قايتىپ كەلدى. ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. ھەممە بەگلەر ئۇنى ماختاپ كېتىشتى. بەگلەر ساھىبقىراندىن:

— ساھىبقىراندىن ئەپەندىم، نېمىشقا باشقىلارنى ئەلچىلىككە ئەۋەتمەيسىز؟ — دەپ سورىغانىدى ساھىبقىران:

— ھەر نېمە بولسا ئوغلۇم بولسۇن، باشقىلارغا ئاپەت تەگمىسۇن، دەپ شۇنداق قىلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

## ئەمىر تېمۇر كوراگانىنىڭ زەھەر ئىچكەنلىكى ۋە چاغاتاي سىپاھىلىرىنىڭ نىشاپور ئەتراپىدا مەجرۇھلىنىپ، مەرۋە شەھىرىگە قامالغانلىقى

ئۆمەر شەيخ تۆرە ئەلچىلىكتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شاھى شىجائ مەھدەبلور ئىسمىلىك باتۇرغا 200 مىڭ كىشىنى قوشۇپ نىشاپورغا ئەۋەتتى. مەھدەبلور مەلوك كادپارە نەسلىدىن ئىدى. ئۇنىڭغا ھەزرىتى ئەلى كەرەمەللاھو ۋەجھۇدىن بىر ساۋۇت يادىكار قالغانىدى. ئۇنى كىيگەندە مىلتىق ئوقى تەسىر قىلالمايتتى.

ساھىبقىران مەشھەتكە بىرىنى ۋالىي قىلىپ، ئۆزى ئەركان دۆلەت بىلەن نىشاپور تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى. ئۇ شەھەرگە يېقىنلىششى بىلەن نىشاپور ھاكىمى شەھەرنى تاشلاپ قاچتى. نىشاپورلۇقلار سەئىد شەيخى ئەتتار (ھەزرىتى شەيخ ئەتتارنىڭ نەۋرىسى) نىڭ ئالدىغا يىغىلىشىپ «بىزگە ھىمايەتكار بولسىگىز» دەپ تەلەپ قىلىشتى. شۇ چاغدا نىشاپور ئېلىدىن يەتتە لەك لەشكەرنى تەمىنلەش ئۈچۈن تەڭگە تەلەپ قىلىنغانىدى.

شەيخ ئەمىر تېمۇرنى كۆرگىلى كەلدى. ئەمىر تېمۇر ئورنىدىن تۇرۇپ شەيخكە سالام بەردى. شەيخ ئەلگە ھىمايە بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئىزھار قىلغانىدى، ئەمىر تېمۇر:

— ئەي شەيخ، سىزگە بۇ ئىشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ — دېدى - دە، شەيخنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى. شۇ چاغ «مەھدەبلور باتۇر يېتىپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر بولدى.

مىرزا شاھرۇخ تۆرە 40 مىڭ كىشى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ جەڭ قىلماقچى بولدى. ئەمىر تېمۇر:

— ئەي ئوغلۇم، ئۇلار جەڭگە كىرىشمىگىچە جەڭگە كىرمە.

ئەگەر غەلىبە قىلساڭ ئۇلارغا ئامانلىق بەرگىن. تاغ - بوستانلارنى ھەرگىز ۋەيران قىلما، ياش بالىلار قولغا چۈشۈپ قالسا ئەسىر قىلما، لەشكەرلىرىڭگە قولغا چۈشكەن ئاياللارغا چېقىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىل. شاراب ئىچمە، كۆپ ئۇخلىما، — دەپ تاپىلىدى.

مىرزا شاھرۇخ تۆرە لەشكەرلىرىنى باشلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۆمەر شەيخ تۆرە ئاتىسىنىڭ قېشىدا قالدى. ئەمىر تېمۇرنىڭ خاتىرىسىدىن: «شەيخ سەئىد پۇقرالارنىڭ ھىمايىسى ئۈچۈن كېلىپ، مەندىن خاپا بولۇپ قايتتى» دېگەن پىكىرلەر كەچتى. ئەمىر تېمۇر شەيخ ئەتتار ۋەلىنىڭ قەبرە شەرىفلىرىگە زىيارەتكە كەلدى. شەيخ سەئىد ئەمىر تېمۇرگە كۆڭلىدە ئاداۋەت قىلغانىدى. شۇڭا ئۇنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ سۈتكە زەھەر سېلىپ بەردى. ئەمىر تېمۇر ئىچتى. كېيىن ئۆزىنىڭ زەھەر ئىچكەنلىكىنى بىلىپ قالدى. لېكىن كىشىلەرگە چاندۇرماي بەرداشلىق بېرىپ ئولتۇردى. شەيخ «بەرگەن زەھىرىم تەسىر قىلمىدى» دەپ ئەندىشىگە چۈشتى. شۇڭا قورقۇنچىدىن سۆزلىيەلمىدى. ئەمىر تېمۇر ھەرمىگە قايتىپ كېلىپ، ھېچ كىشىگە مەلۇم قىلماي، ئاناق بىلەن ئۆمەر شەيخ تۆرىنى چاقىرتىپ ئەھۋالنى ئۇلارغا مەلۇم قىلدى. بۇ ئىككىيلەن يىغلاشتى. ئاندىن ئەمىرلەر ۋە بەگلەرنى بىر - بىرلەپ چاقىرتقۇزدى ۋە ئۆز ئورنىنى ساقلاشنى تاپىلىدى.

تۇيۇقسىزلا «ئەمىر تېمۇر زەھەر ئىچىپتۇ» دېگەن خەۋەر ئەلگە يېيىلىپ كەتتى. لەشكەرلەر بۇنى ئاڭلاپ كېچىلەپ نىشاپور شەھىرىنى تالان - تاراج قىلدى. ئاخىرى شەيخ: «ئەمىر تېمۇرگە زەھەرنى مەن بەردىم» دەپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. ساھىبقىراننىڭ سىپاھىلىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېرىپ شەيخنى ئۆلتۈردى. شۇ كېچىسى ساھىبقىراننىڭ قوشۇنلىرى ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى ۋە نىشاپورنىڭ ئادەملىرى قەيەردە بولسا ئۆلتۈرۈۋەردى. شۇ كېچىسى تەئەججۈپ يامغۇرلىرى يېغىشقا باشلىدى.

ئۆمەر شەيخ تۆرە كۆپلىگەن ئەل - ئۇلۇس بىلەن ساھىبقىراننىڭ ئەتراپىنى قورشاپ مۇھاپىزەت قىلدى. يامغۇر توختىغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن چىراغ يورۇقى كۆرۈندى. ئۆمەر شەيخ تۆرە «دۈشمەن كەلدىمۇ نېمە؟» دەپ گۇمان قىلدى.

ساھىبقىران تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۆزىدىن كېتىپ قالاتتى. ئۆمەر شەيخ تۆرە بېرىپ، كۆرۈنگەن چىراغلىقلارنىڭ يولىنى توستى. قوڭغۇراقلىق قېچىرلار كېلىۋاتاتتى. تۆرە كاناي چېلىۋىدى، چىراغلىقلار ئۆزىنى مەلۇم قىلىشمىدى. ئاخىرى ئۆمەر شەيخ تۆرە:

— سىزلەر كىملەر؟ ئۇرۇش دەۋاسى قىلامسىزلەر؟ — دەپ سورىدى. چىراغلىقلار بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ باشلىقى بىر ئاقساقاللىق كىشى ئىدى. ئۇ كىشى ئۆمەر شەيخ تۆرىدىن:

— سىزلەر قانداق كىشىلەر؟ — دەپ سورىغانىدى.

— ساھىبقىراننىڭ لەشكەرلىرى بولىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى تۆرە.

— ساھىبقىران تىرىكمۇ - ئۆلۈكمۇ؟

— ساھىبقىرانغا نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى ئۆمەر شەيخ تۆرە ئۇقمىغان بولۇپ.

— مەن، — دېدى ئاقساقال كىشى، — خوجا مۇھەممەد پارسا بولىمەن. خوجام باھاۋىددىننىڭ مۇرتلىرىدىنمەن. ئۇ زات ماڭا: «ئەمىر تېمۇرنىڭ قېشىغا بارغىن. ئۇنىڭغا دۈشمەنلەر زەھەر بەردى. مۇنۇ پايتىمامنى ئۇنىڭغا بەر. سۇغا سېلىپ ئىچسۇن، زەھەرنىڭ تەسىرى ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلگۈسى» دېگەنىدى.

بۇنى ئاڭلاپ ئۆمەر شەيخ تۆرە يىغلاپ تاشلىدى ھەم بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى. ئۇلار ئەمىر تېمۇرنىڭ قېشىغا كېلىشتى. بۇ يەرلەر ماۋرائۇننەھرنىڭ چېگرىسىغا يېقىن ئىدى.

ئۇلار سىرتقى دۈشمەنلەرنى تورقۇتۇش ئۈچۈن كانايى چالغانىدى، ئۇلار نەقشبەنت بەرگەن پايتەمىنى چىقاردى، ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلەتتى. ئۇنى سۇدا چايقاپ، شۇ سۇنى ئەمىر تېمۇرگە ئىچكۈزدى. زەھەر ساھىبقىراننىڭ تىرناقلىرىغىچە تەسىر قىلغانىدى، سۇنى ئىچكەندىن كېيىن ئەمىر تېمۇرنىڭ ئۆپكە، جىگەر، تال قاتارلىق ئەزالىرىدىكى ھۆللۈك كۆتۈرۈلدى. ئەمىر تېمۇرنىڭ كۆزلىرى بىرئاز ئېچىلدى.

ئەتىسى ئەمىر تېمۇر خوجا مۇھەممەد پارسانى ھەمراھلىرى بىلەن ئالدىغا چاقىرتقۇزدى ۋە ئۇلارغا:

— ئەگەر نىشاپورغا كىرسەڭلەر، مەن ئۈچۈن پۇقرالارغا كايىماڭلار، بىز تەييارلىنىپ بولۇپ دۈشمەن ئۈستىگە بارۇرمىز، — دېدى. ئاندىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى يولغا سالدى. ئەمىر تېمۇرنىڭ ئەسكەرلىرى چۆللەر كېزىپ، شاۋقۇن-سۈرەنلەر بىلەن مەرۋىگە يېقىنلاپ كېلىشتى. ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن لەۋلىرى قۇرۇپ، تىللىرى ئاغزىلىرىغا سىغماي قېلىشقانىدى. ئەمىر تېمۇر تەختىراۋان بىلەن قوشۇنىنىڭ ئارقىسىدىن ئىزدەپ كەلدى ۋە ئۇلارنى تاپتى. ئەمىر تېمۇر ئۇ يەردە بىر مەنزىرىنى كۆردى، ئۇ يەر ياشناپ - كۆكىرىپ تۇراتتى. كۆپلىگەن قۇشقاچلار چۇرۇلدىشىپ ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەرلەردە كۆكلىگەن دەرەخلەر يوق ئىدى. ئەمىر تېمۇر نۆكەرلىرىگە بۇيرۇپ، ھېلىقى يېشىل كۆكەرگەن دەرەخ تۈۋىنى كولاتقۇزدى. دەرەخ ئاستىدىن بىر تاختا تاش چىقتى. ئۇ تاشنى ئېلىشىۋىدى، ئاستىدىن سۇ چىقتى، لەشكەرنىڭ ھەممىسى سۇ ئىچىپ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ مەمنۇن بولۇشتى.

مەۋلانە شەرەف يەزدى دەپتۇرلەركى: چىڭگىزخاننىڭ ۋاقتىدا بۇ بۇلاق ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بېكىتىۋېتىلگەنىكەن. بۇ يەر كونا مەرۋى شەھىرىنىڭ ئورنى ئىكەن. چىڭگىزخان شەھەر قورغانلىرىنى

بۇزۇپ، شەھەرنى خارابلاشتۇرغانىدى، ئېيتىشلارچە، مىرزا شاھرۇخ تۆرە ئەمىر تېمۇر ساھىبقىراننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغان ۋاقتىدا بۇ يەرلەرنى ئاۋات قىلغانىدى.

ساھىبقىران لەشكەرلىرى بىلەن بۇ كونا قەلئەگە كىرىپ ئارام ئالدى. بۇلار شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى سۆزنى مىرزا شاھرۇخ تۆرىدىن ئاڭلايلى. مىرزا شاھرۇخ تۆرىنىڭ لەشكەرلىرى تاغ باغرى بىلەن مەھدەبىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى، ئۈچ كۈنگىچە ھەر ئىككىلا سىپاھ قوشۇنلىرى بىلەن سەپ تۈزۈشتى. قوشۇنلار ئۇرۇش باشلىمىغان چاغدىلا «ئەمىر تېمۇرگە زەھەر بېرىپتۇ!» دېگەن خەۋەر تارقىلىپ كەتتى. بۇ چاغ سەپەر ئېيىنىڭ 17-كۈنى — چارشەنبە ئىدى، تۆرە ھەيرەتتە بارمىقىنى چىشلىدى. ئۇ لەشكەرلىرىنى يىغىپ بىر جايىنى تاللاپ قارار ئېلىشتى. بۇ تايىنى يوق سۆزلەر ئاۋۇپ مەھدەبلەرنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. ئەمىر تېمۇرگە ئۆچ ئادەملەر تەرىپىدىن: «ئەمىر تېمۇر ئۆلدى» دەپ خەۋەر يەتكۈزۈلدى. مەھدەبلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ لەشكەرلىرىنى باشلاپ جەڭگە كىرىشتى. مىرزىنىڭ لەشكەرلىرى شۇنداق قىرىلدىكى، قانلار جىلغا-جىلغا بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى. ئەجەل دېھقىنى جەسەت پىلىكىدىن كاللا سويمىلىرىنى ئۈزۈپ پالاكەت خارۋىسىغا تاشلاۋەردى. باشلار ساي تېشىدەك بولۇپ، جەسەتلەر قاپلاردەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. قازا ھاۋانچىسى ئۇلارنى يوقلۇق يولىغا سىلىۋەردى. شۇنداق جەڭ بولدىكى، قولىدا قىلىچ تۇتقان تۆرە يېرىم كېچىدە ئۆزى يالغۇز قالدى. قاچماقتىن باشقا ئىلاج قالمىغانىدى. «دۈشمەن كۆپ ۋە غالىب بولسا، قاچماقلىق باتۇرلۇق بولىدۇ» دېگەن تەمسىل بويىچە تۆرە بىر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. تاڭ ئاتقاندا تۈركمەن ئېلىگە يەتتى. ئۇلارنىڭ چوڭى سەلىم بېگ دېگەن كىشى ئىدى.

— كىم سەن؟ — دەپ سورىدى سەلىم بېگ تۆرىدىن.

— مەھـدەبلورنىڭ لەشكەر باشلىرىدىن بولسمەن، جەڭدىن قايتىپ كېلىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى تۆرە.

تۆرىنىڭ ئۆزۈكىنگە يېزىلغان خەتنى كۆرۈپ قالغان سەلىم بېك، تۆرە ئۇخلىغاندا تۇتۇپ باغلاپ، ئەتىسى ئاتقا ئارتىپ شاھى شىجائىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتمەكچى بولدى.

تۆرىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھالاك بولۇپ كەتـ كەنىدى. مۇنەججىملەر: «بۇ يىل — چاشقان يىلى، يىغىس يىل» دېگەندە ئەمىر ساھىبقىران ئۇنىمىغانىدى.

مەھـدەبلور نىشاپورغا كەلدى ۋە «ئەمىر تېمۇر شەيخىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ماللىرىنى ئاپتۇ» دەپ ئاڭلىدى. مەھدەبلورمۇ نىشاپوردىن ئاقچا تەلەپ قىلدى، «ئەمىر تېمۇرگە ئەل بولۇپ مال بېرىپسىلەر، ماڭىمۇ بېرىڭلار، ئەگەر بەرمىسەڭلەر ھەممىڭ لارنى قەتل قىلىمەن!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. نىشاپور ئادەم لىرىنىڭ بەزىلىرى ئاقچىلىرىنى ساھىبقىرانغا بەرگەنىدى، ئۇلار نىڭ ئاقچا بەرمىگەن بەزىلىرى ئاقچا يىغىپ مەھـدەبلۇرغا بېرىشتى. شۇ يىلى نىشاپور خەلقىگە ھەيران قالارلىق زۇلۇملار بولدى.

مەھدەبلور كارۋان بېشىنى چاقىرىپ ساھىبقىران ۋەقەسىنى سورىدى. ئۇلار: «خەۋىرىمىز يوق» دەپ جاۋاب بېرىشتى. مەھدەبلور كارۋانلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، كارۋانلاردىن بىرى: «ماڭا پۇل بەرسەڭ ئەمىر تېمۇرنىڭ بار يېرىنى ئېيتىپ بېرىمەن، ئۇ مەرۋى تەرەپكە كەتكەن» دېگەنىدى، ئۇنىمۇ بۇلاپ ـ تالاپ خوجا مۇھەممەد پارسانىڭ زىندانىغا سېلىپ ئاندىن مەرۋىگە قاراپ ماڭدى.

بۇ چاغدا ساھىبقىران تېخى ساقىيىپ بولالمىغانىدى. مەھدەبـ لورنىڭ لەشكىرى 200 كىشىگە يېقىنىدى، ئۇلار ئەمىر تېمۇرنىڭ تۆت ئەتراپىنى قورشىۋالدى. مەھدەبلور ئۇنىڭ ئالدىغا: «ئەمىر

تېمۇر مېنىڭ ئالدىمغا چىقسۇن!» دەپ ئادەم كىرگۈزدى، ساھىب-
قىران 40 كۈنلۈك ۋاقىت سورىدى. مەھەدەبلور ئۇنىمىدى.
ئۇ ھەر كۈنى ئەمىر تېمۇرنى جەڭگە چاقىراتتى، شۇنداق بولسىمۇ
ئەمىر تېمۇر چىداپ 40 كۈنىنى توشقۇزدى. 40 كۈندىن
كېيىن ئۇ ساقايدى. ئەمىر چاكۈنى مەھدەبلورنىڭ قېشىغا:
«سۈلھە قىلايلى» دەپ ئەۋەتتى، مەھدەبلور بۇ سۈلھىگە قوشۇل-
دى، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىرئاز مىكىر بار ئىدى.

ئەمىر تېمۇر كېچىسى سىپاھلارغا:

— كىم قەلبىنى ۋە جېنىنى قوۋمى ئۈچۈن پىدا قىلالايدۇ؟ —
دەپ سورىدى، ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى، سوئال ئۈچىنچى
قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ئەمىر مۇئىد ئارلات يەر سۆيدى.

ئەمىر تېمۇر 100چە كىشىنى قالدۇرۇپ، ئەمىر مۇئىد بىلەن
يۈرۈپ كەتتى. كېتىۋېتىپ ئەمىر مۇئىد ئارلاتتىن:

— قۇردىشىمسەن، ئۈچ قېتىم دېسەم ئاندىن ئۆزۈڭنى ئاشكارا
قىلدىڭ، ئىنشائاللا، مەن نىشاپورغا بېرىپ ئابروي تاپارمەن،
ئەگەر سەنمۇ ئىلاج قىلالىساڭ قېچىپ بارغىن، خىزمىتىمدە بولار-
سەن. ئەگەر بولمىغاندا خۇداغا تاپشۇردۇم، خۇدا ئامانلىق بەر-
سۇن، — دېدى-دە، بۇ يەردە 100 كىشىنى قويۇپ، ئۆزى 10
مىڭ كىشىني ئېلىپ يېرىم كېچىدە يوشۇرۇنچە قاچتى. قوشۇنلا-
رنى بىر يەرگە قويۇپ، 10 كىشى بىلەن دەرۋازىنىڭ تۈۋىگە
كېلىپ قورغانغا شوتا قويدى ۋە قورغاندىن ئېشىپ چۈشۈپ
دەرۋازىۋەننى ئۆلتۈردى، بىردىنلا كانايلارنى چالغانىدى. لەشكەر-
لەر يېتىپ كېلىپ قىرغىن باشلىنىپ كەتتى. كوچا-يوللاردا قان
ئېقىشقا باشلىدى. شۇ يىلى نىشاپورغا كۆپ ئاپەت يەتتى، ئەتىسى
ساھىبقىران تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. ئەمىر چاكو:

— ھېسابلاپ كۆرسەك 1000دەك ئادەم ھالاك بولۇپتۇ، قالغان
ئاھالىلەرنى قويۇپ بەرسەك، — دېۋىدى، ساھىبقىران ماقۇل
بولدى.

بىر كۈنى ساھىبقىران بىر خوتۇنىڭ ئاتنى سۇغىرىش ئۈچۈن يېتىلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. خوتۇننىڭ ئېرى تۆمۈرچى ئىدى، ساھىبقىران ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— نېمىشقا خوتۇنۇڭ ئاتنى سۇغىرىدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، — تۆمۈرچى:

— سىنىڭ زۇلمىڭدىن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم، — دەپ جاۋاب بەردى.

— نېمىشقا؟

— موغۇل يىگىتلىرىدىن، — دېدى تۆمۈرچى، — بىرى ئۆيۈمگە كىردى ۋە ماڭا «ئېتىمنى سۇغىرىپ كەل!» دەپ بۇيرۇدى، مەن ئىلاجسىز خوتۇنۇمنى ئەۋەتتىم، چۈنكى موغۇللار پادىشاھ كېلىدۇ، ئەگەر ئاتنى سۇغىرىشقا مەن بارسام، ئۇ ئۆيدە قالغان خوتۇنۇمغا خىيانەت قىلغۇسى.

ئۇنىڭ سۆزى ساھىبقىرانغا تەسىر قىلدى. كېيىن: «مۇندىن كېيىن قايسى ۋىلايەتنى ئىشغال قىلسام، لەشكەرلىرىمنى شەھەر ئىچىگە كىرگۈزمەيمەن!» دەپ ۋەدە قىلدى ۋە ئەسىر قىلىنغان نىشاپور ئادەملىرىنى قويۇپ بەردى.

ئەمدى سۆزنى ئەمىر مۇئىد بىلەن مەھدەبىلوردىن ئاڭلايلى:

مەھدەبىلور ھېلىقى كونا شەھەر ئەتراپىدا تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ ساھىبقىراننىڭ كەتكەنلىكىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. ھەر كۈنى كىشى ئەۋەتكەندە، ئەمىر مۇئىد ئارلات «ۋاقىت توشمىدى، ئەتە كەل!» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

مەھدەبىلور ئاخىرى ساھىبقىراننىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ قالدى، قىشقاس-سۈرەن سالغان ھالدا قورغانغا ئۆزىنى ئۇردى. ئەمىر مۇئىد قورغاننىڭ باشقا تەرىپىدىن مۇھاسىرىنى يېرىپ قاچتى، مەھدەبىلور قوغلىدى، ئەمىر مۇئىدنىڭ ئادەملىرىدىن

كىشى ئۆلدى. ئەمىر مۇئىد قالغان يەتتە كىشى بىلەن قېچىپ
خارەزىم قۇملۇقىغا ئۇلاشتى. مەھدەبلور قوشۇنلىرى بىلەن ئۇنىڭ
ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇ شۇ يەردىكى بىر كونا قەسىر-
دىن تۈتۈن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. (ئېيتىشلارچە بۇ خوجا
سۇلايمان كەسىردىن قالغان قەسىر ئىكەن) تۈتۈن بىر تاش ئۆي-
دىن چىقىۋاتاتتى، ئۆيدە ئىككى كىشى ئولتۇراتتى. ئۇلارنى چا-
قىرغانىدى، ئۇلار ئۇنىمىدى، ئۆينىڭ بىر تەرىپىدە قارا مۇناردەك
بىر نەرسە كۆرۈندى، مەھدەبلور ئۇنىڭ ئەجدىھا ئىكەنلىكىنى
پەم قىلدى، مەھدەبلور ئۇنى يوقىتىش پىكرىگە كەلدى،
ئەجدىھا شۇئان ئۇنى دەم تارتتى. يەنە بىر قېتىم كۈچ بىلەن
دەم تارتىپ نەچچىلىگەن كىشىلەرنى. ئات-ئۇلاغ، قورال-يارىقى
بىلەن يۇتۇپ كەتتى، قالغان لەشكەرلەر باشلىقسىز قالدى، ئۇلار-
نىڭ بەزىلىرى نىشاپورغا قېچىپ باردى، بەزىلىرى چۆللەردە تې-
نەپ، ئۇسسۇزلۇقتىن ھالاك بولدى، بۇمۇ ئەمىر تېمۇرنىڭ
ئىقبالى ئىدى.

نىشاپورغا قېچىپ بارغانلار ئەمىر تېمۇرگە ئەسىر بولدى، ساھىبقىران ئۇلاردىن ئەمىر مۇئىد ئارلاتنى سو-
رىغانىدى، ئەسىرلەر «ئەمىر مۇئىدنى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ تاپالمىدۇق،
مەھدەبلور كۆپلىگەن كىشىلەر بىلەن ئەجدىھاغا يەم بولدى» دېيىشتى.
ساھىبقىران: «ئەمىر مۇئىد ماڭا جان پىداكارلىق قىلغانىدى، تەڭرىدىن
ئۈمىدىم باركى، ئۇنى چوقۇم ساق-سالامەت كۆرۈمەن» دېدى.

قىسسىنى داۋام قىلايلى، ئەمىر مۇئىد قاتارلىق يەتتەيلەن
خارازىم دەشتى بىلەن قۇم كېچىپ يۈرۈپ بىر ماكانغا كەلدى،
بۇ ماكان ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسى يەتتە ياغاچتىن ياسالغانىدى، ئۇ
بوسۇغىدا ئەمىر ئاۋامىسلىمنىڭ پالتىسىنىڭ ئىزلىرى كۆرۈنۈپ
تۇراتتى. بۇ ئىشىكنى ئاۋامىسلىم قەلەم قىلىپ، بۇ يەردە يەتتە جاي-

نىڭ ۋەيران قىلغانىدى، ئاندىن كېيىن ئۇلار بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىشتى. بىر كۆلنى كۆردى، ئۇنىڭ قىرغىنقىدىكى بىر تاختىدا: «بۇ پىرلارنىڭ ماكانىدۇر، بۇ يەرگە ئاۋا مىسلىم كېلىپ كەتكەن» دەپ يېزىلغانىدى. شۇ كېچىسى ئەمىر مۇئىد بۇ جايدا قونۇپ قالدى، بۇ يەردىكى جىن لەشكەرلەرنى كۆردى. ئۇلار ناھايىتى پاكار بولۇپ، ھەممىسى ئۇسسۇل ئوينىشاتتى، ئەتىسى باشقا بىر جايغا يۆتكەلدى، ئۇ يەردىمۇ ئاجايىپ ئادەملەرنى كۆردى. ئۇلار بىر يەرگە يىغىلىۋېلىشقانىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر يىگىتنىڭ رەڭگى سارغىيىپ ـ قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قېشىدىكى بىر پارچە تەغەزگە: «مىرانشاھ تۆرە مۇشۇ كىشى» دەپ يېزىپ قويۇلغانىدى، ئۇنى كۆلنىڭ بويىغا ئېلىپ كېلىشتى. سۇ ئىچۈردى، مىرانشاھ تۆرە ھوشىغا كەلدى. ئاندىن كېيىن ئەمىر مۇئىد باشلىق كىشىلەر بىلەن ھال ـ ئەھۋاللاشتى.

ــ مەن دېدى مىرانشاھ تۆرە، ــ مازاندىرانغا بېرىپ شەرىق قەلئەسىنى ئىشغال قىلدىم. چارشەنبە كۈنى: «ئەمىر تېمۇر ئۆلدى» دېگەن خەۋەر كەلدى. دۈشمەنلەر بىردىنلا ھۇجۇم قىلىپ بىزنى ئارىغا ئالدى، ئۇلاردىن قېچىپ بۇ يەرگە كەلدۇق. يەنە ئاڭلىشىمىزچە، بۇ خەۋەر شۇ كۈنى دەشت قىپچاققا توختامىش خانغا ئاڭلىنىپ، ئۇ دەرھال لەشكەرلىرى بىلەن ماۋرا ئۇننەھىر ئۈستىگە ئاتلانغانمىش.

ــ بىھۇدە، تاپىنى يوق گەپلەر، ــ دېدى ئەمىر مۇئىد مىرانشاھقا، ــ بۇ خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن يالغان گەپلەر، ئەمىر تېمۇر ھايات.

ئەمىر مۇئىد ساھىبقىراننىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. مىرانشاھ تۆرە ئاتىسىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولدى، ئاندىن تۆرە كۆپ تەييارلىق قىلىپ، 500 چە كىشىنى ئىرىنك تاپتى. 50 مىڭ

ئادەمنىڭ كۆپى ئۆلۈپ، بىر قىسمىلىرى ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتكەن ۋە بەزىلىرى چۆللەردە سۇسىزلىقتىن ھالاك بولۇشقانىدى، شۇ يىلى چاغاتاي لەشكەرلىرىدىن سانسىز ئادەم نىشاپور ئەتراپىدا ئۆلۈپ يوقلۇق باياۋانىغا يۈزلەنىدى. ئەمىر مۇئىد ئارلات بىلەن مىرانشاھ تۆرە خارازىمگە يېقىن كېلىپ، ساھىبقىراننىڭ سالامەت ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. تۆت ئايدىن كېيىن ساھىبقىران بىلەن ئۇچراشتى، لېكىن مىرزا شاھرۇختىن خەۋەر تېپىشالمىدى.

## مىرزا شاخرۇخ بىننى ئەمىر تېمۇرنىڭ شاھى شىجائىنىڭ ئوغلى سۇلتان زەينىل ئابىدىن بىلەن ئۇچراشقانلىقى

تۈركمەنلەرنىڭ باشلىقى مۇسەللىم بېك شاھرۇخ تۆرىنى باغلاپ، شاھى شىجائىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭدى. بۇ ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەن كۈنلەر ئىدى، يول ئۈستىدىكى بىر ئۆتەڭگە چۈشتى، شاھرۇخ تۆرىنى ئاپتاپلىقتا قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى سايە يەردە تاماق پىشۇرۇشقا كىرىشتى. تۆرە ئىسسىقتا چىداپ تۇرالماي يىغلىدى. زالىملار بولسا ئۇنىڭغا قۇلاق سالماي ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولۇشتى. شۇ يەردە بىر جاڭگال بار ئىدى. جاڭگالدا قاپقارا، بويى ئون گەز كېلىدىغان ياۋايى ئادەملەر بار ئىدى. ئۇلار ھېلىقىلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلار قانداق قىلسا، شۇنى قىلىشىپ دوراشقا باشلىدى، مۇسەللىم بېك قولىغا ئوقياسىنى ئېلىپ، ئۇلارغا ئوق ئېتىشقا تەمشىلىۋىدى، ھەمراھلىرى توستى. ئۇ ئۇنىماي ئوق ئاتتى، ئوق ياۋايى ئادەملەرنىڭ بىرىگە تېگىۋىدى، ئۇ بىردىنلا چىرقىراپ كەتتى ۋە بىر ئىرغىپلا مۇسەللىم بېكنى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. ئارقىدىن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلىپ تاشلاپ

ئۆز ماكانىغا قايتىپ كەتتى. تۆرە بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ خۇداغا شۈكرى قىلدى. پۇت - قولى باغلاقلىق بولسىمۇ، بىر ئامال قىلىپ يېرىم كېچىگىچە يول يۈرۈپ بىر گۆرىستانلىققا كەلدى. گۆرىستاندا بىر يىگىت چىراغ ياندۇرۇپ قويۇپ، بىر قىزنىڭ جەسىتى ئالدىدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ زار - زار يىغلاۋاتاتتى، ئۇ يىغا ئارىلاش:

— ئەي جان - جاھانىم، سەن ئۆلۈك، مەن تىرىك. سەنسىز ماڭا تىرىكلىك كېرەك ئەمەس، — دەيتتى.

تۆرە بۇلارنىڭ ئاشىق - مەشۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. يىگىت تولىمۇ چىرايلىق ئىدى، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

يولدىشىم ئىدىڭ بۇ يولدا ئەي ماھ،
يولداشنى قويۇپ كېتەرمۇ ھەمراھ.
بىدارلىققا كەلتۈرمىدىڭ تاپ،
شەھلا كۆزۈڭ بولدى مايىل خوپ.
كۈندە سەن ئىدىڭ مېنىڭ چىراغىم،
رەھىم ئەت يۈرەكتە كۆپتۇر غېمىم.
مۇردا بولۇپ يەر ئاستىدا سەن،
يەر ئۈستىدە نىچۈك تىرىك يۈرەي مەن.
ئىشىق ئوتىدا ئۆرتەپ كۆيۈپمەن،
سەنسىز بۇ جاندىن تويۇپمەن.
ئۆلمەك ماڭا ياخشىدۇر بۇ دەمدىن،
ماڭا تاقەت قالمىدى بۇغەمدىن.
كوكوللارى جېنىمنىڭ تۇزاغى،
بولدۇمكى ئەسەر زۇلنى باغى.

يىگىت نالە قىلىۋاتقاندا، قىزنىڭ بۇرنىدىن بىرقانچە

تامچە قان تامدى ۋە ئۇ قىمىرلىدى ـ دە، سۆزلەشكە باشلىدى، يىگىت قوپقان پېتى قاچتى.

— قاچمىغىن! — دېدى شاھرۇخ تۆرە يىگىتكە، — مەشۇقۇڭدىن قورقمىغىن!

يىگىت ھەيران بولۇپ توختىدى. تۆرە:

— كەل مېنى باغلاقتىن يەشكىن، بۇ قىز رەكسەكتە كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىكەن، خۇدا ئۇنىڭغا شىپالىق ئاتا قىلدى. نېمىشقا ئاشىق كىشى مەشۇقىدىن قورقىدىكەن؟ — دېۋىدى، ھېلىقى يىگىت كېلىپ شاھرۇخ تۆرىنىڭ قول ـ پۇتلىرىنى يەشتى.

— نەلىكسەن؟ — سورىدى تۆرە يىگىتتىن.

— ئاھەنگەران (تۆمۈرچى) مەھەللىسىدىن بولىمەن، مېنىڭ نەسلىم كاۋە ئاھەنگەر (تۆمۈر) نىڭ نەسلىدىن بولىدۇ. كاۋە بولسا ئىسپىھانلىق ئىدى. بۇ بىزنىڭ يېزىمىزنىڭباشلىقىنىڭ قىزى بولىدۇ، مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم، ئۇنى «قازا كېلىپ ئۆلۈپ قالدى» دەپ ئاڭلاپ، چىدىيالماي قەبرىگە كەلدىم. ئەلھەمدۇلىللا، ئۇ تىرىك ئىكەن. — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى يىگىت ۋە شاھرۇخ تۆرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، تۆرە ئۇنىڭدىن ھېچ كىشىگە دېمەسلىككە ۋەدە ئالدى، ئاندىن ئۆزىنى تونۇشتۇرغاچ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى.

ھېلىقى يىگىت تۆرىنى ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ باردى. قىزنىڭ دادىسى قىزنىڭ رەكسەكتە ئاغرىقىغا دۇچار بولغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ تىرىلىپ قايتىپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىنى باسالماي يىگىتنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى ۋە شۇ كۈنى قىزنى يىگىتكە نىكاھلاپ بەردى. شاھرۇخ تۆرە بىرقانچە كۈن بۇ يەردە ئارام ئالدى. بىر كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ سەيلىگە چىقىپ، بىر جايغا كېلىپ قالدى، بۇ يەردە ئىككى چاكار ھەبەش (نېگىر) بىر يىگىتنى ئېرىق بويىدىكى ياغاچقا باغلاپ قويۇپ،

بىشىنى ھەرىدەپ كېسىشكە تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى. ئۇ يىگىت:

— ھەي قۇللار، بەرگەن تۇزۇمدىن قورقۇڭلار، ماڭا جاپا قىلماڭلار! — دەپ نالە - پەرياد قىلىپ يىغلاپ يالۋۇراتتى، يىگىت زىيادە چىرايلىق ئىدى. يىگىتنىڭ چىرايلىقلىقى ھەققىدە «تېمۇرنامە» نىڭ پارس تىلىدىكى يازغۇچىسى خوجا ئابدۇللا ھاتىپى كۆپ بېيىت ئېيتقانىدى. مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

ئەيا سامى ئىرسەڭ سۆزۈمنى ئىشىت،
ئاياغ - قولى باغلاقلىق بىر گۈزەل يىگىت.
قۇياشتەك يۈزى، كۆزى چولپان كەبى،
ئېقىپ يۈزلىرىگە ياش مارجان كەبى.
قېشىدا ئىككى قۇل قارا زەڭگى بىل،
قولىغا ھەرە ئېلىپ ئىككى زەڭگى بىل.
ئاڭا ھەرە سالسا چىنار زىكرىيا،
يىگىت يىغلاپ ئېيتۇر ئەردى: «ئى خۇدا.
نىجاتىمنى بەرگىن مېنىڭ بۇ زامان،
سېغىندىم ساڭا ئەي خۇدايى جاھان...»

بۇ ھالنى كۆرۈپ، شاھرۇخ تۆرىنىڭ غەيرىتى جۇش ئۇردى-دە، يۈگۈرۈپ بارغىنىچە بىر چاكارنىڭ يارىقىنى ئېلىپ، ئۇنى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. چاكارلارنىڭ يەنە بىرى بۇنى كۆرۈپ قاچتى، ئۇنىمۇ تاش بىلەن ئۇرۇپ ھالاك قىلدى. ھېلىقى يىگىت بىر ئازدىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. يىگىتنىڭ باش تېرىسى بىرئاز زەخىملەنگەنىدى. شاھرۇخ تۆرە ئۇنىڭ باغلاقلىرىنى يەشتى ۋە بېشىدىكى جاراھەتنى تاڭدى. ئاندىن:

— ئەي گۈزەل يىگىت، سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئاۋۋال ئۆزۈڭنى تونۇشتۇرغىن، كىمسەن؟ مېنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇردۇڭ، خۇدا ساڭا جازانى يولاتمىسۇن، — دېدى ھېلىقى يىگىت.

تۆرە ئەندىشە قىلىپ «پىيالىنى تامدىن تاشلىغانىدەك بولمىسۇن» دەپ ئويلاندى - دە، سىرنى ئېيتمىدى ۋە «سەن ئاۋۋال ئېيتقىن!» دەپ تۇرۇۋالدى. ئاخىرى ئىككىيلەن: «ئەۋزىلى شۇكى، بىر - بىرىمىزنىڭ ھەقىقىتىمىزدىن خەۋەردار بولمايلى، بىر بىرىمىزنىڭ ئىسمىنى ھەم بىلمەيلى» دېيىشتى.

— مەن بىر مۇساپىرمەن، — دېدى تۆرە يىگىتكە قاراپ،— مېنىڭ ماكانىم يوق.

— شۇ يەردىكى كونا ئېتىكاپخانىدا ئۇخلايمەن، — دېدى ھېلىقى يىگىت، — سەن بۈگۈن ئىسپاھان شەھىرىگە — بازارغا بېرىپ تاشچىلار رەستىسىگە كىر. ئۇ يەردە ئىبنى ئىماد ئىسىملىك بىر شائىر كىشى بار، ئۆزى ناھايىتى باي — غېنى كىشى. تاش يونۇپ ئولتۇرىدۇ. كەچ كىرگەندە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھويلىسىغا بارغىن ۋە ئىشىكىگە تاش بىلەن ئۇرغىن. ئۇ چىقىپ سېنى ھەر نېمە دەپ ھاقارەت قىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ چىدا.

شاھرۇخ تۆرە يىگىتنى غاردا قويۇپ، ئۆزى ئىسپاھان شەھىرىگە كەلدى ۋە يىگىت ئېيتقانىدەك، ئىشىككە تاش بىلەن شۇنداق قاتتىق ئۇردى، بىر ئاقساقال كىشى شىددەت بىلەن چىقىپ كەلدى - دە، ھەيۋە قىلىپ، تۆرىنى تاياق بىلەن ئۈچ - تۆتنى سىلىۋەتتى. تاياق زەربىدىن تۆرىنىڭ سۆڭەكلىرى غىرسىلاپ كەتتى. تۆرىمۇ ئۇنى ئۇراي دەپ تەمشىلىپ يەنە يىگىتنىڭ ئېيتقانلىرى ئېسىگە كېلىپ سەۋر قىلدى، ئاقساقال كىشى:

— نېمىشقا مېنىڭ ئىشىكىمنى تاش بىلەن ئۇرىسەن؟ — دېدى - دە، قىزلىغا ئۇنى ھويلىغا ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى. قۇل تۆرىنى ھويلىغا ئېلىپ كىردى. باشقىلار كېلىپ تىلىگەندى، قېرى ئۇنىمىدى، تۆرە ئىچكىرىكە كىرىپ كۆردىكى، ھەممە يەرگە

قىممەت باھالىق رەختلەردىن تىشلەنگەن پالاس - بىساتلار سېلىنغانىدى. ھېلىقى قېرى تۆرىگە:

— ئەي گۈزەل يىگىت. كۆڭلۈڭگە ئالما، ھەر نېمىدېگەن بولسام ئەپۇ قىل، ئەمدى ماڭا ئېلىپ كەلگەن خەۋىرىڭنى ئېيتقىن، — دېدى.

تۆرە ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. قېرى تۆرىنىڭ ئىسمىنى سورىغانىدى، تۆرە:

— ئۇ يىگىت بىلەن ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە ئېتىمىز ۋە سىرىمىزنى ئېيتماسلىق ھەققىدە ۋەدىلەشكەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— سەن بېرىپ، — دېدى تۆرىگە، — كېچىلەپ ئۇ يىگىتنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەل، بۇ سەۋەب بىلەن خۇدا بۇيرۇسا ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشىپ قالارسەن.

تۆرە غارغا قايتىپ ھېلىقى يىگىتنى باشلاپ، كېچىلەپ ئىبنى ئىمادنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى، ئۇلار غەمدىن خالى بولۇش ئۈچۈن، پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇشتى، شاھرۇخ تۆرە ھېلىقى يىگىتكە قاراپ:

— مەرھەم بولغان بولسا، جاراھىتىڭنى تېڭىپ قوياتتىم، — دېدى. يىگىت:

— بازارغا بېرىپ سەبزىۋار دۇكىنىنى سورىغىن، ئۇ يەردە بىر كۆزى قارىغۇ بىر كىشى بار، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە كۈچ بىلەن قولىنى سىققىن، ئۇنىڭ ئىسمى مەۋلانە تېۋىپ، ئۇ ساڭا مەرھەم بېرىدۇ، — دېدى.

تۆرە بازارغا بېرىپ ھېلىقى كىشىنى تاپتى، ئۇ كىشى تۆرىنى ئىچكىرىگە ئېلىپ كىردى ۋە ھال - ئەھۋال سورىدى. تۆرە ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان قارىغۇ يىغلاپ كەتتى. تۆرىگە مەرھەم بەردى.

تۆرە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھېلىقى يىگىت يانچۇقىدىن بىر لەئلىنى ئېلىپ تۆرىگە تۇتقۇزدى.

— جاۋاھىر بازىرىغا بېرىپ، — دېدى يىگىت تۆرىگە تاپلاپ، — «مەۋلانە قۇتبىدىن زادى كىم؟» دەپ سورىغىن. تاپالمىساڭ بۇ لەئىلنى شۇ كىشىگە بەرگىن، ئۇ زات بۇ لەئىلنى تونۇسا، ساڭا كۆپ ئالتۇن بەرگۈسى.

تۆرە لەئىلنى يىگىت ئېيتقان زاتنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ كىشى تۆرىنى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ:

— ئەي گۈزەل يىگىت، بۇ لەئىلنى كىمدىن ئېلىپ كەلگەنلىكىڭنى بىلدىم. ئەلھەمدۇلىللا، ئۇ تېخى تىرىك ئىكەن. — دېدى - دە، تۆرىگە ناھايىتى كۆپ ئالتۇن بېرىپ ياندۇردى، تۆرە ئالتۇننى ئېلىپ كېلىپ يىگىتكە تاپشۇردى. ئۇ يىگىت تۆرىگە:

— ئەمدى مەۋلانە مۇزەپپەر ۋەزىرنىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ كىشى ۋەزىرلارنىڭ كارۋان سارىيىدا تۇرىدۇ. شائىرلىق جەھەتتە ئۇنى «خاقانى ئۇچىنچى» دەپ ماختىشىدۇ، ھەرقانچە ئېسىل شېئىرلارنىمۇ ئۇ پەسەنتىگە ئالمايدۇ. ئۇ زاتنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەنىسىگە يېتەلمىگەن بەزى كىشىلەر، ئۇنىڭ دىۋانلىرىنى سۇغا تاشلىۋەتكەن ئىشلارمۇ بولغان، مانا بۇ پارىسچە شېئىر ئاشۇ زاتنىڭدۇر:

تا مەندىن زۇلپىي پىرازچىن تۇدىدەم،
مەريەك زەكى ھەرف پەزىرىپت نىدىدەم.

سەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېشىدا ئولتۇرغىنىڭدا ئۇنىڭ تىزىنى باسقىن، — دەپ ئۆگەتتى.

تۆرە مەۋلانە مۇزەپپەر بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇنىڭ تىزىنى باستى. ئۇ كىشى ناھايىتىمۇ شوخ ۋە چاققان ئىدى، ئۇ دەرھاللا تۆرىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. بېشىدىن - ئايىغىچە ئېسىل كىيىندۈردى. زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى. شاھرۇخ تۆرە بۇ يەر-

دىنمۇ يېنىپ كەلدى. ئەمدى يىگىتنىڭ بېشى ساقايغانىدى، ئۇ بىر پارچە خەت يېزىپ تۆرىگە تۇتقۇزدى ۋە ئۇنى سېيىت نىيمەتۇللانىڭ خانىقىرىغا ئەۋەتتى. تۆرە خانىقانىڭ ئىچىگە كىرىپ ساقلى ئاپئاق، چىرايى نۇرلۇق بىر قېرى كىشىنى كۆردى، خەتنى ئۇ كىشىگە تەزىم بىلەن ئۇزاتتى ۋە قول باغلاپ تۇردى. ئۇ كىشى خەتنى ئوقۇپ خۇداغا شۈكرى قىلدى. تۆرىنى ئۆيىگە باشلاپ كەلدى، يەنە ئىشىكتىن ئىچكىرىگە كىردى ۋە:

— هەي قۇتلۇق مېهمان، بىرئاز كۈتكىن. سېنى مېهمان قىلاي، ئاندىن ئەكەلگەن خېتىڭگە جاۋاب يېزىپ بېرەي، — دېدى. ئاندىن كىگىز - پالاسلار سېلىندى، تائام كەلتۈرۈلدى، مەۋلانە ئىبنى ئىماد، مەۋلانە مۇزەپپەر ۋەرزى، سېيىت نىيمەتۇللا قاتارلىق كىشىلەر تۆرىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ ئۆينىڭ تۆت ئىشىكى بار ئىدى. يەنە نەچچىلىگەن ئەزىز كىشىلەر بۇ ئىشىكلەردىن كىرىپ كېلىشىپ جاي ئېلىشتى، ئۆيدىكىلەر 400 چە كىشى بولدى. تۆرە هەيران بولۇپ تەئەججۇپلىنىپ بارمىقىنى چىشلىدى ۋە سېيىتتىن:

— ئەي سېيىت ئەپەندىم، بۇ نېمە سىر؟ — دەپ سورىغانىدى، سېيىت:

— ئەپكەلگەن خېتىڭنىڭ جاۋابى شۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

تۆرە، دەرهاللا يىگىتنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى ۋە كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. يىگىت:

— تۆرە، ئىككىمىز بىللە شۇ يەرگە بارىمىز، — دېدى. ئۇلار سېيىتنىڭ ئۆيىگە كەلدى، يىغىلغان كىشىلەرنىڭ هەممىسى بۇ يىگىتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ تاۋاپ قىلىشىپ كېتىشتى. ئۇنىڭغا كۆپ ئالتۇن سوۋغا قىلىشتى. ئۇ يىگىت شاهرۇخ تۆرىگە قاراپ:

— بۇ تىللالارنى سەن ئالغىن، چۈنكى سەن مېنىڭ سەۋەبىم

بىلەن ناھايىتى كوپ مۇشەققەت تارتتىڭ، سىنىڭ باتۇرلۇقۇڭغا بارىكاللا! — دېدى.

— ئەي قېرىنداش، — دېدى تۆرىمۇ رەھمەت ئېيتىپ، — مەن بۇ ئىشلارنى خۇدانىڭ يولىدا قىلدىم. سىلەردىن مېنىڭ ھېچقانداق تەمەيىم يوق.

شۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى تۆرىنىڭ ھىممىتىدىن ئەسىرلىنىپ ئاپىرىن ئېيتىشتى، ھېلىقى يىگىت يەنە:

— ئەي گۈزەل يىگىت، نەچچە كۈنلەردىن بېرى ئىككىمىز تونۇشۇپ قېرىنداش بولۇپ قالدۇق. ئىسمىڭنى مەلۇم قىلساڭ نېمە بولىدۇ؟ — دەپ تەلەپ قىلىۋىدى، تۆرە «ئالدىدا سەن دېگىن» دەپ تۇرۇۋالدى.

— مېنىڭ ئىسمىم، — دېدى ھېلىقى يىگىت ئاخىرى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — سۇلتان زەينىل ئابىدىن، شاھى شىجائىنىڭ ئوغلى بولىمەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشىمغا ياردەملەشكەن ئادەملەردۇر. دادام قېرىپ كەتتى، ئاتام مېنى ئاكام سۇلتان مەھمۇت بىلەن ئىسپاھان تەرەپكە ئەۋەتكەنىدى، ئەمىر تېمۇرنى بۇ يەرگە قوشۇن تارتىپ كېلىدىكەن دەپ ئاڭلاپ چارلاشقا ئەۋەتكەن. مەن «ئاكامنى ئۆلتۈرۈپ، ئاتامنىڭ ئورنىغا سۇلتان بولسام» دەپ خىيال قىلدىم. ئاكام بۇ خىياللىرىمنى بىلىپ قاپتۇ، نەتىجىدە مېنى تۇتۇپ قىيىندى. مېنىڭ ئىسپاھاندىكى چوڭلار بىلەن مۇناسىۋىتىم يېقىن ئىدى، كېيىن ئاكام مېنى ئىككى قولغا بۇيرۇپ، بىر چەتكە ئېلىپ چىقىپ ھەرىدەپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. شۇ ئىش ئۈستىگە سەن يېتىپ كېلىپ بۇ بالادىن مېنى قۇتقۇزدۇڭ، ئەمدى مەن كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىمەن، ئەمدى سەنمۇ ئىسمىڭنى ۋە ئىرقىڭنى بايان قىلغىن.

تۆرە راستىنى ئېيتماستىن ھىيلە ئىشلەتتى:

— مەن ساھىب ھىدايەنىڭ ئوغلى بولىمەن، ئاتام ئەمىر تېمۇرنىڭ شەيخۇل ئىسلامىدۇر. مەن ئاتام بىلەن كىچىككىنە بىر ئىش سەۋەبىدىن ئازارلىشىپ قېلىپ، ھەج قىلماق ئۈچۈن كېتىپ بارىمەن. مېنىڭ ئىسمىم جالالىدىن بولىدۇ.

سۇلتان زەينىل ئابىدىن بۇنى ئاڭلاپ تۆرىگە كۆپ ھۆرمەت قىلدى. ئاندىن ئەمىر تېمۇرنىڭ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كەچمىشلىرىدىن، سىپاھلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن سورىغانىدى، تۆرە جاۋاب بېرىپ:

— ئەمىر تېمۇر ئۆزىگە ئادالەتنى ئادەت قىلغان. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ خىسلەت ۋە پەزىلەت جەھەتتە ئاجايىپ شۆھرىتى بار، چوڭ ئوغلى مىرزا جاھانگىر مەرد، خەيرۇ ئېھسانلىق ئىدى. ئۇ ۋاپات بولدى، ئۇنىڭدىن كىچىكى مىرزا شەيخ تۆرە، ئۇ زامانىنىڭ ئالىمى ۋە پازىلىدۇر. مىرانشاھ تۆرە بولسا تاماشاخۇماردۇر، كەنجىسى مىرزا شاھرۇخ تۆرە شىجائەتلىك ۋە باتۇر تەبىئەتلىكدۇر. مەن سەمەرقەنتتىكى چاغدا مىرزا شاھرۇخ تۆرە بىلەن كۈچ سىنىشىپ ئوينايتتىم، — دېدى.

شاھزادە تۆرىنىڭ سۆزلىرىگە كۈلۈپ كەتتى ۋە نۆكەرلىرىگە قاراپ:

— بىلەردىمۇ كۈچ - قۇۋۋەت بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچ - قۇۋۋەتلىرىنى ماختىشىپ كېتىشتى، شاھزادە تۆرىگە قاراپ:

— سەن بۇنىڭغا نېمىدەيسەن؟ — دېگەنىدى، تۆرە:

— بۇلار مېنىڭ نەزىرىمدە چۈمۈلىچىلىكمۇ كۆرۈنمەيدۇ. — دەپ جاۋاب بەردى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شاھزادە غەيرىتىگە كەلدى - دە، تۆرىدىن:

— مېنىڭ بىلەن كۈچ سىنىشامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھاي، ھاي ئەپەندىم، — دېدى تۆرە، — سىز شاھزادە،

مەن بىر بىچارە، غۇربەتتە قالغان كىشىمەن، سىز مېنى يىقىتسىڭىز ھېچگەپ بولمايدۇ. ناۋادا يىقىلسىڭىز، مېنى ھالاك قىلىۋېتەرسىز، شۇڭا مەن خەۋپسىرەيمەن.

شاھزادە «ھەرگىز مۇخالىپ ئىشنى قىلمايمەن. سەن ماڭا ناھايىتى كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭ» دەپ ۋەدە بەردى.

شاھزادە چىڭ تۇرۇۋالغاچ، تۆرە ئۇنىڭ بىلەن بەل تۇتۇشۇپ قالدى، چېلىشا - چېلىشا، ئاخىر تۆرە شاھزادىنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. كۆرگۈچىلەر ھەيرانلىق بىلەن بارمىقىنى چىشلەشتى، شاھزادە چىدىماي، خىزمەتچىلىرىگە:

— بۇ مۇساپىرنى ئۆلتۈرۈڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

سېيىت نېئمەتۇللا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ توستى ۋە:

— ئەي شاھزادە، ۋەدەڭنى بۇزما! بىلسەڭ بۇ سەن ئۈچۈن چوڭ ئەيىبتۇر. ئالەمگە يامانلىق نامىڭ تارقىلىپ كېتىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئىشى بۇنداق بولمايدۇ. بۇ يىگىتنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى زادىلا ئېسىڭدىن چىقارما! — دېدى. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن شاھزادە:

— كىم ئاكامنىڭ بېشىنى ئەييارلىق بىلەن ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ھېچكىمدىن ئاۋاز چىقمىدى. تۆرە ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ تەزىم بىلەن ئۆزى بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، رۇخسەت بېرىلگەندىن كېيىن كېچىلەپ ئوردىغا كېلىپ، تامدىن ئارتىلىپ سۇلتان مەھمۇت ئۇخلاۋاتقان ھەرەمگە كىرىپ، ئۇنىڭ كۆكسىگە مىنىپ تۇرۇپ ئۇنى ئويغاتتى ۋە بېشىنى كەستى - دە، سۇلتان زەينىل ئابىدىننىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. شاھزادە باشنى كۆرۈپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئاندىن جايىغا ئولتۇردى. ئەتىسى بۇ ئىشتىن پۈتۈن خالايىق خەۋەر تاپتى ۋە ھەيران بولۇشتى، ئۇلار كىمنى تۆرە دەپ تونۇپ سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغۇزۇشنى بىلەلمەي قېلىشتى.

شۇ چاغ سۇلتان زەينەل ئابىدىن كانايلارنى چالدۇرۇپ، ئەمىر ۋە بەگلەرنى يىغىپ، ئۆزى تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. شاھرۇخ تۆرىگە يۇقىرىدىن ئورۇن كۆرسەتتى.

بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن: «ئەمىر تىمۇرنى مەرۋىدە مەھدەبلور ئۆلتۈرۈپتۇ» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى، بۇنى ئاڭلىغان تۆرە يىغلاپ تاشلىدى. سۇلتان سەۋەبىنى سورىغانىدى، ئېيتمىدى. تۆرە شۇنىڭدىن كېيىن دائىم خاپا ۋە قايغۇلۇق بولۇپ قالدى. شاھزادە تۆرىنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن كۆپ ھەرىكەت قىلدى. ئاخىرى سېيىت نېئمەتۇللا:

— بايقۇشنىڭ يۈرىكىنى تاپساق بولاتتى، — دېگەنىدى، دەرھال ئۇنى تېپىپ كەلتۈرۈشتى ۋە تۆرىنىڭ ئۇخلاۋاتقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، قۇشنىڭ يۈرىكىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە قويدى، تۆرە جۆيلۈپ، ئۆزىنىڭ ئەمىر تىمۇرنىڭ ئوغلى شاھرۇخ تۆرە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ سالدى. ھەممىيلەن ئۇنىڭ سەلتەنەتلىك ئەمىر تىمۇرنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىشتى، شاھزادە تۆرىنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشتى، تۆرە بۇلارنىڭ پەيلىنىڭ يامان، نىيىتىنىڭ بۇزۇق ئىكەنلىكىنى تۇيۇپ قالدى - دە، بىر كېچىدىلا قاچتى ۋە ئاتىسى ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا — خىزمىتىگە يېتىپ باردى.

**دەشت قىپچاقتىكى توختامىش خاننىڭ «ئەمىر تىمۇر ئۆلدى» دەپ ئاڭلاپ، ماۋرائۇننەھىر شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىش ئۈمىدى بىلەن كېلىپ، سەمەرقەنتنى قورشىۋالغانلىقى**

ساھىبقىران پارس ۋىلايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئەمىر — بەگلىرى بىلەن كېڭەش قىلغاندىن

كېيىن ئاتلانغانىدى، ئەمما ئۈچ يىلغىچە ھەر يەردە چېچىلىپ يۈرۈپ بىر يەرگە توپلىشالمىدى.

توختامىشخان قىپچاق دەشتىدە تۇرۇپ، «ئەمىر تېمۇر نىشاـ پۇردا زەھەر ئىچىپ ئۆلۈپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى. لەشكەرـ لىرىنى توپلاپ ماۋرائۇننەھىر ئۈستىگە ئاتلانماقچى بولدى ۋە مەسلىھەت سوراپ ئاكىسى دۆلەت شەيخقا ئادەم ئەۋەتتى. دۆلەت شەيخ ئوغلان مەرتىۋىسىدە ئىدى. ئۇ كىشى پەملىك، داناكىشى ئىدى. دۆلەت شەيخ «ھازىر سەۋر قىلىپ تۇرسۇن» دەپ توستى ۋە ئۆزى توختامىش خاننىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئاۋۋال سۆزلۈك، پالاننىڭ توغرىمۇ - يوق، ئوبدان ئويلىنىپ كۆرگىن، كېيىن ئاتلانغىن، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

خان ئۇنىڭ سۆزىنى تىڭشىمىدى، لەشكەرلىرىنى توپلاپ ماۋرائۇننەھىر ئۈستىگە ئاتلاندى. ئىلگىرى ئەمىر تېمۇر بىلەن ئۆزئارا ئۇرۇشماسلىق توغرىسىدا توختام تۈزۈشكەنىدى. توختامىش خان بۇ ئىشلارنى ئۇنۇتقاقلىق تېغىغا يوشۇردى. خارازىم ئىتىكى بىلەن كېلىپ بۇخارانى تالان قىلدى. شۇ چاغـ لاردا ماۋرائۇننەھىرنىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرى: «ئەمىر تېمۇر ئۆلدى» دېگەن خەۋەرنىڭ تەسىرى بىلەن قامالدا قالغانىدى.

ساھىبقىران ئەمىر چاكونى سەمەرقەنتكە ھاكىم قىلىپ بەلگىلەپ قويۇپ سەپەرگە چىققانىدى. ئەمىر چاكو ئەمىر تېمۇرـ نىڭ ئايالى خانىمچەكە تاغا بولاتتى. ئىلگىرى توختامىش خان خانىمچەنى تەلەپ قىلىپ كىشى قويغانىدى. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشلىرىچە، قىپچاق لەشكەرلىرى شۇ يىلى كۆپ جايلارنى تالان قىلدى. خان سەمەرقەنت دالاسىغا كېلىپ دەرھال ئەمىر چاكوغا نامە كىرگۈزدى. نامىدە: «خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ئەمىر تېمۇر پانىئالەمدىن باقى ئالەمگە كېتىپتۇ، خانىمچە ئۆزىـ مۇ بىلسە كېرەك، ئۇنى ئاۋۋال مەن تەلەپ قىلغانىدىم، شۇڭا

ماڭا ئەۋەتىپ بېرىلسۇن. ھۆكۈمالارنىڭ كىتابلىرىدا «بۇ يۇرتلارنى ئۆزبېك ئالۇر» دېگەن. شۇڭا بۇ ئەللەرگە مەن ئىگىدارچىلىق قىلىمەن» دېيىلگەنىدى. ئەمىر چاكو بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ غەزىپى تېشىپ كەلگەن ئەلچىنى ئۆلگۈدەك ئۇردى ۋە ئۇنىڭغا:

— توختامىش خان خاتا دەپتۇ. ئەمىر تېمۇر ئۆلگەن تەقدىردىمۇ ھەر بىرى ئارسلان ۋە قاپلاندەك ئوغۇللىرى تۇرۇپتۇ، — دېدى. ئۇلار ئەلچىنى ئۇرۇپ شەھەرنىڭ سىرتىغا قوغلاپ چىقاردى. خانىمچەمۇ توختامىش خاننىڭ تەلەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تاغىسى ئەمىر چاكونى قىچقارتىپ:

— ئەي جېنىم تاغا، مەن ئاجىزنىڭ سىزگە ئازراق سۆزۈم بار. مەسلىھەتىم شۇكى، ئاڭلىسام ماڭا خان تەلەپ قويۇپتىمىش، مەن ئۇنىڭغا قوشۇلغان بولۇپ نامە يازسام، ئۆيىمىزگە ئېلىپ كېلىپ ئاندىن زەربە بەرسەك، ساھىبقىران ئەلۋەتتە كېلىدۇ. ئۇ رەھىمدىل كىشىدۇر، — دېدى.

بۇ گەپ ئەمىر چاكوغا ماقۇل كەلدى، دەرھال بىر نامە يېزىپ بىر چاكاردىن ماڭدۇردى، نامىدە: «ئەي خان ھەزرەتلىرى، مەنمۇ سىزگە ئاشىق ئىدىم. شۇڭا مەن ئاجىز مەشۇقىڭىزنىڭ ھويلىسىغا مۇبارەك قەدىمىڭىزنى تاشلاپ قويسىڭىز نېمە بولار ئىدى؟ ئىزىڭىز ئاستىدىكى توپىنى كۆزلىرىمگە سۈرتسەم، ئۇ دەردىمگە داۋا بولسا. يەنە بىر سۆزۈم، بۇيەرگە كەلسىڭىز، ئەمىر چاكونى ھىيلە بىلەن يوقاتساق. بولمىغاندا مەن ئەسىرىڭىزنى ئېلىپ كەتسىڭىز» دېيىلگەنىدى.

ھېلىقى چاكار قورغاننىڭ تۆشۈكىدىن چىققىنىچە ئۆزبېكلەرنىڭ بىر توپ ئالامانىغا يېتىپ كەلدى ۋە بىرىگە:

— مېنى خاننىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغىن. مەشۇقىسىنىڭ قېشىدىن كەلگەن ئەلچى بولىمەن، — دېدى. ئۇ چاكارنى توختامىش خاننىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. خان كۇرسىدا ئولتۇراتتى. ئالدىدا ھاپىز-

لار يېقىملىق ئاۋازلار بىلەن ھۆكمەت ئوقۇپ ئولتۇراتتى. خان كەلگەنلەرنى كۆرۈپ نۆكەرىدىن:

— بۇنى ئولجا چۈشكەنلەردىن ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، نۆكەر:

— شۇنداق، تەقسىر ئەپەندىم. بۇ چاكار «خاننىڭ مەشۇقىسى خانىمچەنىڭ قېشىدىن كەلگەن ئەلچىمەن» دەيدۇ، — دېدى - دە، دەرھال نامىنى ئېلىپ بەردى. خان ئۇنى ئوقۇپ، خانىمچەنىڭ ئالدىغا بارماقنىڭ كويىغا چۈشتى. بەگلىرى توسۇپ كۆرگەن بولسىمۇ ئۇنىمىدى. ئاخىرى ئاكىسى دۆلەت شەيخنى چاقىرىپ كېلىپ خەتنى ئۇنىڭ قولىغا بەردى. ئۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى بىلگەندىن كېيىن خانغا:

— بۇ بىر ھىيلە بولمىسۇن، ئاۋۋال خادىملاردىن بىرىنى ياساندۇرۇپ ئەۋەتكىن. ئۇ يەردىن كەلگەن چاكاز بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، — دەپ مەسلىھەت بەردى. بۇ گەپ خانغا ماقۇل كەلدى. بىرىنى ئۆزىدەك ياساپ ماڭدۇردى. كېچىسى ھېلىقى چاكار خانىمچەنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى ۋە:

— مەن توختامىش خان بولىمەن. — دېۋىدى، دېرىزە ئېچىلدى، ئۇ ئىچكىرىگە قەدەم قويۇشىغىلا ھالاك قىلىندى. ئۆيدىكىلەر چىراغنى يېقىپ قاراشتى، ئۆلگۈچىنىڭ توختامىش خان ئەمەسلىكى ئاشكارا بولدى. قىلىنغان بۇ ھىيلە پايدىسىز بولۇپ چىقتى.

ئەتىسى خان بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ ھېلىقى نامىنىڭ مىكىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندى ۋە ئاكىسىنىڭ زېرەكلىكىگە قايىل بولدى. ھېلىقى چاكارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاندىن كېيىن دۆلەت شەيخ 400 كىشىگە: «ئوت، ئوتۇن كۆتۈرۈپ، ياراقلارنى يوشۇرۇپ، سەمەرقەنت ئىچىدىكى نىزا مۇلمۇلىك مەدرىسىگە بىر - بىرلەپ بېرىڭلار. ئۇ يەردە ئادەم يوق. بىزمۇ يېرىم كېچىدە شەھەر دەر-

ۋازىسغا بارىمىز. ئىچكىرىدىن، تاشقىرىدىن ماسلىشىپ، خۇدا بۇيرۇسا دەرۋازىنى ئېچىپ كىرىمىز» دەپ بۇيرۇدى. 400 كىشى ئوتۇنچى سۈرىتىدە ياسىنىپ، ئەسلىھە - ياراقلىرىنى ئوتۇن ئارىسىغا تىقىشتۇرۇپ، ھېلىقى كونا مەدرىسگە توپلىنىشتى. يېرىم كېچە بولغاندا توختامىش خان سەمەرقەنت دەرۋازىسىغا كېلىپ شاۋقۇن - سۈرەن سالدى. ئەمىر چاكو بۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىلىرى ئۈستىدە ئىدى. شۇ چاغدا شەھەر ئىچىدىكى ئوتۇنچىلار بار يەردىن كاناي ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. شۇ كېچە سەمەرقەنتتە كىچىك قىيامەت بولۇپ كەتتى. ئادەملەر تامنىڭ ئۈستىگە چىقىپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ۋارقىرىشاتتى، قىپچاقلار تەرىپىدىنمۇ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن ئاۋازلار كېلەتتى. ئەمىر چاكو ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى چۈشەندى - دە، قول - چاكارلىرىنى ئېلىپ خانىمچە بىلەن ماشىنچىلار دەرۋازىسىدىن چىقىپ، ئۈرگۈت يولى بىلەن قاچقىنىچە شەھرى سەبزگە كەلدى ۋە ئاق سارايغا كېلىپ چۈشتى.

سەمەرقەنت ئەھلى قارىسا شەھەر خاراب بولغۇدەك. شۇڭا ئۇلار دەرھال:

— زامان توختامىش خاننىڭ زامانى! — دەپ ۋارقىراشتى. شۇكۈنى خان ساھىبقىراننىڭ تەختىگە ئولتۇردى. ساھىبقىرانغا تەۋە ھەممە خەزىنىلەرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، پۇل - ماللارنى ئېلىپ قىپچاق دەشتىگە ماڭدۇردى. بەزى يامان نىيەتلىك ئۆز - بېكلەر ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بىر - بىرلەپ كىرىشىپ يامان ئىشلارنى قىلىشتى. ئادەملەر ئاخىرى بۇ ئەھۋالدىن خانغا ئەرز قىلدى. دۆلەت شەيخ ئىنىسىغا بۇ ئىشنى توسۇش توغرۇلۇق ئېيتقانىدى، خان ئۇنىماي:

— قويۇپ بەرگىن. سىپاھلار ساڭا كۆڭۈل قويسۇن. — دېدى - دە، پۇقرالارنىڭ ئەرزىنى تىڭشىمىدى. ئاندىن قوشۇن

بىلەن كېلىپ سەبىز شەھىرىنى قامال قىلدى. سەبىز شەھىرىنىڭ پۇقرالىرى ئەمىر چاكونىڭ ئالدىغا كۆرۈنۈشكە كېلىشتى، لېكىن شەھەر خەلقى ناھايىتى سىقىلدى. خانىمچە يەنە بىر خىل تەدبىرنى ئويلاپ تاپتى ۋە نامە قىلىپ توختامىش خانغا ئەۋەتتى. نامىدە: «ئىلگىرىكى نامىنى ئېلىپ كەتكەن چاكاردىن زادىلا ئۇچۇر كەلمىدى، سىز ئەۋەتكەن ئادەمنى ئەمىر چاكو تۇتۇپ قىلىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئەگەر ماڭا تەلەپكار بولسىڭىز، نېمە ئۈچۈن ماڭا خەۋەر ئەۋەتمەيسىز؟ ئەمىر تېمۇرنىڭ ئۆلگەنلىكى راست. ئىلاج قىلالىسام ئۆزۈم خىزمىتىڭىزگە بارىمەن. بۇ شەھەر قامالدا بولسا مېنىڭ سىرتقا چىقىشىم ناھايىتى قىيىن، لېكىن بۇ سۆزنى ھەرقانداق كىشىگە زادىلا ئاشكارا قىلماڭ. بۇ ئىش خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ كەتمىسۇن» دېيىلگەنىدى. خان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، شۇ كۈنى سەمەرقەنتكە قايتماقچى بولدى، سىپاھلار: «بۇ شەھەر تازا قىسىلغان چاغدا نېمىشقا ئارقىغا يانىمىز؟» دېيىشىپ خانغا قايتماسلىقنى ئىلتىجا قىلغانىدى، خان لام-جىم دېمەي تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزى: «شەھىرى سەبىزدە ھېچكىم قالمىسۇن» دېگەندىن ئىبارەت بولدى. شۇنداق قىلىپ خان ئادەملىرىنى ئېلىپ سەمەرقەنتكە قايتىپ كەلدى. ئەمىر چاكو خاننىڭ كەتكىنىنى بىلىپ، خانىمچەنى ئېلىپ، شەھىرى سەبىزدىن قارشىغا كەلدى. خان كېيىن ھېلىقى نامىنىڭ بىر خىل ھىيلە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى ۋە دەرھال قوشۇن تارتىپ قارشىغا كەلدى-دە، قامال قىلدى. قارشىنىڭ ھاكىمى ئەمىر چاكونىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى سېيىت بەگ ئىدى ئۇ:

— ئەي جېنىم قېرىندىشىم، سىز بىلەن بىز سالامەت بولساق بۇخارايى شەرىفكە بارايلى، بەلكىم ساھىبقىران بۇخاراغا بېرىپ قالار، — دېدى.

خانىمچەمۇ ئەرلەرچە ياسىنىپ ئەمىر چاكو بىلەن بۇخاراغا كەتتى. سەييىت بەگمۇ كەلەپ يولى بىلەن يۈرۈپ كەتتى. قارشى خەلقى خانغا كۆرۈنۈش قىلدى. خان:

— بەگلىرىڭ نەگە كېتىشتى؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

— خەۋىرىمىز يوق. لېكىن گۇمانىمىزچە كەلەپ يولى بىلەن بۇخاراغا كەتكەن بولسا كېرەك، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

خان ئاتلىنىپ قوغلىغىنىچە سەييىت بەگنى كاللاخان ئەتراپىدا تاپتى. سەييىت بەگ ناھايىتى كۈچلۈك، غەيرەتلىك كىشى ئىدى. خان 40 كىشى بىلەن ئۇنىڭ يولىنى توستى. ئۇ قارىسا خانىمچە قېشىدا يوق بولۇپ، بۇخاراغا يۈرۈپ كەتكەنىدى. سەييىتبەگ بىر دۆڭگە چىقىپ خانغا قارىتىپ ئوق ئۈزگىلى تۇردى. ھەربىر ئوق ئاتقاندا نەچچىلىگەن كىشى ئۆلدى. ئوقمۇ تۈگەپ قالدى. ئۇ قولىغا قىلىچ ئېلىپ جەڭ قىلدى. قىلىچمۇ سۇنۇپ كەتتى. شۇ يەردە بىر كېچە-كۈندۈز ئۆزى يالغۇز جەڭ قىلدى. ئاخىرى شېھىت بولدى. مۇنداق باتۇر يىگىتنى كىشىلەر كۆرگەن ئەمەس. خان كېلىپ قارشىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بۇخاراغا قاراپ يۈزلەندى. ئەمىر چاكو بۇخاراغا كېلىپ، 20 كۈندىن كېيىن قىپچاق سىپاھلىرى ئارقىسىدىن يېتىپ كەلدى. بۇخارا 40 كۈنگىچە قامالدا قالدى. ئەمىر چاكو سەمەرقەنت، سەبىز شەھىرى، قارشى ۋە بۇخارالاردا قىپچاقلار بىلەن ئالتە ئايغىچە ئۇرۇشۇپ يۈردى.

بىر كۈنى خانىمچە يەنە بىر تەدبىرنى ئويلاپ تاپتى. ئۇ ئەمىر چاكونى چاقىرىپ:

— جېنىم تاغا، ئەمىر تېمۇر ئەلۋەتتە كېلىدۇ، توختامىش خان ئەمىر تېمۇرنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپتۇمىش. خوراسان تىلىدا سۆزلەيدىغان بىر كىشىنى تاپسىڭىز، مىرزا سەيپىددىننىڭ

خىتىدەك بىر پارچە خەت يېزىپ ئۇنىڭغا بېرەيلى. ئاندىن نا-
ھايىتى ھارغان بىر ئات تېپىپ مىندۈرسەك. ئۇ بىر قىشلاقتىن چىقىپ
بۇخاراغا قاراپ كېلىۋەرسە، ئۇ ئەلۋەتتە خاننىڭ قولىغا چۈشىدۇ،
خان ئۇنىڭ قولىدىكى خەتنى ئوقۇيدۇ، — دەپ ئەقىل كۆرسەتتى.
بۇ ئەقىل ئەمىر چاكوغا ماقۇل بولدى. دەرھال خانىمچە
ئېيتقاندەك بىر كىشىنى تېپىپ خەت يېزىپ قولىغا تۇتقۇزۇپ،
بىر ھارغان ئاتقا مىندۈرۈپ يولغا سالدى. ئۇ كىشى بىرقانچە
مەنزىل يول يۈرۈپ قارا كۆل ئەتراپىغا كېلىپ، ئاندىن يول
ئازغان كىشىدەك، بۇخارانىڭ دەرۋازىسىنى سوراپ كېلىۋەردى.
ئۇنى قىپچاق قاراۋۇللىرى كۆرۈپ تۇتۇپ مەھكەم باغلىدى. يان-
لىرىنى ئاختۇرۇپ ھېلىقى خەتنى تېپىۋالدى - دە، دەرھال خان-
نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. خەتتە: «مەدھىيە - ماختاشلار
ئەۋۋەلى ئاللاغا خاستۇر. ئاندىن كېيىن رەسۇل ئەلەيھىسسالامغا.
ئەي ئەمىر چاكۇ، ئاڭلىشىمچە توختامىش خان سەمەرقەنتنى ئىشغال
قىلىپ، ئەمدى بۇخارانى قامال قىپتۇمىش، بۇخارانى بىر ئامال
قىلىپ ساقلاپ تۇرۇڭلار. باشقا يەرگە بارماڭلار، خۇدا بۇيرۇسا
بىز بۈگۈن ياكى ئەتە يېتىپ بارىمىز ...» دېيىلگەن ۋە ئاخىرى-
غا ئەمىر تېمۇرنىڭ مۆھرىسى بېسىلغانىدى. (مۆھۈرنى خانىمچە
ساقلاپ قويغانىدى.) ساھىبقىراننىڭ نامىنى ئاڭلاپ ئۇلار قورقۇپ
كېتىشتى. ھېسابسىز قىپچاق قوشۇنلىرى بۇخارا ئەتراپىدىكى
يېزىلارنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشتى، خانىمچەنىڭ چارىسىدىن بۇ-
خارا خەلقىنىڭ جېنى ھوزۇرلىنىشتى.

ئەمدى سۆزنى ساھىبقىراندىن ئاڭلاش كېرەك.

ساھىبقىران مەرۋىگە كېلىپ، توختامىش خاننىڭ ماۋرائۇننە-
ھىر شەھەرلىرىنى ئىگىلەپ، بۇخارايى شەرىفنى قامال قىلغانلى-
قىنى ئاڭلىدى. لەشكەرلىرى ئارىسىدىن 1000 باتۇر يىگىتنى
ئىلغاپ، قالغان لەشكەرلەرنى مىرزا ئۆمەرشەيخقا تاپشۇردى.

— ئەي ئوغلۇم، سەن توغرا يولدىن مېڭىۋەر. مەن باشقا تەرەپتىن بېرىپ قىپچاقلارنىڭ يولىنى توساي، — دېدى ـ دە، دەشت ـ سەھراغا قاراپ يۈزلەندى. نەچچە مەنزىل يول يۈرۈپ ئاندىن خارەزىم شەھىرىنىڭ ئېتىكىدىن چىقتى، دېڭىزدىن ئۆتۈپ بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۇ يەرگە ئوغلى مىرزا شاھرۇخ تۆرىنى قاراۋۇل قىلىپ قويدى. ئۇ يەردە شاھرۇخ تۆرىنىڭ مۇلازىملىرى ئىككى كىشىنى تېپىپ كەلتۈرۈشتى. تۆرە بۇ ئىككىيلەندىن گەپ سورىدى، ئۇلار:

— بىز توختامىش خاننىڭ سىپاھىلىرىدىن بولىمىز، — دېدى ۋە ماۋرائۇننەھىر ۋەقەسىنى بىر ـ بىرلەپ شاھرۇخ تۆرىگە بايان قىلدى. ئۇلار تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ قىپچاق ئەسكەرلىرىنى كۆردى. بىر توپ كىشىلەر ئاق چېدىر ئىچىدە ئولتۇرۇپتۇ. تۆرە ھېلىقىلاردىن:

— ئۇلار كىملەر؟ — دەپ سورىغانىدى. ئۇلار:

— ئەمىر ئاياللاردۇر. خان ھەر بىر مەنزىلگە كېلىپ ئۇخلىسا ئەمىرلەرنى ئەتراپىغا قويۇپ ئۇخلايدۇ. — دەپ جاۋاب بەردى. توختامىش خاننىڭ ئۆزى بولسا دېڭىز ياقىسىدا ئولتۇرغانىدى.

مىرزا شاھرۇخ تۆرە دەرھال بېرىپ ئەمىر تېمۇرنى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلدى. ساھىبقىران دەرھال كېچىلەپ ئاتلىنىپ، لەشكەرلىرى بىلەن قىپچاق لەشكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە يېتىپ كەلدى، سىپاھىلار:

— ئەمدى شىباخۇن (كېچىلىك) ئۇرايلى، — دېيىشكەنىدى، ئەمىر تېمۇر:

— ياق، چۈنكى ئۇ يەردە ئەمىرلەر بار، ئاياغ ئاستىدا قالىدۇ. بىر كىم پىيادە بېرىپ دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كەلسۇن، — دەپ تەلەپ قىلدى. لېكىن ھېچكىم قورقۇپ بارال ـ

مىدى. ئائىلاج ئەمىر تېمۇر ئۆزى دۈشمەن ئىچىگە باردى. ھەممە لەشكەر ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئەمىر تېمۇر ئەسىرلەردىن بىر ئەر ۋە بىر ئايالنى ئويغىتىپ باغلاقنى يېشىۋەتتى ۋە ئۇلارغا:

— مەن ئەمىر تېمۇر بولىمەن، — دەپ ئۆزىنى تونۇتتى. شۇ كېچىسى ئاستاغىنا ھەرىكەت قىلىپ 4000 كىشىنى ئازاد قىلدى ۋە بىردىنلا قېچىشقا باشلىدى. قىپچاق سىپاھىلىرى بىردىن ئويغىنىپ: «ئەسىرلەر قاچتى!» دەپ تۇۋلاشتى. راستىنلا ئەمىر تېمۇرنىڭ كەلگەنلىكىگە ئىشەندى. ئۇلار «دۆلەت، دۆلەت ئەمىر تېمۇر» دېيىشىپ ۋاڭ - چۇڭ قىلىشتى. «ئەسىرلەر بوشىنىپ قېچىشتى» دەپ خانغا مەلۇم قىلىنىۋىدى، ئىشەنمەي كۈلۈپ قويدى.

بۇ تەرەپتە چاغاتاي سىپاھىلىرى ۋاڭ - چۇڭنى ئاڭلاپ «ئەمىرگە نېمە بولغاندۇ؟» دېيىشىپ قايغۇرۇشماقتا ئىدى. شۇئان ساھىبقىران يېتىپ كەلدى — دە:

— كانايچىلار! — دەپ بۇيرۇدى سىپاھىلىرىنى ئۇ. كىشىلەر «دۆلەت، دۆلەت ئەمىر تېمۇر!» دېيىشىپ شاۋقۇن سېلىشتى. توختامىش خانمۇ ئەمىر تېمۇرنىڭ راستىنلا كەلگەنلىكىگە ئىشەندى ۋە ئۆزىنى دەرھاللا دېڭىزغا تاشلىدى. توختامىش خاننىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەن قىپچاق قوشۇنلىرى ئاتلىرىنىڭ يايلىغا يېپىشىپ ئۆزلىرىنى دېڭىزغا تاشلاشتى. ئۇلاردىن كۆپلىرى دېڭىزدا ھالاك بولۇشتى. توختامىش خان دېڭىزدىن چىقىپ قاچقىنىچە دەشتى قىپچاققا كەتتى. ئارقىسىدىن شاھرۇخ تۆرە ھېسابسىز قوشۇن بىلەن قوغلاپ دەشتى قىپچاققا يۈزلەندى. ساھىبقىران خانىمچەنىڭ تەدبىر ئىشلىتىپ توختامىش خانغا نەچچە مەرتىۋە نامە يازغىنىنى ئەسىرلەردىن ئاڭلىدى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن خۇشال بولۇپ كەتمىدى، بەلكى خاپا بولۇپ، ھاكىملىقنى ئەمىر بايىز جالايىرغا ئېلىپ بېرىپ ئەمىر چاكۇنى ھەجگە ماڭدۇردى.

چۈنكى ئۇ خانىمچەنىڭ سىرىنى بىلەتتى. خانىمچەنىڭ ھەممە قۇل - چاكارلىرىنى ئۆلجاي تۈركان يەنى كامال خانىمغا تاپشۇردى. خانىمچەگە ھېچنەرسە بەرمىدى. ئۆلجاي تۈركان خانىمچەگە ھەر كۈنى بىر ۋاقىت تاماق بېرەتتى.

ساھىبقىران ئوغلى مىرزا ئۆمەر شەيخقا: «لەشكەرلەرنى تېز ئېلىپ كەل، دەشتى قىپچاققا بارىمىز!» دەپ نامە ئەۋەتتى.

رىۋايەتچىلەرنىڭ دېيىشىچە، ساھىبقىران ئىرانغا بېرىپ ئۇ يەرلەرنى ئۈچ يىل جەڭ قىلىپ بېقىندۇرۇپ، يەنە ھاردۇق ئالماي ھەمدە ۋەتىنىگە كىرمەي، ئەھلى - ئايالىرىنى كۆرمەي ئاتلىنىپ دېڭىز ياقىسىغا كەلدى. ھەر تەرەپكە ئەسكەر توپلاش ئۈچۈن نامىلەرنى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئىقبالىنىڭ كەلگەنلىكى شۇكى، ئۇنىڭ سۆزىنى ھېچكىم رەت قىلالمايتتى.

مىرزا ئۆمەر شەيخ تۆرە نۇرغۇن لەشكەرلەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئارام ئالمايلا دەشتى قىپچاققا يۈرۈش قىلدى. ئىككى يېرىم يىلدا ئورۇس ۋىلايەتلىرىگە يەتتى. ھەر بىر كىشىدە ئىككى ساناچ بار ئىدى. ئىككى كىشى بىر تۆگىگە مىنىپ، ھەرە، گۈرجەك، كەتمەن، كەكە، پالتىلارنى ئېلىشىپ سىر دەريا بويىغا بېرىپ تۇرسۇن.

ئەمدى سۆزنى ئۆلجاي تۈركان يەنى كامال خانىمدىن ئاڭلايلى:

ساھىبقىران ھەممە قۇل - چۆرىلەرنى ۋە ئەركان - دۆلەتنى خانىمچەدىن ئېلىپ كامال خانىمگە بەرگەندىن كېيىن ساھىبقىران زۇلمات شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەرنى ۋە ئورۇس مەملىكەتلىرىنى ئىشغال قىلىپ قايتتى. ھىندىستاندىن ئېلىپ كەلگەن ئالتۇنلارنى خىراجەت قىلىپ بىر ئالىي مەدرىس سالدۇردى. ئۇنى «زەمانىنە مەدرىسەئى خانىم» دەپ ئاتاشتى.

بۇ مەدرىسنىڭ ئىشىغا 12 مىڭ كىشى قاتناشتى.

مەدرىسىنىڭ شەرق تەرىپىگە كۆرۈنۈشخانا سالدۇردى. نەچچىلىگەن ھۆنەرۋەن يېشىل، قىزىل، كۆك، سىرىق، ئاق، قارا ... رەڭلەر بىلەن گۈمبەزلەرنىڭ قۇببىلىرىگە بىرقانچە يىل شۇنداق زىننەت بەردىكى، ئۇنىڭ تەرىپى ئۈچۈن بۇ غەزەللەر يېزىلغانىدى.

قاچان شاراپەت ئىلە مەدرىسە چۇ بولدى زوھۇر،
بىر ئىلە تەڭ بولۇپان تاق كەسرى بارچە قەسۇر.
شىكۆھ رەفئەتى ئانداقكىم مۇنەززىرى بەھرام،
فەلەكنىڭ رەتبەسى ئاندىدا يەرگە سەفلە تۇرۇر.
كامال ھۆسنىن بىلەن ئايۋان تاقى گەر شەستى،
بۇ مەنزىرە ئاندىدا كىم تاپتى ئول قىسچە خىتۇر.
جىپال قەلئەسىدەك كوڭگىرە بىلەن پەشتىقى،
ئېيتىپ نىچۈككى سۇلايمانى تەختىدەك مەشھۇر.
چۇ يەرنىڭ باشىغا تاج ئەردى تاش ۋە دىۋار،
نىچۈنكى يەرنىڭ ئېگىزدە بولدى مەئمۇر.
چىقاردىلار ئۇنى تەدرىج بىلەن ھاۋاغا ئېگىز،
يېتەر بۇ سۇغىسىغا زىنەلەرنى قىلسا ئۇبۇر.
قۇرۇلدى ئاڭا ئىشىك بىلەن گۈمبەز ئالى،
ساپا ۋە سىقلىدىن كىم ئاندا قونالماس تەيۇر.
نەچچە تەپەككۇر بىلەن ئۇنىڭغا ئەقىل مىئمارى،
يېتەلمىدى ئۇنىڭ گۇناھىگە ئەقىل بولۇپ مەغرۇر.
تىپىپ ھۇجرالىرى رەڭ ۋە زەيىپ ئارايىش،
قۇياش ئەنۋارىدىن روشەن بولدى ئۆيلەرھۆر.
چۇسە قەپ ئۆزرە چىكىلگەن تاش مەتلاسىن،
چىكەلمەس ئەردى ئەگەر بولسا مانى مەغرۇر.
ياغاچ نىسارىدا نىجارچىنان سە قىلىنى،
ساپادا ئۆتكۈزۈپ كىرگۈزگەننى كىم ئەردى بىلۇر.
دىمەڭكى كىرگۈزگۈنۈك كىم تىلىسىم رەڭگىدۇر،

لىباس بىلەن ئالەم رەڭگىگە كىيگۈزۈر.
دەرىزە، ھويلىلىرى بولدى سەنئەت مىئمارى،
قۇرۇلماقتا ئۇ مەنزىلگە بولدىلار مەئمۇر.

تارىخ 218دە ياساش ئىشلىرى تۈگەپ، ئىلىم تەلەپكارلىرى توھىد ئىلمىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئالىي مەدرىسگە كىرىشتى. خانىم ئۇلارغا كۆپلىگەن ياخشى شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى. تالىپلار مۇشكۇلات ئىلمى (ماتېماتىكا) فەھمقىيات ئىلمى (ئىجتىمائىي پەنلەر) قاتارلىق نەچچە خىل ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە باشلىدى.

ئەمدى سۆزنى قەشقەر سەھراسىدىكى قالماقلاردىن ئاڭلايلى.

## مىرزا سۇلتان مۇھەممەت تۆرىنىڭ كۆتۈرۈلۈشلىرى ۋە ئۇنىڭ خىتاي يۇرتلىرىغا بېرىپ ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارنى كۆرۈپ كەلگەنلىكى

ھەي ئوقۇغۇچىلار، ئاڭلىغۇچىلار، ئىلگىرى ئېيتقانىدىم، مىرزا جاھانگىر تۆرە قەشقەرغە بېرىپ، مەلئۇن مەنسۇر ئىبنى خىسراۋ بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قايلىق ئىسىملىك قىزىنى ئالغانىدى ۋە بىرنەچچە كۈن كۆڭۈل ئېچىپ، ئاندىن ئۇنى ساندۇققا سېلىپ دەرياغا تاشلىغانىدى. ساندۇق دەريادا ئېقىپ قالماقلارنىڭ بىرىنىڭ قولىغا چۈشتى. ئۇ قىز ھامىلدار ئىدى. ۋاقتى ـ سائىتى توشۇپ، خىلۋەتتە چىرايلىق بىر ئوغۇل تۇغدى. قالماق بۇ قىزنىڭ نەسلىنى سۈرۈشتە قىلىپ يۈرۈپ، بالىنىڭ ئىسمىنى كۆپكىن بېك قويدى. قايلىق بولسا بالىسىنىڭ ئىسمىنى سۇلتان مۇھەممەد تۆرە قويدى. ھېلىقى قالماق تاراشچى ئىدى. بۇلارنى ئۆزىگە بالا قىلىپ بېقىۋالدى ـ دە، تەربىيىلەشكە كىرىشتى. ئۇ: «ئەمىر تېمۇر ساھىب-

قىران كەلسە بىز بالىنى ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن، ئەلۋەتتە ئىززەت تاپىمەن» دەپ ئويلايتتى.

شۇ چاغلاردا ساھىبقىران شۇنداق شۆھرەت تاپقانىدىكى، ھەر كۈنى ھەر بىر ئىقلىمغا داڭقى يېتىپ باراتتى. بالىسىنى باشقۇرالمىغان ئانىلار بۆشۈكتىكى بالىسىغا: «ئەنە ئەمىر تېمۇر كەلدى» دېسە بالا قورقۇپ يىغىدىن توختايتتى. مىرزا جاھانگىر تۆرە قايلىقنى ئالغىنىنى ئەمىر تېمۇرگە دېگەنىدى.

سۇلتان مۇھەممەد تۆرە يەتتە ياشقا كىردى، بىر كۈنى قايلىق ئوغلىنى ئالدىغا قىچقىرىپ ئۇنىڭ ئەقلىنى سىناپ باقتى.

— ھەي نۇرلۇقۇم، — دەپ سورىدى ئانا ئۇنىڭدىن، — سېنى كىم ياراتقان؟

— يەر - ئاسماننى، ئاي، كۈن ۋە يۇلتۇزلارنى قايسى زات ياراتقان بولسا، مېنىمۇ شۇ زات ياراتقاندۇر، — دەپ جاۋاب بەردى.

«ئەقىلگە تولۇپتۇ» دەپ ئويلىدى ئانا ۋە شۇندىن باشلاپ ئوغلىغا مۇسۇلمانچىلىقنى ئۆگەتتى. ئۇنىڭ نەسەب - نەسلىنى ئۆزىگە بىلدۈردى. بىر كۈنى قېرى قالماق:

— مەن قالماقلارنىڭ كەئبىسىگە بارىمەن، — دېگەنىدى. سۇلتان مۇھەممەد تۆرە «مەنمۇ بارىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇ چاغدا بالا 15 ياشقا كىرگەنىدى. قېرى قالماق بىلەن بالا بىرگە شەيخ لولو يەنى ھىندۇ قالماقنىڭ پىرىنىڭ قەبرىسىگە باردى. چىڭگىزخاننىڭ قەبرىسىمۇ شۇ يەردە ئىدى. قەبرىنىڭ قۇرۇلۇشلىرى تۆمۈردىن ياسالغان بولۇپ، ئۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئىچىگە نۇرغۇن بۇتلار قويۇلغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چىڭگىزخاننىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ سۈرەتلىرى ئىدى. قالماقلار ئاسماننى خۇدا دەپ تونۇيتتى. ئاتا - ئانىلىرىنىمۇ خۇدا تە-

رىقىسىدا، كۆرەتتى. ئاشۇنداق نەسەب سۈرۈشتە قىلىپ ئاخىر
ئادەم ئاتىغا يەتكۈزەتتى. «بىزنى ياراتقۇچى ئاتا - ئانىلىرىمىز-
دۇر. ئەگەر ئۇلار بولمىسا بىز نەدىن پەيدا بولاتتۇق؟» دېيىشەتتى.
قالماقلار ھېلىقى بۇتلارنى «كەئبە» دەپ ھۆرمەتلەپ،
نەزىرلىرىنى ئەپكىلىپ زىيارەت قىلىشاتتى. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ
ئىچىگە قورال - ياراق بىلەن كىرىشكە رۇخسەت قىلىنمايتتى.
كىمەركى بۇ يەرگە قورال بىلەن كىرسە ئۆلتۈرۈلەتتى.
سۇلتان مۇھەممەد تۆرە بۇتخانىنىڭ شەيخىغا:
— مەن بۈگۈن كېچە كەئبىنىڭ ئىچىدە تاڭ ئاتقۇچە ئىس-
تىقامەت قىلىمەن، تەڭرىگە سېغىنىدىغان بىرقانچە مۇددىئالىرىم
بار. — دېدى ۋە شەيخكە بىر نەرسىنى بەردى. ئاندىن كېيىن
شەيخ بۇتخانىنىڭ ئاچقۇچىنى بەردى. سۇلتان مۇھەممەد تۆرە
ئىشىكنى ئېچىپ ئىچكىرى كىردى. ئۇ يېرىم كېچە بولماي تۇ-
رۇپلا ئورنىدىن قوپتى - دە، قەيەردە نىجاسەت بولسا تېپىپ
كېلىپ تاملارغا سۈۋىدى ۋە بۇتلارنىڭ ھەممىسىنى چېقىپ تاشلىدى.
ئەتىسى قالماقلار بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ سۇلتان مۇھەممەد
تۆرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى. ئارىدا خېلى كۆپ ئۇرۇش - تا-
لاش بولدى. سۇلتان مۇھەممەت تۆرە نۇرغۇن قالماقنى ھا-
لاك قىلىپ دوزاققا ئەۋەتتى. قېرى قالماق سۇلتان مۇھەممەد
تۆرىگە ھىمايەتكار بولۇپ، قالماقلارغا كۆپ ئۆزرە قويدى. ئۇ-
لار ئۇناشمىدى ۋە قېرى قالماقنى ئۆلتۈردى. سۇلتان مۇھەممەت
تۆرىنى تۇتۇپ باغلىدى. بىر ئەلدىن بىرىنى ئۆلتۈرسە يەنە
بىرىنى ئۆلتۈرمەسلىك قالماقلارنىڭ ئادىتى ئىدى. شۇڭا سۇل-
تان مۇھەممەد تۆرىنى قۇدۇققا تاشلىدى. ئۇلار: «بۇ يەردە ئەل-
ۋەتتە ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەپ ئويلاشتى ۋە خاتىرجەم بولۇپ، ئۆي-
لىرىگە كېتىشتى.

شۇ چاغدا چۆل تەرەپتىن بىر توپ يولۇچى كەلدى. بۇ-

لار سەمەرقەنتتىن — ئەمىر تىمۇر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن شىنجاڭغا ئەلچىلىك ئۈچۈن كېتىپ بارغانلار ئىدى. قۇدۇق بويىغا كېلىپ سۇ تارتىپ ئىچمەكچى بولۇشتى ۋە قۇدۇققا سوغا سېلىشتى، سۇلتان مۇھەممەد تۆرە ئۆزىنى بىر ئامال قىلىپ سوغىنىڭ ئىچىگە ئالدى - دە، يەر يۈزىگە چىقتى. كارۋانلار قارىسا سۇغىدا گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر يىگىت تۇرغان. ئۇلار:

— كىمسەن؟ نېمىشقا بۇنچە ئازابقا گىرىپتار بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىسمىم سۇلتان مۇھەممەت ئىبنى مىرزا جاھانگىر بولىدۇ. ئەمىر تىمۇر ساھىبقىراننىڭ نەۋرىسى بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى يىگىت ۋە بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر - بىر بايان قىلدى.

بۇ يولۇچىلار توپىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت ھەبىب دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ساھىبقىراندىن ئەندىشە قىلدى - دە، سۇلتان مۇھەممەت تۆرىگە ئات، كىيىم-كېچەكلەرنى بەردى. ئاندىن ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى.

توپ باشلىقىنىڭ بىرنەچچە چۆرىسى (ئايال خىزمەتچىسى) بولۇپ، چېدىر ئىچىدە يولۇچىلارغا تاماق ئېتىپ بېرەتتى. ئۇلار 400 تۆگىگە ئاش - ئوزۇق يۈكلەپ مېڭىشقانىدى. سۇلتان مۇھەممەتكىمۇ بىر چېدىرنى ئايرىم بەرگەنىدى. مۇھەممەت ھەبىبنىڭ چۆرىلىرىدىن بىرى سۇلتان مۇھەممەتنى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قالدى - دە، بىر كېچىسى سۇلتان مۇھەممەتنىڭ قېشىغا كىردى. يىگىت ئۇيقۇدا ئىدى. چۆرە ئۇنى ئاستاغىنا ئويغاتتى ۋە:

— ھەي جېنىمنىڭ راھىتى ۋە كۆڭلۈمنىڭ پاراغىتى، مەندەك بىر چۆرىنى مۇھەببەت قۇچىقىغا ئېلىپ، كۆيگەن يۈرىكىمنىڭ دېغىغا مەرھەم، ۋىسالىڭ بېغىغا يول بەرسەڭ نېمە بولىدۇ؟ — دەپ يېلىندى.

مۇھەممەت تۆرە يېگەن تۇز ھەققىنى ھۆرمەت قىلىپ، چۆرىدىن قول تارتتى. چۆرە كۆپ يالۋۇرۇپ كەتكەنىدى. تۆرىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ بىرىنى ئۇردى. چۆرىنىڭ چىشى سۇندى، ئاغزى قانغا تولدى. چۆرە نېمە قىلارىنى بىلمەي ھەيران بولۇپ ئىلاجىسىز قايتىپ چىقتى ـ دە، غوجىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— بۇ ئوغۇل ماڭا يامان نىيەتتە بولدى. مەن ئۇنىمىسام ئۇرۇپ چىشىمنى سۇندۇردى. — دەپ چاقتى.

غوجا بۇ ئىشتىن قايغۇرۇپ يۈردى. ئىككىنچى مەنزىلگە كەلگەندە تۆرە چارچاپ كەتكەنلىكتىن ئاتتىن چۈشۈپلا توپىغا باش قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. غوجا بىر قۇلىغا:

— ئۇنى ئۇرۇپ قوغلىۋەت، سەدىقەت تۆرە زادىلىقى بىلەن كەتسۇن! — دەپ بۇيرۇدى. ھېلىقى قۇل تۆرىنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن كېلىپ قارىسا، تۆرىنىڭ بېشىغا بىر قۇش (ھومايۇن — بەخت قۇشى) سايە سېلىپ ئولتۇرغىدەك. قۇل قايتىپ كېلىپ بۇ ئەھۋالنى غوجىسىغا ئېيتىۋىدى، غوجا ئادەملەرنى ئېلىپ كېلىپ كۆردىكى، راست شۇنداق ئىدى. ئۇلار بۇ بالىنىڭ ئىقبالىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشتى. شۇئان تۆرىمۇ ئويغاندى ۋە كارۋان بېشىغا:

— ھەي كارۋان بېشى، سېنىڭ چۆرىلىرىڭدىن بىرى كېلىپ مېنى يامان ئىش قىلىشقا دەۋەت قىلدى. مەن ئۇنىماي ئۇرغانىدىم، چىشى سۇندى. كېيىن سېنىڭ ئالدىڭغا چاقىلىپ باردى. ئاتا، ئەمدى ئەپۇ قىلغىن، — دېدى.

كارۋان بېشى چۆرىنى تۆرىگە نىكاھلاپ قويدى. تۆرە ھېلىقى چۆرىنىڭ تىلسىماتلىرىنى ئاچتى. مارجانلىرىنى چاچتى.

ئۇلار يولنى داۋام قىلىشتى. بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، قارا قالماقلارنىڭ يۇرتىغا يېقىنلاشتى. قالماقلار كېلىپ كارۋانلارنى بۇلاپ كەتتى، مۇھەممەت ھەبىب: «بىز ئەمىر تېمۇرنىڭ

ئەلچىسى بولساڭىز» دەپ بىر قانچە قېتىم ئېيتقان بولسىمۇ ئۇناشمىدى.

— مېنى دېدى، — تۆرە ھەمراھلىرىغا، — قالماقلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭلار، مەن قالماقلارنىڭ تىلىنى ياخشى بىلىمەن. ئۆز تىلىدا ئەرز قىلىپ كۆرەي، تىڭشىسا ئەجەب ئەمەس.

تۆرىنى قالماق پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئۇ قارىسا خاننىڭ يۈزى سامانلەك سارغىيىپ كەتكەنىدى. تۆرە قالماق تىلىدا:

— ئەي خان قانداق كېسەل بولۇپ قالدىڭىز؟ — دېگەنىدى. خان:

— يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولدۇم، بىرەر نەرسە بىلەمسەن؟ — دېدى.

— مەن تېۋىپ بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى تۆرە.

— تېۋىپ بولساڭ، — دېدى خان تۆرىگە، — ماڭا بىر ئامال قىلغىن.

تۆرە ئەسلىدە تېبابەتچىلىكنى بىلمەيتتى. ئۇنى ھاقارەت قىلىش ئۈچۈن كۈچۈكنىڭ گۆشىنى بۇيرۇدى. پادىشاھ كۈچۈك گۆشىنى ئەپكىلىپ كاۋاپ قىلىپ يېگەنىدى، بىردەمدىن كېيىنلا قۇسۇۋەتتى، قارىۋىدى، ئىت گۆشىگە يېپىشىپ تۆگىنىڭ سۈتى بىرگە چۈشتى. ئۇنىڭ يۈرەك ئاغرىقى خېلى ياخشى بولدى.

ئەسلىدە خان تۆگىنىڭ سۈتىنى كۆپ ئىچەتتى. قېتىق ۋە سۈت ئۇنىڭ ئىچىگە ئورناپ كەتكەنلىكتىن يۈرەك ئاغرىقى كېلىپ چىققانىدى. تۆگىنىڭ سۈتى ئىت گۆشىگە ماسلىشىدىغانلىقتىن، تۆرىنىڭ تەخمىنەن ئېيتقان دورىسى پايدىلىق بولۇپ چىقتى. بۇ ئىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئازاد بولۇشىغا سەۋەب بولدى. خان تۆرىنىڭ بۇ ئىشىدىن تولىمۇ خۇشال بولدى. «ھەر نېمە تەلەپ

قىلساڭلار بېرنمەن!» دېدى. تۆزە خۇدانىڭ ھېكمەتلىرىدىن تەئەججۇپلىنىپ كەتتى. ئۇ خانغا:
— ئەي خان، كارۋانلار بۇلانغان ماللىرىنى تەلەپ قىلىدۇ،— دېگەندى، خان كارۋانلارنىڭ ماللىرىنى دەرھال قايتۇرۇپ بەردى. يەنە سۇلتان مۇھەممەت تۆرىگە نۇرغۇن مۇكاپات بەردى. ئۇلار ئاندىن كېيىن خىتاي تەرەپكە يۈرۈپ كېتىشتى.
ئۇلار تۆت ئايغىچە يول يۈرۈپ، چۆل - جەزىرلەرنى كەزدى، تاغ - ئېدىرلاردىن ئاشتى. ئاخىرى خىتاي شەھىرىنىڭ قەلئەسىگە يەتتى. ئۇلار قەلئەنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىشتى. دەرۋازىۋەنلەر ئۆز تىلىدا:
— نەدىن كەلدىڭلار، نەگە بارىسىلەر؟— دەپ سورىۋىدى، ئۇلار:
— ئەمىر تېمۇر ساھىبقىراننىڭ ئالدىدىن كېلىمىز.— دەپ جاۋاب بەردى.
دەرۋازىۋەنلەر دەرۋازىنى ئاچتى. كارۋانلار ئىچكىرى كىرىشتى. ئۇلار كىرىپ بولغاندىن كېيىنلا دەرۋازىنى تاقاشتى. ئۇلار يەنە تۆت ئاي مېڭىپ ئاندىن خاقان چىننىڭ پايتەختىنىگە يېقىنلاشتى. يوللار ناھايىتى راۋان، مەمۇرچىلىق ۋە ئاۋات ئىدى. لېكىن ئارىلىقتا قەلئە يوق ئىدى. خاقاننىڭ پايتەختىنىڭ ئەتراپلىرى ساپلا پەنجىرىلىك، نەقىشلىرى پىل سۆڭەكلىرىدىن ياسالغان كەڭ ۋە ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەر ئىدى.
پادىشاھ بۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئەلچىخانىغا تەكلىپ قىلدى. ناھايىتى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن زىياپەت قىلىپ كۈتۈۋالدى. بۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان خىتاي خەلقى توپ - توپ بولۇپ كېلىپ تاماشا قىلىشىپ قارىشاتتى. ئۇلار كېچىلىرىمۇ چىراغ يېقىپ بازار قىلىشاتتى. ئۇ يەردە مەسچىتلەرمۇ بار ئىدى. مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇر ئىدى. ئۇ يەردىكى

مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭىنىڭ ئىسمى موللا ئابدۇل غاپپار ئىدى، ئۇ ناھايىتى موللا كىشى بولۇپ كۆپلىگەن بىلىملەردىن خەۋەردار ئىدى. ئۆزى ئەسلى ھىسارلىق ئىدى.

ئۇلار 40 كۈندىن كېيىن خاقانى چىن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن، قوبۇلخانىغا كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا سۇلتان مۇھەممەت تۆرە بار ئىدى. ئۇلار خاقانىنىڭ ئالدىدا كۆپلىگەن ئەمىر-بەگلەرنىڭ تۇرۇشقىنىنى كۆرۈشتى. بىر ئازدىن كېيىن شان-شەۋكەت بىلەن، دەبدەبە-ھەشەمەت بىلەن خاقانى چىن يېتىپ كەلدى. سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ تەخت تەرەپكە سەجدە قىلىشتى. لېكىن مۇسۇلمانلار تەزىم بىلەن چەكلەندى.

خىتاي ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى كوسا ئىدى. پەقەت خاقانى چىننىڭلا ساقىلى بار ئىدى. چۈنكى ئۇ تاتار بەگلىرىنىڭ نەسلىدىن ئىدى. يەنى ئەۋلادى يافەس ئىبنى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا تەرجىمانلارمۇ بار ئىدى. قالماقلارنىڭ بېگىنىڭ ئىسمى گۈلخان ئىدى.

سۇلتان مۇھەممەت تۆرە ئەپكەلگەن سوۋغاتلىرى بىلەن ئەمىر تېمۇر ساھىبقىراننىڭ نامىسىنى سۇندى، خاقانى چىن ئۆز تىلىدا سوئال سورىدى.

تۆرە خاقانى چىننىڭ سوئالىغا تىنماي جاۋاب بېرىپ تۇردى. خاقان ئۇنىڭ راستىنلا ئەمىر تېمۇرنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا يەنە تۈرلۈك تاماقلارنى كەلتۈردى. تاماق يەپ ئولتۇرغان ۋاقىتتا سورۇنغا بىر ئاقساقال كىشى كەلدى. ئۇ مەجنۇن سۈپەت بولۇپ، چاچلىرى ھەر تەرەپكە چۇۋۇلغانىدى. ئۇنى كۆرگەن خاقانى چىن ۋە ھەممە خىتاي ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشتى. خاقانى چىن ھېلىقى ئاقساقال كىشىدىن ئىچىنىشلىق ئاھاڭدا سوئاللار سورى-

ۋىدى، ئۇ ئىغىزمۇ ئاچمىدى، بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن قايتتى. سورۇندىكى جىمى ئۇلۇغلار — بەگلەر ئۇنىڭ ئەھۋالىغا يىغلاشتى.

سۇلتان مۇھەممەت تۆرە ھەيرانلىق دېڭىزىغا غەرق بولغان ھالدا بۇ سىرنى مەۋلانە ئابدۇل غاپپاردىن سوراۋىدى، ئۇ تۆرىنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ جاۋاب بەرمىدى. تۆرە قايتىلاپ سوراۋەردى.

— ھەي تۆرە، — دېدى مەۋلانە، — مېنى ھالاك قىلاي دەمسەن؟ بۇ سىرنى سورىمىغىن.

تۆرە ئاخىرى: «مەۋلانەگە شاراب ئىچۈرۈپ مەست قىلىۋېتىپ ئاندىن سوراي» دېگەنلەرنى ئويلىدى - دە، ئۇ زاتنى شارابقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ كىشى:

— شەرىئەتتە شاراب ئىچمەك ياخشى ئەمەس، بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى شاراب ئىچمەيمىز، خىتاي كىشىلىرى بىزنىڭ كۆپلىگەن ياخشى ئادەتلىرىمىز سەۋەپىدىن بىزنى ۋە دىنىمىزنى ياخشى كۆرۈشىدۇ. يەنە شاراب ئىچمەسلىكىمىزنى، خوتۇنلىرىمىزنىڭ يۈزىنى يېپىپ يۈرگەنلىكىنى ياخشى كۆرىدۇ، — دەپ ئۇنىمىدى.

— تەقسىر ئەپەندىم، — دېدى تۆرە ئاخىرى چىدالماي، — نېمە سەۋەبتىن بۇ سىرنى يوشۇرىسىز؟

— مېنىڭ ئۆلۈشۈمگە، يەنە شۇ يەردىكى ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولىسەن، — دېدى مەۋلانە. سۇلتان مۇھەممەت تۆرە بۇ سىرنى باشقا ھېچكىمگە ئېيتماسلىققا ۋەدە بەردى. مەۋلانە نائىلاج ئۇنىڭغا ھېلىقى سىرنى ئېيتىپ بەردى:

— ھېلىقى مەجنۇن سۈپەت كىشى خاقانغا ئاتا بولىدۇ. ئۇنىڭ خاقاندىن باشقا يەنە بىر ئوغلى بار ئىدى. گۈزەللىكتە جاھاننىڭ ھەرقانداق گۈزەللىرى تەڭلىشەلمەيتتى. ئۇ گويا تولۇن ئاي، باشقىلار ئۇنىڭ ئالدىدا خىرە يۇلتۇزدەك ئىدى. كۆت-

مىگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ دادىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ، تارىخنامىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ قالىدۇ. ئۇ سەددى ئىسكەندەرنىڭ تاماشىسىنى ئوقۇپ ھەۋىسى ئاشىدۇ ۋە ئۆزىمۇ ئەنە شۇنداق تاماشىغا بارماقنى ھەۋەس قىلىدۇ. ئاتىسى شۇنچە توسۇغان بولسىمۇ ئۇنىماي، ئاخىرى بىر يىللىق رۇخسەت ئېلىپ كەتكەنىدى. ھازىر 12 يىل بولدى، تېخىچە كەلمىدى. شۇ سەۋەبتىن خاقانلىقنى بۇ ئوغلىغا بېرىپ، تەختىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى مەجنۇندەك بولۇپ، دائىم ئوغلىنىڭ غېمىدە يىغلاپ يۈرۈيدۇ. خاقانمۇ ئاكىسى ئۈچۈن قارا كىيىپ يۈرمەكتە.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سۇلتان مۇھەممەت تۆرىگىمۇ يەجۈج - مەجۈجلەرنىڭ يۇرتىغا بارماق ھەۋىسى چۈشتى. تۆرە:

— مەن بېرىپ خاقانى چىنىنىڭ ئوغلىدىن خەۋەر تېپىپ كېلىمەن، — دېۋىدى، مەۋلانە قورقۇپ كەتتى - دە:

— ھاي، ھاي،... چامىنى تام ئۈستىدىن بېشىمغا تاشلىما! — دېدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ! — دېدى تۆرىمۇ جاۋابەن، — ئەپەندىم، ئەتە خاقانى چىنىنىڭ ئالدىغا بارىمەن. «ئەمىر تېمۇر ساھىبقىران يەجۈج - مەجۈجغىچە بېرىپ خەۋەر ئېلىپ كەل» دېگەنىدى دەيمەن.

ئەتىسى تۆرە خاقانى چىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىنى ئېيتتى. خاقاننىڭ يادىغا قېرىندىشى كەلدى - دە، كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىۋەتتى. تۆرىنى شۇنچە توسۇپ كۆرسىمۇ، ئۇنىمىدى. خاقانى چىن ۋەزىرىگە ئىشارەت قىلىۋىدى، ۋەزىر يەنە بىر كىشىگە: «سەن بېرىپ خاقانى چىنىنىڭ ئاتىسىغا بۇ ئەھۋالنى يەتكۈز!» دەپ بۇيرۇدى.

ئۇ كىشى دەرھال يەر سۆيدى - دە، ئاندىن خاقاننىڭ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى يەتكۈزدى. خاقاننىڭ ئاتىسى

دەرھال يېتىپ كەلدى. يىغلاپ تۇرۇپ تۆرىنى توسۇغان بولسىمۇ تۆرە زادىلا ئۇنىمىدى. ئىلاجىسىز رۇخسەت قىلدى. خاقانى چىنىنىڭ ۋەزىرى ئىلىم - ھېكمەتكە توشقان بىر كىشى ئىدى. ئۇ تۆرىگە:

— تۆرە بالا، ساڭا بىرئاز سۆزۈم بار. شەرق تەرەپكە بارغىن، ئون كۈندىن كېيىن شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ بىر تاغنىڭ تۈۋىگە يېتىپ بارىسەن. ئۇ يەردە بىر ھىندۇنىڭ ماكانى بار. ئۇنىڭ قېشىغا كىرگىن. ئەگەر ساڭا شۇ ھىندۇ يول كۆرسەتسە ئىشىڭ ئوڭدىن كېلۇر،— دەپ يول كۆرسەتتى.

سۇلتان مۇھەممەت تۆرە ھەمراھلىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھەر كىشىنىڭ،— دېدى ئۇ كارۋانلارغا،— تاماشىغا مەيلى بولسا مېنىڭ بىلەن ھەمراھ بولۇپ ماڭسۇن، سەددى ئىسكەندەرگە بارىمىز.

مۇھەممەت ھەبىب كارۋان بېشى باشلىق ئون كىشى بېرىشقا بەل باغلىدى. ئۇلار تەۋەككۈل قىلىپ يولغا چۈشتى. ئون كۈندىن كېيىن شەھەر دەرۋازىسىغا يېتىپ كېلىشتى. دەرۋازىۋەنلەر:

— نەگە بارىسىلەر؟ نەدىن كەلدىڭلار؟— دەپ سورىۋىدى، ئۇلار خاقاندىن ئالغان يول خېتىنى ئېلىپ كۆرسەتتى. دەرۋازىۋەنلەر دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى. بۇلار شەھەردىن چىقىپ نەچچە مەنزىل يول يۈردى ۋە بىر باغنىڭ تۈۋىگە كېلىشتى. تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بىر غارنى كۆرۈشتى. بۇ يەردە قارىغاي كۆپ ئىدى. ئۇلار غارنىڭ ئىچىگە كىرىشتى. بىر ھىندۇ غارنىڭ ئۈستىگە پۇتىنى باغلاپ، بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ ئېسىقلىق تۇراتتى. سۇلتان مۇھەممەت تۆرە:

— ساڭا ھاجىتىمىز بار،— دېگەنىدى، ھىندۇ «ئولتۇرۇڭلار!» دەپ ئىشارەت قىلدى، ئۇلار شۇ كېچىسى ھىندۇنىڭ قېشىدا

بولۇشتى. ھەممەيلەن تاقەتسىزلەندى. ھىندۇنىڭ ئىچى يەلگە توشۇپ، تولۇمدەك ئىششىپ كەتتى، سامان تىققىيان كۆشۈكتەك چىڭقالدى. ئۇنىڭ يۈزى ۋە بېشىنى پەرق ئەتكىلى بولمىدى. بۇلار ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق بىلەن بارمىقىنى چىشلىدى. ھىندۇ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆزىگە كەلدى-دە، ئاندىن ئۇلارغا:

— سىزلەردە يۈرەك بولمىغان بولسا ئۈچ كۈنگىچە سەبىر قىلالمايتتىڭلار ھەم يەجۈج-مەجۈجلەرنىڭ سېپىلىغا بارالمىغان بولاتتىڭلار، — دېدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ قولىغا بىر خەت بېرىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇنىڭدىن كېيىن ئالدىڭلارغا يەتتە شەھەر ئۇچرايدۇ. ھەممىسى بۇزۇلۇپ ۋەيرانە بولغان شەھەرلەردۇر. ئۇلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن سەككىزىنچى شەھەر ئۇچرايدۇ. ئۇ يەردە سەرناسى بار. ئاشۇ كىشى مېنىڭ پىرىم بولىدۇ. ئۇنىڭغا مۇشۇ خەتنى بېرىڭلار. ئۇ سېپىلغا بارىدىغان يولنى سىلەرگە كۆرسىتىپ قويىدۇ.

تۆرە خەتنى ھىندۇنىڭ قولىدىن ئالدى-دە، يولغا چۈشتى. دېگەندەك يەتتە ۋەيرانە شەھەردىن ئۆتتى. ھەربىر شەھەر سەمەرقەنت، تاشكەنتتىن بىر ھەسسە چوڭ كېلەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سەككىزىنچى شەھەرگە كېلىشتى. بۇ شەھەر ھېلىقى شەھەرلەردىن ئىككى ھەسسە چوڭ كېلەتتى. ئۇلار سەرناسىنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى. بىر ئېگىز دۆڭگە چىقىپ قارىۋىدى، بىر چەتتە ھاۋاغا ئۆرلەۋاتقان ئىسنى كۆرۈشتى. بىر ئامال قىلىپ ئۇ يەرنى ئىزدەپ تاپتى. سەرناسىمۇ پۇتىنى ئېگىزگە ئېسىپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ياتقانىدى. تۆرە ئۇنىڭ قېشىغا باردى. سەرناسى ئىشارەت قىلدى. بۇ «ئولتۇر» دېگىنى ئىدى. ھەممەيلەن ئولتۇرۇشتى. سەرناسى ئىچىگە نەپەس ئېلىۋىدى، باداڭدەك ئىششىپ كەتتى. ئۇ ئاشۇنداق ئۈچ كۈن تۇردى. بۇنى كۆرگەن سەپەرچىلەر ھەيرانلىق بىلەن بارمىقىنى چىشلەپ، تەئەججۈپ دېڭىزىغا غەرق بولۇشتى.

كېيىنچە ئۇ ئەسلىگە كەلدى ۋە تۆرىگە قاراپ:
— ھەي تۆرە بالا، مەن 300 يىل ئۆمۈر كۆردۈم. يېنى خوپ بىلىمەن. سەن ئەمىر تېمۇرنىڭ نەۋرىسى بولىسەن، — دېدى ۋە تۆرىنىڭ كۆڭلىدە نېمە بولغان بولسا ھەممىسىنى ئېيتىپ بەردى. تۆرە ھېلىقى ھىندۇ بەرگەن خەتنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى، سەرناسى:
— تۆرە بالا، بۇ مەقسەتكە يېتىشتە ناھايىتى كۆپ خەتەر بار. بۇ ھەۋەسىڭدىن يان، — دېدى.
تۆرە ئۇنىمىدى ۋە سەرناسىدىن يولدا كۆرگەن — بۇزۇلغان شەھەرلەرنىڭ ۋەقەسىنى سورىدى.
— ئىسكەندەر زۇلقەرنەيندىن ئىلگىرى، بۇ شەھەر ناھايىتى ئاۋات ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يەجوج — مەجوجلەر كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ خاراب قىلغان. ئەمدى سىلەر سىركە ۋە سوغان ئېلىۋېلىڭلار، — دېدى ئۇ.
تۆرە:
— سىركىنى نەدىن تاپىمىز؟ — دېۋىدى، سەرناسى:
— سىلەر ئۇچۈن بىر ئاز سىركە تەييارلاپ قويۇۋېدىم، — دېگىنىچە بىر ئىدىش سىركىنى تۆرىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاندىن ئۇلارغا:
— سىلەرگە يەتتە پارچە خەت يازى، ھەر جايغا بارغىنىڭلاردا تەشۋىش چېكىپ قالساڭلار، مۇشۇ خەتلەرنى بىر — بىرلەپ ئوقۇپ تەھلىل قىلىڭلار، — دەپ مەسلىھەت بەردى ۋە ئۇلار بارىدىغان يەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقتۇردى، ئاندىن خەتنى بەردى.
ئۇلار سەرناسىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ چۆل تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئۇن كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر يەرگە كەلدى. ھەممە يەر قايقارا پاتقاقلىق ئىدى. قۇرۇق يەر ئاندا — ساندا كۆرۈنەتتى. لېكىن بۇ يەرلەردىن بىر خىل ناھايىتىمۇ سېسىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى. ئەگەر ئۇلار سىركە بىلەن سوغان ئېلىۋالمىغان

بولسا ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىگەن بولاتتى. شۇندىمۇ ئۇلاردىن
ئۈچ كىشى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇلارنى شۇ يەرگە دەپنە قىلىشتى.

ئۇلار پاتقاقلىقتىن ئۆتۈشتى. كېيىن ناھايىتى چوڭ بىر
توقايلىققا كېلىشتى. بۇ يەردە ياۋايى ئادەملەر (مايمۇنلار)
كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ بويلىرى ئېگىز، رەڭگى قارا
بولۇپ، سەپەرچىلەرنى كۆرۈپ تەرەپ ـ تەرەپتىن يىغىلىپ كېلىش-
كە باشلىدى. ئۇلارنى كۆرۈپ قورققىنىدىن سەپەرچىلەرنىڭ كەيپىلى-
رى ئۇچۇپ، ھوشىدىن كەتكۈدەك بولدى. دەرھال سەرناسى بەرگەن
خەتتىن بىرنى ئېچىپ ئوقۇدى. خەتتە: «بۇ خەلقتە ئەقىل يوق،
سىلەر نېمە ئىش قىلساڭلار ئۇلار شۇنى دوراپ قىلىدۇ. شۇڭا
ئوتنى بەدىنىڭلارغا سۈرتسەڭلار ئۇلاردىن قۇتۇلىسىزلەر» دېيىلگەنىدى.

سەپەرچىلەر مايمۇنلارغا قول سۇنۇۋىدى، مايمۇنلارمۇ قول-
نى سۇندى. بۇلار تېنىنى تاتىلىشىۋىدى، مايمۇنلارمۇ تاتىلاشتى.
سەپەرچىلەر ئاخىرى گۈلخان يېقىپ، گۈلخاندىن چوغ ئېلىپ
تەنلىرىگە تەككۈزۈۋىدى، مايمۇنلارمۇ چوغنى ئېلىپ تەنلىرىگە
ياقتى. چوغ ئۇلارنىڭ تۈكلىرىنى كۆيدۈردى، شۇنىڭ
بىلەن مايمۇنلار پەرياد قىلىشىپ ۋارقىراشقىنىچە قېچىپ كېتىشتى.

بۇلار ئاتلىرىنى مىنىشىپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە
بىر جايغا كېلىشتى. بۇ يەردە چىۋىن ناھايىتى تولا ئىدى.
گۈلخان قىلىۋىدى، ئۇنىڭ تۈتۈنى بىلەن چىۋىنلەر يوقالدى.
يەنە بىر جايغا كېلىشتى، بۇ يەر تامامەن ئالماس ئىدى. تۆرە
ھەيران بولۇپ، ئىككىنچى خەتنى ئوقۇدى. ئۇلار ئاتلىرىنىڭ تۇ-
ۋىقىغا كىگىز يۆگەپ بۇ يەردىن ئۆتۈپ، بىر بۆرە ماكانىغا يەت-
تى. بۆرىلەر سەپەرچىلەرنى كۆرۈپ، يېيىش ئۈچۈن تەييارلاندى.
تۆرە ئۈچىنچى خەتنى ئوقۇدى ـ دە، دەرھال ئوت قالاپ،
ئوتنى كۆتۈرۈپ ماڭدى، ئوتنى كۆرۈپ بۆرىلەر ھەر تەرەپكە قېچىشتى.
ئۇ يەردىن ئۆتۈپ ناھايىتى نۇرغۇن قاپلانغا دۇچ كەلدى. تۆرە

ئۆتىنچى خەتنى ئوقۇۋىدى، خەتتە: «مىلتىق ئات، لېكىن ئۆلتۈر-
مە» دېيىلگەنىدى. بۇلار مىلتىقنى خالى بىر يەرگە بىرىپ ئاتتى.
قاپلانلار ھەر تەرەپكە قېچىشتى. بۇ يەردىنمۇ ئۆتۈپ، ھېسابسىز
ئارسلانلارغا يولۇقتى. بەشىنچى خەتنى ئوقۇۋىدى، خەتتە: «يالى-
ڭاچ بول...» دەپ بىرنەچچە تەدبىر كۆرسىتىلگەنىدى. ئۇلار
دەرھال كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ يالىڭاچلاندى. ئارسلان ۋە يول-
ۋاسلار دەخلى قىلالمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پىل ۋە ئەگرى مۈڭ-
گۈزلۈك كەركىدانلارغا ئۇچرىدى. سەپەرچىلەر بۇنىڭغىمۇ تېگىش-
لىك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كۆرۈۋىدى، ھەممىسى قېچىپ كېتىش-
تى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاجايىپ بىر مەخلۇقلار پەيدا بولدى،
ئۇلار ئىتقا ئوخشايتتى. ئېشىدا كەركىدانغا ئوخشاش بىر تال
مۈڭگۈزى، قۇيرۇقىدا قاچىسى بار ئىدى. ئۇ قاچىسىغا سىيىپ
ھەرقانداق نەرسىگە چاچسا، سۆيدۈك تەككەن يەر كۆيۈپ كې-
تەتتى. سەپەرچىلەر ئالتىنچى خەتنى ئوقۇۋىدى، خەتتە: «بۇ
يەردە نەغمە چېلىڭلار» دېيىلگەنىدى. ئۇلار ساز چېلىشتى. ھېلى-
قى مەخلۇقلارغا سازلارنىڭ ئاۋازى تەسىر قىلغاچقا، ئۇلارغا دەخ-
لى قىلىشمىدى. ئۇلار بۇ يەردىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ
كەتتى. لېكىن بۇ يەردىن ئۆتكۈچە پەقەت ئۇخلىماي كۆپ مۇ-
شەققەت چەكتى. كېيىن يەنە بىر جايغا يېتىپ كېلىپ بىر
ھەيۋەتلىك نەرسىنى كۆردى. ئۇ تاغدىن مىڭ پاتمان كەلگۈ-
دەك تاشلارنى ئېلىپ ئاتاتتى. ئۇ شۇنداق بىر يوغان تاشنى كۆتۈرۈپ
ئېتىۋىدى، ئۆزىنىڭ زورىنىڭ تەسىرى بىلەن بىللە سۇنۇپ
ئۆلدى. سەپەرچىلەر بۇ يەردىنمۇ ئامان - ئېسەن ئۆتتى. يەتتە
كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن بىر ئېگىز قىزىل تاغ كۆرۈندى.
تاغ تۆۋىگە يېقىنلاشقاندا، تاغ باغرىدا شەھەر قورغىنى كۆرۈن-
دى. بۇ يەردە بىر توپ ئادەم يۈرۈشەتتى. تاغ بىلەن شەھەرنىڭ
ئارىلىقى بىر تاش (يول) كېلەتتى. سەپەرچىلەر شەھەرنىڭ

دەرۋازىسىغا بېرىشتى. قورغاننىڭ ئەتراپىدا قۇدۇق كۆپ ئىدى. ئۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى بۇلارنى كۆرۈپ توپ - توپ بولۇشۇپ چىقىپ تاماشا قىلىشتى. ھەممىسىنىڭ قولاقلىرىدا ھالقىلىرى بار ئىدى. ھەممىسىنىڭ چىرايى بۇغداي ئۆڭلۈك، چىرايلىق ئىدى. ئۇلار سەپەرچىلەرنى پادىشاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ئۇلار-نىڭ ھەممىسى يەكتەك كىيىشكەن بولۇپ، قوي، ئۆچكە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ گۆشلىرىدىن تاماق پىشۇرۇپ يېيىشەت-تى. بۇ جاينى قىممەتلىك (مۇھىم) كىتابلاردا «جاباغان» دەپ ئاتىشاتتى. ھازىرمۇ ئۇلارنى جاپان ياكى ياپون دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپلىرى ناھايىتى كەڭ كەتكەن دېڭىزدۇر.

پادىشاھ ئۇلاردىن:

— قەيەردىن كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىۋىدى، تۆرە:

— سەمەرقەنتتىن — ئەمىر تىمۇر ساھىبقىراننىڭ ئال-دىدىن كەلدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئەمىر تىمۇر ساھىبقىران دېگەن كىم؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ.

سۇلتان مۇھەممەت تۆرە پادىشاھقا يەتتە ئىقلىمدىكى شەھەرلەرنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. پادىشاھ ئۆزلىرى-دىن بۆلەك يەنە باشقا يەر ۋە ئادەملەرنىڭ بارلىقىدىن ئەجەبلەندى.

پادىشاھ ئۇنىڭدىن كېيىن بىر قېرى ئادەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. بۇ ئادەم ئاقساقال، 120 ياشقا كىر-گەنىدى. بۇ قېرى تۆرىگە:

— ھەي ئەمىر تىمۇرنىڭ نەۋرىسى، بىزنىڭ ئاتا - بوۋى-لىرىمىز دۇئا ئالغانلاردۇر. شۇڭا ھەر بىرىمىز 150 ياشقا كىرىپ ئاندىن ئۇ ئالەمگە كېتىمىز. مەن ئاتامدىن، ئا-تام بوۋىلىرىدىن: «كېيىن، بۇ يەرگە بىر توپ ئادەملەر تاماشا

قىلىپ كېلىشىدۇ، يەجۇج - مەجۇجلەرنى كۆرۈپ قايتىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان، — دېدى. تۆرە قېرىدىن:

— بۇ جاپان خەلقى نەلىك؟ كىمنىڭ ئەۋلادىدىن بولىدۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، قېرى:

— يەجۇج - مەجۇجلەر بۇ شەھەرلەرنى خاراب قىلغاندا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ھەزرەتلىرى كېلىپ ئۇلارنى كۆپلەپ ئۆلتۈرگەن. قالغانلىرىنى قوغلاپ تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكۈزىۋەتكەن ۋە ئالتە ئايلىق يەرگىچە سېپىل سوقۇپ يەجۇج - مەجۇجلەرنى قامىۋەتكەن. سېپىللەرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا دەرۋازىلارنى بەلگە قىلىپ، ئۈستىگە يەتتە دانە مىس قوڭغۇراقنى ياستىپ ئېسىپ قويغان. يەنە ھەزرىتى ئىسكەندەر نۇرغۇن ھېكمەت ئىگىلىرى ۋە قۇللارنى بۇ يەرگە قاراۋۇل قىلىپ قويغان، بۇ يەرنى «دەھمە مۈلكى ئىسكەندەر» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. يەجۇج - مەجۇجلەر ھەر قانداق ۋاقىتتا غوۋغا قىلىپ، بۇ يەردىن چىقىشقا ئۇرۇنسا قاراۋۇللار كېلىپ قوڭغۇراقلارنى چالىدۇ. ئۇلار تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ قورقۇپ قاچىدۇ. «مەلىك ئىسكەندەر تېخىچە بار ئىكەن» دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. تۆرە، ئوقۇۋال، بۇ شەھەرنىڭ (جاپاننىڭ) ئادەملىرى ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ قاراۋۇللىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولىدۇ. ھەر كۈنى 400 تۈرك سېپىلغا بېرىپ قوڭغۇراقنى ئۇرىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى.

سەپەرچىلىرىمىز بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن بولۇشتى. مىرزا سۇلتان مۇھەممەت تۆرە بىرقانچە كۈن بۇ يەردە بولغاندىن كېيىن 400 كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا سېپىلنى تاماشا قىلغىلى چىقتى. سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى 700 گەز بولۇپ، تاغلىرى قىزىل ئىدى. دەرۋازىسىنىڭ ئېگىزلىكى 60 گەز كېلەتتى. ئىككى قاناتلىق بولۇپ، ھەر بىر قانىتىنىڭ كەڭلىكى

15 گەز، بوسۇغىسىنىڭ يەردىن ئېگىزلىكى يەتتە گەز ئىدى. دەرۋازىغا يەتتە قۇلۇپ سېلىنغان بولۇپ، ھەر بىر قۇلۇپنىڭ ئېغىرلىقى تاشكەنت ئۆلچىمىدە بىر يېرىم پۇت كېلەتتى، ھەر بىر قۇلۇپقا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ مۇبارەك نامى يېزىقلىق ئىدى. تاغ بىلەن سېپىل خۇددى تامدەك بىر تەكشى — تۈز ئىدى. ئۇنىڭغا چىقىشنىڭ ھېچقانداق ئىمكانى يوق ئىدى.

— ئەگەر، — دېدى تۆرە ھەمراھلىرىغا قاراپ، — بۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چىققاندا مەجۇجلەرنى كۆرگىلى بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ھەمراھلاردىن بىرى.

تۆرە چىقىشقا شۇنچە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ ھېچ ئامال قىلالمىدى. ئاخىرى تۆرە سەرناسى بەرگەن يەتتىنچى خەتنى ئېچىپ كۆردى. ئۇنىڭدا «ئىلمى ئاپىقنى بىلگەن كىشى چىقىشنىڭ يولىنى تاپالايدۇ» دېيىلگەنىدى. تۆرىنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئارىسىدا بىرى ئىلمى ئاپىقتا ماھىر ئىدى. ئۇ كىشى ئىككى تۆمۈر قوزۇقنى قولىغا ئېلىپ پەم بىلەن تاغ ئۈستىگە چىقتى. باشقىلارنى ئارقان بىلەن بىر - بىرلەپ يۇقىرىغا تارتىۋالدى، ئاندىن كېيىن قوللىرىغا دۇربۇن ئېلىپ ئەتراپقا قارىدى، يەتتە ئىقلىمنىڭ ئۈچ تەرىپى دېڭىز ئىدى، دېڭىز سېپىل تۈۋىگىچە كېلەتتى. يەتتە ئىقلىمدا مۆمىنلەر ۋە كاپىرلەر بىر ھەسسە بولسا يەجۇج — مەجۇجلەر يەتتە ھەسسە ئىدى. چېكەتكىدىنمۇ كۆپرەك ئىدى. ئۇلار ئۈچ خىل جامائەتكە بۆلۈنەتتى. بىر پىرقىسىنى يەجۇج - مەجۇج دەيتتى. بۇلارنىڭ بويى ئۇزۇن بولۇپ، كىيىگەن كىيىملىرىنىڭ ھەممىسى كىگىز ۋە كىلەمگە ئوخشايتتى. ئىككىنچى پىرقىسىنى يەجۇج مەھەف دەيتتى. بويى ئون ئىككى گەز بولۇپ، ئادەمگە ئوخشايتتى. ئۈچىنچى پىرقىسىنى يەجۇج مەقمۇئى دەيتتى. ساقىلى، بويى يەتتە غېرىچ ئىدى.

ئىككى قۇلىقى ئۇزۇن بولۇپ، كېچىسى ياتقاندا بىرىنى ئاستىغا سېلىپ، بىرىنى ئۈستىگە يېپىپ ياتاتتى. ئانىسى 1000 بالا تۇغمىغۇچە ئۆلمەس ئىدى. ئۆلسە بىر - بىرىنى يەپ كېتىشەتتى.

خۇدا ئۆز قۇدرىتى بىلەن بۇلۇتلارغا ئەمر قىلىپ، دېڭىزلاردىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ماكانىغا ياغدۇرار ئىدى. ئۇلارنىڭ يەيدىغىنى ئاشۇ نەرسىلەر ئىدى.

سۇلتان مۇھەممەت تۆرە ئۇلارغا كۆزسالدى. ئۇلارنىڭ سانىنى خۇدادىن ئۆزگە كىشى بىلمەس ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن يەجۇجى - مەجۇجلەردىن بىر قانچىسى غوۋغا قىلىپ سېپىلنىڭ ئاستىغا كېلىشتى. قاراۋۇللار دەرۋازىنىڭ قانتىدىكى قوڭغۇراقنى چېلىۋىدى، ھەممىسى قېچىشقا باشلىدى. تۆرە ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھۇقۇيتۇپ توۋلىدى. ئۇلار يەنە قايتىپ كېلىپ:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— ئادەم ئەۋلادىدىن بولىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى تۆرە. — سىلەرنى كۆرگىلى كەلدۇق.

ئۇلار ئەھلى ھېكمەتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ بۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

— ئادەم بالىسى يارىتىلغاندا بىز ئاج ئىبنى ئۇنۇقنىڭ نەسلىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەنىدۇق. ئاج ئىبنى ئۇنۇق ھەزرىتى ئادەم ئاتا زامانلىرىدا تۇغۇلۇپ 3500 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ھەزرىتى مۇسا كەلىمۇللا رەھمان زامانلىرىدا ئۆلگەنىدى. ئۇنىڭدىن 800 يىل كېيىن مەلىك ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، بىزنى سېپىلنىڭ ئىچىگە قامىۋەتتى. ئاردىن 800 يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن سىزلەرنى كۆردۇق. بىز: «ئۈچ نۆۋەت ئادەملەر كېلىپ سىلەرنى كۆرىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدۇق. ئادەملەر ئۈچىنچى قېتىم كەلگەندىن كېيىن بىز كۆتۈرۈلۈپ چىقىمىز، سىلەر ئىككىنچى قېتىم كەلگەنلەر.

— سىلەر قايسى چاغدا كۆتۈرۈلۈپ چىقىسىلەر؟ — تۆرە يەنە سورىدى.

— دەججال ئەلەيھىن لەئىنە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ بولغاندىن كېيىن.

كىتابلاردا مۇنداق يېزىلغانىدى: ۋاقتى كېلىپ ئاخىرقى زامان بولغاندا، يەجۇج — مەجۇجلەرنىڭ ئاۋۋال ئۈزۈن بويلۇقلىرى چىقىپ ئادەملەرنى يەپ تۈگىتىدۇ. ئاندىن ئورتا بويلۇقلىرى چىقىدۇ - دە، ئاشلىق - تۈلۈك، ھايۋاناتلارنى يەپ تۈگىتىدۇ. ئاخىرىدا پاكارلىرى چىقىپ، ئالەمدە بارلىكى نەرسىنى يەپ تۈگىتىدۇ. ھەتتا دېڭىزلارنىڭ سۇلىرى، توقايلىقلار، كۆللەر، تاغلارنى، دۆڭلەرنى ... ھەممە نەرسىنى يەپ — يالاپ قۇرۇتىۋېتىدۇ. جاھاندا ھېچ نەرسە قالمايدۇ. ۋاللاھۇ ئەلەم بى ساۋاب.

سۇلتان مۇھەممەت تۆرە سېپىلدىن چۈشۈپ جاپانىڭ پادىشاھىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدى. پادىشاھ بۇلارنى ناھايىتى ئىززەت - ئىكرام بىلەن زىياپەت قىلىپ كۈتتى. ئۈچ كۈنگىچە ئۇ يەردە بولۇپ، كۆرگەنلىرىنى قەغەز بېتىگە خاتىرىلىۋېلىشتى. پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ يولغا چۈشۈپ سەپىرىنى داۋام قىلىشتى. قايتىشىدا يولدىن ئادىشىپ باشقا تەرەپكە قاراپ كېتىپ قېلىپ، يولنى تاپالماي نۇرغۇن مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتتى. ئاخىرى چۆللەرنى ئارىلاپ بىر غارغا يەتتى. غارنىڭ ئىچىدىن ئاجايىپ سەت، ھەيۋەتلىك ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ھەي ئەمىر تېمۇرنىڭ نەۋرىسى، سېپىلغا كېلىپ يەجۇج - مەجۇجنى كۆردۈڭ. مەيەرگە كەلگىن، بىزنىمۇ كۆرگىن!

تۆرە ئەجەبلەنگەن ھالدا: «بۇ غارنىڭ ئىچىدە قانداق نەرسە باردۇ؟» دەپ كىرىپ قاراپ باقتى. غاردا بىر كىشى بار ئىدى. چاچلىرى ئۆسۈپ بەدەنلىرىگە ئورالغانىدى. پۇتىدا كىشەن،

بويىدا زەنجىر بولۇپ، يۈزىنى يەرگە قارىتىپ باغلاپ تارتىپ قويۇلغانىدى. ئۇ تۆرىنىڭ ھەممە كۆرگەنلىرىنى، خۇددى بىللە كۆرگەن كىشىدەك بىر ــ بىرلەپ سۆزلەپ، تۆرىنى ھەيران قالدۇردى. تۆرە:

ــ قانداق ئادەمسەن؟ ــ دەپ سورىغانىدى، ئۇ مەلئۇن:

ــ يەر يۈزىنىڭ خۇداسىمەن ــ دەپ جاۋاب بەردى.

تۆرە ھەيرانلىق بارمىقىنى چىشلىگەن ھالدا يەنە ئۇنىڭدىن سورىدى:

ــ نېمىشقا مۇنداق دەيسەن؟

ــ ئەگەر خۇدا بولمىسام، سېنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىڭنى قانداق بىلەتتىم؟ ــ دېدى ئۇ، ــ ئەمدى مېنىڭ قۇدرىتىمنى كۆرگىن.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ، ئەمچىكىدىن پۈۋلىۋىدى، شۇنداق سەمىرىپ كەتتىكى، غارغا لىق تولدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ غارمۇ كېڭەيدى. بىرئازدىن كېيىن ئەسلى ھالىغا كەلدى. ئۇ تۆرىدىن:

ــ خالايىقلار ناماز ئوقۇمدۇ؟ ــ دەپ سورىۋىدى، تۆرە:

ــ ئوقۇيدۇ! ــ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ شۇنداق زەئىپلىشىپ كەتتىكى بىر نەرسە قىلىشقا ماجالى قالمىدى. بىر دەمدىن كېيىن يەنە سورىدى:

ــ خالايىق رىبا يەمدۇ؟

ــ يەيدۇ، ــ دېدى تۆرە. ئۇ يەنە ئەمچىكىنى پۈۋلىگەنىدى، غارغا لىق تولدى، يەنە تۆرىدىن سورىدى:

ــ خالايىق روزا تۇتامدۇ؟

ــ تۇتىدۇ.

ئۇ يەنە زەئىپلىشىپ كەتتى، ئۆلگىلى ئازلا قالدى. يەنە بىر ئازدىن كېيىن سورىدى:

— خالايىق شاراب ئىچەمدۇ؟

— ئىچمەيدۇ!

ئۇ يەنە سەمىرىپ كەتتى، كەينىدىن يەنە سورىدى:

— زاكات بېرەمدۇ؟

— بېرىدۇ!

ئۇ يەنە ئورۇقلاپ كەتتى. ئالاھازەل ئاشۇنداق سوراۋېرىپ نەچچە قېتىم سەمىرىپ، نەچچە قېتىم ئورۇقلىدى. ئاخىرى تۆرە:

— راست گېپىڭنى ئېيتقىن، كىم سەن؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ مەلئۇن:

— سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار بولىمەن، ماڭا سەجدە قىلغىن! — دېدى.

— خۇدا بولساڭ، — دېدى تۆرە — ئۆزۈڭنى نېمىشقا بۇ خىل باغلاقتىن قۇتقۇزالمىدىڭ؟

— ...

تۆرە سىنچىلاپ قارىسا ئۇ مەخلۇقنىڭ بىرلا كۆزى بار ئىكەن، تۆرە ئۇنىڭغا:

— سەن رەسۇل ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانلىرىدىكى جوھۇتنىڭ ئوغلى دەججال ئىكەنسەن! — دېدى. تۆرىنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا قىلىچ سالغانىدى، قىلىچ يېنىپ ئۆزىگە تەگدى. تۆرە «ئۇرماڭلار!» دەپ توسىدى.

ئېيتىشلارچە، رەسۇل ئەلەيھىسسالام زامانلىرىدا بىر جوھۇتنىڭ خوتۇنى تۇغقانىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن كېلىپ كۆردى. ئۇنى ئىمانغا دەۋەت قىلدى. ئۇ شۇنى قوبۇل قىلماي، «يەر يۈزىنىڭ خۇداسىمەن» دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئەپەندىمىزنىڭ غەزەپلىرى كېلىپ قىلىچ سىلىۋىدى، قىلىچ ئۇنىڭغا تەسىر قىلماي، قايتىپ ئۆزىنىڭ پېشانىسىنى يارىدار قىلدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام:

— يا ئۆمەر، تەڭرىتائالانىڭ تەقدىرىدىن ئۆزگىچە بولمايدۇ، — دېدى. ئاندىن كېيىن بىر پەرىشتە قۇش سۈرىتىدە بولۇپ كېلىپ دەججالنى كۆتۈرۈپ بۇ چۆلگە كەلتۈرۈپ، غارغا سولاپ، پۇت - قوللىرىنى باغلاپ قويغانىدى. بۇ شۇم دىۋە، شەيتانلارنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ دائىم جادۇگەرلىك قىلاتتى. تۆرە دەججالدىن سورىدى:

— ھەي دەججال لەئىن، بۇ غاردىن قاچان چىقىسەن؟

— قاچانكىم ئۆزبېكلەر قوشۇن تۈپلاپ ماۋرائۇننەھرىنىڭ جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ خوراسانغا بارسا، خىتاي كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چورت - چۇرتلار (رۇسلار) كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن چىقىمەن.

سۇلتان مۇھەممەت تۆرە ئۇ مەلئۇننىڭ قېشىدىن يېنىپ چىقىپ، يولغا چۈشتى. ئۈچ ئايدىن كېيىن خىتاي شەھىرىگە كېلىپ، خاقانى چىننىڭ قېشىغا باردى. خاقانى چىن بۇلارغا ناھايىتى كۆپ سوۋغاتلارنى — 4000 ئايال، 4000 ئات ۋە 4000 قۇل بەردى. ئۇلار بۇ سوۋغاتلارنى ئېلىپ سەمەرقەنتكە قاراپ يۈزلەندى. نەچچە كۈن - ئايلارنى ئۆتكۈزۈپ يول مېڭىپ سەمەرقەنتكە ئەمىر تېمۇر ساھىبقىراننىڭ خىزمەتلىرىگە كەلدى. ئەمىر تېمۇر ساھىبقىران نەۋرىسىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرسۇن. ئەمدى سۆزنى مىرزا شاھرۇختىن ئاڭلايلى.

## مىرزا شاھرۇخ تۆرە ئىبنى ئەمىر تېمۇرنىڭ قىپچاق دەشتىگە بېرىپ توختامىش خاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكى

رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىچە، مىرزا شاھرۇخ تۆرە توختامىشخاننى ئارقىسىدىن قوغلاپ، يېقىن يەتكەنىدى، توختامىشخان

قولىغا ئوقياسىنى ئېلىپ، تۆرىگە قارىتىپ ئوق ئۈزدى. ئوق تۆرىنىڭ ئېتىغا كېلىپ تەگدى. ئات يىقىلدى. تۆرە ئاتنىڭ ئاستىدا قالدى. خان بۇنى كۆردى ـ دە، تۆرىنىڭ بېشىنى كېسىشنى خىيال قىلدى. شۇ ئەسنادا بىر تەرەپتىن چاڭ ـ توزاڭلار پەيدا بولدى. ئۇ ياقتىن ئەمىر تېمۇر ساھىبقىران چىقىپ كەلگەنىدى، توختامىش خان ئىلاجىسىز قاچتى ۋە ئۆز ئېلىگە تەۋە ساراي دېگەن يۇرتقا كەلدى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى توختامىش خاننى كۆرۈپ هال ـ ئەهۋال سورىدى.

ــ نېمە خەۋەر بار؟

ــ مىرزا شاھرۇخ تۆرىنى ئۆلتۈرەي دەپ تۇرغىنىمدا تۇيۇقسىزلا ئەمىر تېمۇر يېتىپ كېلىپ قالدى.

ئۆزبېكلەر توختامىش خاندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشتى ۋە «خانغا ھىمايەتكار بولمىز» دېيىشتى. بەزىلىرى ئەمىر تېمۇردىن قورقۇپ خاننى تۇتۇپ بەرمەكچىمۇ بولۇشتى، بەزىلىرى ئۆز ھەققىدىن قورقتى. ئاخىرى مەسلىھەتلىشىپ خانغا ئات بېرىپ بۇ ئەلدىنمۇ نېرىسىغا قاچۇرۇۋەتتى. خان شۇ قاچقىنىچە ئۇزاپ كەتتى.

شاھرۇخ تۆرە ئاتنىڭ ئاستىدىن بىر ئىلاج قىلىپ چىقىۋالدى. ئۇنىڭغا قازا يەتمىگەنىدى. ئۇ خاننىڭ ئارقىسىدىن پىيادە قوغلاپ بىر دۆڭنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ بىر تەرەپتە تىكىلگەن چېدىرلارنى كۆردى. «ئاتام ساھىبقىران بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى تۆرە ۋە توختامىش خان قېچىپ كەلگەن ساراي ئېلىگە يېتىپ كەلدى. ئەلگە ئۆزىنى مەلۇم قىلدى ۋە ئۇلاردىن توختامىش خاننى سورىدى. ئۇلار:

ــ خان بۇ يەردىن دۈشمەن ئېلىگە قاچتى، ــ دەپ مەلۇمات بېرىشتى.

ــ نېمىشقا تۇتمىدىڭلار؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ تۇز خاتىرىنى قىلدۇق، ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ــ ئاتام بۇ يەرگە كەلسە مەندىن سالام دەڭلار، مەن

توختامىش خاننى ئۆلتۈرمىگۈچە بىر يەردە تۇرماسمەن! — دەپ ئەغدى قىلغىنىچە خاننىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كەتتى.

دۆرمەن ئېلىنىڭ ئادەملىرى «خاننى تۇتۇپ بېرەيلى» دەپ مەسلىھەت قىلىشتى. بۇنى توختامىش خان ئاڭلاپ قالدى-دە، دۆرمەن ئېلىدىكىلەرگە يىغلاپ يالۋۇردى:

— مەن سىلەرگە سېغىنىپ، سىلەردىن پاناھ تىلەپ كەلسەم، ماڭا نېمىشقا يۈز-خاتىر قىلمايسىلەر؟ نېمىشقا تۇتۇپ بەرمەكچى بولىسىلەر؟ قويۇپ بېرىڭلار، مەن قەتەغىن ئېلىگە بارىمەن.

دۆرمەن ئېلىنىڭ كىشىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمىسى كەلدى ۋە ئۇنى قويۇپ بېرىشتى. لېكىن ھېچ نەرسە بەرمىدى. خان قاچقىنىچە قەتەغىن ئېلىگە كەلدى. بۇ ئەلنىڭ يول باشچىسىنىڭ ئىسمى بەردى بەگ ئىدى. خان ئۇنىڭغا يىغلاپ ھال ئېيتتى:

— سارايى ئېلى يەلەن دۆرمەن ئېلى ماڭا ياردەم قىلمىدى!

بەردى بەگ ناھايىتى غەيرەتلىك كىشى ئىدى. ئەلدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ:

— كىم خانغا جان پىداكارلىق قىلالايدۇ؟ — دېدى.

بەردى بەگنىڭ ئوغلى تۇردى بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتىسىغا تەزىم قىلدى.

— ھەي بالام، بېرىپ تۆرىنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ كەل! خاننىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولسۇن! — دەپ بۇيرۇدى بەردى بەگ.

تۇردى بەگ بارغىنىچە تۆرىنىڭ يولىنى توسۇپ قىلىچىنى شۇنداق ئۇرۇۋىدى، ئاتنىڭ كۆكرىكىگە تېگىپ ئات ھالاك بولدى. تۆرىنىڭ بىر ئايىغى ئاتنىڭ ئاستىدا قالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قاچقىلى ھەرىكەت قىلىۋىدى، قەتەغىن ئېلىنىڭ ئادەملىرى تۆرىنى تۇتۇۋېلىشتى-دە، بەردى بەگنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. بەردى

بەگ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇۋىدى، بەردى بەگنىڭ قىزى توختىتىۋالدى. بۇ قىزنىڭ ئىسمى ئاي چىگىل ئىدى. ئۇنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئىشقى پىراق-دەستىدىن چىگىل-چىگىل ئىدى. قىز تۆرىنى كۆرۈپلا جاللاتنىڭ قولىدىن ئاجرىتىۋالدى ۋە ئاتىسىغا:

— ھەي جېنىم ئاتا، بۇ يىگىتنى ئۆلتۈرسىڭىز ئاتىسىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىسىز؟ ئاۋۋال ئاتىسىغا جاۋاب بېرىپ ئاندىن ئۆلتۈرگەيسىز، — دېدى.

بەردى بەگ قىزىنىڭ گەپلىرىگە ھەيران بولۇپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى ۋە تۆرىنى باغلاپ قويدى.

ئەمىر تېمۇر ساھىبقىران نەۋرىسى سۇلتان مۇھەممەت تۆرىنى ئىزلەپ ساراي ئىلىگە كەلدى. تۆرىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ دۈرمەن ئىلىگە كەلدى. ئۇ يەردىمۇ تۇرماي تېزلىك بىلەن قەتەغىن ئىلىگە كەلدى. بۇ ئەلنىڭ خەلقى ئەمىر تېمۇردىن قورقۇپ، بەردى بەگنىڭ ئالدىغا كېلىشتى ۋە ئۇنىڭغا:

— خاننى باغلاپ ئەمىر ساھىبقىرانغا ئەۋەتكىن، — دېيىشتى. بەردى بەگ ئۇنىماي خانغا باشتىن-ئاياغ كېيىم-كېچەك بېرىپ يۈزىيەت ئىلىگە قاچۇردى.

ئاي چىگىل كېلىپ تۆرىنى باغلاقتىن يەشتى ۋە ئۇنىڭغا:

— سىز ئاز سەۋر قىلغىن. ئاتاڭ ساھىبقىران كەلسۇن، — دېگەنىدى، تۆرە ئۇنىمىدى. شۇ كۈنى كېچىلەپ ئاتقا مىنىپ خاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى.

ساھىبقىران قەتەغىن ئىلىنىڭ خانغا ياردەم قىلغىنىنى، تۆرىگە ئازاب سالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئاچچىقلاندى-دە، بۇ ئەلنىڭ خەلقىنى قىرغىن قىلدى. 4000چە كىشىنى چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال، قېرى-ياش دېمەي قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. تۆرە ئاي چىگىلغا بىر پارچە خەت قالدۇرغانىدى. ئاي چىگىل خەتنى ئەمىر تېمۇرگە بەردى، خەتتە:

«ھەتتەي دادا، بۇ ئەقىللىق قىزغا ياخشى قاراڭ، مەندە بۇنىڭ ھەققى كۆپ» دېيىلگەنىدى. ئەمىر تېمۇر ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن قولىنى يىغدى. كېيىن بۇ قىزنى پولاتخانغا ئېلىپ بەردى. پولاتخان ئاي چىنگىلىنىڭ تىلسىم ھالقىسىنى ھېكمەت نەيزىسى بىلەن تەشتى. چىنگىللارنى يەشتى. ئاي چىنگىلىنىڭ غۇنچىلىرى ئېچىلدى، قىزىل مارجان چېچەكلىدى. پولاتخانمۇ چىنگگىز خاننىڭ نەسلىدىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ ساھىبقىران ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ كەتتى.

ئەمدى سۆزنى مىرزا شاھرۇخ تۆرە بىلەن توختامىشخاندىن ئاڭلايلى:

توختامىش خان يۈزيەت ئېلىگە باردى. بۇ ئەلنىڭ ئۇلۇغى توختامىشخاننى تۇتۇپ باغلاپ قويدى. ئۇلار «بىز سىنىڭ ئۈچۈنلا ئەمىر تېمۇرگە ئەسىر بولالمايمىز» دېيىشتى. تۆرىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ۋە ئوردىغا ئېلىپ كىرىپ مېھمان قىلدى. تۆرە توختامىش خاننى كۆرۈپ كۆڭلى ئارام تاپقاندەك بولدى ۋە زوق بىلەن تاماق يېيىشكە باشلىدى. شۇ ئەسنادا توختامىش خان بىردىنلا كىشەننى چىقىۋېتىپ قېچىپ كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان تۆرە دەرھال قورال - ئەسلىھەلىرىنى ئېلىپ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى. تۆرىنىڭ ئېتى چارچاپ كەتكەنلىكتىن تېز يۈرەلمىدى. ئىلاجىسىز ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە قوغلىدى.

خان: «قەيەرگە بارسام ئارقامدىن قوغلاۋاتىدىغۇ - بۇ» دەپ ئويلىدى - دە، شۇ يەردىكى بىر قويچىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ نايمان ئېلىگە يېتىپ كەلدى. شۇ چاغدا بۇ ئەلدە توي بولۇۋاتاتتى. ئۇلار توختامىشخاننى تونۇيالمىدى. ئالدىغا ئاش كەلتۈرۈپ قويدى. تېخى خان بىچارە بىر كاپامۇ ئاش يېگىنى يوق ئىدى. تۆرە يېتىپ كەلدى. خان ئاتقا مىنىپ يەنە قاچتى.

ناينماننىڭ چوڭلىرى تۆرىنى ھۆرمەتلەپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئاش ـ تاماق كەلتۈرۈپ قويۇشتى. ئەھۋال سورىدى. ئاندىن تۆرىگە ئات بېرىشتى. تۆرە يەنە خاننىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى. نەچچىلىگەن ئەللەردىن ئۆتۈپ، قاراقورۇم چۆللىگە يەتتى. بۇ يەرگە يېقىن بىر شەھەر قورغىنى كۆرۈندى. بۇ شەھەرنىڭ ئىسمىنى «ئۇزاق قەلئەسى» دەپ ئاتايتتى. بۇ شەھەرگە زالا تاۋۇس ھاكىم ئىدى. بۇ ئەرەپلەرنىڭ ھەممىسى ئورۇس مەملىكەتلىرىگە تەۋە ئىدى. مەسكاۋ (موسكۋا) پايتەختى بولۇپ، پادىشاھى قىز ئىدى. ئىسمىنى «مەلىكە ئاق شەيخ» دېيىشەتتى. شۇ چاغدا زالا تاۋۇس شۇ يەردە ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەنىدى. تۇيۇقسىزلا چاڭ ـ توزان پەيدا بولدى. قارىۋىدى، چاڭ ئارىسىدىن بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. تېخى ئۇنىڭدىن سۆز سوراپ بولغۇچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوراللانغان بىر يىگىت چىقىپ كەلدى. ئورۇسلاردىن ھېچكىم بۇلارنى تونۇمايتتى.

تۆرىمۇ كېلىپ ئورۇس سىپاھلىرى ۋە سولداتلىرىنىڭ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. خانىمۇ تۆرىنى كۆردى ـ دە، قېچىش ئۈچۈن ئىتىغا قامچا سالدى، ئەمما بىچارە ئات ھېرىپ قالغىنى ئۈچۈن يۈگۈرۈشكە ماغدۇرى يەتمىدى.

تۆرىنىڭ كۆزلىرى ئوتتەك ياندى. ئۇ يۈگۈرۈپ بارغان پېتى توختامىشخاننىڭ بېلىگە قىلىچ بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، توختامىش خان ئىككىگە بۆلۈنۈپ يەرگە يىقىلدى.

زالا تاۋۇس بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ھەيرانلىق دېڭىزىغا غەرق بولغان ھالدا تۆرىدىن ئۆز تىلىدا سورىدى.

ــ كىمسەن؟ كىمنىڭ ئوغلى بولىسەن؟

تۆرە بولغان ۋەقەلەرنى باشتىن ـ ئاخىر سۆزلەپ بەردى. ئۇ تۆرىنىڭ بۇ ئىشلىرىغا ئاپىرىن ئوقۇدى. زالا تاۋۇس:

ــ كۆپ چارچاپ كېتىپسەن، بىزدە مېھمان بولغىن، ــ دېدى.

زالا تاۋۇس مىرزا شاھرۇخ تۆرىنى شەھەر ئىچىگە ئېلىپ كىردى. بۇ يەردىمۇ مۇسۇلمانلار كۆپ ئىدى. ئۇلارنى يىغىپ، توختامىش خاننىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇپ شۇ يەرگە دەپنە قىلدى. «سەن قېچىپ قاراقۇرۇمغا بارساڭمۇ، قارا قىنىڭنى تۆكەرمەن، ئۇزاقتا يەتمەي قالۇرسەن» دېگەن مىسال ئەنە شۇ توختامىش خان بىلەن مىرزا شاھرۇخ تۆرىنىڭ ۋەقەلىرىدىن قالغاندى.

زالا تاۋۇس زىياپەت قىلدى. شاراب كەلتۈرۈپ ئىچتى ۋە تۆرىگىمۇ ئىچىشنى تەۋسىيە قىلىۋىدى، تۆرە «بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە شاراب ھارام» دەپ رەت قىلدى. بىر قانچە نازۇك بەدەن، چىرايلىق قىزلار شاراب قۇيۇپ خىزمەت قىلىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چىرايلىق بىر خىزمەتكار قىزنىڭ كۆزى تۆرىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسنى شاراب بىرىپ مەست قىلىۋەتتى. ئاندىن تۆرىنى ئويغىتىپ تۇرۇپ:

— ھەي تۆرە جان ئەپەندىم، ماڭا ۋىسالىڭ يېقىنغا يول بىرىپ قۇچىقىڭغا ئالساڭ، — دەپ يىلىندى.

تۆرە يېگەن تۇزىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ قورقتى ۋە زادىلا ئۇنىمىدى. قىز:

— قارا، ھەممىسى مەست بولۇپ ئەقلىنى يوقاتتى. بىزنىڭ ئىشىمىزنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ، — دېگىنىچە ئەركىلەپ كېلىپ تۆرىنىڭ بەدىنىگە يېپىشقانىدى، تۆرە شاپىلاق بىلەن بىرنى شۇنداق ئۇرۇۋىدى، قىزنىڭ ھېيقىتەك كالپۇكى يېرىلىپ، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. قاپىقى ئېچىلىپ، ئاغزىدىن مارجاندەك قانلىرى چېچىلدى. دۇردەك چىشلىرى سۇندى.

قىز ھەيران بولۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ئەتىسى زالا تاۋۇسقا جاراھەتلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ماڭا بۇ يىگىت يامان نىيەتتە بولدى. مەن قارشىلىق قىلىپ ئۇنىمىغانىدىم، ئۇرۇپ كالپۇكىمنى يېرىۋەتتى، — دەپ شىكايەت قىلدى.

زالا تاۋۇسنىڭ ئاچچىقى كەلدى، ئۇ قەھرى - غەزەپ ئوتىدا ئۆرتەندى ۋە تۆرىنىڭ قول - پۇتلىرىنى باغلاپ موسكۋاغا — ئاق شەيخنىڭ قېشىغا ماڭدۇردى.

ئەندى گەپنى ئەمىر تېمۇر ساھىبقىراندىن ئاڭلايلى:

ئەمىر تېمۇر مىرزا شاھرۇخ تۆرىنى ئىزدەپ قايسى ئەلگە كەلسە، شۇ ئەل ئۇنىڭغا تەۋە بولدى، ئەل - جامائەت سوۋغاتلار بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە تۆرىنىڭ خەۋىرىنى ئېيتىپ بېرىشتى. ئۇ بويۇن تولغىغان بەزى ئەللەرنىڭ خەلقىنى جازالىدى. ئۈچ - تۆت يىلدىن لەشكەر يىغدۇرۇپ ئۇزاق شەھىرىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇزاقتا يېقىنلاشقانلىقىنى زالا تاۋۇس ئاڭلاپ، قورغانلىرىنى پۇختىلاپ، دەرۋازىلارنى تاقىدى. ساھىبقىران ئوغلىنىڭ ئەسىر سۈپىتىدە مەلىكە ئاق شەيخنىڭ قېشىغا ئەۋەتىلگىنىنى ئاڭلاپ قايغۇردى. زالا تاۋۇس ئەمىر تېمۇرگە بىر نامە ئەۋەتكەنىدى، ئەمىر تېمۇر نامىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن 100 كىشىنى ھەرىلەر ۋەتەن قىلغان يەرنى كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى. چۈنكى نامىدە: «ئۇزاقتا يېقىن بىر كونا شەھەر بار. ھەرقانداق كىشى ئاشۇ شەھەرگە كىرىپ، بىزگە ئۇيەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر كەلتۈرسە، ئۇنىڭ دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز ۋە ئۇنىڭ دىنىغا كىرىمىز» دېيىلگەنىدى، ئۇ شەھەرنى تۇمەنلىگەن ھەسەل ھەرىلىرى ۋەتەن قىلغانىدى.

ئۇ شەھەرگە ئەۋەتىلگەنلەر بارغىنىچە قايتىپ كەلمىدى. ئەمىر تېمۇر ھەيران بولغان ھالدا ئۇ يەرگە ئۆزى بارماقچى بولۇۋىدى، بەگلەر مەنئى قىلىپ:

— ساھىبقىران ئەپەندىم، ئۇلار بىلەن نېمە ئىشىڭىز بار؟ ئۆز ھالىغا قويۇڭ، — دېيىشتى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىماي، سەھەر تۇردى - دە، تەھەججۇد نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ مۇنبەرگە چىقىپ تۇراتتى، «ئەي ئەمىر تېمۇر غەۋۋاسلارنىڭ ئەينەك قاپچىسىنى

بېشىڭغا كىيگىن، ھەممە ئەزالىرىڭنى يىغىپ ئاندىن ئۆيەرگە بار!»
دېگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى. ئەمىر تېمۇر يەتتە كىشىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، بېشىغا ئەينەك قاپچۇق كىيىپ، ھەممە ئەزالىرىنى يىغىپ، ھېلىقى شەھەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ شەھەرگە ئىلگىرى كەلگەنلەر ھەممە ئەزالىرى ئىششىپ ئۆلۈپ قالغانىدى، ئۇلارنىڭ باش، كۆزلىرىنىمۇ تونۇغىلى بولمايتتى. بۇ كونا شە-ھەردە ئالىي ئىمارەتلەر كۆپ ئىدى. ھەربىر تۆشۈكتىن مىڭلاپ ھەرە كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى. ئەسلىدە ھېلىقى 100 كىشىنى ھەرىلەر چېقىپ ھالاك قىلغانىدى. ھەرىلەر ئەمىر تېمۇرلەرگىمۇ يېپىشتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممە ئەزالىرى ئېتىكلىك بولغاچقا چېقىشقا ئىلاج قىلالمىدى.

ئەمىر تېمۇر ئاشتىن ياسالغان بىر ئىمارەتنى كۆردى. ئۇ-نىڭ ئىچىدىن بىرسىنىڭ بىر نېمە ئوقۇغان ئاۋازى كەلدى. ئۆي-گە كىرىپ قارىۋىدى، بىر ئاقساقال كىشى دىر - دىر تىترەپ ياتاتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىدىن قان تامچىلاپ چۈشۈۋاتاتتى. ساھىبقى-ران ئۇ كىشىدىن گەپ سورىغانىدى، ئۈنچىقمىدى. ئەمىر تېمۇر ھەر-قايسى تىلدا سوراۋەردى، ئۇ ئادەم زادىلا ئېغىز ئاچقىلى ئۇنىمىدى. ئۇنىڭغا نۇرغۇن ھەرە يېپىشقانىدى. لېكىن بىرىمۇ ئۇنى چاق-مايتتى. ئەمىر تېمۇر بۇ قېرىنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ سىرتقا ئېلىپ ماڭدى. قېرىلىقتىن ئۇنىڭ تېنى يۇمشاق ئىدى. ھەرىلەرمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ — قوغلاپ كەلدى. ھەرى-لەرنىڭ كۆپلۈكىدىن كۈننىڭ يۈزى تۇتۇلدى. بۇ ھەرىلەرنى كۆر-گەن ساھىبقىراننىڭ قوشۇنلىرى ھەرتەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. ئەمىر ئىشنىڭ يامىنىغا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى - دە، قېرى كى-شىنى نائىلاج ئۆز جايىغا ئاپىرىپ قويدى. ھەرىلەرمۇ قايتتى.

ئەمىر تېمۇر كېچىسى چىراغ ئېلىپ كىرىپ، ھېلىقى قېرى-نى ئېلىپ چىقتى ۋە پۇت - قوللىرىنى باغلاپ ئاندىن گەپ سو-

رىدى. ئۇ كىشى زەنجىرلەرنى پارە ـ پارە قىلىپ قاچتى. ئەمىر
تېمۇر ئۇنى يەنە تۇتۇپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ چېچىدىن قىل ئېشىپ
باغلىۋېدى، ھەرقانچە كۈچەپمۇ ئۈزەلمىدى. كۈن چىققاندىن كې-
يىن ھەرىلەرنىڭ پادىشاھى يەئسۇپ چىقىپ كەلدى. يەئسۇپنىڭ
بۇيرۇقى بىلەن ھەرە لەشكەرلىرى چىقىپ، قېرى كىشىنى ئىزدەشكە
چۈشتى. ئەمىر تېمۇرنىڭ لەشكەرلىرى بۇنى كۆرۈپ يەنە ھەرتە-
رەپكە قېچىشقا باشلىدى. شۇ كۈنى تۆگە، ئاتلارمۇ ھەرتەرەپكە قې-
چىشتى. بەزىلىرى يوقالدى، بەزىلىرى ئۆلدى. كېچىسى سىپاھلار
يەنە يىغىلىشتى ۋە باشقا يەرگە كۆچۈشتى. ئەمىر تېمۇر قېرى
كىشىگە:

— ھەي بوۋا، سۆزلىمەيدىغان بولساڭ ھەرىلەر بىلەن قو-
شۇپ كۆيدۈرۈۋېتىمەن! — دەپ دوق قىلدى ۋە كۆيدۈرمەكچى
بولۇپ ئوتتۇن يىغدۇردى. قېرىنى ئوتتۇن ئۈستىگە چىقىرىپ
قويدى، قېرى يەنە سۆزلىمىدى. كۈن چىققاندىن كېيىن ھەرىلەر
يىغىلدى. ئەمىر تېمۇر ئوتتۇنغا ئوت ياقتۇردى. قېرى ئوت يالقۇن-
لىرى ئىچىدە قالدى.

ئەتىسى قۇياش چىققاندىن كېيىن كۆرۈشتىكى، ھېلىقى
قېرى قىپقىزىل چوغنىڭ ئۈستىدە تىرىك ئولتۇراتتى. باغ-
لاقلىق قىلىنىڭ بىر تېلىمۇ كۆيمىگەنىدى.

— ئوتنى ئۆچۈرۈڭلار! — دەپ بۇيرۇدى ئەمىر تېمۇر
نۆكەرلەرگە. ئۇلار ئوتنى دەرھال ئۆچۈرۈپ، ھېلىقى قېرىنى
ئەمىر تېمۇرنىڭ قېشىغا كەلتۈردى. ساھىبقىران دەرھال بۇ قېرى-
نىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ئۆزرە ئېيتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر
تەرەپتىن «ھو... ھو... يامەنھۇ! لائىلاھە ئىللاللاھ!» دېگەن ئاۋاز
كەلدى. ئارقىدىنلا بۇخارانىڭ پىرى، ئاشىقلارنىڭ شىرى، مەر-
دانىلەرنىڭ يۈرىكى پەيغەمبەرنى پىر قىلغان، مۇھىبلارغا (مۇسۇل-

مانلارغا) رەھبەر بولغۇچى باھاۋىددىن ھەزرەتلىرى يېتىپ كەلدى. كېلىپلا:

— بۇ كېچە بۇخارادىن چىقىپ كەلدىم. بۇ كىشىنى سۆزلىتەي، — دېدى.

ھېلىقى قىرى، خوجا باھاۋىددىنغا كۆپ قارىدى. خوجام:

— ئەي ناسارانى، مەن ئۆز ۋاقتىدا ھەزرىتى ئىلى كەرەمەللاھۇ ۋەجھەھۇ ئېيتقان كىشى بولسام، — دېيىۋىدى. قىرى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ خوجامنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلدى ۋە:

— مېنىڭ ئىتىم كىشىپۇتىت بولىدۇ. بىر چاغلاردا ئىلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلدى. ھەزرىتى ئىلىغا ھەرىلەر ياردەم قىلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ قۇلاق-بۇرنىغا كىرىۋېلىپ چېقىشقا باشلىدى. ئاندىن كېيىن بۇ شەھەرنى ھەرىلەرنىڭ بېگى ھەزرىتى ئىلى يەئىسۇپكە بەردى. چۈنكى بۇ شەھەرنىڭ خەلقى باشقا يەرگە شەھەر سېلىپ كۆچۈپ كېتىشكەنىدى. مەن شۇ چاغدا ھەزرىتى ئىلىنىڭ ئۇرۇشىغا كەلگەنىدىم. مېنىڭ بىر قۇلىقىمغا ھەزرىتى ئىلىنىڭ زۇلپىقارى تەگكەن، شۇڭا ھازىرغىچە قان ئاقىدۇ. مەن ھەزرىتى ئىلىنىڭ ئالدىدا مۇسۇلمان بولدۇم. ئىلى ماڭا باھاۋىددىننى كۆپ تەرىپلەپ بەردى. ماڭا ئۇنى كۆرۈش ھەۋىسى چۈشتى. ئىلى ماڭا «باھاۋىددىننى كۆرمىگۈچە ئۆلمىگەيسەن!» دەپ دۇئا قىلدى. بۇ بەلگىلەر ھەزرىتى ئىلىدىندۇر. ئەلھەمدۇلىللا، جامالىڭىزنى كۆردۈم. مۇرادىمغا يەتتىم. ئەمدى دۇئا قىلىڭ، قۇلىقىم ساقايسۇن، — دېدى.

خوجام دۇئا قىلىۋىدى، قىرىنىڭ قۇلىقى ساقايدى. ئۇ يەنە:

— مېنىڭ تامىقىم ھەسەلدۇر، مېنى ھەزرىتى ئىلى مۇشۇ ھەرىلەرگە تاپشۇرغانىدى. ئۇلار ماڭا ھەسەل بېرىدۇ. مېنى ئوتقا سالدىڭلار، لېكىن كۆيمىدىم، چۈنكى مەن دائىم ئىنجىل ئوقۇيمەن. بۇ شۇنىڭ شاراپىتىدىندۇر، — دېدى، بىردەم تىنىۋالغاندىن كېيىن

يەنە مۇناجات قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئەي ياراتقۇچى ۋە پەرۋىش قىلغۇچى ئىگەم، ئۇشبۇ بەندەڭ باھاۋىددىننىڭ ئىبادىتى دەرگاھىڭدا (ئالدىڭدا) ھەق بولغان بولسا، مېنىڭ جېنىمنى مۇشۇ دوستوڭنىڭ ئالدىدا ئالغايسەن!...

قېرى شۇنداق تەلەپ قىلدى ـ دە، كەينىدىنلا «ھەق» دەپ جان بەردى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئەھۋالىغا يىغلاشتى. ئۇنى يۇيۇپ تاۋۇتقا سالدى، خوجام باھاۋىددىن نامىزىنى ئوقۇدى ـ دە، تۇپ-راققا كۆمۈشتى. خوجام:

— ھەي ئەمىر تېمۇر، ھەرۋاقىت بىر ئىشقا ئاجىزلىق قىلسالىڭ «ياپىرىم نەقشبەنت!» دېگىن. بىز سېنىڭ ھالىڭدىن ۋاقىپ بولىمىز، — دېدى.

ساھىبقىران كىشىپۇتىت ئۆلمەستىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا: «بوۋا ماڭا نەسىھەت قىلىڭ!» دەپ تەلەپ قىلغانىدى. بوۋاي ئەمىر تېمۇرگە:

— ھەي ئەمىر تېمۇر، بۇ سۆزۈمنى ئىبرەت كۆزۈڭنى ئېچىپ، ئەقىل قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغىن ۋە بۇنىڭغا ئەمەل قىل. بۇنىڭدىن كۆپ پايدا يېتىدۇ، — دېدى ـ دە، نەزمە بىلەن بۇ نەسىھەتنى قىلدى.

مەن سۆز دېدىم، ئاڭلا ئەي تېمۇر شاھ،
ئالەم ئىشىدىن سەن بولغىن ئاگاھ.
كۆرگىلىكى جاھان مادارى يوقتۇر،
بارچە ئىشلارنىڭ ئېتىبارى يوقتۇر.
دۇنيا ھارۋىسىغا بولمىغىن مەغرۇر،
بۇ پانودىن ئەيلىگىن دۇر.
ئادەم ئاتىمىز، ھاۋا ئانىمىز،
نۇھ نەبى ئۆتتى بارچەڭىز.

كۆر، كەتتى قايان يافەسۇ ۋە شام،
نۇھنىڭ بالىسى ئىدى ھەم ئۇخام.
جەمشىت[48]، زوھاك[49] ھەم كىيو مىرەس،
كىم بولدى جاھاندا ئۇنىڭغا ۋارىس.
چۈن ئاپرا سىياپ، زال ۋە رۇستەم،
دۇنيانى تاشلاپ ئۆلدى بارى ھەم.
كۆر، كەتتى بۇ چىڭگىز ھەم ھالاكۇ،
كىم كەيىپ قىلسا ناس دەپ تاماكۇ.
دۇنيا مىسالى بىر كېلىنچەك،
ھەر كىمگە جىلۋە قىلار ئەندەك.
ئەقلىنى ئالۇر ئاشۇ زامانى.
شۇ دەم ئۇنۇتۇر كەلگەن ماكانى.
بۇ پانى كەچۈردى كۆپ كوياۋنى،
ياۋدۇركىم ئەل ئەيلىمەس بىراۋنى.
بارچە ئىشتا جاپاسى كۆپتۇر،
شىۋە قىلىدۇ ۋاپاسى يوقتۇر.
ھەر كۈندە ئۆزنى كېلىنچەك بىلىپ،
كۆپ ئەرنى ئۆزىگە قىلدى تەلەپ.
ھەر ساقنى تاپسا جىلۋە قىلدى،
ئەقلىنى يۈتتۈردى، تەلۋە قىلدى.
گاھ ئەقلىغە كەلسە ئۇ يېگانە،
چۈن ئەيلىدى گەردىشى زامانە.
دۈنيا ھەۋىسىگە ئالدىشور ئول،
مېھىر بىلەن قويىدۇ ئاڭا كۆڭۈل.
بىر كۈن ئۇنىڭ كۆتىگە تېپەرلەر،
زەھەر سۈيىنى يۇيۇنۇشقا چاچارلەر.
«چىققىن!» دېگەي بۇ ئۆيدىن ئۇ شۇئان،

يوق سۆزلىگۈدەك كىتىم ئاغا دەرمان.
بىزار بولۇر ئۇنىڭدەك ئەردىن،
تەپكەيكى كۆتىگە: «چىق بۇيەردىن!»
بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ قارارى بولماس،
چىقماي دىسە ھېچ مادارى بولماس.
بۇندىن كېتىدۇ نىزا، رەھىم، زار،
يولداش يوق ئاغا ھەم يەنە يار.
دۇنيا بېشىڭ ئۈچۈن بىر تۈگمەن،
بۇغداي كەبى ئۇن بولۇر بارى تەن.
ھېچكىممۇ جاھاندا بولمىدى شاد،
كۆك تونلۇق پەلەكتىن ئەتتى پەرياد.
نىچۈن بۇ پەلەكنىڭ كۆك لىباسى،
جەۋرى، سىتەمنىڭ يوق ئىنتىھاسى.
دۇنيا يەتتە باشلىق ئەجدىھادۇر،
مەڭگۇ ئۇي جەۋر ۋە جاپادۇر.

ئاشۇ نەسىھەتلەردىن كېيىن كىشىپۇتىست بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى.

ساھىبقىران بۇ يەردىن كۆچۈپ ئۇزاق قورغىنىغا يېقىن بىر يەرگە كېلىپ چۈشتى.

تەرسالار: «ئىنجىل كىشىپۇتىستتىن ئەمىر تېمۇرگە قاپتۇ» دەپ ئاڭلىدى. چۈنكى بۇ ئىنجىل ئەيسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭغا قالغانىدى. ھەممە ئورۇس موللىلىرى يىغىلىپ، ساھىبقىرانغا: «بىزگە رۇخسەت بولسا بېرىپ ئىنجىلنى تاۋاپ قىلساق» دەپ خەت يېزىشتى. ساھىبقىران ماقۇل بولدى. 4000 ئورۇس موللىلىرى كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسكەنىدى. بەزىلىرى مۈزىكا بىلەن تەڭكەش قىلىپ ئۆز

يوق سۆزلىگۈدەك كىتىم ئاڭا دەرمان.
بىزار بولۇر ئۇنىڭدەك ئەردىن،
تەپكەيكى كۆتىگە: «چىق بۇيەردىن!»
بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ قارارى بولماس،
چىقماي دىسە ھېچ مادارى بولماس.
بۇندىن كېتىدۇ نىزا، رەھىم، زار،
يولداش يوق ئاڭا ھەم يەنە يار.
دۇنيا بېشىڭ ئۈچۈن بىر تۈگمەن،
بۇغداي كەبى ئۇن بولۇر بارى تەن.
ھېچكىممۇ جاھاندا بولمىدى شاد،
كۆك تونلۇق پەلەكتىن ئەتتى پەرياد.
نىچۈن بۇ پەلەكنىڭ كۆك لىباسى،
جەۋرى، سىتەمنىڭ يوق ئىنتىھاسى.
دۇنيا يەتتە باشلىق ئەجدىھادۇر،
مەڭگۈ ئۇي جەۋر ۋە جاپادۇر.

ئاشۇ نەسىھەتلەردىن كېيىن كىشىپۇتىت بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى.

ساھىبقىران بۇ يەردىن كۆچۈپ ئۇزاق قورغىنىغا يېقىن بىر يەرگە كېلىپ چۈشتى.

تەرسالار: «ئىنجىل كىشىپۇتىتتىن ئەمىر تېمۇرگە قاپتۇ» دەپ ئاڭلىدى. چۈنكى بۇ ئىنجىل ئەيسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭغا قالغانىدى. ھەممە ئورۇس موللىلىرى يىغىلىپ، ساھىبقىرانغا: «بىزگە رۇخسەت بولسا بېرىپ ئىنجىلنى تاۋاپ قىلساق» دەپ خەت يېزىشتى. ساھىبقىران ماقۇل بولدى. 4000 ئورۇس موللىلىرى كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسكەنىدى. بەزىلىرى مۈزىكا بىلەن تەڭكەش قىلىپ ئۆز

تىلىدا ئوقۇپ كېلىشتى. ئۇلار كېلىپ ئەمىر تېمۇرنىڭ ئىنجىلىنى قىزىل چېدىرنىڭ ئىچىدىكى تەخت ئۈستىگە قويۇپ قويغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار:

— بىزنىڭ ئەقىدىمىزدە قىزىل كىيىم ۋە قىزىل چېدىرنى يامان دەپ ھېسابلايمىز، — دېگەنىدى، ساھىبقىران دەرھال بۇيـرۇپ قارا چېدىر ئورنىتىپ بەردى. ئاندىن كېيىن ئورۇس موللىلىرى كېلىپ ئىنجىلغا سەجدە قىلىشتى. ساھىبقىران 700 جاكزىلىق چىڭگىزخاننىڭ چېدىرىنى تىكتى. ئۇلار ساھىبقىرانغا سەجدە قىلىشتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ دىنىي قائىدىسىدە «سەجدەت تەھەييات» پەرزئىدى. بۇ ئىشنى ئەمىر تېمۇر توسۇمىدى. ئەمرا-لار ئۇنىڭغا:

— ئەمىر ئەپەندىم، نېمىشقا توسۇمىدىڭىز؟ — دەپ سورىـۋىدى، ساھىبقىران:

— بۇنى مەن ئۇلارغا بۇيرۇمىدىم، زىيىنى يوق، — دەپ جاۋاب بەردى. ئورۇس موللىلىرى ئىنجىلنى ئېلىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىشتى. ئەمىر تېمۇر ئۇلارغا:

— ماڭا ھەدىيە تېرىقىسىدە ئۇزاق قەلئەسىنى بېرىپ، ئىنـجىلنى ئېلىپ كېتىڭلار، — دېگەنىدى، ئۇلار:

— ئەمىر تېمۇر، بىز سىزنىڭ دىنىڭىزگە كىرمەيمىز، — دېيىشتى.

— ئەمىسە ھېلىقى تەلەپنى قوبۇل قىلىڭلار!

موللىلار ماقۇل بولۇشۇپ زالا تاۋۇسنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— شەھەرنى ئەمىرتېمۇرگە ھەدىيە قىلىپ بەرگىن. بىز ئىنجىلنى ئېلىپ كېتەيلى، — دېيىشىدى، زالا تاۋۇس ئۇنىمىدى. ئۇ:

— ئەگەر مەقسىتىڭلار ئىنجىلنى ئالـماق بولسا، مەن ئىنـجىلنى سىلەرگە ئېلىپ بېرەي! دېدى — دە، ئۈستىگە ساۋۇت، دۇبۇلـغىلىرىنى كىيدى. قىلىچ - قالـقانلىرىـنى ئېلىپ ئوق

تەسىر قىلالمىغۇدەك بولدى. ئۆزى يالغۇز شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ، ئەمىر تېمۇرنىڭ لەشكەرلىرىدىن بىرقانچىسىنى ئۆلتۈردى. لەشكەرلەر ئەمىر تېمۇردىن بۇيرۇق بولمىغاچقا ئۇنىڭغا قورال ئىشلەتمىدى. ئۇ ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقىنىدا ساھىبقىران:

— ئۇرۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

لەشكەرلەر بىردىنلا قوزغىلىپ ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرۇشتى. لېكىن ئۇنىڭغا قىلىچ - ياراق تەسىر قىلمىدى. ئۇ ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا كەلگىچە ئۆزىنىڭ تىلىدا:

— يا، زالا تاۋۇس ناچالىنىك ئۇزاق ئات كىشپۇتىت مىنىرال فالىتىر ۋات ئىتاكايا بىراشۇ، — دەپ ئەرز قىلدى.

ئەمىر ئۇنىڭ تىلىغا چۈشەنمىدى. مىرزا ئۆمەر شەيخ تۆرە ئىككى ئۇچلۇق ئوقنى ياسىغاسىپ ئىككى كۆزىنى قارىلاپ شۇنداق ئېتىۋىدى، زالا تاۋۇسقا ئوق تېگىپ، ئۇ يۈزىچە يەرگە يىقىلدى. دەرھال ئۇنىڭ بېشىنى كەستى. شۇنداق قىلىپ ئۇرۇسلار ئۇزاق شەھىرىنى ساھىبقىرانغا بەردى.

ئەمىر تېمۇر بىرقانچە كۈن بۇ يەردە تۇرۇپ ئارام ئالدى. ئۇرۇسلار يەنە ئەمىر تېمۇرگە 1000 ھەميان ئالتۇن بەردى. ئەمىر تېمۇر ئىنجىلنى ئۇرۇسلارغا بېرىۋەتتى. ئاندىن كېيىن قارا قۇرۇم تەرەپكە يۈزلەندى.

قارا قۇرۇمغا بېرىپ شەھەر قەلئەسىنى 40 كۈنگىچە قامال قىلدى. بىر كېچىسى ئەمىر تېمۇرنىڭ قۇلىقىغا نالە - زار، يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەمىر تېمۇر شۇ ئاۋاز تەرەپكە بېرىپ بىر يىگىتنى كۆردى. يىگىت ئالدىغا بىر بۇتنى قويۇپ يىغلاپ ئۇنىڭدىن مۇراد - مەقسىتىنى تىلىمەكتە ئىدى، ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنەلمىدى. تىلماچنى چاقىرتىپ گەپ سوردۇۋىدى، يىگىت:

— مېنىڭ ئىسمىم شەمىر دوخت، بۇرۇنقى زاماندا مېنىڭ

تەسىر قىلالمىغۇدەك بولدى. ئۆزى يالغۇز شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ، ئەمىر تېمۇرنىڭ لەشكەرلىرىدىن بىرقانچىسىنى ئۆلتۈردى. لەشكەرلەر ئەمىر تېمۇردىن بۇيرۇق بولمىغاچقا ئۇنىڭغا قول ئىشلەتمىدى. ئۇ ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقىنىدا ساھىبقىران:

— ئۇرۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

لەشكەرلەر بىردىنلا قوزغىلىپ ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرۇشتى. لېكىن ئۇنىڭغا قىلىچ - ياراق تەسىر قىلمىدى. ئۇ ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا كەلگىچە ئۆزىنىڭ تىلىدا:

— يا، زالا تاۋۇس ناچالنىك ئۇزاق ئات كىشىپۇتىت مىنىرال فالتىر ۋات ئىتاكايا بىراشۇ، — دەپ ئەرز قىلدى.

ئەمىر ئۇنىڭ تىلىغا چۈشەنمىدى. مىرزا ئۆمەر شەيخ تۆرە ئىككى ئۇچلۇق ئوقنى ياسىغاسىلىپ ئىككى كۆزىنى قارىلاپ شۇنداق ئېتىۋىدى، زالا تاۋۇسقا ئوق تېگىپ، ئۇ يۈزىچە يەرگە يىقىلدى. دەرھال ئۇنىڭ بېشىنى كەستى. شۇنداق قىلىپ ئۇرۇسلار ئۇزاق شەھىرىنى ساھىبقىرانغا بەردى.

ئەمىر تېمۇر بىرقانچە كۈن بۇ يەردە تۇرۇپ ئارام ئالدى. ئۇرۇسلار يەنە ئەمىر تېمۇرگە 1000 ھەميان ئالتۇن بەردى. ئەمىر تېمۇر ئىنجىلنى ئۇرۇسلارغا بېرىۋەتتى. ئاندىن كېيىن قارا قۇرۇم تەرەپكە يۈزلەندى.

قارا قۇرۇمغا بېرىپ شەھەر قەلئەسىنى 40 كۈنگىچە قامال قىلدى. بىر كېچىسى ئەمىر تېمۇرنىڭ قۇلىقىغا نالە - زار، يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەمىر تېمۇر شۇ ئاۋاز تەرەپكە بېرىپ بىر يىگىتنى كۆردى. يىگىت ئالدىغا بىر بۇتنى قويۇپ يىغلاپ ئۇنىڭدىن مۇراد - مەقسىتىنى تىلىمەكتە ئىدى، ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنمىدى. تىلماچنى چاقىرتىپ گەپ سورىۋىدى، يىگىت:

— مېنىڭ ئىسمىم شەمىر دوخت، بۇرۇنقى زاماندا مېنىڭ

ئاتا — بۇۋىلىرىم بۇ شەھەرلەرگە بەگ - خان ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە مەلىكە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ بۇ شەھەرنى ئالدى. مەن بۇ تېتىمىن سەلتەنەت تەختىمنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلماقتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭغا:

— بۇ يۇرتلارنى ئالسام ساڭا بېرەي، — دەپ ئەھدە قىلدى.

— قولۇمدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىمەن، بۇ قورغاننىڭ ئاستىدا — خەندەكنىڭ قىرغىقىدا بىر قوڭغۇراق بار، خەندەكنىڭ بىر چېتى دېڭىزغا پاسىل. بۇ قوڭغۇراق ئوڭ تەرەپكە تولغانسا سۇ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ شەھەرنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ، سول تەرەپكە بۇرالسا سۇ پەسلەپ دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ - دە، خەندەك قۇرۇقدىلىنىپ قالىدۇ، — دېدى يىگىت. ساھىبقىران دەرھال قوشۇن بىلەن كېلىپ قوڭغۇراقنى ئوڭ تەرەپكە بۇرىۋىدى، شەھەرنى سۇ بېسىپ، ئادەملىرى ھېچنەگە قاچالمىدى. ھەممىسى توپاندا قالدى، ئۆلۈپ تۈگەشتى. كېيىن قوڭغۇراقنى سولغا بۇرىۋىدى، سۇ دېڭىزغا قۇيۇلدى. ئەمىر تېمۇر شەھەرگە كىردى. 900 مىڭغا يېقىن كىشى سۇدا ئۆلگەنىدى، بۇ سۆز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى سۆزنى مىرزا شاھروخ تۆرىدىن ئاڭلايلى.

مىرزا شاھروخ تۆرىنى زالا تاۋۇسنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 40 كىشى باغلاپ، يالاپ ئېلىپ ماڭدى. بىر توقايلىققا كەلگەندە، ھەممىسى ھاردۇق ئالغاچ شاراب ئىچىشتى. مەست بولۇشقاندىن كېيىن، بىر - بىرىنى مازاق قىلىشىپ، 20 سى بىر تەرەپ، يەنە 20 سى بىر تەرەپ بولۇپ جەڭگە چۈشتى. بىر تەرەپ مەغلۇپ بولۇپ، يەنە بىر تەرەپ غەلىبە قىلدى. تۆرە مەغلۇپ بولغۇچىلارغا ئاستا:

— مېنى بوشىتىپ قويساڭلار، سىلەرگە ياردەم قىلىمەن، — دېۋىدى، ئۇلار دەرھال ئۇنىڭ پۇت-قوللىرىنى بوشىتىپ، ئات-ئەسلىھە ۋە قورال-ياراق بەردى. تۆرە شۇنداق جەڭ قىلدىكى، بىر چۆگۈن چاي قاينىغىچىلىك ۋاقىتتا ھېلىقى 20 كىشىنى ئۇ ئالەمگە ئەۋەتتى. قالغانلىرى تۆرىنى باغلاشقا تەمشەلگەنىدى. تۆرە:

— ماڭا چېقىلىماڭلار، بۇ 20 كىشىنىڭ خوتۇن-بالىلىرى ئەلۋەتتە موسكۋادا باردۇ. ئەرلىرىنى سورىسا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىلەر؟ — دېدى. ئۇلار تۆرىنى قويۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى ھەرتەرەپكە قېچىپ كېتىشتى. تۆرە پىيادە يول يۈرۈپ موسكۋا تەرەپكە قاراپ مېڭىۋەردى. يولدا يامغۇردا قالدى-دە، بىر غارنى تېپىپ ئىچىگە كىردى. غاردا بىر ئادەم ئۇخلاپ ياتاتتى. يېنىدا بىر قول بالا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ تۆرىنى كۆردى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ قولىغا بىر خىل سازنى ئالدى. بۇ ساز قەقنۇسنىڭ تۇمشۇقچىلىك بار ئىدى. بۇ سازنى ئارغىنون (ئېغىز گارمونى) دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ بالا ئۇنى شۇنداق چالدىكى، تۆرە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە پۇت-قولى باغلاقلىق ئىدى.

— مېنى نېمىشقا باغلاپ قويدىڭلار؟ — دەپ سورىدى تۆرە ھېلىقى كىشىدىن.

— ئېتىڭ نېمە؟ نەدىن كەلدىڭ؟ نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ كىشىمۇ تۆرىدىن.

— سەمەرقەنتتىن كېلىۋاتىمەن. موسكۋانى تاماشا قىلاي دەپ چىقىۋىدىم، يولدا يامغۇر يېغىپ كەتتى. شۇڭا بۇ غارغا كىردىم، — دېدى تۆرە. ھېلىقى ئادەم:

— مەن سېنى، موسكۋادىن كەلگەن ئادەم ئوخشايدۇ، دەپ ئەندىشە قىلىپتىمەن. سەمەرقەنتلىك ئىكەنلىكىڭنى ئەمدى بىل-

دىم، — دېدى - دە، تۆرىنىڭ پۇت - قوللىرىنى يېشىۋەتتى.

— مېنى، — دېدى ئۇ ئادەم ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — ھەكىم يەغىپۇر دېيىشىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ مەلىكىسى بىلەن ۋەزىرى ماڭا دۈشمەن. ئەگەر مېنى تېپىۋالسا ئۆلتۈرىدۇ. بۇ ئارغىنۇننى كۆردۈڭ. ئۇنى فەرەڭ ئەللىرىدىن سېتىۋالغانمەن، ھەركىم ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا دەرھال بىھوش بولىدۇ. كۆپلىگەن ئادەملەر بۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھالاك بولۇشقان.

— بۇ ئىلىم ھېكمەت بىلەن ياسالغان بولسا كېرەك، — دېدى تۆرىمۇ، — بۇنىڭ سىرىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىز؟

— راست ئېيتىسىز، بۇ ئارغىنۇنىنى ياسىغان سەنئەتكار ئەيسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر. بۇنىڭغا ئۇ زاتنىڭ دۇئالىرى يېغىشىلىنغاندۇر. ئەگەر بىراۋ ماڭا قەست قىلماقچى بولسا، دەرھال ئارغىنۇنىنى چالىمەن، ئۇ كىشى ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىدۇ. مەن ئۇنى باغلاپ ئاندىن ئۆلتۈرىمەن، — دېدى ھەكىم.

— ھەي ئەپلاتۇنچە ھەكىم، سىزنىمۇ ئۆلتۈرۈشنىڭ چارىسى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى تۆرە ھەكىمدىن.

— ھەي بالا، بۇ سىرنى بىلىۋېلىپ مېنى ئۆلتۈرەي دەمسەن نېمە؟ — دېدى ھەكىم. تۆرە ئۇنداق ئەمەسلىكىگە قەسەم ئىچىپ بەردى. ئاندىن كېيىن ھەكىم:

— مېنى ھېچ كىشى ئۆلتۈرەلمەيدۇ. مېنىڭ ئاۋازىمنى ۋە ئارغىنۇننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمايدىغان گاس ئادەملا مېنى ئۆلتۈرەلىشى مۇمكىن، — دېدى.

تۆرە بىرقانچە كۈن ھەكىم يەغىپۇرنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئاندىن كېيىن ھەكىمدىن رۇخسەت ئېلىپ موسكۋا تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى. ھەكىم تۆرىنىڭ قولىغا بىرپارچە خەت قىلىپ بەردى ۋە:

— پالانى يەردە چىچى بىلىگە چۈشكەن بىر قەلەندەر بار،

مۇشۇ خەتنى ئېھتىيات بىلەن ئۇنىڭغا بەرگىن، كىشى كۆرمىسۇن، — دەپ تاپىلىدى. تۆرە يولغا چۈشۈپ موسكۋانىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى. شەھەرنىڭ قورغانلىرى تاشتىن ياسالغانىدى. ھەربىر بۇرجەككە بايراقلار ئېسىلغان، ھەربىر پوتەيدە زەمبەرەكلەر، مىلتىقلار تەخلەپ قويۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ قېشىدا ئىككىدىن قاراۋۇل كېچە - كۈندۈز پوستتا تۇراتتى. شەھەرنىڭ 40 دەرۋازىسى بار ئىدى. تۆرە شەھەرگە كىردى - دە، يولدا ئۇخلاپ ئەتىسى مەلىكە ئاق شەيخنىڭ ئوردىسىغا باردى. ئوردىنىڭ تاملىرى 72 خىل تاشلاردىن ياسالغانىدى. مەلىكە ئاق شەيخنىڭ پايتەختى مۇشۇ ئىدى. تۆرە كوچا - رەستىلەرنى، بازارنى ئارىلاپ تاماشا قىلدى. ھەممە يەر ھەددىدىن تاشقىرى بىزەپچىلىك ئىدى. بەزى دۇكانلاردا ھاراق - شاراب، پىۋىلەرنى خوتۇن كىشىلەر سېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇلاردا يۈزنى ياپىدىغان ئىش يوق ئىدى. تۆرە ئايلىنىپ يەنە بىر يەرگە كېلىپ كۆردىكى، چاچلىرى بېلىگە چۈشكەن بىر كىشى كۆلنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئادەملەر ئۇنى تاۋاپ قىلىشماقتا ئىدى. ھەكىم ئېيتقان بەلگىلەرنى مۇشۇ ئادەمدە كۆرگەن تۆرە ئۇنى تاۋاپ قىلدى - دە، خەتنى بەردى. ئۇ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن تاجىك تىلىدا:

— مېنى ۋەزىر نەچچە مەرتىۋە ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلغانىدى. خالايىق مېنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ تەلۋە ھەم ساراڭ دەپ ئۆلتۈرۈشتىن توستى. ئەي يىگىت، مەندە بىر قۇتا بار. ئۇنى ۋەزىرنىڭ قېشىغا ئېلىپ بار، ۋەزىر بۇ قۇتىنى ئېچىپ ھالاك بولسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

تۆرە قۇتىنى كۆردىكى، قۇتىنىڭ ئاغزى پېچەتلەنگەنىدى. تۆرە ئۇنى ئالدى - دە، ۋەزىرنىڭ ھويلىسىنى ئىزدەپ ئىشىككە كەلدى. دەل شۇ چاغدا پۈتۈن ۋىلايەتلەرنىڭ بەگلىرى ۋەزىرنىڭ

ئالدىدا ئىدى. تۆرە قۇتىچاقنى كەلتۈرۈپ ۋەزىرنىڭ ئالدىدا قويدى. ۋەزىر تۈرك تىلىنى بىلەتتى.

— ھەي تۈرك بالىسى، — دېدى ۋەزىر، — قەيەردىن كەلدىڭ؟ نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟

— ئەمىر تېمۇر ساھىبقىراننىڭ ئوغلى بولىمەن. ئاتام كۆپ سوۋغاتلىق مال بىلەن بىزنى بۇياققا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەنىدى. يالانى يەردە ماللىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى قاراقچىلار بۇلاپ كەتتى. ئاران ئۇشبۇ قۇتىنى ئېلىپ قاچالىدىم. ئاتام بۇ قۇتىچىنى ۋەزىرگىلا بەرگىن دېگەنىدى، ئەمدى بۇ قۇتىنى ئۆز قولىڭىز بىلەن ئاچقايسىز، — دېدى تۆرە.

ۋەزىر بۇ ئىشلارنى خېلى ئۇزۇن تەھلىل قىلدى. تۆرە تۇرۇپ - تۇرۇپ قۇتىنى ئىچىشقا ئۈندەيتتى. ۋەزىر تۆرىدىن:

— بۇ قۇتىنىڭ ئىچىدە نېمە بار؟ — دەپ سورىغانىدى، تۆرە:

— بىلمىدىم، ئاتام ماڭا نېمە بارلىقىنى دېمىگەن، — دېدى. قازا يەتكەنىدىكىن، ئەيتاۋۇر شۇ يەردە ۋەزىرنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى ئويناپ يۈرگەنىدى. ئۇ قۇتىچىنى كۆرۈپ قالدى- دە، قىزىقىپ، ئۇنى تالاشتى. قولىنى تەگكۈزۈشى ھامان، قۇتا پارتلاپ، بالا ئۆلدى. ۋەزىر:

— تۆرىنىڭ قول - پۇتلىرىنى باغلاڭلار! — دەپ بۇيرۇدى ۋە ئۇ باغلانغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھەي يىگىت، راستىنى ئېيتقىن، بۇ قۇتىنى ساڭا كىم بەردى؟

— راستىنلا ئاتام بەردى، — دېدى تۆرە. ۋەزىر:

— يالغان ئېيتىسەن، بۇ ھۈنەرنى ئۆزبېك تۈركلىرى بىلمەيدۇ. ئەلۋەتتە سەن يەغپۇر ھەكىم بىلەن ئۇچرىشىپسەن، — دېدى - دە، تۆرىنى قىيىن - قىستاققا ئېلىپ ئازابلىدى. تۆرە ھېچ ئىلاج قىلالماي ۋەقەنىڭ راستىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇلار

ھېلىقى قەلەندەرنى ئاختۇرۇپ ھېچنەدىن تاپالمىدى. يەنە تۆرىنى «يەغىپۇر ھەكىم نەدە» دەپ قىيىنىدى. تۆرە ئىلاجىسىز ھېلىقى غارنى ئېيتىپ بەردى. ۋەزىر 100 كىشىنى قوراللاندۇرۇپ ئەۋەتكەندى، بىرقانچە كۈندىن كېيىن 20 چە كىشى قولاق - بۇرۇنلىرى كېسىلگەن ھالدا قېچىپ كەلدى، ئۇلار:

— غارنى تېپىپ ئىچىگە كىرسەك، يەغىپۇر ھەكىم قولىغا «ئارغىنوننى چال» دەپ بۇيرۇدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز ھوشسىزلىنىپ كېتىپتىمىز، كۆپلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، قالغانلىرىمىزنىڭ قولاق - بۇرۇنلىرىمىزنى كېسىپ قايتۇردى. — دەپ مەلۇمات بېرىشتى. ۋەزىر يەنە تۆرىنى «يەغىپۇر ھەكىمنى تۇتۇشنىڭ يوللىرىنى ئېيتىپ بېرىسەن» دەپ قىيىنىدى، تۆرە زادى ئېيتقىلى ئۇنىمىدى، لېكىن ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۆلگۈدەك بولۇپ، ئاخىر ئىلاجىسىزلىقتىن:

— گاس ئادەم بولسا، ھەكىمنى تۇتقىلى بولىدۇ، — دېدى. ۋەزىر قەيەردە گاس بولغان بولسا يىغىپ توپلىدى. 500 دەك گاس يىغىلدى. ئۇلارغا ئىشارەت بىلەنلا مەقسەتنى ئۇقتۇرغىلى بولاتتى. ۋەزىر ئۇلارغا:

— ھەكىم يەغىپۇرنى ئۆلتۈرسەڭلار، سىلەرگە نۇرغۇن مۇكاپات — سوۋغىچە بېرىمەن! — دەپ ۋەدە بەردى.

گاسلار غارغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، قول بالا ئارغىنوننى شۇنچە قاتتىق چالغان بولسىمۇ، ئۇلارغا كار قىلمىدى. ئۇلار يەغىپۇر ھەكىمنى ئۆلتۈرۈپ بېشىنى ۋەزىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. تۆرە ئېيتقان سۆزىگە پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ پايدا بەرمىدى. ۋەزىر تۆرىگە تون - سەرپاي كىيگۈزدى، ئۇنى دوستى سۈپىتى بىلەن يېنىدىن زادىلا ئايرىمىدى.

بىرقانچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈچ كۈنگىچە شەھەر ئىچىدە ناغرا، دۇمباق چېلىندى، تۆرە:

— بۇ نىمە ئىشلار؟ — دەپ سورىۋېدى، ئۇلاردىن بىرى:
— بۈگۈن بىزگە بايرام كۈنىدۇر، مەلىكە ئاق شەيىخ ھەر يىلدا بىر قېتىم ئادەملەرگە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى.
دەرۋەقە ئۇلارنىڭ بۇ بايرىمى سەرتان ( تومۇز ) ۋاقتىدا بولاتتى. چۈنكى ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالام شۇ پەسلدە دارغا ئېسىلغانىدى.
ۋەزىر مەرىكىگە بارماقچى بولۇۋېدى، تۆرە «مېنىمۇ بىرگە ئېلىپ بېرىڭ» دەپ تەلەپ قىلدى. ۋەزىر ماقۇل بولدى. ئۇلار ئەتىسى مەلىكە ئاق شەيىخنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كېلىشتى. ھەممىسى كۆرۈنۈشخانىغا توپلىنىشقانىدى. ئۇ يەردىكى فونتانلاردىن سۇ چىقىپ ئېرىقلاردا ئېقىپ تۇراتتى. ۋەزىر تۆرىنى قالدۇرۇپ، ئۆزى ئىلگىرى باردى. بىردەمدىن كېيىن ھەرەمدىن نۇرغۇن چىرايلىق قىز خىزمەتكارلار چىقىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ كىيگەن كىيىملىرى ئاق، قۇلاقلىرىدا ھالقىلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يەنە كۆپلىگەن نازۇك بەدەن قىزلار چىقىشتى. ئۇلار تارغاق بىلەن چاچلىرىنى تاراپ، كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، ئەتراپلارغا كۆز سېلىپ كەلمەكتە ئىدى. يەنە بىرئازدىن كېيىن، كىمخابقا يۆركەنگەن بىر توپ قىز پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەردەك جىلۋە قىلىپ چىقىپ كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە باققانلارنى مەجنۇنغا ئايلاندۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. بىردەمدىن كېيىن:
— كۆتۈر، كۆتۈر! — دېگەن ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى. ھەممىسى قارىشىۋېدى. ئالتۇن كەمەر باغلىغان 100 قۇل تەختىراۋاننى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى. تەختىراۋاندا مەلىكە ئاق شەيىخ بار ئىدى. ھەيھات! ئۇنىڭ چاچلىرى يۈزىنىڭ ئىككى

يېنىغا ئايرىلغان، بېشىدا پۆپۈكلۈك تاج، بېلىدە ئالتۇن كەمەر بولۇپ، يۈزلىرى لەئىلدەك سۈزۈك، كۆزلىرى چولپاندەك نۇرلۇق، چىشلىرى دۇردەك تازا. لەۋلىرى مارجاندەك قىزىل، قېشى ھىلال ئايدەك ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىنى خىرەلەشتۈرەتتى. ئۇنىڭ قۇياشتەك يۈزىنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ھەيرانلىق بىلەن بارمىقىنى چىشلەپ، مۇھەببەت دېڭىزىغا غەرق بولۇشتى. ئاندىن كېيىن 300 قۇل ئۇمۇت، 100 قۇل قىلىچ كۆتۈرگەن ھالدا چىقتى، يەنە 100 قۇلنىڭ قوللىرىدا تاپانچا، يەنە 100 قۇلنىڭ قوللىرىدا بولسا يەلپۈگۈچ بار ئىدى. ھەممەيلەن بىردىنلا مەلىكىگە سەجدە قىلىشتى. لېكىن تۆرە سەجدە قىلمىدى. مەلىكە تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ۋەزىردىن سورىدى:

— بۇ يىگىت نەدىن كەلگەن؟ نېمىشقا ماڭا سەجدە قىلمايدۇ؟

ۋەزىر ئۇنىڭغا تۆرىنىڭ نەسەبلىرىنى تونۇشتۇردى. ئاندىن كېيىن مەلىكە تۆرىنى قېشىغا چاقىردى. تۆرە ئەدەب بىلەن مەلىكىنىڭ ئالدىغا باردى. مەلىكە تۆرىدىن تۈرلۈك سوئال سورىۋېدى، تۆرە بىر - بىرلەپ جاۋاب بەردى. مەلىكە:

— ھەي يىگىت، ماڭا نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟ — دەپ سورىغانىدى، تۆرە:

— بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە خۇدادىن باشقىسىغا سەجدە قىلىش يوقتۇر، — دەپ جاۋاب بەردى. شۇ سۆزلەر بولۇۋاتقاندا بىر كىشى كېلىپ مەلىكىگە سەجدە قىلىپ، ئاندىن بىر نەرسىلەرنى دېدى. مەلىكە دەرھال ئورنىدىن تۇرغانىدى، ئەمرالارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. لېكىن ھېچكىم سۆز قىلمىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئىشىكتىن بىر توپ قارا كىيىم كىيگەنلەر كىرىشىپ مەلىكىگە سەجدە قىلىشتى، ئاندىن كېيىن تۆت كىشى بىر ساندۇقنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كىردى. مەلىكە باشلىق ھەممەيلەن ئۇنىڭ-

غا قاراپ يەتتە مەرتىۋە سەجدە قىلىشتى. ھېلىقى قارا كىيىنىم كىيگەن جامائەت ھەممىدىن يۇقىرى چىقىپ ئولتۇرۇشتى، باشقىلار ئولتۇرماي قاراپ تۇرۇشتى. تۆرە تىلماچتىن:

— بۇلار كىملەر؟ بۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدە نېمە بار؟ — دەپ سورىدى.

— بۇلار، — دېدى تىلماچ، — ئورۇسنىڭ موللىلىرى بولىدۇ. بۇ ساندۇقتا ئەيسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىنگەن ئۇلاغلىرىنىڭ تۇۋىقى بار. بۇلار ھەزرىتى ئەيسانى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ بىلىدۇ.

شۇئان ئورۇسنىڭ موللىلىرى:

— نېمىشقا بۇ يىگىت ساندۇققا سەجدە قىلمايدۇ؟ سەجدە قىلسۇن! بولمىسا ئۆلتۈرىمىز! — دېيىشتى.

— بىزنىڭ دىنىمىز ھەقتۇر. سىلەر بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلىشىمەن. ئەگەر سىلەر غالىب كەلسەڭلار مەن قوبۇل قىلاي، — دېدى تۆرە.

ئورۇس موللىلىرى تۆرىدىن سورىدى:

— ئەيسا خۇدانىڭ ئوغلىدۇر، شۇنداقمۇ؟

— ئابدۇللادۇر، — دەپ رەت قىلدى تۆرە.

بىر ئورۇس موللىسى:

— ئىككىمىز ئىبادەتخانىغا بارايلى، ئۇ يەردە ئەيسانىڭ تاۋۇتى بار، قائىدە شۇكى، ئىككى كىشى دەۋا قىلىپ ئۇ جايغا بارسا، كىمنىڭ سۆزى يالغان بولسا شۇ غايىب بولۇپ كېتىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى.

تۆرە خۇداغا تەۋەككۈل قىلىپ، بۇ شەرتكە كۆندى. ئىككىسى ئىبادەتخانىغا كىرىشتى. تۆرە بىر چەتكە بېرىپ ناماز ئوقۇدى. ئورۇس موللىسى ئايىغىنى زەنجىرگە ئېسىپ، بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ ئىنجىل ئوقۇدى. ئادەملەر ئىشىكنى ئېتىپ قويۇپ كېتىش

كەلدى. يېرىم كېچە بولغاندا ئىبادەتخانىنىڭ ئۈستىدىن ياپيېشىل چاقناپ تۇرغان بىر قورال كەلگەن پېتى ئورۇس موللىنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

تۆرە قورقۇپ كەتتى، ئەمما، شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنىڭ ھەقىقەتلىكىگە تېخىمۇ ئىشەندى. ئەتىسى ئورۇسلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ، موللىسىنىڭ ئۆلۈكىنى ئېلىپ، مەلىكە ئاق شەيخنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈشتى. بەزىلىرى: «ئىبادەتخانىنىڭ قائىدىسى بويىچە، گۇناھكار غايىب بولار ئىدى. بىزنىڭ موللىمىز غايىب بولمىدى، ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنى مۇشۇ يىگىت ئۆلتۈرگەن» دەپ، تۆرىنى ئۆلتۈرۈشكە تەمشەلدى. شۇ چاغدا غۇلغۇلا قىلىپ، بىر گۇرۇھ كىشىلەر كېلىشتى. بۇ ئادەملەر كوناسۇيىگە قاراۋۇللۇق قىلاتتى. كونا سۇي دېگەن مۇنداق بىر ئىش ئىدى: ھاۋا سوغۇق بولغاندا بىر قىز بىلەن بىر ئوغۇلنى ياساندۇرۇپ ئاتقا مىندۈرۈپ زەبىق كېنىغا ئاپىرىپ، كانىنىڭ قىرغىقىدا تۇرغۇزۇپ «زەبىق» دەپ توۋلاتقۇزۇلاتتى. زەبىق دېگەن ئوغۇل ياكى قىز بالىنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى ئۇ ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزەرىدىن ئۆتكۈچىلەر ئىدى. ئاشۇ قاراۋۇللار يول بويى كارىزلارنى كولاپ باراتتى. كانىنىڭ ئۈستىگە چىققاندا كىم قىچقارسا، قىز ياكى ئوغۇل زەبىق يۇمىلانغان پېتى كانىدىن چىقىنچە چاقىرغان كىشىنى ئېلىپ كېتەر ئىدى. ئەگەر ئادەمنى ئېلىپ كەتمىسە، زەبىقنىڭ كۈچى يوق دەپ ئالمايلا قوياتتى. قاراۋۇللار كولاپ قويغان كارىزلاردىكى كونا سۇينى يىغىپ ئالاتتى. بۇ ۋاقىتلار تازا قىشنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلەتتى.

ئۇلار تۆرىنى زەبىق كېنىغا ئېلىپ بېرىشتى. تۆرە:

«خۇدا بۇيرۇسا، ئۈمىد قىلىمەنكى كونا سۇي مېنى غەرق قىلمىس» دەپ ئويلىدى. تۆرە ھېلىقى يەرگە بارغاندا «زەبىق!»

دەپ ۋارقىرىدى ـ دە. ئارقىسىغا قاراپ قاچتى. كونا سۇي مەۋج ئۇرۇپ چىقىپ تۆرىنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كەلدى ـ دە، ئۆزىگە تارتىۋېلىشقا باشلىدى. تۆرە ھەيران بولۇپ ياراتقۇچىغا تىلەندى:

مۇناجاتىم قوبۇل ئەتكىن ئىلاھىم،
ياراتقۇچى ئەگەر سەن پادىشاھىم.
ماڭا شۇ دەم ئۆزۈڭ رەھىم ئەيلە يارەب،
كەچۈرگىل كۆپ بولسىمۇ گۇناھىم.

تۇيۇقسىز چاچلىرى بەللىرىگە چۈشكەن بىر قەلەندەر پەيدا بولدى. بىر شىشىنى ئېلىپ كېلىپ، ئىچىدىكى سۇيۇقلۇقنى تۆرىنىڭ ئۈستىگە چاچتى. زەبىقلار ئاجرىلىپ، قۇۋۋىتى كېتىپ، تۆرىنى ئېلىپ كېتەلمىدى، تۆرە قاچتى. قاراۋۇللار قانچە قوغلاشقان بولسىمۇ يېتەلمىدى. ئۇلار كۆرگەنلىرىنى مەلىكە ئاق شىيىخنىڭ ئالدىدا بايان قىلدى.

ھېلىقى قەلەندەر تۆرىنى ئېلىپ بىر تاغنىڭ باغرىغا كەلدى. ئۇ يەغپۇر ھەكىمنىڭ شاگىرتى ئىدى. تۆرە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— شىشىنىڭ ئىچىدىكى نېمە ئىدى؟

— سىركە ئىدى. قاتىل زەبىق بولۇر، چۈنكى زەبىق ئەسلى شەھۋەتتۇر. ھۆكۈمالارنىڭ قارىشىچە، سىركە ئىچمەك ئەرلەر ئۈچۈن ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا سىركە چېچىلدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى قەلەندەر. ئاندىن كېيىن تۆرىنىڭ ئالدىدا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

تۆرە يولغا راۋان بولدى. ئۈچ كۈن يول يۈرگەندىن

كىيىن بىر توپ قارا كىيىنگەن ئادەملەرگە يولۇقتى. ئۇلار خوتۇنلىرىنى ۋە ئوغۇل - قىزلىرىنى ئېلىپ، ئۆيۋاقلىرىنى ئات - كالىلارغا ئارتىپ يىغلاپ كېلىشمەكتە ئىدى. تۆرە ئۇلارنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىپ باشقا يەرگە كۆچكەنلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇلار تۈرك تىلىنى چۈشىنەتتى. تۆرە ئۇلاردىن سورىدى:

— سىلەرگە نېمە بولدى؟

— ھەي يىگىت، نېمە ئىشىڭ بار؟ — دەپ ئۇلار سىرىنى ئېيتمىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن يەنە بىر مۇنچە ئادەملەر كېلىشمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ چوڭلىرىمۇ بار ئىدى. تۆرە ئۇلارنىڭ بېگىنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىدىن تارتىپ تۇرۇپ:

— ھەي بەگ ئەپەندىم، نەگە بارىسىز؟ بۇلار نېمىشقا يىغلايدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەي يىگىت، مېنىڭ ئىسمىم مىشغات ناسى، بۇلغار شەھرىنىڭ بېگى بولىمەن. بۇلار بۇلغار خەلقىدۇر. يېقىندىن بۇيان كېچىسى توپ - توپ ئادەملەر ھاۋا ئۈستىدە پەيدا بولۇشىدۇ. ئۇلار قارا كىيىملىك بولۇپ، ئاستىدا ئات، قوللىرىدا قىلىچ، سەپ تارتىپ بىر - بىرى بىلەن جەڭ قىلىشىدۇ. ئالەم ئۇلارنىڭ غۇۋغاسى بىلەن تولىدۇ. ھەر كېچىسى مىڭلىغان قارا كىيىملىكلەر يەرگە يىقىلىپ ئۆلۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ قېشىغا بارساق غايىب بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى بەگ.

— ھەي بېگىم، — دېدى تۆرە، — ئۇلار جىن - شاياتۇنلار. سىلەرنىڭ شەھرىڭلارنىڭ ئاسمىنىنى جەڭ مەيدانى قىلىپتۇ. ئۇلار ئۇزئارا ئاشكارا جەڭ قىلىشىپ يەنە غايىب بولۇشۇپ كېتىشىدۇ. مەن ئەمىر تېمۇرنىڭ ئوغلى بولىمەن. ئەگەر سىلەر مۇسۇلمان بولساڭلار، ئاشۇ بالانى بېشىڭلاردىن يىراق قىلىمەن.

— سەن، — دېدى بەگ، — بىر كېچە ھىلىقى يەرگە بېرىپ ئۇخلىغىن، قايتىپ كەلگىنىڭدىن كېيىن بىز مۇسۇلمان بولايلى!

تۆرە ھىلىقى جايغا بېرىپ، دىۋە - پىرىلار ھەققىدە رىۋايەتلەرنى يازدى - دە، بىر يەرگە ئېسىپ قويۇپ، قاراپ ياتتى. كېچە بولغاندا بىر توپ ئادەم پەيدا بولدى ۋە ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ سەپ تۈزۈشتى. ھەممىسىنىڭ بويى قىسقا، قوللىرىدا قورال بار ئىدى. ئۇلار ئالەمنى قاپلاپ كەتكىدەك غوۋغا قىلىشىپ جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. تۆرە تاڭ ئاتقۇچە ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆردى. ئۇلار ئەتىسى غايىب بولۇشتى. تۆرە ھەكىم قەلەندەر بىلەن بىللە يەنە رىۋايەتلەر پۈتتى ۋە جىنلارغا:

— ھەي جىنلار، بىلىپ قىلىڭلار، بۇلغار ئېلى مۇسۇلمان بولدى، ھەق يولنى تاپتى. ئۇلارغا سىلەردىن زىيان يەتسە خۇدانىڭ لەنىتىگە قالىسىلەر، — دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن جىنلار كەلمىدى.

تۆرە بۇلغارلارنىڭ قېشىغا «سۆيۈنچە» دەپ ياخشى خەۋەر ئېلىپ كەلدى. بۇلغار خەلقى يەنە ئەسلىدىكى ماكانلىرىنى تېپىۋېلىشتى. ھەممىسى مۇسۇلمان بولۇشتى. شەھەرنىڭ ئىچىدە مەسچىت سېلىشتى.

رىۋايەتچىلەرنىڭ دېيىشىچە (تېخى بۇ رىۋايەت يېزىپ ئىدى). تۆرە نەچچە كۈن شۇ يەردە بولدى. بۇ يەردە كەچ كىرىپ، شەپەق غايىب بولماي تۇرۇپلا، يەنە سۈبھى نامايان بولدى. تۆرە بۇ ھادىسىنىڭ سىررىنى بىلمەكچى بولۇپ ئۇلاردىن سورىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئالىم كىشى بار ئىدى.

— بۇ شەپەقنى مەلىك ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ھەزرەتلىرى كۆرگەن. ئۇنىڭ كىتابچىسى مەندە بار، — دېدى ئۇ كىشى ۋە كىتابچىنى تۆرىگە بەردى، — ھەرقانداق جايدا تەشۋىشلىنىپ قالساڭ بۇ رىسالىنى ئوقۇغىن. ھەممە مۈشكۈللۈك يوقايدۇ.

تۆرە ئاتقا مىنىپ سەپەر قىلىپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن بىر چوڭ توقايلىققا كەلدى. يەتتە بۇلغار تۆرىگە ھەمراھ بولۇپ بىللە چىققانىدى. تۇيۇقسىزلا توقايلىقتىن يىلانلار چىقىپ ھېلىقى يەتتە كىشىنى يەپ كەتتى. تۆرە قېچىپ بىر ياغاچنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. يىلانلارنىڭ كەينىدىن ياۋا تېكىلەر كېلىپ، يىلانلارنى تۇتۇپ يېدى. تۆرە تېكىلەردىن بىرنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ كاۋاپ قىلىپ يېدى. ئاندىن ھېلىقى كىتابچىگە قارىدى. ئۇنىڭدا: «بۇ توقاينىڭ پالان يېرىدىن ئۆتسەڭ، ئۇدۇلۇڭدا بىر تاغ كۆرۈنىدۇ. شۇ تاغنى ئۇدۇللاپ ماڭغىن. تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ناھايىتى كۆپ قوي، يىلقىلارغا دۇچ كېلىسەن. ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ھېسابسىز قوي، يىلقىلارغا ئۇچرايسەن.» دېيىلگەنىدى. تۆرە كىتابتا كۆرسىتىلگىنى بويىچە مېڭىپ ھېلىقى تاغدىن ئۆتتى. راستىنلا ھېسابسىز قوي، يىلقىلارنى كۆردى. لېكىن ئۇلارنىڭ قېشىدا بىرەرمۇ ئادەم يوق ئىدى. قۇياشنىڭ دەرىجىسى ھەمەل ئېيىنىڭ 20 ـ سىگە يەتكەنىدى. سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقى دەلۋە ئايلىرىنىڭ سوغۇقلۇق دەرىجىسىدىنمۇ قاتتىق ئىدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئىس كۆتۈرۈلەتتى. تۆرە: «بۇ يەردە ئادەم بار» دەپ ئويلىدى. ئىزدەپ يۈرۈپ بىر جىراغا چۈشتى. سوغۇقنىڭ يامانلىقىدىن ئۆلەي دەپ قالدى. جىرادا بىر ئىشىكنى كۆرۈپ قالدى ۋە كېلىپ ئىشىكنى چەكتى، بىرى ئىشىكنى ئاچتى. تۆرە ئىچكىرى كىردى. يەرنىڭ ئاستىدا تۇرغۇن ئۆي سېلىنغانىدى. گويىكى بىر شەھەرگە ئوخ-

شايىتتى. بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ يېمەكلىكى تۆگە، ئات، قوي ۋە ئۆچكىلەرنىڭ سۈتى ئىدى. يۇڭدىن توقۇلغان چەكمەن كىيگەنىدى. ئىشىكنى ئاچقان كىشى تۆرىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. پادىشاھنىڭ كىيىملىرىمۇ چەكمەن ئىدى. تۆرە:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— بىز ئورۇسقا تەۋە ئادەملەردىن بولىمىز. بىزنىڭ يۇرتىمىز ھەممە يۇرتلاردىن ياخشىراقتۇر. بۇنىڭدىن باشقا شەھەرمۇ يوق بولسا كېرەك. بىز قۇياشقا قارايمىز. قۇياش جىۋاز دەرىجىسىگە كەلگەندە يەر ئۈستىگە چىقىمىز. ئۈچ ئايدىن كېيىن قۇياش سۇنبۇل دەرىجىسىگە كەلگەندە، يەنە يەرنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىمىز. توققۇز ئاي يەر ئاستىدا بولىمىز. ھەرقانداق كىشى قىش پەسلىدە يەر ئۈستىگە چىقسا، سوغۇقنىڭ يامانلىقىدىن قېتىپ قالغۇسى، ئىلگىرىكى زامانلاردا بىز بۇلغارلار شەھىرىگە باراتتۇق، يوللىرىمىزدا يىلانلار پەيدا بولغاندىن كېيىن ئۇ يەرگە بېرىش قىيىنلاشتى. سەن ئۇ يەردىن قانداق ئۆتتۈڭ؟ — دېدى پادىشاھ.

تۆرە كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى ۋە ئۇلاردىن:

— سىلەر قايسى دىندا؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇلار:

— بىزنىڭ تىرىكلىكىمىز ئوت بىلەن سۇ. شۇڭا ئوتقا چوقۇنىمىز، — دېيىشتى.

تۆرە ھەيران قالدى ۋە:

— مېنىڭ ئارزۇيۇم شەپەق غايىب بولغان ماكاننى سىياھەت قىلىش ئىدى، — دېگەنىدى، ئۇلار:

— ئۇ يەرگە بېرىشنىڭ ئىمكانى يوق. بۇ يەردىن ئۇ يەرگە بىر ئايلىق يولدۇر. ئۇنىڭ نېرىسى زۇلماتقا تەۋە. زۇلماتنىڭ يوللىرى تولىمۇ خەتەرلىك. ئۇ يەردە ئالتە ئايغىچە قۇياش كۆرۈنمەيدۇ، كېچە بولىدۇ. يەنە ئالتە ئايغىچە قۇياش چىقىدۇ، كېچە بولمايدۇ. ھەر ۋاقىت قۇياش بۇرچى

ھەمەلگە كەلسە ئۇ جەزىرە كۈندۈزگە تەۋە، قاچانكى بۇرچى مىزانغا توغرا كەلسە قۇياش پەسلەپ كېچە بولىدۇ. يولدا بىر چوڭ تاغ بار. ئۇنىڭدىن ئۆتۈش ناھايىتىمۇ قىيىن. ئاشۇ تاغنىڭ سەۋەبىدىن ئۇ جەزىرىدە ئالتە ئايغىچە كېچە بولىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى. تۆرە ئۇلارغا:

— مۇسۇلمان بولۇڭلار! — دېگەنىدى، ئۇلار:

— بىز كاپىر بولساقمۇ، بىرەر گۇناھ قىلساق بالاغا مۇپتىلا بولىمىز. ھەرقاچان ئارىمىزدىن بىرى گۇناھ قىلىپ قويسا، ھەممىمىزگە ئۇنىڭ كاساپىتى يېتىدۇ. ئاپەت كېلىپ ئاۋۋال، سارغىيىپ ئاندىن قىزىرىپ، ئاخىرىدا قارىداپ ھالاك بولىمىز. لېكىن ئۇششاق بالىلىرىمىز ئۆلمەيدۇ. ئۆسۈپ چوڭىيىپ بىزدەك بولىدۇ، — دېدى.

تۆرە تېخىمۇ ھەيران بولدى. ئۇ خوتۇن ئالماقچى بولۇپ، ئۇلاردىن قىز تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ بىر ئاقساقىلى:

— مېنىڭ بىر قىزىم بار، ساڭا بېرەي، لېكىن گۇناھ قىلمىغىن! — دېدى. تۆرە ماقۇل بولدى. قىزنى نىكاھىغا ئېلىپ ئاندىن مۇسۇلمان قىلدى. نەچچە كۈن بۇ يەردە تۇردى. ئۇلارنىڭ يېمەكلىكى گۆشلا ئىدى. تۆرە قىزغا ئۆز يۇرتىنىڭ تۈرلۈك لەززەتلىك تاماقلىرىنى ماختاپ بەردى. بۇ سۆز قىزغا ياقمىدى-دە، تۆرىنىڭ ئالدىغا بىر تاۋاق تېزەك كەلتۈرۈپ قويدى. بۇ: «ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئاخىرىسى نىجاسەت بولىدۇ» دېگەن مەنىدە ئىدى، بۇنى كۆرۈپ غەزەپلەنگەن تۆرە قىلىچ بىلەن قىزنى چېپىپ تاشلىدى. شۇ زامات ئۇنىڭ جەمەتى قارا كىيىنىپ تۆرىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ھەي يىگىت، بىلىپ قال ۋە ھوشيار بول! سەن ھازىر بىزنىڭ بېشىمىزغا بالا كېلىشىگە سەۋەب بولدۇڭ! — دېيىشتى.

تۆرە قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلدى ۋە ئۇلارغا:

— مېنى ئۆلتۈرۈڭلار! بالا سىلەردىن يىراقلاشسۇن! — دېگەندى، ئۆلار.

— سىنى ئۆلتۈرسەك بالىلىرىمىزمۇ قالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ، — دېيىشتى.

ئۆلارغا بالا ـ قازا مۇنداق بەلگىلەر بىلەن كەلدى: ئاۋۋال ئۆلارنىڭ قالىغان ئوتلىرى ئۆچۈپ قالدى. ئاندىن كېيىن چىرايلىرى سارغىيىپ، بىردەمدىن كېيىن قىزاردى، ئاخىرىدا قارىيىپ، ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈشكە باشلىدى. كىچىك بالىلار يىغلىغانلىرىچە قاراپ قېلىشتى. تۆرە ئۆلارنىڭ يىغىسىغا تاقەت قىلالماي، ھەيران بولغىنىچە ئۆزىنى ياقىغا ئېلىپ، سەھرا تەرەپكە چىقىپ كەتتى. بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەلدى. بىر تەرەپتىن چاڭ ـ توزان پەيدا بولدى. چاڭ ئارىسىدىن بىر توپ ھەيۋەتلىك مەخلۇقلار چىقىپ كېلىشتى. ھېلىقى مەخلۇقلارنىڭ چىرايى ئادەمگە ئوخشايتتى. قورسىقى ناھايىتى يوغانىدى. تۆرە ئۆلاردىن قورقۇپ دەرەخكە چىقىۋالدى. ئۆلار كېلىشتى ـ دە، ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنى بىر دەمدىلا يەپ تۈگەتتى. تۆرە دىر ـ دىر تىترەپ كەتتى: ئاندىن كېيىن ئۆلار ئۇششاق بالىلارغا تاشلاندى تۆرە شۇئان خۇدادىن:

— ھەي ياراتقان تەڭرىم، مۇشۇ بالىلارنى پاناھىڭدا ساقلىغىن. بۇلارنىڭ نەسلى يوقاپ كەتمىسۇن! — دەپ تىلىگەنىدى. شۇدەم يەنە بىر تەرەپتىن چاڭ كۆتۈرۈلدى. چاڭ ئارىسىدىن ئاق كىيىملىك، بوزئات مىنگەن بىر توپ زاتلار چىقىپ كېلىشتى. ئۆلارنىڭ بېشىدا سەللە بولۇپ، پەشلىرى قىستۇرۇلغان، بېلىگە مىسۋاكلار ئېسىلغانىدى. ئات قارنىدا — قومغانلاردا لىق سۇ بولۇپ، جەينامازلىرىنى مۈرىسىگە ئارتىۋالغانىدى. ئۆلار كەلگىنىچە ھېلىقى مەخلۇقلارنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. مەخلۇقلارنىڭ كۆپىنچىسى ھالاك بولۇپ، بىر قىسمى قېچىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن ئۆلار تۆرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن سەنمۇ؟ — دېگىنىچە تۆرىنى باغلاپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار بىر شەھەرگە يېتىپ كېلىشتى. بۇ شەھەردە ئادەملەر بەك كۆپ ئىدى. شەھەرنىڭ 1000 دەرۋازىسى بار ئىدى. ئۇيلاردا ئالتۇن دېگەن دۆۋە-دۆۋە بولۇپ يېتىپ كەتكەنىدى. دۇكانلار كېچە-كۈندۈز ئوچۇق ئىدى. كىمگە نېمە كېرەك بولسا، پۇلنى تۆلەپ ئېلىۋېرەتتى. لېكىن دۇكانلاردا ئادەم يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى تۇغسا يىغلاپ، بىرەرسى ئۆلسە كۈلەرئىدى. ھويلا-قورۇلىرىنىڭ ئىشىكى يوق ئىدى. قەبرىستانلىقى يېقىن، مەسچىتلىرى يىراق ئىدى. بۇ شەھەر ھېلىقى سەللىلىك ئادەملەرنىڭ شەھىرى ئىدى.

ھېلىقى ئادەملەر تۆرىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئىككى كىشى پادىشاھنىڭ بېشىدا قىلىچنى يالڭاچلاپ تۇراتتى. ئۇلار:

— ھەي سۇلتان ئەپەندىم، ئادالەت بىلەن يۇرت سورىغىن، بولمىسا ھالاك بولىسەن! — دەپ تۇراتتى. سۇلتان تۆرىگە:

— سەن ناھەق ئادەم ئۆلتۈردۈڭمۇ؟ — دەپ سوئال بېرىۋىدى، تۆرە:

— ھەئە! — دېدى. تۆرىنى ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلىندى. جاللات كېلىپ تۆرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋىدى، تۆرە:

— لائىلاھە ئىللەللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا! — دېدى. ئۇلار مۇھەممەد دېگەن مۇبارەك ئىسىمنى ئاڭلاپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم بىلەن سالاۋات ئېيتىشتى. تۆرىگە قاراپ:

— ھەي يىگىت، سەن مۇھەممەدنىڭ ئۈممەتلىرىدىنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە! — دەپ جاۋاب بەردى تۆرە. ئاندىن كېيىن ئۇلار تۆرىنىڭ قوللىرىنى يېشىۋەتتى ۋە:

— مۇھەممەدنىڭ شەرىئىتىدە، مۇسۇلمانلارغا تۆۋە لازىم! —

دەپ ھۆكۈم قىلدى. تۆرە چىن ئېتىقادى بىلەن توۋا قىلدى. تۆرە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. مۇسا پەيغەمبەرنىڭ زامانىدا بۇلارغا ياخشى دۇئا قىلىنغانىدى. شۇڭا ئۇلار خەلقنىڭ كۆزىدىن غايىب ھالدا يۈرەتتى ۋە بىر سائەتتە شەرقتىن ـ غەربكە يۈرەلەيتتى. خوتۇنلىرى تۇغسا بالىلىرىنى كۆرۈپ يىغلارئىدى. چۈنكى ئۇلار: «ھەي بالا دۇنيانىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى تارتىشقا كەلدىڭدە!» دېيىشەتتى. ئەگەر بىراۋلىرى ئۆلسە كۈلەتتى ۋە: «بۇ دۇنيانىڭ جاپاسىدىن قۇتۇلدۇڭ» دېيىشەتتى. مەسچىت يىراق بولسا، ئۇنىڭغا بارغۇچە يول مېڭىپ جاپا تارتىپ، كۆپ ساۋاب تاپالايتتى. قەبرىستانلىق يېقىن بولسا، قەبرىلەر كۆز ئالدىدا تۇرسا ھايات ئادەملەر ئۆچۈن ئىبرەت بولاتتى. بۇ ئەلدە ئوغرى ـ قاراقچىلار بولمىغاچقا، ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكى بولمايتتى.

خەۋەرلەردە كەلتۈرۈشلىرىچە، مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىككى شەھەر بارئىدى. بىرىنى جابىلقا، يەنە بىرىنى جابىلسا دەپ ئاتىشاتتى. ئۇلار تۆرىگە:

— سەن قەيەردىن كەلدىڭ؟ — دەپ سوئال بەردى.

— تۈركىستان ۋىلايەتلىرىدىن بىرى بولغان سەمەرقەنتتىن كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى تۆرە.

— بىز سەيلە قىلىپ بۇ يۇرتلارغا چىققانىدۇق، غايىب كىشىلەرنىڭ سەۋەبكارلىقى بىلەن ئەمىر تېمۇر بىزنى كۆرگەنىدى، — دېيىشتى ھېلىقى كىشىلەر تۆرىگە.

— مەن ئەمىر تېمۇرنىڭ ئوغلى بولىمەن، — دېدى تۆرە ۋە شەپەقنىڭ غايىب بولۇش سەۋەبلىرىنى بىلىش نىيىتى بىلەن كەلگەنلىكىنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەردى.

— بىز ئۇ جەزىرىگە كۆپ بارىمىز، — دېدى ئۇلاردىن بىرى، — بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، پەلەك تۈگمەن تېشىدەك ئايلىنىدۇ. يەرنىڭ شىمال تەرىپى ئېگىز، جەنۇب تەرىپى پەستۇر.

شىمال تەرەپتىكى قاپ تېغى ئاسمان پەلەككە تاقاشقان. قۇياش تۆۋەن چۈشكەچ تاغنىڭ ئارقىسى قاراڭغۇ بولىدۇ. ياز پەسلىدە قۇياش تاغ ئارقىسىغا ئۆتكەندە، يورۇقلۇقنىڭ تەسىرى ئاسانلىقچە كەتمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇلغار شەھىرىدە بىر سائەتلا قاراڭغۇ بولىدۇ.

تۆرە نۇرغۇن جايلارنى كۆرۈپ بۇلغارغا قايتىپ كەلدى. ئەمدى ئۇنى بۇلغاردا قويۇپ، ساھىبقىراندىن سۆز ئاڭلايلى:

**مىرزا سەيپىددىن ئەمىر چاكونىڭ مەلىكە ئاق شەيخنىڭ پودى دېگەن ۋەزىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى**

ساھىبقىران قاراقۇرۇم شەھىرىدىن ئۆتۈپ، ئورۇسنىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرىنى ئېلىپ، موسكۋاغا يېقىنلاشتى. موسكۋانىڭ پادىشاھى ئاق شەيخ پودى دېگەن ۋەزىرىگە 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى بېرىپ، ساھىبقىران بىلەن جەڭ قىلىشقا بۇيرۇدى.

مىرزا سەيپىددىن تۆرە ساھىبقىراندىن رۇخسەت ئېلىپ 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ يەتتە كۈن يول يۈرۈپ بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتى. بۇ تاغنى ھېرىم تېغى (قىرىم) دەپ ئاتىشاتتى. قاراۋۇللار: «پودى تاغ باغرىغا 100 مىڭ ئەسكەر بىلەن كەپتۇ» دەپ خەۋەر بېرىشتى. پودىمۇ ئەمىر تېمۇر قوشۇنلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. قوشۇنلىرىنى ساي ئىچىگە جايلاشتۇرۇپ، ئەتراپىنى قورغاندەك مۇستەھكەملىدى. ئۆزى چېدىرىنى تاغنىڭ ئۈستىگە تىكىپ ئولتۇردى ۋە ساھىبقىراننىڭ قوشۇنلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. 11 ئەلەم تىكىلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ «قوشۇنغا 11 باشلىق مەسئۇل ئىكەن» دەپ چۈشەندى.

مىرزا سەيپىددىن تۆرە قوشۇنلىرىغا: «ئەتراپقا چوقۇر قىلىپ خەندەك كولاڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. لەشكەرلەر خەندەك كولاشتى.

يودى پال كىتابىغا قاردى. ئۈچ كۈنگىچە بۇرجەك سېرتاندا تەلىيى خېلى يۇقىرى كۆرۈندى. مىرزا سەيپىددىننىڭ پال كىتابىغا قاراپ، تەلىيىنى قوۋۇس دەرىجىسىدە تاپتى. بۇ زەئىپلىكنىڭ بەلگىسى ئىدى. يودى قوشۇنلىرىغا دەرھال جەڭگە ئاتلىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

مىرزا سەيپىددىن تۆرە قوشۇنلىرىنى جەڭگە كىرىشتىن توستى. ئورۇس تۆرىلىرى سولداتلىرىنى باشلاپ جەڭ مەيدانىغا كىرىشتى. لېكىن ئەمىر تېمۇر تەرەپتىن ھېچكىم جەڭ مەيدانىغا چۈشمىدى. ئورۇس ئەسكەرلىرى ئۈچ كۈنگىچە ئۇرۇش مەيدانىغا كېلىپ «جەڭگە چۈشۈشمەمسەن!» دەپ ۋارقىراشقان بولسىمۇ، مىرزا سەيپىددىن بۇيرۇق بەرمىگەچكە ھېچكىم جەڭگە چۈشمىدى.

كېيىن مىرزا سەيپىددىن يۇلتۇزلارغا قاراپ پال ئېچىپ، يۇلتۇزلارنىڭ سەئىدكە كېلىپ قالغانلىقىنى كۆردى ـ دە، سىپاھىلارنى جەڭگە كىرىشكە بۇيرۇدى. لەشكەرلەر دەرھاللا پىشىل ياراقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ جەڭ مەيدانىغا ھازىر بولۇشتى.

يودى پالغا قاراپ تەلىيىنى زەئىپ كۆردى، ئۇ «سولداتلار قىمىرلىماسۇن!» دەپ بۇيرۇدى. چاغاتاي لەشكەرلىرى مەيداندا ئورۇسلارنى جەڭگە چاقىرىشتى. لېكىن يەتتە كۈنگىچە ئۇلاردىن بىرىمۇ جەڭگاھقا چىقمىدى.

يودى يەنە پالغا قاردى، تەلىيى بورجى مىزانغا، قۇياش دەرىجىسى سەئىد ئەكبەرگە توغرا كەلدى. مىرزا سەيپىددىن پالغا قاراپ تەلىيىنىڭ بۇرجىكىنى قوۋۇستا، زەخىل دەرىجىسىدە كۆردى. «قوۋۇس ئۆي سۇ بولىدۇ» دەپ، مىرزا سەيپىددىن تۆرە كۈتۈپ تۇردى. يودى ئاتلاندى. ئالتە تەرەپتىن بىردىنلا ئات قويدى. ئورۇس سولداتلىرى بەش كۈنگىچە غوۋغا قىلىشىپ،

خەندەك قىرغاقلىرىدا ئايلىنىپ يۈردى. بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مىرزا سەيپىددىن تۆرە ھىكمەتتە كۆردىكى، تەلىيى سەئىد ئەكبەرگە كەلگەنىدى. چاغاتاي سىپاھلىرى «بۈگۈن يودىنىڭ بارگاھىغا ھۇجۇم قىلايلى» دەپ ئويلاشتى ۋە شۇ تەرەپكە قاراپ، ئورۇس سولداتلىرىنىڭ يودىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قوش، قوي كېلەمدۇ ياكى قارا مال كېلەمدۇ، ئايرىماي سويۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى. چاغاتاي سىپاھلىرى «ئۇلارنىڭ بۇگۈن قانلىرى تۆكۈلىدىكەن» دەپ ئويلاشتى. يودىمۇ قوشۇنلىرىنى جەڭ مەيدانىدىن قايتۇرۇشنى خىيال قىلدى. شۇ ئەسنادا چاغاتاي قوشۇنلىرى مىرزا سەيپىددىن بىلەن بىرگە پىيادە بولۇشتى. شۇ كۈنى ئورۇس ئەسكەرلىرى بىلەن چاغاتاي لەشكەرلىرى ئارىلاش بولۇپ قالدى.

ئۇلار يەنە ئۇرۇشماي قايتىشتى. شۇنداق قىلىپ 40 كۈن ئۆتتى. سەپەر ئېيىنىڭ 20 سى، بىلىق يىلى ئىدى. مىرزا سەيپىددىن يەنە تەلىيىگە قارىتۇپدى، قەمرۇ بۇرجىكى ئەسەدكە كېلىپ قىران بولغانىدى. مىرزا كۆڭلىدە ئۈمىد بىلەن: «ئەگەر جەزمەن قەمرۇ كۆيسە، خەۋپ ئورۇسلارغا بولسا كېرەك» دەپ ئويلاندى. چۈنكى قەمرۇلەر ماقارىن ئىدى. ئەگەر جەرىم زۆھرە كۆيسە، ئۇ تۈركىستانغا ماقارىندۇر. شۇ كۈنى كېچىسى ئىككىلا يۇلتۇز قىران بولغانىدى، ئىككىلا ھۆكۈما شۇ كۈنىمۇ سەۋرى قىلىشتى.

ئىككى قوشۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بۇلاق بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەردە سۇ يوق ئىدى. بۇلاقنىڭ قىرغىقىدا بىر ئۆزبېك بىلەن بىر ئورۇس بىر - بىرىنى مازاق قىلدى. ئورۇس ئۆزبېكنى سۆكتى، ئۆزبېك ئورۇسنى ئۇردى. ئورۇس ئۆز تىلىدا چۇقان سېلىپ ھەمراھلىرىنى چاقىردى. ئورۇستىن بىرنەچچىسى كېلىپ ئۆزبېكنى ئۇردى. ئۆزبېك دادلاپ چاغاتاي لەشكەرلىرىنى چاقىردى. چاغاتايلى لەشكەرلىرى كېلىپ ئىككى - ئۈچ ئورۇسنى

ئۆلتۈردى. ئورۇسلار قاچتى، يەنە قايتىپ كەلدى. ئورۇسلار بىلەن ئۆزبېكلەر بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشتى. شۇ چاغدا مىرزا سەيپىددىن تۆرە چېدىر ئىچىدە تەلىيىگە قاراپ يالغۇز ئولتۇرغانىدى. پو- دىمۇ شۇنداق قىلىۋاتاتتى. شۇ چاغدا جەرىم زۆھرە يۇلتۇزى كۆيدى. پودىنىڭ سولداتلىرى دەرھال زوق - شوق بىلەن قورال ئەسلىھەلىرىنى ئالمايلا شاۋقۇن سېلىپ سىرتقا چىقتى. غوۋغا كۆتۈرۈلدى. چاغاتاي سىپاھىلىرى ۋە لەشكەرلىرى مىرزا سەيپىد- دىنىنىڭ ئالدىغا كىرىشتى. ئۇ ئۇستىرلاپقا قاراپ ئولتۇراتتى. مىرزا سىپاھلارغا:

— ھازىر ئورۇسلار بىلەن جەڭ قىلماڭلار! — دەپ بۇيى- رۇدى. بەگ - سىپاھلارنىڭ مىرزا سەيپىددىن تۆردىنىڭ سۆزىگە ئاچچىقى كېلىپ، قولىدىن ئۇستىرلاپنى تارتىۋېلىپ يەرگە ئاتتى ۋە بىردىنلا ئاتلىرىغا مىنىشىپ، قىلىچلىرىنى ئېلىشىپ ئۆزلىرىنى ئورۇس لەشكەرلىرىگە شۇنداق ئۇردىكى، ئاسمانغا چاڭ - توپا ئۆرلەپ، قۇياش كۆزدىن غايىب بولدى. ئىككى تەرەپتىن ئۆل- گەنلەر دۆۋىلىنىپ كەتتى. ئۇرۇش ناھايىتى قاتتىق بولدى. مىرزا سەيپىددىن تۆرىمۇ ياردار بولۇپ قېچىشقا تەمشەلدى. مۇسۇلمان- لارنىڭ 40 مىڭ لەشكىرىدىن 5000 كىشى قالدى. مىرزا سەيپىددىن تۆرە كېلىپ ۋەقەنى ئەمىر تېمۇرگە بايان قىلدى. پودى بىلەن ساھىبقىران تۇرغان يەرنىڭ ئارىلىقى يەتتە كۈنلۈك يول ئىدى. ساھىبقىران ئۈنچىقمىدى. شۇ يەردە چىڭگىز موللا دېگەن بىرى بار ئىدى. ئۇ موللا سەككاكىنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىدى. ئەسلى ئىسمى ئابدۇللا بولۇپ، بەدەخشانلىق ئىدى. ئىلمي نۇ- جۇمگە ئۇستا ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يەر سۆيۈپ تەزىم قىلغان ھالدا، ساھىبقىرانغا:

— ھەي ساھىبقىران ئەپەندىم، ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز، بېرىپ پودى بىلەن جەڭ قىلسام، — دەپ تەلەپ قىلدى.

ئەمىر تېمۇر ماقۇل بولۇپ 30 مىڭ لەشكەرنى ئاجراتتى، ئۇلار ناغرا - دۇمباقلارنى چېلىشىپ پودىنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى ۋە تېزلىك بىلەن ھېرىم تېغىغا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلارغا لەشكەر باشلىقى قىلىپ ئاتلامىش باتۇرنى بەلگىلىگەنىدى. موللا چىڭگىز بىر غارغا كىرىپ ئىلمىي جەپەرگە كىرىشىپ كەتتى. تۈزسىز تائام يەپ، گۆش يېمەي، بىرقانچە كۈن پەرھىز قىلىپ شۇ جايدا تۇردى.

ئاتلامىش باتۇر قوشۇننى باشلاپ، مىرزا سەيپىددىن ياساتقان خەندەككە كېلىپ، ناغرا - دۇمباقلارنى تەييار قىلىپ تۇرۇشتى. يېشىل ۋە قارا بايراقلارنى تىكىپ ئاندىن پودى بىلەن نەچچە كۈنلەرگىچە جەڭ قىلىشىپ كەتتى. ئاخىرى ئورۇسلار ئۈستىدىن غالىب كەلدى.

بىر كۈنى پودىنىڭ ئوغلى خەندەك ياقىسىغا كېلىپ، ئاتلامىش باتۇرغا قارىتىپ ئوق ئاتتى. ئوق باتۇرغا تەگدى، ئۇ بىرئاز جاراھەتلەندى. ئاندىن كېيىن ئۇ پودىنىڭ ئوغلىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ھالاك قىلدى. پودى ئوغلىنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرۈپ يىغلىدى ۋە سولداتلىرىنى مۇسۇلمانلار بىلەن جەڭ قىلىشقا ھەرقانچە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، بەربىر مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىشتى. پودى ھەيران بولۇپ، بىر كېچىسى تاغ ئۈستىگە چىقتى ۋە بۇ يەردە ئوتنىڭ شولىسىنى كۆردى. ئۆزى يالغۇز شۇ يەرگە بېرىپ، بىر كىشىنىڭ غار ئىچىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ يەتتە خەتنى دەررە قىلىپ تارتىپ قويغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئادەم ئوقۇپ - ئوقۇپ نەپەس ئۇرسا نوختىلار تەۋرىنەتتى. تاغقا ئىشارەت قىلسا تاغ قوزغىلار ئىدى. پودى ئىلمىي ھېكمەت بىلەن بىلدىكى، ئەتە چۈش ۋاقتى بىلەن ئورۇسلار ئۈستىگە تاغ يىقىلغۇسى. پودى دەرھال قايتىپ كېلىپ، ھەممە مال - مۈلۈكلىرىنى تاشلاپ قوشۇنلىرىنى چېكىندۈردى. پودىنىڭ بۇ ئىشىنى كۆرۈپ، چاغاتاي

لەشكەرلىرىدىن بىر بۆلىكى ئۇ ماللارنى يىغىپ ئېلىشقا باشلىغانىدى. ئاتالمىش باتۇر «بارماڭلار!» دەپ قانچە توسۇغان بولسىمۇ ئۇنىمىدى. ئۇلار تېخى ماللارنى ئالمىغانىدى، تۇيۇقسىزلا تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ تاغلار پارچىلىنىپ چاغاتاي لەشكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشكە باشلىدى. 20 مىڭچە كىشى تاغ ئاستىدا قېلىپ ئۆلدى. بۇنى كۆرگەن پودىنىڭ قوشۇنى دەرھال جەڭ مەيدانىغا ئات قويدى. يەنە 5000چە كىشى جەڭدە ئۆلدى. موللا چىڭگىز غاردىن چىقىپ ھەيران بولغان ھالدا ئاتالمىش باتۇر بىلەن قېچىپ ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا كەلدى. بولغان ۋەقەنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. ساھىبقىران:

— ھەي ھۆكۈمالار، ئىلىم - ھېكمەتلىرىڭلار سىپاھگەرچىلىك ئالدىدا بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدۇ، — دېدى - دە، غەزەپ ئوتى قاينىغان ھالدا جارچىلارغا قەيەردە كانايچى، سۇنايچى، ناغرىكەش، دۇمباقچى بولسا تېپىپ كەلتۈردى، رىۋايەتچىلەرنىڭ دېيىشىچە، شۇ كۈنى 20 مىڭ ناغرىچى، 10 مىڭ كانايچى، 4000 سۇنايچى يىغىلدى، ئۇلار ئەمىر تېمۇرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 4000 قارا مالنى سويۇپ، تېرىسىنى ساناچ قىلىپ، ئاپتاپقا يايدى. قۇرۇغاندىن كېيىن ئىچىگە ئۇششاق تاش تولدۇرۇپ قۇزدى. ئۇنى 10 مىڭ لەشكەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئۇلار تېرىلەرنى يەرگە سۆرىتىپ قوشۇننىڭ ئالدىدا مېڭىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەربىر ئاتلىق ئاتنىڭ ئارقىسىغا ئىككى باغدىن شاخ سۆرەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كانايچى، سۇنايچى ۋە دۇمباقچىلار سازلىرىنى چېلىشىپ مېڭىشتى. بۇ ئاۋازلارنى تاغۇ تاشلاردىكى جان - جانىۋارلار ئاڭلاپ ھەر تەرەپكە قېچىشتى. ھاۋادىكى قۇشلار گاڭگىراپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ ئاۋاز پەلەككە يەتكەچ، پەرىشتىلەرمۇ قۇلىقىنى ئېتىۋېلىشقان ھالدا ھەيرانلىق بىلەن بارمىقىنى چىشلىشەتتى. دىۋە - پەرىلەرمۇ قورقانلىقىدىن ئۆزىنى

ھەيرانلىق دېڭىزىغا تاشلىشاتتى. ھېلىقى 10 مىڭ لەشكەر
ئۆكۆزلەرنىڭ تېرىسىنى سۆرەپ پودىنىڭ ئەسكەرىگە يېقىنلاشتى.
پودىنىڭ ئەسكەرلىرىدە قورقۇنچ پەيدا بولدى. قورقانلىقىدىن
جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قېلىشتى. ئۇلار بىردىن قېچىشقا باش
لىدى. چاغاتاي لەشكەرلىرى ئورۇسلارنى قىرغىن قىلىشقا باشلى
دى. پودىمۇ ئاخىرىدا تاقەت قىلالماي قاچتى. چاغاتاي ئورمى
چىلىرى ئورۇس بۇغدايلىرىنى شۇنداق ئورۇپ تاشلىدىكى، بىر-
دەمدىلا خامانغا تاغدەك ئۆلۈك يىغىلىپ ئۆكۆزلەرنىڭ تېرىسى
بىلەن پايخان قىلىندى. ئۇ بۇغدايلارنى پالاكەت دېھقىنى ئۇنى
قىلىش ئۈچۈن تۇپراق تۆگمىنىگە ئەۋەتتى. ساھىبقىران مۇشۇن
داق چارە بىلەن ئورۇس قوشۇنلىرىغا قاتتىق زەربە بەردى. بۇنى
كۆرۈشۈپ بەگلەر ئاپىرىن ئوقۇشتى. غەلىبە قىلغاندىن كېيىن
ساھىبقىران ھەممە سىپاھلىرىنى ھېرىم تېغىنىڭ ئاستىغا يىغدى.
پودى قېچىپ بېرىپ ۋەقەنى مەلىكە ئاق شەيخقا مەلۇم قىلدى.
پودى مەلىكىگە ئاشىق ئىدى. بىر كۈنى يوشۇرۇن ھالدا مەلىكى
گە بىر پارچە خەت ئەۋەتتى. ئۇنىڭدا: «مەن ساڭا كۆيىمەن.
مېنى ماقۇل كۆر، بولمىسا، سېنى ئەمىر تېمۇر كېلىپ ئالغۇسى»
دېيىلگەنىدى. مەلىكە ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن غەزەپلەندى. لېكىن
ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ يوشۇرۇنچە جاۋاب خەت يازدى: خەتتە
زكەلگىن! » دېيىلگەنىدى، پودى مەلىكىنىڭ ھىيلىسىنى بىلمەي
شەھۋەتخورلۇق بىلەن كۆزى قاتغا تولۇپ، ئەقلىنى يوقىتىپ مە
لىكىنىڭ ئالدىغا كەلدى. مەلىكە دەرھال قۇللىرىغا بۇيرۇق بې
رىۋىدى، قۇللار ئالدى بىلەن ئۇنى جاراھەتلەندۈرۈپ ئاندىن
ساندۇقنىڭ ئىچىگە سېلىپ، كېچىلەپ سەھراغا ئېلىپ چىقىپ
بىر يەرگە كۆمدى. مەلىكە بۇ ئىشنى ھېچكىمگە سەزدۈرمىدى.
ئۇنى رۇس موزىكىلىرىدىن بىرى كۆرۈپ قالدى. ئۇ سان
دۇقتىكىنى دۇنيا خىيال قىلىپ كولاپ ئېلىپ ئۆيىگە كەلتۈردى.

ساندۇقنى ئېچىپ قارىۋىدى، بىر ئادەم ياتاتتى. موژىك ھەيران بولدى. پودى تىرىك ئىدى. ئۇ موژىكقا:

— ئەگەر ساڭا دۇنيا لازىم بولسا، مېنى ساقايتقىن، كېيىن ساڭا كۆپ ئالتۇن بېرىمەن، — دېدى، موژىك پودىنى يېقىپ، داۋالاشقا باشلىدى. بىر نەچچە ۋاقىتلاردىن كېيىن پودى ساقىيىپ بېجىرىم بولدى.

ساھىبقىران ئورۇسنىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرىنى ئېلىپ موسكۋاغا يېقىنلاشتى. شۇ چاغدا پودى چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ ئارىسىغا كەلدى - دە، موللا چىڭگىزنى تاپتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە مىرزا سەيپىددىنمۇ بار ئىدى. ئىككىيلەن ئىلمىي — نۇجۇم ئىشلىرى بىلەن بەنت ئىدى. پودى پارس ۋە تۈركى... تىللارنى بىلەتتى. پودى چىڭگىزنى تاپقاندىن كېيىن قۇلىغا:

— موللا چىڭگىزنىڭ غارىغا بېرىپ، «پودى كەلدى دېگىن!» دەپ بۇيرۇدى. قۇل موللا چىڭگىزگە خەۋەر يەتكۈزدى. چىڭگىز سىناپ بېقىش ئۈچۈن قۇلغا:

— يوقكەن دېگىن، — دېدى.

قۇل چىقىپ پودىغا شۇنداق دېگەنىدى. پودى ھەيران بولۇپ پال سالدى ۋە:

— مىرزا سەيپىددىن بىلەن موللا چىڭگىز مۇشۇ يەردە بىر - بىرىگە ئۇدۇل ئولتۇرۇپتۇ. بىرىنىڭ ئارقىسى شەرققە، بىرىنىڭ ئارقىسى غەربكە قاراشلىق، — دېۋىدى، قۇل كىرىپ بۇ گەپلەرنى ئۇلارغا ئەينەن يەتكۈزدى. مىرزا سەيپىددىن بىلەن موللا چىڭگىز بىر كۆڭلەكنىڭ ئىچىگە كىرىشتى. قۇلغا يەنە:

— چىقىپ «يوق» دېگىن، — دېيىشتى. قۇل پودىنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— يوق ئىكەن! — دېۋىدى، پودى يەنە پالغا قارىدى.

ئىككىسى بىر كۆكلەكنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار مۇشۇ تەقلىدتە بىر - بىرى بىلەن 70 خىل پال سەنئىتى قىلىشتى. پودى ھەممە ئىشنى بىلىۋالدى. مىرزا سەيپىددىن بىلەن موللا چىڭگىز پودىنىڭ ئىلىم - ھېكمەتتە توشقانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇشتى. ئاندىن كېيىن پودىنى چاقىرىشتى. پودى يالىڭاچ ئىدى. ئۇلار پودىغا باشتىن - ئاياغ كىيىم بەردى ۋە ئۇنىڭدىن:

— ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ ھال سورىدى. پودى:

— شەھۋەتپەرەستلىك قىلغىنىم ئۈچۈن بۇ بالاغا ئۇچرىدىم. — دەپ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. ئۇلار پودىنى ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. مىرزا سەيپىددىن بىلەن موللا چىڭگىز كۈمۈش پەنجىرىدە قېلىپ، پودىنى ئالتۇن پەنجىرە ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتى. شۇ چاغدا ساھىبقىران ھاجەت قىلىپ تۇرغانىدى، خىزمەتچىلەردىن ئەمىر مۇسا جالايىرنىڭ ئوغلى ئەھمەد بەگ شۇ يەردە ھازىر ئىدى. ئەمىر تېمۇر ئەھمەد بەگدىن مىسۋاكنى تەلەپ قىلدى. ئۇ دەرھال مىسۋاكنى كەلتۈرۈپ بەردى. ئەمىر تېمۇر ئۇنى ئاغزىغا سېلىپ سۈرەي دەپ تۇراتتى، پودى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىدا تېز چۆكۈپ تەزىم قىلدى:

— ئەي ئەمىر ئەپەندى، مىسۋاكنى خىزمەتچىنىڭ قولىغا بېرىڭ، ئۆزى ئاغزىغا سېلىپ كۆرسۇن، — دېدى. ساھىبقىران «بۇ قانداق گەپ» دېگىنىچە مىسۋاكنى ئەھمەد بەگنىڭ قولىغا بەردى. ئەھمەد بەگ مىسۋاكنى قولىغا ئېلىپ، دىر - دىر تىترىگىنىچە ئاغزىغا سالدى. شۇ زامات چىرايى قارىداپ، بىر سائەتتىن كېيىن پۈتۈن ئەزالىرى تارسىلداپ، يېرىلىپ ھالاك بولدى. بۇ ئىشقا ساھىبقىران ھەيران قالدى. پودى:

مەن بۇنى ھېكمەت بىلەن بىلىپ قالدىم. مىسۋاكنىڭ ئۇچىغا زەھەر سۈرتۈلگەن. بۇ شۇم ئاتىسىنىمۇ زەھەر بېرىپ ھالاك قىلغان، ئاخىرى ئۆز بېشىغا يەتتى، — دېدى.

ساھىبقىران مىسۋاكنىڭ پالاكىتىدىن قۇتۇلغىنى ئۈچۈن 127 قول، 127 باش قارا مال، 127 تونىنى ۋە يەنە ھەرقايسى ئەسۋابلاردىن 127 دىن ساناپ نەزىر قىلىۋەتتى. شۇ چاغ يودى ئەمىر تېمۇرگە:

— تەقسىر ئەپەندىم، جانابىڭىزدىن ئىككى تەلىپىم بار. بىرى، مەن ھازىر غەيرىي دىندا، مۇسۇلمان بولسام دەيمەن. يەنە بىرى، سىز موسكۋانى ئالغىنىڭىزدا مەلىكە ئاق شەيخنى ماڭا بەرسىڭىز، — دېگەنىدى، ئەمىر تېمۇر ماقۇل بولدى.

شۇ ئان قاراۋۇللار كېلىپ: «دۈشمەنلەر كېلىۋاتىدۇ!» دەپ خەۋەر قىلىشتى.

ئۇلار چىقىپ قارىۋىدى، راست ئېيتقانىدەك، پىراۋۇن دېگەن ئورۇس 120 مىڭ ئەسكەرگە باش بولۇپ، داغدۇغا بىلەن كېلىۋاتاتتى، يودى ساھىبقىرانغا:

— تەقسىر ئەپەندىم، ئەگەر پىراۋۇن ئۈستىدىن غەلىبە قىلسىڭىز، ئۆزىڭىزدىن باشقا ئورۇسلارنىڭ سىز بىلەن جەڭ قىلغۇدەك جۈرئىتى يوق، — دەپ چۈشەندۈردى. ساھىبقىران ئۈچ ھۆكۈمادىن:

— غەلىبە كىمگە بولىدىكەن؟ — دەپ سورىدى. ئۈچ ھەكىم تەڭلا پالغا قارىۋېتىپ:

— غەلىبە سىزگە بولىدۇ! — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

— پىراۋۇنچۇ؟

— پىراۋۇن ھالاك بولىدۇ.

— ئۇ قانداقلارچە ھالاك بولىدىكەن؟

— يۇقىرىدىن يىقىلىپ ئۆلىدىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى مىرزا سەيپىددىن. موللا چىڭگىز:

— سۇغا چۈشۈپ ئۆلىدىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى. پودى بولسا:

— ئوق تېگىپ ئۆلىدىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر تېمۇر:

— قايسىڭلارنىڭ سۆزى توغرا؟ — دەپ سورىۋېدى، ئۇلار:

— قايسىمىزنىڭ سۆزى توغرا كەلمىسە بېشىمىز سىزگە گۆرۈ بولسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىشتى. ساھىبقىران شۇيان غەزەپلەنگەن ھالدا لەشكەرلىرىگە:

— سەپ تۈزۈڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى. لەشكەرلەر غەيرەتلىنىپ سەپ تۈزۈشتى. جەڭ دۇمباقلىرىنى چېلىشتى، ئۆمەر تېمۇرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پىراۋۇنغا قارشى يۈرۈش باشلاندى.

ئورۇس قوشۇنلىرى دىۋار (تام)نىڭ ئارقا تەرىپىدە ئىدى. پىراۋۇن ھىيلە ئىشلىتىپ، خەزىنىسىدە بار ئالتۇن كۈمۈشلەرنى قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان قوشۇنىنىڭ يولىغا چاچقۇزدى. ساھىبقىران لەشكەرلىرى ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ كويىغا چۈشتى. شۇ كۈنى 5000 دىن ئارتۇق لەشكەر ئورۇسلارنىڭ ئوقىدا ئۆلدى. ئەتىسى ساھىبقىران جەڭگە بۇيرۇق بەرمىدى.

پىراۋۇن يەنە ھىيلە قىلىپ پۇل چاچقۇزدى. ساھىبقىراننىڭ لەشكەرلىرى يەنە پۇلىنى ئالماق ئۈچۈن تەمشىلىۋىدى، ساھىبقىران غەزەپلىنىپ، ئۇرۇپ توستى. لېكىن لەشكەرلەر بۇ ياقتىن توسسا ئۇ ياقتىن باردى. ئالتۇننى دەپ قانلىرى تۆكۈلگەن بولسىمۇ ئىبرەت ئالمىدى. لەشكەرلەر: «ئەگەر ئەجەل يەتسە پۇلنى ئالساقمۇ ئۆلىمىز. ئالمىساقمۇ ئۆلىمىز» دەپ ئويلىشاتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنى پۇلغا گويا قىزىل چوغقا

ئۇرغانىدەك ئۇرۇشتى. شۇنداق قىلىپ 20 كۈنگىچە 100 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر نابۇت بولدى. لەشكەرلەرگە نەسىھەت كار قىلمىدى. پىراۋسنىغا ھەممە ئۇرۇسلار ئاچىرىن ئۇقۇشتى. ساھىبقىران ھەيرانلىق دېڭىزىغا چۆكۈپ، پودىنى چاقىرتتى:

— بۇنىڭغا نېمە چارە قىلىمىز؟

— ماڭا 1000 ساندۇق بېرىڭ. ئىككىسىگە لىق ئالتۇن توشقۇزۇلسۇن، قالغانلىرى قۇرۇق بولسۇن. يەنە 2000 نەپەر ئۇرۇش كۆرگەن، تەجرىبىلىك، باتۇر يىگىت بېرىڭ. بۇ يىگىتلەرنى بىر ساندۇقتا ئىككىدىن قاچىلاپ، تۆگىلەرگە ئارتىپ، ھەر تۆگىگە ئىككىدىن ساندۇق توغرىلاپ تەييار قىلىمىز، — دېدى پودى. ساھىبقىران شۇ كۈنىلا بۇ ئىشنى پۈتتۈرۈپ بەردى. پودى تۆگىلەرنى يېتىلەپ، قوڭغۇراقلىرىنى كولدۇرلىتىپ سەھراغا يۈرۈپ كەتتى. يېرىم كېچە بولغاندا پىراۋسنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئارىسىغا كىردى. پىراۋس پودىغا قاراپ:

— ساڭا نېمە بولدى؟ ئەمىر تېمۈرنىڭ لەشكەرلىرىگە قوشۇلۇۋاپسەنغۇ؟ — دېگەنىدى، پودى:

— مېنىڭ مەقسىتىم بىر ئامال قىلىپ ئەمىر تېمۈرنى ئۆلتۈرسەم دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن ئىلاجىنى تاپالمىدىم. ئەمىر تېمۈر خەزىنىسىنى تۆگىلەرگە ئارتىپ ماڭا بەردى ۋە ئۇنى سەمەرقەنتكە ئاپىرىۋېتىشنى بۇيرۇدى. مەن ئۇياققا بارماي، دۇنيا لازىم بولسا ئىشلەتسۇن دەپ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئېلىپ كەلدىم. — دەپ جاۋاب بەردى. پىراۋس خىزمەتچىلىرىگە:

— ساندۇقلارنى كەلتۈرۈڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. خىزمەتچىلەر دەرھال تۆگىلەرنى يۈكى بىلەن ئېلىپ كېلىشتى.

پىراۋس ھەممىتىلىك ۋە مەرد كىشى ئىدى. «ئالدىدىكى

بىر تۆگىنىڭ يۈكلىرىنى ئېلىپ، قالغان تۆگىلەرنى پودىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى خىزمەتچىلىرىگە.

پودى ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، ئۆزى باش بولۇپ قورغاننىڭ تۆۋىگە كېلىپ قارىۋىدى، 1000 نەپەر تاپانچىلىق ئەسكەر ئۇخلاۋاتاتتى. پودى دەرھاللا ساندۇقتىكى 2000 يىگىتنى چىقاردى. ئۇلار قورغان تېمىنى بۇزۇپ شەھەرگە كىرىشتى ــ دە، كاناي-دۇمباقلارنى چالغانىدى. ئاناق بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ تەييارلاندى. سىپاھلار مۇبىراقلا قورغانغا قاراپ ئات قويۇشتى. مۇسۇلمان لەشكەرلىرى «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ ۋارقىراشتى. شۇ كۈنى چاغاتاي لەشكەرلىرى شۇنداق جەڭ قىلدىكى، ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ قېنى كوچىلاردا ئېرىق بولۇپ ئاقتى. باشلىرى تاۋۇزدەك يۇمىلىنىپ، جەسەتتى توڭ قاپاقتەك يېرىلىپ كېتىشتى. قالغانلىرى قېچىشقا باشلىدى. پىراۋىنمۇ قېچىپ ئورمانلىق ئارىسىغا ــ دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇندى.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن پىراۋىننى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ تاپالمىدى. ساھىبقىران ئۈچ ھەكىمنى چاقىرىپ، ئۈچىلىسىنى يالغانچى قىلدى. ئۈچەيلەن يەنە پالغا قاراپ «پىراۋىن تىرىك» دەپ مەلۇمات بېرىشتى ۋە ئاۋۋالقى سۆزلىرىنى دېيىشتى.

چاغاتاي لەشكەرلىرىدىن بىرى ھېلىقى ئورمانلىققا بېرىپ، پىراۋىن يوشۇرۇنغان دەرەخنىڭ سايىسىدا سايىداپ، ئېرىقتىن سۇ ئىچىپ ئولتۇرغانىدى. دەرەخ ئۈستىدە مۆكۈپ ئولتۇرغان پىراۋىننىڭ سۆيدۈكلۈكى چىڭقىلىپ كەتتى. ھەرقانچە قىلغان بولسىمۇ، سۆيدۈك قىستاپ ئامال بولمىدى. ئاخىرى سۆيدۈكى ئېتىلىپ چىقىپ، بۇ شور پېشانىنىڭ سىرى ئاشكارا بولدى.

دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرغان ئادەم يۇقىرىغا قارىۋىدى، ئاسماندا بۇلۇت كۆرمىدى، ھاۋا ئوچۇق ئىدى، ئۇ دەرەخ ئارىسىغا قاراپ بىر ئادەمنىڭ ياپراقلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى كۆردى.

ھېلىقى ئادەم مىرزا ئۆمەر شەيخ تۆرىگە ۋەزىر بولغان، كېيىن مەنسەپتىن قالدۇرۇلغانىدى. پىراۋىن دەرەخ ئۈستىدە تۇرۇپ، ھېلىقى ئادەمگە ئىشارەت بىلەن كۆپ نەرسىلەرنى ۋەدە قىلدى. قولىدا بىر قىممەت باھا ئۈزۈكنى بار ئىدى، ئىلاجىسىز ئۈزۈكنىمۇ بەردى. بۇ پالاكەت باسقان شۇم شۇ سۆز ئۈستىدە تۇرغىنىدا تۆرە بىلەن يودى كېلىپ قالدى. پىراۋىن بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغان ئادەم ۋارقىرىغىنىچە تۆرىنى قىچقاردى ۋە:

— بۇ يەردە بىر ئورۇس مۆكۈپ ياتىدۇ، — دېدى. مىرزا ئۆمەر شەيخ تۆرە قۇلاق سالماي كېتىۋەردى. يودى بولسا «بىر قاراپ باققان ياخشى» دەپ ئويلىغىنىچە كېلىپ دەرەختە قارىۋىدى، راست دېگەندەك پىراۋىن تۇراتتى. ئۇ تۆرىنى چاقىردى. تۆرە «نېمە ئىش» دېگىنىچە دەرھال يېتىپ كەلدى. ئۇلار ھەر قانچە قىلىشسىمۇ پىراۋىننى پەسكە چۈشۈرەلمىدى. تۆرە قولىغا يانى ئېلىپ ئوق ئاتتى. پىراۋىن ئۆلدى، جەسىتى پەسكە — سۇغا چۈشتى. ئۇچلا ھەكىمنىڭ سۆزى توغرا كەلدى.

ئاندىن كېيىن ساھىبقىران موسكۋا تەرەپكە قاراپ يۈردى.

## ھەزرىتى ئەمىر تېمۇر ساھىبقىراننىڭ موسكۋا پۇقرالىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغانلىقى، ئاندىن كېيىن زۇلمات شەھىرىگە بارغانلىقى

ساھىبقىران موسكۋا شەھىرىگە يېقىنلاشتى. سۇلتان مۇھەممەت تۆرىنى 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئايراۋۇل قىلىپ بەلگىلىدى. موسكۋا قورغىنىنىڭ ھەممە يېرى مەر - مەر تاشتىن ياسالغانىدى. قورغاننىڭ 40 دەرۋازىسى بار ئىدى. قورغاننىڭ ھەربىر مۇنارىسىدا بىر يىگىت قولىدا تاپانچا تۇتقان ھالدا كۆزەت قىلىپ تۇراتتى. تۆرە يېتىپ كەلگەن ھامان ئۇلار ئوت ئاچتى. بىردىن

پاك - پۇك قىلغان ئاۋاز ئالەمگە تولدى. مىلتىقلار ئۈزلۈكسىزدىن ئېتىلاتتى. تۆرە تەرجىماندىن:

— ئۇ ئادەملەرنىڭ ئوق ئاتقانلىقىنى كۆرمىدۇق. بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى، تەرجىمان:

— بۇلارنىڭ ھەممىسى سۈرەت (تەقلىد ئادەم) بولۇپ، ئورۇسلارنىڭ ھۈنەر سەنئىتىدۇر. مىلتىقلار ئۇلارغا ئۇلانغان. ھەربىرىدە ھەرىكەت قىلدۇرىدىغان مۇرۇۋۋەت (گايكا) بار. ھەر 100 سۈرەتكە بىر تىرىك ئورۇس قارايدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى.

تۆرە دۇربۇن بىلەن قارىدى. قورغاننىڭ ئەتراپىدا ھارۋىلار قويۇلغان بولۇپ، ھەر ھارۋىدا زەمبىرەك بار ئىدى. ھەربىر زەمبىرەكنىڭ ئالدىدا مەسئۇل قىلىنغان ئىككى نەپەر سولدات بار ئىدى. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مۇنار كۆرۈندى. مۇنارنىڭ ئۈستىدە مەلىكە ئاق شەيخ چېدىر تىكىپ قاراپ ئولتۇراتتى.

ئەمىر تېمۇرنىڭ لەشكەرلىرى توپ - توپ بولۇپ، بىرخىل رەڭدە ۋە بىرخىل پورمىدا كىيىم كىيىشىپ، شان - شەۋكەت بىلەن كېلىشكە باشلىدى. ئاندىن كېيىن دەبدەبە - ھەشەمەت بىلەن ھەزرىتى ئەمىر تېمۇر ساھىبقىران كېلىشكە باشلىدى. مەۋلانە ئەللامە تەفتازانى بىر نەچچە ئۆلىمانىڭ ھەمراھلىقىدا ئوڭ تەرەپتە «زەيتىل ساھاب»غا ئوخشاش تۇغ - ئەلەملىرىنى باش ئۈستىدە تۇتۇپ كەلمەكتە ئىدى. قەلەندەرلەر ئاتلارنىڭ ئالدىلىرىدا «ھو. ھو...» دېيىشىپ تەلقىن بىلەن كېلەتتى. لەشكەرلەر ئۈچ كۈندە كېلىشىپ بولدى. غەيرەتلىرى جۇش ئۇرۇپ موسكۋاغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تەييارلاندى. موسكۋانىڭ ئەتراپىغا ئىككى - ئۈچ مىڭدەك زەمبىرەك قويۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ زەمبىرىكى كېلەگە ئوخشايتتى، 2000 دەك ئورۇس ئەسكىرى شەھەر ئىچىدىكى قورغان تاشىغا كېلىپ ئۇزۇن خادا تۇتۇشۇپ تۇرۇشاتتى. خادىلىرىنىڭ ئۇچىغا پىلتە باغلاپ، ھەر قايسىسى ئۆزىگە لايىق يەرنى كولاپ كىرىۋېلىشقانىدى.

ئۇلار پىلتىلەرنىڭ ئۇچىغا ئوت يېقىپ ھېلىقى زەمبىرەكلەردىكى دورىغا تەككۈزۈشتى. شۇ چاغ ساھىبقىراننىڭ قوشۇنى يېقىنلىشىپ كەلگەنىدى. تۇيۇقسىزلا گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار ياڭراپ كەتتى. قانچىلىغان لەشكەر، ئات - ئۇلاغ ئوق زەربىدىن پارچە - پارچە بولۇپ كەتتى. چاڭ - توزانلار ئاسمانغا ئۆرلىدى. ئوقلار يەرگە چۈشسە ھەممىنى ۋەيران قىلىۋېتەتتى. زەمبىرەكلەرنىڭ ئىسى پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ، ئالەمنى زىلزىلىگە سالدى. ئالەم ئىس-تۈتەكلەر تەسىرىدىن قاراڭغۇ - زۇلمەتكە ئايلاندى. بۇنى كۆرگەن ئەمىر تېمۇرنىڭ لەشكەرلىرى ھەيران قېلىشتى. ئەمىر تېمۇرمۇ تەئەججۈپلەنگەن ھالدا:

— ئۇلارغا يېقىنلاپ بارماڭلار! قايتىڭلار! — دەپ قوشۇننى قايتۇردى.

— ھەرقانداق كىشى، — دېدى ساھىبقىران، — مۇشۇ ئورۇسلارغا بىرەر چارە ئىشلەتسە، مەندىن نېمە تەلەپ قىلسا بېرىمەن!

شۇئان دۆلەت شەيخ ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى ۋە:

— مەن بىر چارە قىلىپ باقاي، لېكىن قىپچاق ئەسكەرلىرىنى تۈركىستانغا ئەۋەتىڭ. ھەرقايسىسى ئۆز يۇرتلىرىنى تاپسۇن، — دېگەنىدى، ئەمىر تېمۇر ماقۇل بولدى.

ئۇ كۈنى ئۆتۈپ ئەتىسى دۆلەت شەيخ ئاغزىغا يادا تېشىنى سېلىپ بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كەلدى. سۇغا مىڭ بىر قېتىم سۈپكۈشلىدى. ئاندىن ھاۋاغا قاراپ دەم ئۇردى. بىرئازدىن كېيىن ھاۋادا بۇلۇت پەيدا بولۇپ، بىردىنلا يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئورۇسلارنىڭ زەمبىرەك ۋە دورىلىرى يامغۇردا قالغانلىقتىن، پىلتىگە ئوت يېقىشۇدى، ئېتىلمىدى. شۇ چاغ ئەمىر تېمۇر قوشۇنلىرىغا ھۇجۇمغا ئاتلىنىشقا بۇيرۇق بەردى. قوشۇنلار بىردىن جەڭگە ئات سالدى. زەمبىرەككە يېقىن تۇرغان ئورۇسلارنى قىرىپ تاشلىدى.

شەھەرنىڭ قورغىنىنى ئالتە تەرەپتىن بۇزۇپ، باستۇرۇپ موسكۋاغا كىرىشتى. چاغاتاي لەشكەرلىرى شۇنداق ئۇرۇش قىلدىكى، ئورۇس-لارنى بوغدايدەك ئوروپ، پالاكەت خامىنىغا يىغىپ، پالاكەت ئۆكۈزى بىلەن تىپىپ — يانجىپ تۇپراق شامىلىغا سوروپ تاشلىدى.

شۇ دەمدە مەلىكە ئاق شەيخ يوقالغانىدى. ئۇنى ئاختۇرۇپ تاپالمىدى. بىر ئايال خىزمەتچى:

— ھازىرلا مۇشۇ ئۆيگە كىرىپ يوقالدى، — دەپ خەۋەر بەردى. ئىزدىگۈچىلەر كىرىپ قارىۋىدى ئۆيدە بىرنەچچە خۇم تۇرۇپتۇ.

مەلىكە ساھىبقىراننىڭ پودىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇنى زادى ياخشى كۆرمەيتتى. شۇڭا مەلىكە: «پودىغا خوتۇن بولغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى» دەپ ئۆزىنى هاراق تۇڭىغا تاش-لاپ ئۆلۈۋالغانىدى.

موسكۋا ئېلىنغاندىن كېيىن پودى موسكۋا ئاھالىلىرىگە ھىما-يەتكار بولۇپ تىلىنۋالدى. ھەزرىتى ساھىبقىران ئامانلىق بەردى. ئۇلار ئەمىر تېمۇرگە باج تاپشۇرىدىغان بولدى. پودى ئورۇسلارغا شاھ بولدى. ئورۇسلار باجنى مىرزا شاھرۇخ تۆرىنىڭ زامانلىرىغىچە بېرىپ كەلگەن بولسىمۇ، پودى مىرزا شاھرۇخ تۆرە ئۆلگەندىن كېيىن باج تاپشۇرۇشنى توختاتتى. موسكۋا بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر كۈنى ساھىبقىرانغا: «مىرزا شاھرۇخ تۆرە بۇلغاردىن قايتىپ كېلىۋېتىپتۇ» دەپ خەۋەر كەلدى. ساھىبقىران ھەممە ئەمىر - بەگ-لەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقاردى. تۆرە شان - شەۋكەت بىلەن ئەمىر تېمۇرنىڭ قىبلەگاھلىرىغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ زىيارەت قىلدى ۋە جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. ھەزرىتى ئەمىر تېمۇر پەرزەنت-لىرىدىن ھال - ئەھۋال سورىدى. مىرزا شاھرۇخ تۆرە ھەممە كۆرگەنلىرىنى بايان قىلىپ بەردى. ساھىبقىران ئوغلىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، بولۇپمۇ زۇلماتنىڭ ۋەقەلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى كۆرۈش ھەۋىسىگە چۈشتى.

كېيىن ساھىبقىران قوشۇنلىرىنى موسكۋادا قويۇپ، ئۆزى بۇلغار شەھىرىگە قاراپ ئاتلاندى. نەچچىلىگەن مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتۈپ بۇلغار شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. بۇ يۇرتلارنى بېقىندۇرۇپ بولۇپ، بۇلغاردىن ئۆتۈپ، كۆپلىگەن جاپا-مۇشەققەتلەرنى چەكتى. ئاجايىب-غارايىبلارنى كۆردى. شۇ تەرىقە بىرقانچە ۋاقىت ئۆتۈپ زۇلماتقا يېقىنلاشتى. ئەمىر تېمۇر ھەمراھلىرىدىن بىرىنى:

— بۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىگە كىرگىن! — دەپ بۇيرۇدى. ئۇ بۇيرۇق بويىچە قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىگە كىردى ۋە بىر ئازدىن كېيىن يۈز-كۆزى قانغا بويالغان ھالدا قېچىپ چىقتى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭدىن:

— نېمە باركەن؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

— ئاجايىب بىر نەرسىنى كۆردۈم، ئىككى كۆزى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىكەن. ماڭا ئۆزىنى ئۇردى. — دەپ جاۋاب بەردى. ئەمىر تېمۇر يەنە بىر توپ ئادەمنى كىرىشكە بۇيرۇدى، ئۇلارمۇ باش-كۆزى قان ھالدا يېنىپ چىقتى. بۇلارمۇ ئالدىنقىسىدەك جاۋاب بېرىشتى. دۆلەت شەيخ ئوغلان:

— بۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە ئۆكە (شەپەرەڭ) بولسا كېرەك. چۈنكى ئۆكە ئادەمنى كۆرسە ئۆزىنى ئادەمنىڭ يۈزىگە ئۇرىدۇ. — دېۋىدى، بىرنەچچە-ئادەم قولىغا مەشئەل ئېلىپ ساھىبقىرانغا ھەمراھ بولۇپ زۇلمەتكە كىرىشتى. كۆپلىگەن ئۆكە مەشئەلگە ئۆزلىرىنى ئۇرۇپ ئايلىنىپ كېتىشتى. كېيىن بىر جايغا كېلىۋالدى، يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان بىر نەرسىنى كۆرۈشتى. يېقىن بېرىۋىدى، بىر ئالىي ئىمارەت كۆرۈندى. تەرەپلىرى 300 گەزدىن، ئېگىزلىكى 100 گەز كېلەتتى. ئوتتۇرىسىدا بىر گۈمبەز بولۇپ، گۈمبەزنىڭ ھەر تەرىپى 150 گەز كېلەتتى. ھەممىسى شەمشات ياغىچىدىن ياسالغان بولۇپ، گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل جا-

ۋاھىرلار نەقىشلەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ شولىسى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇراتتى. ئۇلار ئىمارەتنىڭ ئەتراپىغا مەشئەل-چىراغلارنى كۆتۈرگەن ھالدا كېلىشتى. بۇ ئىمارەتنىڭ تاملىرىغا ناھايىتى كۆپ ئۆكە ئۇۋا سېلىشقانىدى. ئادەملەر ۋە مەشئەللەرنى كۆرگەن ئۆكىلەر قورقۇپ ھەر تەرەپكە ئۇچۇشتى. ئۇلار ھەرقانچە ئاختۇرۇپمۇ ئىمارەتنىڭ ئىشىكىنى تاپالمىدى. بىنانىڭ غەرب تەرىپىگە ئۆتۈپ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ شەكلىنى كۆرۈشتى. يەنە بىر ياينىڭ رەسىمىنىمۇ كۆرۈشتى. ئۇ چەمبەر شەكلىدە ئىدى. يەنە چېلەكنىڭ، چىرماشقان يىلاننىڭ رەسىملىرىنى كۆردى. ھەممەيلەن بۇنىڭغا ھەيران قېلىشتى. ئاشۇ شەكىللەرنىڭ ئاستىدا تۇتقۇچلىرىغا سېپىغۇچلار ئېسىلغان، چىغرىقتا ئوخشاش ئۆستەللەر بار ئىدى.

ئەمىر تېمۇر ئالىملاردىن:

— بۇ تىلسىماتنىڭ سىرى نەدە؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇلارمۇ ھەيرانلىقتا تۇرۇپ قېلىشتى.

— كىمدە، كىم مۇشۇ تىلسىمنى ئىلاج قىلىپ ئاچسا، — دېدى ئەمىر تېمۇر، — مېنىڭدىن نېمە تەلەپ قىلسا بېرىمەن!

شۇ يەردە بىر موللا بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇللا بولۇپ، ئەللامەنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىدى. لەقىمى «موللا كەستېلى» ئىدى. بۇ موللا ساھىبقىرانغا:

— ساھىبقىران ئەپەندىم. بۇ ئىمارەتنىڭ تېمىدىكى ياينىڭ رەسىمى يۇنان تىلىدىكى «خائ» ھەرپىنى، چېلەكنىڭ رەسىمى «فائ» ھەرپىنى، يىلاننىڭ رەسىمى «دال» ھەرپىنى كۆرسىتىدۇ. ئەبجەد ھېسابىچە ھېسابلىغاندا، بۇ 684 نى بىلدۈرىدۇ. ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ مۇبارەك قەبرىلىرىنىڭ سانى 684 تۇر. ھەرپلەرنى جەملىسە، «خەفرۇ» دېگەن سۆز بولىدۇ. «خەفرۇ» لۇغەتتە «تېز كەتمەك» دېگەن بولىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: «جاھانغا كىم كەلسە يەنە تېزلىك بىلەن كې

تەر» دېگەنلىك بولىدۇ. گۇمانىمچە بۇ ئىمارەتلەر مەلىك ئىسكەندەر ئەپەندىمىزنىڭ مەقبەرىلىرىدۇر. كۆرگەن ئاينىڭ رەسمى «هام» ھەرپىدۇر. «هام» ھەرپى يۇنان تىلىدىكى قۇلۇپنى بىلدۈرىدۇ. يۇلتۇزنىڭ رەسمى «شبازە» ھەرپىدۇر. بۇ يۇنان تىلىدىكى ئاچقۇچنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن، مۇشۇ ئىمارەتلەرنىڭ قۇلۇپى بىلەن ئاچقۇچى مۇشۇلار ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. گۇمانىمچە مۇشۇ ئۇستەلنى بىر تەرەپكە سۈرسە ئىشىك ئاشكارا بولسا كېرەك، چۈنكى ئىمارەتتىن ئات كىشنىگەندەك ئاۋاز كېلىپ تۇرىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى. موللا كېلىپ ئۇستەلنى سول تەرەپكە سۈردى. ھېچ نەرسە مەلۇم بولمىدى. ئوڭ تەرەپكە سۈرۈۋىدى، كۈچى يەتمىدى. ھەزرىتى ئەمىر تېمۇر كېلىپ بىر زو قىلغىنىچە ئۇستەلنى سۈردى، ئۇستەل ئاستا ـ ئاستا تامدىن ئاجرالدى. ئاندىن ئىمارەتنىڭ ئىشىكى نامايان بولدى. «شبازە» دېگەن ئاچقۇچنى «هام» دېگەن قۇلۇپقا سېلىۋىدى، ئىشىك دەرھال ئېچىلدى. مەقبەرىنىڭ ئىچى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇق ئىدى. كىرگەنلەر تەئەججۈپلەنگەن ھالدا قارىشىۋىدى، ئىشىكنىڭ يۇقىرىسىدا بىر لەۋھە كۆرۈندى، كېلىپ ئۇنىڭغا قارىۋىدى، يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىلەر ئايان بولدى. ئۇلار «جاھاننەما دېگەن شۇ ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاشتى. لەۋھەنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇ يەردىن ئاجرىتىپ ئالالمىدى. ئۇنى شۇ يەرگە ئورنىتىۋەتكەنىدى. ئەمىر تېمۇر جاھاننەمىگە قاراپ سەمەرقەنتنى كۆرۈپ قالدى. تازا دىققەت بىلەن قارىسا خانىمچىنىڭ ئىشىكىگە كۆپ ئادەم توپلاشقانىدى. ئەمىر تېمۇر «بۇ قانداق ۋەقە» دەپ ھەيران قالدى. ئۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمىدى.

رىۋايەتچىلەرنىڭ دېيىشىچە، ساھىبقىران خانىمچىنىڭ قولىدىن ئەركان دۆلەتنى ئالغاندىن كېيىن، خانىمچە خالى بىر ئۆيدە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، كۆپلىگەن دۇئالارنى

ئالدىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. شۇڭا ئۇ ھەممىگە مەشھۇر بولدى. ساقاي-
مىخان، مىرەز، بىناپلار كەلسە، ئۇ دۇئا ئوقۇپ قويسا دەرھال
ساقىيىپ كېتەتتى. ھېلىقى خالايىقلارنىڭ توپلىنىپ قېلىشى شۇ
سەۋەبتىن ئىدى. جاھاننەمىنىڭ يۇقىرىسىغا مۇنۇ سۆزلەر يېزىلغا-
نىدى: «ئەي ئىبنى ئادەم، گەردىش روزىگاردىن، ھادىسە كېچە-
كۈندۈزدىن بولۇپ، بۇ يەرگە قەدەم باسسىڭىز، قەدەمنى زىنھار،
زىنھار بىلىپ دەسسەڭ. بۇ مۇقام، تاجىدار — سۇلتانلارنىڭ جا-
يىدۇر. بۇ جاھاننەمىدا كۆزگەنلىرىڭىز بىر ئىبرەتتۇر. بۇ دۇنيا
كۆپلىگەن ياخشى زاتلارنى يوقىتىۋەتتى. بۇ دۇنيا
شۇنداق بىر كونا ئۆتەڭدۇركى، قانچىلىغان كارۋانلارنىڭ توپىسىنى
شامالغا سورۇغاندۇر. ھەي ئەزىز، كۆڭلۈڭنى بۇ قاقباش دۇنياغا
قويما، كېچىسى چېچىڭغا ئەتىرلەر چېچىپ، كۈندۈزى يۈزىنى
پەردازلىغەنلىككە ئالدىنىپ كەتمە. بۇ جاھاننىڭ باغلىرى رەنجى
بىلەن داغدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ئالەمنىڭ گۈلىستانلىرىغا
قارىما، گۆرىستانلىرىغا قارا. ئۇلاردىن ئىبرەت ئالغىن. ھەي نۇر-
لۇق ئىنىم، تۆپتۈز قەددىڭ ئالەمنىڭ ھادىسىلىرىدىن پۈكۈلگەي،
ۋۇجۇدىڭنىڭ شەجەرى ئۆلۈم شامىلى ئارقىلىق ياپراقلىرىنى تۆك-
كەي، بۇ جاھاننىڭ دۆلىتى ئۆلۈم ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزى-
مەيدۇ. ھەي گۈزەل يىگىت بۇ غەزەل ساڭا نەسىھەتدۇر.

بۇ دۆلەت جاھاننىڭ دەرھەمغە ئەرزىمەيدۇ،
ئۆمرۈڭدىكى بىر شادلىق بىر غەمگە ئەرزىمەيدۇ.
دۆلەت ماڭا پاراۋان، دەپ بولما شاد ـ خەندان،
كۆردۈڭ جاھاننى چەندان، خورمىغا ئەرزىمەيدۇ.
دۇنيانىڭ بارۇ يوقى، چۈن بولسا ئاچۇ توقى،
تەگسە ئەجەلنىڭ ئوقى بىر دەمگە ئەرزىمەيدۇ.
ئالەمنىڭ چەشنى تويى نەقىش نىگاردۇر ئويى،

كېلگەندە ھەرگىزنىڭ بويى بىر شامغا ئەرزىمەيدۇ.
دۇنيانىڭ باغ ۋە مۈلكى، بوينۇڭغا باغلىق سەلكى،
ئۇتسا ئەجەلنىڭ ئىلكى پىلىزىمغە ئەرزىمەيدۇ.
ئالەم باتۇر دىلبىرى ئەرلىكتە ھەم چۈشىرى،
ياخوجا شەيخى پىرى ئىسمىگە ئەرزىمەيدۇ.

ھەي ئەزىزلىرىم، كۆردۈڭلەر. مەن يەر يۈزىگە غالىب ۋە خوجايىن بولۇپ سەلتەنەت سۈرۈپ ئۆتتۈم. ئىسمىم مەلىك ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئىدى. ھەي ئەزىزلەر، دۇنيانىڭ ھەممىسىنى ئىلكىمگە ئېلىپ، تەخت ئىتائىتىمگە بېقىندۇرۇپ، ئاخىرىدا بىر ئەجەلنىڭ ئىلكىگە تاقەت قىلالمىدىم. ئالەمنىڭ ھەممىسىنى، ئىختىيارلىق يىغىننى قولۇمدا تۇتاي دەپ، ئالەمنىڭ تاماشاسىغا كۆزۈم تويماي، ئاخىرىدا كۆز كاسىلىرىمغا تۇپراق تولدى. جەسىتىم يەر ئاستىدا بىر ئوچۇم توپا بولدى. ھەي ئەزىزىم، تىلىم دائىم پاساھەت بىلەن كالا مۇللانىڭ تىلاۋىتىدە ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا مۆھرى سۈكۈت قويغاندۇر. كۆزۈم تىرىكلىكنىڭ مەيارى بىلەن يالتىراپ تۇراتتى، ئەمدى ئۇنىڭغا تۇپراقلار قۇيۇلغاندۇر. كۆڭلۈم گۇمانلاردىن خالى، يۈزۈم نەپسانىيەت رەڭلىرى بىلەن بويالمىغان تازا ئىدى. ئەجەل شارابىدىن بىر تامچە ئىچكەندىن كېيىن گۆر ئىچىدە كەپىش ياستۇققا باش قويۇپ، تۇپراق كۆرپىسى ئۈستىدە ياتىمەن.

نەسىھىتىم شۇكى، ھەي جېنىم قېرىنداش، چىدا، بۇ دۇنيانىڭ مېھرىگە كۆڭۈل بەرمە، يۈرەك - باغرىڭنى بىھۇدە ئىشقا داغلىما. دۇنيانىڭ مېھرىسىگە ئالدانما. ئىبرەت كۆزىنى ئاچقىن. ئەگەر زامانىنىڭ سۇلايمانى بولساڭمۇ، ئۆلۈمدىن ساڭا ئامانلىق يوق، دەرماندا بولۇپ ئارماندا قالمىغىن.

بۇ ھېكمەتكە باققىن، نەزەر سال،
ئەھۋالى زاماندىن خەبەر ئال.
كۆردۈڭ بۇ پەلەكنى بىۋاپادۇر،
دائىم ئىشى جەبىر بىلەن جاپادۇر.
بىلسەڭ بۇ جاھاننىڭ مادارى يوقتۇر،
شات ۋە غەمنىڭ ئېتىبارى يوقتۇر.
دۆلەت بىلەن مال ۋە جاھى دۇنيا،
ھېچ پايدا يوق چو نەقش بورىسا.
ھەي ئەقىل ئىگىسى پاكىزەدىن،
تۇت ئەقىل ئېتىكىنى، بولما چىركىن.
جەززىكىرى خۇدا بارى ئەبەسدۇر،
تارتقىن قەدىمىڭ، ھەر ئىش ھەۋەستۇر.
سالما ئۆزۈڭنى ئاتەش ـ جاپاغا،
قالما غەم ۋە مېھنەت ـ بالاغا.
نىچۈن ئۆزۈڭگە زىيان ئېتەرسەن،
ياخشى ئېتىگىنى يامان ئېتەرسەن.
ئەلۋەتتە زەلىل خارى بولۇرسەن،
بۇ پېئىل بىلەن شەرمسار بولۇرسەن.
سەن ئالەم ئىچىدە ئۇلۇغ ناملىق بول،
مېئىرىپەتلىك تامام خاسۇ ئام بول.
سەرما يەرلىرىگىدىن ئەيلىگىن سود،
ئول سود نەدۇر رىزايى مەئبۇد.
قايىتساڭ يەنە كەلدىڭ مۇقامغا،
قابىلمۇ چۈشەرسەن ئېھتىرامغا.
مەن ئالەم ئارا ئىسكەندەر ئىدىم،
مەنسۇركى سەجرە بىلەن بىر ئەردىم.
تەدبىر بىلەن ئېلىپ جاھاننى،

كۆردۈم نەچچە ياخشى - يامانني.
تەسغىر قىلىپ نەچچە تىلسىمات،
ئالەمنى زەررىن ئەتمەككە جەمئە پات.
سودا بولمىدى ماڭا خەسچە ئاندىن،
يىغدىم بۇ جاھاندا كۆپ خازىنىن.
بىشىم ئۆزرە ئىردى تاج - دۆلەت،
ئاخىرى بارى بولدى خاك ھەسرەت.
تەسغىر ئىتەردە چۆل بىلەن كۆل،
ھەم بولمىدى چىنچە بارەنقىم ھۆل.
تاپمايكى بۇ ئالەمنىڭ گەزىنىدىن،
يوق ئۆزگە ئۇچ ئارشۇنى كىيەندىن.
يوق دۇنيا ئىشى خاتادىن ئۆزگە،
بىھۇدە ئىرۇر سوخادىن ئۆزگە.
ھەر نەرسە قولۇڭغا كەلسە ئىھسان،
قىلغىلىكى ئىرۇر رىزاي رەھمان.»

قىسسىنى داۋام قىلايلى. ساھىبقىران بۇ نەسىھەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن كۆپ يىغلىدى. بۇ يىزىلمىلارنى بۇ يەردىن كۆچۈرۈۋالماقچى بولۇپ، ھەرقانچە زور قىلغان بولسىمۇ ئالالمىدى، ئاخىرى بىر زىلزىلە پەيدا بولدى. گوياكى يەر ئۆرۈلۈپ ھەممە نەرسە يەر تېگىگە كىرىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ساھىبقىران ئۇنىڭغا دەخلى قىلماي باشقا ئۆيلەرگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭدا بىر ئاتنى كۆرۈشتى. ئات ئوقۇرغا باغلاقلىق بولۇپ، ئالدىدا قەنت بىلەن سۈت تۇراتتى. ھېچكىم ئاتنىڭ قېشىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

ئىپتىشلىرىچە بۇ ئات ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئىدى. ئۇنى ئاخىرقى زاماندا ئىمام مەھدى ئېلىپ چىقارىدى. ساھىبقىران ئۇ يەردىنمۇ ئىلاجسىز قايتىپ چىقتى. ھاۋا ناھايىتى

سۇغۇق ئىدى، ئۇ تاشقىرى چىقىپ قۇشخانىغا كەلدى. ئۇ يەردە 200 چە كىشىنى قويۇپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى ھەممىسىنىڭ قارنى يىرىلغان، قېنى تۆكۈلگەنىدى. بەزىلىرى يىنچە، بەزىلىرى ئۆگدىچە ياتاتتى. ئۇلار پەقەت بىرىبىرىنىلا چالا ئۆلۈك ھالدا تېپىشتى. ئۇنى داۋالاپ ھوشىغا كەلتۈرۈشتى. ئاندىن ئۇ:

— سىلەر كەتكەندىن كېيىن ئون كۈن ئۆتۈپ بۇ غار ئىچىدىن بىر خىل مەخلۇقلار چىقىشىپ، بۇ يەرگە كېلىشتى ۋە بىزگە ھۇجۇم قىلىشتى. ئۇلارنىڭ تىرناقلىرى خەنجەردىن ئۆتتىك ئىدى. ئۈچ كۈنگىچە ئۇلار بىلەن جەڭ قىلدۇق. ئاخىر ئىلاج قىلالمىدۇق. ئۇلار بىزلەرنى ھالاك قىلىپ، يەنە غارغا كىرىپ كەتتى، — دېدى.

ھەممەيلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىشتى ۋە ھەيران قېلىشتى. پودى:

— ئۇلارنىڭ يولىغا زەھەر ئارىلاشتۇرۇلغان يېمەكلىك قويۇپ قويۇڭلار، — دەپ يول كۆرسەتتى، شۇنداق قىلىنىۋىدى، ئۇ مەخلۇقلار يېمەكلىكلەرنى يەپ بىردەمدىن كېيىن ئىششىپ، يېرىلىپ ئۆلۈشتى.

ساھىبقىران يەنە يولغا چۈشۈپ، نەچچە كۈندە شور دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى. ئاندىن مۇسكۇۋا تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى، ئالدى تەرىپىدە بىر تاغ كۆرۈندى، شۇ يەردە ئەمىر تېمۇر يەر قانچىلارنى تاتلىق سۇ تېپىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمىدى. ئاخىرى ساھىبقىران ئۆزى ئۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتى، ئۇ قارىسا بىر دەرەخنىڭ ئۈستىدە بىر قۇش ئولتۇراتتى. ئوق ئېتىۋىدى، قۇش ئۇچۇپ كەتتى. ئوق بىر يەرگە بېرىپ چۈشتى. ئىزدەپ بېرىپ قارىسا ئۇ يەردە مېقىناتىس (ماگنىت) كۆپ ئىدى. ئوق بىلەن قۇش بىر مېقىناتىسقا يېپىشىپ قالغانىدى. ئەمىر تېمۇر ئەتراپقا قارىۋىدى، سۇ ئىزدەپ

بارغانلارنىڭ ھەممىسى قورال ـ ئەسلىھەلىرى بىلەن مىقناتىسقا چاپلىشىپ قالغانىدى، ئەمىر تىمۇر ئۇلارنى قۇتۇلدۇردى. ئاندىن ئۇلار بۇ تاغنى سەيلە قىلىشتى. كۆپلىگەن ئاجايىپ ـ غارايىپلارنى كۆرۈشتى. بىر يەرگە كېلىپ تاغ ئارىسىدىكى بىر تار يولنى كۆرۈشتى. ئۇ يولغا كىرىپ مېڭىۋېرىشتى، ھەر بىر يەردە قولىغا يا بىلەن ئوق ئالغان بىر ئادەم پات ـ پات ئوق ئېتىپ تۇراتتى. ئەگەر كىم يېقىن بارسا ئوق تېگەتتى. ئەمىر تىمۇرنىڭ ئادەملىرىدىن ھېچكىم يېقىن بېرىشالمىدى. ساھىبقىران لەشكەرلىرىنىڭ بىرىنىڭ مىقناتىس تېشى بار ئىدى. ئۇ كىشى تاشنى دەرھال قوينىدىن ئېلىپ، ئوق ئاتقۇچىنىڭ قېشىغا يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ ئاتقان ئوقى خاتا كەتتى. ئۇ ئوڭ ـ سولغا قارىماي يۈگۈردى. ئوق كېلىپ ئەمىر تىمۇرنىڭ ئادىمىنىڭ كۆكسىگە تەگدى. لېكىن ئۇ ئۆلمىدى. قارىسا ئۇنىڭ كۆكسىگە مىقناتىس تېشى قويۇلغانىدى. ھېلىقى ئادەم بۇرۇنقىدەك تۇراتتى. لېكىن ئۇ ئوق ئاتالمىدى.

ئەمىر تىمۇر ئۇ ئادەمنىڭ قېشىغا كېلىپ قارىۋىدى، ئۇ ئەسلى ئادەم ئەمەس، ھەيكەل ئىكەن. ئەمىر تىمۇر:

— ھۆكۈمالار بۇ ھەيكەلنى بۇ يەرگە بىكار قويغان ئەمەس. ئەلۋەتتە بۇنىڭدا ۋەقە بار، — دېدى ـ دە، بۇ سىرنى بىلىش ئۈچۈن كۆپ ئىزدىنىپ يۈرۈپ دەريا بويىغا چىقىپ قالدى. ھېكمەتتىن ھېچنەرسە تېپىشالمىدى. بۇ پېشىن ۋاقتى ئىدى. مەزىن پېشىنگە ئەزان ئېيتتى. مەزىن «ئاللاھۇئەكبەر!» دېسە، ئۇ تاغدىنمۇ «ئاللاھۇئەكبەر!» دېگەن سادا كېلەتتى. ئەمىر تىمۇر:

— تاغنىڭ ئىچىدە بىر ئۆي بولسا كېرەك، — دېگەنىدى، ھەمراھلىرى:

— تاغلارنىڭ قائىدىسى شۇ، ئادەم نېمە دېسە، شۇنداق سادا چىقىرىدۇ، — دېيىشتى. ئەمىر تىمۇر ئىشەنمەي:

— بۇ ئادەمنىڭ ئاۋۇشى، — دېدى.

مەزىن: «ئەشەدۇ ئەللائىلاھە» دىن «مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا» غا يەتكەندە، تاغدىن: «قەررەتى ئىنىنەپكە يارەسۇلىللا!» دېگەن ئاۋاز كەلدى.

ھەممەيلەن ئەمىر تېمۇرنىڭ دانالىقىغا ئاپىرىن ئوقۇشتى. ھەممەيلەن ئەزاننىڭ جاۋابىنى تولۇق ئاڭلاشتى. ھەممەيلەن ھەيران بولۇشقان ھالدا يىغلاشتى. گوياكى كىچىك قىيامەت بولدى. لېكىن ھېچ كىشىنى كۆرمىدى. بەزىلەر:

— بۇ شەيتاننىڭ ئىشى، — دېيىشكەنىدى. ئەمىر تېمۇر توغرا كۆرمىدى ۋە:

— بۇ شەيتاننىڭ ئاۋازى ئەمەس، چۈنكى شەيتان، ئەزاننىڭ جاۋابىنى بەرمەيدۇ. مۇشۇ ھادىسىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەيدىغان بولسام بۇ يەردىن كەتمەيمەن، — دەپ ۋەدە قىلدى ۋە شۇ يەردە تۇردى. يېرىم كېچە بولماي تۇرۇپلا دەريانىڭ يۈزىدە چىراغ يورۇقى كۆرۈندى. زەن سېلىپ قاردىۋېدى، ئۇ چىراغ ياندۇرۇلغان كېمە ئىدى، كېمىدىن بىر ئاتلىق ۋە بىر پىيادە ئادەم چىقتى. ئىككىسى تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ:

— ھەي تۇراپ، يېقىن كەل! — دېدى. تاغدىن بولسا:

— ھەي زالىم، مېنى ئىختىيارىمغا قوي! — دېگەن سادا چىقتى. ئاتلىق كىشى قورالدىق ئىدى. ئۇ تاغدىكى بىر غارنىڭ ئىشىكىنى تېپىپ، ھېلىقى پىيادە خىزمەتچىسىگە:

— ئۇنى ئېلىپ كەل! — دەپ بۇيرۇدى. خىزمەتكار غارغا كىرىپ بىر قېرى كىشىنى ساقىلىدىن تۇتۇپ ئېلىپ چىقتى. ئۇ كىشى مۇلايىملىق بىلەن:

— مەن مائىمۇردۇرمەن، — دېسىمۇ، خىزمەتكار ھەرگىز ئۇنىمىدى. خىزمەتكار ئۇنىڭغا پوپوزا قىلىپ:

— سېنى ئۆلتۈرىمەن! — دېگەنىدى، قېرى كىشى:

— زادى ئۆلمەيمەن! — دەپ جاۋاب ياندۇردى.

ئاتلىق قىلىچىنى يېنىدىن چىقىرىپ ئۆلتۈرۈشكە تەمشەلگەندى ئەمىر تېمۇر:

— مەن بېرىپ قۇتقۇزۇۋالىمەن، — دېدى. يولداشلىرى ئەمىر تېمۇرنى ئەۋەتمىدى. ئاتلىق قېرى كىشىنى قىلىچ بىلەن چېپىۋېدى، ئۇنىڭ كاللىسى سويمىدەك يۇمىلىنىپ چۈشتى. ئەمىر تېمۇر ناھايىتى قايغۇلىنىپ:

— مەن بېرىپ ئۇنىڭغا دىمات بولسام بولاتتى، — دېدى ۋە ئىچى تىتىلداپ كەتتى. شۇئان غايىبتىن بىر قول كېلىپ، قېرى ئادەمنىڭ بېشىنى تېنىگە ئۇلاپ قويۇۋېدى، ئاقساقال دەرھاللا ئورنىدىن تىرىلىپ قوپتى. ئەمىر تېمۇر بۇ ئىشلارغا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇراتتى، ھېلىقى ئاتلىق:

— قانداقلارچە تىرىلىسەن؟ ئۇ كىمنىڭ قولى؟ — دەپ سورىدى قېرى ئادەمدىن. قېرى گەپ - سۆز قىلمىدى، ئاتلىق ئادەم يەنە قىلىچ سالدى، غايىبتىن كەلگەن قول قېرى كىشىنى يەنە تىرىلدۈردى. بۇ تەكرارلىنىش تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشتى. ئاتلىق ئادەم ئۇنى 70 قېتىم ئۆلتۈردى، غايىب قول ئۇنى تىرىلدۈرۈۋەردى. ھەممەيلەن بۇ ھالنى كۆرۈپ خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇشتى. ئەمىر تېمۇر تاقىتى - تاق بولۇپ:

— مەن بېرىپ ئۇنىڭ يولىنى توسىمەن! — دېدى.

ئۆمەر شەيخ تۆرە:

— مەن بارىمەن! — دېدى - دە، ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. قېرى ئۆزىنى بىر تەرەپكە ئالدى. ھېلىقى ئاتلىق ئادەم تۆرىگە قاراپ:

— سىلەرنىڭ مېنىڭ بىلەن نېمە ئىشىڭلار بار؟ — دەپ سورىۋىدى، تۆرە ھەيران بولدى. ساھىبقىران مىشئەلنىڭ يورۇقىنى كۈچەيتتى. ئاتلىق ئادەم نەچچە ئادەمنى يارىدار قىلدى. قېرى ئادەم:

— ھەي قوۋم، ئەمىرلىرىگلارنى مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتىڭلار! — دېدى، شۇندا قىلىچ ئارسلان كېلىپ، ئەمىر تېمۇرنى قىرى ئادەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. شەيخى فانى (ئۆلمەس شەيخ) ئەمىر تېمۇردىن:
— ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىغانىدى، ئەمىر تېمۇر:
— ئەمىر تېمۇر، — دەپ جاۋاب بەردى.
— كىمنىڭ نەسلىسەن؟
— يافەس ئىبنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ.
— دولاڭدا مەڭ بارمۇ؟
— بار!
— بۇ غارنىڭ ئىچىگە كىرگىن! — دەپ بۇيرۇدى قىرى، — يېرىم نەيزە بار، ئېلىپ چىقىپ بۇ كىشىنى ئۆلتۈرگىن!
ئەمىر تېمۇر دەرھال غارغا كىرىپ پولاتتىن ياسالغان يېرىم نەيزىنى كۆردى. ئۇ ئۈچ قېتىم كۈچەپ نەيزىنى ئالالمىدى. سىرتقا چىقىپ:
— كۈچۈم يەتمىدى، — دېۋىدى، قىرى:
— ئەزان تووۋلاپ ئالساڭ بولىدۇ، — دېدى، ئەمىر تېمۇر ئەزان ئېيتتى. «ئەشىدان مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» غا يەتكەندە، نەيزە يەردىن قوزغالدى. ئەمىر تېمۇر نەيزىنى ئېلىپ چىقتى. ھېلىقى ئاتالىق ئادەم:
— نەيزىنى بەرگىن، كۆرۈپ باقاي، — دېدى. قىرى شۇئان:
— بەرمە! نەيزە بىلەن ئۇنى ئۇرغىن! — دېدى. ئەمىر تېمۇر دەرھاللا نەيزە بىلەن ئاتلىق ئادەمنىڭ كۆكسىگە شىددەتلىك ئۇردى، نەيزە ئۇنىڭ كۆكسىنى تېشىپ ئارقىسىدىن چىقتى. ئۇ ئۆلدى.
— ھەي بوۋا، — دېدى ئەمىر تېمۇر، — كىم بولىسەن؟ ماڭا دەپ بەرسەڭ!

— ھەي ئەمىر تېمۇر، مېنىڭ ئىسمىم زائىپ. ھەزرىتى
ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ زامانلىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە تىرىك
مەن. ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئاسماندىن چۈشكۈچە تىرىك بولى-
مەن. ئەيسا پەيغەمبەر بۇ نەيزە بىلەن دەججالنى ئۆلتۈرگەي،
سەن ھېلىقى ئادەمنى ئۆلتۈردۈڭ، ئۇنىڭ ئىسمى خان ئاتالىق
ھېكىم فەرەڭگى. مېنى ئىنجىلنى ئوقۇپ يۈرۈپ بىلدى ۋە
ئاختۇرۇپ تاپتى. نەچچە قېتىم كېلىپ «ئامانەتنى بەرگىن!»
دېدى، ئۇنىمىدىم. يەنە «قىيامەتنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر
بەرگىن» دېدى. مەن سۆزلىمىدىم. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ
غەزىپى ئۆرلەپ مېنى ئۆلتۈردى. غايىبتىن قول كېلىپ مېنى
تىرىلدۈردى، بۇ قول ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ قولىدۇر، تۆتىنچى
ئاسماندىن كېلىپ مېنى تىرىلدۈرىدۇ، مېنى قانچە قېتىم
ئۆلتۈرسىمۇ تىرىلىۋېرىمەن.
— ھەي بوۋا، ماڭا قىيامەتنىڭ ئەھۋالىدىن سۆزلەپ بەر-
گىن، — دېدى ساھىبقىران.
قېرى قىيامەتنىڭ ئەھۋالىدىن كۆپلىگەن ۋەقەلەرنى
سۆزلەپ، ئاخىر زامان بولىدىغانلىقىغا ئەپكېلىپ سۆزىنى
تۈگەتتى. يەنە ئۇ:
— ھەي ئەمىر تېمۇر، ئاڭلا. ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىس-
سالام قايتا كېلىشتىن ئىلگىرى نەچچە شەھەر خاراب بولىدۇ.
بۇخارايى شەرىفنى خوتەكلەر (ئېشەكلەر) خاراب قىلىدۇ.
بۇخارا خەلقى خوجا ئوباندىن ئۆتۈپ، غەربكە كېتىدۇ. غەربكە
بارغۇچە كۆپ شەھەرنى خاراب قىلىدۇ. سەمەرقەنتنى
سۇ خاراب قىلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ
تۇتاملىرىدىن يىلانلار ئىسپاھانغا چۈشكەندى. يىلانلار ھىندىس-
تاننى بىر سائەتتە خاراب قىلغاي. تاغلارنى يامغۇر خاراب
قىلىدۇ. روسىيەنى سوغۇق خاراب قىلىدۇ. ھەبەشلەر مەككىنى

ئىشغال قىلىدۇ. ئەرەبلەر رۇمغا كېلىدۇ، ئۇ چاغلاردا كەئبە
خاراب بولىدۇ. ئاتا ئوغۇلدىن، ئانا قىزدىن رازى بولمايدۇ.
يۇرتىنىڭ قازى، مۇفتى ۋە سۇلتانلىرى ساختىلىق بىلەن ھۆكۈم-
رانلىق قىلىدۇ. مەدرىس ۋە مەسچىتلەر زۇلۇم بىلەن باشقۇ-
رۇلىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلار، قوشنىلار بىر - بىرى بىلەن
زىتلىشىدۇ. شەيخلەر شاگىرتلىرىغا مال - دۇنيا توغرىسىدىلا
تەلىم بېرىدۇ. يالغانچى كۆپ بولىدۇ. تېگى بۇزۇق كىشىلەر
خوجىلىق، باشلىقلىق دەۋاسىنى كۆپ قىلىدۇ. ئۆلۈمنى ياد
قىلىشمايدۇ. بۇ ئالامەتلەردىن كېيىن مەككىدە ئىمام مەھدى
14 ياشقا كىرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئون يىلغىچە شام،
رۇم، ئەرەبىستاندا سەلتەنەت سۈرىدۇ. ھەممە خەلق ئۇلارغا
ئىتائەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن دەججال لەئىن شەرق
تەرەپتىن ئېشەك مىنىپ يۈزى قارا، كۆزى كور ھالدا كېلىدۇ.
ماڭلىيىدا «ئەل كافىرۇ بىللاھى» دەپ يېزىلغان خەت بولىدۇ.
دىۋىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ كاناي، سۇناي، دومبىرا چېلىپ
كېلىدۇ. ئالەمدىكى پۈتكۈل يامانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا
تەۋە بولىدۇ. بۇ شۇم ئوڭ تەرىپىدە ئاچماق، سول تەرىپىدە
ئوتتىن قىلىنغان ئىشكەللەرنى كۆرسىتىپ خۇدالىق دەۋاسى
قىلىدۇ. كۆپ شەھەرنى ئالىدۇ. ئىمام مەھدى ھەزرەتلىرى
بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ «دەججالنى قاباھىتىدىن ئامان ساقلىغىن»
دەپ خۇداغا سېغىنىپ مۇناجات قىلىدۇ. شۇ زامان جۈمە كۈنىدە
ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئاسماندىن يەرگە چۈشىدۇ، ئەتىسى مەھدى
بىلەن ئەيسا ئەلەيھىسسالام خەۋەرلىشىپ، دەججال لەئىننى ئىز-
دەپ تاپىدۇ ۋە ھەزرىتى ئەيسا مۇشۇ نەيزە بىلەن ئۇرىدۇ. ھەز-
رىتى مەھدى قىلىچ بىلەن چاپىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن دەججال-
نىڭ لەشكەرلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلاردا
تىنچلىق دەۋرى باشلىنىپ شەرىئەت جانلىنىدۇ، — دەپ سۆزىنى
تۈگەتتى.

ساھىبقىران بۇ ئۆلمەس ئادەم بىلەن خوشلىشىپ ئاندىن موسكۋاغا ئاتلاندى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن موسكۋاغا كەلدى. پۇدىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، پۈتۈن ئۆزبېك قوشۇنلىرىنى ئېلىپ سەمەرقەنتكە كەلدى. يولدا بەزى چىنتەلەرگە: «كىملان ئېلىنى قۇم بېسىپ كېتىپتۇ. بۇ يەرنى قايتىدىن ئاۋات قىلىڭلار!» دەپ تاپشۇردى. ئاناق: «بۇلارغا بۇ ئىشنى بۇيرۇمايلى» دېۋىدى، ئەمىر تېمۇر ئۇنىمىدى.

كۈنلەردە بىر كۈن ساھىبقىران مىرانشاھ تۆرىنى زاكات ئالماق ئۈچۈن ھەرقايسى ئەللەرگە ئەۋەتتى. تۆرە ئەللەرنى ئارىلاپ ئىككى ـ ئۈچ يىلغىچە زاكات يىغدى. ئۇ قاتاغىن ئېلىگە كەلدى. ئۇلارنىڭ بېگى پولاتخاننىڭ ئوغلى ئوغۇلبېك ئىدى. ئۇمۇ تۆرەزادىلەردىن ئىدى. ئۇ مىرانشاھ تۆرىنى كۆپ ئىززەت قىلدى. ھەرقانچە زاكات بولسىمۇ شەرىئەت ھۆكمى بويىچە بېرەتتى. قاتاغىنلىقلار ئارىسىدا بىر يىگىتنىڭ ياخشى ئېتى بار ئىدى. ئۇنىڭغا تۆرىنىڭ كۆزى چۈشۈپ:

— بۇ ئاتنى ماڭا زاكاتقا ھېساب قىلىپ بەرگىن، — دېدى. يىگىت:

— بۇنىڭ ئورنىغا باشقا ئات بېرەي، — دەپ تۇرۇۋالدى. تۆرىمۇ سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئاخىر بۇلار جېدەللىشىپ قالدى. تۆرىنىڭ مۇلازىملىرىنىڭ ھەممىسىنى قاتاغىنلىقلار ئۆلتۈردى. تۆرىنى تۇتۇپ، بىر ھۇجرىغا بىر قانچە كۈنگىچە سولاپ قويدى. ئوغۇلبېك شۇ يەردە: «مەنمۇ خانزادە بولىمەن» دېگىنىچە پادىشاھلىق دەۋاسى قىلدى. ئۇنىڭ ئېلى بىلەن يابۇ ئېلىنىڭ بەگلىرى كېڭىشىپ ئوغۇلبېككە بويسۇنماقچى بولۇشتى. يابۇ ئېلىنىڭ يۇرت چوڭىنى قۇتۇلمىشبېك دېيىشەتتى ئۇنىڭغا ئوغۇلبېك قىزى سۆيۈرگۈزنى بەرمەكچى بولدى.

قۇتۇلمىشىڭ ساھىبقىران بىلەن جەڭ قىلماقچى بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئادەملىرى كۆپ ئىدى.

بىر كۈنى سۈيۈرگۈز ئالتۇندىن نەقىشلەنگەن دومبىرىنى چالغاچ مىرانشاھ تۆرە سولانغان ھوجرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى ۋە بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

قولغا ئېلىپ دومبىرا چىرتەر مېنىڭ تىرناقىم،
باردى ـ كەلدى مۇقامىم كېلىشتۈرگەن بارماقىم.
تىلىم زىكرىڭ سۆزلەيۈپ، كۆڭلۈم فىكرىڭ ئويلايۈپ،
سۆزلىگەندە تەۋرسۇر كۆرگۈلكى ئاق تاماقىم.

تۆرە سۈيۈرگۈزنى كۆردى. ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنىڭغا جان پىدا قىلاتتى. سۈيۈرگۈزنىڭ كۆزلىرى كېيىك كۆزلىرىدەك ئويناق ئىدى. بويى تۈپتۈز، ئۇلۇغۋار ۋە لەرزان ئىدى. يۈزى كۈندەك، بەدەنلىرى كۈمۈشتەك، چىشلىرى دۇردەك، ئۆزى ھۆردەك ئىدى. لەۋلىرىنى ئاچسا تىللىرىدىن شېكەر چېچىلاتتى.

— سېنىڭ گۇناھىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ تۆرىدىن.

— مەن ئەمىر تېمۇرنىڭ ئوغلى بولىمەن. بۇ يەرگە زاكات يىغىشقا كەلگەنىدىم. ئۇلار مېنى بۇ يەرگە سولاپ قويۇشتى، — دېدى تۆرە.

— مەن ئاتامغا نەسىھەت قىلسام پىسەنت قىلمىدى. ئەمدى بىر خەت يېزىپ ئاتاڭغا — ئەمىر تېمۇرگە ئەۋەتسەم دەيمەن.

— ئالاقىچىڭ بارمۇ؟

— بىر كېپىكىم بار، — دېدى سۈيۈرگۈز، — ئۇنىڭ بوينىغا خەت باغلاپ نەگە بۇيرۇسام شۇ يەرگە بارىدۇ.

سۈيۈرگۈز كېپىكنى ئەپكېلىپ بوينىغا خەتنى ئېسىپ تەۋرىزگە ماڭدۇردى.

بىر كۈنى سۈيۈرگۈزنى قۇتۇلمىشبىككە نىكاھلاپ بېرىشتى. ئۇ زامانلاردا ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە كۆيئوغۇل بىلەن كې-لىنىنى ئەلدىن يىراقراق قوياتتى. سۈيۈرگۈز گۈل قىسىپ گۈزەل-لەشتى. قۇتۇلمىشبىك قانچە ھەرىكەت قىلىپ كۆرسىمۇ بولمىدى. چۈنكى قىزنىڭ كۆڭلى تۇيۇغ بەگدە ئىدى. سۈيۈرگۈز ھىيلە ئىشلىتىپ قۇتۇلمىشبىككە شۇنداق دېدى:

— قاچانكى ئەمىر تېمۇرنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلسەڭ، مەن سېنىڭ بولىمەن.

ئەمدى ساھىبقىراندىن سۆز ئاڭلايلى:

ساھىبقىران بىر كۈنى ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ سۈيۈرگۈزنىڭ كېپىكىگە ئۇچرىدى. ساھىبقىران نەۋرىسى سۇلتان مۇھەممەتجان تۆرىگە:

— مۇشۇ كېپىكنى تىرىك تۇتۇپ كەل! — دەپ بۇيرۇدى. تۆرە فىرىس ئېقىمغا (ئاتنىڭ نامى — ت) مىنىپ كېپىككە قا-راپ ئات سالدى. ئۇنىڭغا 50 يىگىت ھەمراھ بولغانىدى. ھەممىسى يېتىشەلمەي، تۆرە ئىلگىرىلەپ كەتتى ۋە كېپىككە يې-تىشىپ ئوقيانى نىشانلاپ ئاتاي دەپ تۇراتتى. شۇزامات بىر تە-رەپتىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى. قارىسا قۇتۇلمىشبىك قوشۇن بىلەن كېلىۋېتىپتۇ. قۇتۇلمىشبىكمۇ سۈيۈرگۈزنىڭ كېپىكىنى تو-نۇپ قالدى ـ دە، دەرھال تۆرىنىڭ يولىنى توستى. تۆرە ئىككى كىشىنى ئوق بىلەن ئۆلتۈردى. قۇتۇلمىشبىك تۆرىنى قولغا چۈ-شۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشتى. تۆرە ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ شۇ يەردىلا بىر خەت يېزىپ بىر دەرەخنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويدى.

قۇتۇلمىشبىك كېلىپ تۆرىنىڭ قولىنى باغلىدى. قۇتۇلمىشبىك:

— مەن ئەمىر تېمۇرگە قارشى كىشىمەن، ئەمىر تېمۇر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

— مانا — مەن ئەمىر تېمۇر بولىمەن! — دېدى سۇلتان مۇھەممەت تۆرە.

قوتۇلمىشبېك سۇلتان مۇھەممەت تۆرىنى ھەيدەپ، سۆيۈرگۆزنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى ۋە «ئەمىر تېمۇر دېگەن مانا!» دەپ كۆرسەتتى.

— بۇ ئەمەس، — دېدى سۆيۈرگۆز، — ئەمىر تېمۇر دېگەن قېرى كىشى ئىمىش.

قوتۇلمىشبېك يەنە لەشكەرلەرنى يانىدۇرۇپ ئەمىر تېمۇرنى تۇتقىلى كەتتى.

— ھەي يىگىت، — دېدى سۆيۈرگۆز تۆرىگە قاراپ، — راستىڭنى ئېيت. كىم بولىسەن؟

تۆرە ئۇنىڭغا ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. قىز ئۇنى مىرانشاھنىڭ قېشىغا باشلاپ كەلدى ۋە ئىككىيلەننى كۆرۈشتۈرۈپ بىر ھۇجرىدا قويدى. ئۇلار شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى سۆزنى شاھىقىراندىن ئاڭلايلى:

ئەمىر تېمۇر تېخىچە ئۇۋدا ئىدى. قىز ھېلىقى كېيىكنى يەنە ئەۋەتتى. ئەمىر كېيىكنى كۆرۈپ يەتتە قېتىم شۇڭقار سالدى. كېيىك يەتتە شۇڭقارنى ھالاك قىلدى. ئەمىر تېمۇر بۇنى كۆرۈپ غەزىپى ئۆرلىدى-دە، بىر ئارغىماققا مىنىپ كېيىككە قاراپ ئات سالدى. بىر يەرگە كېلىپ چەك بەلگىلەرنى كۆردى. بەزى يەرلەرگە قان تېمىپ قالغانىدى. بىر دەرەخ شېخىدا بىر خەت تۇراتتى. بۇ نەۋرىسىنىڭ: «مەندىن خەۋەر ئېلىڭ» دېگەن خېتى ئىكەن.

كېيىكمۇ سۆيۈرگۆزنىڭ چېدىرىغا قايتتى. ئەمىر تېمۇر كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن قارا كۆرۈنەر يۈرۈپ، بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ چۈشتى.

سۆيۈرگۆزمۇ تاماق كۆتۈرگەن ھالدا چېدىردىن چىقىپ

تۇرغانىدى. ئۇ قولىدىكى ئاماقىنى ئەمىر تېمۇرگە ئەپكىلىپ بەردى ۋە ئەمىر تېمۇردىن:

— كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— قاتاغىن سىپاھىلىرىدىن بولىمەن، مەنسىپىم يۇرتاۋول، خوجەنتكە بارىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئەمىر تېمۇر.

شۇ چاغلاردا قۇتۇلمىشبېك ئۇۋ بولىۋاتقان جايغا يېتىپ كەلدى. ساھىبقىراننىڭ سىپاھىلىرى تېخىچە ئۇۋدا ئىدى. قۇتۇلمىشبېك ئۇلارنىڭ بىرقانچىسىنى ئۆلتۈردى ۋە بىرىنىڭ بېشىنى «ئەمىر تېمۇرنىڭ بېشى» دەپ لۆڭگىگە ئوراپ خادىغا ئاسقىنىچە قايتىپ كېلىپ ئەمىر تېمۇرگە ئۇچرىدى. قۇتۇلمىشبېك ساھىبقىراندىن:

— كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىۋىدى، ئەمىر تېمۇرمۇ ئۇنىڭدىن:

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىدى. قۇتۇلمىشبېك:

— ئىسمىم قۇتۇلمىشبېك، يابۇ ئېلىنىڭ بېگى بولىمەن. ئەمىر تېمۇرنىڭ بېشىنى كېسىپ كەلدىم. چۈنكى ئەغلان بېگىمنىڭ قىزىنىڭ قالىنى (تويلۇقى) ئەمىر تېمۇرنىڭ بېشى ئىدى، — دېدى.

— ئاچقىنا كۆرۈپ باقاي، — دېدى ئەمىر تېمۇر.

قۇتۇلمىشبېك لۆڭگىنى ئېچىۋىدى،

— بۇ باش ئەمىر تېمۇرنىڭ ئەمەس، — دېدى ئەمىر تېمۇر. بۇ سۆزنى قىز ئاڭلاپ قالدى. باشنى سۆيۈرگۈزنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىۋېدى، قىز قوبۇل قىلمىدى ۋە:

— ئاۋۇ بۇلاق بويىدىكى قېرى كىشى قاتاغىن ئېلىدىن ئىمىش، بۇ باشنىڭ راست-يالغانلىقىنى شۇنىڭدىن سوراپ باق، — دېدى. قۇتۇلمىشبېك ساھىبقىراننىڭ قېشىغا كەلدى ۋە سۆزلەي دەپ تەمشەلگۈچە ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ قولىنى بىر-

ئاز قورىدى. قۇتۇلمىشبېكنىڭ رەڭگى بۇزۇلۇپ، كۆزى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ قايغۇغا چۆمۈپ سۇيۇرگۇزنىڭ چېدىرىغا يېنىپ كەلدى. ئەمما ئەرلىك تەلىپى جەھەتتىن ھېچنەرسە دېيەلمىدى. قىز بۇ ئىشلاردىن زوقلاندى.

يېرىم كېچىدە بىر كىشى نالە-زار قىلىپ چۆل تەرەپتىن تۆگىگە مىنىپ كەلگىنىچە بۇلاق بويىغا چۈشتى. كەلگۈچى بىر يىگىت ئىدى. ساھىبقىران ئۇ يىگىتتىن:

— نېمە سەۋەبتىن يىغلايسەن؟ — دەپ سورىۋىدى، يىگىت:

— مېنىڭ ئېتىم تۇيۇغ بەگ. ئەمىر تېمۇرنىڭ بېشىنى تېپىپ كېلەي دەپ بېرىپ تاپالماي كېلىۋاتىمەن. ئىمەكدىشىم ئوغۇلبېكنىڭ قىزىغا ئاشىق ئىدىم. مەن ئۈچۈن سۆزسېپانغان قىزنى ئىمەكدىشىم يابۇئېلىنىڭ بېگى قۇتۇلمىشبېككە بەرمەكچى بولدى. شۇڭغا چىدىيالماي ئەمىر تېمۇرنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلمەكچى بولۇۋىدىم. بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغانلىقىم ئۈچۈن يىغلاپ يۈرىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

ساھىبقىراننىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى ۋە:

— ئەمىر تېمۇر ئەتە پالان يەردە — قۇملۇقتا ئۇخلايدۇ. بېرىپ ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ كەل، — دەپ ئېيتىپ بەردى. ئۆزى يىگىتتىن بۇرۇن بەلگىلىگەن قۇملۇققا باردى. يىگىتمۇ ئەتىسى قۇملۇققا كەلدى. قارىسا بىر كىشى قۇملۇقتا يۈزىگە ياغلىقنى ياپقان ھالدا ئۇخلاۋاتاتتى.

يىگىت ئاستاغىنا باردى-دە، ئۇيقۇدىكى كىشىنىڭ يۈزىدىكى ياغلىقنى ئېچىپ قارىۋىدى. ئۆزىگە يول كۆرسەتكەن ھېلىقى ئادەم شۇ ئىكەن. يىگىت ھەيران بولۇپ ئەمىر تېمۇرنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. شۇ ئارىدا چاغاتاي لەشكەرلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ تەرەپتىن يابۇ ئېلى قوزغىلىشتى. چاغاتاي يىگىتلىرى

ئۇلارنى شۇنداق قىرغىن قىلدىكى، بۇ ئۇرۇش تۆۋەندىكى شېئىردا مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

بىر يولى بارچىلار قويدىلەركى ئات،
ئىككى ياندىن سىلىنىشتىلەر ھەيھات!
ئەر - يىگىتلەرنىڭ غەيرىتى قايناپ،
تۇرمىدى تىنچ ئاتلىرى ئويناپ.
بولدى ئانداق ئۇرۇشلار قاتتىق،
نەيزىلەر سۇندى، ئوشتۇلدى مىلتىق.
كۆك ئۇزرە چىقتى كۆپ تۇزاڭ ۋە گەرد،
قولغا ئېلىپ قىلىچلارىنى ھەر فەرد.
مەرگ دەللالى بولدى چابىك چىست،
ئەقىد بەيئىنى ئاندا ئەيلەپ سوست.
قىزىق بولدى ئۆلۈم بازىرى،
مەلىكۇلموت بولۇپ خېرىدارى.
سۇ كەبى ئەلنىڭ قېنى تۆكۈلمەكلىك،
تەنلەردىن بېشى سۆكۈلمەكلىك.
تۇتۇشۇپ، چىشلىشىپ ئېلىشماقتىدۇر،
قارشى كەلسە كىم سىلىشماقتىدۇر.
بارچىسى بىر - بىردىن سۇرۇپ ھەريان،
بەزى جان ۋەھىمىدىن بولۇپ ھەيران.
كىم قېچىپ كىم قوغلاشنى بىلمىدىلەر،
چاڭدىن بىر - بىرىنى كۆرەلمىدىلەر.
قىر - سايدا توزاڭ ئېلىپ كۆزنى،
كىم تونۇر ئۇندا ياۋ بىلەن ئۆزنى.
تۇتۇشۇپ بىر - بىردىن قۇچاقلىشىپ،
گەر قىلىچ بولمىسا پىچاقلىشىپ.

ساي تېشىدەك سىيلاپ كېسىنىڭ باشنى،
بۇندا پەرق قىلالماي قېرى ـ ياشنى.
ئاتلار ئۆز ھالىچە يۈرۈر ئويناپ،
كىملەر جان بېرۇر تىلىن، چايناپ.
كىملەر زەخمىدىن ئىڭىشىپ قانى،
قىينىلار چىقماستىن نەچچىسىنىڭ جانى.

قىسسىمىزگە كېلەيلى: چاغاتاي ئېلى غالىب كېلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈم گەزەرمىسىگە ماڭدۇردى. ياۋۇ ئېلىدىن ئاران 100 چە كىشى قالدى. قۇتۇلمىشبېك جەڭدە ئۆلدى. تىرىك قالغانلار ئۇرۇشماسلىققا قەسەم بېرىشتى. سۈيۈرگۈز تۇيۇغ بەگكە نىكاھلاپ بېرىلدى. تۇيۇغبەگ سۈيۈرگۈزنى نىكاھلاپ ئېلىپ، نوكتەدانىنى ئېچىپ، مارجانلىرىنى چېچىپ، مۇرادىغا يەتتى.

ئەمىر تىمۇر بۇ ئىشلارنى تاماملاپ جۇرجان ئېلىگە قاراپ ماڭدى ۋە بىرقانچە كۈنلەردىن كېيىن جۇرجان ئېلىگە يەتتى. جۇرجان خەلقى ساھىبقىرانغا كۆپ ئىلتىپاتلارنى قىلدى. ئۇلار ئەمىر تىمۇرگە:

— مىر سەئىت شىرىپى دېگەن بىر يىگىت پەيدا بولدى، ئۇ: «ئادەمنىڭ جېنى سۇ بولىدۇ. ھەممە مەۋجۇدات سۇ بىلەن ياشنايدۇ» دەيدۇ. بۇ گېپىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن «قۇلى تائالا ۋە مەن ئىمائى كۈللى شەيئىن ھەييى» دېگەن ئايەتنى شاھىت كەلتۈرىدۇ. يەنە: «ئاللا تائالا پادىشاھدۇر. سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغاندۇر. ئەرشىنىڭ ئىككىنچى تەختى (قەۋىتى) پەرىشتىلەرنىڭ تۇرار جايى» دەيدۇ. بۇنىڭغا «ئەلئەيازۇ بىللاھى تۇۋاي تائالا ئەل رەھمانى ئەلەي ئەلئەرش ئەستەۋا» دېگەننى دەلىل كەلتۈرىدۇ. ئۈچىنچى: «مۇھەممەد نىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئەلىنى

شېرىك» دەيدۇ. بۇنىڭغا ھەم بىرقانچە ئايەتنى دەلىل كەلتۈردۇ، — دەپ مەلۇمات بېرىشتى. ساھىبقىران مىرسەئىت شىرىپنى چاقىرتىپ:

— ئوتتۇرىغا بىرقانچە مەسىلىنى قويدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى. مىرسەئىت شىرىپ ئىنكار قىلدى. ئۇ:

— ھەممە ئۇممەتلەر بۇ مەسىلىنى دېگەن كىشىگە لەنەتنامە يازسۇن. مەنمۇ لەنەتنامە پۈتۈمەن، — دېدى. ئەمىر تېمۇر بۇنىڭ كۆرەلمەسلىك سەۋەبىدىن بولغان ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇئان بارچە ئۆلىمالار لەنەتنامە يېزىشتى ۋە «مۇندىن كېيىن ھەرقانداق كىشى بۇنىڭغا ئوخشاش ئىغۋالارنى توقۇمىسۇن» دېيىشتى. لېكىن يەنە بىرقانچە مۇناپىق ئالىملارنىڭ قېشىدا: «مىرسەئىت دېگەنىدى» دەپ يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتى. ئالىم تەپتەزانى: «بۇنداق ئادەمنىڭ ئۆلگىنى ياخشى» دەپ ھەممە ئالىملارنىڭ پەتىۋاسىنى ئالدى. ئاندىن مىرسەئىتنى تاماقلار بىلەن قوشۇپ ساندۇققا سېلىپ، ئاغزىنى ئېتىپ دەرياغا تاشلىۋېتىشتى. دەريا سۈيى ساندۇقنى ئېقىتىپ بىر تاغقا ئۇردى. ساندۇق پارچىلىنىپ، مىرسەئىت بىر شالىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. مىڭبىر جاپادا ئاران قۇرۇقلۇققا چىقتى. تاغ بېغىرلاپ مېڭىپ 40 كۈندە پەرەڭلەر ئېلىگە يەتتى. ئۇ يەردىكى بىر دەريانىڭ بويىدا بىر يىگىت يالىڭاچ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا كېيىكلەر ئوتلاۋاتاتتى. مىرسەئىت ھەيران بولۇپ قاراپ تۇراتتى، بىر تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. چاڭ ئارىسىدىن 2000 چە بويىنىغا چىلپا ئېسىشقان پەرەڭ يىگىتلىرى ھېلىقى يىگىتنى ئايلىنىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۆز تىللىرىدا بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ، ھېلىقى يىگىتكە سەجدە قىلىشىپ يىغلاشتى ۋە يەنە قايتىپ كېتىشتى. ئارقىدىن 1 تۈمەنچە ئادەم كەلدى. ھەممىسى قارا ساقال بولۇپ، قورال - ئەسلىھەلەرنى بېكىتىشكەن، قوللىرىدا شا-

راپ تۇتۇشقانىدى. ئۇلار يالىڭاچ يىگىتكە سەجدە قىلىشتى. لې-
كىن يىگىت ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئىلتىپات قىلمىدى. يەنە
بىر توپ كىشى كەلدى. ئۇلار ئارغىماقلارغا مىنىشكەن بولۇپ
قوللىرىدا قامچا، كالتەك بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئاق-
ساقاللىق كىشى بولۇپ، بېشىدا شانۇ شەۋكەت بېغىشلايدىغان ئې-
سىل تاج بار ئىدى. بۇ كىشى توپتىن ئايرىلىپ چىقىپ يىگىتنى
قۇچاقلىدى ۋە يىغلاپ كەتتى. مىرسەئىت بۇ سىرنى بىلەلمەي
ھەيرانلىقتا پاتقانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەجەمدىن بارغان
بىر تاجىك بار ئىدى. مىرسەئىت ئۇنىڭدىن بۇ ۋەقەنى سوراپ-
ۋىدى، تاجىك:

— بۇ يىگىت باسلىقنىڭ ئوغلى، بۇلارنىڭ تىلىدا پادىشاھ-
نى «باسلىق» دەيدۇ. ئۇ رۇمغا بارغانىدى. ئۇ يەردە يەلىد رۇم
بايىز قەيسەرنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ. يەلىد رۇم ھۆكۈمالارغا بۇي-
رۇپ زىكرىگە كونا سۆيىنى قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يىگىت
تەلۋە بولۇپ قالدى، — دەپ چۈشەندۈردى.

مىرسەئىت:

— مەن ئۇنى داۋالايمەن، — دەپ ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى
ئاشكارىلىدى. تاجىك ئۇنى باسلىقنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى ۋە
ئۇنىڭ دېگىنىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. باسلىق ماقۇل بولدى.
چۈنكى ئۇ ئوغلى ئۈچۈن كۆپ قايغۇرۇپ يۈرەتتى. مىرسەئىت شاھ-
زادىنى كەلتۈرۈپ زىكرىنىڭ تۆشۈكىگە ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى
ئۇۋۇلاپ قويدى. ئالتۇن - كۈمۈش پارچىلىرى كونا سۆيىنى ئۆ-
زىگە تارتىۋالدى. شاھزادە ساقايدى. پەرەڭنىڭ باسلىقى مىرسە-
ئىتكە ناھايىتى كۆپ مۇكاپات بەردى. ئاندىن كېيىن مىرسەئىت
پەرەڭدىن چىقىپ نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ئىستانبۇلغا كەلدى.

ئۇ بىر كۈنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. شانۇ شەۋكەت بىلەن كې-
لىۋاتقان بىر مەپىلىك كىشىنى كۆردى. مىرسەئىت بىرىدىن:

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى:

— بۇ سۇلتان ۋەلىد مەۋلىۋى رۇمىنىڭ ئوغلى بولىدۇ. ھازىر يەلىد رۇمى بايىزىنىڭ بېغىغا كېتىۋاتىدۇ. ئۇ يەردە قەيسەر بار. پازىللار ئەھلىنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە بولۇشىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇ باغ دېڭىز بويىدا ئىدى. قەيسەر ھەر كۈنى شائىرلارغا شۇ يەردە كۆرۈنۈش قىلاتتى. مىرسەئىت شۇئان بىر نەزمە يېزىپ، بىر قومۇشنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئىككى تەرىپىنى موم بىلەن ئېتىپ، دېڭىزغا تاشلىدى. قومۇش سۇ يۈزىدە لەيلەپ ئېقىپ باغنىڭ ئالدىغا باردى. شۇ يەردە ئۇنىڭغا قەيسەرنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى ۋە خىزمەتچىلىرىگە بۇيرۇپ ئالدۇردى. ئېچىپ قومۇشنىڭ ئىچىدىن بىر خەتنى ئالدى. ئۇنىڭغا مۇنداق نەزمە پۈتۈلگەنىدى:

ئەي قومۇش ئەرزىمنى تەككۈز بەگلەرگە،
بولمىدى جا ھېچ سۆزۈم بىر دەپتەرگە.

— بۇ قومۇش ئىگىسىنى تېپىپ كېلىڭلار! — دەپ خىزمەتچىلىرىگە بۇيرۇدى قەيسەر. خىزمەتچىلەر مىرسەئىتنى تېپىپ سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. مىرسەئىت ھەممىسىدىن يۇقىرى چىقىپ ئولتۇردى. بۇ ئىشقا سۇلتان ۋەلىدنىڭ ئاچچىقى كەلدى.

— ھەي مۇساپىر، نېمىشقا بىزدىن يۇقىرى ئورۇنغا ئولتۇرۇۋالىسەن؟ — دېدى ئۇ مىرسەئىتكە.

— مەن سەئىت بولىمەن. — دېدى مىرسەئىت، — شائىر بولىمەن.

— موللا رۇمىنىڭ مۇنۇ بېيىتلىرىگە ھېچكىم مەنە ئېيتالمىغان. سەن شائىر بولساڭ، مەنە ئېيتىپ باققىنا، — دېدى سۇلتان ۋەلىد ۋە بېيىتنى ئوقۇپ بەردى:

ئىلىم ھەق دەر ئىلىم سوۋفى گۇم شەۋەد،
ئىن شۇخەنكى باۋەرى مەردۇم شەۋەد.

مىرسەئىت بەدىھە بىلەن:
— ئەس سوۋفى ھۇۋەللاھۇ تەئالا ئۆزى مۇنەززەھ ۋە مۇ-قەددەستۇر، — دىدى.

قەيسەر مىرسەئىتنىڭ مۇللىناسىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە شائىرلارغا:

— ھەر بىرىڭلار ئىككى مىسرادىن بېيىت يېزىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. سۇلتان ۋەلىد مەي قۇيغۇچىغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ھەر سۇبھى كەلتۈر شەراب ماڭا،
ئويغات ئانچە نىخاب ماڭا.

شائىر نىزامى مۇنۇلارنى ئوقۇدى:

تىز پۈكۈپ ئولتۇر ماڭا تۇتقىل سىراھىڭنى بۇ دەم،
چۈرئەنۇش ئەيلەي كۆتەرىلسۇن باشىمدىن دەردۇ غەم.

كەينىدىن شائىر مىسرى بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاياغچى ئاياغىڭ دەم ئۆتمەي قۇيەبەر،
سۇمۇرسەم نەچە مەن كەم ئەتمەي تويابەر.

ئاخىرىدا مىرسەئىت شىرىپ بۇلارنى ئوقۇدى:

يۈز ئۇزرە بۇگۈن ساچلارىنى يار تاراپتۇر،

چۈن بولدى تەرەب شاد كىمە بەخت قاراپتۇر.
ئول ساچلارىنى ئەبرەتۇرە سۇبھى شەمالى،
ئىسى كىلەدۇر ھەر قىلىدىن تۈركۈ ئەرەبتۇر.

شائىرلار بۇ سۆزنىڭ مەنىسىدىن تەئەججۈپلىنىشتى. قەيسەر ئۆيىگە قايتتى. قەيسەرنىڭ خوتۇنى ئىزىز مىسىرنىڭ قىزى ئىدى. ناگاھ قۇياش شاھمۇ شەپەق كۆرپىسىگە جاي ئالدى. تۈن كېلىنى بېشىغا قارا روملىنى يېپىندى.

قەيسەر شۇ كېچىسى خوتۇنى بىلەن كۆڭۈل ئېچىشىپ يېتىپ، بىر سەۋەب بىلەن خوتۇنىغا ئاچچىقلاندى - دە، چىچىنى كېسىۋەتتى. لېكىن كۆڭلىدە قايغۇردى، ئەتىسى سىرتقا چىقتى. شائىرلار تېخىچە سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئۇ شائىرلارغا:

— مەندىن ئۆتكەن ھادىسىنى رۇبائىي بىلەن ئىپادىلەڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

نىزامى ئورنىدىن دەرھال ئەدەب بىلەن تۇرۇپ بۇلارنى ئوقۇدى:

باغ ئاراچۈن غىبان كىم گۈلنى ئۈزدى بۇ كېچە،
سۇبھى دەمىدىن رەشك ئېتىپ سۈنبۈلنى ئۈزدى بۇ كېچە.
قايغۇ بىرلە غۇنچەدەك باغرىدا قان يا ئۇشبۇ كىم،
تۈشتى سەۋدا باشىغە، كاكۈلنى ئۈزدى بۇ كېچە.

شائىر مىسرى بۇلارنى ئوقۇدى:

باغبان ناگاھ كۆرۈپتۇر باغىنى،
گۈللەر ئەتراپىدا تۇرغان زاغىنى.
زاغلارە قىرغىن سالىپ چۈن قارچىغاي،
باغ ئارا ھەم كۆپ سالىپتۇر داغىنى.

مىرسەئىت بۇ رۇبائىينى ئوقۇدى:

ساچىڭە ئىلكىڭ ئۇزاتمە ئەي تاراق،
تىلما ـ تىلما ئەيلەسۇن جىسمىڭ ياراق.
ھىندىلەرنى مۇنچە تاراج ئەيلەدىڭ،
رۇمىدىن ئەندىشە قىلماي ئەي قاراق.

بۇ سۆز قەيسەرغە شۇنداق تەسىر قىلدىكى گوياكى ئوق كۆكرىكىدىن كىرىپ دۈمبىسىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. قەيسەر غەزەپلىنىپ مىرسەئىتنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. سۇلتان ۋەلىد شەپقەت قىلىپ توسۇپ تۇرۇۋالدى. ئاندىن مىرسەئىتنى زىندانغا سالدى. مىرسەئىت بىچارە ئالتە ئايغىچە زىنداندا قالدى. بىر كۈنى ۋەزىر قەيسەردىن:

— مىرسەئىتنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈڭ، — دەپ تىلىۋالدى.

مىرسەئىتنى زىنداندىن چىقاردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بەخت ياۋىر ئەيلىسە خەشفاش سەندان سۇندۇرۇر،
بەختسىز بولسا ئاتالا ئىچسە دەندان سۇندۇرۇر.
كىمسە مەندەك تالى پەرەست بولسا ئەھۋالى ئۇنىڭ،
يەر تۈۋىدە پىكرىكىم كىم رەنجى زىندان سۇندۇرۇر.

## قەھستاندا ھېكىم نىزارىنىڭ كىشىلەرنى ئاناسخا
## دىنىغا دەۋەت قىلغانلىقى، ئەمىر تېمۇر
## ساھىبقىراننىڭ بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ
## ئۈستىگە بارغانلىقى

ساھىبقىران مازاندىران ۋىلايەتلىرىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ

تۇراتتى، «ھېكىم نىزارى تاناسىخا دىنىنى راۋاجلاندۇرۇۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى ۋە قەھىستانغا يۈرۈش قىلدى.

رىۋايەتچىلەرنىڭ دېيىشىچە، ھېكىم نىزارى ئەسلىدە ناسىر خىسراۋنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولۇپ، ساھىبقىران ئۇلارغا زەربە بەرگەن ۋاقىتتا، بۇ شۇم قېچىپ قەھىستانغا كەلگەنىدى. ئۇ چاغلاردا قارا ئوسمان بەگنى شاھى شىجائ قەھىستانغا ھاكىم قىلغانىدى. ئۇنىڭ قېرىندىشى قارا يۈسۈپ بەگ ئازاربەيجانغا ھاكىم ئىدى. بۇلار ئەسلى تۈركمەن بەگلىرىدىن بولۇپ، ئوپۇزخان (ئوغۇزخان) نىڭ ۋاقتىدا تۈركمەنلەر ئاق ئۆيلۈك بولغانىدى. ئوپۇزخان قىرىدونغا زاماندا ئىدى. تەبرىستان، ئازاربەيجان... قاتارلىق ۋىلايەتلەر ئۇنىڭ ھۆكۈمىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن شاھى شىجائ ئەمىرلىك ئورنىغا ئولتۇرغانىدى. شاھى شىجائ قارا ئوسمان بەگنى ۋە قارا يۈسۈپ بەگنى ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قويغىنىغا بىر ئاز پۇشايمان قىلغانىدى.

ئېيتىشلارچە، ساھىبقىراندىن كېيىن قارا يۈسۈپ بەگ پادىشاھلىق دەۋاسى قىلىپ ئازاربەيجان، پارس، مازاندىرانغىچە ئىگىلىۋالدى. 52 يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن شاھى ئىسمائىل مەملىكەتلەرنى قولىغا ئالدى.

ھېكىم نىزارى شۆھرەت تاپقان چاغلاردا، قارا ئوسمان بەگنىڭ ھەسەن بەگ دەپ بىر ئوغلى بولۇپ 18 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ جۇدۇ كېسەللىكگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ھەر بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بىر پۇت ئۇننى ئاتىلا قىلىپ ئاغزىغا قۇياتتى، لېكىن زادىلا تويمايتتى. تېۋىپلار ئۇنىڭ كېسەلىگە ئامال قىلالمىدى. ئۇنىڭ قورسىقى تاغاردەك ئىششىپ كەتكەنىدى.

ھېكىم نىزارىنى چاقىرىپ ئۇنى كۆرسەتتى. ھېكىم كېسەلنىڭ سەۋەبىنى سورىۋىدى:

ــ بىر كۈنى سەھراغا چىققانىدىم، ــ دېدى بالا، ــ بىر

قىردا ئۇخلاپ قاپتىمەن. شۇندىن كېيىن بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم.

ئۇنىڭ قورسىقى دائىم مىدىرلاپ تۇراتتى. ھېكىم نىزارى: «قورسىقىدا يىلان بارمۇ ـ نېمە؟ يېگەن نەرسىلەرنى يىلان سۈمۈرۈپ كېتەمدۇ ـ قانداق؟» دەپ ئويلىغىنىچە، خىزمەتچىلەرگە: «لەئىل ـ مارجان ئېلىپ كېلىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. ئەپكەلگەندىن كېيىن ئۇنى يىپقا باغلاپ يۇتقۇزۇپ دەرھاللا تارتىۋېدى، لەئىل يوق بولۇپ چىقتى. ئىككىنچى قېتىم زۇمرەتنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ يۇتقۇزۇپ تارتىۋېدى، زۇمرەت قايتىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بالىنىڭ ئىچىدە يىلان بارلىقىنى جەزملەشتۈردى.

ئېيتىشلارچە، ھەزرىتى ئېلى كەرىمۇللاھۇ ۋەجھۇ زامانلىرىدا بىر يىگىت ئۇخلاپ قالغان چېغىدا ئاغزىغا يىلان كىرىپ كەتكەنىكەن. ھەزرىتى ئېلى ئەپەندىمىز كۆرۈپ، ئۇنى ئويغىتىپ، ئۇيان ـ بۇيان يۆگۈرتۈپ ھەرىكەتلەندۈرگەن، ناھايىتى چارچىغاندا ئۇنىڭغا سۇ بېرىپ قەي قىلدۇرغان. قەي بىلەن تەڭ يىلان يەرگە چۈشكەن.

ھېكىم قارا ئوسمان بەگكە قاراپ:

— ھازىر بۇ يىلان چوڭىيىپ كېتىپتۇ. بالىنىڭ قارنىنى ئۇۋا قىپتۇ. بۇنىڭغا ئىلاج قىلماق تولىمۇ قىيىن، — دېدى ـ دە، سۈت كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. خىزمەتچىلەر چېلەكلەردە سۈت كەلتۈرۈشتى. ھەممىنى بالىغا ئىچكۈزدى. بىردەمدىن كېيىن بالا قۇستى. سۈتنىڭ ھەممىسى يېنىپ چۈشتى، ئەمما يىلان چۈشمىدى.

ئاخىرى ھېكىم قارا ئوسمان بەگكە:

— ھەي بېگىم، بۇ ئوغۇلنىڭ خۇنىدىن ئۆتۈڭ، مەن بىر خىل چارە قىلىپ باقاي، — دېۋېدى:

— ئۆتتۈم، — دەپ رازى بولدى بەگ. ھېكىم شاراب كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. شارابنى بالىغا ئىچۈردى، بالا شاراب ئىچىپ مەست بولدى.

— ئەمدى بېقىنىدىن يېرىپ يىلاننى ئالىمەن، — دېدى ھېكىم. چۈنكى يىلان مەست بولمىسا بالىغا زىيان يەتكۈزەتتى. ھېكىم بالىنىڭ بېقىنىنى يېرىپ يىلاننى ئالدى. قىزىل يىپ-يىڭنە بىلەن يارغان يەرنى تىكتى. ئاندىن ئوغۇلدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشنى تاپىلىدى. بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن بالا ساقايدى. شۇنىڭدىن كېيىن قارا ئوسمانبەگ ھېكىمغا ئىخلاس قىلىشقا باشلىدى، ھېكىم كۈندىن-كۈنگە تاناسخا دىنىنى راۋاجلاندۇرۇشقا باشلىدى، بىر كۈنى ھېكىم نىزارى دەريادا كېمە بىلەن سەيلە قىلىۋاتاتتى، كېمىچى:

— ئايەردە بىر چوڭ بېلىق كېلىۋاتىدۇ، كېمىگە قەست قىلغۇسى، — دېدى. ھېكىم:

— قورقما! ساڭا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ، — دەپ خاتىرجەم قىلدى.

شۇئان دەريا مەۋج ئۇرۇپ، بېلىق كېمىگە يېقىنلاشتى. ھېكىم بېلىققا قاراپ:

— نومورى، ئەي دەريا بېلىقى! — دېدى. بېلىق بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا ياندى. كېمىدىكىلەر ئامانلىق تېپىشتى. ئۇلار ھېكىمدىن:

— نېمە دېدىڭ؟ — دەپ سورىغانىدى، ھېكىم:

— خۇداغا سەجدە قىلۇرسەن، دېدىم. بۇ گەپنى يۇنان تىلىدا «نومورى» دەيدۇ. بۇ بېلىق بۇرۇن ئادەم — زاھىت ئىدى. ھازىر شۇ نومورى دېگەن تەسۋىر سۆز ئېسىگە كېلىپ ياندى، — دەپ چۈشەندۇردى. قارا ئوسمان بەگ شۇنىدىن باشلاپ دەمدەمە پۇقرالىرى بىلەن مۇشۇ مەزھەپكە تەۋە بولۇشتى.

موللا ئابدۇراھمان ئوتروت: «كۆپىنچە تارىخىي كىتابلاردا كۆرۈشۈمچە، يەتتە كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى تاناسخا دىنىنىڭ مەزھىپى ئۈچۈن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىشقانىدى» دېگەنىكەن.

ھېكىم نىزارىمۇ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلدى، لېكىن ئاشكارا-
قىلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە سوپىتاي دەپ نام
قويدى ۋە ئۇ چۈشەندۈردى:
— پۈتۈن ئالەم كاتتا تەرەققىي قىلىپ قۇدرەتلىنىدۇ.
ئادەملەرمۇ گۈزەللىك ۋە خاراكتېر جەھەتلەردە تەرەققىي قىلىدۇ.
بىر خىل قىياپەتتىن يەنە بىر خىل قىياپەتكە ئۆزگىرەلەيدۇ.
ئادەمنىڭ جېنى بۇ جەسەتتىن چىقىپ باشقا بىر جەسەتنى
تېپىپ تىرىلىدۇ. بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۆرىلىپ، تۇغۇلۇپ
چوڭ بولىدۇ. ئالدىنقى قېتىمدا ئۆلگەن بارلىق نەرسىلەرنى
ئىككىنچى قېتىمدا تاپىدۇ. ئۈچىنچىگە ئۆتكەندىن كېيىن تەرەققىي
قىلىدۇ. ھەربىر ئۆزگەرگەن، تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن ئاخىرىدا
پەرىشتىلەر دەرىجىسىگە يېتىپ، يەتتە ئاسماننى كېزىپ چىقىدۇ.
مانا مۇشۇلار تاناسىخادىنى دېيىلىدۇ. ئەگەردە ئادەم ئەقىلسىز ۋە
بىلىمسىز بولسا، ئۇنىڭ جېنى قېلىپتىن چىققاندىن كېيىن،
ھايۋانلار سۈرىتىگە ئۆزگىرىدۇ. ئېيىقتىن، ئۆكۈزدىن ۋە شۇنىڭغا
ئوخشاش نەرسىلەردىن تۇغۇلىدۇ. لېكىن تۆت ئاياغلىق ھايۋانىڭ
ئەسلى جېنى ئادەمگە ئايلىنىدۇ. ئۇ ئادەمگە ئايلانسا ئەقىل-
ھوشى تازا ياخشى بولمايدۇ. لېكىن ھەممە ئىنسانلار بىلەن ئالاقە
قىلىشىۋەرسە تەرەققىي قىلغۇسى. كېيىن يەنە دەل-دەرەخ ۋە
ئوت-چۆپ بولۇپ كۆكىرىدۇ. تاش، تۆمۈر، تۇپراق شەكلىگە
ئۆزگىرىدۇ. خۇدا، ئادەم ئاتا بىلەن 1720 نەپەر ئەرۋاھنى
ياراتقان. ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئەمەس. بۇ روھلارنى ئادەم
ئاتا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا داخىل قىلدى. نەچچە زا-
مانلار ئۆتكەندىن كېيىن، ئادەمنىڭ روھىنى نۇھنىڭ جەسىتىگە
كىرگۈزدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ روھنى ئىبراھىمنىڭ جەسىتىگە
كىرگۈزدى. نۆۋەت بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ كەل-
دى. ئاندىن كېيىن پەرىشتە بولۇپ ئاسمانغا چىقىپ كەتتى،

كەلمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلاردىن كېيىن شەرىئەتپەرۋەر، تەرىقەتپەرۋەرلەر كەلمەيدۇ.

بۇ شۇم ھېكىم يەنە:

— مەن 72 مەرتىۋە دۇنياغا كەلدىم. ئىلگىرى تۇغۇلغىنىمدا سودىگەر ئىدىم، كېيىن قاسساپ بولدۇم. قوينىڭ قېنىنى كۆپ تۆككىنىم ئۈچۈن كېيىنكى نۆۋەتتە جېنىم بۆرە شەكلىگە كىرگەن، — دەپ سۆزلەپ بەردى.

بىر كۈنى ھېكىم نىزارى قارا ئوسمان بەگ بىلەن دالىدا بىرگە يۈرگەن چېغىدا، ئالدىغا ئۇچراپ قالغان بىر كونىراپ كەتكەن بۆرىنىڭ سۆڭەكلىرىنى كۆرسىتىپ:

— مەن بۆرە ئىدىم. بۇ مېنىڭ ئىلگىرىكى سۆڭىكىمدۇر، مېنىڭ بۆرىلىك ۋاقتىم ھەزرىتى ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ زامانى ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا ماڭا: «يۈسۈپنى يېدىڭ» دەپ تۆھمەت قىلىشتى، ئاندىن بۆرىلىكتىن ئادەم شەكلىگە كەلدىم. نەچچە نۆۋەت ئالەمگە كېلىپ ئەمدى يۇقىرى مەرتىۋىگە يېتىشتىم. بۇنىڭدىن كېيىن مالائىكە (پەرىشتە) سۈرىتىگە كىرىمەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئالەمگە كەلمەيمەن. سىلەر چۈش كۆرىسىلەر، گاھى تۈركىستاندا، گاھى ھىندىستاندا، گاھى ئەرەبىستاندا يۈرۈيسىلەر، گاھى تاشكەنتتە، گاھى سەمەرقەنتتە بولىسىلەر، گاھى سايدا، گاھى قىردا تۇرىسىلەر. ئىلگىرىكى زاماندا ئالەمگە كەلگەنلىكىڭلارنى روھىڭلار كۆتۈرىدۇ ۋە سەير قىلىدۇ. ھېچقانداق دىن بىزنىڭ مەزھىپىمىزدىن ئارتۇق ئەمەس، — دەپ نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلغان بولدى. بۇ ۋىلايەتنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ يالغان سۆزلىرىگە ئىشىنىشتى. ئۇ يەنە شۇنداق دېدى:

— ئاللا ئادەم ئاتىدىن ئىلگىرىمۇ ئىنسانلارنى ياراتقان، ئۇلار ئەۋەتىلگەن توپان بالاسىدا — ئوتتا كۆيدۈرۈلگەن. پەقەت ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا قالغان. ئادەم ئاتىنىڭ ئاتا-ئانىسى بار

ئىدى. ئاتىسىنىڭ ئىسمى سۇلايمان، ئانىسىنىڭ ئىسمى ماھىيار-دۇر. كېيىن نۇھ ئەلەيھىسسالامغا توپان بالاسىنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ قوۋملىرىنى ھالاك قىلدى. نوھنىڭ ئۆزى قالدى. توپان-دىن كېيىنكى ئادەملەر نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولىدۇ. ئالەمگە توپان بالاسى كەلسە ئىنسان ھالاك بولىدۇ، لېكىن يەنە بىر - ئىككىسى ھېلە بىلەن ساق قالىدۇ. بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ يەنە ئالەمگە ئادەم تولىدۇ. شۇڭا دۇنيا مەڭگۈ يوقالمايدۇ.

يەنە بىر كۈنى بۇ شۇم مەسچىتتە شاگىرتلىرىغا تاناسىخا دىنىدىن دەرس بېرىپ ئولتۇرغانىدى. بىر ئېشەك ئۇنىڭ دەرسخا-نىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى.

— بۇ ھايۋاننى قوغلاڭلار! — دەپ بۇيرۇدى ئۇ شاگىرت-لىرىغا. شاگىرتلار ئېشەكنى ئۇرۇپ قوغلىۋېتىشتى. بىردەمدىن كېيىن بۇ ئېشەك يەنە كەلدى. ھېكىم مەلئۇن:

— بۇ ئېشەك مېنىڭدىن ئىلگىرى بۇ مەدرىسكە مۇددەررىس ئىدى. ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى ئېشەك بولۇپ تۇغۇل-دى، — دېدى - دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئېشەككە قاراپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

مۇددەررىس ئىدىڭ، ئىلمىڭ يوق بولۇپتۇر،
ساقال - چاچلىرىڭ يايلى ۋە قۇيرۇق بولۇپتۇر.
ھەممە تىرناقلىرىڭ ئۆزگىرىپ تۇۋاقا،
ساڭا ئېشەك بولماقلىقا بۇيرۇق بولۇپتۇر.

يەنە ئۇ:

— ھەركىم كىشىنىڭ ھەققىنى يېسە، ئۆلگەندىن كېيىن روھى دىۋىگە ئۆزگىرىدۇ، ھەركىم زالىم بولسا ئۇنىڭ روھى يىلان - چايانىڭ شەكلىگە كىرىدۇ. ھەرقانداق كىشى ئۆز تەبىئىتىگە يارىشا بىر خىل ھايۋاننىڭ شەكلىگە كىرىدۇ، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ بۇ شۇم ھەممە ئادەمنى ئۆزىنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلدى. كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشتى. بەزى ئەللەر بۇنىڭ قىلىپ يۈرگەنلىرىنى ساھىبقىرانغا كېلىپ دېدى. ئەمىر تىمۇر ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى.

شۇ چاغلاردا قارا ئوسمان بەگ تەبرىستانغا كەتكەنىدى. ھېكىم قەھىستاندا ئىدى. ئەمىر تىمۇر يېتىپ كېلىپ شەھەرنى قامال قىلدى. مىرزا سەيپىددىننىڭ نەسىھەتنامە يازدۇرۇپ قىلىچ ئارسلاننى ئەلچى قىلىپ، نامىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

قىلىچبەگ يولۋاسقا مىنىپ شەھەرگە كىردى ۋە ھېكىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ يولۋاسنى ئىشىككە باغلىدى، ئۆزى ھېكىمنىڭ ئالدىغا كەلدى. قارىسا ئۇ سۆسەردىن جۇۋا كىيىپ ئولتۇراتتى. نامىنى ئۇنىڭ قولىغا بەردى. نامىدە ھەمدۇ ۋە نەئىتتىن كېيىن «ھەي ھېكىم نىزارى، رەسۇل ئەكرەم سەللاللاھۇ ۋەسسەللەمنىڭ شەرىئەتلىرىگە ئەمەل قىل. بۇ يالغان مەزھەپىڭدىن يانغىن. ناسىرخىسراۋنى كۆردۈڭ. ئۇنىڭ ئوغلى مەنسۇرنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىدىڭ. ئاقىۋىتى نېمە بولدى؟ سەن ئۇلاردىن ئىبرەت ئال!» دېيىلگەنىدى. ھېكىم دېگەن شۇم شۇنداق جاۋاب بەردى:

— بىزنىڭ مەزھەپىمىز خىسلەتلىكتۇر، بۇ مەزھەپمۇ رەسۇلنىڭ مەزھەپىدىن بولىدۇ. سەن بېرىپ ئەمىر تىمۇرگە ئېيتقىن، بىز ئەتە مەيداندا چېدىرلىرىمىزنى تىكىمىز. ئەمىر تىمۇر سۆزگە ئۇستا موللىلىرىدىن مېنىڭ ئالدىمغا ئەۋەتسۇن. ئۇنىڭ بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلىشايلى. كىمنىڭ سۆزى ھەق ئىكەن، كۆرۈپ باقايلى.

قىلىچبەگ تاشقىرىغا چىقتى. ھېكىم نىزارىنىڭ سوپىتايلىرى:

— بۇ يولۋاسنى بىر چەتكە قوي، بىز ئۆتۈۋالايلى، — دېيىۋېدى، قىلىچ ئارسلان:

— بۇنىڭ سىلەر بىلەن كارى يوق، — دەپ جاۋاب بەردى.

بىرى شۇ يەرگە يېقىن ھاجەتكە ئولتۇرغانىدى. يولۋاس ئۇنى چىشلىدى. بۇنى كۆرگەن ھېكىم:

— بۇ يولۋاس بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھالاكۇخان ئىدى، ئەمدى يولۋاس بوپتۇ. ھالاكۇ ئەسلىدە زالىم ئىدى. يولۋاسمۇ كىشىنىڭ، مەخلۇقلارنىڭ قېنىنى تۆككۈچىدۇر، — دېدى قىلىچبەككە قاراپ، — بۇ سېنىڭ بوۋاڭدۇر. شۇڭا سېنى مىندۇرۇپ ئېلىپ كەپتۇ. ئەگەر ئىشەنمىسەڭ بۇ يەردە بوۋاڭنىڭ قەبرىسى بار، قەبرە يەتتە قەۋەت، ئۇنىڭ قۇلۇپىمۇ يەتتە قات ياسالغان، ئۇنى ئېچىش ئۈچۈن ھېكىمنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدۇ. سەن بۇ يولۋاسنى مىنىپ قەبرىگە يېقىن بېرىپ باققىن، ئەگەر قۇلۇپ ئېچىلسا، بۇ يولۋاستا ھالاكۇنىڭ روھى بارلىقى راست بولىدۇ. ھەرقانداق قۇلۇپ ئۆزىنىڭ روھىنى كۆرگەندە ئېچىلىدۇ.

قۇلۇپتا راستىنلا: «ھالاكۇنىڭ ئەۋلادى كەلسە قۇلۇپ ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىدۇ» دەپ يېزىلغان خەت بار ئىدى. باشقىلاردىن 1000 كىشى كۈچەپمۇ ئاچالمايتتى. قىلىچ ئارسلان قەبرىگە بېرىپ شەرەت قىلىۋىدى، قۇلۇپ دەرھال ئېچىلدى. قىلىچ ئارسلان بوۋىسىنىڭ قەبرىسىگە كىردى. خوجا ئۇبۇلناسىر ئۇنى تىلسىم بىلەن ئىشلىگەنىدى. يەنى ئادەملەر «ھالاكۇ كاپىر ئىدى، دېيىشىپ قەبرىگە ئوت قويىۋەتمىسۇن» دېگەنلىكتىن شۇنداق قىلغانىدى. «بۇ يەرگە كىم كەلسە ئۇنىڭ قەدىمىنىڭ ئەجرى ئۈچۈن مۇشۇ قۇتا بېرىلىدۇ» دېيىلگەچكە قىلىچ ئارسلان قۇتىنى ئۈچ قېتىم كۈچەپ تولغىدى، ئەمما ئاچالمىدى. ئۇنىڭ ئاستىدا ئاچقۇچى بار ئىدى. ئاچقۇچنى ئېلىپ قۇلۇپقا سالدى ۋە ئۈچ قېتىم تولغىۋىدى، يەنە كۈچى يەتمىدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، ھېكىم نەزارى كېلىپ:

— «خوجا ئۇبۇلناسىرنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئېچىلسۇن» دېمسەڭ ئېچىلىدۇ، — دېدى. قىلىچ ئارسلان شۇنداق دېۋىدى، قۇلۇپ ئېچىلدى. ئىچىدىن بىر كىتاب چىقتى، ئۇ «ئەخلاق ناسىرى» ئىدى.

قىلىچ ئارسلان كىتابنى ئېلىپ قايتتى ۋە ئۇنى ئەمىر تېمۇرگە بەردى. ھېكىم نىزارىنىڭ جاۋابلىرىنى يەتكۈزدى. ئەمىر تېمۇر:

— كىم ھېكىم نىزارى بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلىشالايدۇ؟ — دېۋىدى، خىزمەتچىلەردىن بىرى:

— بىر يىگىت بار. بىلىمى مول ۋە كۆپ قىسسىلەرنى بىلىدۇ. نەچچە يىلدىن بېرى ھەجگە كەتكەنىدى. بۇ يىل قايتىپ كېلىپ بىر غارنىڭ ئىچىنى ۋەتەن تۇتۇپ يېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمى ھەمزە. ئۇنىڭ ھەجگە بېرىشتىكى سەۋەبى، مەۋلانە شائىر ئېلى ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىپ، ئۇنىڭغا بۇ غەزەلنى ئېيتقانىكەن:

ئەرباب ھۈنەر دەپتىرىگە خاجە ئەلىدۇر،
نېدىن سىز بۇلۇتقا تەبىئەت ئەزەلىدۇر،
بۇ سۆزنى پىسەند ئەيلەگۈ خاھ ئەيلىمەگىز،
بىلسۇن ھەمە كىم ھەمزەمەم ئۇستاد ۋەلىدۇر.

مەۋلانە ئېلى ئۇنىڭ جاۋابىغا مۇنداق دېگەن:

ئەي ھەمزە بىلىپ سۆزلەكى ھەق جاي ئەلىدۇر،
يۈز ھەمزە پەزىلەت ئىلە لالاي ئەلىدۇر،

ھەمزە بۇنى ئاڭلاپ قىسسە ئوقۇش، شېئىر يېزىشنى تاشلاپ ھەجگە كەتكەنىدى، — دەپ تونۇشتۇردى.

ئەمىر تىمۇر ئۇنىڭ سۆزگە ناھايىتى ئۇستا ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلدى ـ دە، دەرھال ئاناقنى ئۇنى ئەپكېلىشكە بۇيرۇدى.
ئاناق ھەمزىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنىڭ جۇۋا كىيىپ ئولتۇرغان-
لىقىنى كۆردى.

— ھەي مەۋلانە ئەپەندىم، سىزنى ئەمىر چاقىرىدۇ، —
دېدى ئاناق. لېكىن شەيخ بارمىدى. ئەمىر تىمۇر بىر ھەميان
ئالتۇن ئەۋەتتۈدى، شەيخ ئاندىن كەلدى. ئەمىر تىمۇر:

— مەن مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى تۇرۇپ، چاقىرتسام
كەلمەي، پۇل ئەۋەتسەم كەلدىڭىزغۇ؟ — دېگەنىدى.
شەيخ ھەمزە:

— «قالە ئەلەيھىسسالامۇ ئەل ئىنسانۇ ئەبىرۇ ئەلئىھسان»
دېگەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئەمەل قىلدىم، — دەپ
جاۋاب بەردى. بۇ سۆز ئەمىر تىمۇرگە ياقتى. ساھىبقىران
ئۇنى تاناسىخا دىنىنىڭ مەزھىپى قىلىۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەردار
قىلدى. شەيخ ھەمزە مۇنازىرە قىلىشقا ماقۇل بولدى.

تاڭ ئاتتى. ھېكىم نىزارى ئۇلاغ مىنىپ تاناسىخا دىنىنىڭ
مۇرىتلىرى ـ سوپىتايىلىرى بىلەن بىللە كېلىپ سەپ تۈزىدى.
شەيخمۇ ئىككى شاگىرتىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇر-
دى. شەيخ ھېكىم نىزارىغا قاراپ:

— ھەي ھېكىم، قايسى مەزھەپتىن بولىسەن؟ — دەپ سورى-
دى ھېكىم:

— تاناسىخا مەزھىپىدىن بولىمەن. ھەرقانداق ئادەم ياخشى-
لىق قىلسا جېنى مالائىكىنىڭ سۈرىتىگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر يامان
ئىش قىلسا ھايۋاننىڭ سۈرىتىگە كىرىدۇ. كۆرمەك، بىلمەك-
نىڭ ھەممىسى روھتىن بولىدۇ. مەن 72 قېتىم دۇنياغا كەلدىم.
ھەر خىل سۈرەتتە بولۇپ سەيلە قىلدىم. ئەمدى ھازىرقى قې-
لىپقا — مۇشۇ شەكىلگە ئېرىشتىم، — دەپ ۋەز ئوقۇدى.

— زۆرۇۋرى شۇكى ھەممە نەرسىلەرنى ئىلگىرى كۆردۇق، ئەمدى بۇ يەرگە كەلدۇق. ئۆتكەن ئىشلاردىن كۆڭلىمىزدە ھېچ نەرسە قالمىدى. بۇنىڭ سىرى نېمە؟ — دەپ سورىدى شەيخ ھەمزە، — كېلىدىغان نەرسىلەرنى چۈش كۆرىمىز. ئاگىرى ئۇلارنى گۆرمىگەنىمىز، نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟

ھېكىم نىزارى جاۋاب تاپالمىدى ۋە يۈزلىرىدىن تەر ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ:

— ئەتە ئىككىمىز يېقىلغان ئوتقا تەۋەككۈل قىلىپ كىرەيلى، قايسىمىزنىڭ ھەقىقەت بولسا شۇ يەردە مەلۇم بولسۇن، — دېگەنىدى. شەيخ قوبۇل قىلىپ، ئىككىسى مەيداندىن يېنىشتى. شاھىبقىران خۇداغا تەۋەككۈل قىلىپ ئوتۇن يىغدۇردى. ئۇ كۈنى كەچ كىرىپ، قۇياش يۇنۇسنى شەپەق دېڭىزىنىڭ بېلىقى يۇتتى. كۈندۈز شۇڭقارىنى تۈن قاغىلىرى قوغلاپ كەتتى. ئەمىر تېمۇر كېچىلەپ تۇرۇپ شېھىتلەرنىڭ قەبرىلىرىگە كېلىپ زىيارەت قىلدى. شۇئان ئېتىكاپخانىنىڭ ئارقىسىدىن يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ قارىۋىدى، ئىككى كىشىنى كۆردى. ئۇلار گۆر كولاپ بىر تاۋۇتنى كۆمۈپ ئاندىن كېتىشتى. ئەمىر تېمۇر شۇ زامات كېلىپ گۆرنى ئېچىپ تاۋۇتنى تاشقىرىغا ئالدى. تاۋۇتتا قانغا بويالغان بىر قىز ياتاتتى. ئۇنىڭ بىرئاز جېنى بار دەك قىلاتتى. ئەمىر تېمۇر قولىنى ئۇزاتقانىدى:

— ھەي خوجام، مېنىڭ نېمە گۇناھىم بار؟ ماڭا تۆھمەت قىلماڭلار، — دەپ جۆيلىدى قىز. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ سەل ھوشىغا كەلدى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭدىن:

— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىۋىدى، قىز:

— ھېكىم نىزارىنىڭ ئايال چاكارلىرىدىن بولىمەن. بىر قۇل ماڭا «زىنا قىلدىڭ» دەپ تۆھمەت قىلىپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈردى، — دەپ جاۋاب بەردى. ئەمىر تېمۇر ئۇنى ئۆزىنىڭ چېدىرىغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن:

— سەن بىلەمسەن؟ ھېكىم نىزارىنىڭ ئوتقا كىرىشكە جۈرئەت قىلىشتىكى سىرى نېمىدە؟ — دەپ سورىغانىدى. قىز:

— ھېكىم نىزارىدا بىر قۇتا بار. ئۇنىڭدا سەمەندەر يېغى بار، ئۇ بىر چاغدا ماڭا: «بۇ ياغنى بەدىنىمگە سۈرۈپ ئوتقا كىرسەم كۆيمەيمەن» دەپ بەرگەنىدى، — دېدى.

— ئاشۇ قۇتا قويۇلغان يەرنى بىلەمسەن؟

— قەيەردىلىكىنى بىلمەيمەن، — دېدى قىز.

(سەمەندەر — بىر خىل جانىۋار بولۇپ، تېنى ئوتتەك بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئوت تەسىر قىلمايدۇ.)

ساھىبقىران ئەتىسى شەيخ بىلەن ئاناقا بۇ ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى ۋە شەيخ بىلەن ھېكىمنىڭ ئوتقا كىرىشىنى توسۇپ قويدى. ئەمىر تېمۇر ئاناقا:

— سەن بېرىپ ھېكىمگە دېگىن. ئۈچ كۈن سەۋر قىلسۇن. قالانغان ئوت تازا ئەلەڭگە ئۆرۈپ كۈچەيسۇن، — دەپ بۇيرۇدى.

ئۈچىنچى كۈنى تەرەپ - تەرەپتىن ئادەملەر تاماشا كۆرگىلى توپلىنىشتى. شۇ كۈنى ئۆتۈپ، تۆتىنچى كېچىسى تۈن يېرىمىدا، ئاناق ھەييارلىق سايمانلىرىنى ئېلىپ، ئەمىر تېمۇرنى ئۆزىگە يولداش قىلىپ ھېكىمنىڭ ئوردىسىغا كەلدى. ئەتراپنى ئايلىنىپ كىرىدىغان يەرنى تاپالمىدى. شۇنداق يۈرگىنىدە توساتتىن بىر قارا كىيىملىك يىگىت ئوردىنىڭ تېمىدىن چۈشتى. ئۇ ئاناقنىڭ ئوغلى خۇمارى ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر قۇتا بار ئىدى. ئۇ:

— خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ سىلەردىن بۇرۇن ئوردىغا چۈشكەنىدىم. نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ قۇلۇپىنى بۇزۇپ كىرىپ، تەچچىلىگەن ساندۇقلارنى بۇزۇپ ئېچىپ، ئاندىن سەمەندەر يېغى قاچىلانغان مۇشۇ قۇتىنى تېپىۋالدىم، — دېدى. ئۇلار قۇتىدا-

كى سەمەندەر يېغىنى باشقا قوتىغا قويۇۋېلىپ ئورنىغا باشقا بىر خىل ياغنى قويۇپ قويدى. خۇمارى ئۇنى يەنە ئاۋۋالقى جايىغا ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ چىقتى. ئەمىر تېمۇر باشلىق ئۈچەيلەن ئۆز بارگاھلىرىغا قايتتى.

ئەمىر تېمۇر شۇئان شەيخنى چاقىرىپ ياغنى كۆرسەتتى ۋە ئۇنىڭغا:

— مەۋلانە ئەپەندىم، بۇ ياغنى بەدىنىڭىزگە سۈرتۈڭ، — دەپ تەكلىپ قىلىۋېدى، شەيخ:

— مەن خۇداغىلا تەۋەككۇل قىلىمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى. ھەرقانچە دېگەن بولسىمۇ ئۇنىمىدى.

شۇ كۈنى جۈمە ئىدى. جۈمە نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قاراۋۇللار ئەمىرتېمۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ بولۇپ:

— قارا ئوسمان بەگ تەبرىستاندىن 10 تۈمەنگە يېقىن قوشۇن ئېلىپ، ھېكىمگە يار - يۆلەك بولۇش ئۈچۈن كېلىۋېتىپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى. ئادەملەر قارا ئوسمان بەگنىڭ باتۇرلۇقىنى ماختاشتى. سىپاھلار ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشنى ئارزۇ قىلىشتى. ئەمىرتېمۇر:

— ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلالامسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

شۇ كۈنى نەچچىلىگەن ئۆزبېك باتۇرلىرى قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشقا رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈندى ۋە رۇخسەت ئېلىشتى. شۇ چاغ بىر كىشى كېلىپ ئاناققا:

— ئەمىر تېمۇرگە كۆرسىتىدىغان خېتىم بار ئىدى، — دېدى. ئاناق ئۇنى ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئەمىر تېمۇرگە تىز پۈكۈپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن خەتنى بەردى. ئەمىر تېمۇر خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۇنىڭغا باشتىن - ئاياغ شاھلارچە كىيىملەرنى بەردى ۋە باتۇرلارغا: «جەڭگە بارماڭلار، سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار!» دېدى.

سىپاھلار «خەتنىڭ مەزمۇنى نېمە بولغىيدى؟» دېيىشىپ بىر-بىرىدىن سورىشاتتى. لېكىن ئەمىر تېمۇرنىڭ ھەيۋىسىدىن ئەيمىنىپ ئۇنىڭدىن سوراشقا پېتىنالمىدى. ئاخىرى ھەممىسى مىرزا شاھرۇخ تۆرىگە:

— سىز سوراپ بېقىڭ، — دەپ ئىلتىجا قىلىشتى. تۆرە: «دادام مېنىڭ سۆزۈمنى رەت قىلماس» دەپ ئويلاپ، سورىغانىدى، ئەمىر تېمۇر:

— سەن بۇنى سورىما! — دەپ تەنبىھلىدى. بۇنىڭدىن تۆرىنىڭ كۆڭلى رەنجىپ ئۆز چېدىرىغا بېرىپ ئۇيقۇغا تەگدى.

شۇنداق قىلىپ ھېكىم بىلەن شەيخ ئوتقا كىرمەككە تەييارلىنىشتى. ھېكىم ھېكمەتكە ئىشەندى. شەيخ بولسا خۇداغا ئىشەندى. شۇ كۈنى ئۆلىما - ئالىملار شەيخ ھەزرىتىنىڭ ئەتراپىدا ئىدى. شەيخ ئاق تون كىيگەن بولۇپ، ئەتراپىدىكىلەر بىلەن زىكرى قىلىپ — يىغلىشىپ كېلىشەتتى. ھېكىم ناماز ئوقۇدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى كۆپ شاراب ئىچتى. مەست بولغاندىن كېيىن ھېلىقى ئالماشتۇرۇلغان ياغنى پەرق ئېتەلمەي، «سەمەندەر يېغى» دەپ چۈشىنىپ، بەدەنلىرىگە سۈرتتى. ئۇچىسىغا قارا تون كىيدى. تاناسىخا دىنىنىڭ مۇرىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، دومبىرا، تەمبۇر، راۋابلارنى چېلىشىپ كېلىشكە باشلىدى. ھېكىم دېگەن شۇم نەغمە ئاڭلىماقلىق ساۋاب دەپ قارايتتى. ئۇ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ھەر كىشىكىم نەغمە ئاۋازىدىن سۆيەر،
ئۇشبۇ تاۋۇش بىلە ياراتقاننى تاپار.

شەيخ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. ئەمىر تېمۇر بارچە ئادەملەر بىلەن بىللە شەيخكە مەدەت يۈزىسىدىن ناماز ئوقۇدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر تېمۇر باشلىق ئەمەلدارلار بىر - بىرلەپ شەيخكە دۇئا قىلدى.

ھېكىممۇ يېتىپ كەلدى. ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن قول تۇتۇشۇپ، شەيخ ئايەت ئوقۇپ، ئۆزىگە دەم ئۇرغان ھالدا ئوتنىڭ ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. شەيخ ئۈچۈن ئوتنىڭ ئىچى سوغۇق جايغا ئايلاندى. يەتتە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن: «يا شەيخ، ھېكىمنىڭ قولىنى تۇتما!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. شەيخ ھەمزە دەرھال ھېكىم نىزارىنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى. شۇئان ھېكىم نىزارى:

— ۋايجان! كۆيدۈم! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشتى ۋە ئۇ مەلئۇننىڭ ئوتتا كۆيۈپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىشتى. جېنى تاقەت قىلالماي قاچقىنىچە دوزاخقا چۈشۈپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن شەيخ ھەمزە ئوتتىن سالامەت چىقتى. ھەممەيلەن كۆرۈپ خۇشال بولۇشۇپ، خۇداغا مەدھىيە ئوقۇشتى. شەيخنى تاۋاپ قىلىشتى. ئۇنىڭغا شۇندىن كېيىن شەيخ ئەزرى دەپ لەقەم قويۇشتى.

ھېكىمنىڭ قوۋمى — سوپىتايىلارنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلاردىن بىر نەچچىسى قېچىپ شەھەرنىڭ قورغىنىغا كىرىۋېلىشتى. ئۆزبېك باتۇرلىرى قورغان دەرۋازىسىنىڭ قۇلۇپلىرىنى بۇزۇپ كىرگىنىچە ئۇ بەدرەكلەرنى شۇنداق قىرغىن قىلدىكى، سوپىتايىلارنىڭ قېنى كوچىلاردا دەريا بولۇپ ئاقتى. كاللىلىرى ئۈزۈلدى. تەنلىرى سۆرەلدى. بەزىلىرى يەرنى قۇچاقلاپ دۈم چۈشتى. بەزىلىرى ئۆگدىچە، جانلىرى ئاغزىغا تىقىلغان ھالدا يېتىشتى، بەزىلىرى قوغۇن - تاۋۇزلاردەك يېرىلىپ كەتتى. بەزىلىرىنىڭ ئايىغى، بەزىلىرىنىڭ قوللىرى ئۈزۈلدى.

شۇ كۈنى ئەنە شۇنداق جەڭ بولۇپ، ھېكىمنىڭ ئادەملـ

رىدىن 20 مىڭ كىشى دوزاخقا سەپەر قىلدى. دېڭىزلار تۈگىتىلگەندىن كېيىن، شەيخ ئەزرى ئەمىر تېمۇرنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ ساياھەت ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

ساھىبقىرانىنىڭ قولىدىكى خەت ھېچكىمگە ئاشكارىلانمىدى. ئەمىر تېمۇر شاھرۇخ تۆرىنىڭ بۇ سىرنى بىھۇدە سورىغانلىقىدىن كايىپ، ئۇنىڭ ئەمىلىنى مىرانشاھ تۆرىگە ئېلىپ بەردى. شاھرۇخ تۆرىگە:

— سەن بېرىپ ھەرقايسى ئەللەردىن باج ئالغىن! — دەپ بۇيرۇدى. لېكىن ئۇ بۇ ئىشتىن بويۇن تولغاپ، ئۆز قوشۇنىدىن 4000 كىشىنى تاللاپ، ئەمىر تېمۇردىن رۇخسەتسىزلا قارا ئوسمان بەگنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى.

تۆرە يولدا ناھايىتى كۆپ لەشكەرگە دۇچ كەلدى. ئۇنى بىلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. تەكشۈرۈپ كەلگەنلەر: «قارا ئوسمانبەگ تاناسخالارغا ياردەمگە كېلىۋېتىپتۇ» دەپ مەلۇمات بەردى.

ھېلىقى مەخپىي خەت ئەسلىدە ئەمىرتېمۇرگە مۇشۇ قارا ئوسمانبەگدىن كەلگەنىدى. ئۇنىڭدا: «مەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرىدىن نەزەر تېپىپ، تاناسخا دىنىدىن يېنىپ ۋە ھىدايەت يولىغا كىردىم. خۇدا بۇيرۇسا ساھىبقىرانىنىڭ قېشىغا بېرىپ خىزمىتىنى قىلارمەن. لېكىن ئەمىر تېمۇر بۇ سۆزنى بەگىمىز مەخپىي بىلسە، چۈنكى ماڭا تەۋە خەلقلەرنىڭ كۆپىنچىسى تاناسخا دىنىغا كىرگەن. شۇڭا ئۇلار بۇزغۇنچىلىق قىلىشمىسۇن» دېيىلگەنىدى. شۇڭا ئەمىر تېمۇر ھېچكىمگە ئېيتمىغانىدى. بۇنىڭدىن خەۋەرسىز تۆرە قارا ئوسماننىڭ ئالدىدىن چىقىپ كاناي چالدۇردى. شۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ئەمىر تېمۇر قارا ئوسمانغا خەت بىلەن سوۋغاتلىق كىيىم - كېچەك ئەۋەتكەنىدى.

كاناي ئاۋازىنى ئاڭلىغان قارا ئوسمانبەگ قايغۇرغان

ھالدا: «ئەپسۇسكى ئەمىر تېمۇر مېنى ئالداپتۇ» دەپ ئويلىدى-دە، سىپاھسالارنى جەڭدىن توستى ۋە بىر كىشىنى ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. خەۋەرچى كېلىپ خەتنى ئەمىر تېمۇرگە تاپشۇردى. ئەمىر تېمۇرمۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ دەرغەزەپ بولغان ھالدا، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرۈپ خەت ئەۋەتتى، بۇ يەردە ھېلىقى ئىككى قوشۇن جەڭ تەييارلىقىدا تۇرغانىدى. قارا ئوسمانبەگ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن جەڭدىن قول يىغدى.

شۇ چاغدا تۆرە قولىغا ياسىنى ئېلىپ ئوق ئېتىۋىدى، ئوق قارا ئوسمانبەگنىڭ كۆكسىگە تەگدى، ئۇ شېھىت بولدى. ئاندىن كېيىن ئۇلار تۆرىگە ئىشنىڭ تېگىنى چۈشەندۈرۈشتى. تۆرە قىلغان ئىشىغا پۇشايمانلار قىلدى.

تۆرە ئاتىسىغا ئۆزرىخاھلىق خېتى ئەۋەتتى. ساھىبقىران قارا ئوسمانبەگنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شاھرۇخ تۆرىنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلمىدى ۋە جارچىلار ئارقىلىق «ھېچقانداق كىشى شاھرۇخ تۆرىنىڭ قېشىغا مەدەتكارلىق ئۈچۈن بارمىسۇن!» دەپ جاكا قىلدى.

شۇكۈنى قارا ئوسمان بەگنىڭ قوشۇنلىرى ئازاربەيجانغا يول سالدى ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى قارا يۈسۈپ بەگنىڭ قېشىغا باردى.

ئەمىر تېمۇرنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى ئاڭلاپ، تۆرىنىڭ لەشكەرلىرى تارقىشىپ كەتتى. تۆرە بىچارە جەڭدە يەتتە يېرىدىن ياردار بولغانىدى. ئۆزى يالغۇز توقايلىقتا قالدى.

ئەمىر تېمۇر بولسا «تۆرىنى تۈركمەنلەر ئۆلتۈردى» دەپ يالغان خەۋەر ئاڭلاپ قالغانىدى، شۇڭا ئوغلىنىڭ پىراقىدا ھېچكىمگە سۆزلىمىدى.

ئەمدى شاھرۇخ تۆرىدىن سۆز ئاڭلايلى. تۆرە توقايلىقتا

يارلىرىنى باغلاپ قىيىندا ئاتقا مىنىدى. تۇقايدىن چىقىپ تۇراتتى، ئىككى كىشى كېلىپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتقىنىچە جاڭگاللىققا قاراپ ماڭدى. تۆرىنىڭ ماغدۇرى قالمىغاچقا ئۇلارغا ھېچ نەرسە دېيەلمىدى. ئۇلارمۇ ئۈنچىقمىدى. تۆرە كۆڭلىدە: «بۇلار مېنى جاڭگاللىققا ئېلىپ كىرىپ ئۆلتۈرسە كېرەك» دەپ ئويلايتتى. كۈتۈلمىگەندە شاھرۇخ تۆرىنى بىر قورغاننىڭ دەرۋازىسىغا ئېلىپ كەلدى. قورغاننىڭ ئىچىدە بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ ھەممەيلەندىن يۇقىرى ئولتۇراتتى. ئۇ كىشى تۆرىدىن سورىدى،

— كىم بولۇرسەن؟

— مەن تەبرىزلىك بولۇرمەن. شاھ مەنسۇرغا خەزىنىچى ئىدىم. ئۇ يوقىتىلغاچ، قېچىپ كېلىپ قارا ئوسمانبەگكە نۆكەر بولدۇم، ئۇمۇ ئۆلدى. مەن جەڭدە ياردار بولۇپ قالغانىدىم، بۇ ئىككىيلەن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، — دەپ جاۋاب بەردى.

ھېلىقى كىشى:

— مەن زەپەر بەگ بولۇرمەن. سۇلتان سەنجەرنىڭ ئەۋلادىدىن. سەن ئەمدى ماڭا نۆكەر بول، مەنمۇ شىرۋان پادىشاھىنىڭ خىزمىتىدە ئىدىم. ئۇنىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ، مەجنۇن سۈپەت بولۇپ، كونا كىيىملەرنى كىيىپ، قەلەندەر ھالىتىدە ئۇنىڭ ئىشىكىگە باراتتىم ۋە قىزى بىلەن سۆزلىشەتتىم. ئاشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۇ قىزنى ئېلىپ قېچىپ كەلدىم.

خەم زۇلپى ئارەزى دەۋرىدە مەگەر ئول قەمەرىغە بۇ ھالەدۇر،
يۈرىكىمدە شىددەت پىرقىتى ئىشىم ئاھ بىرلە دەرد بىرلە نالەدۇر.
دوشى ئۇزرە سۇنبۇلى ھەر تەرەپ خەم ۋە پىچ بىلەن كۇلالەدۇر،
يۈزى گۈلشەندە ئىككى كۆزى رەھىم ۋەشىلىقتە غازالەدۇر.

شۇڭا مېنىڭ لەقىمىمنى خالايىقلار «زەپەربېگ مەجنۇن» دېيىشىدۇ. بىرقانچە ۋاقىتلاردىن بېرى شىرۋان شاھىغا دۈشمەن بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ قوشۇنىدىن 2000 كىشى ماڭىغا تەۋە بولدى. پات ـ پات بېرىپ ئۇنىڭ ئېلىنى تالان ـ تاراج قىلىمەن، — دېدى. ئاندىن تۆرىنى ئۆز سېپىگە قاتتى.

تۆرە ساقايغاندىن كېيىن، بىر كۈنى زەپەر بەگنىڭ قاراۋۇللىرى كېلىپ:

— مازاندەراندىن كارۋانلار بارىدىكەن. ئۇلارنىڭ باشلىقى شىرۋان شاھىنىڭ غۇلامى ئىكەن، — دەپ خەۋەر بەردى. زەپەر بەگ دەرھال 5000 يىگىتنى تالاپ كارۋانلارنى بۇلاشقا ئەۋەتتى. يەنە ئارقىسىدىن خەت يېزىپ تۆرىدىن ئەۋەتتى. تۆرە يولدا خەتنى ئېچىپ مۇتالىئە قىلدى، ئۇنىڭدا: «مال ـ دۇنيانى بۇلاڭلار! ۋە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار!» دېگەن گەپ بار ئىكەن. تۆرىنىڭ يېنىدا دۈۋەت ۋە قەلەمى تەييار ئىدى. ئۇ ھېلىقى خەتلەرنى «بۇلىمىسۇن، ئۆلتۈرمىسۇن» دەپ ئۆزگەرتىپ قويدى. ھېلىقى 5000 كىشى كارۋانلارنى بۇلاپ ھەممىسىنى ئەسىر قىلغانىدى. تۆرە خەتنى ئۇلارنىڭ پانسات بېشىغا بەردى. ئۇلار زەپەر بەگدىن قورقۇپ، ئەسىرلەرنىڭ قولىنى يېشىپ، پۇل ـ ماللىرىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەردى.

— ھەي گۈزەل يىگىت، — دېدى كارۋان بېشى تۆرىدىن مىننەتدار بولۇپ، — مەن شىرۋان شاھىنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بولىمەن. شاھىمىز ئەلچى قىلىپ ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنىدى. بىز شۇنىڭ قېشىدىن قايتىپ كېلىۋاتىمىز.

تۆرە ساھىبقىراننىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى سورىدى. ئەلچى:

— ئەمىر تېمۇر ئوغلى شاھرۇخنىڭ ماتىمىدە ناھايىتى قايغۇلانماقتىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى. تۆرە ئۇنىڭغا ئاستا قىلىپ:

— شاھىڭىزنىڭ قېشىغا بارغاندا، مېنىڭ بۇ قىلغىنىمنى ئۇنىڭغا دېگىن. يەنە بىر سۆزۈم شۇكى، زەپەر بەگ بۇ جاڭگاللىقتا قورغان سېلىپ ماكان تۇتۇپتۇ. كېچىلەپ كېلىپ جاڭگاللىققا ئوت قويۇڭلار، — دېدى. تۆرە كارۋان بېشىنى يولغا سالدى. ئۆزى يىگىتلەر بىلەن زەپەر بەگنىڭ قېشىغا كەلدى. زەپەر بەگ:

— پۇل - ماللارنى نېمە قىلدىڭلار؟ — دەپ سورىۋىدى، تۆرە:

— ھەي بەگ ئەپەندىم. ئۆزىڭىز خەتكە، «بۇلىماڭلار، ئۆلتۈرمەڭلار!» دەپ يېزىپسىز، خەتنى پانسات بېشىغا بەردىم. پانسات خەتنى كۆرۈپ سىزدىن قورققانلىقتىن، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەي، بۇلىماي يولغا سالدى، — دېدى.

زەپەر بەگنىڭ غەزىپى زىيادە بولۇپ، دەرھال مىرزىنى چاقىرتىپ:

— نېمىشقا خاتا يازدىڭ؟ — دېۋىدى مىرزا:

— سىزنىڭ ئەمرىڭىز بويىچە يازدىم، — دېدى. لېكىن زەپەر بەگ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ئۆلتۈردى.

كارۋانلار شىرۋان شاھىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرگەنلىرىنى سۆزلىدى. شاھ دەرھال قوشۇن بىلەن ئاتلىنىپ، توقايلىق ئارقىلىق ھېلىقى جاڭگاللىققا كەلدى ۋە ئوت قويۇۋەتتى. ئەتراپنى لەشكەرلەر قورشىۋالدى. ئۇلارنىڭ قېچىپ چىققانلىرىنى ئەسىر قىلدى. شاھرۇخ تۆرىنىمۇ تۇتۇۋالدى. تۆرە:

— ھەي شاھ مەن كارۋانلىرىڭىزغا نىجاتلىق بەرگۈچى بولىمەن، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

— راست ئېيتقىن! — دېدى شاھ تۆرىگە، — كىم بولىسەن؟

تۆرىگە راستىنى ئېيتماقتىن باشقا ئىلاج قالمىدى. ئۇ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى. شۇنداق قىلىپ شاھ شاھرۇخ تۆر-

نى ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ساھىبقىران ئوغلىنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن سۆيۈنۈپ كەتتى.

ساھىبقىران مازاندىران، تەبرىستان ۋە ئازاربەيجان قاتارلىق مەملىكەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ، سەپەر ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى شەنبىدە پايتەخت سەمەرقەنتكە قايتىپ كەلدى. تاشكەنت، خوجەنت ۋە ئەتراپتىكى ۋىلايەتلەردىن خانزادە - بەگلەر كېلىشىپ ئەمىر تېمۇرنىڭ خىزمىتىگە قول باغلاپ تۇرۇشتى. بولۇپمۇ تاغا بۇغا بەگ، شەمسىدىن، ئاببباس بەگ، غىياسىدىن بەگ تۆرىخان، شەيخ تېمۇر باتۇر، ئۈچ قارا باتۇر، مۇبەششەر، ئارغۇن شاھ، ئەمىر شاھ بارلاس، شەيخ ئىسمائىل بارلاس قاتارلىقلار يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئەھلى پازىللاردىن، غۇلام جۇرجانى، ئەللا مەتەپتازانى، موللا كاتىپى، خوجا باھاۋۇدۇن، خوجا ھاپىز، شىرازى قاتارلىق ۋەلىيلەر زىكرى ئېيتىشىپ، ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىدا كاللا مولاغا مەشغۇل بولۇشتى. ھەممەيلەن خۇدادىن ئەمىر تېمۇرنىڭ غەلىبە قىلىپ، دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنى تىلەشتى.

## ساھىبقىراننىڭ باغدات شەھرىگە يۈرۈش قىلىپ ئۇ يەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن شام شەھرىگىچە بارغانلىقى

رىۋايەتچىلەرنىڭ دېيىشىچە، بىر كۈنى ئەمىر تېمۇر ساھىبقىران ئىسكەندەر سانى شان - شەۋكەت بىلەن تەختتە ئولتۇرغانىدى. «مازاندىران خانى بىلەن ھىندىستان بېگى فىرۇز بەگدىن ئەلچى كەلدى» دەپ خەۋەر كەلدى.

دېگەندەك مازاندىراندىن يەتتە ئەلچى، ھىندىستاندىن

يەتتە ئەلچى كەلگەنىدى. ئەتىسى كۆرۈنۈشخانىغا كىلىپ، ئەمىر تىمۇرگە تەزىم ۋە ئەدەپ بىلەن ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇلار:
— شام ۋىلايىتىدە يەزىدنىڭ ئەۋلادىدىن مۇئاۋىيە سانىيە دىگەن كىشى سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغانمىش. ئۇ «ئىسپاھان ۋىلايىتى بىلەن ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كىيىن تۈركىستان تەرەپلەرگە بارىمىز» دىگۈدەكمىش ۋە ناھايىتى كۆپ قوشۇن توپلاپتىمىش. «ئۇلار ئىش باشلىماستىن بۇرۇن ساھىبقىران ئەپەندىم تەرەددۇت قىلسا بوپتىكەن» دىگەن پىكىر بىلەن بەگلىرىمىز بىزنى ئالدىڭىزغا ئەۋەتكەنىدى. — دىيىشتى.
ساھىبقىراندا بىر غەيرەت پەيدا بولدى. ئەترابلارغا ئات چاپتۇرۇپ 40 كۈنگىچە تۈركىستان مەملىكىتىدىن تۈرك. تاجىك، سارت، قازاق قاتارلىق ھەر خىل مىللەتلەردىن لەشكەر توپلىدى. ئۇلارغا ئالتۇن، كۈمۈش ئىنئام قىلىپ كۆڭلىنى كۆتۈردى. ئاندىن سۇلەت ۋە ھەيۋەت بىلەن 400 خان، 770 بەگ، 400 ئۇلىما ۋە ئىمام، 4 ۋەلىيۇللانىڭ ھەمرالىقىدا 4 سان ئەسكەر بىر تەرەپتىن، 5 سان ئەسكەر بىر تەرەپتىن، بىر لەك ئەسكەر بىر تەرەپتىن بولۇپ يۈرۈش قىلدى. ئاق، قارا، قىزىل، يېشىل، سىرىق رەڭلىك تۇغ - ئەلەملەرنى لەپىلدىتىپ تاغ - داللارنى، چۆل - دەشتلەرنى بېسىپ ئالغا ماڭدى.
شۇ كۈنلەردە لەشكەر دىگەن قۇرت - قوڭغۇز ۋە چېكەتكىدەك مىغىلدىشىپ كېتىشكەنىدى. نەچچىلىگەن مەنزىل - ئۆتەڭلەردىن ئۆتۈپ، باغدات چېگرىسىغا يېقىنلاشتى. بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كۆردىكى، ئۇ يەردە بىر مەيدان بار ئىدى. بۇ يەردىن باغداتقا 7 تاش (يول) كىلەتتى. قوشۇنلار بۇ يەرگە چۈشۈپ پاراغەتتە بولۇشتى.
باغدات شەھرىنىڭ ئەمىرى سۇلتان ئەھمەد ناھايىتى باتۇر

ۋە شىجائەتلىك ئادەم ئىدى. باغداتقا: «ئەمىر تىمۇر پۈتكۈل ۋىلايەتلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، ئەمدى باغداتقا قوشۇن تارتىپ كەپتۇ» دېگەن خەۋەر پۇر كەتتى.

سۇلتان ئەھمەدمۇ دەرھال ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلدى، ئۆز تەۋەسىدىن 70 سان (700 مىڭ) كىشىلىك قوشۇن توپلاپ، ھېلىقى تاغنىڭ تۈۋىگە قارارگاھ قۇردى. باغداتنىڭ بارلىق ئەمرا ۋە پەزىلەتلىرى شۇ يەردە كېڭەش قىلىشتى. ئۇلار شۇنداق دېيىشتى:

— ئەي سۇلتان ئەپەندىم. ئىتتىپاق شۇكى، ئەمىر تىمۇر ساھىبقىران بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئانچە ئاقىلانىلىق ئەمەس. ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ. ئۇ كىشىمۇ ھەزرىتى رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ شەرىئەت - شەرىغلىرىنىڭ چىرىغىنى يورۇتىدۇ. ھەزرىتى ئىمام ئەزەم رەھمەتۇللا ئەلەيھىنىڭ مەزھەپلىرىدە ئىكەن. شۇڭا ئۇلاردىن بىزگە زىيان يەتمەيدۇ. ئۇنى يەتتە پىركامىل تەربىيىلىگەنمىش.

بۇ گەپكە سۇلتان ئەھمەدنىڭ غەزىپى كەلدى ۋە شۇنداق دېدى:

— مېنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىممۇ رۇستەمى داستانچە بار. مېنىڭ قۇدرىتىمدىن كۆھقاپ تېغىدىكى دىۋىلەرمۇ تىترەيدۇ. شۇنچە كۈچ - ھۆكۈمىتىم بىلەن ئاشۇ ئەمىر تىمۇر ئاقساققا ئىتائەت قىلىمەنما؟

شۇنداق دەپ، ھېلىقىلاردىن 70 كىشىنىڭ بېشىنى كەستى. ئۆلىمالار قايتا سۆزلەشتىن خەۋپسىرەشتى. ئۇ كۈنى قۇياش ئەمرى شەپەق چېدىرىغا كىردى. مۇخالىپ يۇلتۇزلىرى ئاسمان مەيدانىدا جىلۋە قىلدى.

سۇلتان ئەھمەد يېرىم كېچىدە ئېغىرلىقى ئىككى پۇت كېلىدىغان چومىقىنى ئېلىپ، ئۆزى يالغۇز ساھىبقىراننىڭ قوشۇن-

لىرىغا قاراپ ماڭدى. يولدا ئۇنىڭغا بىر ئاقساقال كىشى ئۇچرىدى. سۇلتان ئۇنىڭغا بىر ئوچۇم ئالتۇن ۋە بىر پارچە خەت بەردى.

— ھەي بوۋا، — دېدى ئۇنىڭغا سۇلتان، — مۇشۇ خېتىمنى ئەمىر تېمۇر ئاقساققا ئاپىرىپ بەرسەڭ.

قېرى كىشى سەھەر ۋاقتىدا ساھىبقىراننىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ھەرەم ئەھلىنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇدا ئىدى. قېرى ئەمىر تېمۇرگە قول باغلاپ سالام بەردى. ئەمىر تېمۇر ئىللىق ئېلىپ:

— ھەي بوۋا، نەدىن كېلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

بوۋاي:

— سۇلتان ئەھمەد بۇ خەتنى سىزگە بېرىپ قويۇشۇمنى تاپىلىغانىدى، — دەپ خەتنى تاپشۇردى. ئەمىر تېمۇر خەتنى ئوقۇپ كۆرۈۋىدى، ئۇنىڭدا: «ھەي ئەمىر تېمۇر ئاقساق، بىلىپ قوي، مېنى سۇلتان ئەھمەد رۇستەم سانى (رۇستەمII) دېيىشىدۇ. 700 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن بۇ يەرگە چۈشتۈم. سېنىڭ بىلەن مېنىڭ ئارامنى دەپ مۇسۇلمانلارنى ھالاك قىلىۋېتىش ياخشى ئەمەس. ياخشىسى شۇكى، ئىككىمىز بىر يەردە كۆرۈشەيلى» دېيىلگەنىدى. ئەمىر تېمۇر دەرھال ئاتقا مىنىپ ماڭدى. بىر يەرگە كېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ ئاندىن ئەتراپقا قارىۋىدى. شۇ ئەتراپتا كۈمۈش قوزۇققا بىر ئات باغلاقلىق تۇراتتى، ئاتقا يېقىنلا يەردە سۇلتان ئەھمەد ئۇخلاپ ياتاتتى. ساھىبقىران «بېشىنى كېسەي» دەپ خىيال قىلىپراق يەنە كۆڭلىدە: «ئۇخلاۋاتقان كىشىنى ئۆلتۈرۈش ئەرلىك ئەمەس» دېگەنلەرنى ئويلىدى. بىرەر سائەت شۇ يەردە كۈتۈپ تۇردى. سۇلتان ئەھمەد بىردەمدىن كېيىن ئويغىنىپ ئەمىر تېمۇرنى كۆردى-دە،

— كىم سەن؟ نەدىن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەمىر تېمۇر دېگەن مەن بولىمەن. ئاتامنىڭ ئىسمى

تورغاي باتۇر. ئانام سەئىدەنىكىدە بىنت سەدرى شەرئىيەدۇر، — دەپ جاۋاب بەردى ئەمىر تېمۇر.

ئىككىسى دەرھال ئېلىشىپ كەتتى. ئەتىدىن تا كەچكىچە بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى.

ئۇلار شۇنداق ئېلىشىۋاتقاندا، غايىبتىن بىر قول كېلىپ شاۋقۇن بىلەن ئىككىيلەننى ھاۋاغا كۆتۈرگىنىچە:

— ھەي ھاكاۋۇرلار، ئىككى مۇسۇلمان نېمىشقا جېدەل ـ قىلىشىسەن؟ — دېدى ـ دە، سۇلتان ئەھمەدنى ئەمىر تېمۇرگە ئەسىر قىلىپ بېرىپ غايىب بولدى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭغا پوپوزا قىلىپ قىلىچ كۆتۈردى. ئۇ:

— ئاۋۋال ماڭا بىر كاسا سۇ بەرگىن، ئاندىن ئۆلتۈرگىن، — دەپ تەلەپ قىلدى.

ئەمىر تېمۇر بىر قاچا سۇ ئەكىلىپ بەردى. ئۇ سۇنى ئىچمەي يەرگە تۆكتى. ئەمىر تېمۇر كۈلۈپ:

— كۆڭلۈڭدە ئىشەنمەسلىك بار ئىكەندە، — دەپ، ئۇنى باغلاپ، ئېتى بىلەن ئېلىپ كەتتى.

بۇ ۋەقەنى باغداتلىقلار ئاڭلاپ، ھەممە ئۆلىما ـ پازىللار ئەمىر تېمۇر ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە:

— ئەمدى ئىمام ئەززەمنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن، باغدات شەھىرىنى سۇلتان ئەھمەدنىڭ ئۆزىگە بەرسىڭىز؟! — دەپ تەلەپ قىلىشتى. ساھىبقىران موللىلارنى ھۆرمەت قىلىپ، سۇلتان ئەھمەدنىڭ قول ـ پۇتىنى يېشىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇنى باغدات شەھىرىگە ئەمىر قىلدى. ئاندىن قوشۇنلارنى باشلاپ باغدات شەھىرىگە كىردى. سۇلتان يەتتە كۈنگىچە يۇرتقا ئاش تارتىپ توي ـ مەرىكە قىلىپ ئەمىر تېمۇرلەرنى كۈتۈۋالدى. ئەمىر تېمۇر شۇ ئارادا ئىمام ئەززەم پىرىمنىڭ مۇبارەك قەبرىسىنى زىيارەت قىلدى. ئاندىن موغۇل ئۆزبەكلىرىنى باشلاپ شامغا يۈرۈش قىلدى.

ئەمدى سۆزنى مۇئاۋىيە سانىدىن ئاڭلايلى.
بىر كۈنى مۇئاۋىيە سانى بىر يۇرتقا بېرىپ ئۇرۇشۇپ يارىدار
بولۇپ قايتتى. شۇ يارا ناسۇرغا (تۇبېركۇليوز) ئايلىنىپ زادى
ياخشى بولمىدى. تېۋىپلارمۇ ئۇنىڭغا چارە قىلالمىدى. ئۇ بىر
كېچە قەبرىستانلىققا بېرىپ تۈنىدى. مازارلاردىن مەدەت تىلىدى.
يېرىم كېچە ئىدى، بىر كىشى ئاسماندىن ئۇنىڭ قېشىغا
چۈشتى ۋە ئۇنىڭغا:
— ئەي مۇئاۋىيە سانى، سېنىڭ بۇ ياراڭغا ئەيسا نەبىيۇللا-
نىڭ مەلھىمى كېرەك. شۇنىڭدىن شىپا تاپىسەن، — دەپ بېشارەت
بەردى. مۇئاۋىيە سانى يىغلىغان ھالدا:
— ئەيسا پەيغەمبەرنى قەيەردىن تاپىمەن؟ — دەپ سورىدى.
ھېلىقى ئادەم:
— ئەيسا پەيغەمبەر مەن بولىمەن! — دېگىنىچە مۇئاۋىيە
سانىنىڭ يارىسىغا مەلھەم سالدى. مۇئاۋىيەنىڭ يارىسى دەرھال
شىپا تاپتى. ئۇنى شەھەرگە تەكلىپ قىلىشىدى. ئۇ:
— ئاۋۋال سەن بېرىپ تۇر، كەچ كىرگەندە ئاسماندىن
چۈشىمەن، سەن شامنىڭ مولالىرىغا ئېيتقىن، پالان مۇنارنىڭ
ئاستىغا بارسۇن، — دېدى-دە، كۆزدىن غايىب بولدى.
مۇئاۋىيە سانى قايتىپ، تەختىدە ئولتۇردى ۋە پۈتۈن
ئۆلىمانى يىغىپ، كۆرگەنلىرىنى ئۇلارغا دېدى، ئالىملار بۇنى
توغرا كۆرۈشمىدى. لېكىن ھەممە ئادەم ھېلىقى كۆرسىتىلگەن
مۇنارنىڭ تۈۋىگە يىغىلىشتى، بۇ زاۋال ۋاقتى ئىدى. تۇيۇقسىزلا
ئېشەك مىنگەن، بىر قولىغا نەيزە ئالغان ھېلىقى ئادەم ئاسماندىن
چۈشۈپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن خالايىق ھەيرانلىق دەرياسىغا
غەرق بولۇپ، بارماقلىرىنى چىشلىشىپ قېلىشتى.
بۇ ئادەمنىڭ ئېتى ئەسلى سالاسە كاززاپ ئىدى.
ئىلمىي جەپەرنى ئۆگىنىپ، ئاندىن كوھىقاپ تېغىنىڭ ئارقىسىغا

ئۆتۈپ، دېۋە ـ پەرىلار بىلەن يۈرگەن، ئۇلاردىن كۆپ سېھرى ـ جادۇلىقنى ئۆگەنگەنىدى. ئۇ موللىلارنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— مەن ئەيسا رۇھۇللا بولىمەن. ئاللاتائالا مېنى ئاسماندىن يەرگە چۈشۈردى. ئەمىر تېمۇر دېگەن دەججالدۇر. ئۇ كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ باغداتنى ئېلىشقا كېلىدۇ. مەن ئۇنى مۇشۇ نەيزە بىلەن ئۆلتۈرىمەن! — دېدى. بەزى موللىلار:

— تېخى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىدىغان ۋاقتى بولمىدى، بۇنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ قالما، — دەپ مۇئاۋىيە سانىنى توستى. ئاخىرى بۇ مەلئۇن مۇئاۋىيە سانىنى ئالداپ يېنىغا تارتىپ، توسقۇنلۇق قىلغۇچىلاردىن 4000 چە كىشىنى شېھىت قىلدى.

مۇئاۋىيە سانى سالاسە كاززاپ بىلەن غەربتىكى ئەدەن، يەمەن، پەرغار قاتارلىق دۆلەتلەردىن قوشۇن توپلاپ، ساھىبقىرانغا قارشى ئاتلاندى.

ساھىبقىران بۇنى ئاڭلاپ، مەككىنىڭ شەيخى ئەھمەد دېگەن كىشىنى ئۇنىڭغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار ئەلچىنى كۆرۈپ:

— ئەمىر تېمۇر دېگەن دەججال، بىزگە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، — دېيىشتى. كاززاپ سالاسە مۇئاۋىيە سانى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، نامىنى ئېلىپ كەلگەن ئەلچىنى ئۆلتۈردى. ساھىبقىران شەيخ ئەھمەدنىڭ شېھىت بولغىنىنى ئاڭلاپ يىغلىدى، غەيرىتى جۇش ئۇرغان ھالدا، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالاردىن مەدەت تىلىدى، ئاندىن 70 قارا باش، سېرىق رەڭلىك تۇغلىرىنى كۆتۈرۈپ، تەكبىر ئېيتىشىپ، يۈرۈش باشلىدى. ھەممەيلەن ئاتلارغا مىنىشتى. بىھېساب قوشۇن كاناي، سۇناي، دۇمباقلىرىنى چېلىشىپ، دەريا ـ دېڭىزدەك مەۋج ئۇرغان ھالدا بەگلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئالغا قاراپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇلارغا 2000 باتۇر، 7000 ئۇرۇش ماھىرى،

70 سان ئەسكەر ئاق سەللە ئوراشقان ھالدا ھەمراھ بولغانىدى. لەشكەرلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ قولىدا تىماچ، بەزىلىرىنىڭ قولىدا چوماق، بەزىلىرىدە مىلتىق، بەزىلىرىدە زەمبىرەك بار ئىدى. ئۇلار تاغ-دەشتلەرنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، چاڭلارنى سورۇپ، ياۋنىڭ ئۈستىگە خۇددى چېكەتكىدەك بېسىپ كەلدى.

مۇئاۋىيە بۇ قوشۇننى كۆرۈپ كۆڭلىگە قورقۇنچ پەيدا بولدى. قېچىشقا تەمشەلدى.

ئۆزبېك لەشكەرلىرى ئۇلارغا يۈزلىنىپ جەڭ باشلىدى. شاملەر بەرداشلىق بېرەلمەي قېچىشقا باشلىدى. ئۆزبېك باتۇرلىرى ئۇلارنىڭ قانلىرىدىنى تېرىقتەك چېچىشتى. چوماقلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ئۇرۇپ، سۆڭەكلىرىنى تالقان قىلىشتى. شاملىقلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرۈپ شۇنداق قىرغىن قىلدىكى، ئۆلۈكلەر دۆۋىلىنىپ كەتتى. قالغانلىرى «ئەل-ئامان، ئەل ئامان» دېيىشىپ يىغلاشقىنىچە ئامانلىق تىلىدى. شۇندىن كېيىن موغۇل-ئۆزبېك باتۇرلىرى جەڭدىن قول يىغدى.

مۇئاۋىيە بىلەن سالاسە كاززاپ قېچىپ بىر يەرگە بارغاندىن كېيىن ئىككىسى يەنە كېڭەشتى.

ئۇ كۈنى ساھىبقىراننىڭ قوشۇنى خاۋارىجلارنى ناھايىتى كۆپ قىردى. شۇڭا مۇئاۋىيە سالاسە كاززاپقا:

— ئەي، ئەيسا پەيغەمبەر، ماڭا نېمە بولدى، ئەسكىرىم قىرىلىپ كەتتىغۇ؟ سەلتەنىتىم بۇزۇلدى. ئەمدى نېمە مەسلىھەت بېرىسىز؟ — دەپ يىغلىدى.

— ئەتە، — دېدى ئۇ شۇم لاپ ئۇرۇپ، — ئەمىر تېمۇرگە ئەلچى ئەۋەتەيلى. ئۇنىڭ موللىلىرى بىلەن سۆزلىشىپ، پەيغەمبەرلىكىمنى تونۇتۇپ، ئۆزۈمگە خىزمەتكار قىلىۋالىمەن. ئاندىن كېيىن ئەمىر تېمۇر دەججالنى ئۆلتۈرىمەن.

ئەتىسى قۇياش ئەمدى جىلۋىلەنگەندىن كېيىن، خاۋارىج

يۇلتۇزى قىچىپ، تۈن كاززاپنى ئۆزىنى چەتكە ئالدى. شۇئان سالاسە كاززاپتىن ئەلچىلىك خېتى كېلىپ قالدى. ئەمىر تېمۇر نامىنى ئوقۇپ ئاناق ۋەزىرىنى ئورنىغا قويۇپ، 40 ئۆلىمانى ئېلىپ، سالاسە كاززاپنىڭ قېشىغا باردى. شۇ چاغدا سالاسە كاززاپ قولىدا يېرىم تال نەيزىنى تۇتۇپ بىر ئاق ئېشەككە مىنىپ بۇلارغا قارشى كېلىۋاتاتتى. ئەمىر تېمۇر كۆردىكى، سالاسەنىڭ تۇرقى ئاجايىپ بولۇپ، كۆك كۆز، بۇرنى يوغان، قوش كۆكرەكلىك، يۈزلىرى قەبىھ سەت ئىدى. ئۆلىمالار:

— ئەي كاززاپ، بۈگۈن نېمىنى دەۋا قىلىسەن؟ — دېيىشتى. ئۇ:

— مەن ئەيسا ئىبنى مەريەم بولىمەن، — دېدى.

— ئەيسا بولساڭ، ئىمام مەھدى قېنى؟

— ئىمام مەھدى ئەمدى كېلىدۇ، — دېدى سالاسە.

— ئىمام مەھدى، — دېدى ئۆلىمالار سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ كېلىش ۋاقتىدىن 30 يىل ئىلگىرى كېلىدۇ. ئىمام مەھدي ھەزرىتى ئەيسانى باشلاپ، دەججالغا قارشى كېلىدۇ. ئەمدى سەن كاززاپ كاپىر بولدۇڭ.

ئۇ مەلئۇن جاۋاب تاپالماي ھەيران بولدى. ئالىملار يەنە شۇنداق دېيىشتى:

— ئەي كاززاپ، سەن نېمىگە ئەمەل قىلىسەن؟

— ئىنجىلگە ئەمەل قىلىمەن!

— رەسۇل ئەكرەم سەللاللاھى ۋەسسەللام ئالەمگە كەلدى. باشقا كىتابلار كۈچىدىن قالدىغۇ؟ ئېتىقادىڭ قانداق؟ — دېدى ئالىملار.

— ئادەم ئاتىنى خۇدا ياراتقان. بىزنىڭ خۇدايىمىز ئادەم سەپىيۇللادۇر.

— ئەي كاززاپ، مۇشرىك بولدۇڭ، ھەممىنى خۇدا

يارىتقاندۇر. «خالىقۇ كۆللى شەيئىن ۋە رازىقۇ كۆللى ھەيىيىن» دېگەننىڭ مەنىسى شۇلاردۇر، — دېيىشتى ئالىملار، — ئەمدى ئەيسا بولساڭ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەمسەن؟ چۈنكى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى شۇ. بۇنى ھەممە خالايىق كۆرسۇن.

— بۈگۈن سەۋرى قىلىپ تۇرۇڭلار! — دېدى ئۇ شۇم، — ئەتە ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەي. ھازىر كەچ كىرەي دەپ قالدى، مۆجىزە كۈچ بىرەلمەيدۇ.

قۇياش ئولتۇرۇپ كەچ كىردى. ئاسماندا يۇلتۇزلار كۆرۈندى. سالاسە كاززاپ ئىلمىي جەپەرنى ئوقۇپ، يېرىم كېچە بولمايلا ئۇچۇپ قېچىپ كەتتى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا مۇسۇلمان ئۆزبېك قىشۇنلىرى خاۋارىجلارنىڭ بېشىغا قىرغىن بالاسىنى سالدى. مۇئاۋىيە مۆكۈۋالدى. قالغانلار «ئەل ئامان، ئەل ئامان» دېيىشىپ ساھىبقىرانغا ئىتائەت قىلىشتى.

ساھىبقىران شەرىفكە كىرىپ تەخت ئۈستىدە ئولتۇردى. مۇئاۋىيە سانىنى ئىزدەپ تېپىپ كەلدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈشتى. مۇناپىقلار قايغۇغا چۆكۈپ، مۆمىنلەر سۆيۈنۈپ، شادىمان بولۇشتى. شۇ قېتىمدا ئەمىر تېمۇر شام، ھەلەب، ئەسقىلانىغىچە كۆپلىگەن ۋىلايەتلەرنى ئىتائەت قىلدۇردى. ھەر يەردىكى خەزىنە - دەپىنەلەرنى ئېلىپ مۇسۇلمانلارغا ئىنئام - ئېھسان قىلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ھەج زىيارىتىگە كەلدى. تامام بەگلەر، ئەركان - دۆلەت بىلەن ھەرەم شەرىفكە يىغىلىشتى ۋە «زوئەلىھەلىغە» دېگەن يەردە ئېھرام باغلىدى. بەگ ۋە خانلار بىر نەچچە كۈنگىچە مۇقامولمولىمىدە ئېھرام باغلىدى. بەزى ئۆزبېك سىپاھلىرى مۇقام زات غەربىندە ئېھرام باغلىدى.

ساھىبقىران كەئبىنى چۆگىلەپ، ھەجرول ئەسۋەدگە

يۈزلىرىنى سۈردى. بەيتۇللانى زىيارەت قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەدىنە مۇنەۋۋەرگە بېرىپ، رەسۇل ئەكرەم سەللاللاھۇ ۋەسسەللەمنىڭ مۇبارەك قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلدى. ياراتقۇچىغا كۆپلەپ شۈكرى رەھمەتلەرنى ئېيتتى. شۇ يەردىكىلەرگە كۆپلەپ ئىنئام ۋە ئېھسانلارنى قىلدى. ئاندىن ئۆلىما-پازىللارنى ئېلىپ ماۋرائۇننەھرگە قاراپ يۈزلەندى.

## ساھىبقىراننىڭ قىزلار شەھرىگە بارغانلىقى، ھەزرىتى ئادەم ئاتىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغانلىقى

ساھىبقىران ئۆزبېك شاھلىرىنى ماۋرائۇننەھرگە قايتۇرۇپ، ئۆزى ھەزرىتى ئادەم سەپىيۇللانىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ۋەزىر ۋە ئەھلى پازىللارنى يىغىپ ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىدى. ئەھلى ھېكمەتلەر ساھىبقىرانغا يېلىنغان ھالدا شۇنداق دېيىشتى:

— ئەي ساھىبقىران، سەرەندىن تېغىنىڭ يولى بەك يىراق، خەتىرى كۆپتۇر. قانداق بولار؟

ساھىبقىران بىر ئاز سۈكۈت قىلىپ، ئويغا پاتتى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈردى ۋە خىسراۋدېھلەۋىنى چاقىرىپ بۇ گەپنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. خوجاخىسراۋ:

— بۇ ھەقىقەتەنمۇ خەتىرى كۆپ يول. سىز شەيخ شۈكرىنىڭ خانىقاسىغا بېرىپ، ھايۋاناتلارنى تەرك قىلىپ، 40 كۈنگىچە مۇشەققەت تارتىڭ. 41 - كۈنى قېشىڭىزغا بىر مەست قەلەندەر كېلىدۇ. شۇ كۈنى غۇسلى قىلىپ، شۈكرى نامىزىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇڭ. كېيىن ئۇ قەلەندەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەدەب بىلەن سالام بېرىپ تۇرۇڭ. ئۇ

«نېمە ھاجىتىڭ بار» دەپ سورىسا، مەقسىتىڭىزنى ئېيتىڭ. ئۇ قەلەندەر شۇئان قوپاللىق بىلەن پوپوزا قىلىشقا باشلايدۇ. ھەرقانچە قوپاللىق قىلىسىمۇ چىداپ، ئىخلاسىڭىزنى ياندۇرماڭ. ئۇ قەلەندەر ئۇ كۈنى كېتىپ ئەتىسى يەنە كېلىدۇ. ئۇنىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىلىڭ، يەتتە كۈنگىچە قەلەندەرنىڭ قېشىدىن ئاجرىماڭ. بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن شۇ كىشى چىقىدۇ. باشقىلار چىقالمايدۇ، — دەپ يول كۆرسەتتى.

ئەمىر تېمۇر خوجا خىسراۋنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شەيخ شەكەرىنىڭ خانىقاسىغا كەلدى. 40 كۈنگىچە ئاناق بىلەن بىللە مەسچىتتە ئولتۇردى. 40 كۈندىن كېيىن، جەندە كىيگەن، ھوشى جايىدا ئەمەس بىر قەلەندەر خانىقاغا كەلدى. ئەمىر بىلەن ئاناق شۇ يەردىكى بىر كۆلدە يۇيۇنۇپ، ئاندىن قەلەندەرنىڭ قېشىغا كەلدى. ساھىبقىران قەلەندەرگە سالام بەردى — دە، كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىنى ئېيتتى. قەلەندەر پوپوزا قىلىپ ئۆيىگە ياندى. ئەتىسى ئۇ يەنە كەلدى، ساھىبقىران يەنە مەقسىتىنى دېدى. قەلەندەر ئىلگىرىدىكىدىنمۇ قاتتىقراق قوپاللىق بىلەن پوپوزا قىلدى. ئۈچىنچى كۈنى ساھىبقىران:

— قەلەندەر ئەپەندىم، بىز كەمىنە قۇللىرىڭىزنى ھاجىتىگە يەتكۈزسىڭىز نېمە بولىدۇ؟ — دەپ يېلىندى. شۇ چاغ قەلەندەرنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ ئەمىر تېمۇرنىڭ يۈزلىرىگە شاپىلاق بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، ئەمىر تېمۇر ئېسىدىن كېتىپ يىقىلدى. رىۋايەتچىلەرنىڭ دېيىشلىرىچە، بۇ شاپىلاقنىڭ تەسىرى نەچچە كۈنلەرگىچە ئەمىر تېمۇرنىڭ يۈزلىرىدىن كەتمىگەنىكەن. ساھىبقىران يەتتە كۈنگىچە مۇشۇ تەرىقىدە، قەلەندەر ھەرقانچە سۆكسىمۇ، ئۇرۇپ — تىللىسىمۇ چىداپ ئۇنىڭ ئېتىكىدىن مەھكەم تۇتۇپ قويۇۋەتمىدى. يەتتە كۈندىن كېيىن قەلەندەر مۇلايىملىشىپ:

— ئۈككىڭلار پۇتۇمغا مىنىپ، كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار! كۆزۈڭلارنى زادى ئېچىپ سالماڭلار! مەن «كۆزۈڭنى ئاچ!» دېگەندىلا ئېچىڭلار! — دەپ ئۆگەتتى. ئۇلار كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە قەلەندەرنىڭ پۇتىغا مىندى. بىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن «ئاچ!» دېيۋىدى، ئۇلار كۆزلىرىنى ئېچىشتى.

ھەيھات! ئۇلار ئاجايىپ چوڭ بىر شەھەرگە كېلىپ قالغانىدى. بىراق ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى قىز ئىدى. ئۇ يەردە ئەر كىشىنىڭ ئەسىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ بىر شەجەرە (ئۇزۇن يىللىق دەرەخ) بولۇپ، پۇتاق شاخلىرى كۆپ ئىدى. يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا يېمىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئەمىر تېمۇر بىلەن ئاناق بۇ يېمىشلەردىن يېيىشتى. ئەتراپنى تاماشا قىلىشتى.

مەلۇماتلاردا يېزىلىشىچە، بۇ ۋىلايەتنى قىز شەھىرى دېيىشەتتى. ئۇلارنىڭ خانى، بەگ - ۋەزىرلىرى ھەممىسى قىز (ئايال) ئىدى. ھېلىقى يوغان دەرەخنى «شەجەرەن مىراد» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر بۇلاق بولۇپ، قىزلار ئەرلەرنى خالىغاندا، ھېلىقى دەرەخنى قۇچاقلاپ ئاندىن بۇلاق سۈيىگە چۆمۈلسە، دەرھال ھامىلدار بولاتتى. ئوغۇل بولسا تۇغۇلغاندىن كېيىنلا كېسەل تېگىپ ئۆلەتتى. قىزلار ئۆلمەستىن چوڭ بولۇ-شاتتى. ئۇلار ھېلىقى دەرەخنىڭ يېمىشلىرىنى ئوزۇق قىلاتتى. بۇ شەھەرگە ئەركەك كىشى كېلىپ قالسا دەرھال ئۆلەتتى. بۇ قىز شەھىرى ساراندىپ تېغىنىڭ ۋادىسىدا ئىدى.

ھېلىقى كۈنى قەلەندەر ئەمىر تېمۇر بىلەن ئاناقنى ئېلىپ ساراندىپ تېغىغا ئەپكەلدى. تاغنىڭ ئېگىزلىكى 1000 گەز كېلەتتى. تاغ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك، سۈلەتلىك ئىدى. تاغ ئېتىكىدە بىر بۇلاق قايناپ تۇراتتى.

ئۇلار قەلەندەردىن:

— بۇ قانداق بۇلاق؟ — دەپ سوراشتى.

— ئەي ئاقساق تېمۇر ۋە ئەي ئاناق قىمارۋاز، بۇ تاغ ـ سارانىدىپ تېغى بولىدۇ. ئادەم ئاتا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى مۇشۇ تاغنىڭ ئۈستىدە. بۇنىڭغا چىقىپ، خۇدانىڭ قۇدرىتىنى — ئاجايىپ ـ غارايىپلارنى تاماشا قىلىڭلار. ئاندىن كېيىن ئادەم سەپىيۇللانىڭ مۇبارەك قەبرىسىنى زىيارەت قىلىڭلار، — دەپ يول كۆرسەتتى ۋە قەلەندەرنىڭ ئۆزى ئالدىنى قىبلىگە قىلىپ ئولتۇردى.

ساھىبقىران بىلەن ئاناق جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن تاغ ئۈستىگە چىقىشتى. بۇ يەردە ئالتۇن گۈمبەزلەر، كۈمۈش ئىمارەتلەر بار ئىدى. بۇ ئالىي ئىمارەتلەرنىڭ ئىشىكىگە يېشىل رەڭلىك قۇلۇپ سېلىنغانىدى. ساھىبقىران ئىشىكنى ئېچىش ئۈچۈن، قۇلۇپقا قول ئۇزاتتى. شۇ زامات ئەمىر تېمۇر:

— ھەي بىئەدەپ، بۇ نېمىدېگەن ھۆرمەتسىزلىك؟! قولۇڭنى تارت! — دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا يېشىل جۇۋا كىيگەن بىر كىشى تۇراتتى. ئۇ ئەمىر تېمۇرگە سالام بەردى. ئەمىر تېمۇر ئىلىك ئالدى. ئاندىن كىشى:

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىلەر؟ — دەپ سورىدى. ساھىبقىران:

— ئاتىمىز ئادەم سەفىيۇللانىڭ قەبرە شەرىفلىرىنى زىيارەت قىلايلى، دەپ يۈرىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى. بۇ كىشى بىر تەرەپنى كۆرسىتىپ «ئۇنىڭغا قارا!» دېگەندەك ئىشارەت قىلدى. ئەمىر تېمۇر دەرھال شۇ ياققا قاراپ، تاش بولۇپ كەتكەن يەتتە كىشىنى كۆردى. ھېلىقى كىشى:

بۇلارمۇ زىيارەتكە كەلگەن كىشىلەر ئىدى. بۇ قۇلۇپقا قول تەككۈزگەنلىكتىن تاشقا ئايلىنىپ قالغان. ئەگەر سەنمۇ قول تەك

گۆزسەڭ تاش بولۇپ قالىسەن، — دەپ چۈشەندۈردى. بۇ گەپنىڭ ئۈستىگە يەنە بىرقانچە جۇۋا كىيگەن كىشى پەيدا بولدى. ئەمىر تېمۇر ئۇلاردىن:

— سىلەر كىملەر؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

— ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ قۇللىرىدىن بولىمىز. ئۆز ۋاقتىدا زۇلقەرنەيىن ئەپەندىمىز ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇپ ئاندىن ھەزرىتى ئادەم ئاتىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەن. شۇ چاغدا ھىندىستاندىن يەتتە خەزىنىنىڭ بايلىقىنى ئېلىپ كېلىپ، ھېكمەت ئەھلىگە بۇيرۇتۇپ بۇ قەبرە شەرىفىنىڭ ئەتراپىغا تىلسىمات بىلەن بۇ ئىمارەتلەرنى ياساتقان، ئۇنىڭ مەقسىتى، دۈشمەن نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىدىن ساقلاپ قېلىش ئىدى. ئىشىكلەرگە نەچچە خىل ھېكمەت ۋە تىلسىماتلارنى ئىشلىتىپ بۇ قۇلۇپلارنى ياساپ سالغان. شۇڭا ئۇنى تۇتقانلىكى كىشى تاشقا ئايلىنىپ قالىدۇ، — دېيىشتى.

— بۇ مۇبارەك قەبرىنىڭ ئىچىگە كىرىشكە ئىمكان بارمۇ؟

— ئىسكەندەر ھەزرەتلىرىدىن بىزگە بىر مەكتۇپ قالغان، — دېدى ھېلىقىلاردىن بىرى، — ھەركىم شۇ مەكتۇپقا قارىسا ۋە ئەمەل قىلسا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىگە كىرەلەيدۇ.

ئەمىر تېمۇر ئۇلاردىن مەكتۇپنى كۆرسىتىشنى سورىۋىدى، ئۇلار ئەكېلىپ بېرىشتى. ئەمىر تېمۇر مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇۋىدى. ئۇنىڭدا: «ھەي ئەمىر تېمۇر، مەنكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بولمەن. ساڭا كۆپتىن كۆپ سالام. ئەي ساھىبقىران، بۇ ئىمارەتلەرنى ھۆكۈمالارنىڭ تىلسىماتى بىلەن ياساتتىم. ئادەم ئاتىمىزنىڭ مۇبارەك قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلساڭ، بۇ تاغنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بىر يول يىراقلىقتا بىر كۆل بار. شۇ يەرگە بېرىپ، كەچ كىرگەندىن تاڭ ئاتقۇچە كۆلگە قاراپ ئۆرە تۇرغىن. سۇبھى ۋاقتىدا كۆلدىن بىر ئۆكۈز چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئاغزىدا

تەسۋى بار، ئۇنى ئال. ئۆكۈز ساڭا ھۇجۇم قىلسا سەن قورق-
ماستىن ئۇنى قورال بىلەن ئۆلتۈرگىن. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاچقۇچ-
نى ئېلىپ قۇلۇپقا سالساڭ قۇلۇپ ئېچىلىدۇ، ئاندىن ئوبۇلبە-
شىر ھەزرەتلىرىنىڭ قەبرە شەرىفلىرىنى زىيارەت قىلالايسەن»
دېيىلگەنىدى.

ساھىبقىران خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كۆل بويىغا
باردى. شۈكرى نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، پىرلاردىن
مەدەت تىلەپ كۆلگە قاراپ ئۆرە تۇردى.

سۇبھى ۋاقتىدا كۆلدىن ئاچقۇچ چىشلىگەن بىر ئۆكۈز
چىقتى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ ئاغزىدىكى ئاچقۇچنى ئالاي دەپ تەم-
شىلىۋىدى، ئۆكۈز سەكرەپ، ھۆركىرەپ ئەمىر تېمۇرگە ھۇجۇم
قىلدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن ئالەم لەرزىگە كەلدى. ئەمىر تېمۇر
دەرھال قىلىچ بىلەن چاپقانىدى، ئۆكۈز ئۆلدى. ئۇ ئۆكۈزنىڭ
ئاغزىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى-دە،
ھېلىقى قۇلۇپقا سالدى. ئىشىك ئېچىلدى. ئۇلار ئىچكىرى كىردى.
ئادەم ئاتىنىڭ مۇبارەك بويىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 80 گەز كېلەتتى.
مۇبارەك بېشىدا يېشىل تاشتىن ياسالغان لەۋھە بار ئىدى.
ئۇنىڭدا ئەرەب تىلى بىلەن: «ھازا تۇر بەتۇ ئەبۇل بەشەرى
ئادەم سەفيۇللاھى سەلەۋاتۇللاھى ئەلەيھى» دېگەن خەتلەر يېزىل-
غانىدى. يەنە: «ھەي ئەقىل ئىگىلىرى، بۇ يەرگە كەلسەڭلار
ھوشيار بولۇڭلار! ئىبرەت كۆزىنى ئېچىپ، ئەدەب قەدىمىنى
بېسىپ شۇنى چۈشەنگىنكى، ئادەم سەفى ئەسلىمىزدۇر. مىساقى
نەبى ئەۋلادلىرىنىڭ نەھرى بولىدۇ. باشقىلار ئاتىدىن نېمە
مىراس قالسا شۇنى ئالىدۇ. بىزگە مىراس ئۆلۈمدۇر.» دەپ
يېزىلغانىدى. باشقا بىر لەۋھەدە: «رەئنە بۇل بەشەرى خەلىفە-
تۇللاھە نەزەلە فى شەئنى، قەۋلەھۇ تەئالا ئىننى جائىلۇن فىل
ئەرزى خەلىفەتۇن»، — خۇدانىڭ كالامىدا دەپتۇركى، ۋەلەقەد

كەررەمنا بەنىي ئادەمە تاجىن باشىغە قويدى. يەنە ھۆكمە قىل-
دىكى قەۋلەتەئالا ۋە ئىز قۇلنالىلمەلا ئىكە تىسجۇدۇ لىئادەمە
نەسەجۇدۇ ئىللا ئىبلىسە›، ئۇنىڭدىن كېيىن، سەككىز جەننەتتىن
ئورۇن بېرىپ، بولۇشچە كىيىم - كېچەك بېرىپ، ھەر تۈرلۈك
نېمەتلەرنى بېرىپ دېدىكى، ‹فەرەۋھۇن ۋە رەيھانۇن ۋە جەننە-
تۇن نەئىمۇن› — بارچە ئىلىمنى يارىتىپ دېدىكى: قولى تائالا
‹ۋەئەللەمە ئادەمە لئەسما ئەكۇللەھا›. — ئادەمگە ھاۋانى يارى-
تىپ دېدىكى: ‹قەۋلەھۇ تەئالا قۇلنايا ئەدەمۇسكۇن ئەنتەۋەزاۋ-
جۇكەل جەننەتە ۋەكۇلا مىنھا رەغەدەن ھەيسۇ شىئتۇما ۋەلا
تەقدە باھازىھىش شەجەرەتە فەتەكۇ نامنەززالىمىن› — ئاقىۋەتتە
ئادەم بىلەن ھاۋا نەھى ئېتىلگەن نەرسىلەرنى يەپ جەننەتتىن
قوغلانغىنىدا يىغلاپ دېدىكى: ‹رەببەنا زەلەمنا ئەنفۇسە ناۋەئىن
لەمتەغفىرلەنا لەنە كۇنەننە مىنەززالىمىن›. ئاخىرى بۇ ئەمرگە
مەئمۇر بولۇپ، ‹كۇللۇ نەفسىن زائىقە تۇلمەۋتى› شەربىتىدىن
ئىچتۇق. ئوغلۇم ئەگەر ئالەم — جاھانغا سۇلتان بولساڭ، ئاخىرىدا
تۇپراق ئارىسىدا يەكسەن بولىسەن. بىلگىنكى ھەممىگە بۇ ئۆلۈم
ھەقتۇر، ‹كۇللى شەيئىن ھالىكۇن ئىللا ۋەجھەھۇ›، — بىر كۇن
كېلىدۇكى، مۆمىن ۋە كاپىرلارغا شۇنداق ھۆكۈم بولغايكى:
‹يەفئەلۇللاھۇ مايەشائۇ ۋەيەھكۇم مايۇرىد›» دېيىلگەن. يەنە بىر
لەۋھەغە: «‹ئەبجەد ئەي ئەبى ۋۇجىدە فىلمە ئىسيەتى› — ئادەم
ئاتىمىزدىن مۇئىسيەت پەيدا بولدى. ‹ھەۋۋەزئەي ئەتبەئە
ھەۋاھۇ› — ئادەم بىلەن ھاۋا نەفسىگە تەۋە بولغىنى ئۈچۈن
جەننەتتىن چىقتى، ‹ھۇتتى ئەي ھۇتتە زەنبۇھۇ بىتتەۋ بەتتى
ۋەلئىستىغفارى› — ئادەمنىڭ گۇناھلىرى تۆۋە قىلماق بىلەن تۆكەيدۇ.
‹كەلەمەن ئەي تەكەللۇمە بى كەلىمەتى فەتا بەئەلەيھى بىلقە
بۇلى ۋەررەھمەتى› — ئادەم ئىستىغبار ئېيتىپ نالە قىلسا، خۇدا
قوبۇل قىلىدۇ. ‹سەئفەس ئەي زاقە ئەلەيھىددۇنيا فە ئۇقىزۇ

ئەلەيھى» — دۇنيا ئادەم ئاتىغا تار بولدى. خۇدا يەنە كەڭ قىلدى. «قەرەشەت ئەي ئەقەررە بى زەنبىھى فەشەرەفە بىل كەرامەتى» — ئادەم گۇناھلىرىغا ئىقرار بولدىلەر. ئاللاتەئاللا كەچۈردى. «سەخخەز ئەي ئەخەزە مىنەللاھى قۇۋۋەتۇن» — ئادەمگە تەڭرى تائالادىن قۇۋۋەت كەلدى. «زەزەغ ئەي شەددە ئەنھۇ ئەزئۇششەيتانى بىل ئەزىمەتى» — ئادەم ئەلەيھىسسالام شەيتان ئەلەيھىللە ئىنىگە باتۇرلۇق قىلدى. يەنى زور كەلدى. يەنە «قالەننەبىيۇ ئەلەيھىسسالامۇ مەن قەرا ئەلئەبجەدە ئەسسەمەھۇللاھۇ تەئالامىن تىسئەتى ئافاتىن ئەلۋە بائۇۋەلبەرسى ۋەلجۇنۇنۇۋە ئىھرا قۇددارى ۋەلىھەمى ۋەل ئەتىنقى ۋەل جەدىدۇۋەل جىنىنۇ ۋەششەياتىنۇ» دەپ يېزىلغانىدى. باشقا لەۋھەلەردىمۇ كۆپ نەرسىلەر يېزىلغانىدى. يەنە بىرىدە: «ھەي بۇ مەنزىلگە كەلگەن ئەزىزلەر، ئادەم ئاتىمىزنىڭ قىسسىلىرىنى ئاڭلاپ ئىبرەت ئېلىڭلار» دەپ غەزەل شەكلىدە تۆۋەندىكىلەر يېزىلغانىدى:

بۇ قىسسىنى ئاڭلا ئەي كەلگەن كىشى،
ئادەمنى ياراتماق بولدى تەڭرىم ئىشى.
ھەق ئەمرى بىلەن كەلدى قەبىز روھە،
يەر باغرىنى يېرىپ ئەتتى مەجروھە.
بىر قەبزە تاراپ ئېلىپ شۇ ئان،
ئادەمنى ياراتتى بەردى ھەق جان.
ئادەم ياقىغا بارغان زامانى،
سول يېنىدىن ئەيلىدى ھاۋانى.
جەننەتكە كىرىپ بولۇپ خەلىپە،
نېئمەتلىرىنى بېرىپ ۋەزىپە.
بۇغداي يېمىشنى ئەيلىدى مەنئە،
ھەق ئەمرىگە بولدى ئىككىلەن قەنئە.

ئېبلىس چاقىرىپ تاۋۇس، ئىلانى،
ئالداپ ئىككىسىنى بولۇپ نىھانى.
ئېبلىسنى كەلتۈردىلەر جىنانە،
— بۇ ئىشقا بولۇپ ئۇلار باھانە.
ئادەمگە كېلىپ ئۇ مىكىر قىلدى،
ھاۋا ئۇنىڭ مىكرىگە يېقىلدى.
ئادەم ئىككىلەننى ئالدىدىلەر،
بۇغداينى ئوبۇلبەشەر يېدىلار.
ئادەم تېنىدىن چۈشۈردى خىلئەت،
چۈشتى باشىغا كور ئانچە زىللەت.
ئادەم بولۇبان شۇ دەم يالاڭغاچ،
جەننەت ئەھلى دەرئىدىلەر: «قاچ!»
يىغلاپ يۈگۈرۈر ئىدى ھەر تەرەپكە،
جاي بەرمىدىلەر ئۇ شۇل شەرىفكە.
ئادەم بارۇر ئەردى ھەر شەجەرگە،
ياپراغ تەلەپ قىلىپ ئۇلەرگە.
بۇغداي ياغىچىدا بار ئىدى ئادەم،
دېدى: — ياپرىقىڭنى ماڭا بەر شۇ دەم.
پۇچ بولماغىمغا بولۇپ سەۋەب سەن،
ئىسيان دېڭىزى ئارا قىلىپمەن.
بۇغداي دېدى: — كاشكى مەندە ياپراق،
بولسا بېرەر ئىدىم سىزگە مۇشۇ چاق.
ئاندىن بارىبان ئانار ياغىچى،
ھالىمغا قىلۇرمۇ دەپ ئىلاجى.
كۆردىكى نەفىس ياغاچ ئەرمىش،
تازىم بىلەن بېشىنى ئېگەرمىش.
گوياكى كېلىندەك ئولتۇرۇپتۇر،

زىننەت بېرىبان ئۆزىگە چۈن ھۆر.
يىغلاپ دېدى ئادەم، ئۈنىڭغا ياپراق،
بەرمىدى جاۋاب ئاڭا ئۇ شۇل چاغ.
ئادەمگە خىتاب كەلدى ھەقتىن،
بارما ئۈنىڭ قېشىغا ئىرور زىن.
ئادەمگە دەم ئۇرماققا ئۇياتتى،
ئالما دەرىخىغا ئاندا يەتتى.
ئالمىنى كۆرەر يۈزى قىزارمىش،
كۆز قېنى بىلەن يۈزنى بويارمىش.
مەجرۇھ كىشىدىن داۋانى سورىماي،
تەكىنىڭ تۈۋىگە باردى ئۇ ھاي.
كۆردى بۇ ياغاچ ئۆزى بىلەن مەشغۇل،
ياپراقنى شۇندا سورىسدى بۇل.
شاپتۇلغا باردى ئاندىن ئۇل بەس،
ياپرىقى ئۈنىڭ ئۆزىگە يەتمەس.
غەم يۈكىگە قەددىنى ئېگىپ باش،
ئۆز ھالىغا يىغلاپ تۆكەر ياش.
مۇندىن نەدىبان كىم سورارمەن،
دەپ باردى ئۈزۈم ياغىچىغا ئۇ تەن.
كۆردى ئۇنى تەر پەشۋەلىقدۇر،
ياپراقلىق، پۇتاقلىق، مېۋىلىكتۇر.
ياپراقلىرىدىكى كۆپ بېزەنمىش،
ياڭاقلار ئۆزرە چېچىمنى تارارمىش.
ئەيىش ئۆزرە بولۇپ ئۆزىگە مەغرۇر،
ئادەم يەنە ئۇندىن ئولدىلەردۇر.
جىگدە ياغىچىغا باردىلەر زار،
تاپىمدى مورۇۋۋەت ئول دىل ئەفكار.

بادام سىرى باردى ئاندىن ئۇل تاھ
مۇ تورەپ كەبى ئۆلتۈر بۇ رەنا.
تەمبۇرنى قوللىرىغا ئالمىش،
بارماقلىرى ـ تىرنىقىدا چالمىش.
ياپراق سوراماقنى كۆرمىدى ئەيىب،
بۇمۇ تىرەپ ئىرۇر نىچۇك بولۇر دەپ.
ئەنجىر ياغىچىغا باردى يىغلاپ،
قارشى كېلىپ ئادەم دېدى كەب.
ئادەم ئاتامىزنىڭ بىلدى ھالىن،
رەھىم ئەيلەپ بەردى مېۋەسىن.
ئادەمنى قىلىپ زىياپەت ئاندا،
خىزمەتلەر قىلىپ مىسالى بەندە.
ھاۋا بىلەن ئادەم ئىككى يەرك،
كەلتۈردى ئەدەب بىلەن بولۇپ ئەرك.
ئەنجىردىن بولۇپ ئۇبۇل بەشىر شاد،
ھەق قىلدى ئۇنى كالامىدە ياد.

شۇنداق قىلىپ ئەنجۈرنىڭ قىلغان ساخاۋىتى خۇداغا ياقتى. كالامىدە دېدىكى: «ۋەتتىنى ۋەززەيتۇنى» ئاشۇ سۆزلەر بىلەن يات ئەيتتى.

ساھىبقىران ئادەم ئاتىمىز ئەلەيھىسسالاتى ۋەسسەللەمنىڭ ئەھۋالىنى بۇ خىل سۆزلەردىن چۈشىنىپ، يىغلاپ كېتىۋىدى، كۆز ياشلىرى قىزىل قانغا ئۆرۈلدى. ئادەم ئاتىنىڭ مۇبارەك قەبرىلىرىگە يۈز ـ كۆزىنى سۈرۈپ، خەتمە ـ قۇرئان قىلىپ، زىيارىتىنى تۈگەتتى. ھەزرىتى ئادەمنىڭ روھى شەرىغلىرىدىن مەدەت تىلىدى. قايتىپ چىقىپ ھېلىقى ئاچقۇچ بىلەن ئىشىككە يەنە قۇلۇپ سېلىپ، بايامقى كۆلگە كېلىپ، ئاچقۇچنى ئۇنىڭغا سالدى.

بادام سىرى باردى ئاندىن ئۇل تاھ
مو تورەپ كەبى ئۇلتۇر بۇ رەنا.
تەمبۇرىنى قوللىرىغا ئالمىش،
بارماقلىرى ـ تىرنىقىدا چالمىش.
ياپراق سوراماقنى كۆرمىدى ئەيىب،
بۇمۇ تىرەپ ئىزۇر نىچۈك بولۇر دەپ.
ئەنجىر ياغىچىغا باردى يىغلاپ،
قارشى كېلىپ ئادەم دېدى كەب.
ئادەم ئاتامىزنىڭ بىلدى ھالىن،
رەھىم ئەيلەپ بەردى مېۋەسىن.
ئادەمنى قىلىپ زىياپەت ئاندا،
خىزمەتلەر قىلىپ مىسالى بەندە.
ھاۋا بىلەن ئادەم ئىككى يەرك،
كەلتۈردى ئەدەب بىلەن بولۇپ ئەرك.
ئەنجىردىن بولۇپ ئۇبۇل بەشىر شاد،
ھەق قىلدى ئۇنى كالامدە ياد.

شۇنداق قىلىپ ئەنجۈرنىڭ قىلغان ساخاۋىتى خۇداغا ياقتى. كالامدە دېدىكى: «ۋەتتىنى ۋەززەيتۈنى» ئاشۇ سۆزلەر بىلەن يات ئەتتى.

ساھىبقىران ئادەم ئاتىمىز ئەلەيھىسسالاتى ۋەسسەللەمنىڭ ئەھۋالىنى بۇ خىل سۆزلەردىن چۈشىنىپ، يىغلاپ كېتىۋىدى، كۆز ياشلىرى قىزىل قانغا ئۆرۈلدى. ئادەم ئاتىنىڭ مۇبارەك قەبرىلىرىگە يۈز ـ كۆزىنى سۈرۈپ، خەتمە ـ قۇرئان قىلىپ، زىيارىتىنى تۈگەتتى. ھەزرىتى ئادەمنىڭ روھىي شەرىفلىرىدىن مەدەت تىلىدى. قايتىپ چىقىپ ھېلىقى ئاچقۇچ بىلەن ئىشىككە يەنە قۇلۇپ سېلىپ، بايامقى كۆلگە كېلىپ، ئاچقۇچنى ئۇنىڭغا سالدى.

ئەمىر تېمۇر ئاناق بىلەن بىللە ساراندىپ تېغىدىن چۈشۈپ، ھېلىقى قەلەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بىلەن سالام قىلدى.

— ھەي ئەمىر تېمۇر، — دېدى قەلەندەر، — زىيارىتىڭ قوبۇل بولسۇن. ئەمدى ئىككىڭ يەنە ئىككى ئايىغىمغا مىنىپ كۆزلىرىڭنى يۇمۇش! — دېدى. ئىككىسىلەن ئۇنىڭ پۇتىغا مىنىپ كۆزلىرىنى يۇمغانىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۆز جايلىرىغا كېلىپ قالدى. ساھىبقىران قەلەندەرنىڭ ئىسمىنى شۇنچە سورىغان بولسىمۇ دەپ بەرمىدى. ئۇ:

— خوجا خىسراۋ دېھلىۋىگە مەندىن سالام دېگىن! — دېگىنىچە غايىب بولۇپ كەتتى. ئەمىر تېمۇرى ئۆلىما — بەگلىرى بىلەن ئۆز شەھىرى — سەمەرقەنتكە قايتىپ كېلىپ، شان-شەۋكەت بىلەن تەخت ئۈستىدە قاتار ئالدى.

**ساھىبقىراننىڭ قۇددۇس شەرىفكە بېرىپ، شەيخ ئەرزىنىڭ كارامىتى بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ قەبرىستانلىقىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ روھىناتلىرىدىن نەزەر تاپقانلىقى**

كۈنلەردە بىر كۈن ساھىبقىران ئەركان دۆلىتى بىلەن ئوۋغا چىقتى. ئۇلار چۆلگە كېلىپ چېدىر - بارگاھلىرىنى تىكىشتى. ئەتىسى كۆپلىگەن قۇلان ۋە كېيىكلەرنى ئوۋلىدى. شۇ يەردە مىرزاشاھرۇخ تۆرىنىڭ ئەلچىسى ئەمىرتېمۇرگە دۇچ كەلدى. ئەمىرتېمۇر ئەلچىدىن نامىنى ئېلىپ كۆردى - دە، ئۆزبېك باتۇرلىرىنى ئېلىپ، شاھرۇخ تۆرىنى ئاختۇرۇپ ماڭدى. چۈنكى ئەمىرتېمۇر شۇ چاغلاردا چاغاتاي ئۆزبېكلىرىنى ھەر تەرەپكە — ئۆزى بىلەن قارشىلاشقانلارنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى. سۇلتان مۇھەممەت تۆرىنى دېڭىز بويلىرىغا ئەۋەتكەن: رۇستەم، تاغا بۇغا، شەمسىددىن ئاببباس بەگ، غىياسىددىن بەگ تۇرىخان قاتارلىقلار دېڭىزدىن ئۆتكەنىدى.

شەيخى تۆمۇر باتۇر، ئۈچ قارا باتۇر، ئارغۇن شاھ ھىن-
دىستاندا ئىدى. ئەمىر يادىكار شاھ، شەيخى ئېلى ئىسمائىل
بارلاس، بۇلارنىڭ باشلىقى مىرانشاھ شام ئېلىنغاندىن كېيىن
غەرب ئەللىرىگە بارغانىدى. شاھرۇخ تۆرە ئىراقنى ئىگەلەپ يول
ئۈستىدە قاراقچىلارغا ئۇچرىدى. 30دىن ئارتۇق ئەرەب بەدى-
ۋىلىرى (كۆچمەنلىرى) يول بويلىرىدا قاراقچىلىق قىلاتتى. شاھ-
رۇخ تۆرە بەدۋىلەرنىڭ باشلىقىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆزىگە ئىتائەت
قىلدۇردى ۋە بويىنىغا باج - خىراج قويدى. يەنە قانچىلىغان شە-
ھەرلەرنى ئىتائەت قىلدۇرۇپ بەيتۇلمۇقەددەسنى قامال قىلدى.
ئۇ چاغلاردا قۇددۇسقا يەلىد رۇم سۇلتان بايىزىنىڭ كۈيئوغلى
خېلىل ھاكىم ئىدى ئۇئاتا بىر نامە يېزىپ، ئوقياغا باغلاپ تۆرىنىڭ
لەشكىرىدىن بىرىگە قارىتىپ ئاتتى لەشكەر ئوق بىلەن خەتنى ئېلىپ
كېلىپ تۆرىگە بەردى. ئۇنىڭدا: «ھەي موغۇل بېگى، ئەتە مې-
نىڭ ئالدىمغا — جەڭ مەيدانىغا يالغۇز كەل.
مەنمۇ يالغۇز بارىمەن» دەپ يېزىلغانىدى. تۆرە جاۋاب
ئورنىدا: «ھەي جېنىم مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى دەپسىز.» دەپ ياز-
دى - دە، بۇ نامىنى ئوق بىلەن خېلىل ئاتىنىڭ بارگاھىغا ئاتتى.
خېلىل ئاتا نامىنى كۆرگەندىن كېيىن تۆگىگە مىنىپ كەل-
دى. شۇ چاغدا ساھىبقىران ئۆزبېك بەگلىرى بىلەن بىللە قۇد-
دۇسقا يېقىن ئەتراپتا تۇرغان شاھرۇخ تۆرىنىڭ قوشۇنلىرى
ئارىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ خېلىل ئاتىنىڭ مەيدان ئىچىدە يال-
غۇز تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەمىر تېمۇر ئوغلى بىلەن كۆرۈشكەن-
دىن كېيىن فىرىس ئېتىمنى مىنىپ، جەڭ مەيدانىغا كىرگىنىچە
خېلىل ئاتىنىڭ ئالدىنى توستى. خېلىل ئاتىنىڭ تۆگى مەيدان
ئىچىدە تۇرغۇزۇلغانىدى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭغا:
— ماڭا ئىتائەت قىل! — دېۋىدى، خېلىل ئاتا ئۇنىما-
دى ۋە «ماڭا مۇشۇ تۆگ - ئەلەم مەدەت بېرىدۇ» دەپ تۇرۇۋال-

دى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. ساھىب-
قىران قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى ياردار قىلدى. خېلىل ئاتا
تۆگىنىڭ بېشىنى قايتۇرۇپ شەھەر ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئەمىر
تېمۇر شۇ ۋاقىتتا: «بۇ نۇسرەتلىك تۇغ ماڭا قالدى» دەپ ئويى-
لاپ خۇشال بولدى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا قۇددۇس تەرەپتىن
ھېلىقى تۆگىنى مىنىپ بىر ئەرەبى چىقىپ كەلدى. بۇ خېلىل
ئاتا ئىدى. ئۇ ساق - سالامەت ساقىيىپ كەلگەنىدى. ئەمىر
تېمۇر ئۇنىڭدىن:

— قانداق ساقايدىڭ؟ — دەپ سورىۋىدى ئۇ گەپ - سۆز
قىلمىدى. ئۇلار يەنە جېدەللىشىپ كېتىشتى. خېلىل ئاتا بۇ نۆۋەتتە
ئەمىر تېمۇرنىڭ بېشىنى ياردار قىلدى، مىنگەن ئېتى ئويناپ مەيداندىن
چىقتى. ئۆزبېكلەردىن چۇقان كۆتۈرۈلدى. شاھرۇخ تۆرە مەيدان-
غا كىرىپ، خېلىل ئاتىنىڭ قولىدىن قىلىچىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ
بېشىغا سالغانىدى، دۇبۇلغىسىدىن ئۆتۈپ بويىنىنى كەستى. لېكىن
بوغۇزى ئامان قالغانىدى. ئۇ يەنە تۆگىسىگە مىنگىنىچە قۇددۇس
شەھىرىگە كىرىپ كەتتى.

ئۆزبېك قوشۇنلىرى ئەمىر تېمۇرنىڭ يارىلىرىغا مەلھەم
تېگىپ، پېقىرلارغا سەدىقە بېرىپ، خۇداغا سېغىنىپ تۇردى. ئۆز-
بېكلەر «خېلىل ئاتا ئۆلدى» دېيىشىپ تۇراتتى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا
يەنە قۇددۇسنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى - دە، خېلىل ئاتا سالامەت
ھالدا تۆگىسىگە مىنىپ چىقىپ كەلدى. ھەممەيلەن بۇ ئىشقا
ھەيران قېلىشتى. ئۇ كەلگەن پېتى شاھرۇخ تۆرىنىڭ بېشىنى
قارىلاپ قىلىچ سىلتىۋىدى، تۆرىنىڭ دۇبۇلغىسى بېشىدىن ئۇچۇپ
كەتتى. يەنە بىر قىلىچ سىلتىۋىدى، تۆرە ياردار بولدى. ئۆزبېك-
لەردىن بىر باتۇر چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتى. خېلىل ئاتا
ئۇنى ئۆلتۈردى، يەتتە كىشىنى ياردار قىلدى. ئۆزى يەتتە نۆ-
ۋەت ياردار بولۇپ، شەھەر ئىچىگە كىرىپلا ساقىيىپ كەتتى.

كەچ كىرگەلىكتىن، ھەر ئىككىلا تەرەپ تۇغلىرىنى ئېلىشىپ جەڭدىن قول يىغىشتى. خېلىل ئاتا قۇددۇس ئىچىگە كىرىپ دەرۋازىنى مەھكەم ئەتتى. ئەمىر تېمۇر كۆڭلىدە: «بۇ ئىشنىڭ سىرى نەدىدۇ؟ بۇ كىشى شەھەر ئىچىگە كىرىپلا ساقىيىپ چىقىۋاتىدۇ» دەپ ئەجەبلىنەتتى.

تاڭ ئېتىپ خېلىل ئاتا يەنە مەيدانغا ھازىر بولۇپ، تۇغلىرىنى قادىدى. ئاندىن قارشى تەرەپتىن جەڭگە ئادەم چاقىردى. ئەمىر تېمۇر ياردار بولسىمۇ يەنە غەيرەت بىلەن قوشۇنلارنىڭ ئوڭ ــ سول تەرەپلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ تۇرغانىدى. شۇ چاغ سۇلتان مۇھەممەت تۆرە مەيدانغا كىردى ۋە بارغىنىچە قۇددۇس خېلىل ھاكىمى ئاتىغا بىر قىلىچ سېلىپلا ئۇنىڭ قوللىنى كېسىۋەتتى. ئۇ قولىنى تۇتقان پېتى شەھەرگە قاراپ قاچتى. بىردەمدىن كېيىن يەنە ساقىيىپ تۆرىنى ياردار قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بايقارا باتۇر مەيدانغا كىردى. خېلىل ئاتا ئۇنىڭغا:

— ھەي موغۇل خەلقى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى قىلىچىمنىڭ بىسىدىن ئۆتكۈزىمەن، مېنى ياردار قىلىپ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمايسىلەر، — دېدى.

— سېھىرگەرمۇ سەن؟ — دېدى بايقارا.

— ياق، — دېدى خېلىل ئاتا، — سېھىرگەرلەر خۇدانىڭ دۈشمىنىدۇر.

ئۇلار يەنە ئېلىشتى. بايقارا خېلىل ئاتىنىڭ پۇتىنى يارا قىلدى. ئۇ يەنە شەھەرگە كىرىپلا ساقىيىپ چىقتى.

جەڭ ئاشۇ رەۋىشتە 40 كۈنگىچە داۋاملاشتى. شۇ ئارىدا ئەمىر تېمۇر نۇرغۇن جاسۇسلارنى شەھەرگە كىرگۈزۈپ، بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلمەك بولدى. لېكىن بۇ سىردىن ۋاقىپ بولالمىدى. ئەمىر تېمۇر ئاناق ۋەزىرنى چاقىرىپ:

— مەن قۇددۇسنىڭ ئىچىگە كىرمەكچىمەن، قۇددۇس ھاكىمى كەلسە، «ئەمىر تېمۇر زەپەر تەلەپ قىلىپ ئۈچ كۈنلۈك

ئېتىكاپقا كىردى» دېگەن. ئۈچ كۈندىن كېيىن چىقمىسام سۇلتان مۇھەممەت — نەۋرەم ئورنۇمغا ئولتۇرسۇن، — دەپ تاپىلىدى-دە، خوشلىشىپ يۈرۈپ كەتتى. ئاناق بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى.

ئەمىر تېمۇر ساقىلىنى بوياپ قارا قىلدى. قەلەندەرلەرچە كىيىندى. شەھەر ئىچىگە كىرىپ كوچىلاردا سەيلە قىلغاچ تىڭتىڭلىدى. كوچىدا بىر قېرى كىشى يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپ سورىدى. قېرى:

— ئوغلۇمنى يىلان چېقىۋالدى. تېۋىپكە بارسام تەرياق بەرمىدى، — دېدى.

ئەمىر تېمۇر يانچۇقىدىن تەرياق ئېلىپ بەردى. ئۇ كىشى خۇشال بولۇپ ئۆيىگە قايتتى. ئەمىر تېمۇر خېلىل ئاتىنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ ئاندىن ئەقسا مەسچىتىگە زىيارەتكە كەلدى. ئىشىكلەر مەھكەم تاقاقلىق ئىدى. ئەمىر تېمۇر كىشىلەردىن سورىۋىدى، ئۇلار: «قۇددۇس ھاكىمىدىن قورقۇپ، ھېچكىم بۇ قۇلۇپنى ئاچالمايدۇ» دېيىشتى. ئەمىر تېمۇر قولىنى چىشلەپ، بۇ سىرغا ھەيران قالدى.

ئەتىسى قۇددۇس ھاكىمى جەڭ مەيدانىغا چىقتى. ئاناق سەپتىن ئايرىلىپ مەيدانغا كەلدى-دە:

— ئەمىر ئېتىكاپقا كىرىپ كەتتى، — دېگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆزى كەلدى ۋە ئېلىشىشتى. خېلىل ئاتا يەنە جاراھەتلىنىپ شەھەرگە ئۆزىنى ئالدى-دە، «ئەقسا» مەسچىتىگە كەلدى. ئەمىر تېمۇر بۇ يەردە قاراپ تۇراتتى. خېلىل ئاتا چۆنتىكىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ قۇلۇپنى ئاچتى. مەسچىت ئىچىگە كىردى-دە، دەرھال ساقىيىپ چىقتى. ئەمىر تېمۇر بۇ سىرنى بىرىدىن سوراي دەپ تەمشىلىپ، نېرىدا تۇرغان ئىككى كىشىنىڭ سۆزلىشىۋاتقان

لىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇلار: «ھەركىم بۇ ۋەقەنى سورىسا موڭغۇل جاسۇسى ئىكەن دەپ قارىلىدۇ» دېيىشىۋاتاتتى. ئەمىر تېمۇر كۈلۈپ قويىدى - دە، سورىمىدى. ئۆز كۆڭلىدە «بۇ ئەلۋەتتە مېنىڭ ئىستىقبالىم ئىكەن» دەپ ئويلىدى.

خېلىل ئاتا قايتىپ ئۆزبېكلەرگە ئاقابىل بولۇۋاتقاندا، ئەمىر تېمۇر ئارقىسىدىن كېلىپ:

— ھەي موغۇل ئۆزبېكلىرى، بۇ قۇددۇس ھاكىمىدىن قېچىڭلار — دەپ، چۇقان سالدى. ئاناق ئەمىر تېمۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ مەقسەتنى چۈشەندى - دە، تۇغلارنى يىغىشتۇرۇۋالدى. خېلىل ئاتا ئۆزىگە ھەرقانچە كۈچەپ ئادەم چاقىرغان بولسىمۇ ھېچكىم مەيدانغا كەلمىدى.

بىردەمدىن كېيىن ئەمىر تېمۇر قۇددۇس تەرەپتىن ئادەملەرنىڭ قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئارقىسىدىن خېلىل ئاتىنىڭمۇ قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەمىر تېمۇر بىر كىشىدىن:

— بۇ نېمە توپىلاڭ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ:

— قەيسەر كۆيئوغلىغا بىر يولۋاس ئەۋەتكەنىدى، ئۇ قەپەزدىن چىقىپ كېتىپ ھەممىنى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

ئەمىر تېمۇر دەرھال قاسساپنىڭ پىچىقىنى ئېلىپ يولۋاسنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلىدى. خېلىل ئاتا بۇنى كۆرۈپ ئەمىر تېمۇرنى ئوردىسىغا چاقىرىپ ئاپاردى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭدىن يۇقىرى چىقىپ ئولتۇردى. ھاكىم:

— نېمىشقا مېنىڭدىن يۇقىرى چىقىپ ئولتۇردۇڭ؟ — دەپ سورىغانىدى. ئەمىر تېمۇر:

— مەن سەييىت ئەۋلادى بولىمەن، — دېدى.

خېلىل ئاتا ئەمىر تېمۇرنىڭ سالاپىتىدىن ئەيمىنىپ ھېچنېمە دېيەلمىدى. بىر ئازدىن كېيىن پوش - پوش دېگەن ئاۋاز كەلدى. سوراپ كۆرۈۋىدى، ئەمىر تېمۇردىن ئەلچى كەپتۇ،

دېيىشتى. ئەمىر تېمۇر ئاناققا: «ھەر قاچاندا مەن شەھەرگە كىرگىنىمدە ئوغلۇڭنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكىن» دەپ تاپىلاپ قويغانىدى. دەرۋەقە ئاناقنىڭ ئوغلى خۇمارى كەلگەنىدى. ئۇنىڭ قولىدا قىلىچ بولۇپ، يالاڭباشتاق ئىدى. بويىنىدا كېپەن، بېلىدە تاش كەمەر، قوينىدا بىر پارچە تۆمۈر بولسىمۇ، مەكتۇپ يوق ئىدى. ھاكىم:

— نامەڭنى بەرگىن! — دەپ بۇيرۇدى. ئەلچى:

— بېگىمىز قانداق بۇيرۇغان بولسا، شۇنداق كەلدىم، باشقا ئېلىپ كەلگىنىم يوق، — دەپ تۇردى.

خېلىل ئاتا پۈتۈن ئەركان دۆلەت بىلەن بۇ ئىشارەتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە ئاجىز كەلدى. ئەمىر تېمۇر:

— ئەگەر رۇخسەت بولسا، ئەمىر تېمۇرنىڭ بۇ ئەلچىسىنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىنى دەپ بەرسەم، — دەپ سورىدى ھاكىمدىن.

— دېگىن، — دېدى ھاكىم.

— ئەمىر تېمۇر بۇ ئىشنى سىلەرگە ئۆلگە قىلىپ ئەۋەتىپتۇ، يەنى «مېنىڭ سىپاھىلىرىم، باتۇرلىرىمغا تىرىكلىكتىن ئۆلمەكلىك ئەۋزەل» دەپ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تەييار قىپتۇ. سەن «ئەمىر تېمۇرنىڭ سىپاھىلىرىنى ئۆلتۈرىمەن» دەپ ئۆزۈڭگە ئىشىنىپ كەتمە، ئۇلارنىڭ قېچىشىدا بىر سىر بار، — دەپ تەبىر بەردى ئەمىر تېمۇر.

ھاكىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەلچىنىڭ قول - پۇتلىرى يېشىلدى. خۇمارى دەرھاللا قوينىدىن تۆمۈرنى ئېلىپ بىردەم كۆڭكە قاقىلىدى. ئاندىن تاشنى تۆمۈرگە ئۇردى. چاقىلدىغان سادا چىقتى. ھاكىم:

— بۇنىڭ مەنىسى نېمە؟ — دەپ سورىغانىدى، ئەمىر تېمۇر:

— بۇ ئەمىر تېمۇرنىڭ «ئەگەر سەن قۇياش بولساڭ،

مەن تۇمۇر. قۇياشنىڭ تەسىرى تۇمۇرگە كار قىلالمايدۇ.» دېگىنى، تاشنى تۇمۇرگە ئۇرغىنى «ئۆزۈڭنى تۇمۇرگە ئۇرما» دېگىنى يەنى «ئەمىر تېمۇرگە ئىتائەت قىل» دېگىنى، — دەپ مەنە بەردى.

خېلىل ئاتا ئەلچىگە ئەمەلدارچە كىيىملەرنى كىيگۈزدى. خۇمارى ئەمىر تېمۇرگە قاراپ قويۇپ، بۇ سىرلارنى ئۆزىمۇ چۈشەنمىگەن ھالدا ئورنىدىن چىقىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

— بۇ تېپىشماقنىڭ سىرىنى ھېچكىم يېشەلمىدى. پەقەت ھاكىمنىڭ ئالدىدا بولغان بىر قارا ساقال قەلەندەر يەشتى، ئۇنىڭ تۇرقى ساھىبقىرانغا ئوخشايدىكەن، — دېدى. ئاناق چاندۇرماي:

— كۆپ چاغلاردا ئادەم ئادەمگە ئوخشاپ كېتىدۇ، — دەپلا قويدى.

خېلىل ئاتا ئەمىر تېمۇرگە قاراپ:

— مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟ — دېدى.

— مېنىڭ، — دېدى ساھىبقىران، — بىر قولۇم ۋە بىر ئايىغىم چولاق. سىز بىلەن بىللە ئەقسا مەسچىتىگە بېرىپ، سىزگە ئوخشاش شىپا تاپسام نېمە بولىدۇ؟ — دەپ تەلەپ قويدى. ھاكىم ئۇنىڭ سۆزىدىن ھەيران بولۇپ بىردەم خىيالغا چۆكتى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەمىسە ئۇ يەرگە بارغاندا كۆرگەنلىرىڭنى زادىلا كىشىگە ئېيتقۇچى بولما! — دەپ قايتا — قايتا تەكىتلىدى ۋە ئاچقۇچنى ئېلىپ ئەمىر تېمۇرنىڭ قولىغا بەردى. ئەمىر تېمۇر ئۇ نېمىدېسە ماقۇل بولغان بولۇپ ئاچقۇچنى ئالدى — دە، ئەقسا مەسچىتىگە كەلدى. قۇلۇپنى ئېچىپ مەسچىت ئىچىگە كىرىپ سەڭگى مۇئەللەق (مۇئەللەق تاش) نىڭ قېشىدا چاچلىرى چىگىنىشلىشىپ كەتكەن بىر ئادەمنىڭ مۇشەققەت چېكىپ ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرغان-

لىقىنى كۆردى. كۆپلىگەن كارامەتلەر ئۇنىڭ ماڭلىيىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ خىلىل ئاتىنىڭ جاراھەتلىرىنى ساقايتىدىغان زاھىت ئىكەنلىكىنى پەم ئەتتى. ئەمىر تېمۇر زاھىتقا ئىلتىجا قىلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي ئېزىزىم ماڭا ئەيلەڭىز نەزەر،
ئاسمەن ئالەمدە يۈرگەن دەر - بەدەر.
ئەدەب گۇستاخلىقىدىن ئۇشبۇ كۈن،
ئۆز - ئۆزۈمگە ئېيتىدۇرمەن ئەلھەزەر.

زاھىت ئەمىر تېمۇرگە جاۋابەن مۇنۇلارنى دېدى:

مۇئتەكەپ بولدۇم مەسچىتى ئەقسايىغا،
مەھرۇم بولدۇم مەن جايى ئەلاغا.
زەررە - زەررە ئېتىبار تېپىپ،
مەست ۋۇجۇدۇم ئۇلاندى تىللاغا.

ئاندىن كېيىن ئەمىر تېمۇر كېلىپ كۆردىكى، بۇ كىشى شەيخ ئەزرى ئىدى. بۇنىڭ ۋەقەسى مۇنداق ئىدى:

ساھىبقىرانىنىڭ بارگاھىدا بىر شائىر شەيخ ئەزرىگە زىت بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ قىلغانلىرى شەيخكە ئېغىر كەلگەنلىكتىن، ئۇ ھەجكە كەتكەنىدى. ھەج جەريانىدا كۆپ جاپالارنى چېكىپ ئاندىن ئەقسا مەسچىتىگە بېرىپ مۇئتەكەف بولۇپ «جاۋاھىر ئەلئەسرار» كىتابىنى يېزىپ چىقتى. كېيىن «ئەمىر تېمۇر قوشۇنلىرى بىلەن قۇددۇسقا يېتىپ كەلدى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى. شۇ چاغلاردا خىلىل ئاتا شەيخ ئەزرىگە مۇرىت بولغانىدى. شەيخ ئۆزىنىڭ كارامىتىنى ئەمىر تېمۇرگە كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن خىلىل ئاتىغا:

— بېرىپ، ئەمىر تېمۇر ئاقساقىنىڭ سىپاھىلىرىغا زەربە بەرگىن! ئەگەر مەجرۇھلانساڭ قېشىمغا كەل، مېنىڭ كارامىتىمنى كۆر، — دېگەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ھەرقانداق يېرى يارىلانسا دەرھال كېلىپ شەيخنىڭ دۇئاسى بىلەن ساقىياتتى.

ئەمىر تېمۇر ئورنىدىن تۇرۇپ شەيخنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى.

— ھەرقانداق ئەدەبسىزلىك ئۆتكەن بولسا ئەپۇ قىلىڭ، — دەپ ئەپۇ سورىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شەيخ خېلىل ئاتىنى چاقىرتىپ كەلدى ۋە ئەمىر تېمۇرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ كىشىنى خۇدا ئەزىز قىلىپ ياراتقاندۇر. تىزلىكتە بۇنىڭغا ئىتائەت قىل، — دېدى. خېلىل ئاتا شەيخنىڭ دەۋىتى بىلەن ئەمىر تېمۇرگە ئىتائەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن شەيخ ئەمىر تېمۇرگە شۇنداق دېدى:

— ئەگەر خالىساڭ دۇئا قىلاي، پۇت - قولۇڭ ساقايسۇن، — دېگەنىدى، ئەمىر تېمۇر:

— مۇشۇ ئاقساقلىقىم كۆڭلۈمنىڭ زىيادە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ. يەنە ھېچكىم مېنى پەس كۆرمەيدۇ. مۇشۇ ئەھۋالىم بىلەن ئاللاتائالا مېنى ئالەمگە مەشھۇر، غالىب قىپتۇ، — دەپ ئۇنىمىدى.

قۇددۇس شەرىفنى ئىتائەت قىلدۇرغاندىن كېيىن ئەمىر تېمۇر ئۆزبېك سىپاھىلىرىدىن بىرقانچىسىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ شەيخ ئەزىزنىڭ خىزمىتىگە كەلدى ۋە ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلەرنىڭ قەبرىستانلىقىنى زىيارەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەمىر تېمۇر ئىسكەندەر سانى ئەۋلىيالارنىڭ مۇبارەك قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، شەيخ ئەزىزنىڭ كارامەتلىرى بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇبارەك قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلماقچى بولدى. شۇ ئان ئەمىر تېمۇرنىڭ قېشىغا بىر ئاقساقال، نۇرانە كىشى ھازىر بولۇپ:

— بۇ قوۋمنىڭ ئۇلۇغى كىم؟ — دەپ سورىغانىدى، ھەم-
مەيلەن ساھىبقىراننى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇ كىشىگە ئاتا - بو-
ۋىلىرىدىن پەيغەمبەرلەر قەبرىستانلىقىنىڭ ئاچقۇچلىرى قالغانىدى.
ئۇ كىشى شۇنداق دېدى:

— «ئەتە بىر ئادەم بۇ يەرگە كېلىدۇ» دەپ رەسۇل ئەك-
رەم سەللەللاھى ۋەسسەللام ماڭا بىشارەت بەردى. يەنە ماڭا:
«ئەتە قەبرىستانلىقنىڭ قۇلۇپىنى ئاچقىن، ئۇ ئۈممىتىم پەيغەم-
بەرلەرنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولسۇن» دېگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ ساھىبقىران «روززەن مۇتەھەرەن» ھەزرىتى
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىستانلىقىغا كىردى. قىبلە تەرەپتىن
بىر ئاز تۇپراق ئالدى. ئۇ يەردە قۇلۇپ سېلىنغان بىر يېپىل
ئىشىك مەلۇم بولدى. ئۇنىڭ ئاچقۇچى «ئابدۇللا» ئىسىملىك
بىردە ئىدى. ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن ئىچكىرىدىن مۇشك
بىلەن ئىپارنىڭ پۇرىقى كەلدى. ئۇ يەرگە شەيخ ئەزرى، سا-
ھىبقىران، ئاتاق قاتارلىق ئۈچ كىشى كىردى. ئىچكىرىدە، تاش
تەخت ئۈستىدە بىر كىشى ئۇخلاۋاتقاندەك سوزۇلۇپ ياتاتتى.
يۈزىگە يېشىل شايى يوپۇق يېپىقلىق ئىدى. يوپۇقىنى ئېچىپ
قارىۋىدى، ياتقۇچىنىڭ يۈزى ئوچۇق، قاش - ساقاللىرى قارا،
ئىككى قولى كۆكسىدە ئىدى. بېشىدا بىر لەۋھە بولۇپ ئۇنىڭغا
ئىبرى (يەۋرى - يەھۇدىي) تىلىدا خەتلەر يېزىلغانىدى. ئۇنى
شەيخ ئەزرى ئوقۇپ تەرجىمە قىلدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق
ئىدى: «ھەي مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتى، بۇ سۆزنى چىنىمىز بىلەن
قوبۇل قىلدۇق. يەنى ‹ئىننا ئەرسەلنا نەۋھەن ئىلا قەۋمىھى
ئەنئەنزىر قەۋمەكە مىن قەبلى ئىن يەئتىياھۇم ئەزابۇن ئەلىم›
بۇ ھىدايەتكە سېغىنىپ ھوش - كاللىمىز بىلەن ئاگلايمىزكى،
‹لائىلاھە ئىللەللاھ›نىڭ خالىقىغا (مۇھەممەدقىغا) يەتتۇق. بۇ قوۋم
بىباكلار بىزگە كۆپ ئىزالارنى بەردى، ‹ئىننەھۇم كانۇ

ئەرەلەمۇ ۋەئەتتا› — بۇ ئەھۋالىمغا شاھىتدۇر. ئاندىن قولۇمنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ، يۈزۈمنى مېھرابقا سۈرتۈپ مۇناجات قىلىدىم، ‹ئاللاھۇممە ئىھدى قەۋمى فەئىننەھۇم لايەئلەمۇن› ئۇلار تاش بىلەن مېنى جاراھەتلەندۈرسە، ھەزرىتى جالال (خۇدا) كېرەم قىلىپ ماڭا شىپالىق بېغىشلايتتى. جانابىي پەرۋەردىگارىمغا ئەرزىمنى ئېيتتىم، ‹رەببى ئىننى دەئۋەتو قەۋمى لەيلەن ۋەنەھارەن فەلەمیەزىد ھۇممەل لەئىففەررەن›، — رەببىمنىڭ خەۋىرى ھەم رەببىمنىڭ بۇيرۇقى شۇكى، ‹ئەي نۇھ مەن قولۇم تەقدىر بىلەن لەۋھىنىڭ تەسۋىرىدە رەقەم ئىمانىنى بۇ كۆڭلى قارىلارنىڭ ئېتىغا يازغىنىم يوق، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ خەۋەر سادىقىغا پايىز بولۇپ دۇئا تېگىن كۆڭلۈمدىن چىقارغانىدىم ...»

ئاندىن «نۇھ» دېگەن لەقەمنىڭ قويۇلۇشى توغرىسىدا مۇنداق شېئىر يېزىلغانىدى:

يا ئەقىل ئىگىسى پاكىزەدىن،
نەزەر ئەيلە ئىبرەت بىلە ئۇشبۇ ھەيىن.
كۆزۈڭ ئىبرەت بىلەن ئېچىپ بىزنى كۆر،
تاپار جان ۋە كۆڭلۈڭ بۇ يەردىن ھۇزۇر.
كۆرەرسەن بۇ دەخمە بارى نۇر ئىرۇر،
ھەممە ئىللىتىڭگە شىپالىق بېرۇر.
كى مەن نۇھ ئىرۇرمەن رەسۇلى جېلىل،
بۇ يەرگە كېلىپسەن بۇنى ئاڭلىغىل.
نەزەر قىل مېنىڭ سىنەئىمى رەشمە،
يەنە يىغلىغان بۇ كۆزى ياشىمە.
غېرىبانە ھەر سۇ نەزەر قىل بۇ چاغ،
جاھانىنىڭ ئىشىدىن بولۇپ بارچە داغ.
ئۆلۈم شەربىتىدىن ئىچىپ بولدى مەست،

ئەجەل ئىلكى يەتكەچ بۈيۈك بولدى پەست.
بارى مەست مانای بەزىم شەھۋەت،
بارى مۇھەففەل ئاراي باغ ۋۇجۇد.
بارى ئەندىلەپ رىزايى ئەبەد،
بارى گۈلبان گۈلىستان ئەھەد.
بارى ھەمدەم جىبرەئىل ئەمىن،
بارى ھەم سۇخەنگۈي روھى ئالايىن.
بارى روھى قۇددۇسە ئىدى ھەمنەپەس،
لەھەد ئىچرە بولدى چۇمۇغى قەپەس.
ئەجەل ئىلكىدىن دۇر بولۇپ تۆرە خاك،
ياتىمىز بۇ يەردە بولۇپ سىنە چاك.
قەيەردە غېرىبلەر بولسا قىل رىزا،
كى سەندىن رىزادۇر بارى ئەنبىيا.

ساھىبقىران كۆپ نالە قىلىپ يىغلاپ، باشقا قەبرىلەرگىمۇ كىردى. قارىسا بىر زات ۋە باركات ياتاتتى. ئۇ يېنىنى تۇپراققا قويغان بولۇپ، كېپەنلىرىنى بېلىگە سىرىپ قويغان ئەرەب چىراي كىشى ئىدى. بېشىدا «ھود ئەلەيھىسسالام» دېگەن خەت يېزىقلىق ئىدى. يەنە خەتتە: «مۇھەممەدنىڭ قەبرىستانىغا كىرگەن ئۈممەتلىرى، ئاللاتائالا ماڭا سەككىز شامال ئاتا قىلغانىدى. تۆتى رەھمەت شاملى، يەنە تۆتى ئازاب شاملى ئىدى. بۇ يەرگە كەلگەن ئەزىزلار، ئىبرەت كۆزۈڭنى ئاچقىن، بىلگىنكى، ئاخىر بۇ دۇنيا ئۆمرۈڭنى شامالغا غازاڭدەك بېرىدۇ. قارا، ئالەمدە نەپەيغەمبەر ـ ئەۋلىيالار قالسۇن.» دېيىلىپ، ئاخىرىسىدا بۇ نەزمە يېزىلغانىدى:

كى مەن ھود ئىرۇرمەن خۇداغا رۇسۇل،

ئۈشبۇ ئەقىل ئىگىسى سۆزۈم قىل قوبۇل.
ئىچىپ دەئۋىتە مەن لىسانى ماقال،
بى پەرمان ئول قادىر زۇلجالال.
تىلىم ئالىمدى ھىچ ئۇ گۇمراھلار،
سۆزۈم كۆڭلى تاشلارغا قىلماي ئەسىر.
قىلىپ خەلقنى دەئۋەتكى توقسانۇ يىل،
زالالەت ئارا قىلدى يەكسانى يىل.
ئىچىلدى چۇ دەرھاي نار جىھىم،
چىقارىلدى ئالەمگە بارى ئىقىم.
جاھاننى خاراب ئەتتى توپان يىلى،
ئۇشۇل قەۋم نوھتەك توپان سىلى.
ئايا ئۇشبۇ يەرگە كەلگەن ئادىمى،
ۋاپاسىز جاھاننىڭ تولادۇر غىمى.
كۆرۈپ ئىبرەت ئالغىل بۇ رىۋاۋەت ئارا،
ئۆلۈم ئىلكىدىن بارچە باغرى يارا.
سىموم ئەجەلدىن جاھاندۇر خاراپ،
ئۆلۈم ئوتىدىن بارچە باغرى كاۋاپ.
يوق ئەرمىش ئامانلىق بولۇرسەن يانا،
بۇدۇرپەندىم ئاڭلاپ ساڭا ۋەل دۇئا.

ساھىبقىران تېخمۇ ئېزىلىپ يىغلاپ باشقا دەخمىگە (قەبرىـ
رىگە) كىردى. بۇ يەردە قارىغاي ياغىچىدىن قىلىنغان تاۋۇت بار
ئىدى. تاۋۇتنى ئېچىپ كۆرۈۋىدى، ئۇ زات ۋە باركاتىنىڭ ساقاللىرى
ئاقارغان بولۇپ، قەبرىسى ئۈستىدە نۇر يالتىراپ تۇراتتى.
ئۇنىڭ قوللىرى كۆكسى ئۈستىگە قويۇلغانىدى. مۇبارەك لەۋلىرى
كۈلۈمسىرەپ تۇرغاندەك ئىدى. يۈزلىرى گويا گۈلدەك ئېچىلغا-
نىدى. بېشىدا تاش لەۋھە بولۇپ، ئۇنىڭغا نەزمىلەر يېزىلغانىدى:

مېنى بىلگىنكى، خېلىيوللا ئىرۇرمەن،
خۇدانىڭ سەنئىدىن ئاگاھ ئىرۇرمەن.
ئىشتىكىل ئەي، ئىنىزىم قىلمىغىل خەزىم.
رەسۇل ئەيلەپ مېنى قىلدى ئۇ ۋەلخۇرەم.
مېنىڭ ۋاقتىمدا مەشھۇر ئەردى نەمرۇد،
ماڭا دۇشمەن ئەردى ئۇ گەبرى مەردۇد.
مېنىكىم ئاندا سالماققا ئالاۋگە،
ئۇزۇن يولدىن كىرىپ شەيتان جىلۋىگە.
چۇ قىلدى مەنچەنەقنى ئەمدى تەييار،
مېنى تاشلىدىلەركۆپ ئەھلى فىسقجار.
مېنى ئوتقا ئاتىبان ئەھلى نەمرۇد،
ئۇشۇل ئوتنى گۈلىستان ئەيلىدى مەئبۇد.
يېرىم پىشە چىقىپ دەۋزەختىن ئول ئان،
ئۇنىڭدەك دۇشمىنىنى قىلدى يەكسان.
يانا ماڭا خۇدايىم قىلدى پەرمان:
«بۇ ئوغلۇڭ ئىسمائىلنى ئەيلە قۇربان.»
نېمە دەرسەن، چىقار سەندىن ئىزىزجان،
دېدى ئوغلۇم: «ئەگەر ئەمر ئەتسە سۇبھان.
پىدا بولسۇن يولىدا مىڭ ئىزىزجان.»
بويۇن قويدۇم تۇتۇپمەن ئەمرۇ ھەقنى،
چۇ ئوغلۇم ھەلقىغە قويدۇم پىچاقنى.
مېنىڭ بۇ ھىممىتىمگە ئۇندا جەببار،
ئىبەردى جىبرەئىلدىن ھەدىيە قوشقار.

ساھىبقىران يەنە كۆپلىگەن ئىبرەتنامىلەرنى كۆردى، باشقا قەبرىلەرگە كىردى. بىر قەبرىدىكى تاۋۇتنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ياتاتتى. قولىقى چوڭ، كۆزلىرى يۇمۇق،

چىشلىرى بىر ـ بىرىگە يېپىشقان، بۇرنى قاڭشارلىق ئىدى. ئۇكار-ۋان باشلىقىنىڭ يۈزى گۈلدەك. ساقاللىرىدىن ئەتىرىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى قوللىرى قوشتۇرۇلغان بولۇپ، غۇنچىدەك لەۋلىرى تەبەسسۇم-دا ئىدى. بېشىدىكى لەۋھەگە: «مەن ئىسمائىل ئىبنى ئىبرايىم ئەلەيھىسسالام بولىمەن. بۇ يەرگە كەلگۈچىلەر ــ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەدنىڭ ئۈممەتلىرى، بىلىڭلاركى مېنىڭ ۋالىد بۇزرۇكۋارىم ھەقنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، مېنى زەبىھە قىلماققا ئەمىر قىلدى. مەنمۇ باتۇرلۇق بىلەن جېنىمنى جانانىمغا بېغىشلىماق بولۇپ كۆزۈمنى يۇمدۇم. دادام بوغۇزۇمغا پىچاق قويدى. ئاللادىن: «ھەي پىچاق، بۇ سۆيۈملۈك دوستۇمنىڭ بوغۇزىنى كېسىشكە ھەد-دىڭ بارمۇ؟» دېگەن خىتاب كەلدى. شۇچاغ پىچاق ياراتقان ئىگىسىنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، بىسى قايرىلىپ توختاپ قالدى. دادام بولسا پىچاققا: «ياراتقۇچۇمنىڭ ئەمرىنى تەخىر قىلامسەن!» دەپ ھەيۋە قىلىپ، پىچاقنى تاشقا ئۇردى، تاش ئىككى پارچە بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن جىبرائىل پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بىلەن جەننەتتىن كۆك قوشقارنى ئېلىپ كېلىپ مېنىڭ ئورنۇمدا بوغۇزلى-دى...» دەپ يېزىلغانىدى. ئاخىرى تۆۋەندىكى شېئىر بىلەن تامام قىلىنغانىدى:

مېنى بىلگىل زەبىھۇللا ئىرۇرمەن،
خۇدايىم ئەمرىگە ئاگاھ ئىرۇرمەن.
مەن ئىرۇرمەن بىل ئىبراھىم بالىسى،
خېلىيۇللانىڭ كۆزىنىڭ ئاق ـ قارىسى.
مېنىڭ زەبىھىمگە ھەقتىن كەلدى پەرمان،
ئاتام ھەق يولىغا قىلماققا قۇربان.
مېنى باغلاپ، ئېلىپ قولغا پىچاقنى،
تىلىدا زىكرى ئېيتىپان ياد ھەقنى.

ياراتقان ئەمرىگە بوينۇمنى سالدىم،
كۆزۈم يۇمدۇم، ئاچارغا مەن ئۇيالدىم.
بويۇن سۇندۇم ھەق ئەمرىگە مەن زار،
مېنىڭ ئورنۇمغا كەلدى ئەمدى قوشقار.
ئەيسا بۇيەرگە كەلگەن ئىبنى ئادەم،
ئۇلۇغ تۇتما ئۆزۈڭ كەم تۇت، ئۆزۈڭ كەم.

ساھىبقىران بۇلارنى كۆرۈپ يىغلاپ، باشقا قەبرىستانلىقلارغا قاراپ ماڭدى، خورما ياغىچىدىن ئىماغان بىر تاۋۇت ئىچىدە بىر زات ياتاتتى. يۈزى ئاق، ئوتتۇرا بويلۇق، ماڭلىيى كەڭ، سۇنبۇل ساقال ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى لەۋھەگە: «ئىسھاق ئىبنى خەلىلۇللا» دەپ يېزىلغانىدى. يەنە: «ھەي ئەقىل ئىگىسى، بۇ يەرگە كېلىپ جەسەتلىرىمىزگە كۆز سالساڭ، دوزاخ ئوتىدىن خالاس بولىسەن» دېيىلگەنىدى. ئاندىن بۇ شېئىر يېزىلغانىدى:

بىل ئىسھاق مەشھۇر ئېتىم بولۇر،
ئىبراھىم خېلىلكى زاتىم بولۇر.
كى مەندىن بولۇبان نەچچە ئەنبىيا،
يەنە بولدى ئاندىن نەچچە ئەۋلىيا.
ۋە ياقۇپ ۋە يۈسۈپ كىم ئايۇپ نەبى،
سۇلايمان ۋە داۋۇت مۇسا بارى.
يۇشەئ،زىكرىيا بىلەن يەھيا رەسۇل،
ھەسھاكىم ئەردى ئاتاسىز ئوغۇل.
شەئىپ، جىرجىس ۋە دانىيال ۋە ئۇزەير،
ھەكىم ئەردى لوقماق ئۇشۇل باتىمىز.
ئۇلار بارچىسى زەررە ياتەم ئىرۇر،
ئۇلار تا قىيامەت سۇباتىم ئىرۇر.

بۇ يەرگە كەلگەنلەر ئەدەب بىرلە بول،
تېپىپ ياخشىلاردىن، تېپىپ ياخشى يول.

ساھىبقىران باشقا بىر قەبرىگە كىردى. قارىسا كېسەكنى تەكيە قىلغان بىر زات ياتاتتى. بۇ كىشىنىڭ مۇبارەك ماڭلايلىرىدىن غەم - قايغۇنىڭ ئەسىرى ھۆۋەيدا بولۇپ تۇراتتى. بېشىدىكى تاش لەۋھەگە: «ياقۇپ ئىبنى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام» دەپ يېزىلغانىدى. يەنە: «ھەي بۇ يەرگە كەلگەن ئەزىزلار، مېنى بىلمەكچى بولساڭ، ياقۇپ پەيغەمبەر بولۇرمەن. يۇسۇف ئىسىملىك گۈزەل ئوغلۇمنىڭ دەردۇ پىراقىدا نالە - پەرياد قىلىپ، يىغلاپ يۈرۈپ كۆزلىرىم كۆرمەس بولدى. مېنىڭ ناۋالىرىمغا مالائىكىلەر زارلىنىپ كېتىشتى.» دېيىلگەن ۋە بۇنەزمە يېزىلغانىدى:

يۇسۇفاروز ۋىسالىڭ كەتتى مۇشامىدىن پىراق،
كۆرگۈزۈر بۇ كەتمىكىڭدىن تەئسىرى ئايام پىراق.
ئالەم ھۆسنىڭ غۇبارىدىن خىيالىم بىر ئىتار،
گويا بولدى بۇدەم بۇ ھامۇ ئەئىلام پىراق.
قايسى يەرلەر ئىچرە بولدۇڭ زار ئېتىپ مەن خەستىنى،
قايسى ئۇتتۇركى ماڭا سانىسىز بولان نامى پىراق.
يىغلىدىم پۇرقەت تۈنى كۆكتە ھاۋا كۆپ رەشك ئېتەر،
بولدىغاي ئاھ ئاردىسەم خۇرشىدە ئايام پىراق.
تىڭلىساڭ كۆپلەر پىراق ئۇتىغا كۆيۈش دەھرىدە،
بۇ پەلەك ئەۋلادى ئادەمگە سۇنار جامۇ پىراق.

ئاخىرىدا: «شۇ ئەھۋالدا يۇسۇفنىڭ غېمىدە 40 يىلغىچە يىغلىدىم» دېيىلگەنىدى. ئەمىر بۇ يەردىمۇ يىغلاپ قايتىپ

چىقتى. يەنە بىر قەبرىگە كىردى. ھەيھات، بۇ قەبرىنىڭ ئىچى ناھايىتى زىننەتلەنگەن بولۇپ، تەكچىلىرىگە لەئلى، ئۈنچە - مارجانلار تىزىلغانىدى. قارىغايدىن ياسالغان تەخت ئۈستىگە پەردىلەر بىلەن قاپلانغان بىر تاۋۇت قويۇلغانىدى. ئۇنىڭدا بىر زات ئۇخلىغان ئادەمدەك ياتاتتى. شاھبىقىران ئەدەب بىلەن كىلىپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى. بۇ زات تولىمۇ گۈزەل بولۇپ كۆرگەن كىشىلەر ھەيران قىلىشاتتى. جەننەتتىكى ھۆرى - غىلمانلار ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن رەشىك قىلىشاتتى. قەددى - قامىتىدىن سەرۋى ھەم شەمشات دەرەخلىرى خىجىل بولاتتى. كۆزلىرىنى خوتەن كېيىكلىرى كۆرسە ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئۇۋار ئىدى. يۈزىنىڭ نۇرلۇقلۇقىنى قۇياش ۋە ئاي كۆرسە غەزەپ تەرەپكە تېزرەك مۆكۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرىشاتتى. قاشلىرىغا قاراپ ئاينىڭ بېلى ئېگىلەر، ئاغزىغا قاراپ غۇنچىلەرنىڭ باغرى قانغا تولار ئىدى. يۈزىدىكى خالدىن لالىلەرنىڭ باغرى يارا ئىدى، نەچچىلىگەن زۇلەيخا سۈپەتلەر ئۇنىڭ ئىشقىدا جېنىدىن تويار ئىدى.

شاھبىقىران تەئەججۈپ دەرياسىغا غەرق بولدى. «بۇ قايسى زات ئىكەن» دەپ قارىۋىدى، ئۇ زاتنىڭ بېشىدىكى لەۋھەگە: «يۈسۈف ئەلەيھىسسالام» دەپ يېزىلغانىدى. ۋە يەنە «ھەي ئەزىزلار، مەن ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بولىمەن. مەن تولىمۇ گۈزەل تۇغۇلغان بولۇپ، ئاتامنىڭ ئەڭ ئامراق ئوغلى ئىدىم. ئاكىلىرىم مېنى كۆرەلمەي، مالىك تاجىر دېگەنگە پۇلغا سېتىپ 17 يىل قۇل قىلدۇرۇۋەتتى» دەپ، مۇنۇ شېئىر يېزىلغانىدى:

ئىشتىكىل ئەي ئەزىزىم ئەيلەي ئاغاز،
مېنىڭ كۆرگەن جاپالىرىم دېيەي باز.
ئاغالىرىم مېنى ئېلىپ چاھ،

كىلىبان كارۋانى ئاندا نىاگاھ.
چىقىرىپ ئالدىلەر ئۆلدەم قىۇدۇقتىن،
مېنى كۆردىلەر ئەمدى بىرنەچچە تەن.
ئاغالىرىم بولۇپ ئۇ بەردە ھازىر،
سېتىپ مالىكقا ئول جىمى ئاكا بىر.
مېنى كەلتۈردى مىسىرغا ئۇ مالىك،
مەنمۇ قۇل بولماققا بەردىم رىزالىق.
يەنە مالىك ئېزىزى مىسىرگە ساتتى،
زۇلەيخا كۆردىكىم ئەقلىن يوقاتتى.
قىلىپ گاداي ئول مېنى زىندانغا سالدى،
زۇلەيخا بۇ ئىشقا ئاخىر ئۇيالدى.
چىقىپ زىنداندىن مېھنەتتىن قۇتۇلدۇم،
بىل ئاخىرى تەختتە سۇلتان بولدۇم.
ئەمىر تېمۇر بۇ يەردىمۇ يىغلىغىنىچە چىقىپ يەنە بىر قەبرىگە كىردى. شەمشاتتىن ياسالغان تاۋۇت ئىچىدە بىر كىشى ئۇخلىغاندەك ياتاتتى. يېنىدىكى لەۋھەگە: «داۋۇت ئەلەيھىسسالام» دەپ يېزىلغانىدى. يەنە: «ھەي مۇھەممەدنىڭ ئۇممەتلىرى، بىلگىنكى بۇ رەببىي مەئمۇرنى تەسىرنى مېنىڭ نامىمغا يازغان. مېنىڭ شەنىمگە «قۇلى تەئالا يا داۋۇد ئىننا جەئەلناكە خەلىفەتەن فىل ئەرزى» دېگەن ئايەت كەلگەندۇر» دەپ يېزىلغان ۋە مۇنۇ شېئىر يېزىلغانىدى:

مەنمۇ نەغمە پەرداز قانۇنىۇ زوق،
مەنمۇ مۇھەببەل ئارا ناقوس شوق.
ماڭا بەردى ئاللا تولا ئىشقىنى،
يەنە كۆڭلۈم ئىچرە تولا شوۋقىنى.
بېرىپ نىشائە مەيدىنكى رۇز ئەلەست،

تېپىپ زەررەئى زوقى بولۇپ مەن چۇەست.
مېنى تۇشمە تاغ ۋە تاش پارچىسى،
قىلىپ نالە - زار، گەر يانۇ بەس.
مەلىكىلەر پەلەكتە ئىشىتسە ئەگەر،
ئۆزىن يەرگە تاشلاپ قىلۇرگەر يەلەر.
دېڭىزدا ئىشىتسە لەھەڭلەر تاۋۇش،
چىقىپ سۇ يۈزىگە كېتىپ ئەقلى، - ھۇش.
ۋە ھۆش ۋە تويورلار ئىشىتىپ بارى،
يۈرەلمەس ئۇماققا يوقتۇر پىرى.
ئىشىتسە ئۇنۇمنى زەمىنۇ زامان،
بىرى مەست بولۇرلار مەكىنۇ ماكان.
زەبۇرنى ئاتا قىلدى تەڭرىم ماڭا،
ئېزىزىم ئىشىت بۇ سۆزنى دېدىم ساڭا.
ئەجەل نەغمە مەرگىنى ساز ئېتىپ،
تېنىمدىن روھىم كەتتى پەرۋا ئېتىپ.
قېنى نەغمە بىرلە سادا ۋە نەۋا،
بۇدۇر كارى دۇنيا ساڭا بىۋاپا.

ئەمىر تېمۇر بۇ سۆزلەردىن مەستى - مۇستەغرەق بولۇپ يىغلاپ كەتتى. يەنە بىر قەبرىگە كىردى. بۇ يەردە كىيىملىرى گىلەمدىن بولغان، مۇبارەك قوللىرىدا ھاسا تۇتقان، بېشىغا تەقىيە كىيگەن، چىرايى سۇرلۇك سالاپەتلىك بىرزات ياتاتتى. ئالدىدىكى لەۋھەگە «مۇسا ئەلەيھىسسالام» دەپ يېزىلغانىدى. يەنە: «ھەي مۇھەممەدنىڭ ئۈممەتلىرى، مەن مۇسا پەيغەمبەر بولىمەن...» دەپ ئۆزىنى بىرمۇنچە ماختىغان، ئاندىن تۆۋەندىكى شېئىر يېزىلغانىدى:

مەنەم مۇسا ئېرۇر ھەقنىڭ كەلىمى،

تور ئۈز رەھمەت تاپۇپ رەھمەت شەمسى.
تەجەللىنى كۆرۈپ ئىمىن شەجەردە،
تېگىپ ئىشىق ئوتى تەشىرى جىگەردە.
تەمانىنا ھەققە قىلدىم رەببى ئەرنى،
ئىشىتتىم «لەن تەرا» نىمىدىن خەۋەرنى.
ئۇدەم تور ئۈزرە تۇشتى لەھزىي نۇر،
بولۇبان پارە - پارە ئاندە ئول تۇر.
ئۆلاندى تاشلارىكىم تۇتىياغە،
تۆتۈندەك ئۇچتىلەر سۈيى سەماغە.
يەدى بەيزا ماڭا بەردى ئەسايى،
گەھى كۆبرۈك بولۇپ گەھ ئەجدىھايى.
مىنى غالىپ قىلىپ قىر ئەۋنىلەرگە،
ئۇشۇل دىنسىز، ئۇشۇل بىئەۋنىلەرغە.
بىزە يول بەردىكىم ئانلارنى ۋەھھاب،
ئىشارەت ئىلغە قىلدى بولدى غەرقاب.
ئىشىت ئەي ئەقىل ئىگەسى ئەر جۇمەندىم،
بۇدۇر ئىبرەت ساڭا ئالغىل بۇ پەندىم.

ئەمىر تېمۇر زوق - شوق بىلەن يەنە باشقا قەبرىلەرگە كىردى. بويى ئۇزۇن، بومبا ساقاللىق، قېشىنىڭ ئۈستىدە خالى بار بىر زاتنى كۆردى. بېشى ئۈستىدىكى لەۋھەگە «يۇنۇس ئەلەيھىسسالام» دەپ يېزىلغانىدى. يەنە: «ئەي ئەزىزىم، مەن بېلىقنىڭ قارنىدا «لائىلاھە ئىللا ئەنتە سۇبھانەكە ئىننى كۇنتۇ مىنەززالىمىن» نى 40 كۈنگىچە ئوقۇپ، خۇدانىڭ تائەتى بىلەن بېلىق كۆكسىنى ئاۋات قىلغان» دەپ يېزىلغان، ئاندىن مۇنۇ نەزمە يېزىلغانىدى:

ئەي ئەقىل ئىگىسى پاكىزە دىن،

مەن يۇنۇس ئىبرۇرمەن ئاڭلا بۇ ھەيىن.
يۇتتى مىنىكىم نەھەڭگى دەريا،
قىردىق كۈنچە ئۇنىڭ ئىچىدە ئەيلىدىم جا.
سەجدە ئۇزرە باش قويدۇم ئاندە،
زىكرىدىنى دېدىمكى جانۇ بەدەندە.
بېلىق قىلالمىدى مېنى ھەزم،
بار ئۇشبۇ جەھانغە ئەيلەدىم ئەزم.
ئاندىن يەنە بۇ لەھەڭگى تۇپراق،
يۇتتى ھەركەتتە يوق ماڭا چاق.
ھەي ئەقىل ئىگەسى باتەمىزىم،
ئالدانما جەھانغە ئەي ئەزىزىم.
ئاداب ئىلە بول جاھاندا ئەي كىشى،
ئادابلۇ كىشىنى سۆيدى تەڭرىم.

يەنە بىر قەبرىگە كىردى. ئۇيەردە: ساقال - بۇرۇتلىرى ئەمدى خەت تارتقان، چىراي گۈلزارىدىن ئەتىر پۇراپ تۇرىدىغان، كۆز چاناقلىرىدىن ياش مارجاندەك سىرغىپ ئېقىپ چۈشۈپ تۇرغان بىر يىگىتنى كۆردى. ئۇنىڭ بېشىدا «يەھيا بىننى زىكرىيا ئەلەيھىسسالام» دەپ خەت بار ئىدى. ئۇمۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا بۇ شېئىر يېزىلغانىدى:

ئايا ئەقىل ئىگەسى سۆزۈمنى ئىشىت،
تەۋازۇ ئىدە يەھيا ئىبرۇرمەن يىگىت.
قىيامەتنىڭ خەۋپىدە تەرسەندە مەن،
ئىچۈك خەۋفىن ئىپتىماي بەسى بەندە مەن.
جازا كۈن يىغلىسا ھەمە ھەشىر ئارا،
بارى ئۆز گۇناھى ئىلە ماتەم سەرا.

نەچە سەپ بولۇپ تۇرسەلەر ھەر سىرى،
كېلىپ نامە ئاندا سىرا سەر بەرى.
بىراۋ ئۇك تەرەپتىن بىراۋ سول تەرەپ،
سولىدۇر غەزەپتىن، ئوڭىدۇر شەرەف.
بىراۋ جەننەتدۇر، بىراۋ دەۋزەخى،
كالامىدە بەردى خەبەر ئەي ئەخى.
ئىلاھا ئۆزۈك ساقلا ئىسلام ئىلىن،
بەھەققى نەبىلەر ھەمە مۇرسەلىن.

شۇنداق قىلىپ ساھىبقىران ھەممە پەيغەمبەرنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر قىلدى، خەتمە - قۇرئان قىلدى، ساۋابىنى ئۇلارغا بېغىشلىدى.

**ساھىبقىرانغا رۇم پادىشاھىدىن سىكىنە تاۋۇتى بىلەن خەت كەلگەنلىكى، ئۇنى ئېچىپ كۆپ ھېكمەتلەرنى كۆرگەنلىكى**

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلغانكى، ئەمىر تېمۇر مىسىر شەھىرىنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇپ، ھاردۇق ئالغاچ كۆڭۈل خۇشى قىلىشىپ ئولتۇرۇشتى. شۇ چاغلاردا ئالاتاغ يولىدا ئەمىر تېمۇرنىڭ ئەسكەرلىرىدىن قاراۋۇللار قويۇلغانىدى. قاراۋۇللارنىڭ كۆزىگە ئۇزاقتىن لەشكەرلەر نامايان بولدى. قاراۋۇللاردىن بىرى ئاناق ۋەزىرگە خەۋەر بەردى. ئاناق:
— قوشۇن تەخمىنەن قانچىلىك بار ؟ — دېۋىدى، قاراۋۇللار:
— 500 دەك كىشىلەر، — دېدى. ئاناق:
— سەۋر قىلىڭلار! ئەلچى بولۇپ قالمىسۇن، — دېدى - دە، ئۆزى ساھىبقىراننىڭ قېشىغا باردى. ساھىبقىراننىڭ تەختى

نىڭ دەرياسىنىڭ بويىغا تىكلەنگەنىدى. 1000 تاناپتەك يەرنىڭ ئوتلىرىنى ئورۇپ، چېدىرلارنى تىككەنىدى. قىزىل، يېشىل، سېرىق چېدىرلارنىڭ ھەممىسى ئەتلەستىن، كىمخابتىن ئىدى. تەختىنىڭ ئەتراپىدا ئالتۇن پەنجىرە، ئۇنىڭ ئەتراپىدا كۈمۈش پەنجىرە بار ئىدى. پەنجىرە ئىچىدە مىرانشاھ تۆرە، مىرزا شاھرۇخ تۆرە، مىرزا ئۆمەر شەيخ تۆرە ۋە سۇلتان مۇھەممەت تۆرە قاتارلىق تۆرە زادىلار ئولتۇرۇشقانىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا 700 دەك خوجا ساراي بار ئىدى. ئۇلارنىڭ چوڭى ھىندى خوجا ئىدى.

ئاناق ۋەزىر كېلىپ، ھىندى خوجىغا ھېلىقى ۋەقەنى دېدى. خوجا ئالتۇن پەنجىرىگە كېلىپ ئەمىر تېمۇرگە:

— ئاناق ۋەزىر خىزمەت ئۈچۈن بوسۇغىڭىزغا كەپتۇ، جانابىڭىزغا ئەرزى بار ئىمىش، — دەپ مەلۇم قىلدى. ئەمىر تېمۇر «كىرسۇن» دېگەندىن كېيىن، ئاناق ۋەزىر ئەمىر تېمۇرنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئەمىرنىڭ ئالدىدا تىز چۆكۈپ:

— ئەي، ئەمىر ئەپەندىم، ئالاتاغ تەرەپتىن قاراۋۇللىرىڭىزغا بىر بۆلەك ياۋ قوشۇنى مەلۇم بوپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

ئەمىر تېمۇر بۇ سۆزلەرنى ئاناق ۋەزىردىن ئاڭلاپ دەرھال مىرزا شاھرۇخ تۆرىنى بۇيرۇدى. تۆرە دەرھال ئورنىدىن تۇردى. غەيرىتى جۇش ئۇرۇپ، بارلاس بەگلىرىنى ئېلىپ دەرھال ئاتقا مىنىشتى. ئۇ 2000 لەشكەر ۋە 50 باتۇرنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلدى. قوشۇندىن ئىلگىرى ئۆزى قاراۋۇللار خەۋەر قىلغان يەرگە يەتتى. ئاندىن قوشۇنلىرىنى توپلاپ، كانايلىرىنى چېلىپ ياۋ قوشۇنىغا قاراپ تۇرۇشتى. لەشكەرلەر دېڭىزدەك مەۋج ئۇرار ئىدى. ياۋ قوشۇنى ئارىسىدىن بىر يىگىت چىقىپ كەلدى. ئۇ قاشلىرى ئايدەك، بويى تۈز، لەرزان، كۆزلىرى

چولپان، لەۋلىرى ھېقىقەتەك، چىشلىرى دۇردەك، بەدىنى كۈمۈشتەك، يۈزى نۇر چېچىپ تۇرغان، كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئاستىدا قارا كۆزلۈك بوز ئات بار ئىدى. يىگىت بېشىغا تاج كىيگەن، بوينىغا قۇرئان ئاسقان بولۇپ، بېلىدە قىلىچ، قولىدا تەسۋى بار ئىدى. ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، ئاغزىدىن شېكەر چېچىپ، تۈزگە تۈرك تىلىدا سۆز قىلدى:

— مەن سىلەرگە، قەيسەرنىڭ ئالدىدىن ئەلچى بولۇپ كەلدىم. مەن جەڭ – جېدەل ئۈچۈن كەلگەن لەشكەر ئەمەسمەن.

تۆرە ئۇنىڭغا قاراپلا، ئۇنىڭ چىرايىدا ئەقىل – ئىدراك ۋە بەخت نۇرلىرىنىڭ نامايىش قىلىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن:

— ئېتىڭ نېمە؟ كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھەي موغۇل بالىسى، — دېدى يىگىت ئۆز نۆۋىتىدە، — مەن يەلند رۇم سۇلتان بايىزنىڭ ئوغلى بولىمەن، ئىسمىم سۇلتان شەبلى، ئاتام مېنى كۆپلىگەن سوۋغات ۋە تۆھپىلەر بىلەن ئەمىر تېمۇرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئاتام سۇلتان بايىز: «باشقىلارنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتمەي ئۆز ئوغلۇمنى ئەۋەتتىم. موغۇل خاننىڭ مەقسىتىنى بىلىپ كەل» دېدى.

مىرزا شاھرۇخ تۆرە ئەلچىنىڭ ئەدەب – قائىدىلىك، تەربىيە كۆرگەن ۋە شاھزادىلارچە غۇرۇرى بار يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، قەيسەرزادە بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، بىر – بىرىگە مېھرىبانلىق قىلىشتى. تۆرە:

— مەن سىلەرنى دۈشمەن بولسا كېرەك دەپ خىيال قىپتىمەن، — دېگىنىچە ئۆزرە ئېيتتى. شۇ چاغ ئەمىر تېمۇردىن «قەيسەرزادىنى ئېلىپ كەل» دەپ بۇيرۇق كەلدى. ئۇلار قەيسەرزادىنى ئەلچىخانىغا ئېلىپ كېلىشتى. ساھىبقىران ھەر كۈنى

تۆرلۈك تاماقلارنى قىلدۇرۇپ ئەلچىنى مېھمان قىلدى. ئاندىن سۇلتان شەبلى ئەمىر تېمۇرگە كۆرۈنۈش ھەرىكىتىدىن بېشارەت بەردى. ئەمىر تېمۇر كورۈنۈشنى بىر يىلغا كېچىكتۈردى. ئاخىر شاھرۇخ تۆرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئالتە ئايغا توختاتتى.

كۆكلەم ۋاقتى. رەبىيەل ئەۋۋەلنىڭ 15 - كۈنى چاھار شەنبە ئىدى. ئەمىر تېمۇر چىڭگىزخان دۆلىتىدىن قالغان 900 سوروغىنى ئېلىپ كەلدى. زىننەتلىك پالاس - گىلەملەرنى سالدى. ھەممە ئۆزبېك بەگلىرى ئۆزجايلىرىدا ئولتۇرۇشتى. ئىككى تەرەپتە ياساۋۇللار، باقاۋۇللار، ئەمەلدارلار، ئۆلىمالار، ھۆكۈمالار ئۆز رىتى بويىچە ئولتۇرۇشتى.

سۇلتان شەبلى يېشىل تون كىيىپ، بويىنغا رىدا باغلاپ، قويىنغا قۇرئان سالغان، قولىدا تەسۋى تۇتقان ھالدا كۆپلىگەن سوۋغات، سېمىز ئارغىماقلار، نۇرغۇن ئوۋ قۇشلىرىنى، تۆگىلەردە ئېسىل رەختلەرنى ھەمدە ئەمىرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر ساندۇق ئېلىپ كەلگەنىدى.

ساندۇقنىڭ شەكلى تاۋۇتقا ئوخشايتتى. ئۇزۇنلۇقى بەش گەز، كەڭلىكى بىر گەز كېلەتتى. ئۇنى ئەمىر تېمۇر ۋە بەگلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى. ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن 20 تاناپچە يەر ئاجرىتىپ، ئەتراپىغا زۇمرەت يىپلاردىن ئىھاتە قىلىپ قويۇشتى. بىرئازدىن كېيىن «پوش - پوش» دېگەن ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار قارىۋىدى، غۇلام باللار، خوجا سارايلار بەللىرىگە قىلىچ ئېسىشىپ، توپ - توپ بولۇپ كېلىپ، قوللىرىدا تاپانچا تۇتقان بويىچە ئەمىر تېمۇرگە تەزىملار قىلىشىپ تۇرۇشتى. ئاندىن كېيىن دەبدەبە - ھەشەمەت، شانۇ شەۋكەت بىلەن ساھىبقىران كېلىپ دۆلەت تەختىدىن قارار ئالدى. ياساۋۇللار شۇئان سۇلتان شەبلىگە ئىشارەت قىلدى. سۇلتان شەبلى دەرھال سوۋغاتلارنى ساھىبقىراننىڭ نەزەرىدىن ئۆتكۈزدى، ئاندىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— ئەي ئۆزبېك خانى ۋە موغۇللارنىڭ خاقانى. قەيسەر رۇم شەرەپلىك خىزمىتىڭىز ئۈچۈن بۇ سوۋغىلارنى ئەۋەتتى، — دېدى.

ھەممەيلەن ساندۇقنى كۆرۈشتى. ئۇلار «بۇ ساندۇقتا گۆھەر بارمىكىن» دەپ ئويلاشقانىدى.

سۇلتان شەبلى نامىنى كەلتۈرۈپ تىز پۈكۈپ ئەمىر تېمۇرنىڭ قولىغا ئەدەب بىلەن بەردى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز جايىغا ئولتۇردى. ئەمىر تېمۇر:

— ئەي قەيسەر زادە، بىزنىڭ قۇردىشىمىز يەلىد رۇم سۇلتان بايىز قانداقراق؟ ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى. سۇلتان شەبلى ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلىغان ھالدا جاۋاب بەردى:

— قەيسەر رۇم سىزنى كېچە - كۈندۈز ياد ئېتىپ، دۆلەتىڭىزگە دۇئا قىلىش بىلەن مەشغۇل.

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ئەدەب بىلەن ئۆز جايىغا ئولتۇردى.

شەرەف يەزدى ئۇستازىمىز ئۇ يىگىتنىڭ گۈزەللىكى، ئەدەب - ئەخلاقىغا مۇنۇ بېيىتلارنى يازغانىدى:

بەزمە ئارا گۈلرەڭ قەدەھ دەۋرىدە لەئىل نابىۋار،
زۇلپىنىڭ ھەر ھالقىسىدا نەچچە پىچىنىڭ تابى بار.
ئىشىق ھىجرىدە كۆڭۈل ماھى تەن سەيىد ئەتكىلى،
يۈزدە مىشكىن - سۇنبۇلنىڭ نەچچە يۈز قوللابى بار.
قاشى يا، ساچلار كەمەندى بىرلە كىرپىك ئوقىدىن،
بىناۋا ئاشىقلىرى ئۆلتۈرگىلى ئەسۋابى بار.
چىنىڭ ۋە يەك ئاشىقلىرى ئەفغان قىلۇرمۇ كېچەلەر،
رىشتەئى جان بىرلە تابۇ سازنىڭ مىزرابى بار.

ئىككى كۆرسەتمىش مۇنەججىمدە كاۋاكىپ سەئدىن،
تېرىدىن ياغاق ئۆزە مىرات ئۇ شىرلابى بار.
داغلار كۆڭۈل ئارا كۆرگەندە زەخىم ئەتمە گۇمان،
بول ھەۋەستۇر چۇنتىكىدە دەرھەمۇ قىللابى بار.
تىز پۈكۈپ تەزدىم قىلىپ ئىلكىن ئەلىق ـ لام ئەيلىدى،
مۇنچە زىبالىقتا ھەم ئانچە ئەل ئادابى بار.

ئەمىر تېمۇر نامىنى ئاناق ۋەزىرگە بەردى. ئاناق ۋەزىر ئەزەمگە — مىرزا سەيپىددىنگە بەردى. مىرزا سەيپىددىن نامىنىڭ پېچەتلىرىنى ئېچىپ، ئۈستەل ئۈستىگە چىقىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇدى. نامىدە شۇنداق گەپلەر بار ئىدى.

رەببەنا، ئاتىنا مىنەلدۇنكە رەھمەتەن ۋەھەييىئلەنا مىن ئەمرىنا رەشەدەن،

ھەممە سانىنىز خۇدايى ئالەمغە،
ۋەھىم ـ ئىدراك بەردى ئادەمغە.

بەئىدەھۇ دۇرۇدنا مەئدۇد مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمغە، يەنە دۇئا ـ دۇرۇت ئۇنىڭ ئەسھابىلىرىغا، ئۇ تۆت ۋەزىرى ئەزەم ئەپەندىمىزكىم ئەبە بەكرى سىددىق، ئۆمەر ئۇل فارۇق ئوسمان زۇننۇرەين ۋە مۇرتەزا ئەلى رىزۋانۇللاھۇ تەئالا ئەلەيھىم ئەجمەئىن. بۇ تۆتەيلەن ئەركان پەيغەمبەردۇر ھەم بۇ تۆتەيلەن مۇستاپانىڭ يارلىرىدۇر. گۈلى گۈلدە، بېھرى دىلدا قارار ئالغان، گۈل بىلەن زىننەتلىنىپ، بوستان ۋە بېھرى بىلەن بېزەلگەن......
موغۇل خانىغا ۋە تۇران خاقانىغا سۆزىمىز يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، ئاگىلدىمچە، خىتاي، خوتەندىن تاتار، ھىندىستان ئىقلىملىرىنىڭ شەھەرلىرىگىچە، باغدات شەرقى، مىسىر ئىزنىغىچە تەخت ئىستائىتىمىزگە ئاپىسىز. ئەمدى بۇ تەرەپكە كۆز تىكمەكچى بوپسىز. بۇ ۋەسۋەسە غۇرۇرلۇقتى دىمىقىڭىزدىن كۆتۈرۈۋېتىڭ، مېنىڭ ئەسكەرلىرىم فەرەڭلەردىندۇر. غەربتىن ئاتلىنىپ كېلىدىغان بولسا، موغۇل ـ تاتارلارنى تۇپراقتا مىلەۋېتىدۇ ۋە چاڭ ـ توزانلار بىلەن قوشۇپ ئاسمانغا سورۇۋېتىدۇ......

سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە ساھىبقىران «ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى» دەپ قويدى. سۇلتان شەبلى:

— نېمە ئۈچۈن ئۇنداق دەيسىز؟ — دېگەندى. ئەمىر تېمۇر:

— قەيسەر رۇم ئەسكەرلىرىگە ئىشىنىپتۇ. مەن خۇدايىمغىلا ئىشىنىپ، خۇداغا تەۋەككۈل قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

نامىنىڭ ئاخىرى داۋاملاشتۇرۇلدى:

بۇ ساندۇقنى سىزگە سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتىم. ئۇنى ‹تاۋۇت سېكىنە› دەپ ئاتايمىز. ئۇ ئادەم سەفىيۇللا ئاتىمىزدىن مىراس قالغان. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ زامانىدا ئېچىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قەيسەر رۇم (ئۇ چاغدا ھەر قۇل رۇمنىڭ پادىشاھى ئىدى) ئېچىپ كۆرسەتكەن. ئەمدى 800 يىلدىن كېيىن (ھېچكىم بۇنى قىلىچ بىلەنمۇ ئاچالمىدى) سىزگە ئەۋەتتۇق. ئېچىپ كۆرگەيسىز. بۇنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلگەيسىز... نامە تامام ۋەسسەلام»

ئاندىن كېيىن ھەممە تاۋۇتنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇلاشتى ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىشتى. ئۇنى ئېچىش ئۈچۈن قانچىلار جىدەللىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ ئېچىشالمىدى.

ساھىبقىران:

— كىمەركى شۇ تاۋۇتنى ئاچسا، ھەرقانداق تەلىپى بولسا بېرىمەن، — دەپ جاكالىدى. شۇ سورۇندىكى مەۋلانە شەرەف يەزدى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇنى مەن ئېچىپ باقاي، — دېدى.

مەۋلانە شەرەف يەزدى ئەپەندىمىز كۆردىكى، ساندۇقنىڭ تۆت پۇتى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىككىسى زەبەرجەت، ئىككىسى ياقۇتتىن ئىدى. يانلىرىغا قۇياشنىڭ بەلگىسى، ئۇنىڭ ئاستىغا ئاينىڭ شەكلى ۋە سەييارىلەر قىلىنغانىدى. ئۇنىڭغا مىقناتىس تېشىنى جايلاشتۇرغانىدى. ئۇنى كۆتۈرگەنىدى. ئاستا ـ ئاستا مىلى ئاشكارا بولدى. ئۇنى تولغىۋىدى، ئىشىكى ئېچىلدى. ئاندىن بىر غۇلام

بالا قولىدا كىتاب تۇتقان ھالەتتە پەيدا بولدى. بۇنىڭ سىرىنى ئادەملەر شەرەف يەزدىدىن سوراشتى. ئۇ كىشى تاۋۇتنىڭ يېنىدىكى ئالتۇن بىلەن يېزىلغان خەتنى كۆرسەتتى. تاۋۇتتىكى كىتابلار كىيىكنىڭ تېرىسىدىن قىلىنغانىدى. مەۋلانە شەرەف يەزدى كىتابنى ئېلىپ ساھىبقىرانغا سۇندى. ئۇنى ئوقۇشقا ھەممەيلەن ئاجىزلىق قىلدى ۋە شەرەف يەزدىنىڭ ئوقۇشىنى تەلەپ قىلىشتى. مەۋلانە شەرەف يەزدى ئوقۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تەرجىمە قىلدى. ئۇنىڭدا مۇنداق گەپ بار ئىدى:

مەنكى مەلىك ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بولىمەن، ھۆكۈمالار ماڭا: «1600 يىلدىن كېيىن، يافەس ئىبنى نوھ ئەلەيھىسسالام ئەۋلادىدىن، موغۇل جامائەسىدىن بىر كىشى كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ. ئۇ ئىسكەندەر سانى بولىدۇ» دەپ خەۋەر بەرگەنىدى. ئەي ساھىبقىران، مۇشۇ تاۋۇت سېكىنەنى ئاچساڭ، بۇنىڭ ئىچىگە ھەزرىتى ئادەم ئاتىنىڭ رىدالىرى ۋە ھەزرىتى مۇسانىڭ ھاسىلىرى، ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ جامىلىرى، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ كۆڭلەكلىرى، ئىش ئەلەيھىسسالامنىڭ سەللىلىرى، ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ كەشلىرى، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ جوتۇلىرى ساڭا نىشانە قىلىپ قويۇلغاندۇر. بۇ ساڭا ئىبرەت ئۈچۈندۇر. بىلگىنكى، ھەر قايسى زامانلاردا سۇلتانلار ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى ئەرەب، ئەجەمدە ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سۈرەتلىرى بۇ يەردە بار. بۇ ۋەقەلەرنى كۆر ۋە ئاڭلا، ئاپىرىن ئوقۇغىن. ھەممە ئىلىم - ھېكمەت ئىنگىلىرىدىن ئۆگەنگىن.

ئۆتۈپتۇر بارچە مۇرسىل ھەم سالاتىن،
ئۇلارنىڭ ۋاقتى مەكتۇپ ئىچرە تەئيىن.
يەنە بىر - بىرىگە بولغان زاماندىش،
ئىشتىن ئېقىل ئىگىسى بۇ سۆزنى بۇھىن.

ئەمدى بۇ سۈرەتلەرنى كۆرۈشنى خالىساڭ، مۇرۇۋەتنى ئوڭ تەرەپكە تولغىغىن. بۇ غۇلام بالىنىڭ سۈرىتى باشقا سۈرەتلەرنى كۆرۈپ ئېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، بۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى كۆپ سۈرەتلەر بار.

ئۇلار مۇرۇۋەتنى ئوڭ تەرەپكە بۇرىدى. غۇلام بالىنىڭ

سۈرىتى ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ، بىر يېشىل ھېلىلە ياغاچنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭدا بىر ئادەمنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. بويى ئۇزۇن، يۈزى ئاق، قاشلىرى ئۇچۇق، ساقاللىرى سېرىق بولۇپ، چېكىسىدە خال بار ئىدى. ئۇنىڭ بېشىغا: «بۇ سۇلتان جەمەئىتى بولىدۇ. سالىھ پەيغەمبەرنىڭ ئۈممەتلىرىدىن» دەپ يېزىلغانىدى. ئاندىن ئاستىغا دۇنيادا قىلغان ـ ئەتكەنلىرى، ئاخىرىدا ئۆلۈمگە چارە قىلالمىغانلىقى يېزىلغان ھەم تىرىكلەرنىڭ بۇ دۇنيانىڭ بىردەملىك پاراۋانلىقىغا ئالدانماسلىقى، ھاكىمىيەت ـ سەلتەنەتكە ئىشىنىپ مەغرۇرلىنىپ كەتمەسلىكى، ئۆزلىرىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ دائىم ئۆلۈمنى ياد ئېتىشى كېرەكلىكى دېيىلگەن ۋە ئاستىغا شېئىرلار يېزىلغانىدى. مۇرۇۋەتنى يەنە تولغىدى. غۇلام بالىنىڭ سۈرىتى ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ باشقا بىر سۈرەتنى كۆتۈرۈپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ غۇلام بالىنىڭ سۈرىتى نۆۋەت بويىچە زوھاك (ھود ئەلەيھىسسالامغا زاماندىش) فىرىدۇن، كەيقۇباد (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا زاماندىش)، كەيلاۋۇس، كەيخىسراۋ (ئىسھاق ئەلەيھىسسالامغا زاماندىش)، زال (ئىبراھىم پەيغەمبەر، ئىسھاق، ياقۇپ، يۇسۇف، داۋۇت، سۇلايمان، ئايۇپ، مۇسا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، ئەيسا ئەلەيھىسسالاملارغا زاماندىش)، رۇستەم (ياقۇپ پەيغەمبەرگە زاماندىش)، ئافراسىيان، ئىسپەندىيار (سۇلايمان پەيغەمبەرگە زاماندىش)، بەھمەن (لوقمان پەيغەمبەرگە زاماندىش)، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن... قاتارلىق ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر پادىشاھ ۋە پالۋانلارنىڭ سۈرەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى، ئاخىرىسىدا ئۆلۈمگە چارە قىلالمىغانلىقى، ئادەملەرنىڭ مەغرۇرلانماي كەمتەر بولۇپ ئۆلۈمنى ياد ئېتىشى زۆرۈرلۈكى توغرىسىدىكى نەسىھەتلەر يېزىلغان سۈرەتلەرنى ئېلىپ چىقتى.

ساھىبقىران تاۋۇت شېكىنەنى كۆردى. ھەممە ئۇلۇغلارنىڭ سۈرەت-

ئىلىرىنى كۆرۈپ، نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىدى. ئاندىن كېيىن «مۇندىن كېيىن كىشى كۆرمىسۇن» دەپ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى بېكىتىپ، نىل دەرياسىغا چۆكتۈرۈۋەتتى.

شۇ چاغ سۇلتان شەبلى تۈركى تىلىدا يېزىلغان نامىنى ئېلىپ كېلىپ تاپشۇردى. نامىدە قەيسەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرى زىكرى قىلىنغانىدى.

بىر چاغلاردا چىڭگىزخان ئەشتەرخان يولى بىلەن رومغا كەلگەنىدى. ئۇ يەردە بىر جاي بولۇپ بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئاش - تاماق ئېتىپ كارۋانلارغا ساتاتتى. موغۇللاردىن بىرى ئۇلاردىن سورىدى:

— بۇ ئىھسان كىمدىن بولۇۋاتىدۇ؟

— قەيسەردىن بولۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار.

ئۇ چاغلاردا قەيسەر ھەرقۇل نەسلىدىن ئىدى. ئۇ پەرەڭلەرنىڭ قولىدا ھالاك بولۇپ، پەرەڭلەر رومنى تالاڭ قىلدى. روم پەرەڭلەرگە تەۋە بولۇپ قالدى. روم خەلقى كاپىرلارنىڭ جەبىر - جاپاسىنى تولا كۆرگەچكە ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنى ئىزدەيتتى. شۇنداق ۋاقىتتا، ئوسمانخان كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، پەرەڭلەرنى تارمار قىلدى. كۆپلەپ ئۆلتۈردى. روم خەلقى ئۇنى ئۆزىگە سۇلتان قىلدى. ئۇلار دائىم پەرەڭلەر بىلەن ئۇرۇش قىلاتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا «ئوسمان غازى» دېگەن لەقەم قويۇلدى. شۇنداق قىلىپ يەلىد روم ئۆز دەۋرىدە ئاجايىپ ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلدى.

تارىخى ھىجرىيە 1207 - يىلىدا، خەلىپە سۇلتان سەلىم خان، ئىبنى مۇستاپاخان، ئىبنى ئەھمەدخان، ئىبنى مۇھەممەدخان، ئىبنى ئىبراھىمخان، ئىبنى ئەھمەدخان، ئىبنى مەھمۇتخان، ئىبنى مۇرادخان، ئىبنى مەھەممەدخان، ئىبنى يەلىد روم خان، ئىبنى سەلىمخان، ئىبنى سۇلايمانخان، ئىبنى بايىزخان، ئىبنى مەھەممەدخان قاتارلىقلار خان بولۇپ ئۆتكەنىدى.

ئەمىر تېمۇر نامىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلىنىپ كۆڭلىدىكى غەشلىرى تۈگىدى. سۇلتان شەبانىي ھەر كۈنلۈكى مېھمان قىلدى. تاكى نامىنىڭ جاۋابى يېزىلىپ بولغۇچە ئوبدان كۈتتى.

سۇلتان شەبانىنىڭ تۇردىخان ئېرى دائىم مىرانشاھ تۆرە بىلەن بىر يەردە ئىدى.

ئەمىر تېمۇر ئۆز تەۋەلىكىدىن نامىنى ئەۋەتىشكە ئادەم تاللىماقچى بولدى. نامىنى ئاناق ۋەزىرگە بېرىپ كېڭەش قىلىشتى. بەگلەر مىرانشاھنى كۆرسەتتى، ئەمىر تېمۇر ئۈنچىقماي تۇرۇۋالدى. شاھرۇخ تۆرىنى كۆرسىتىشتى، ئەمىر تېمۇر: «بۇ دائىم جېدەلخورلۇق قىلىدۇ» دەپ رەت قىلدى. ئۆمەر شەيخ تۆرىنى كۆرسىتىۋىدى، «بۇنىڭغا كىتابلا بولسا بولىدۇ» دېدى. سۇلتان مۇھەممەت تۆرىنى كۆرسەتتى. ئەمىر تېمۇر: «بۇ ھاراقكەش» دېدى. ئاندىن ھەر قايسى قوۋم ئىچىدىن تاللىماقچى بولدى ۋە بارلاس قەبىلىسىدىن تاللاشنى كۆرسەتتى، ئەمىر تېمۇر: «بۇلار ئابرويخور، مەنسەپپەرەست، ئەلچىلىككە يارىمايدۇ» دېدى. تىرخان ئېلىدىن كۆرسەتتى. ئەمىر تېمۇر: «بۇلار مىرزا سۈپەت، ئىرادىلىك ئەمەس» دېدى. قونغىرات ئېلىدىن كۆرسىتىۋىدى، ئەمىر تېمۇر: «بۇلار ھاكاۋۇر» دېدى. نايمان ئېلىدىن كۆرسىتىشتى، ئەمىر تېمۇر: «بۇلاردا مېھرى - شەپقەت كەم» دېدى. دۇرمان ئېلىدىن كۆرسەتكەنىدى، «بۇلار ئەخمەق كېلىدۇ» دەپ ئۇنىمىدى. ئاندىن كېيىن قىپچاقلاردىن كۆرسەتكەنىدى، ئەمىر تېمۇر: «بۇلار بىر - بىرىگە زىت كېلىدۇ» دېدى. ئاندىن قازان ئېلىدىن تونۇشتۇرۇشتى، ئەمىر تېمۇر: «بۇلار ئۆزلىرىنى ھارامدىن تارتمايدۇ» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قىرغىزلاردىن كۆرسەتكەنىدى، ئەمىر تېمۇر: «بۇلارنىڭ ئەسلى بۇزۇق» دەپ ئۇنىمىدى. شۇنداق قىلىپ ئەمىر تېمۇر كۆپلىگەن قەبىلىلەردىن كۆرسىتىلگەن نامزاتلارنىڭ ئەيىبلىرىنى سۆزلەپ ئۇنىمىدى. ئاخىرىدا ھەممىسى:

— بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن مىرزا ئۇلۇغ بەگ چىقالايدۇ. كىچىك بولسىمۇ كەمتەر ھەم ھوشيار، تەدبىرلىك، ھەرقانداق ئىشقا ياپ كېلىدۇ، — دەپ تونۇشتۇرۇشتى.

مىرزا ئۇلۇغ بەگ شۇ چاغلاردا غەرب ئەللىرىگە ھاكىم ئىدى. ئەمىر تېمۇر ئۇنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشكە قوشۇلدى ۋە تېزدىن كېلىشكە خەت ماڭدۇردى. ساھىبقىران مىسىرغا ھاكىم بەلگىلەپ ئالا تاغ تەرەپكە ماڭدى. شاھرۇخ تۆرە ئاتىسىنىڭ خىزمىتىدە بولدى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدى.

بۇ سۆز شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى ئىككى ئېغىز سۆزنى قەيسەردىن ئاڭلايلى:

قەيسەر ئوغلى يېتىپ كېلىشنى كۈتمەيلا 170 كىشىنى باشلىق قىلىپ، ئۇلارغا ۋەزىرى ئەزەم تېمۇر تاشنى قوماندان قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار تۆت سان — 40 مىڭ كىشى بىلەن دېڭىزدەك تاشقىنلاپ 20 كۈندە ئالاتاغ بويلىرىغا يېتىپ كەلدى. بۇ غوۋغالارنىڭ خەۋەرىنى مىسىر ئەھلى ئاڭلاشتى. دەرھال مىسىر ھۆكۈمىتىدىن ئەمىر تېمۇرگە خەۋەر كەلدى. بۇ چاغدا ئەمىر تېمۇر تەخت - سەلتەنەت ئۈستىدە تۇرۇپ بەگلەرگە كۆرۈنۈش قىلىۋاتاتتى. مىسىردىن كەلگەن خەۋەرچى:

— ھەي ئۆزبېك موغۇللىرى، ھەي سەمەرقەنت سىپاھلىرى. شۇنداق بىر ئىش قىلىڭلاركى: ئابروي قولدىن كەتمىسۇن. ھېسابسىز ياۋ كەلدى. بۇ ۋىلايەتلەرنى خاراب قىلمىسۇن، ئۆز يۇرت - ماكانىڭلار نەدە قالدى. ئۆز ماكان - يۇرتۇڭلارنى تېپىشقا خېلى ئىش كېتىدۇ، — دېگەن ئەندىشىلىك گەپنى قىلدى.

ساھىبقىران بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بەگلىرىگە مۇراجىئەت قىلدى:

— كىم بېرىپ تېمۇر تاشقا تاقابىل تۇرالايدۇ؟

شۇ چاغدا سىپاھلاردىن يەتتە كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ئەمىر

تېمۇردىن پاتىھە تەلەپ قىلدى. بۇ يەتتەيلەن سۈيۈرغىتمىش بەگ (چىڭگىزخان نەسلىدىن ئىدى) ھىندى خوجا قۇشبېگى، مىرزا سەئىددۇاققاس، مىرزا مۇھەممەددىن، مىرزا ئىنجىل، ئاتلىمىش بەگ، ئەمىر تايان سۈلدۈز ئىدى. ساھىبقىران شۇ زامات:

— ئەسكەر باشچىسى سۈيۈرغىتمىش بولسۇن، ئەگەر بۇ ئۆلۈپ كەتسە ئورنىغا مىرزا سەئىددۇاققاس بولسۇن، بۇمۇ ئۆلۈپ كەتسە، مىرزا مۇھەممەددىن بولسۇن، ئۇمۇ ئۆلسە مىرزا ئىنجىل، ئۇنىڭ كەينىدىن ئاتلىمىش باتۇر، ئاندىن بايان سۈلدۈز بولسۇن، ئۇمۇ بولمىغاندا ھىندى خوجا لەشكەر باشلىقى بولسۇن، — دەپ بەلگىلىدى. شۇندا سۈيۈرغىتمىش بەگ:

— ھەي قېرىنداشلار، مەن ساھىبقىران ھەزرەتلىرىنى كۆپ سېغىنغانمەن. بۇ كىشى ۋەلىدۇر. ئېھتىمال بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى غايىبتىن بىلگەندۇر. مۇشۇ كىشىلەر بۇ نۆۋەتتىكى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن. مەن ئورنۇمنى، مىراسلىرىمنى ئوغلۇم مەھمۇد خانغا بەردىم. خوتۇنۇمنى تالاق قىلدىم. پۇل - ماللىرىمنى موللىلارغا ۋەخپە قىلدىم. ئەي مۇسۇلمانلار گۇۋاھ بولۇپ قويۇڭلار، — دېدى.

ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ:

— نېمىشقا مۇنداق قىلىسەن؟ — دېۋىدى، سۈيۈرغىتمىش:

— كۆڭۈلنى دۇنيا، ئۆي - روزغاردىن ئۈزۈپ، خاتىرجەم جەڭگە باراي دەپ شۇنداق قىلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى، ئاندىن ئوغلىنى ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە يولداشلارغا قاراپ:

— سىلەرمۇ دۇنيادىن كېچىپ جەڭگە بارساڭلار قانداق؟ چۈنكى جاندىن كەچمىگۈچە ئىش پۈتمەيدۇ، — دېدى. قالغانلارمۇ ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن دۇنيا، پۇل - مالدىن كېچىپ، قۇپ - قۇرۇق بولۇشتى. شۇ يەردە ھەممىسى ئىتتىپاق بولۇشتى،

ھەرقايسىلىرى ئۆزلىرىگە تەۋە قوشۇنلىرىنى، ئۆزبېك باتۇرلىرىنى باشلاپ ئاتلارغا مىنىشىپ تېمۇر تاشنىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىشتى.

ئەمىر تېمۇر ئەۋەتكەن نۇرغۇن لاۋۇ - لەشكەرلىرىنىڭ يەتتە قوماندانىنىڭ باشچىلىقىدا كېلىۋاتقانلىقى خەۋىرى تېمۇر تاشقا يەتتى.

بىردىن كارناي - سۇناي، داقا - دۇمباقلارنىڭ ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى. تېمۇر تاشنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سانى شۇنچە كۆپ ئىدىكى، 700 تۇغ - ئەلەم لەپىلدەپ تۇراتتى.

بۇ تەرەپتىمۇ قوشۇنلار چاڭ - توزانلارنى ئاسمانغا سورۇپ، ناغرا - دۇمباقلارنى چېلىشىپ سەپ تۇرۇشتى. سۇيۇرغىمىش بەگ ساھىبقىراننىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ بىرى ئۆلسە ئورنىغا يەنە بىرى ئولتۇرماق بولۇپ تۇغلارنى ئېگىز كۆتۈردى.

ئۇ تەرەپتە بولسا، 4000 تاپانچىلىق تېمۇر تاشنىڭ ئەتراپىدا مۇھاپىزەتتە ئىدى. بىردىنلا 170 كاناي - دۇمباقنىڭ ئاۋازى كۆككە ئۆرلىدى. دەرھاللا ئىككى قوشۇن ئارىلىشىپ شۇنداق قاتتىق جەڭ قىلىشتىكى، قىرغىنچىلىقنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئەمىر تېمۇرنىڭ لەشكەرلىرى تەرەپ - تەرەپلەرگە قېچىشقا باشلىدى. قازا تۇلۇملىرى سۇ ئورنىغا قىزىل قانلارنى چېچىشقا باشلىدى. بىرىنىڭ قولىدا چاپقۇ، بىرىنىڭكىدە نەيزە، بىرىنىڭكىدە پالتا، بىرىنىڭكىدە قىلىچ بار ئىدى. بەزىلىرىنىڭ بېلى ئۈزۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ سۆڭىكى سۇنغان، بەزىلىرىنىڭ ئۈچەيلىرى چۇۋۇلغان، بەزىلىرىنىڭ قارنى يېرىلغان، بەزىلىرىنىڭ پۈتۈن جىسمى قىزىل قانغا بويالغان ۋە ياكى بەزىلىرىنىڭ قول - ئايىغى ئۈزۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ باغرى تېشىلگەن، بەزىلىرىنىڭ كۆزى تېشىلگەنىدى. بىرى جان بەرمەكتە، بىرى قان تۆكمەكتە، بەزىلىرى ئاتلىرىنى چاپتۇرىدۇ، بەزىلىرى ئات-

تىن يىقىلىدۇ. جەڭنىڭ مەنزىرىسى ئەنە شۇنداق ئىدى. ئاخىرىدا جەڭ مەيدانىدا سۈيۈرغىمىش بەگ يالغۇز قالدى. رۇملار قورشاپ كېلىپ بەگنىڭ قولىنى چىپىۋەتتى. ئۇ تۇغنى ساق قولىغا ئالغانىدى، بۇ قولىنىمۇ چىپىۋېتىشتى. تۇغ يەرگە چۈشتى. ھەممەيلەن ئۇنى «ئۆلدى» دەپ ئويلاشتى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئورنىغا مىرزا سەئىدۋاققاس يېتىپ كېلىپ جەڭگە كىرىشتى. ئۇنىمۇ شېھىت قىلىشتى. مىرزا مۇھەممەدنى كېلىشۇيدى، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈشتى. شۇ كۈندىكى جەڭدە ئەمىر تېمۇر بەلگىلىگەن ئالتە يولباشچى باشلىق نۇرغۇنلىغان ئۆزبېك جەڭچىلىرى ھالاك بولۇشتى. پەقەت ھىندى خوجىلا قالدى. تېمۇر تاشنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. ئىسمى جەپەر بېك ئىدى. ئۇ تېمۇر تاشتىن جەڭ مەيدانىغا كىرىشكە رۇخسەت تىلىدى. ئاتىسى رۇخسەت قىلمىدى. ئۆزى رۇخسەتسىز بېرىپ، مىرزا مۇھەممەدنىڭ قولىدا ھالاك بولدى. بۇنى تېمۇر تاش ئاڭلاپ، ئوغلىنىڭ پىراقىغا چىدىيالماي ئۆزىمۇ جەڭگە كىرىپ يارىدار بولۇپ يىقىلدى. ئۇنى رۇملار جەڭ مەيدانىدىن ئېلىپ كەلدى ۋە يەتتە يۈز قالغان ئالتۇننى تېمۇر تاشنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ جەڭچىلەرگە بېغىشلىدى. رۇملار موغۇل بەگلىرىنىڭ بېشىنى نەيزىلىرىگە سانجىپ ئالدى.

ئەڭ ئاخىرىدا ھىندى خوجا قوش بېگىلا قالغانىدى. شۇ چاغ ساھىبقىراننىڭ بىرنەچچە قول - خىزمەتچىلىرى كېلىپ ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئېلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى «قاچايلى!» دېيىشتى. ھىندى خوجا قۇشبېگى:

— قېرىنداشلار، ھەممىسى ئۆلۈپ كەتتى. بىزنىڭ قېچىشىمىز ياخشى ئەمەس، ساھىبقىرانغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمىز؟ — دەپ تۇرۇپ قالدى.

رۇملار يەنە «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دېيىشىپ بىردىنلا ئات

سىلىشتى. ئۆزبېكلەرگە خەتەر، رۇمىلارغا زەپەر يېزپۇشتى. ئۆز-
بېكلەردىن بىرقانچىسى ئۆلدى، كۆپىنچىسى قېچىپ كېتىشتى.
مەيداندا قوش بېگى يالغۇزلا قالدى. بۇنى كۆرگەن تېمۇرتاش
خىزمەتچىلەرگە:
— بۇ باتۇرنى تىرىك تۇتۇپ كەلتۈرۈڭلار! ئۇنىڭدىن
گەپ سورايلى، — دېدى.
ئۇنى رۇمىلار تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن كۆپ ھەرىكەت قىلىشتى.
ھىندى خوجا مەيداندا ئۆزى يالغۇز جەۋلان قىلىپ ناھايىتى
كۆپ رۇمىلارنى ھالاك قىلدى. بۇ ئۇرۇش 11 كۈنگىچە
داۋاملاشتى. ئاخىرقى كۈنى ئۇنىڭ ئېتىنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ
يىقىتتى. ھىندى خوجا پىيادە ھالدا جەڭ قىلىپ يەنە نەچچە
چىلىگەن رۇمىلارنى ئۆلتۈردى. ئاخىرى رۇمىلار ئۇنى تىرىك
تۇتۇۋېلىشىپ باغلاپ تېمۇرتاشنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈشتى. تېمۇر-
تاش ھىندى خوجىدىن:
— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىدى، ھىندى خوجا:
— موغۇل خاقانىنىڭ قۇلى بولىمەن، — دەپ جاۋاب
بەردى.
— نېمىشقا مۇنچىلا قىلىپ كېتىسەن ۋە ئۆزۈڭگە ھالا-
كەتنى تىلەيسەن؟
— ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا مەغلۇپ بولۇپ تىرىك بارغان-
دىن، جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈپ كېتىشنى ئەۋزەل كۆرىمەن!
— ئەمىر تېمۇرنىڭ سەندىن باشقا خىزمەتچىسى بارمۇ؟
— قۇللىرىنىڭ ئىچىدە ئەرزىمەيدىغان، ئەڭ پەس ئادە-
مى مەن بولىمەن!
تېمۇرتاش ھەيرانلىق بىلەن بارمىقىنى چىشلىدى ۋە كۆڭ-
لىدە: «بۇ ئەھۋالدا رۇم خەلقى چوقۇم ئۇلارغا تەۋە بولۇپ
كەتسە كېرەك» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

«بۇنى نېمە قىلىسىز؟» دەپ سورىغانىدى. ئۇلۇغ بەگ: «كېرەك بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇلۇغ بەگ قارلىغاچلارغا يارىشا ساندۇق ياساتقۇزدى ۋە ئۇنىڭغا سۇ، يېمەكلىكلەرنى قويدى. ساھىبقىران:

— ئەي بالام، لەشكەرلىرىڭ ۋە باتۇرلىرىڭنى ماڭا كۆرسەتمەمسەن؟ — دېۋىدى، ئۇلۇغ بەگ كۆرەك باشلاش ھەققىدە بۇيرۇق قىلدى.

40 مىڭ لەشكەر سىپاھگەرلىك قائىدىسىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇ لەشكەرلەر ھەر خىل ئىدى، بەزىلىرىنىڭ ئاغزى چوڭ، كۆزلىرى كىچىك، بەزىسى ئوتتۇرا بويلۇق، بەزىسى ئۇزۇن بويلۇق، قىزىل يۈزلۈك، بەزىلىرى ئۇزۇن ساقاللىق، بەزىلىرى كوسا، قۇلاقلىرى يوغانىدى. باتۇرلارنىڭ ئىككى كۆزى ئاتنىڭ يايلىغا قادالغانىدى، ئۇلار ھەر خىل مىللەتتىن ئىدى، ئالدىدىكى ھىراۋۇللىرى ئۆزبېكلەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە تۆت چارىيارنىڭ ئەۋلادلىرى، سېيىدزادىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن 4000 ھاپىز ئۆتتى. ئۇلار ئۇرۇش ۋاقتىدا غەزەل ئوقۇشاتتى. ئۇلارغا كۆشۈكتىن ئۆي راسلاپ تۆگىلەرگە جايلاپ بېرىشكەنىدى. جەڭ قىزىغان چاغدا تەمبۇرلىرىنى چېلىپ نەغمە بىلەن ئىمام ھۈسەن، ئىمام ھەسەن مەرسىيەلىرىنى ئوقۇشاتتى. لەشكەرلەر ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىغا مەستى ـ مۇستەغرەق بولۇپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا جەڭگە كىرىشەتتى.

شۇ كۈنى تەييارلانغان قوشۇنلار شان ـ شەۋكەت ۋە ھەشەمەت بىلەن كۆرەكتىن ئۆتتى. ئاندىن جەڭگە مېڭىشتى. ئەمىر تېمۇرمۇ قوشۇن بىلەن بىرگە چىقىپ، ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. ئۇلۇغ بەگكە قاراپ:

— سېنى ياراتقان ئىگەمگە تاپشۇردۇم، — دەپ دۇئا قىلىپ قايتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن رۇم سىپاھلىرىنىڭ بازگاھلىرىغا يېقىنلاشتى. ئۇلۇغ بەگ بىرىنى جاسۇسلۇق قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا ئەۋەتتى. ئۇلۇغ بەگ كېچىسى بىر توپ ئەسكەرگە باشتىن - ئاياغ ئاپئاق كىيىم كىيگۈزدى. بېشىغا ئاق سەللە ئورىتىپ، پەشلەرنى ئۇزۇن قويدۇرۇپ، تېمۈرتاشنىڭ ئالدىغا ئىلگىرىلەك ماڭدۇردى، يەنە 4000 كىشى كېچىلەپ خەندەك قازدى. شۇ چاغلاردا تېمۈر تاشنىڭ قوشۇنلىرى ياۋ كەلگىنىدىن خەۋەرسىز ئىدى ۋە قالايمىقان تارقىلىشىپ تەييارلىقسىز تۇرغانىدى.

ئۇلۇغ بەگ قوشۇنلىرى شۇ كېچىسى بىردىنلا كاناي، سۇناي، داقا - دۇمباقلىرىنى چېلىپ جەڭنى باشلىدى. رۇم سىپاھلىرى ھودۇقۇشقان ھالدا گاڭگىراپ كېتىپ بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىشقا باشلىدى. ئۇلۇغ بەگنىڭ ئاق كىيىملىك جەڭچىلىرى:

— ئەي رۇم سىپاھلىرى، ئاگاھ بولۇڭلار! بىز غايىب كىشىلەرمىز. ئەمىر تېمۈرنىڭ قوشۇنىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن كەلدۇق، — دەپ ۋارقىرىغانلىرىچە جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. تېمۈر تاش بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران قالغانىدى. شۇ چاغ قۇياش ئەمرى ئاسمان مەيدانىدا جىلۋىلەندى. ۋەزىر مەيدانغا كۆز سېلىپ، ئەمىر تېمۈرنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ 40 مىڭدىن ئارتۇقراق ئىكەنلىكىنى پەم ئەتتى ۋە ئەتراپلارغا خەندەكلەرنىڭ كولانغانلىقىنى كۆردى. «بىر كېچىدىلا شۇنچىلا يەرگە خەندەك كولاپ بوپتۇغۇ!» دەپ ئويلاپ قالدى تېمۈر تاش. يەنە ئۇلۇغ بەگ تەرەپتىن 40 مىڭ ھاپىز تەكبىر ئېيتىشتى. رۇم قوشۇنلىرىدىن بىر جەڭچى ھەيران بولۇپ، ھاپىزلاردىن:

— سىز كىملەر بولىسىزلەر؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇلاردىن بىرى:

— غايىب كىشىلەردۇرمىز، — دەپ جاۋاب بەردى. تېمۇر تاش:

— بىزدىن نېمە گۇناھ ئۆتۈپتۇ؟ سىلەر غايىب كىشىلەر ئەجەب موغۇللارغا ياردەم قىلىشقا كېلىپ قاپسىلەرغۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇلار يەنە:

— سىلەر زالىم ئىكەنسىلەر، شۇڭا بىز ئۆزبېكلەرگە مەدەت بەرگىلى كەلدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى، تېمۇر تاش شۇئان:

— ئۇلارغا ئوق ئېتىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى. رۇم سىپاھلىرى بىردىنلا ھۇجۇمغا ئۆتۈشتى. ئۇلۇغ بەگمۇ كاناي چېلىپ ئۇرۇشقا كىرىشكە بۇيرۇق بەردى. ھاپىزلار مەرسىيە ئوقۇشماقتا ئىدى. جەڭ ئۈچ كېچە - كۈندۈز داۋاملاشتى. تۆتىنچى كۈنى رۇم ئەسكەرلىرى ئۇلۇغ بەگ قوشۇنلىرىنى دائىرە قىلىپ قورشىۋالغانىدى.

ئۇلۇغ بەگ شۇئان تېمۇر تاشقا بىر پارچە نامە يېزىپ، بىر باتۇر كىشىنى تاپتى ۋە ئۇنىڭغا: «ئەگەر بۇ نامىنى تېمۇر تاشقا ساق - سالامەت يەتكۈزەلىسەڭ ھايات بولساڭ ساڭا، ئۆلۈپ كەتسەڭ بالىلىرىڭغا يېتىپ يېگۈدەك پۇل - دۇنيا بېرىمەن» دەپ ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. بۇ ئادەم خەندەكتىن ئۆتۈپ نامىنى تېمۇر تاشنىڭ قولىغا تاپشۇردى. تېمۇر تاش ئېچىپ ئوقۇۋىدى، ئۇنىڭدا: «ئەي تېمۇر تاش ۋەزىر، خەۋەردار بولۇپ قال، بىز غايىب كىشىلەردىندۇرمىز. ئەمىر تېمۇرگە مەدەت بېرىش ئۈچۈن كەلگەنىدۇق. ئەگەر ئىتائەت قىلمىساڭ، ئەتە بېشىڭدا كۆرۈسەنكى، بىز قارلىغاچ ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىمىز، ئەسھابىلەرنىڭ ئۇرۇشىدا غايىبلارنىڭ ياردەم بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانسەن» دېيىلگەنىدى. بۇنى ئاڭلاپ ۋەزىر كۈلۈپ كەتتى - دە، ئەلچىگە:

— راستىڭنى ئېيت! — دېدى - دە، ئۇنى قىيىن - قىستاق قىلدى. ئەلچى زادى سۆزلىگىلى ئۇنىمىدى. ئاخىرى ئۇنى قىلىپ-ناپ ئۆلتۈردى.

شۇ كېچىسى ئۇلۇغ بەگنىڭ قوشۇنلىرى زىكرى - جەھرىيەنى باشلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ قىلغان زىكرىگە يەر - ئاسمان لەرزىگە كەلدى. بۇ ئىشلار رۇم قوشۇنلىرىنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ پەيدا قىلدى. ئۇلۇغ بەگنىڭ قوشۇنى ھاپىزلارنىڭ تەكبىر ئېيتىشلىرى بىلەن تەڭلا تۆت تەرەپتىن تۇغ - ئەلەملەرنى لەپىلدىتىپ، رۇم قوشۇنلىرىغا قارشى ھۇجۇم باشلىدى. بۇلار كېچىچە جەڭ قىلىشتى. كېچە ئۆتۈپ تاڭغا ئۇلاشتى. شۇ چاغدا تىمۇر تاشنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇلۇغ بەگ قوشۇنلىرىنىڭ ئارىلىقى 40 قەدەمچە قالغانىدى. تىمۇر تاش قارىۋىدى، ھېلىقى «ئاتايىپ كىشىلەرمىز» دېگەنلەرنىڭ ھەدەپ جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. تىمۇر تاش شۇئان سىپاھىلىرىنى چاقىرىپ:

— ئۇلاردىن قورقماڭلار! بۇ يالغانچىلارنى يوق قىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى. بۇيرۇق ئالغان رۇم قوشۇنلىرى ئىككى تەرەپتىن ئات قويۇپ قورشاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئىككى قوشۇن قىزدىق جەڭ قىلىۋاتقاندا، ئۇلۇغ بەگ ساندۇقلاردىكى قارلىغاچلارنى قويۇپ بەرگۈزدى، رۇم ئەسكەرلىرى قارلىغاچلارنىڭ ئاسمان يۈزىنى قارايتىپ چېكەتكىدەك بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى. شۇ چاغلار قىش ۋاقتى ئىدى. كۆرگەنلەر كۆرمىگەنلەرگە كۆرسىتىشتى، رۇم قوشۇنلىرى ۋەھىمىگە چۈشۈپ قېچىشقا باشلىدى. ئۇلۇغ بەگنىڭ قوشۇنلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ رۇملارنىڭ قېنىنى چېچىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا ۋەزىرى ئەزەم تىمۇر تاشمۇ تاقەت قىلالماي قاچتى. لېكىن ئېتى پاتقاققا پېتىپ قېلىۋىدى، ئۇلۇغ بەگنىڭ ئادەملىرى ئۇنى تۇتۇۋالدى. رۇم قوشۇنلىرى قېچىپ، بەزىلىرى سىۋاس شەھىرىگە

ۋە بەزىلىرى ئەتراپتىكى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە يوشۇرۇنۇۋالدى. ئۇلۇغ بەگنىڭ قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قەدەممۇ قەدەم قوغلاپ يۈرۈپ كۆپلىرىنى ئۆلتۈردى ۋە ئوردىغا يېقىنلاشتى.

شۇ كۈنى ئۇلۇغ بەگ غەلىبە بىلەن ئوردىغا كىرىپ تەخت ئۈستىدە قارار قىلدى. ۋەزىر تېمۇر تاشنى باغلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلۇغ بەگ دەرھال ۋەزىرنىڭ قوللىرىنى يەشتۈردى. ناھايىتى ئىززەت - ھۆرمەت كۆرسەتتى. ئاندىن ئىشغالىيەتنامىسىنى يېزىپ، ۋەزىر بىلەن قوشۇپ ئالاتاغ باغرىغا ئەۋەتتى.

ئەمىر تېمۇر:

— ئەي تېمۇر تاش، ھېچ چۈشىنەلمىدىم. قەيسەرنىڭ كۆڭلىگە قانداق ئويلار كەچتى؟ ئۇ مېنىڭ ئەسكەرلىرىمنى كۆرمىگەن، شۇڭا خاتا ئويغا كەپتۇ؟ — دېدى.

ئەمىر تېمۇرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەختنى تاغنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى. خىزمەتكارلار ئەتراپنى سۈپۈرۈپ - تازىلاپ، چېدىر - بارگاھلارنى تىكىشتى. ساھىبقىران تېمۇر تاش بىلەن بۇ يەرگە چىقىپ ئولتۇردى - دە، پۈتۈن قوشۇنلىرىنى كۆرەكتىن ئۆتۈشكە بۇيرۇدى.

ئىران، تۇران، تۈركىستان، ھىندىستان، ئۆزبېك، قىپچاق، قىرغىز، قازاق، ئورۇس، قالماق قاتارلىق ئەللەردىن كەلگەن قوشۇنلار ئۆز خىلى — توپى بىلەن ئۆز بەگلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە كۆرەكتىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

— ئالدى بىلەن بىر توپ ئەسكەر ئۆتتى، بۇلارنىڭ سانى 20 مىڭ ئىدى. ئۇلار ئوقيالىرىنى يېنىغا ئاسقانىدى. ئۇلارغا چوكۇر ئاتقا مىنگەن، قىزىل كىيىم كىيگەن بىر يىگىت يېنىغا تۆت ئوغلىنى ئالغان ھالدا باش بولۇپ كېلەتتى. ئۇ يىگىت:

ئىلاھا دەۋلىتىڭنى ھەق مۇيەسسەر ئەيلەسۇن جانىم،
مەدەت ھالىڭگە دائىم ئەۋلىيالار ئەيلەسۇن جانىم.
كۆزۈم كۆز گۈسكە كەلتۈردىكى چۈن ئەكسى زىباسەن،
تاماشايى گۈلىستانى بۇ مەنزەر ئەيلەسۇن جانىم.

دەپ غەزەل ئوقۇپ كېلىپ، ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشۈپ سالام بەردى ۋە يەنە بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

سولتانى جەھان پەناھ ئىقلىمى جەھان،
ئىسكەندەر سانى ۋە ئەي خاقانى زامان.
خىزمەت كەمىرىن بەلگە توقۇپ باغلاپمىز،
نى ئىشنى قىلدەپ بەرسىڭىز پەرمان.

ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭغا مۇكاپاتلارنى بەردى. تېمۇر تاش ئاناق ۋەزىردىن:

— بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى. ئاناق:

— ساھىبقىراننىڭ ئوغلى مىرانشاھ تۆرىدۇر. ئىراققا خان قىلىپ بەلگىلىگەن، — دەپ جاۋاب بەردى، مەككە - مەدىنىسىدىن تارتىپ ئەرەب ئېلى ئۇنىڭغا قارىغانلىقتىن ئىككى 20 مىڭ كىشىلىك تۈگە مىنگەن ئەرەب قوشۇنلىرىمۇ بىرگە ئۆتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن قارا بايراق بىلەن 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئۆتتى. بۇ يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ساۋۇت كىيگەن بولۇپ، قۇلاقلىرىدا ھالقىلىرى بار ئىدى. بۇلار قولىدا قىلىچنى يالىڭاچلىغان ھالدا سەپ تارتىپ، ئاتلىرىنى ئويناقشىتىپ مېڭىشماقتا ئىدى، ئۇلارنى ئۇزۇن ساقال، قىزىل يۈزلۈك يىگىت باشلاپ ماڭغانىدى. يىگىتمۇ ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ تەزىم قىلىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

ئەي ۋالىدە ئەزىزىم باشىم ئۈززە تاج،
ئەزىزىمۇ سىزە جانىمى قىلسامدە خىراج.
قول دەرگاھىڭە مىسىرى ئەزىزى چىن خاقانى،
دەۋلەت ساڭا كىم، دەۋلىتىڭگە بولدى رىۋاج.

ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭغىمۇ مۇكاپاتلارنى بەردى. تېمۇر تاش ئاناقتىن:

— بۇ كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدۇيدى، ئاناق:
— بۇ جان پىداكار مەرد يىگىت مىرزا شاھرۇخ تۆرە بولىدۇ. — دەپ جاۋاب بەردى.
ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر نەۋقىران يىگىت چىقىپ كەلدى. ئۇ پىنىلگە مىنىگەنىدى. ئارقىسىدىن 1700 باتۇر مۇھاپىزەت قىلىپ، 300 زەمبىرەكنى هارۋىغا بېسىپ ۋە كاللىلارغا سۆرىتىپ كېلەتتى. ئۇ يىگىت پىل ئۈستىدىلا ئەمىر تېمۇرگە سالام قىلدى ۋە بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

ئەي بابا دەۋلەت سىز بولسۇن دەۋام،
شاھلار خىزمىتىدە چۈن بولسۇن غۇلام.
ھېچكىم يوقتۇر مۇخالىپ بولماقە،
سىزگەدۇر دوستلار دۇئادە سۇبھى - شام.

— بۇ كىم؟ — دېدى، — تېمۇر تاش.
— بۇمۇ جان پىداكار مەرد، ھىندىستانىنىڭ ۋالىسى. ئىسمى سۇلتان مۇھەممەت تۆرە. ئەمىر تېمۇرنىڭ نەۋرىسى بولىدۇ. — دېدى ئاناق ۋەزىر.
ئارقىدىن يەنە بىر يىگىت چىقىپ كەلدى. ئۇ پۈتۈنلەي ئاپئاق كىيىنگەنىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا 4000 ئۇلىما -

پۈزۈلا، ئۇلارغا ھەمدەم بولۇپ خوجا ئۇبۇللەيىن سەمەرقەندى، سەمەرقەندى مەۋلانە ئېلى قوشچى، مىرسەييىت شېرىپ جۇرجانى، مەۋلانە شەرەف يەزدىلەر كەلمەكتە ئىدى. ھېلىقى يىگىت ئاتتىن چۈشۈپ ئەمىر تېمۇرگە سالام بەردى — دە، بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

سېنىڭ ئىچرا بەھرەۋەر ئەھلى ئۆلۈم،
تالىبىڭگە تەربىيەت ئەيلەر نۆجۇم.
خىزمەتىڭدە قول ئىرۇر بەگلەر بارى،
كىم بولدى ساڭا، بولدى كىم.

ئەمىر تېمۇر ئۇنىمۇ مۇكاپاتلىدى. ئاناق تونۇشتۇرغۇچىلا تېمۇر تاش:

— بۇنى ياخشى بىلىمەن، ئۇلۇغ بەگ تۆرە شۇغۇ؟ — دېدى.

يەنە بىر توپ ئەسكەر ئۆتتى. ئۇلاردا قىلىچ بىلەن نەيزىدىن باشقا قورال يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ باشلىقى ئۆمەر شەيخ تۆرىنىڭ ئوغلى رۇستەم بەگ بىلەن ئىسكەندەر بەگ ئىدى. ئارقىدىن يەنە قارا تورۇق ئات مىنگەن بىر يىگىت ئەمىر تېمۇرگە دۇئا ۋە تەزىم قىلىپ ئۆتتى. ئاناق ئۇنى تېمۇر تاشقا تونۇشتۇرۇپ:

— بۇ يىگىتلەرنىڭ ئېتى باي قارا بولىدۇ، ئۆمەر شەيخ تۆرىنىڭ ئوغلى، ئۇ مازاندىرانغا ھاكىم، — دېدى. ئارقىدىن ئەمىر مىنىراپ ئىبنى ئەمىر چاكۇ بارلاس لەشكەرلىرى بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئاتلىرىنى ئويىنىتىپ يەنە بىر توپ يېتىپ كەلدى، بۇلارنىڭ باشلىقى ئەمىر بايىز جالايىر ئىدى. ئەمىر يادىگار ئارلاتمۇ لەشكەرلىرى بىلەن ئۆتتى. يەنە بىر توپ لەشكەرلەر چىنقىپ كەلدى. ئۇلار 40 مىڭدىن ئارتۇقراق بولۇپ، ھەممىسى دۈمبىسىگە يۈك ئارتىۋالغانىدى، تۆگىلىرى بولۇپ، قول

لىرىدا مىلتىق تۇتۇشقانىدى. 12 مىڭدەك قىزىل يۇڭلۇق تۆگىگە يۈك، 300 پىلغا ساندۇق ئارتىلغانىدى. ئاناق ۋەزىر.

— بۇلار ساھىبقىران چىققان قەبىلىنىڭ قۇشلىرى - كوراگانىلاردۇر، بۇلار ئەمىر تىمۇرنىڭ خەزىنىدارلىرى، — دەپ تونۇشتۇردى.

شۇچاغ يەنە بىر تائىپە پەيدا بولدى. ھەممىنىڭ بېشىدا چېچى بار ئىدى. بۇلار كىيىملىرى قارا، مىلتىق ئېسىشقان، قارا چىراي ئادەملەر ئىدى، ئاناق:

— بۇلار قارا كىيىملىك كاپىرلار، ھىندىستاندىن ساھىبقىرانغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن كەلگەن، — دەپ تونۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر توپ لەشكەر ئۆتتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىمۇ، بېشىدىكى چاچلىرىمۇ سېرىق، كىيىملىرى قىسقا ئىدى. باشلىرىدا شەپكە، بويىنىدا چىلچايانلار بار ئىدى. مۈرىسىگە مىلتىق ئاسقان، ساقال - بۇرۇتلىرى ئاغزىلىرىنى قاپلىغان بولۇپ، بايراقلىرىغا سۈرەتلەر نەقىشلەنگەنىدى.

— بۇ، — دېدى ئاناق ۋەزىر تىمۇر تاشقا تونۇشتۇرۇپ، — ئورۇس لەشكەرلىرى.

شۇنداق قىلىپ بىركۈن كەچكىچە قوشۇنلار كۆرەكتىن ئۆتۈشتى.

ساھىبقىران تىمۇر تاشنىڭ كۆزىدە قوشۇنلىرىنى كۆرەكتىن ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن:

— لەشكەرلىرىمىز ۋە باتۇرلىرىمىزنىڭ شان - شەۋكىتىنى كۆردىڭىز، ئەمدى قايتىپ بېرىپ كۆرگەنلىرىڭىزنى قەيسەرگە مەلۇم قىلىڭ! — دېدى تىمۇر تاشقا ۋە ئۇنىڭغا ئېسىل كىيىم - كېچەكلەرنى سوۋغا قىلىپ يولغا سالدى.

تىمۇر تاش بۇنداق تەرتىپلىك، شان - شەۋكەتلىك قوشۇننى زادى كۆرمىگەچكە ھەيران قالغانىدى. شۇڭا قەيسەر

رۇمنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۆرگەنلىرىنى بىر - بىر بايان قىلىپ، ئەمىر تېمۇرنى ۋە ئۇنىڭ شان - شەۋكىتىنى ماختاپ كەتتى. قەيسەرنىڭ ۋەزىرىگە غەزىپى كەلدى - دە، ئۇنى زىندانغا سالدى. ئۆزى ئەمىر تېمۇر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلاندى.

ساھىبقىران سىۋاس قەلئەسىنى ئالغاندىن كېيىن، ئانگورىيە شەھىرىگە قاراپ يۈزلەندى.

## ساھىبقىراننىڭ رۇم سۇلتان بايىز بىلەن ئۇرۇشقانلىقى

تارىخ ئەربابلىرى شۇنداق رىۋايەت قىلغانكى، يەلىد رۇم بايىز بىر كۈنى پۈتكۈل رۇم ئېلىنىڭ بەگلىرىنى چىللاپ، ئۇلار بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزدى. پازىللاردىن بىرى قەيسەرگە:

— ئەي سۇلتان ئەپەندىم، ئەمىر تېمۇرمۇ سىزدەك بىر خەلىپە مۇسۇلمانىكەن، «ئەسسالاتۇ خەير» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىسىڭىز، — دەپ تەكلىپ قىلىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

دوست ئىزلەرسەن غەمنى ئويغارنى سەن ئويلىغىل،
قول ئۇزارتساڭ دەردى زەخمىنى خارنى سەن ئويلىغىل.
نالىنى مەزلۇملار زالىم كۆڭلىنى چاك ئېتەر،
قوي سەتەمنى ھەردىل ئەفكارنى سەن ئويلىغىل.
كىمنى باردۇر جەبرى ئىشى زۇلۇم - سەتەم قىلماق ئاڭا،
ئەلگە كۆپ ئاچچىقنى قوي قەھھارنى سەن ئويلىغىل.
ئەي بېگىم يەكبارە ھەر ئىش سارى سەن مەيل ئەيلىمە،
كىم جاپا جۇي ئول كۆڭۈل ئازارىنى سەن ئويلىغىل.

— زال دۇنيادىن كۆپ كىشىنى قىلدى رەسۋايى جاھان،
بەلكى مەھلىك دۇر بارى بۇ كارنى سەن ئويلىغىل.

لېكىن بۇ مەسلىھەتلەر قەيسەرنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، بەلكى ئاچچىقى ئۆرلەپ ۋە غەزىپى كېلىپ جەڭ قىلىشقا قارار قىلدى. يەلىدىرىم سۇلتان پەرەڭلەرنىڭ كۆپلىگەن يۇرتلىرىنى بويسۇندۇرغانىدى. قۇنىيە، قوسشەنتەنە، قوقان، ئىستامبۇل، مىدىلىيە، ئاق ساراي، ئارزىدۇم ۋە باشقا شەھەرلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرغانىدى. سۇلتانىنىڭ ئالدىدا ۋەزىر - ۋۇزەرالەر ھازىر ئىدى. سۇلتان مىرزىلىرىغا:

— ئەمىر تېمۇرگە نامە يازغىن! — دەپ بۇيرۇدى. نامە تەييار بولغاندىن كېيىن قەسىد ئارقىلىق ساھىبقىرانغا ماڭدۇردى.

ساھىبقىران نامىنى ئوقۇپ كۆرسە مۇنداق يېزىلغانىدى:

ئەي ئەمىر تېمۇر، ئۆزۈڭنى تېخى ساھىبقىران ئاتىۋاپسەن، ئادەملەرنى ئۆزۈڭگە ئىتائەت قىلدۇرۇپسەن، ئەتە ئۆگۈن قاراپ باق، ئىككىمىز جەڭ مەيدانىدا مەردانىلىقىمىزنى بىر - بىرىمىزگە كۆرسىتەيلى. باشقىلارنى تەشۋىشكە سالمايلى.

ئەمىر تېمۇر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تولىمۇ سۆيۈندى ۋە ئەلچىگە:

— قەيسەر نېمىگە مىنىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەبەشلەر سوۋغا قىلغان ئاق پىلى بار، شۇنى مىنىپ ئۇرۇشقا چىقىدۇ، — دېدى ئەلچى. ئاندىن ئەمىر تېمۇر نامىنىڭ جاۋابىنى يېزىپ ئەلچىگە تۇتقۇزدى ۋە ئەمىر بايىز جالالىيرنى ھەمراھ قىلىپ قايتۇردى. نامىدە: «ئەي قەيسەر، بىزنىڭ مۇنەججىملەر 40 كۈن ۋاقىت تىلەيدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن خۇدا بۇيرۇسا مەيدانغا كېلىپ ئېلىشقايمىز» دېيىلگەنىدى. قەي-

سەر خەۋەر تېپىپ كۈلگەن ھالدا: «ئەمىر تېمۇر قورقۇپتۇ - دە!» دەپ قويدى.

ساھىبقىران بۇ يەردە دەرھال ئىشقا كىرىشتى. چاناقچىلارنى كەلتۈرۈپ لايدىن پىلنىڭ ھەيكىلىنى ياساتقۇزدى. قۇرۇغاندىن كېيىن 40 كۈنگىچە بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ مەشق قىلدى. ھەر كۈندە ئۇنىڭغا بىر ئازدىن لاي قوشۇپ ئېغىرلىقىنى ئاشۇردى. ئاخىرىدا ھەقىقىي پىل ئېغىرلىقىدەك بولغاندا ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ 1000 گەزلىك دائىرىنى ئۈچ نۆۋەت ئايلاندۇرۇپ جايىغا قويىدىغان بولدى.

قىرىقىنچى كۈنى ئەمىر تېمۇر جەڭگە ناغرا چالدۇردى، كانايچى - ناغرىچىلارنىڭ سانى 1700 ئىدى. يەلىد رۇم سۇلتان بايىز ئاڭلاپ:

— بۇ نېمە غوۋغا، نېمە سادا؟ — دەپ سورىۋىدى، يېنىدىكىلەر:

— ئەمىر تېمۇرنىڭ ئەسكەرلىرى يېتىپ كەپتۇ، — دەپ خەۋەر بەردى. بۇ كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

ئەتىسى قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، ھەر ئىككى تەرەپ مەيدانلارنى زىننەتلەپ تەرتىپلىك سەپ تۈزۈشتى، جەڭ دۇمباقلىرىنى ياڭراتتى. بۇ ئۇرۇشتىكى لەشكەرلەرنىڭ ھالەتلىرىنى ماختاپ، خوجا ئابدۇللا ھاتىپى بۇ غەزەللەرنى يازغانىدى:

ئۇل سەپ پەرەڭۇ رۇمى،
بۇ سەپتە ئۆزبېكلەر.
تەرتىپ بىلەن ياراغىن،
ئەيلەپ ئۆزىگە...
دېڭىزدەك بولسا جۇشى،
كەتكەيكىم ئەقىل ھوشى.

ئالەم تۇتۇپ خۇرۇشى،
جەڭ مەيدانىدا يەكسەر.
ئۆزبېكتە كۆپ بەھادىر،
مەيداندا ئېردى ھازىر.
كىم كۆردى ئەقىل ... چىر،
بولغايكى يەنە تىنتەر.
رۇم ئېردى كۆپ ھۇنەرمەند،
بىر ـ بىردىن نەچچە چەند.
ئۆزبېكنى قىلماقە بەند،
ئېرد سپاھ جەراجەر.
ئىكودە تۈرك بالاسى،
ئىكونىڭ ماجەراسى.
گويا ئىنى ـ ئاغاسى،
ۋارىسلىغىن تالاشەر.

ساھىبقىران ئاق كىيىم كىيىپ ۋە ئاق سەللە يۆگەپ، پەشان رىنى قىستۇرۇپ، مىسۋاكلىرىنى سەللىسىنىڭ ئۈستىگە سانجىپ، قۇرئاننى ئېسىپ، كەمەرىگە ئىسپاھان قىلىچىنى ئاستى ۋە جەڭ مەيدانىدا ھازىر بولدى. ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىدا سۇلتان مەھ مۇد بىتلەن شاھرۇخ تۆرە جەڭگە تەييار بولۇپ تۇرۇشقانىدى.
قەيسەر رۇم ھېسابسىز قوشۇن باشلاپ كېلىشكە باشلىدى، قەيەر قارا كىيىم كىيىپ پىلغا مىنگەنىدى. ئەتراپىدىكى بەگلى رىدىكىمۇ كىيىملىرى قارا ئىدى. قەيسەر ئەركان دۆلىتى بىلەن كېلىپ ئەمىر تېمۇرگە قارىمۇ قارشى تۇردى. ئۇنىڭ شان ـ شەۋكىتى ھەققىدە خوجا ئابدۇللا ھاتىپى بۇ غەزەلنى يازغانىدى:

ئۇشۇل قەيسەرىكىم ئېتى يەلدەرەم،

ئانى شەۋكەتى چۈن كىيومەرس جەم.
يەنە ئەسكەرى ھەسلىي دەريايى نىل،
ئاشاردى ـ تاشاردى چۈنان ئېردى سېل.
پەلەككە يېتەردى غولاغولىلارى،
يۈرمەكتە، تۇرماقتە بىردەك بارى.
چېلىپ كاناي ۋە باراban نەغمىلەر،
ۋە خۇش تويۇر ئېردى دۇشخەگەر.
كۆرۈك ئىككى لەشكەرمۇقابىل بولۇپ،
رۇم ئۆزبېككە ئۇشبۇ مەيدان تولۇپ.
ئەمىر كۆردى قەيسەرنى ھەم كۆردى ئول،
ئىككى نەسلدە يافەستىن ئوغۇل.
ئىكو بىر ـ بىرىنى تالاشلار قىلۇر،
تالاشماقنى ھەر كۈندە باشلار قىلۇر.

قەيسەر پىل ئۈستىگە تەختىنى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، بايىرىقىنى لەپىلدىتىپ، قولىغا نەيزە ئالغان ھالدا مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئۇرۇشقا ئادەم چاقىردى.

شۇ چاغ ئەمىر تېمۇر ئاناققا ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇ دەرھال ئاتنى ئېگەرلەپ ئەمىر تېمۇرگە كەلتۈرۈپ تۇتتى. ئەمىر تېمۇر بېرىپ قەيسەرنىڭ يولىنى توستى. قەيسەر:

— ئەي موغۇل كىمسەن؟ — دەپ سورىۋىدى، ئەمىر تېمۇر ئۆزىنى تونۇشتۇردى. قەيسەر نەيزە ئۇردى. ئەمىر تېمۇر ئاتقا بىر قامچا ئۇرۇپ ئۇنىڭغا يۈگۈردى. ئات ئۈركۈپ ماڭمىدى. ئەمىر تېمۇر سەكرەپ ئاتتىن چۈشۈپ پىلنىڭ ئاستىغا كىرىپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈردى ـ دە، 500 قەدەم يەرگىچە ئېلىپ باردى. رۇملەردىن چۇقان كۆتۈرۈلدى. قەيسەر قورقۇپ كېتىپ پىلدىن ئۆزىنى تاشلىدى ـ دە، سەپ ئىچىگە قاراپ قاچتى. ئە-

مىر تېمۇر پىلنى يەرگە شۇنداق ئۇردى، پىلنىڭ سۆڭەكلىرى چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى بىر - بىرىگە قارشى ئات قويۇشتى. ئەمىر تېمۇر ئېتىغا مىنىپ جەڭگە قارىماي خىلىج دېڭىزىغا قاراپ يول ئالدى.

مەيدان ئىچىدە ئىككى قوشۇن بىر - بىرى بىلەن شۇنداق قاتتىق ئېلىشتىكى، خوجا ئابدۇللا هاتىپى ئۇنىڭ شەنىگە مۇنۇ غەزەلنى يازغانىدى:

ئۇرۇش بولدى ئول كۈن ھەددىدىن ئېشىپ،
ئۇراردى بىر - بىرىدىن ئانچە تالىشىپ.
بۇزاردى بىر - بىرىنىڭ سەپلىرىنى،
ئايرىپ تاشلاپ نەچچەلىگەن جۇپلىرىنى.
ئۇرار ئېردى بىر - بىرىنىڭ دۇمبىسىگە،
كېتەر ئېردى «ئانا» دەپ ئوڭدىسىگە.
قىلىپ بىر - بىرلىرىنى پارە - پارە،
يىقىلىپ كاللىدىن نەچچە مۇنارە.
كېلىپ بىر - بىرىگە يەنە يېنىشىپ،
ئۇراردى بىر - بىرىنى ئەقىل شاشىپ.
قىلىپ بىر - بىرلىرىگە ئاندا قوشۇن،
ئاقاردى قان بولۇپ مانەند جەيخۇن.
ئۆلۈكلەر بولدى ئۇندا دەستە - دەستە،
چۇخارمان بولدىلەر يوپىرى - پەستە.

قەيسەر ئىنگىز يەرگە چىقىپ سىپاھىلىرىنىڭ تارقىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ غەيرىتىگە كەلگىنىچە يەنە ئاتقا مىنىپ، بايرىقىنى جىلۋىگە كەلتۈرۈپ جەڭگە كىردى. يەنە قاتتىق جەڭ باشلاندى. شۇ كۈنى ئەتىدىن ئاخشامغىچە جەڭ قىلىشتى. ئاخىرى ئۆزبېكلەر غالىب بولۇپ، رۇملار قاچتى.

ئۆزبېكلەر قىرغىنى ھەددىدىن ئېشىپ،

تاپ كىبلەلمەي رۇملار ئەقلى شاشىپ.
قاچماققا يۈز قويدىلەر ئول تۈركلەر،
بارچىسىدىن كەتتى ئابرۇي – كۈركلەر.
كۆردى قەيسەر كۆپ باتۇر ئۆز بېكىن،
تۈلكىگە ئارسلان ئۆزىنى ئۇرماغىن.
ياكى قاپلان بۆرىگە ئۇرغاي ئۆزىن،
ئەندە قەيسەر قاچماققا قويدى يۈزىن.
بۇ جاھان رەسمى بىرۇگە گەر نەزەر،
بەرسە بەرگەي ئۇ ھەم بىرۇگە خەتەر.

قەيسەر شۇ كۈنى زەربە يەپ ئانگورىيىدىن قېچىپ ئىستامبۇلغا كېلىۋالدى. بايرىقى بىلەن تاجى چۈشۈپ قالغانىدى. بايراقنى شاھرۇخ تۆرە، تاجىنى باي قارا تۆرە تېپىۋالدى. شۇنداق قىلىپ شۇ كۈنى شەھەرگە ئات قويۇپ ئانگورىيىنى ئىشغال قىلىشتى.

ئەمدى سۆزنى ساھىبقىراندىن ئاڭلايلى:

ئەمىر تېمۇر جەڭدىن چىقىپ قازارا بىر مەھرەم بىلەن خىلىچ دېڭىزىنىڭ بويىغا كېلىپ قالدى. قېشىدا مەھرەمىدىن باشقا كىشى يوق ئىدى. ئەمىر تېمۇر ئۇسسىڭدىن سۇ تەلەپ قىلدى. مەھرەم بىر قاچىغا سۇ ئەپكېلىۋاتاتتى. ئەمىر تېمۇرنىڭ ئېتى ئۈركۈپ كېتىپ دېڭىزغا دومىلىدى. ئەمىر تېمۇرمۇ ئات ئۈستىدىن يۇمىلىنىپ سۇغا چۈشۈپ كەتتى. مەھرەم ھەرقانچە قىلىپمۇ ئەمىر تېمۇرنى سۇدىن تارتىۋالالمىدى. بۇ ئىشتىن ھېچكىشىنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. مەھرەم كېلىپ بۇ سۆزنى ئاناقىنىڭ قۇلىقىغا ئاستا خەۋەر قىلدى. ئاناق ۋەزىرنىڭ ھوشى بېشىدىن ئۇچتى – دە، سىپاھلارغا بىلىندۈرمەي، تەختكە سۇلتان مۇھەممەت ئىبنى مىرزا جاھانگىرنى ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. شۇ چاغ بىر قەلەندەر جانباز:

— ئاناق ۋەزىر نەدە؟ — دەپ كىرىپ كەلدى. كۆرۈش كەندىن كېيىن قەلەندەر ۋەزىرگە بىر كىتابنى بەردى. بۇ كىتابتىكى خەتلەر خوجامباھاۋىدىننىڭ خەتلىرى ئىدى. خەتتە: «ئەي ئاناق، قورقما. خۇدا بۇيرۇسا ئەمىر تېمۇر ساق - سالامەتتۇر، قايتىپ كېلىدۇ» دېيىلگەنىدى. نەقشبەند پىرىنىڭ كارامەتلىرى بىلەن ئەمىر تېمۇرنىڭ بالا - قازادىن قۇتۇلغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئاناق بۇ قەلەندەرگە جىق ئالتۇن ھەدىيە قىلدى. ئاندىن كېيىن ئانگورىيىنىڭ ئېلىنغانلىقى توغرىسىدا تەرەپ - تەرەپكە جاكا چىقاردى.

ئەمدى سۆزنى ساھىبقىراندىن ئاڭلايلى.

ساھىبقىران دېڭىز يۈزىدە غۇلاچ ئېتىپ بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن داھايىتى قىيىندا قىرغاققا چىقتى. ئەتراپقا قانچە قۇلاق سالسىمۇ ئادەم تىۋىشىنى ئاڭلىمىدى. ئۇ ھېرىپ كەتكەنىدى. بىردەم ئارام ئېلىپ، دېڭىز بويىدا ئۇخلاپ قالدى. ئىستامبۇل تەرەپتىن كەلگەن ئۈچ كىشى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر موغۇل كىشىنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— كىمسەن؟ — دەپ سورىۋىدى. ئەمىر تېمۇر:

— رۇم سىپاھلىرىدىن بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى، — ھەمراھلىرىمدىن ئايرىلىپ قېلىپ، بىردەم ئارام ئالدىم، ئەمدى ئىستامبۇلغا بارىمەن.

ئۇلار بۇ گەپكە ئىشەنمەي، ئەمىر تېمۇرنى باغلاپ ئىستامبۇلغا ئېلىپ ماڭدى. بۇ كېچىسى ساھىبقىران نالە - زار قىلىپ يىغلىغىنىچە شاھى نەقشبەند پىرلىرىدىن مەدەت تىلەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

ئايا باھاۋىدىن مەدەت بەرگىل پۈتۈن،
يول ئاداشقانلارغا بولغىن رەھنىمۇن.
ئايا پىرىم بۇ يول ئارا بولدۇم غېرىب،

قول - ئاياغ باغلاقتا، ياتتىم سارغىيىپ.
ئايا پىرىم ھالىم مېنىڭ بولدى قىيىن،
بىر نەزەر ئەيلەڭ ماڭا ئۇشبۇ ھەيىن.
ھەر خاتايىم بولسا كەچكىل يا ئىلاھ،
مەن غېرىبىنىڭ ھالىنى ئەتمە تاباھ.
يا ئىلاھە دوستلىرىڭنىڭ ھۆرمىتى،
زەررە بەرگىل ماڭا سەن ھىممىتى.

شۇ كېچىسى چۈشىگە خوجا باھاۋىدىن كىردى - دە، ئۇ ئەمىر تېمۇرگە:

— ئەي ئەمىر تېمۇر ئاقساق، ياراتقۇچىغا سېغىنغىن. بېشىڭدا بىر ئاز مۇشەققەت بار، سەۋرى قىل، — دەپ غايىب بولدى. ئويغانسا، قول - پۇتلىرى يېشىلىپ كەتكەنىدى. ھېلىقى ئۈچ كىشى يەنە ئەمىر تېمۇرنى باغلاشقا ھەرىكەت قىلدى، ئەمىر تېمۇر ئىلاجىسىز ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرگە كىردى. بۇ ئاجايىپ بىر چوڭ شەھەر ئىدى، كوچىلاردىكى بىنالار مەرمەر تاش بىلەن قىلىنغانىدى، تاملارغا ۋە ئىشىكلەرگە ئەمىر تېمۇرنىڭ رەسىمى سىزىپ چاپلانغانىدى. ئۇ ئاياز مەسچىتىگە كەلدى. ئۇنىڭ تەرىپىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. ئىشىكنىڭ تۆپىسىگە: «بىز يەرنى كۆرمىگەن ئادەم جاھان كۆرگەن ھېسابلانمايدۇ» دەپ يېزىلغانىدى.

ئىستامبۇلنىڭ بىر تەرىپى دېڭىزغا تۇتاش ئىدى. باشقا تەرەپلىرى تاغ ئىدى. بىر ئادەم ساھىبقىرانغا:

— ئەي بوۋا، سېنىڭ رەسىمىڭ ئەمىر تېمۇرگە ئوخشايدىكەنغۇ؟ — دېدى. ئەمىر تېمۇر دەرھال سارايغا باردى ۋە سارايدىن بىر ھۇجرىنى ئېلىپ ياتتى. لېكىن يېنىدا سېتىپ خىراجەت قىلغۇدەك ھېچنېمىسى قالمىغانىدى. تاشقىرى چىققاي دېسە كىشىلەرنىڭ ھېلىقى رەسىملەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ تونۇپ قېلىشى-

دىن ئەنسىرەيتتى. ئىلاجسىزلىقتىن ھۇجرىدا كېچىچە ئۇخلىيالماي ئىستىغپار قىلىپ چىقتى. كۆزى بىرئاز يۇمۇلۇۋىدى، چۈشىگە يەنە خوجام باھاۋىددىن كىرىپ:

— ئەي ئەمىر تېمۇر، ئەتە خوجا مۇھەممەد پارسا ھەجدىن قايتىدۇ. سېنى تونۇمايدۇ، مۇنۇ ھاسىنى ئۇنىڭغا بەرگىن، بېشىڭدىكى قازايى مۇئەللەق كۆتۈرۈلسە ئەجەب ئەمەس. ئۆزۈڭگە ھېزى بول! — دەپ غايىب بولدى. ئەتىسى سارايىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ساقىلى چاردىغان بىر كىشى كەلدى. ئۇ كىشى ئەمىر تېمۇرنى كۆرۈپ تونۇمىدى. چۈنكى ئەمىر تېمۇر مەھبۇل كىشى ئىدى. ئەمىر تېمۇر خوجام بەرگەن ھاسىنى كۆرسىتىپ بېشىغا تەككۈزگەنىدى، ھېلىقى كىشى دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئەمىر تېمۇرگە ئۆزرە ئېيتتى ۋە بىر ھەميان ئالتۇن بېرىپ:

— بۇ كېچە ھەزرىتى باھاۋىددىن پىرىڭىزنى چۈشۈمدە كۆردۈم. كېلىڭ، مەن سىزنى ئېلىپ كېتەي، — دېدى. ئەمىر تېمۇر:

— مەنمۇ شۇ ئىشلارنى چۈشۈمدە كۆردۈم، ماڭا «سېنىڭ بېشىڭدا مۇشەققەتلەر كۆپ» دېدى. سىز بۇ يەردە تۇرماڭ، سىزگە مېنىڭ كاساپىتىم تەگمىسۇن يەنە، — دېدى. خوجا ئىلاجسىز قايتىپ كەتتى. ئەمىر تېمۇرنىڭ ھاسىسىنى سارايۋەن كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ:

— بۇ ھاسىدا خاسىيەت بار ئىكەن. سودىگەرنىڭ بېشىغا ئۇرسا ئالتۇن بېرىدىكەن، — دەپ قويىدى-دە، پەملەپ تۇرۇپ ھاسىنى ئوغرىلىۋالدى. شۇ كۈنى سودىگەرلەرنى ئۆيىگە چاقىرىپ زىياپەت قىلدى. زىياپەت ئۈستىدە سودىگەرلەرنىڭ بېشىغا ئۇردى. سودىگەرلەر سارايۋەندىن رەنجىپ، قەيسەرگە ئەرز قىلدى. قەيسەر سارايۋەننى چاقىرىپ سوراق قىلدى. سارايۋەن كۆرگەنلىرىنى قەيسەرگە بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. قەيسەر بىر نەچچە خىزمەتچىنى ھېلىقى سارايغا ئەمىر تېمۇرنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار

كەلگەندە ئەمىر تېمۇر ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن خىزمەتچىلەر:

— سىزنى قەيسەر چاقىرىۋاتىدۇ! — دېدى. ئەمىر تېمۇر ئىلاجىسىز قەيسەرنىڭ ئالدىغا باردى. قەيسەر ئۇنى كۆرۈپلا تونۇپ قالدى ۋە:

— سەن ئەمىر تېمۇرغۇ؟ — دېگەندى، ئەمىر تېمۇر ئىنكار قىلدى. ئاخىرى قەسەم قىلىشنى تەلەپ قىلىۋىدى، ئىلاجىسىز ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بەردى. قەيسەر دەرھاللا ئەمىر تېمۇرنى باغلاپ قويدى. ئۇ:

— ئەي ئەمىر تېمۇر ئاقساق، ئۇ كۈنى مېنى پىل بىلەن ئېلىپ قاچقانىدىڭ، بۈگۈن نېمىشقا تالاش قىلمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ جاپالاردىن ماڭا پىرىم خەۋەر بەرگەن. شۇڭا تەقدىرگە بويسۇنۇپ تۇرۇۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. قەيسەر رۇم ئەمىر تېمۇرنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. كەينىدىنلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى - دە: «سەۋر قىلاي، ئاۋال بۇنىڭ سىپاھلىرىغا بىر ئامال بىلەن زەربە بېرەي، ھازىر ئۇلار باشلىقىدىن ئايرىلىپ ساراسىمە بولغاندۇر» دېگىنىچە، ئەمىر تېمۇرنىڭ پۇت - قوللىرىغا كويزا - كىشەن سېلىپ، 100 قامچا ئۇردى. ئاندىن ئۆكۈزنىڭ تېرىسىگە سېلىپ قاقلىدى. ساھىبقىران ناھايىتى ئازابلاندى. مىدىرلاشقا ھالى قالمىدى. لېكىن ئايۇپ پەيغەمبەردەك چىدام بىلەن سەۋر قىلدى. قەيسەر نۇرغۇن لەشكىرى ئارقىلىق ئەمىر تېمۇرنى مۇھاپىزەت قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇ ئىشتىن خاتىرجەم ھالدا خۇشال بولۇپ ئولتۇراتتى. شۇ چاغ «ئەرمەن خانىدىن قەيسەرگە ياردەم ئۈچۈن 8000 كىشىلىك قوشۇن كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى.

تارىخىي مەلۇماتلاردا يېزىلىشىچە، ئەرمەن ئەسلى ھود ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋمىدىن ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرمەن ئىسىملىك بىرى پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ چىققانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەۋلادىنى ئەرمەنى دەپ ئاتاشقانىكەن.

شۇ كۈنى ئەرمەنىلەر قەيسەرنىڭ قېشىغا يىغىلىپ كېلىشتى. ئاندىن قەيسەر بىلەن بىللە ئانگورىيىگە ئاتلاندى. جاسۇسلار قەيسەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى، ساھىبقىرانغا سالغان ئازابلىرىنى ئەمىر تېمۇرنىڭ سىپاھلىرىغا يەتكۈزدى. ئاناق جانپىداكار ئاڭلاپ: «بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى قىلىشقا مەن بارسام، سۇلتان مۇھەممەت تۆرە ھالاك قىلمىسۇن» دەپ قورقاتتى. چۈنكى سۇلتان مۇھەممەت تۆرە ئاناقنىڭ ھەييارلىقىنى يامان كۆرەتتى. ئاناق ھەممە ئۆزبېك بەگلىرىنى يىغىپ:

— ئوغلۇم خۇمارى بىلەن بىر ئىشنى پىلان قىلدۇق. رۇخسەت بەرسەڭلار، — دېدى.

ھەممەيلەن ماقۇل بولۇشۇپ قوشۇلدى. لېكىن سۇلتان مۇھەممەت تۆرە:

— ئەۋەتمەڭلار. بۇ ئىككى ھەييار ھىيلە بىلەن بىر تەرەپكە قېچىپ كېتىدۇ، — دېدى ۋە بىچارە ئاناق جان پىداكارغا مال - دۇنيادىن ھېچ نەرسە بەرمىدى. ئىلاجىسىز ئاتا - بالا يىغلىغىنىچە ئىستانبۇلغا پىيادە يول ئالدى. ئۇلار ئىستانبۇلغا كېلىپ ئاچ قالدى. ئاناق ئەرمەنىلەرنىڭ بازاردىن قۇل سېتىپ ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خۇمارىغا:

— ئوغلۇم، مېنى بازاردا ساتقىن، بىر ئىشنى ئويلاپ قويدۇم، سەن ئوقەت قىلغىن، — دېدى. ئوغۇل ئۇنىماي:

— سىز مېنى سېتىپ ئوقەت قىلىڭ، — دېدى. بۇنىڭغا ئاتىسى ئۇنىمىدى. ئىلاجىسىز خۇمارى ئاتىسىنى ئەرمەنىلەرگە ساتتى. ئەرمەنىلەر قۇللىرىنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ پادىشاھىنىڭ ئېتى

گىرىيانۇس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئادىتىدە، ئالغان 40 قۇلنىڭ بىردىنى ئازاد قىلىۋېتەتتى. پادىشاھ قۇللىرىدىن نېمە ھۈنىرى بارلىقىنى سورىدى. نۆۋەت ئاناققا كەلگەندە، ھەييارلىق قىلىپ گاچا بولۇۋالدى. گىرىيانۇس:

— بۇنى نېمىشقا سېتىۋالدىڭلار؟ — دېدى، ئالغۇچىلاردىن بىرى:

— بۇنىڭ باھاسى ئەرزان ئىكەندۇق، شۇڭا ئازاد قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئالغانىدىم، — دېدى. شۇنداق قىلىپ پادىشاھ ئاناقنى ئازاد قىلىۋەتتى. ئاناق ئىشارەت بىلەن گىرىيانۇسقا:

— مەن قېرىپ قالغان ئادەم. مەن باشقا يەرگە بېرىپ قانداقمۇ ئوقەت قىلىمەن؟ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولسام، — دېدى. گىرىيانۇسمۇ:

— بۇ قېرىپ قالغان كىشى ئىكەن، باشقا يەرگە ئەۋەتمەڭلار! — دېدى.

قەيسەر ئاتقا مىنىپ ئانگورىيىگە ماڭغاندا، ئەمىر تېمۇرنى بىرگە ئېلىپ ماڭغانىدى. ئاناق پىداكار كۆرۈپ ئاستا - ئاستا يېقىنلاشقا باشلىدى. ئەمىر تېمۇرنىڭ ئەھۋالىنى خۇمارىمۇ پات - پات ئاتىسىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. ئاناق گېرمانىيىلەرنىڭ سىپاھلىرىغا خىزمەت قىلىپ سۇ بېرەر ئىدى. قەيسەر كېچىسى ئەمىر تېمۇردىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن 2000 كىشىنى پاسىبانلىققا قويغانىدى. ئۇلار ئانگورىيىنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ، شەھەرنى قامال قىلدى. ئۆزبېك قوشۇنىدا باشلىق بولمىغىنى ئۈچۈن، بەگلەر شەھەردىن سىرتقا چىقىپ ئۇرۇش قىلىشتىن قورقتى. بۇ ھەقتە سوفى ئاللايار بىر تەۋەرۈك سۆز قالدۇرغانىدى:

ئۇشۇل خوبدىكى ھەرب ئالاتىن ئەسىر،
ئەگەر تاسار بولسا يالۇنى باسار.

ئاناق بىركىچىسى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ تۇرۇپ تىلغا كىرىپ:

— ھەي ئادەملەر ۋە خالايىقلار مەن قىرى قۇل پەيغەمبەر خۇدانى چۈشۈمدە كۆردۈم. تىلسىز ئىدىم. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن تىلىم چىقتى، — دەپ سۆزلەپ كەتتى.

ئاناق ئەرمەنىلەرگە ناھايىتى ياخشى خىزمەت قىلدى. شۇڭا كېيىنچە ھەممە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. گىريانۇس ئاناقتىن ھەيران بولۇپ بىر كۈنى ئۇنى قەيسەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئاناق ئەرمەنىلەرچە ياسىنۋالغانىدى. ئاناق گىريانۇسنى قەيسەرنىڭ ئالدىدىلا ئىمان كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن سۆزلەيدىغان بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

گىريانۇس:

— ئەگەر بۇ قۇلنىڭ سۆزى راست بولسا مەنمۇ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولىمەن، — دېدى. رۇم ئۆلىمالىرى يىغىلىپ:

— مۇشۇنىڭ سۆزى راست، چۈنكى شەيتان پەقەت پەيغەمبەرلەرنىڭ قىياپىتىگە كىرەلمەيدۇ، — دېيىشتى.

شۇنداق قىلىپ گىريانۇس مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆپلىگەن ئەرمەنىلەر مۇسۇلمان بولۇشتى ۋە بۇ سەۋەبتىن ئاناققا شاھانە كىيىملەرنى سوۋغات قىلدى.

قەيسەرمۇ ئاناققا كۆپ ئىلتىپات كۆرسەتتى ۋە قېشىدىن نېرى قىلمايدىغان بولدى. بىر كۈنى ئاناق ھەيبارلىق ئىشلىرىنى تەييارلاپ پۈتتۈردى — دە، قەيسەرگە:

— مەن بىر سىرنى بىلىپ قالدىم. جانابىڭىزغا مالامەت كەلمىسە ئېيتاي، — دېگەنىدى. قەيسەر ئاڭلاشقا مائۇل بولدى.

ئاناق:

— گىريانۇس بىلەن ئەمىر تېمۇرنىڭ قوشۇنلىرى گەپنى بىرلىككە كەلتۈرۈپتۇ. سىزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قەست قىلماقچىمىش. ئەتە – ئۆگۈن ساۋۇت كىيىپ كېلەرمىش. سىزمۇ ھوشيار بولۇڭ. مەن سىزنىڭ مىجەز – پېئىلىڭىز ۋە ئابرويىڭىزنىڭ ناھايىتى يۇقىرى، ياخشى ۋە ئادىل ئىكەنلىكىڭىزنى تونۇپ يەتتىم. ھەر دائىم شەرىئەت بويىچە ئىش تۇتىدىكەنسىز. گىريانۇس گەرچە مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، لېكىن تېگى كاپىردۇر. ئەمىر تېمۇر بولسا زالىمدۇر. سىزگە كۆڭلۈم ناھايىتى يېقىن بولغاچقا بۇ سۆزنى دەۋاتىمەن، — دېدى، قەيسەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئاناق تاز قەيسەرنىڭ قېشىدىن چىقتى ۋە پۇرسەت تېپىپ گىريانۇسنىڭ قېشىغا كەلدى – دە، ئۇنىڭغا:

— ھوشيار بول! قەيسەر يامان خىيالدا بولۇۋېتىپتۇ. ساڭا تازا ئىشەنمەيدىكەن، ئەتە – ئۆگۈن ساۋۇت كىيىپ كېلىپ سېنى ئۆلتۈرگۈسى. بۇ سۆزنى ھەرگىز كىشىگە دېمە. چۈنكى مەن سېنىڭ تۈزۈكۈڭنى كۆپ يېگەنلىكىمدىن ۋە مېنى كۆپ تەربىيەت قىلغانلىقىڭدىن سېنى دوست كۆرۈپ بۇ سۆزنى دەۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەق دىنغا ئېرىشىپ مۇسۇلمان بولدۇڭ ئەمەسمۇ؟ — دەپ شىۋىرلىدى. گىريانۇس بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئاناققا ئىخلاس قىلغانلىقتىن ئىشەندى – دە، ئۇرۇشۇشقا تەييارلىق قىلىپ، باتۇرلىرىغا ياراق – ئەسلىھەلىرىنى كېيدۈرۈپ قەيسەرنىڭ قېشىغا ماڭدى. قەيسەرمۇ ئۇلاردىن خەۋپسىرەپ سىپاھلىرىنى تەييار قىلىپ قويغانىدى. گىريانۇسنىڭ راستىنلا قوراللىنىپ جەڭ ئۈچۈن ئادەم باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قەيسەر رۇم دەرھال لەشكەرلىرىگە:

— ئات سېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى. قەيسەرنىڭ ئەسكەرلىرى شۇئان گىريانۇسقا قاراپ ئات سالدى، قەيسەرنىڭ

جەڭچىلىرى گىريانۇسنىڭ كاللىسىنى ئالدى. قورال - ياراقلارنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى ئالەمگە تولدى. ئۇلار بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. ئاناق ھەيبارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئەرمەنلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ھەي ھىممىتى يوق ئەرمىنلەر! خانىڭىزنى رۇملار ئۆلتۈردى. سىپاھلىرىڭىزنىمۇ ئۆلتۈردۇ. سىلەر قانداقمۇ چىداپ تۇرالايسىلەر؟ — دەپ ۋارقىردى. گىريانۇسنىڭ ئوغلىنىڭ ئېتى قىلمۇس ئىدى. ئاتىسىنىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلاپ كانای چالدۇردى - دە، لەشكىرىنى يىغىپ بىردىن ھۇجۇم باشلىدى. رۇملار بىلەن ئەرمەنلەر شۇنداق قاتتىق ئېلىشىپ كېتىشتىكى، چاڭ - توزاڭلار ھاۋاغا ئۆرلىدى. شۇ چاغدا ئەمىر تېمۇرگە قويۇلغان پاسبانلارمۇ ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىنغانىدى. ئاناق ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، ئوغلى خۇمارى بىلەن قەيسەرنىڭ ئۈچ خىل ئېتىنى ئېغىلدىن ئېلىپ چىقتى. ساھىبقىراننى دەرھال باغلاقتىن يېشىپ ئازاد قىلدى - دە، ئاتلارغا مىنىشىپ شەھەر دەرۋازىسىغا قاراپ بەدەر تىكىۋەتتى.

ئاناق ۋە ئۇنىڭ ئوغلى خۇمارىنىڭ ياۋ قوشۇنلىرى ئارىسىدا ئىككەيلەنكىدىن ئۆزبېكلەر خەۋەرسىز ئىدى. ئۇلار دەرۋازىغا كېلىپ دەرۋازىۋەنلەرگە:

— مەن ئاناق بولىمەن، مانا، ساھىبقىراننى ئېلىپ كەلدۇق! — دەپ ۋارقىرىدى. دەرۋازىۋەن ئۇلارنى كۆرۈپ ئاندىن دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى. بەگ - تۆرىلەر كېلىپ ئەمىر تېمۇرنىڭ ئايىغىغا ئۆزلىرىنى تاشلاشتى. ئاندىن ئۆزبېك باتۇرلىرى تەخىر قىلىشماي قەيسەرگە قارشى ئاتلاندى. ئۇ تەرەپتىن ئەرمەنلەر، بۇ تەرەپتىن ئۆزبېكلەر رۇملارنى ئارىغا ئېلىپ قىرغىن قىلىشتى. قەيسەر ئەمىر تېمۇرنىڭ قۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ساراسىمە بولۇپ قېچىشقا باشلىدى. رۇملار پاراكەندە

بولغاندىن كېيىن قىلمۇس ئەرمەنلەرنى يىغىۋېلىپ ئۆز مەنزىلىگە ياندى.

شۇ كۈنى ساھىبقىراننى مۇنچىغا ئەكىرىپ يۇيۇندۇردى. بەدىنىگە يېپىشىپ كەتكەن ئۆكۈز تېرىسىنى ئېلىپ تاشلىدى. ئۇچىسىغا نەپىس كىيىملەرنى كىيگۈزدى. ئاندىن ئانگۇرىيىنى ئۆز ئادەملىرىگە بېرىپ، ئىستامبۇلنى ئۈچ كۈن قورشاپ ئاخىرىدا ئىشغال قىلدى. ئاندىن كېيىن رۇمنى ئېلىشنىڭ پىكرىگە چۈشتى.

## مىرزا خەلىل تۆرىنىڭ قالماقلار بىلەن جەڭ قىلىپ، كۆپ مۇسۇلمانلارنىڭ شېھىت بولغانلىقى

ساھىبقىران ئۆز ۋاقتىدا نەۋرىسى مىرزا خەلىل تۆرىنى سەمەرقەنتكە — ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلانغانىدى.

بىر كۈنى سەمەرقەنتكە «قالماقلاردىن يېغى كېلىپ تاشكەنتنى تالاڭ قىپتۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى. مىرزا خەلىل تۆرە دەرھال لەشكەرلەرنى توپلىدى. لېكىن بۇ لەشكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى تاجىك ئىدى. ئۆزبېك باتۇرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەمىر تېمۇرگە ياندىشىپ سەپەرگە چىقىپ كېتىشكەنىدى.

مىرزا خەلىل تۆرە قوشۇنلىرىنى ئېلىپ سىر دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى، لەشكەرلەرنىڭ بەزىلىرى «دەريادىن ئۆتمەيلى» دېيىشكەن بولسىمۇ، لېكىن تاجىكلار ئۇنىمىغانلىقتىن دەريادىن ئۆتۈشتى. شۇ ئان قالماق قوشۇنلىرى كېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېتىنى يېتىلىشىپ پىيادە كېلىشمەكتە ئىدى. مۇسۇلمانلارمۇ پىيادە بولۇپ ئاتلىرىنى ئات باقارلارغا بېرىشتى. بۇنى كۆرگەن قالماقلار دەرھال ئاتلىرىغا مىنىشىپ مۇسۇلمانلارغا

ھۇجۇم قىلىشتى. مۇسۇلمان سىپاھلىرى ئاتلىرىغا مىنەيلى دېيىشىپ كېلىشىۋىدى. ئات باقارلار بۇ غوۋغانى كۆرۈپ ئاتلارنى تاشلاپ بەدەر قېچىشتى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى قالايمىقان بولۇشۇپ كەتتى ـ دە، مىنەلمەي قالدى (بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىش بىلمىگەن تاجىكلار ئىدى. شۇڭا ئۆز ۋاقتىدا ئەمىر تېمۇر سىپاھلارنى تاجىكلاردىن بەلگىلىمەس ئىدى، ئۇلارنى ئەقىلسىز، قورقۇنچاق دەپ قارايتتى). شۇنداق قىلىپ كاپىرلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتتى ۋە كۆپلىگەنلەرنى شېھىت قىلىۋەتتى. تۆرە بىلەن خوجا ئىسمەتۇللا قېچىپ دەريادىن ئۆتتى. مىڭبىر جاپادا پىيادە كېلىپ سەمەرقەنت شەھىرىگە كىرىۋالدى. قالماقلار ھېسابسىز كۆپ قوشۇن بىلەن كېلىپ سەمەرقەنتنى قامال قىلدى. ھېچكىم سەمەرقەنتتىن تاشقىرىغا چىقالمىدى.

رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايىتىدە، قالماقلارنىڭ ئىچىدە بىر قېرىسى بار ئىدى. سۆزگە ئۇستا، پاراسەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ مەسلىھىتى بىلەن شەھەر ئىچىگە ئادەم كىرگۈزدى. كىرگەن ئادەم: «شەھەردە تەجرىبىلىك موللا بولسا چىقىپ، ئۇلارنىڭ سۇئالىغا جاۋاب بەرسۇن!» دەپ خەۋەر بەردى. ھەممەيلەن خوجا ئىسمەتۇللانى ۋەكىل قىلىپ چىقىرىپ بەردى. قېرى قالماق:

— يانچۇقۇڭدا زەھەر بارمۇ؟ — دەپ سورىدى خوجىدىن، خوجا:

— بار! — دەپ جاۋاب بەردى.

— نېمىشقا ئېلىپ يۈرىسەن؟

— مەن دېدى خوجا، — قېرىپ قالغان كىشىدۇرمەن. مۇبادا قالماقلار ئازار قىلماقچى بولسا، زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالاي، دەپ ئويلىغانىمەن.

— ھەي خوجا، بىلىپ قوي ۋە ھوشيار بول! ھازىرقى

ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمرى ھەممە مەملىكەتلەرنى ئىشغال قىلىپ ئۆزىگە بويسۇندۇردى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق خەۋەر بېرىمەن. ئەمىرنىڭ ئۆلۈشىنىڭ مۇنداق ئۈچ بەلگىسى بار: بىرىنچىسى، بۇ ۋىلايەتلەردە بىر خىل ئاق قۇش پەيدا بولىدۇ ۋە «ئەررەھىل» دەپ ئۈچ قېتىم سايرايدۇ. ئىككىنچىسى، بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپلا ئۈچ قېتىم «ئاللا!» دەيدۇ. ھەممە بۇنى ئاڭلايدۇ. ئۈچىنچىسى، قۇياش تۇتۇلىدۇ، يۇلتۇزلار كۆرۈنمەيدۇ. بۇ سۆزلەرنى ساڭا دېدىم، ئەلۋەتتە ئېسىڭدە ساقلا! — دەپ تاپىلىدى.

خوجا شەھەرنىڭ ئىچىگە قايتىپ كەلدى. سەمەرقەنت ئادەملىرى قالماقلارنىڭ قورشاۋى تۈپەيلىدىن ناھايىتى ئازابلاندى. شۇ پەيتلەردە قالماقلار شاھى زىندەنىڭ ئۈستىنى، چۆپان ئاتىنىڭ مۇبارەك قەبرىلىرىنى دەسسەپ ۋەيران قىلغان. شاھى زىندەنىڭ قۇدۇقلىرىغا نىجاسەتلەرنى تۆكۈشكەنىدى. بىر كېچىسى قالماقلار ئارىسىدا غوۋغا كۆتۈرۈلدى ۋە تاقەت قىلىشماي قېچىشقا باشلىدى. سەمەرقەنتلىكلەر قالماقلارنىڭ بۇ يەردىن كۆچۈۋاتقانلىقىنى، بىر قانچىلىرىنىڭ ئىششىپ ئۆلگەنلىكىنى كۆردى. 100 مىڭلىغان يىلانلار ھېلىقى مازارلىقنى بېسىپ ياتاتتى. لېكىن يىلانلار مۇسۇلمانلارغا دەخلى قىلمايتتى. مۇسۇلمانلاردىن بىرى بىر قالماقنى تېپىپ بۇ ئىشنىڭ سىرىنى سورىۋىدى، قالماق:

— بۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە نىجاسەتلەرنى تۆككەنىدۇق. يىلانلار ئاشۇ قۇدۇقتىن چىقىپ بىزگە ھۇجۇم قىلىشتى. لېكىن ھېچقايسىمىز بۇ قۇدۇقنىڭ سىرىنى بىلەلمىدۇق، — دېيىشتى.

قالماقلار يەنە سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلىش قەستىدە بولۇشتى. مۇسۇلمانلار قورقۇنچ ئىچىدە قالدى. بىر سەھەردە بىر ئاق قۇش كېلىپ «ئەررەھىل، ئەررەھىل!» دەپ سايراپ كەتتى. قالماقلارغىمۇ بىر خىل قورقۇنچ پەيدا بولدى ۋە سېپىل ئەتراپىدا بىرىنىمۇ قالماي قېچىپ كەتتى. خوجىنىڭ

كۆڭلىگە قىرىنىڭ دېگەن سۆزلىرى كەلدى. قاراپ تۇرۇۋىدى، ھېلىقى قۇشنىڭ كەينىدىن يەنە بىرلەك (1000 ئەتراپىدا) قۇش كېلىپ ھەممىسى سۈكۈتتە تۇرۇشتى. ئاندىن كېيىن بۇ قۇشلار يىلانلارنى تۇمشۇقىدا تېرىپ ئېلىپ ھېلىقى قۇدۇقنىڭ ئىچىگە تاشلاشتى. ئۆزلىرىمۇ قۇدۇق ئىچىگە كىرىپ غايىب بولۇشتى. ھېلىقى ئاق قۇش يەنە: «ئەررەھىل، ئەررەھىل، ئەررەھىل!» دەپ سايرىغىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى.

ئەمىر تېمۇر رۇمنى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قالماقلارنىڭ سەمەرقەنتنى قامال قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ تېزلىك بىلەن ماۋرائۇننەھر ۋە تۈركىستانغا قايتتى. سەمەرقەنتلىكلەر ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئالدىغا چىقىشتى. ساھىبقىران شانۇ شەۋكەت، ھەشەمەت بىلەن سەمەرقەنتكە كىرىپ يەنە ئۆز تەختىدە ئولتۇردى.

سەمەرقەنتلىكلەر ئەمىر تېمۇرگە قۇدۇقنىڭ ۋەقەسىنى ۋە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ئىزھار قىلىشتى. ئەمىر تېمۇر:

— بۇ قۇدۇقنىڭ سىرىنى كىم بىلىدۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، بىلىدىغان كىشى چىقمىدى. بۇ ھەقتە تەرەپ - تەرەپكە جارچى ئەۋەتتى. شۇ ۋاقىتلاردا ھىندا ئىسىملىك، ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ يەنە باتۇر ئىدى. شۇ يىگىت جاكانى ئاڭلاپ ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى ۋە سالامدىن كېيىن:

— ھەي ئىسكەندەر سانى، مەن پېقىرىڭىز تارىخىي تەبىرىيدە كۆرگەنىدىم. ساھابىلەردىن قۇم ئىبنى ئابباس ئىسىملىك كىشى كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىپ ئاخىرىدا بۇ قۇدۇققا كىرىپ غايىب بولغانىكەن. ھېلىمۇ تىرىكمىش، دېيىشىدۇ، — دەپ مەلۇمات بەردى.

ساھىبقىران:

— ئەي يىگىت، بۇ قۇدۇققا ئۆزۈڭ كىرىپ، بار - يوقىنى

بىزگە مەلۇم قىلساڭ، — دېۋىدى، يىگىت ئۇنىمىدى. ئەمىر تېمۇر ئۇنىڭغا كۆپ ئالتۇن بېرىشكە ۋەدە بەردى. يەنە ئىلتىجا بىلەن:

— بۇ يەرنى بىر زىيارەتگاھ قىلساق مۇنداق ئاياغ - ئاستى بولۇپ كەتمەس، — دېدى. يىگىت يۈز كېلەلمەي كىرىشكە ماقۇل بولدى. ئۇنى قۇدۇق بېشىغا ئېلىپ كېلىپ بېلىنى ئارغامچىدا باغلىدى ۋە قۇدۇققا چۈشۈردى. 70 گەزدەك پەسكە چۈشكەندە ئارقان بوشاپ قالدى. ئۈستىدىكىلەر ھىدانىڭ قۇدۇق تۈۋىگە يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. ھىدا كۆزىنى يۇمۇپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئېچىۋىدى، بىر غار كۆرۈندى. ئۇ باتۇرلۇق بىلەن ھېلىقى غارغا قاراپ ماڭدى. بىردەمدىن كېيىن بىر روشەنچىلىك پەيدا بولدى. بىر ئوچۇق ئىشىك كۆرۈندى. ئۇ كىرىپ قارىۋىدى، ھەيھات! ئاجايىپ بىر چىرايلىق چوڭ باغ ئىكەن. ھەر خىل يەل - يېمىشلەر تۆكۈلۈپ پىشىپ كەتكەنىدى. يەنە بىر يەردە ئىككى ئارسلان دەرەخكە باغلاقلىق تۇراتتى. شۇئان باغ ئىچىدىن بىر يېشىل كىيىملىك كىشى تاۋاقتا تاماق كۆتۈرگىنىچە چىقىپ كەلدى - دە، ھېلىقى تائاملارنى ئىككى ئارسلاننىڭ ئالدىغا قويدى. ئارسلان تاماق يېيىشكە كىرىشىپ كېتىشتى. ھىدا ئۇلارنىڭ ئالدىدىن باتۇرلۇق بىلەن ئۆتۈپ سۈت تولدۇرۇلغان كۆلنى كۆردى. كۆل بويىدىكى دەرەخلەر ئۈستىدە مىڭلىغان يىلانلار مىغىلدىشىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار كېلىپ سۈتتىن ئىچىپ تۇراتتى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ گەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

— كېچىسى مېڭىۋىدىم. قاراڭغۇدا بىلمەي بۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتىم. ئاندىن بۇ يەرگە كىرىپ قالدىم. بۇ دەرەخ بېلىمگە يۆگىشىپ تۇتۇۋالدى، — دېدى. ھىدا قارىۋىدى، راستىنلا ئۇنىڭ بېلىنى دەرەخ يۆگىۋالغانىدى. ئۇ ئادەم بۇ سىرنى ھىداغا سۆزلەي دەپ تۇراتتى، بىردىنلا يامغۇر يېغىپ، چاقماق چاقتى - دە، ئۇنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. بۇنى كۆرگەن ھىدانىڭ كۆڭلىگە قور-

قۇنچ چۈشتى ۋە ئاستا ـ ئاستا باشقا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. بىر يەرگە كېلىپ بىر گۈمبەزنى كۆردى. يېتىپ بېرىۋىدى، ئىچىدىن قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى. ھەيدا ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئاق كىيىنگەن 160 كىشى يېتىپ كەلدى. گۈمبەزنىڭ ئىچىدىن قارا ساقاللىق بىر يىگىت چىقتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر كىشى پالاس كەلتۈرۈپ سالدى. يەزىدلىرى پالاس ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى. ئارقىدىن يەنە يېشىل كىيىنگەن يەتتە كىشى كەلدى. بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن، «پوش، پوش!» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ 41 كىشى پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر يىگىت قارا ئاتقا مىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئەتراپىدا يۈزلىرى نۇرانە كىشىلەر زىكرى ئېيتىپ بىللە كېلىۋاتاتتى. ئۇ يىگىت ئاتتىن چۈشتى ـ دە، ھەممىدىن يۇقىرى ئولتۇردى. ئۇلار سۆزلىشىپ كېتىشتى. ھېلىقى يىگىت:

— دۇنيا ئىشلىرىدىن نېمە خەۋەرلەر بار؟ — دەپ سورىۋىدى. ئۇلاردىن بىرى:

— بۇ يەرگە بىر يىگىت پەيدا بولدى، — دەپ خەۋەر بەردى.

— بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى ھېلىقى كىشى. ھەمدانى ئېلىپ كېلىشتى. ھەمدا ئۇ زاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بىلەن سالام بەردى. ھېلىقى زات:

— كىمسەن؟ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. ھەمدا ئەدەپ بىلەن:

— ئەي تەقسىر ئەپەندىم، ئەمىر تېمۇر سۇلتانىمىزنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

— دۇنيا ئىشلىرىدىن نېمىلەرنى بىلىسەن؟

— ئەمىر تېمۇر يەر يۈزىدىكى كۆپلىگەن ئەللەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. ئەمدى سىز توغرۇلۇق ئۇقۇشماق ئۈچۈن مېنى بۇ يەرگە چۈشۈردى.

— ئەي يىگىت، — دېدى ھېلىقى كىشى ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، — مېنى شاھى جۇۋان دېيىشىدۇ. ئىسمىم قۇم ئىبنى ئابباستۇر. ھەزرىتى ئەيسا پەيغەمبەر ئاسماندىن چۈشىدىغان ۋاقىتقىچە تىرىك بولىمەن. بۇ كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى غايىب كىشىلەردۇر. ھەر جۈمە كۈنى كەچتە مېنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە يىغىلىشىدۇ. بۇلارنىڭ باشلىقى قەتەبدۇر. ئەمدى سېنىڭدىن بىرنەچچە ئېغىز گەپ سورايمەن: خالايىق ناماز ئوقۇمدۇ؟

— ئوقۇيدۇ.

— ھېلىمۇ مەسچىتكە جامائەت كىرەمدۇ؟

— كىرىدۇ.

— روزا تۇتامدۇ؟

— شەرەپلىك رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتىدۇ.

— ھازىر تېخى ئەيسانىڭ چۈشۈش، دەججالنىڭ قوپۇش ۋاقتى خېلى يىراق، — دېدى ھېلىقى زات ھىنداغا قاراپ، — ئەي ھىندا، بۇ يەرگە نېمىشقىمۇ كەلگەنسەن؟ بۇ كۆرگەن ـ ئاڭلىغان سىرىڭنى كۆڭلۈڭدە ساقلىماي بىراۋغا دېسەڭ، كۆيۈپ كۆلگە ئايلىنىپ كېتىسەن. سەن بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتما!

ھىندا ئورنىدىن تۇرۇپ پەرياد بىلەن:

— ئەي تەقسىرىم، ئەگەر بۇ سۆزلەرنى ئەمىر تېمۇرگە ئېيتىپ بەرمىسەم، ئۇ مېنى پارە ـ پارە قىلىپ تاشلايدۇ، قانداق قىلارمەن؟ — دەپ يىغلىۋەتتى. شاھى جۇۋان:

— ئەي ھىندا، ئەمىر تېمۇردىن كۆپ ھوسۇللۇق يەر تەلەپ قىلغىن. ئەۋرە ـ چەۋرىلىرىڭگە قالغۇدەك بولسۇن. لېكىن بەربىر بۇ سىرنى بىراۋغا ئېيتساڭ كور بولىسەن. بالىلىرىڭنىڭ ھەممىسى كور بولىدۇ. بۇ ئىش قىيامەتكىچە ئەۋلادىڭغا باقى قالىدۇ. بۇ ئىشنى ئەمىر تېمۇردىن دۇنيا تەمە قىلىدىنىڭ، خالىسانە قىلمىدىڭ، كور بولۇشۇڭنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇنىڭدىن.

ھىدا يەنە يىغلىۋەتتى. ھېلىقى زات يەنە ئۇنى بەزلەپ:

— قىيامەتتە ھەممىدىن بۇرۇن خۇدانىڭ جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىسەن، — دېدى. ھىدا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يىغلاشتىن توختىدى. ئاندىن ئۇ زات ھىدانىڭ قولىغا بىر قۇتا بەردى ۋە «بۇنى ئەمىر تېمۇرگە بەرگىن!» دېدى. ئۇلار بۇ يىگىتنى قۇدۇقنىڭ قېشىغا ئەكىلىپ قويدى. ھىدا ئارقانىنى بېلىگە باغلاپ ھەرىكەتلەندۈرۈۋىدى. يۇقىرىسىدىكىلەر تارتىۋېلىشتى. ھىدانى ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. ھەممە ئادەم ئۇنى كۆرۈش، سۆزىنى ئاڭلاش ئۈچۈن يىغىلىشتى. ئەمىر تېمۇر ھىدادىن سوئاللار سوراشقا باشلىدى. ھىدا:

— قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ مۇشۇ قۇتىنى تاپتىم، باشقا ھېچنەرسىنى بىلمىدىم، — دەپ تۇرۇۋالدى. ساھىبقىران قانائەت قىلماي قايتىلاپ سوراۋەردى. ئۇ ئىلاجىسىز:

— ماڭا كۆپ دۇنيا كېرەك. چۈنكى بۇ سىرنى ئېيتسام كور بولىمەن، نەۋرە - چەۋرىلىرىمگە يەتكۈدەك يەر كېرەك، — دېدى. ئەمىر تېمۇر ماقۇل بولۇپ بىر ياخشى يۈگۈرۈك ئاتنى كەلتۈرۈپ:

— بۇ ئاتقا مىنىپ قەيەرنى خالىساڭ شۇ يەرنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ چاپ، ئات ھارغۇچە يۈگۈرۈپ دائىر قىلغان يەرنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بەردىم، — دېدى. ھىدا دەرھال ئاتقا مىنىپ، دېڭىزدەك دائىرە قىلىپ ئايلاندى. ساھىبقىران ئەۋلادىدىن - ئەۋلادىغا باقى - بەخشەندە قىلىپ خەت مۆھۈرلەپ بەردى. ئاندىن كېيىن ھىدا كۆرگەنلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. شۇ زامات كۆزىدىن شۆررىدە ياش قۇيۇلدى - دە، كۆرمەس بولۇپ قالدى.

ئەمىر تېمۇر قۇتىنى ئېچىپ قارىۋىدى، بىر قەغەز چىقتى. ئۇنىڭغا بىر «ا» (ئەلىپ)، بىر «ز» (زال) ۋە بىر «ھ» (ھوم)

ھەرپى يېزىلغانىدى. باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. ھەممىسى ھەيران بولۇشتى. لېكىن بۇ گەپلەر ئەمىر تېمۇرگە تازا باپ كەلمىدى. ئەمىر تېمۇر «ا» نى شۇ زامانلارغا لايىق چۈشەنگەن بولسىمۇ، لېكىن پەيغەمبەر مۇئەللىمىنىڭ بىر سۆزنى دەپ باققۇسى كېلىدۇ:

«ا» ھەرپى «بىر» بولىدۇ. «ز» ھەرپى «700» بولىدۇ، «ج» ھەرپى «ئۈچ» بولىدۇ. ئەمىر تېمۇر ئالەمدىن ئۆتۈپ 703 ياكى 704 يىلدىن كېيىن بىر ئالامەت ئاشكارا بولسا كېرەك. يەنە «ئەلدى» نىڭ مەنىسى: «ھەر كىم بۇ دۇنياغا كەلدى» دېگەن بولىدۇ. «زال» نىڭ مەنىسى «تېز كەتمەك» دېگەنلىك بولىدۇ. «جنم» نىڭ مەنىسى «ھەرقانداق مۆمىن مۇسۇلمان كىشى ئۆلۈمگە بويسۇنۇشى كېرەك» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەمىر تېمۇر شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى قۇدۇقنى ئېتىۋەتتى ۋە ئەتراپىغا بىنا ياساپ زىيارەتگاھ قىلدى. ئۇنىڭغا بىر قانچە سۆزلەرنى نەقىش قىلىپ ئويدى. ھاجەتمەنلەر بېرىپ زىيارەت قىلىدىغان بولۇشتى.

شۇ چاغلاردا ساھىبقىرانغا: «خىتايدىن ئەلچى كەلدى!» دەپ خەۋەر قىلىندى. خىتايدىن كەلگەن ئەلچىنىڭ ئىسمى مەۋلانەيى بەرەندۇق ئىدى. ئۇ مۇسۇلمان كىشى ئىدى. ساھىبقىران ئۇنى شەھرى سەبزگە ئورۇنلاشتۇردى. چۈنكى ئۇ ئەلچىگە شۇ يەردە كۆرۈنۈش بەرمەكچى ئىدى.

شۇ مەھەلدە ئەمىر تېمۇر خىتاي يۇرتلىرىغا بېرىش پىكرىنى كېڭەشكە قويدى. بۇ گەپ بەگلەرگە ياقمىدى.

كەچ كىرگەندە ئەمىر تېمۇر ۋە ئاناق ۋەزىر بىر قانچە مەھرەملەر بىلەن ئېرىق ياقىسىغا بېرىشتى. ئاندىن كېيىن سۇغا چۈشۈپ يۇيۇندى. بىر مەھرەم شىشىدە گۈل سۈيى ئېلىپ كېلىپ ئەمىر تېمۇرنىڭ بېشىغا قۇيۇۋاتقىنىدا شىشە ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ تاشقا تەگدى، لېكىن سۇنمىدى. ئاناق ۋەزىر:

— ئەمىر ئەپەندىم، خىتاي يۇرتىغا بېرىش پىكرىنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىڭ. ئىقبالىڭىزنىڭ يۇقىرىلىشىنى كۆرۈڭ، شىمشىتاشقا تېگىپ سۇنمىدى. بۇ ئىقبالنى ئېتىبارغا ئالماڭ، — دېدى.

— ھەرقانداق ئىش، — دېدى ئەمىر تېمۇر جاۋابەن، — خۇدانىڭ خاھىشى بىلەن بولىدۇ.

## ساھىبقىراننىڭ يۇرت ئۇلۇغلىرىنى يىغىپ توي — مەرىكە قىلىپ كۈتۈۋالغانلىقى، ئوتىرارغا يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىن ۋاپات بولغانلىقى

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ساھىبقىران پۈتۈن يۇرت ئۇلۇغلىرىنى توي — مەرىكە قىلىپ كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. تويىنىڭ ئەسۋاب — جابدۇقلىرىنى يىغدۇردى. چېدىر — بارگاھلارنى ئېلىپ قۇرۇق گانگىل دېگەن يەرگە تىكىشتى. شەھەر خەلقىنىڭ بارچىسىنى بۇ يەرگە يىغىلىشقا تەكلىپ قىلدى. كىشىلەر توپ — توپ بولۇپ كېلىشەتتى. كەلگەنلەرنى ئۆز لايىقىدا ئورۇن راسلاپ، لايىقىدا ئىززەت — ئىكرام بىلەن قارشى ئالاتتى. 40 كېچە — كۈندۈز توي — تاماشا بولدى. بۇ تويىنىڭ شەۋكىتى ۋە ھەشەمىتىنى ئۆز ۋاقتىدىكى جەمشىت ئۇيۇشتۇرغان توي بەزمىلەر كۆرگەن بولسا، ھەيرانلىقتىن بارمىقىنى چىشلىگەن ھالدا رەشىك ئوتىدا ئۆرتەنگەن بولاتتى. 40 كۈنگىچە مېھمانلار تۈرلۈك يېمەك — ئىچمەكلەر بىلەن كۈتۈلدى. مېھمانلار ئەمىر تېمۇردىن مەمنۇن بولۇشتى. ھېچ كىشى بىرەر نەرسىگە مۇھتاج بولمىدى. غېرىب — غۇرۋا، يېتىم — مۇساپىر، مىسكىنلەرمۇ ناھايىتى ئوبدان كۈتۈلدى. يەتتە ئىقلىمنىڭ ئەمىرزادىلىرىدىن 796 كىشىگە شاھانە كىيىم كىيگۈزدى. ئاخىرىدا تويىنى خىتايدىن كەلگەن ئەلچىنىڭ ئالدىدا تاماملىدى. تېخى ئەلچىگە كۆرۈنۈش قىلمىغا-

ئىدى. توي ـ مەرىكە بولغان گانگىلانىڭ بىر تەرىپى چوپان
ئاتىغا تۇتىشاتتى ۋە ئېگىزلىك ئىدى. ئۇنىڭ شەرق تەرىپى
چوڭ يول ئىدى، بۇ يەرگە چېدىرلارنى تىكىپ ئەلچىنى چۈشۈردى
ۋە ئەلچىنى تۈرلۈك يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن كاتتا زىياپەت
قىلىپ كۈتتى. ئەلچىمۇ شۇ سورۇندا ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى
ئەمىر تېمۈرگە تاپشۇردى. ئەمىر تېمۈر ھەرخىل خۇش خەۋەرلەر
ۋە خىتاي ـــ بېيجىڭ توغرۇلۇق سورىدى. ئاندىن خىتاي
ئەلچىسىگە شاھانە كىيىملەرنى تارتۇق قىلدى ۋە ئاخىردا بۇ
رەسمىيەتلەرنى تۈگىتىپ يۇرتىغا يولغا سالدى.

خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەمىر تېمۈر سەمەرقەنت-
تىكى ئەركان دۆلىتىنى ئوتىرارغا ئېلىپ باردى. شۇ چاغلاردا
ئوتىرار ناھايىتى چوڭ شەھەر ئىدى. سايرام شەھىرىنىڭ ئۇڭ
تەرىپىدىكى ئارىس سۈيى بۇ شەھەر يېنىدىن ئاقار ئىدى. ساھىب-
قىران پايتەختىنى مۇشۇ شەھەرگە قۇردى.

ھىجرىيە 807 ـ يىلى ئىدى. بۇ چاغلاردا مىرزا شاھرۇخ
تۆرە ھىراتتا ھاكىم ئىدى. مىرانشا تۆرە باغداتتا سۇلتان ئىدى.
سۇلتان مۇھەممەت قەندىھارغا ۋەلى ئەھدى ئىدى. ساراي مۈلۈك
خانىم باشقا ئەۋلادلىرى بىلەن سەمەرقەنتتە ئىدى. ساھىبقىران
ئىسكەندەر سانى چاغاتاي ئۆزبېكلىرى بىلەن ئوترارنى پايتەخت-
قىلىپ، تەختتە ئولتۇردى. شۇ چاغدا يەتتە ئىقلىمدىن
796 مۆتىۋەر بەگزادىلەر ساھىبقىراننىڭ ئالدىدا
خىزمەتتە ئىدى. ئىستامبۇلدىن مىرسەييىت شىرىپ بىرگە
كەلگەنىدى. مەۋلانە ئەللامە تەفتەزانى، خوجام باھاۋىدىن، نەقشبەند
قاتارلىق كاتتا ئالىم ـ ئۆلىمالار ساھىبقىراننىڭ ئالدىدا ئىدى. سەمەر-
قەنت، تاشكەنت، تۈركىستان ۋىلايەتلىرى شۇنداق ئاۋاتلاشتىكى،
ئەھلى ھۆكۈمەت ـ ھۈنەرۋەنلەر ھىندىستاندىن تارتىپ فەرەڭگىس-
تانغىچە بولغان جايلاردىن بۇ يەرگە كېلەتتى. يەتتە ئىقلىم-

— ئەمىر ئەپەندىم، خىتاي يۇرتىغا بېرىش پىكرىڭىزنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىڭ. ئىقبالىڭىزنىڭ يۇقىرىلىماتىنى كۆرۈڭ. شىشە تاشقا تېگىپ سۇنمىدى. بۇ ئىقبالنى ئېتىبارغا ئالماڭ، — دېدى.

— ھەرقانداق ئىش، — دېدى ئەمىر تېمۇر جاۋابەن، — خۇدانىڭ خاھىشى بىلەن بولىدۇ.

## ساھىبقىراننىڭ يۇرت ئۇلۇغلىرىنى يىغىپ توي — مەرىكە قىلىپ كۈتۈۋالغانلىقى، ئوترارغا يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىن ۋاپات بولغانلىقى

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ساھىبقىران پۈتۈن يۇرت ئۇلۇغلىرىنى توي - مەرىكە قىلىپ كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. توينىڭ ئەسۋاب - جابدۇقلىرىنى يىغدۇردى. چېدىر - بارگاھلارنى ئېلىپ قۇرۇق گانىگىل دېگەن يەرگە تىكىشتى. شەھەر خەلقىنىڭ بارچىسىنى بۇ يەرگە يىغىلىشقا تەكلىپ قىلدى. كىشىلەر توپ - توپ بولۇپ كېلىشەتتى. كەلگەنلەرنى ئۆز لايىقىدا ئورۇن راسلاپ، لايىقىدا ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئالاتتى. 40 كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا بولدى. بۇ توينىڭ شەۋكىتى ۋە ھەشەمىتىنى ئۆز ۋاقتىدىكى جەمشىت ئويۇشتۇرغان توي بەزمىلەر كۆرگەن بولسا، ھەيرانلىقتىن بارمىقىنى چىشلىگەن ھالدا رەشىك ئوتىدا ئۆرتەنگەن بولاتتى. 40 كۈنگىچە مېھمانلار تۈرلۈك يېمەك - ئىچمەكلەر بىلەن كۈتۈلدى. مېھمانلار ئەمىر تېمۇردىن مەمنۇن بولۇشتى. ھېچ كىشى بىرەر نەرسىگە مۇھتاج بولمىدى. غېرىب - غۇرۋا، يېتىم - مۇساپىر، مىسكىنلەرمۇ ناھايىتى ئوبدان كۈتۈلدى. يەتتە ئىقلىمنىڭ ئەمىرزادىلىرىدىن 796 كىشىگە شاھانە كىيىم كىيگۈزدى. ئاخىرىدا تويىنى خىتايدىن كەلگەن ئەلچىنىڭ ئالدىدا تاماملىدى. تېخى ئەلچىگە كۆرۈنۈش قىلمىغا-

ىدى. توي - مەركە بولغان گانگىلنىڭ بىر تەرىپى چوپان
ئاتىغا تۇتىشاتتى ۋە ئېگىزلىك ئىدى. ئۇنىڭ شەرق تەرىپى
چوڭ يول ئىدى، بۇ يەرگە چېدىرلارنى تىكىپ ئەلچىنى چۈشۈردى
ۋە ئەلچىنى تۈرلۈك يېمەك - ئىچمەك بىلەن كاتتا زىياپەت
قىلىپ كۈتتى. ئەلچى شۇ سورۇندا ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلىرىنى
ئەمىر تېمۇرگە تاپشۇردى. ئەمىر تېمۇر ھەرخىل خۇش خەۋەرلەر
ۋە خىتاي - بېيجىڭ توغرۇلۇق سورىدى. ئاندىن خىتاي
ئەلچىسىگە شاھانە كىيىملەرنى تارتۇق قىلدى ۋە ئاخىردا بۇ
رەسمىيەتلەرنى تۈگىتىپ يۇرتىغا يولغا سالدى.

خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەمىر تېمۇر سەمەرقەنت-
تىكى ئەركان دۆلىتىنى ئوترارغا ئېلىپ باردى. شۇ چاغلاردا
ئوترار ناھايىتى چوڭ شەھەر ئىدى. سايرام شەھىرىنىڭ ئوڭ
تەرىپىدىكى ئارىس سۈيى بۇ شەھەر يېنىدىن ئاقار ئىدى. ساھىب-
قىران پايتەختىنى مۇشۇ شەھەرگە قۇردى.

ھىجرىيە 807 - يىلى ئىدى. بۇ چاغلاردا مىرزا شاھرۇخ
تۆرە ھىراتتا ھاكىم ئىدى. مىرانشا تۆرە باغداتتا سۇلتان ئىدى.
سۇلتان مۇھەممەت، قەندىھارغا ۋەلى ئەھدى ئىدى. ساراي مۈلۈك
خانىم باشقا ئەۋلادلىرى بىلەن سەمەرقەنتتە ئىدى. ساھىبقىران
ئىسكەندەر سانى چاغاتاي ئۆزبېكلىرى بىلەن ئوترارنى پايتەخت-
قىلىپ، تەختتە ئولتۇردى. شۇ چاغدا يەتتە ئىقلىمدىن
796 مۆتىۋەر بەگزادىلەر ساھىبقىراننىڭ ئالدىدا
خىزمەتتە ئىدى. ئىستامبۇلدىن مىرسەييىت شىرىپ بىرگە
كەلگەنىدى. مەۋلانە ئەللامەتەفتەزانى، خوجام باھاۋىددىن، نەقشىبەند
قاتارلىق كاتتا ئالىم - ئۆلىمالار ساھىبقىراننىڭ ئالدىدا ئىدى. سەمەر-
قەنت، تاشكەنت، تۈركىستان ۋىلايەتلىرى شۇنداق ئاۋاتلاشتىكى،
ئەھلى ھۆكۈمەت - ھۈنەرۋەنلەر ھىندىستاندىن تارتىپ فەرەڭگىس-
تانغىچە بولغان جايلاردىن بۇ يەرگە كېلەتتى. يەتتە ئىقلىم-

نىڭ ھەممىسى ئەمىر تېمۇرغا تەۋە بولۇپ، شەرقتىن غەربكىچە ھۆكۈمى يۈرەتتى. 30 يىلدىن بېرى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سۇلتان ـ ۋەزىپىدارلىرىدىن قولغا چۈشكەن ۋە باج ئۈچۈن يىغىلغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى خەزىنىگە توپلىدى.

ھەزرىتى ساھىبقىران تۈركىستان ئىچىدىكى مازار ـ قەبرىلەرنى ياساتقۇزدى ۋە ئۇنىڭغا ۋەخپە يەرلەرنى بەلگىلىدى. يەنە ھەزرىتى شەيخ زەينىدىن كۆي ئارىپانىغا كەيكاۋۇس شەھىرىدىن بىر تانال قازدۇرۇپ ئەكەلدى. مازارغا قول ـ چۆرىلەرنى بەلگىلىدى، نەزىر قىلىپ بەردى. گۈمبەز ياساتقۇزدى. ھەزرىتى زەڭگى ئاتىنىڭ مۇبارەك قەبرىلىرىنى ياساتقۇزدى. ئېيتىشلارچە، ھەزرىتى ئەمىر سۇلتان ھەزرىتى زەڭگى ئاتىغا خالىس بالا ئىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا «بىر ئالىي ھىممەتلىك كىشى چىقىپ بىزنىڭ قەبرىمىز ئۈستىدە ئىمارەت ياساتقۇزسا» دېيىگەنىكەن. ۋاقتى كېلىپ بۇ ئىشنى ساھىبقىران ۋۇجۇدقا چىقاردى.

شۇنىڭدىن كېيىن بىر جانىۋار كېچىسى كېلىپ ياسىلىۋاتقان قەبرە تاملىرىنى بۇزۇپ كېتىدىغان بولىۋالدى. ئەمىر ساھىبقىران بۇ ئىش كۈندە تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن ھەيران قالدى ۋە بۇنىڭ سىرىنى بىلدى. ئەسلىدە زەڭگى ئاتىنىڭ جەسەتلىرىنىڭ ئورنى مەلۇم ئەمەس ئىدى. ئاختۇرۇپ تاشكەنتكىچە باردى، لېكىن تاپالمىدى. تاشكەنتتىن بىر يول يىراقلىقتا ساھىبقىراننىڭ ئېتى ماڭماي تۇرۇۋالدى. قارىۋىدى، شۇ يەردىن بىر قول چىقىپ ئاتنىڭ پاچىقىغا ئېسىلىۋالغانىدى. دەرھال شۇ يەرگە قەبرە قىلىپ گۈمبەز ياساتقۇزدى. تارىخلاردىمۇ ئەۋلىيالارنىڭ (كۆپىنچىلىرىنىڭ) قەبرە ـ شەرىفلىرىنى ھەزرىتى ئەمىر تېمۇر ياساتقۇزغان دەپتۇ. يەنە كۆپلىگەن يەرلەرگە مەدرىس ـ مەسچىت سالدۇرغانىكەن. ھەممىسى تارىخلاردا يېزىلغاندۇر.

بىر كۈنى قەشقەردىن ئەلچى كەلدى، ئەلچى:

— ئەي ئەمىر تېمۇر ئەپەندىم، قالماقلار بىزنىڭ شەھرىمىزگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. ئەمىر تېمۇر ئۈچ ئايغىچە لەشكەرلەرنى كۆرەك قىلدۇرۇپ مەشىق قىلدۇردى. سىپاھلارغا:

— قالماقلارنىڭ ئۈستىگە ئاتلىنىڭلار! — دېدى. بەگلەر ئۇنى بۇ ئىشتىن توسۇشتى. چۈنكى شۇ مەزگىل قىشنىڭ سوغۇق، يامان ۋاقتى ئىدى. ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىدى. ئەمىر تېمۇر غەيرىتى جۇش ئۇرۇپ، ئۆزىنى باسالماي سىرتقا چىقتى.

شەئبان ئېيىنىڭ يەتتىسى سەيشەنبە كۈنى ئىدى. ئەمىر تېمۇر راۋاقتا ئولتۇرۇپ، ساتىراشقا چاچ ئالدۇرۇۋاتاتتى. شۇ زامات ئەمىر تېمۇرگە كېسەل تەگدى. ھالى ئۆزىگە مەلۇم بولۇپ، مىرزىنى (كاتىپنى) چاقىرىپ بۇ رۇبائىينى يازدۇردى:

چۇ بىر سائەت، چۇ بىرلەختە، چۇ بىردەم،
بۆلەك ھالغا ئۆزگىرەردۇر بۇ ئالەم.
بۈگۈن ساھىبقىران جانى ئەمىرنىڭ،
بەخت دۆلىتىدىن تاپقۇسى بىرھەم.

بىردەمدىن كېيىنلا ئۇنىڭ رەڭگى - روھى سارغىيىپ ئۆزگەردى. ھايال قىلمايلا جان ئۈزدى. ساراي مۈلۈك ئايىم ساھىبقىراننىڭ مۇبارەك جەسەتلىرىنى بۇلغارغا يۆگىتىپ سەمەرقەنتكە كەلتۈردى. نامىزىنى ئوقۇپ قەبرىگە — يەرلىككە دەپنە قىلدى. ئەمىر تېمۇرنىڭ ماتەملىرىگە ھەممە ئۆلىما - پەزىلالار، ئەمىر - بەگلەر، سىپاھ - لەشكەرلەر كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ قاتناشتى. خوجا ئىسمەتۇللا بۇ مەرسىيىنى ئوقۇغانىدى:

بوز چادىرىڭ فەلەككىم سولدى ئولدى غايىب،

تۆن ئىچرە ئېردى چۈن ماھى تابان ئۆلدى غايىب،
يورۇق جاھان قۇياشى، ئىسلام ئېلىنىڭ باشى،
دىن ئېردى كۆپ تالاشى دەيىيان ئۆلدى غايىب.
ئالەمنى قىلدى دەزبەر ساھىبقىران ئىسكەندەر،
سانى دېمىش ئىرانلار ياران ئۆلدى غايىب.
نوشىرۋاندەك ئادىل ھەم ئالىم ئېردى پازىل،
ھەر ئىشقا ئەقلى كامىل، فىرزان ئۆلدى غايىب.
دىن ئېردى جىستىسجوسى شەرئە ئېردى گوفى گوسى،
مىللەتنىڭ ئابرويى بورھان ئۆلدى غايىب.
دۆلەتتە كىم سۇلايمان، فىترەت ئۇچۈن پىلاتون،
ھېكمەتتە ئېردى گويا لوقما ئۆلدى غايىب.
ئېھساندا مىسلى خاتەم، شەۋكەتتە ئېردى چۈن ھەم،
زورلۇقتا ھەمچور رۇستەم پالۋان ئۆلدى غايىب.
غەيرەتتە مىسال ئارسلان، دەشت ئىچرە ياكى قاپلان،
بەھرى لەھەڭ ۋەشە ئىبان ـ شەئىبان ئۆلدى غايىب.
فەرزەندى ئەھلى نويان تورغاي باھادىر ئوغلى،
سەيىد ئەمىر تېمۇرخان كوراگان ئۆلدى غايىب.

سازاي مەلىك خانىم بۇ غەزەلنى ئوقۇپ يىغلىدى:

ئىلاھى قارا يەرسۇن پەلەكنىڭ يۈزى،
تۆكۈلسۇن كۆزۈم ياشىدەك يۇلتۇزى.
كۆيۈپ ئاي تۇتۇلسۇن قۇياشى ئۇنىڭ،
بۇ ماتەمگە زۇلمەت بولۇپ كۈندۈزى.

قارىلار نەچچە كۈنلەپ خەتمىقۇرئان قىلىپ ساۋابىنى ئەمىر تېمۇرنىڭ روھىغا بېغىشلىدى. پېقىر ـ مىسكىنلەرگە ئاش ـ نە زىر بېرىپ ساۋابىنى ئەمىر تېمۇرنىڭ روھىغا بېغىشلىدى. ئاندىن

كېيىن ئەمرا ـ بەگلەر كېڭەش قىلىپ، مىرزا خېلىل تۆرىنى ھەزرىتى ئەمىر تېمۇر ساھىبقىراننىڭ ئورنىغا تەختكە ئولتۇرغۇزدى.

ئەمىر تېمۇر ساھىبقىراندىن كېيىن ھەممە يۇرت پاراكەندىچىلىككە يۈز تۇتتى. ھەرقايسىلىرى ئۆز ئالدىغا دائىرە تالىشىپ پادىشاھ بولۇشۇۋالدى.

ۋاللاھۇ ئەلەم بى ساۋاب.

## تەرجىماندىن

ئەي ئەقىل ئىگىلىرى ۋە ئەزىز قېرىنداشلار، بۇ ئۆتكۈنچى دۇنياغا پېقىر مۇئەللىپتىن بۇ تېمۇرنامە كىتابى يادىكار قالسۇن. بۇنى ئوقۇساڭلار، مەن پېقىرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ياخشى نىيەتلىك دۇئا بىلەن ياد قىلغايسىلەر. يەنە سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىڭلارغا خۇدا رەھمەت قىلسۇن. تىرىكلىرىڭىزنى ئىمان بىلەن ساقلىغاي. پېقىر مۇئەللىپ ھەزرىتى ئەمىر تېمۇر رەھمەتۇللا ئەلەيھى توغرىسىدا يېزىلغانلارنىڭ كۆپلىگەن مۇتىبەر نۇسخىلىرىنى توپلىدىم. جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، پارس تىلىدىن تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلدىم. ئىلاھا ھەممىگە مەھبۇب ۋە مەرغۇب قىلغىن، ئامىن!

بۇ باشقا جەڭنامە كىتابلاردەك ئەمەس. چۈنكى بۇنىڭدا ئەقىلگە ئۇندەيدىغان ئەقلىيە ـ ھېكمەتلىك سۆزلەر كۆپتۇر. مورغى يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ بىر يىل ئىشلەپ، تارىخىي ھىجرىيەنىڭ 1328 ـ يىلىدا رەببىيئەل ئاخىرنىڭ يەتتىنچىسى تامام قىلدىم. ئەلھەمدۇلىللا رەببىل ئالەمىن. ئاندىن كېيىن ئۇشبۇ كىتابنى پاتانەت مىساب ـ مىساھارەت كىتابچى مىرزا ئەھمەد قارىغا تاپشۇردۇم.

## تارىخ

سەجرى مەدادە چۈمدى باغلاپ بىلىن بۇ خامە،
كۆپ قىلدى جىستىجو ئەيلەپ تېمۇر نامە.
تەگرىمگە شۈكۈر بىھەد بۇ سۆز تېپىپتۇر ئەنجامە
مىڭ ئۈچيۈز يىگىرمە سەككىزدە ھەم تامامە.

تامام

1328 - ھىجرى

## ئىزاھلار

① بۇ ئادەمئاتا زامانىدىن «ئەمىر تېمۇر كوراگان ھەققىدە قىسسە» تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان ھىجرىيە 1328 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.

② ھىجرەت — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پانالىشىش ئۈچۈن مەدىنىگە قىلغان سەپىرى.

③ ئىسكەندەر سېپىلى — بۇ پەقەت رىۋايەتلەردىكى سېپىل.

④ فىلقۇس — فىلىپ، ئالېكساندىر ماكېدونىسكىنىڭ دادىسى.

⑤ رۇم — ھازىرقى تۈركىيە.

⑥ سۇلتان سەئىد — مىرزا جاھانگىرنىڭ نەۋرىسى.

⑦ رافىزىلار — ئىسلام دىنىدىكى بىر مەزھەپ تەرەپدارلىرى.

⑧ ئىسمائىل قىزىلباش — شىئە مەزھىپىنىڭ مۇرىتى.

⑨ كىرمان — ھازىرقى ئىراننىڭ كىرمان ئۆلكىسى.

⑩ مۇھەممەد قولى خان — جوشىنىڭ چوڭ بوۋىسى.

⑪ ئابدۇللاخان — سوبھان قولى خاننىڭ ئوغلى.

⑫ دانىيال بىي ئاتالىق — رەھىم ئاتالىقنىڭ ئىنىسى، ئۇنىڭ لەقىمى ئوبۇلغازى خان ئىدى.

⑬ شاھ مىرادخان — ئوبۇلغازى خاننىڭ ئىنىسى.

⑭ جەيخۇن دەرياسى — ھازىرقى ئامۇر دەرياسى.

⑮ كەيقۇ باد — ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «شاھنامە» دىكى ئەپسانىۋى ئىران شاھى، ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن، دېيىلىدۇ.

⑯ فىرودۇن — «شاھنامە» دىكى پېرسوناژ.

⑰ كەيخىسراۋ — «شاھنامە» دىكى پېرسوناژ.

⑱ رۇستەمى داستان — «شاھنامە» دىكى ئىران باتۇرى.

⑲ قازانخان — مەلىك شاھ نامى بىلەن مەشھۇر.

⑳ شەھرى سەبىز — تورغائىيە دەپمۇ ئاتىلاتتى.

㉑ ئولانىس — موڭغۇللاردا مەنسەپ نامى، باش ۋەزىرگە تەڭ.

㉒ قونغۇرات — شۇ چاغلاردىكى قىپچاقلارنىڭ بىر قەبىلىسى. ھازىر قارا قالپاق دېيىلىدۇ.

㉓ كوركان — جاي نامى، ئارال دېڭىز بويىدا.

㉔ بۇ يەردە شۇ دەۋرلەردە ئەۋج ئالغان ئاسمان جىسىملىرىغا قاراپ پال ئېچىش نەزەردە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئىلىم تۇسىنى ئالغان بولۇپ «ئىلمي نۇجۇم» دېيىلەتتى. يۇلتۇزلارنى سىستېمىلار بويىچە تۈرلەپ، دەرىجىگە، ۋاقىتلارغا ئايرىپ ئاندىن تەقدىرگە تەدبىقلايتتى.

㉕ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

㉖ سەنجار مازى — سۇلتان سەنجار مازى، مىلادى 11 — 12- ئەسىرلەردە ئۆتكەن سالجۇقىلار سۇلتانى.

⑯ مەھدى — ئىمام مەھدى ئاخىر زامان، ئىسلا رىۋايىتىدە ئاخىر زاماندا تۇغۇلارمىش.

⑰ مەۋلانە سەئىدى — سەئىدىدىن قەشقىرى، 14 - 15 ئەسىردە قەشقەردە، كېيىن ھىراتتا ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر مۇدەرىس، ئالىم.

⑱ جەمشىت — ئىرانىنىڭ مىلادىدىن خېلى كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇن ئۆتكەن ئەپسانىۋى پادىشاھى.

⑲ ئىمام ئەزەم — مۇسۇلمانلارنىڭ سۈننى مەزھىپىگە ئاساس سالغۇچى ئالىم.

⑳ زوھاك — ئىرانىنىڭ مىلادىدىن خېلى ئىلگىرى ئۆتكەن بىر ئەپسانىۋى پادىشاھى.

㉑ گايۋانى گەرشەست — «شاھنامە» دىكى رۇستەمنىڭ قىزىغا ئاتاپ سالغان شىپاخانىسى.

# لوغەت

## ئا

ئاغاز — سۆز، تىل، سۆزلىمەك.
ئاگاھ — ھوشيار، خەۋەردار.
ئاشيان — ئۇۋا، ماكان.
ئاياغچى — قەدەھچى، ساقى.
ئاتالا — ئاتىلا، ھالۋا.
ئارەزى — يۈزى، چىرايى.
ئالاۋ — ئەلەڭگە، يالقۇن.

## ئە

ئەبجەد — ئەرەبچە ھېساب يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى.
ئەفتارە — يىقىلغان، دەۋرانىسى ئۆتكەن، زەئىپ، تاشلاندۇق.
ئەغيار — باشقىلار، ئۆچمەنلەر.
ئەدەم — يوقلۇق، يوقىلىش.
ئەتتار — ئەتىر ساتقۇچى، خۇش بۇي مايلارنى ساتقۇچى.
ئەلەيھىسسالام — ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبەرگە قاراتقۇچى.
ئەقىد — باغلىنىش، نىكاھ.
ئەغلان — يەر ئىسمى.

ئەشرەف ــ قەدىرلىك، ھۆرمەتلىك، شەراپەتلىك كىشىلەر.
ئەھلى ئۇلۇس ــ مىللەت، ئەل ئادەملىرى.
ئەل خەفىيات ــ يوشۇرۇن، مەلۇم ئەمەس.
ئەنبىيا ــ پەيغەمبەر.
ئەبۇلەھەب ــ ئادەم ئىسمى.
ئەبەس ــ بىكار، پايدىسىز ئىش، بىھۇدە.
ئەجەم ــ ئىران - تۇران زېمىنلىرى.
ئەندەلىپ ــ بۇلبۇل.
ئەيياھ ــ كۈنلەر (يەۋم - كۈن).
ئەغيار ــ غەيرىسى، يات ئادەم.
ئەفكار ــ پىكىرلەر.

## ب

باسەۋەب ــ سەۋەبلىك.
بېھبۇدى ــ پايدا، سەۋەب.
بەرباد ــ يوق قىلىش.
بېكەس ــ چارىسىز، ئامالسىز.
بىر تاش ــ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم، ئارىلىق.
بىباك ــ ئەقىلسىز، پەمسىز.
بۇجەند ــ بۇنچىلا، شۇنچە.
بىرنىغار ــ ئوڭ قانات قوشۇن.
بىنىت ــ قىز.
بانۇ ــ ئايال.
بەيئەت ــ بىر پادىشاھنىڭ (ئۇلۇغنىڭ) پادىشاھلىقىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا قول بېرىش.
بەيئ ــ سېتىش، سودىلىشىش.

بۇزرۇگۋار — ئۇلۇغ، ھۆرمەتكە سازاۋەر، بۈيۈك كىشى.
باز — يەنە.
بەھرى — دېڭىز، دەريا، ئوكيان.
بىھەد — ھەددى - ھېسابسىز.

## پ

پەرتەۋى — كۆرۈنۈش، تۇرقى.
پۇرئاب — سۇغا تولغان، قاينام.
پالىز — قوغۇنچى، باققال.
پاتمان — ئېغىرلىق ئۆلچىمى.
پۇت — ئېغىرلىق ئۆلچىمى.
پەساھەتلىك — يېقىملىق، سۆزمەنلىك، چىرايلىق ئىبارىلەر بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ سۆزلىگۈچى ناتىق.
پەلەك — كائىنات، ئاسمان، جاھان.
پىشە — جاڭگال، توقاي.
پانسات — ھەربىي دەرىجە، ھازىرقى پولك كوماندىرىغا تەڭ.
پوج — قوغلىنىش، ھەيدىلىش.

## ت

ئەسھىم — تۆزىتىش (توغرىلاش.
تەيىنەت — يارىتىلىش.
تابىش — ئىسسىق، ئىسسىقلىق.
تاب — ھارارەت، ئىسسىقلىق.
تەرياق — تەپسىۇن.
تۈمەنبېشى — 10 مىڭ ئەسكەرنىڭ قوماندانى.

تەبرىز — تەبرىز شەھىرى (ئىراندا).
تېمۇچىن — چىڭگىزخاننىڭ ئىسمى.
تۆپە — دوپپا.
تەكيائاھ — يۆلىنىش تايانچ.
تۇت — ئۈجمە دەرىخى.
توپان — سۇ ئاپىتى، سۇ تاشقىنى، كەلكۈن.
تەئىنە - تاژەك — تاپا - تەنە، ھاقارەت.
تەرەھھۇم — رەھىم قىلىش.
تەۋرات — يەھۇدىلارنىڭ دىنىي كىتابى.
تايىپ — تېيىلىپ، سۇرۇلۇپ.
تەھىييات — تىزلىنىش، ئولتۇرۇش.
تەسخىر — قولغا كەلتۈرۈش، ئۆز ئىختىيارىغا ئېلىش.
تاراق — تارغاق.
تەقىيە — دوپپا.
تاباھ — ۋەيرانلىق.

## ج

جەھرى — دائىرە بولۇپ «ھو!...» دەپ ساما سىلىش.
جامىئۇلئەنزەم — ئىلىخلەرنىڭ بارىنى ئىگىلىگۈچى.
جەرراھ — ۋراچ.
جىبرائىل — پەرىشتە (خەۋەرچى).
جېھىل — جاھىل، تەتۈر (ئادەم ئىسمى).
جاۋاھىراتلار — مارجان - گۆھەرلەر.
جەھاد — كۈرەش، ئېلىشىش.
جۇرئى — ئوتلام، يۇتۇم.
جۇئە — قورساق ئاچلىقى.

## چ

چەندان — قانچە، نەچچە.

چىمچۇق — قۇشقاچ.

چۇست ۋە چابۇك — تېز ۋە چاققان.

چىنداۋۇل — تىڭ - تىڭچىلار، جىسەكچىلەر.

چىرىنغار — سول قانات قوشۇن.

چىنان — ھەسسە، شۇنچە.

چىركىن — سېسىق، چىرىك.

چىلىپا — كرېست، سەلب.

چابۇك — چاققان.

چاھ — قۇدۇق.

چاك — يېرىق.

چاناقچى — كۆلالچى، تاۋاقچىلار.

## خ

خۇرشىد — قۇياش، كۈن.

خەسىم — ھېچنېمىسى، يوق.

خەرمىڭ — خاراڭ (ئوقيانىڭ ئوقى مەنىسىدە).

خاك — توپا.

خەزائىن — خەزىنە.

خەس — ئەخلەت، چۆپ.

خەم — ئېگىلىش.

خىراج — پۇل، خەج.

خىلىچ — خەزەر، كاسپىي دېڭىزى.

خامە — قەلەم.

## د

دەست ـــ رەست ـــ ئېرىشىش، مۇۋەپپەق بولۇش.
دۇئايى بەد ـــ قارغىش دۇئاسى.
دەرەك ـــ داۋراك.
دەھر ـــ ماكان، دالا.
دۇرۇت ـــ ئايەت ئوقۇش.
دەججال ـــ جەددال.
دەررە ـــ پالاق.
دىرىدە ـــ دىرىلدەپ، تىترەپ.
دەرھەم ـــ مىس يارماق، كۆپىنچە مۇسۇلمان دۆلەتلەردە ئىشلىتىلگەن.
دەندان ـــ چىش.
دەربەدەر ـــ ئىشىكمۇ ئىشىك.
دەر ـــ ئىشىك، دەرۋازا.
دەييان ـــ ئاللاتائالانىڭ بىر ئىسمى، ھەركىمگە ياخشى ۋە يامانلىق جازاسىنى بەرگۈچى، دىگەن مەنىدە.

## ر

رۇبەرۇ ـــ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل، يۈزمۇ يۈز.
رۇز مەھشەر ـــ قىيامەت، ئاخىرەت كۈنى.
رۇبئى مەسكۇن ـــ يەر يۈزىنىڭ ئىنسان ياشايدىغان ئاۋات قىسمى.
روھ سىياھ ـــ قارا يۈز.
رەخش ـــ ئۇچقۇر ئات.

رۇتبەسى — دەرىجىسى، مەرتىۋىسى.
رەفئەت — بۈيۈك مەرتىۋە، ئۇلۇغ، يۇقىرى دەرىجە.

ز

زىرۇ زەبەر — ئاستىن - ئۈستىن.
زىندە — جانلىق، تىرىك، جان ئىگىلسى.
زۇل جەلال — خۇدانىڭ بىر سۈپىتى.
زۇلف — چاچ، كاكۇلا چاچ.
زىبا - رەئنا — گۈزەل، چىرايلىقلار.
زەبەرجەد — بىر خىل يېشىل رەڭ، پالتىراق تاش.
زىنا — پاھىشە.
زىناخور — پاھىشىۋاز.
زاغ — قاغا، زاغىلەر - قاغىلەر.
زىنى — ئايال، پاھىشە.
زالالەت — ئاجىزلىق، تېنەپ كېتىش.
زىكرى جەررە — دائىرە بولۇپ ۋارقىراش.
زەررىن — ئالتۇنغا ئورالغان.
روزگار — تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى.
زاھىت — ئىبادەت قىلغۇچى.
زىكرىيا — تەكرارلاش.
زەنبىق — سىماب.
زۇلمات — قاراڭغۇلۇق (شىمالتىي مۇز ئوكيان كۆزدە تۇتۇلغان)
زەلىل — خار، نامرات، قەدىرسىز.
زەررىن — ئالتۇن، ئالتۇنچى.

زەللەت — خاتالىق، يېڭىلىش، تېيىلىپ كېتىش.
زەبىھ — بوغۇزلاش.
زوق — بىرخىل ساز.
زەبور — كاتولىكلار (يەھۇدىيلار) نىڭ دىنىي كىتابى.
زال — ① قىرى، ② رۇستەمنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى،

## س

سانى — II مەنىسىدە،
سەرەفدار — پاراۋان، غەمسىز، باياشات.
ستەمكار — زالىم، زۇلۇم قىلغۇچى.
سۈننەت — ئادەت، ھەرىكەتلەر.
سىپاھ — ئەسكەر، جەڭچى، ھەربىي.
سۇست — سۇس، ئاجىز.
سەگبان — ئىت باققۇچى.
سارت — ئۇيغۇر، سودىگەر.
سىيادەت — خوجىلىق مەرتىۋە، ئىگە.
ستون — تۈۋرۈك.
سال — يىل، ياش.
سەييياد — ئوۋچى.
سەڭ — تاش.
سەرۋەر — باشچى، رەھبەر.
سەمەن — تورۇق ئات.
سەرۋە — سۇۋادان.
سەنۇبەر — بىرخىل خۇشپۇراقلىق ئارچا.
ساناچ — تۇلۇم، تېرە قاچا.
سەگ — ئىت.

سەر-بەسەر — باشتىن-ئاياغ.

سەراج — ئەلنىڭ تاجىسى، نەمۇنىدار.

سامى — يۇقىرى دەرىجىلىك بۈيۈك، ئالىي

سىتەم — زۇلۇم.

سۇد — پايدا، مەنپەئەت.

سان — 10 مىڭ.

سىنە — كۆكرەك، يۈرەك.

سۇخەنگۇي — ناتىق، سۆزمەن.

سەمۇن — هالاكەتلىك ئىسسىق شامال، چۆلشامىلى.

## ش

شەرەخرامە — شەرەپىدىن يەزدىنىڭ ئەسىرى «زەپەرنامە»نى كۆرسىتىدۇ.

شۇمشۇك — مۇشۇك.

شىمى — ئىناۋەتلىك.

شىكىن — مەرتىۋە.

شەفىئ — مەدەتكار، شاپائەت قىلغۇچى.

شىرى غىرران — قۇرامىغا يەتكەن شىر.

شەست — ئاتمىش.

شورىدەكار — بەخت بېغىشلىغۇچى.

شوخ ۋە شەڭ — نازلىق، نازاكەتلىك.

شاغاۋۇل — كۈتكۈچى.

شام — كېچە، ئاخشام.

شەرئىيە — شەرىئەت، قانۇنچىلىق.

شاشىپ — چۆچۈپ.

شەرئ — قانۇن.

شەئبان — هىجرىيە يىلى ھېسابىدا 8-ئاينىڭ نامى.

شەجىئ — يۈرەكلىك، باتۇر.

## غ

غەۋۋاس — سۇغا چۆككۈچىلەر. سۇ ئاستىدىن ئەرسە سۈزگۈچىلەر.

غۇسىل — يۇيۇنۇش، پۈتۈن بەدەننى يۇيۇش.

غەرىم — باشقىلارغا قەرز بەرگەن ئادەم. كىشىدە ئېلىشى بار ئادەم.

## ف

فىتنىق — پىتنە - ئىغۋا، گۇمانلىق ئىشلار.

فەرد — يەككە، يالغۇز.

فارىخ — ئازاد بولۇش، ئايرىلىش.

## ق

قەھھار — قەھر قىلغۇچى، غەزەپلەنگۈچى.

قۇياش سەيىدى — قۇياشنىڭ ئىبارەت خوجىكام (شاھ، باشلىق).

قاباھىم — قاپاق، كۆز قاپىقى.

قوپۇسى — ئىشىك، بوسۇغا.

قۇتبى — پەشتاق، مۇنبەر، سورۇن.

مىقناتىس — ماگنىت تاش.

قەبز — قولغا ئېلىش، قوبۇل قىلىش، تۇتۇش.

قەنىئە — قانائەت.

مۇئتەقەد — ئېتىقاد قىلغۇچى، ئىشەنگۈچى.
قوللاب — دورىپ-ۇرۇش، پۇراقلىق دورا ساتقۇچى.

## ك

كوراگان — ① شاھقا كۈيئوغۇل بولغۇچى. ② جاي ئىسمى.
كۇفرى — يوغانچىلىق، مەنمەنلىك، كىبىرلىق، يامانلىق.
كىردار — ئىش-ھەرىكەت، پېئىل.
كەلوخات — سا، غىجىرمادا (تاپ قۇشى).
كىردىكار — ئەپۇ قىلغۇچى، كەچۈرگۈچى.
كاسە — قەدەھ، قاچا.
كەرەم — كەچۈرۈش.
كوكارچەن — بىرخىل قۇش.
كۇلاھ — ئۇچى ئۇچلۇق باش كىيىم، پوسما.
كىتابەت — بۇ يەردە قوللانما، ئاساس، رىسالە مەنىسىدە.
كىرزۇلمەتى — ھاكاۋۇرلۇق، چوكچىلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقى.
كاجۇۋ — ئەرەبلەردە تۆگە ياكى پىللارنىڭ ئۈستىگە قويۇ-
لىدىغان مەپىگە ئوخشاش ئۆي.
كىبرۇ-كىن — يوغانچىلىق، مەنمەنچىلىك.
كۇپپار — دىنسىز، غەيرىي دىندىكى كىشىلەر، ئۆزىنى چوڭ
تۇتقۇچىلار.
كاكۇلى — چاچ تالىرى.
كەمەند — سالغا.
كۇركلەر — كۆركەملىك، سۆلەت.

گىران — ئېغىر.
گەرم — قىزىق، ۋاژ - ۋاژ.
گۇرزى — چوماق.
گوھەرىرىز — ئېرىتىلگەن گۆھەر.
گەرانەرە — ئەگەر قارقىرايدىغان بولسا.
گەرد — چاڭ، توزان.
ئۇستاخلىق — گەردەنكەشلىك، قوپاللىق.
گۇمراھ — يولدىن ئازغان.
گەبرى — يوغان، چىڭگانت.
گىريە — زارلىنىش.
گۇفتىگۇ — سۆز - ھەرىكىتى.

ل

لۇتف — مەرھەمەت، ئىلتىپات، ئىنايەت.
لەئىن — لەنەت تەگكەن.
لەئىل — ياقۇت، ئېسىل سۈزۈك تاش.
لەك — 100 مىڭ.
لەھەد — گۆر، يەرلىك.
لىسان — تىل.

م

مۇراقەبە — كۆزىتىش، ئويلىنىش.
مۇدەررىس — دەرس ئۆتكۈچى.

مەسائىل — مەسىلىلەر.
مۇشرىك — شېرىك، تەڭ - باراۋەر.
مەلەك — پەرىشتە.
مالىك — ئىگە، خوجا، مۈلۈك ئىگىسى.
مەھشەر — ئاخىرەت، قىيامەت.
مۇستەجاب — ئىجاۋەتلىك، ئۆتىدىغان.
مەئبۇد — بۇت، ئىلاھ.
مىئراج — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرشكە چىقىشى.
مەكرۇھ — گۇمانلىق، شەكلىك.
مەرد — مەدەت بەرگۈچى، ئۇزارتىش، سوزۇش.
مەرەد — مەدەت بېرىش.
مەرگ — ئۆلۈم.
مەلىكۇلمەۋت — ئەزرائىل.
مەخرۇق — ماخاۋ كېسىلى.
مىسىر راھەتى — يۇسۇف كېيىنكى كۈنلەردە مىسىرغا پادىشاھ بولغان. بۇ يەردە شۇ كۆزدە تۇتۇلغان.
مەرھەم — ياغ دورا.
مىسۋاك — نامازغا تەرەت ئېلىپ ئاغزىنى يۇغاندا چىشىغا سۈركەيدىغان ياغاچ.
مۇتتەقى — تەقۋادار، ئېتىقادى مۇستەھكەم.
مۇنازىئە — قارشىلىشىش، تالىشىش.
مەقبۇل — قوبۇل.
مەغپۇر — كەچۈرۈش، كۆتۈرۈۋېتىش.
مۇتەبەق — تۈۋرۈكسىز، تايانچىسىز.
مۇشەررەپ — ئېرىشمەك، يېتىشمەك.
مۇزەتتەر — يۈزى سۆرۈن، سوغۇقچىلىق.
مولتانى — ھىندىلارنىڭ بۇددا دەرۋىشلىرى.

مۇتالىئە — تەتقىق قىلىش، يېشىش.
مۇسا — پەيغەمبەر.
موي — تۈك.
مۇژدە — كىرپىك.
ماھ — ئاي.
مۇشىر — خۇداغا شەك كەلتۈرۈش بىلەن گۇناھغا پاتقۇچى.
مەھفىل — يىغىن، مەجلىس، جامائەت توپلانغان جاي.
مۇرغى — قۇش.
مەردۇد — قوغلاندى.
مەئمۇر — ئىمارەتلىرى مۇكەممەل، ئاۋات، خاراب بولمىغان، تەرەققىي قىلغان.
مەلىك — پەرىشتە.
مەئدۇر — سانالغان، ھېسابلىق، بەلگىلىك، چەكلىك.
مەھرەم — مۇھاپىزەتچى.
مۇئتەبەر — ئېتىبارلىق، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئۇلۇغ ئادەم.
مەھبۇب — دوست، ھەبىب، يار.
مەرغۇپ — قىزىققان، ئارزۇ قىلىنغان، ياخشى كۆرۈلگەن.
مورارا — كۆڭلىدىكى دۈشمەنلىكنى يوشۇرۇپ، ئۇچۇق دوستانە كۆرۈنۈشتە بولۇش.

ن

نىھان — يوشۇرۇن، مەخپىي.
نىياز — بېرتۆپتىش، سەدىقە، نەزىر قىلىش.
نۇھ — رىۋايەتتىكى نۇھ پەيغەمبەر.

نۇجۇم — يۇلتۇز.
نىزاھ — ئىختىلاپ، جېدەل.
نىژاد — نەسىل.
نەبى — پەيغەمبەر، ۋەكالەتچى، ئەلچى.
نەھرى — ئېقىۋاتقان سۇ، ئېرىق، ئۆستەڭ، دەريا.
نەھى — چەكلەنگەن.
نىھان — يوشۇرۇن، غايىب.

## ھ

ھىسار — قورغان، شەھەر.
ھېقىق — گۆھەرنىڭ بىر تۈرى، سۈزۈك مەدەن.
ھەيب — كەمچىلىك، يېتەرسىزلىك.
ھەبەش — نېگىر.
ھاسابەردى — بۇ يەردە دەرۋىشلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.
ھەۋەس — (ئەسلى يېزىلىشى ھوس) ئارزۇ، قىزىقىش، تىلەك.
ھومايۇن — بەخت، دۆلەت.
ھومايۇن قۇش — بەخت قۇشى.
ھودا — توغرا يول، ھەق دىنىنىڭ يولى.
ھىدايەت — كۆچلۈكلۈك، يوللۇق، يولنى تېپىپ ماڭغۇچى.
ھىراۋۇل — ئوتتۇرىدىكى قوشۇن.
ھەپتەخان — يەتتە مەنزىل.
ھېكمەت — پەن، تېخنىكا.
ھەيىن — چاغ، ۋاقىت.
ھەرەم — ئاياللار تۇرىدىغان بۆلمە.

## ئۇ

ئۇسترلاپ — پالچىلارنىڭ پال سالىدىغان ئەسۋابى،

ئۇتاغىن — ئولتۇرۇش، چېدىر، بارگاھ.

## ئى

ئىسكەندەر — مىلادىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ھەربىي ئىستىلاچى. ماكدونىيىلىك ئالېكساندىر.

ئىتاب — تەئنە، نەپرەت.

ئىسمى ئەزەم — ئۇلۇغ ئىسىملار.

ئىسمەت — ھارام ئىشلاردىن ساقلانغۇچى.

ئىدرەت — مۇددەت

ئىتىكاپ — ئىبادەت قىلىش، ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىش، كىشىلەرگە كۆرۈنمەي ئۇزۇن ۋاقىت ئىبادەت قىلىش.

ئىھسان — ياخشىلىق.

## ۋ

ۋالىدە — ئانا، تۇغدۇرغۇچى ئانا.

## ي

يۈسۈف — رىۋايەتلەردىكى ئەڭ چىرايلىق پەيغەمبەر

يەكسەر — پۈتكۈل، ھەممىسى.

艾米尔铁木尔传 （维吾尔文）
著者：夏热福丁·艾力·叶孜德
编者：艾孜子·沙吾提
责任编辑：马合木提江·斯拉木

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米 32开本 20.375印张 2插页
1986年9月第1版 1987年7月第1次印刷
印数：1——9，300

书号：M10098·1135 定价：1.75元